ئاتىش تاسىر ( ئەنگلىيە )

# مېنىڭ مۇسۇلمان دادام

## — بىر بالىنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا سەپىرى




شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئاتىش تاسىر ( ئەنگلىيە )

# مېنىڭ مۇسۇلمان دادام

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى




ISBN 978-7-228-16436-3

ئاتش تاسر ( ئەنگلىيە )


# مېنىڭ مۇسۇلمان دادام

## ــ بىر بالىنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا سەپىرى

تەرجىمە قىلغۇچى: قادىر ئارسلان




ئىسلام دۇنياسىغا قىلىنغان سەپەر خەرىتىسى



Venice
ITALY
DANUBE
BLACK SEA
Istanbul
ANKARA
TURKEY
MEDITERRANEAN SEA
Aleppo
SYRIA
EUPHRATES
TIGRIS
DAMASCUS
BAGHDAD
AMMAN
JORDAN
IRAQ
Aqaba
EGYPT
Medina
RIYADH
RED SEA
Jeddah
Mecca
SAUDI ARABIA
SANA
YEM

**图书在版编目(CIP)数据**

我的穆斯林父亲：维吾尔文/(英) 阿蒂西·塔西尔（Aatish Taseer）著；卡德尔·阿尔斯朗译. — 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2012.12
ISBN 978－7－228－16436－3

Ⅰ.①我… Ⅱ.①阿… ②卡… Ⅲ.① 长篇小说 — 中国 — 当代 — 维吾尔语 （中国少数民族语言）Ⅳ.①Ⅰ247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2011) 第303837号

Copyright © 2009 by Aatish Taseer
Copyright licensed by Canongate Books Ltd.
arranged with Andrew Nurnberg Associates International Limited
涉外合同登记新权图字 29 — 2011 — 59

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 阿扎提·阿里玛斯 |
| 责任校对 | 阿达来提·买合苏提 |
| 封面设计 | 买买提·诺比提 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　　话 | 0991-2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 新疆生产建设兵团印刷厂 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米 1/32开本 |
| 印　　张 | 14.5 |
| 版　　次 | 2012年12月第1版 |
| 印　　次 | 2012年12月第1次印刷 |
| 印　　数 | 1—3000 |
| 定　　价 | 40.00 元 |

# مۇندەرىجە


ۇقەددىمە ........................................................ 1


## بىرىنچى قىسىم


الىلىقتىكى گاڭگىراش ........................................ 3
ادامدىن كەلگەن خەت ........................................ 15
ئوخشاش بىر ئىسلام» ........................................ 26
ارىختىكى دەز ........................................ 67
ەرجىمىخانا ........................................ 75
ىرناق لاكى ........................................ 107
ۇتتونىڭ ئاياغ ئىزى ........................................ 128
ەككە كۈيى: «مۇسۇلمان ئەمەسلەر كىرىشكە بولمايدۇ» ..... 133


## ئىككىنچى قىسىم


رىخنىڭ ناتونۇش مېھمىنى ........................................ 159
ادا - جۇدا بولۇش ........................................ 178
ۇچرىشىش ........................................ 184
لېفون بوتكىسى ........................................ 233
ىزا ........................................ 247
ۋاملاشتۇرۇش ........................................ 288
ۇللەنگىن، بۇگۈن ........................................ 300
رىغۇلارچە باتۇرلۇق ........................................ 317

«مانگو پادىشاھى» ........................................ 327
فوتو سۈرەت بېسىش قەغىزى ........................................ 359
ھەيدەرئاباد ........................................ 364
ئىدىيە دۆلىتى ........................................ 407
ئەقىدە ........................................ 418
ب. بۇتتو قەتل قىلىنغان كېچە ........................................ 444

# مۇقەددىمە

ماشىنا كەتتى. بىز مەرمەر مەيداندا قېلىپ قالدۇق. غەنى:

— مەن باشلاپ ئوقۇي، سىلەر ئەگىشىپ ئوقۇڭلار، — دېدى.

چىرايى ئاپتاپتا قارىدىغان، قىياپىتىدىن قەتئىيلىك چىقىپ تۇرىدىغان غەنى كىتاب بېتىگە دىققەت بىلەن تىكىلدى، ئاغزىدىن ئەرەبچە سۆزلەر راۋان ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى.

كەرىم چىرايى سەل تاتىراڭغۇ، كۆزلىرى روشەن، كېلىشكەن يىگىت ئىدى. ئۇمۇ ئەگىشىپ ئوقۇشقا باشلىدى. بىر - بىرىمىزگە يېقىن ياندىشىپ تۇرماقتىمىز. ئۈچىمىزدا ئېھرام — تىكىلمىگەن ئىككى پارچە ئاق رەختنىڭ بىرى تىزغا چۈشكۈدەك قىلىپ بېلىمىزگە يۆگەلگەن، يەنە بىرى سول مۈرىمىزگە ئارتىقلىق، ئوڭ مۈرىمىز يالىڭاچ.

— بەرھەق ئاللا، مېنى شەيتاننىڭ زىيان - زەخمىتىدىن ساقلىغايسەن. بەرھەق ئاللا، ماڭا مېھىر - شەپقەت ئىشىكىڭنى ئاچقايسەن.

بىز مەككىدىكى جامەئى ئەكبەر مەسچىتى (مەسچىدىل ھەرام)نىڭ سىرتىدا تۇرماقتىمىز. كېچە ئاسمىنى سۈزۈك ھەم تىنچ. كەڭ ھەم چوڭ مەيدان چىراغ نۇرىدا يوپيورۇق بولۇپ كەتكەنىدى. ھەجگە كەلگەن مۇسۇلمانلار توپ - توپ بولۇشۇپ، مەرمەر مەيداننى كېسىپ ئۆتمەكتە. شۇ ئەسنادا تىقما - تىقماق شەھەر — سانسىز مېھمانسارايلار ۋە مېھمانخانىلار بىلەن تولغان مەككە كەينىمىزدە قالماقتا.

كۆز ئالدىمىزدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغىنى جامەئى ئەكبەر

مەسچىتنىڭ دەرۋازىسى، ئۆزۈن تۈۋرۈكلىرى ئارىسىغا نەقىشلىك ئەگمە قويۇلغان، ئىككى تەرىپىدە ئاجايىپ چوڭ ئىككى ئۈچلۈق مۇنار چوقچىيىپ تۇرىدۇ. دەرۋازا كۆل رەڭ قورام تاشتىن ياسالغان، ئوتتۇرىسىغا ئاق رەڭلىك يول - يول سىزىقلار ئويۇلغان؛ سالاسۇن، ئۈچلۈق مۇنارلار ئاق ، چىراغ نۇرىمۇ ئاق ئىدى. ئاق يورۇقلۇق پۈتكۈل مەيدان ۋە ئىمارەت تويىنى كېسىپ ئۆتۈپ، كۆكتە لەيلەپ تۇراتتى. قەلئەدىكى مۇنارسىمان بىنالارنىڭ بەزىلىرى رېمونت قىلىنىۋاتقان، ئۈستىدە كىرانلار بوي سوزۇپ تۇرغان، شۇ تاپتا قاپقاراڭغۇ كېچە ئاسمىنىدا غايىب بولغانىدى.

بىز قەدىمىمىزنى توختىتىپ، بۇ كاتتا مەيدانغا ئاستا - ئاستا ئۆزلىشىۋاتاتتۇق. مېنىڭ ئۆزۈن سەپىرىم ئەمدى ئاخىرقى نۇقتىغا يېتىپ كەلگەنىدى. مەن ئالتە ئاي ئىلگىرى سەپىرىمنى باشلاپ، دادام ئىككىمىزنىڭ بەكلا يىراقلىشىپ كېتىشىمىزنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىشنى ئۈمىد قىلغانىدىم. دەسلەپىدە بۇ يىراقلىشىش نوقۇل شەخسلەر ئارىسىدىكى يىراقلىشىشقا تەۋە ئىدى، بىراق سەپەر جەريانىدا ئۇنىڭغا تويلانغان تېخىمۇ چوڭقۇر دىنىي ۋە تارىخىي قىميانلار بارا - بارا زاھىر بولدى. ئۇلارنىڭ مەنىسىنى ئىزدەش ئۈچۈن، مەن ئىسلام دۇنياسىنىڭ چېتى ئىستانبۇلدىن يولغا چىقىپ، سۇرىيەنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئىسلام دۇنياسىنىڭ مەركىزى مەككىگە كېلىپ، جامەئى ئەكبەر مەسچىتىگە يېتىپ كەلدىم. ئەمدىكى يېرىم سەپىرىمدە ئىراننى كېسىپ ئۆتۈپ، ئاخىر دادامنىڭ مەملىكىتى پاكىستانغا بارماقچىمەن.

بىز گويا ئارخىتېكتور ئارگىنال قەغىزىگە سىزىپ قويغان كۆزگە چېلىقماس يولۇچىلارغا ئوخشاش، داۋاملىق جامەئى ئەكبەر مەسچىتىگە قاراپ كېتىۋاتىمىز. مەيداندىكى كۆزنى

قاماشتۇرىدىغان ئاق رەڭ ۋە ھەشەمەتلىك كۆرۈنۈشلەر مېنى تاڭ قالدۇردى ـ دە، دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىشنى ئۇنتۇپلا كەتتىم. غەنى مېنى دەپ ئاستا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلدى. مەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئاشۇ ناتونۇش جۈملىلەرنى سۆزمۇسۆز تەكرارلىدىم. سەئۇدى ئەرەبىستانلىق بۇ ئىككى ھەمراھىمىنىڭ قاتنىشىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان مۇراسىمغا بولغان تەجرىبىسى مول، يول باشلاشتا ئىنتايىن ئەستايىدىل ۋە تەمكىن ئىدى. جامەئى ئەكبەر مەسچىتىنىڭ كىرىش ئېغىزىغا يېقىنلىشىشىمىزغا ئەگىشىپ، ئۇلار تېخىمۇ تەمكىنلەشتى، مېنى يېتەكلەشتە تەلەپچان بولدى. غەنى يول باشلىغۇچى ئىدى، ئۇ بىر ياقتىن يول باشلىغاچ، بىر ياقتىن ماڭا تۈرلۈك مۇراسىم تەلەپلىرىنى ئېيتىپ تۇردى. كەرىم بەزى ئەرەبچە سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى دەممۇدەم چۈشەندۈرەتتى، بەزىدە چاقچاقمۇ قىلىپ قوياتتى.

— ھازىردىن باشلاپ تۈز ئېكرانلىق تېلېۋىزور ۋە ئېلېكترونلۇق ئۈسكۈنىلەر بولمايدۇ، — دېدى ئۇ مۇقەددەس سورۇنغا كىرگەندە ئوقۇلىدىغان ئايەتنى ئېسىمدە تۇتۇشقا ئاگاھلاندۇرۇپ.

بىز كىرىش ئېغىزىغا يېقىنلاشقان جايدا رەتلىك كىشىلەر توپىغا قوشۇلدۇق. مەيداننىڭ ھەممىلا يېرىگە چېچىلغان ھەج قىلغۇچىلارمۇ بىزگە ئوخشاش يىغىلىپ جامەئى ئەكبەر مەسچىتىگە كىردى. ئەرلەر باغلىغان ئېھرام بىلەن ئوخشىمايدىغان يېرى، ئاياللارنىڭ كىيىۋالغىنى پۈتۈن بەدىنىنى يېپىپ تۇرىدىغان ئاق ۋە قارا رەڭلىك ئۇزۇن نىمچە ئىدى. جامەئى ئەكبەر مەسچىتى ئىچىدە تۇرۇپ قارىسىڭىز، بۇ جاي ئۈستى ئوچۇق كاتتا تەنتەربىيە سارىيىغا ئوخشاپ كېتەتتى. مەسچىت ئىچىگە مېتالدىن ياسالغان كۆزەتكۈچلەر ئورنىتىلغانىدى، چەت ئەل يېزىقىدا يېزىلغان بەلگە تاختايلىرى تىكلەپ قويۇلغان، يەنە ئەرەبچە خەت ۋە ئەرەبچە رەقەم يېزىلغان

بىرمۇنچە كۆرسەتمە تاختىلىرىمۇ بار ئىدى. ئاھايىتى چوڭ پانار چىراغلار تورۇستىن پەسكە ساڭگىلاپ، دالانغا يارقىن نۇر چېچىپ تۇراتتى. بىزنىڭ ئوڭ - سولىمىزدىكى قاتار - قاتار دەھلىزلەر قىستا - قىستاك نامازخانىلارنى ئوراپ تۇراتتى. بۇ چاغدا غەنى كېلىپ ماڭا بەيتۇللا (كەئبە) سىرتىدا ئوقۇلىدىغان ئايەتنى پەس ئاۋازدا ئېيتىپ بەردى! بەيتۇللا! شۇ چاغدىلا ئۇنى ئېسىمدە تۇتۇۋالدىم. شۇ تاپتا بۇ قاپقاراڭغۇ كۇب جىسىم ئاخىرقى نۇقتىغا بېرىپ پىرقىراۋاتقاندەك باشنى قايدۇرماقتا ئىدى. كۆز ئالدىمدىكى ئىشلاردىن ھەيران قېلىپ، غەنى ئېيتىپ بەرگەن ئايەتنى يەنە بىر قېتىم ئۇنتۇپ قالدىم.

كەئبەدىكى قارا تاش (ھەجەرۇل ئەسۋەد) سەل ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن بولۇپ، كۈمۈش چەمبەرگە ئېلىپ قويۇلغانىدى، ئەرەب مىللىتىنىڭ ئەجدادى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئاتىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كەئبەنى بىرلىكتە بىنا قىلغاندا، پەرىشتە جەبرائىل ھەجەرۇل ئەسۋەدنى ئۇلارغا ئىنئام قىلغانىكەن. نۇرغۇن ھەج قىلغۇچىلار رەت بويىچە ھەجەرۇل ئەسۋەدنى سىلاپ، ئۇنىڭ سىلىق، قارا رەڭلىك يۈزىنى سۆيەتتى. بىز ھەجەرۇل ئەسۋەدنى سەجدە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، بەيتۇللانى يەتتە قېتىم ئايلىنىپ تاۋاپ قىلىشنى باشلىدۇق. ئالغا كېتىۋاتقىنىمىزدا، غەنى ئۈنلۈك ئايەت ئوقۇدى، مەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ تەكرارلىدىم. ھەر قېتىم چۆرگۈلەپ چىققاندا، بىز ھەجەرۇل ئەسۋەدكە تاۋاپ قىلىشىمىز، ئاندىن «ئاللاھۇئەكبەر» دەپ ئوقۇشىمىز كېرەك ئىدى.

ئالدىمىزدىكى رەتتىكىسى پۈتۈن ئەس - يادى بىلەن بېرىلگەن ئۈچ نەپەر يىگىت ئىدى. ئۇلار ھەر قېتىمدا بىلەكلىرىنى ئۆزئارا ئۆتكۈزۈپ، سەكرەپ - تاقلىغىنىچە يۈگۈرۈپ چۆرگۈلەيتتى. گەپ - سۆزىدىن ئۇلارنىڭ ھىندىستاننىڭ جەنۇبىدىن كەلگەنلىكىنى پەرق ئەتكىلى بولاتتى. ئۇلار بىزدىن نەچچە قېتىم ئارتۇق

ئايلاندى، ئۇلارنىڭ مۇقەددەس جاي مەككىگە كېلىش خۇشاللىقى بىزگىمۇ قاتتىق تەسىر قىلدى. ئارقىمىزدا كېلىۋاتقىنى چىرايى پاكىستانلىقلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ئەر كىشى ناھايىتى ئاستا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. ئۇ ياشانغان ئانىسىنى چاقلىق ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ بەيتۇللانى ئاستا ئايلىنىۋاتاتتى. موماينىڭ چىرايىدىن ئاجىزلىق ۋە هارغىنلىق بىلىنىپ تۇراتتى، كۆز ئىپادىسى قېتىپ قالغانىدى: ئۇ ئۆچۈپ كېتىۋاتقان ئاخىرقى روھىنى مەككىدىكى مۇقەددەس جايغا قالدۇرۇشقا تىرىشماقتا ئىدى. شۇ چاغدا تېنى ئاجىز يەنە بىر تاۋاپ قىلغۇچى يېنىمىزدىن ئالدىراپ ئۆتتى ۋە بىزگە ھەسرەتلىك كۈلۈپ قويىدى - دە، يەنە جىددىي ئىلگىرىلەپ كەتتى.

ئوخشاش بولمىغان مىللەت توپىغا تەۋە كىشىلەرنىڭ جامەئىي ئەكبەر مەسچىتىگە جەم بولۇشى، ئۇزۇن سەپەرنىڭ ئىرق ۋە تىللارغا مەھكەم ئورنىتىپ كېتىشى بۇ مەسچىت قورۇسىغا بىر تۈرلۈك تەۋەلىك تۇسىنى قوشقانىدى. كىشىلەر ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ ئارام ئالماقتا، دۇئا قىلماقتا، «قۇرئان كەرىم» نى ئوقۇماقتا ئىدى. قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى، ئەمما ھېچكىمنىڭ بۇنىڭ بىلەن كارى يوق. قانداقلا بولسۇن، بۇ يەر ئاخىرقى نۇقتىنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى ئىدى.

بەيتۇللانى يەتتە قېتىم ئايلىنىپ بولغاندىن كېيىن، بىز تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ ھالقىسىمان سېپىدىن ئايرىلىپ، بىللە دۇئا قىلىشقا باشلىدۇق. ئېگىز ئۇچلۇق مۇنار ۋە ئاسمان پەلەك بىنالار قوش قەۋەتلىك دەھلىز تۇۋۇرۇكى ۋە يۇمىلاق ئۆگزىلەرنىڭ كەينىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى، چىراغلار يوپيورۇق ئىدى. مەن ئۆزۈمنى شەھەرنىڭ مەركىزىدىكى گۈللۈكتە تۇرغاندەك ھېس قىلىپ قالدىم، ئەتراپتىكى زامانىۋى ئىمارەتلەر يەر يۈزىدىن ھەيۋەت بىلەن كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى.

بىز قەدىمىمىزنى تېزلەتتۇق. ھويلىنىڭ بىر بېشىدا بىر -

بىر يىغىنغا يۆلىنىپ ئولتۇرغاندا، ئۇستىبېشىمىزنىڭ سەل ھۆل بولۇپ كەتكەنلىكىنى بايقىدۇق. كەرىم باداشقان قورۇپ ئولتۇرۇپ، يەنىلا ئايەت ئوقۇماقتا ئىدى. ئادەتتىكى چاغلاردا چىرايى قۇياشتەك پارلاپ، تەبەسسۇمىدىن شوخلۇق چىقىپ تۇراتتى، ئەمما شۇ تاپتا كۆزلىرىنى يۇمغان، چىرايىدىن خاتىرجەملىك چىقىپ تۇرغان ھالدا ئايەت ئوقۇماقتا ئىدى. غەنىنىڭمۇ كۆزلىرى يۇمۇقلۇق ئىدى، قېنىق رەڭلىك لەۋلىرى يېنىك مىدىرلايتتى. بىردەم ئارام ئېلىۋالغاندىن كېيىن، بىز ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، ئاخىرقى مۇراسىم — «ھەجەر ئانىنىڭ سۇ ئىزدىشى» نى باشلىدۇق.

ھەجەر ئانىنىڭ سۇ ئىزدىشى توغرىسىدىكى ھېكايىدە تۇرلۇك ئىشلار بايان قىلىنغان، ئەمما ئاساسلىقى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ خوتۇنى ھەجەر ھەققىدىكى بىر ھېكايە سۆزلىنەتتى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ تېخى زاكىدىن ئايرىلمىغان ئىسمائىلنى قۇچاقلىغىنىچە مەككىگە يېقىن كەلگەندە سۇ ئىزدەپ سەفا بىلەن مەرۋەدىن ئىبارەت ئىككى تاغ ئوتتۇرىسىدا يەتتە قېتىم سەئيي قىلىپ[1] سۇ تاپالمايدۇ، ئىسمائىل ئۇسساپ كېتىپ يىغلاپ تېپچەكلىگەن جايدىكى تاشلار ئارىسىدىن بۇلاق سۈيى چىقىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ بۇلاق «زەمزەم بۇلىقى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئاخىرقى بۇ مۇراسىمدا مۇسۇلمانلار ھەجەرنىڭ قەدىمى بىلەن مېڭىپ، ئۇنىڭ ۋەھىمە ئىچىدىكى ۋە قۇتۇلغان چاغدىكى ھېسسىياتىنى ھېس قىلاتتى. بۇ مۇراسىم ئاللانىڭ مۇسۇلمانلارغا پاناھ بولىدىغانلىقىغا ۋەكىللىك قىلاتتى.

غەنى بىزنى باشلاپ مەيداندىن ئايرىلىپ، جامەئى ئەكبەر مەسچىتىنىڭ ئايرىم بىر دائىرىسىگە كەلدى. بىز كېتىۋېتىپ

① سەئيي قىلىش — ھەج قىلىدىغانلارنىڭ سەفا تېغى بىلەن مەرۋە تېغى ئوتتۇرىسىدا يەتتە قېتىم بېرىپ - كېلىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياغ ئىزى چۈشكەن جايدا توختىدۇق، بۇ پەيغەمبەرنىڭ ئاياغ ئىزىغا ئالتۇندىن ھەل بېرىلىپ، ئەينەك قاپ ئىچىگە ئېلىپ قويۇلغانىدى. بىز ئېھتىرام بىزىرىمىز بىلەن ھۆرمەت بىلدۈردۇق، غەنى پەس ئاۋازدا ئايەت ئوقۇدى. بىز ئۆزۈن كارىدورنى بويلاپ داۋاملىق ئىلگىرىلىدۇق. ئىككى تەرەپتىكى چاسا تۈۋرۈكلەرنىڭ ئارىلىقى تەكشى بولۇپ، بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرغان سىنئەينەكلەرگە ئوخشاش، ئالدىغا سانسىز تەسۋىرلەرنى چۈشۈرۈپ تۇراتتى. ھەج مۇراسىمىدا ھەج قىلغۇچىلاردىن سەئيي قىلىش تەلەپ قىلىناتتى. ھاۋا دىمىق ئىدى، ھەج قىلغۇچىلاردىن تەر قۇيۇلۇپ تۇراتتى. كارىدورنىڭ بىر تەرىپى تۈتىشىپ كەتكەن بۆلمىلەر ئىدى. كېچە شامىلى دەممۇدەم سالقىن ھاۋانى ئۇچۇرۇپ كېلەتتى؛ يەنە بىر تەرىپىدە تۇرۇپ كەئبەنىڭ كاتتىلىقىنى تاماشا قىلغىلى، يەنە لىفىتنىڭ قەۋەتلەر ئارىلىقىدا چىقىپ - چۈشۈۋاتقانلىقىنى، كۆك رەڭلىك فورما كىيگەن قارا تەنلىكلەرنىڭ ئىمارەتنى يۇيۇۋاتقانلىقى كۆزگە چېلىقىپ قالاتتى.

ھارغىنلىق ئىچىدە ئۇزاق قاتراپ يۈرۈش جەريانىدا، مەيداندىكى بەيتۇللاغا نەزەر تاشلىدىم. يۈزلىگەن - مىڭلىغان كىشىلەر ئۇنى چۆرىدەپ ئايلىنىۋاتاتتى، بىراق بۇمۇ غايەت چوڭ مەيداننىڭ كىچىككىنە قىسمىدىلا ئىدى. مەن بەيتۇللانىڭ چوڭ - كىچىكلىكىنى مۆلچەرلەپ باقماقچى بولدۇم، ئاخىر بۇ نىيىتىمدىن ياندىم، بەيتۇللانىڭ سىرلىقلىقىدىكى بىر نۇقتا شۇ ئىدىكى، قارا رەڭلىك يوپۇققا كەشتىلەنگەن قارا رەڭلىك خەتلەر بەيتۇللا بىلەن جىپسىلىشىپ كەتكەنىدەك ئىدى، ئايرىم ئىكەنلىكىنى يېقىن ئارىلىقتىنمۇ پەرق ئەتكىلى بولمايتتى.

بەيتۇللانىڭ ئۆزى نەپىس قۇرۇلۇش بولمىسىمۇ، بىراق كىشىنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويمايتتى. ئۇنىڭ ئاددىي سىرتقى شەكلى دۇنيادىكى بارلىق ئارزۇ - ئىستەكلەرگە بولغان

مەنسىتمەسلىكنى ئىپادىلەپ تۇراتتى. ئۇ مۇستەھكەم، لېكىن بىناكارلىق ساھەسىدىكى مەشھۇر ئەسەر بولمىسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ خاسلىقىنى يىمىرىۋەتكىلى بولمايتتى. ئۇ بىر خاتىرە تاشتىن كۆرە، جەننەتتىكى بىر تۇرالغۇغا تېخىمۇ بەك ئوخشايتتى. بىر مۇقەددەس جاي بولۇش سۈپىتى بىلەن، بەك تىنچ ئىدى، بىراق بۇنداق تۈۋەن ماقام ئېتىقادىنىڭ ئۆزىگە ئايلىنىپ، مۇرىتلىرىغا ھېچنېمىنى بەخش ئەتمىگەندەك قىلغىنى بىلەن، ئۇلارنى ئېتىقادقا يېقىنلاشتۇرالايتتى. بەيتۇللانىڭ چىرايلىق موزايىكا تورۇس تاختىسى ۋە كاھىشلىك يۇمىلاق ئۆگزىسىمۇ ھەشەمەتچىلىك بىلەن مۇناسىۋەتسىز بېزەك ئىدى، خالاس.

نۆۋەتتىكى ئىش ئۆز پىكرىمنى دەلىللەش بولدى. بىز مەنزىل ئاخىرلىشاي دېگەندە، بىر ھەج قىلغۇچى بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالدۇق. قارىمۇتۇق كەلگەن بۇ ئادەم ناھايىتى قىسقا سۆزلەيتتى. ئۇ ماڭا ئەرەبچە نېمىلەرنىدۇر دېدى، ئۇقالمىغانلىقىمنى كۆرۈپ، غەنى بىلەن كەرىمگە بۇرۇلدى. ئۇلار بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي ئالدىغا قاراپ مېڭىۋەردى.

— ئۇ نېمە دەيدۇ؟

— ئۇ: «بۇ يەر ئاللانىڭ دەرگاھى. سىلەر ئۇنىڭ ئاۋۇ نەرسىلىرىنى يۇلۇۋەتسەڭلەر، ئاللانىڭ شاپائىتىگە ئېرىشىسىلەر» دەيدۇ.

غەنى بوينۇم ۋە بىلىكىمدىكى زەنجىرنى كۆرسەتتى.

مەن ھەتتا بۇ زەنجىرلەرنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنىمۇ ئېسىمگە ئالالمىدىم، بەزىلىرى ئىبادەتخانىدىن، يەنە بەزىلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ دۇئا ـ تىلاۋەتخانىسىدىن كەلگەنىدى.

— ئۇنىڭغا دەپ قويۇڭلار، بۇ، بىر سوپىلار خانىقاسىدىن كەلگەن، — دېدىم مەن ئۆزۈمنى ئاقلاپ.

— يەنىلا بۇنداق دەپ يۈرمەيلى، — دېدى غەنى كۆلۈپ، — ئۇ تېخىمۇ ئاچچىقلاپ كېتىدۇ. ۋەھھابىيلار سوپىلارنى يامان كۆرىدۇ.

ئېتىقاد ئاللانىڭ مۇسۇلمانلارغا ئاتا قىلغان ياخشىلىقى، ئۇ ئوخشىمىغان مەزھەپتىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ئوخشىمايدىغان كۆزقاراشلارنى يۇمشىتىدۇ. ھالبۇكى، مەن مەككىگە كەلگەن بىر ئېتىقادسىز ئادەم. مانا، بايا بىرەيلەن مېنى ئاشكارىلاپ قويدى.

# برنچی قسم

# بالىلىقتىكى گاڭگىراش

ئۆزۈمنىڭ مۇسۇلمانلىق سالاھىيىتىمنى ئەڭ دەسلەپ بايقىغان ئاشۇ كۈنى دادامنىڭ ھەمىشە قېشىمدا تۇرمايدىغانلىقىنىمۇ تونۇپ يەتكەن چېغىم بولدى. بۇ ئىككى بايقاش خۇددى بىللە تۇغۇلغان قوشكېزەكلەردەك ئۇلىشىپلا كەلگەنىدى.

بۇ تومۇز كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى، مەن ھاماملارنىڭكىدە تۇرۇۋاتاتتىم. ھامام دېھلىدىكى نيۇئېن پاسونىدىكى داچىدا تۇراتتى. كەڭ يولىنىڭ بويىدىكى داچىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ھىندىستاننىڭ ئازادى دەرەخلىرى تىكىلگەنىدى. دەرەخلەردىكى يېشىل مېۋىلەر پىشىپ، ھەممىلا يەردە — ئۆينىڭ ئالدىدىكى چىملىقتا، بالكونغا تۇتاشقان پەلەمپەيدە چېچىلىپ ياتاتتى، ھەتتا ئۇلارنى قارا چۈمۈلىلەر ئۆيگىمۇ يۆدۈپ كىرگەنىدى.

شۇ چاغدا بەش ياشتا، بەلكىم ئالتە ياشتا بولۇشۇم مۇمكىن. مۇخبىرلىق قىلىدىغان ئاپام خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن پات-پات كاماندىروپكىغا چىقىپ تۇراتتى، مەندىن خەۋەر ئېلىشقا ئامالسىز قالغاندا، ھامامنىڭكىگە ئاپىرىپ قوياتتى. ئۇ يەردە چۈشتىن كېيىن تۇراتتىم، بەزىدە قونۇپمۇ قالاتتىم. ھامامنىڭ ئېرى شىك دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان باي بىر جەمەتنىڭ مىراسخورى ئىدى، ئۇنىڭ نۇرغۇن ئوغۇل-قىز جىيەنلىرى پات-پات بۇ ئۆيگە ئوينىغىلى كېلەتتى. ئۇنىڭ بۇ تۇغقانلىرىمۇ مۇشۇنداق كوچا رايونىدىكى ئېسىل ئۆيلەردە تۇراتتى، بۇ ئۆيلەرنىڭ ئەتراپىدىمۇ ئازادى دەرىخىنىڭ مېۋىلىرى ۋە كۈچلۈك چۈمۈلىلەر بار ئىدى. مەن ئاپام ۋە يەنە بىر ھامام، بوۋام-

مومىلار بىلەن بىللە بىرنەچچە كوچا نېرىدىكى كىچىك ئۆيدە تۇراتتۇق. بۇ ئارىلىقتا بىر ئاسما كۆۋرۈك دېھلىنىڭ يېڭى پاسوندىكى داچىلىرى ۋە ئازادى دەرەخلىرى بىلەن مۇستەملىكە مەزگىلىدىكى كونا شەھەر رايونىنى ئايرىپ تۇراتتى.

ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىللىرىم بولمىغاچقا، ئاپام مېنىڭ هاممىلىرىمنىڭكىگە بېرىپ باشقا باللارغا ھەمراھ بولۇشۇمنى ئۆيدە بوۋا - مومىلىرىم بىلەن بىللە تۇرغانغا قارىغاندا ئۆسۈپ يېتىلىشىمگە تېخىمۇ پايدىلىق دەپ قارايتتى. ھالبۇكى، مەن ئاشۇ ئۆيدىن ئەيمىنەتتىم، ئەگەر دەسلەپتە مېنىڭ قارار قىلىش ھوقۇقۇم بولغان بولسا، ئۇ يەرگە ئەسلا قەدەم باسمىغان بولاتتىم. مەن ئادەتتىكى كىچىك ئائىلىنىڭ بالىسى، بىر توپ بالا ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشىپ ئوينايدىغان ھېلىقى چوڭ ئۆيگە بېرىپ قالسام، ئۇلارغا قوشۇلۇپ كېتەلمەيتتىم. نەۋرە تۇغقانلىرىمغا ئوخشىمايدىغان يېرىم شۇكى، مېنىڭ يېڭى - يېڭى ئويۇنلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش پۇرسىتىم بەكلا ئاز، ئويۇنغا قاتنىشىش پۇرسىتىممۇ كۆپ ئەمەس ئىدى. ھەر قېتىم ھاممامنىڭكىگە ئاپىرىپ قويۇلماقچى بولغىنىمدا، ئېزىلەڭگۈلۈك قىلاتتىم ياكى ئويۇن يېرىملىشىپ بىر يەرگە بارغاندا ھازىر بولاتتىم.

ھېلىقى كۈنى ئەتىگەندە، ھاممامنىڭكىگە يېتىپ بارغىنىمدا، نەۋرە تۇغقانلىرىم (يەنە نەۋرە تۇغقانلىرىمنىڭ نەۋرە تۇغقانلىرىمۇ بار) نىڭ دادىلىرىدىن خاتىرە دەپتەر ۋە قەلەم ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇلارغا بېرىلگەن ۋەزىپە يولدىن ئۆتكەن ماشىنىلارنىڭ نومۇرىنى خاتىرىلەش ئىكەن. بىر كۈن ئاخىرلاشقۇچە ماشىنا نومۇرىنى ئەڭ كۆپ خاتىرىلىگەن بالا ئالاھىدە مۇكاپات بۇيۇمىغا ئېرىشەلەيدىكەن. مەن ھاممامنىڭكىگە يېتىپ بارغاندا، ئويۇن ئاللىقاچان باشلىنىپ بولغانىكەن. بەش ئىنگلىز موسى كۆلەمدىكى بۇ تۇرالغۇنىڭ ئەتراپى ئاۋات قاتناش غول لىنىيەسى ئىدى. نەۋرە تۇغقانلىرىم ئۆينىڭ ئەتراپىدىن

ئۆزىگە پايدىلىق ئورۇننى ئىگىلەپ، ئۆتكەن ـ كەچكەن ماشىنىلارنى كۆزىتىشكە باشلىدى. مەن خاتىرە دەپتەرنى كىمدىن سوراپ ئېلىشنى بىلەلمىدىم، بىراق ئويۇنغا قاتنىشىشىمنىڭ هاجىتى يوق، قاتناشمىغانلىقىمنى بايقاپ قالىدىغان ئادەممۇ يوق دەپ خۇش بولدۇم. ئۆز كۆڭلۈمنى ئۆزۈم خۇش قىلغان هالدا پېشايۋاندىكى باغۋەن ئورۇندۇقىدا ئولتۇرغىنىمدا، ئەمدىلا ئۆي ئىشلىرىنى تۈگىتىپ بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان هامام كۆرۈپ قالدى. هامام بىردىنبىر جىيەنى ـــ سىڭلىسىنىڭ ئوغلىنىڭ ئويۇننىڭ سىرتىدا قالدۇرۇلغانلىقىنى كۆرۈپ بەكلا ئاچچىقى كەلدى. مەن بۇ بىركىمنىڭ خاتالىقى ئەمەس، ئۆزۈم كېچىكىپ كەلدىم دەپ چۈشەندۈرۈشكە تىرىشتىم، بىراق ئۇ ئائىلىسىنىڭ كىشىلىرىگە مۇئامىلە قىلىشتا ناهايىتى قائىدە ـ يوسۇنلۇق ئىكەنلىكىنى، ئەمدىلىكتە بۇنداق خاتالىقنىڭ سادىر بولغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرگەن هامان بەكلا تېرىكىپ كەتتى. ئۇ ئىككى مالىيىنى هەممە بالىنى چاقىرىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. بۇ بۇيرۇقنى ئاڭلاپ يۈرىكىم جىغغىدە قىلىپ كەتتى، مەن ئۇنىڭدىن ئەمدى بولسىمۇ ئويۇنغا قاتناشتۇرۇشنى قايتا ـ قايتا ئۆتۈندۈم، بىراق مالايلار تەرەپ ـ تەرەپكە چېپىپ كەتتى، هاماممۇ ماڭا خاتىرە دەپتەر تېپىپ بەرگىلى ماڭدى.

ئۇزاق ئۆتمەي، باشلىرىغا رەڭگارەڭ ياغلىق چىگىۋالغان ئون نەچچە بالا كارىدورغا يىغىلىپ، ئەهۋالنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشۇمنى تەلەپ قىلغاندەك ماڭا تىكىلىشتى. بېشىمدا هېچنېمە يوق ئىدى، گەپلىرىم قولاشماي بىردەم تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، قانداشلىق باغلىنىشىم يېقىن بىر نەچچە نەۋرە تۇغقىنىم بىلەن بىللە تۇرماقچى بولدۇم، بىراق ئۇلار ئويۇننىڭ بالدۇر ئۇزۇپ قويۇلغانلىقىدىن بەكلا نارازى ئىكەن. ئۇلارنىڭ كاللىسىدا ئويۇنلا بار، باشقا ئىشلار بىلەن پەرۋايى پەلەك ئىدى.

بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن، هامام قايتىپ كېلىپ ماڭا بىر خاتىرە دەپتەرنى ئۇزارتتى. ئۇ نەۋرە تۇغقانلىرىمنىڭكىدەك

خاتىرە دەپتەرنى تاپالمىغانلىقىنى، بىراق بۇنى ئىشلەتسەممۇ بولىۋېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. خاتىرە دەپتەر نەۋرە تۇغقانلىرىمنىڭكىدىن ئۇزۇن ھەم تار ئىدى. ۋاراقلاپ بېقىپ، ئۇنىڭ بوغالتىرلار ئىشلىتىدىغان ھېسابات دەپتىرى ئىكەنلىكىنى، ئىشلىتىلگەن بىرنەچچە ۋارىقىنىڭ يېڭىدىنلا يىرتىۋېتىلگەنلىكىنى بايقىدىم.

ھامام ئوغلىنى، يەنى ماڭا قانداشلىقى ئەڭ يېقىن نەۋرە تۇغقىنىمنى يېنىغا چاقىرىپ، ھەممەيلەن ئاڭلىيالىغۇدەك ئاۋازدا ئۇلارنىڭ مېنى سەپتىن چۈشۈرۈپ قويغانلىقىنى ئەيىبلىدى. ئاندىن باشقا بالىلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ، مېنىڭ كېچىكىپ كەلگەنلىكىمنى، باشقىلارغا يېتىشىۋالالمايدىغانلىقىمنى ئېيتتى. بۇ پەرقىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، مەن بىر ئېتىبارغا ئېرىشتىم: بالىلارنىڭ ھەربىرى خاتىرە دەپتىرىدىن يىگىرمە ماشىنىنىڭ نومۇرىنى ماڭا بەرسە، ئاندىن داۋاملىق مۇسابىقىگە چۈشەلەيدىغان بولدى. بالىلار ئاغرىنغان ئاھاڭدا: «ئادىللىق بولمىدى!» دەپ تۇشمۇتۇشتىن چۇرقىراشتى، بىراق ھامامنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولۇپ، بىرمۇنچە ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ يىگىرمە ماشىنا نومۇرىنى تاللاپ ماڭا بېرىشكە باشلىدى. مەن رازى بولمىغان باجگىردەك پەلەمپەيدە ئولتۇردۇم، نەۋرە تۇغقانلىرىم ئۆچرەت بىلەن بىر - بىرلەپ ئالدىمغا كەلدى، ھەممىسىنىڭ يېشى مېنىڭكىدىن چوڭ، بويىمۇ ئېگىز، يەنە تېخى چىگىۋالغان ياغلىقىمۇ بار ئىدى. مېنىڭ زۇۋان سۈرمىگەنلىكىم ئۇلارغا چوقۇم ۋاپاغا جاپا قىلغانلىقتەك بىلىندى بولغاي، چىرايىدىن تېخىمۇ خاپا بولغانلىقى زاھىر بولدى. ئۇزۇن ھەم تار دەپتىرىمنىڭ ئۈچ بېتىنىڭ توشۇشىغا ئەگىشىپ، نەۋرە تۇغقانلىرىممۇ بىردەمدىلا غايىب بولۇشتى. سەپتىن چۈشۈپ قالسام، ھامامنىڭ يەنە كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدىم، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يوگۇرۇپ، بىر ئورۇننى تېپىپ كوچىنى كۆزىتىشكە باشلىدىم.

مەن كىچىكىمدىن رىقابەت خاراكتېرلىك ئويۇنلاردىن قورقاتتىم، شۇ كۈن ھاياتىمدىكى ئەڭ ئۇزۇن كۈندەك بىلىندى. «فىياد» ۋە «كونسول» ماركىلىق ماشىنىلار دەرەخ سايە تاشلاپ تۇرغان چوڭ يولدا ئاستا كېتىۋاتاتتى، قىزىپ كەتكەن ھاۋا ئاسفالت يولدىن كۆتۈرۈلۈپ، ئاق تەگلىك، قارا خەتلىك ماشىنا نومۇر تاختىلىرىنى توسۇۋالغاندەكلا قىلاتتى. ئۆگزىدىن يىراققا نەزەر تاشلىغاندا، ئىمپېرىيە مېھمانخانىسىنىڭ سۇ ئۇزۇش كۆلچىكى ئەتراپىدىكى ۋىندىمىل پالما دەرەخلىرىنى كۆرگىلى بولاتتى. نەمخۇش ھاۋا يەر يۈزىنىڭ قۇرغاقلىقىنى بىلدۇرۇپ تۇراتتى. كېرەكسىز گاز، چاڭ - توزان ۋە يۇقىرى تېمپېراتۇرا ئارىلىشىپ، قاقلاپ كۆيدۈرۈۋاتقاندەك بىر خىل يېقىمسىز تۇيغۇ بېرەتتى. شۇ كۈندىكى ئادەمنىڭ زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك پىژغىرىم ئىسسىق كىشىنىڭ بەكلا جېنىغا تېگەتتى. نەۋرە تۇغقانلىرىم كۆتۈرەڭگۈ ۋە خۇشال كەيپىياتتا ئىدى، بەزىلىرى بۇ مۇسابىقىنىڭ زېرىكەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، يەنىلا چاندۇرمايتتى. ئۇلار كۆزىتىش ئورنىنى ھارماي - تالماي ئالماشتۇراتتى، چەت ئەل ئەلچىخانىلىرىنىڭ كۆك، ئاق رەڭلىك ماشىنا نومۇر تاختىلىرىنى كۆرۈپ قالغاندا، خۇشاللىقىدا چۇرقىرىشىپ كېتەتتى. يېقىندا بازارغا سېلىنغان «سۇزۇكى» ماركىلىق ماشىنىلارنىڭكىگە ئوخشاش، بۇنداق ماشىنىلارنىڭ نومۇر تاختىسى ئۈچۈن تېخىمۇ يۇقىرى نومۇر ئالغىلى بولاتتى.

چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولغاندا، مۇسابىقە ۋاقتىنچە توختىدى. گەرچە ئەلچىخانا ماشىنىلىرىنىڭ نومۇر تاختىسىنى «سۇزۇكى» ماركىلىق ماشىنىلارنىڭكىگە قارىغاندا ئاسان پەرق ئەتكىلى بولسىمۇ، ئاق رەڭلىك VIP نومۇرلۇق ماشىنىلارنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا پەرق ئېتىش قىيىن ئىدى. شۈبھىسىزكى، ئەلچىخانا نومۇر تاختىسىنى ئاسقان ماشىنىلارنى بايقاش ئەڭ تەس بولغاچقا، تېخىمۇ يۇقىرى نومۇرغا ئېرىشىشكە تېگىشلىك ئىدى. بىر بالا ئەنگلىيە ۋالىيسىنىڭ «1 CD 15» نومۇرلۇق

ماشىنىسىنى كۆردۈم، دېدى. بىراق باشقىلار بۇنىڭدىن گۇمانلاندى. مەن خۇشياقمىغان ھالدا بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بىر چەتتە تۇرغىنىمدا، ئېتىبارغا ئېرىشكىنىمنىڭ ھەقىقەتەن ئادىل بولمىغانلىقىنى بىردىنلا تونۇپ يەتتىم. گەرچە توپلاش سۈرئىتىم ئەڭ ئاستا بولسىمۇ، ئېرىشكەن نومۇرۇم باشقىلارنىڭكىدىن خېلىلا ئالدىدا تۇراتتى. كۆپچىلىك بۇ نۇقتىنى تونۇپ يەتكەن بولسا كېرەك، تاماق ۋاقتىدا بىرەرسى مەن بىلەن پاراڭلاشمىدى.

ھەممەيلەن ئۆز ئورۇنلىرىغا بارغاندىن كېيىن، مەن خاتىرىلىگەن نومۇرلىرىمنى ئازايتىشنى قارار قىلدىم. ئەگەر ئاخىرىدا چېمپىيون بولۇپ قالسام، كۈنبويى ئۇچرىغان خورلۇقلىرىم تېخىمۇ ئېغىرلاپ كېتەتتى. چۈشتىن كېيىنكى ۋاقىت ئاستا ـ ئاستا ئۆتمەكتە، مەن يېڭىدىن بىرەر نومۇرنىمۇ قوشمىدىم. چۈشتىن كېيىن چىدىغۇسىز ئىسسىق بولۇپ كەتتى، شۇنداقتىمۇ نەۋرە تۇغقانلىرىمنىڭ روھى يەنىلا كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. لېكىن، كەيپىياتىم تولىمۇ تۆۋەن ھالدا ئۆتكۈزگەن بىرنەچچە سائەت ئىچىدە ئازراقمۇ غەيرەتكە كېلەلمىدىم، چېمپىيون بولۇپ قېلىشتىن قورقتۇم. گۇگۇم چۈشكەندە، خۇددى شىددەتلىك كەلكۈن توسمىنى بۇزۇۋەتكەندەك، كوچىلار قاتناش قىستاڭچىلىقى دەستىدىن ماشىنىلار بىلەن تولۇپ كەتتى. مەن چوقۇم چېمپىيون بولالمايدىغان بولدۇم دەپ خاتىرجەم بولدۇم. تېمپېراتۇرىنىڭ تۆۋەنلىشىگە ئەگىشىپ، ئاسمان ئەسلىي رەڭگىگە قايتتى، پىژغىرىم ئىسسىقنىڭ دەستىدىن جېنى ئاران قالغان قۇشلار ۋە ھاشاراتلار قايتىدىن جانلىنىپ كەتتى.

سائەت ئالتىگە ئاز قالغاندا بالا باققۇچىلار ھەممەيلەننى سۈت ئىچىشكە چاقىردى. ئەسلىدە ئاپام مۇشۇ چاغدا مېنى ئالغىلى كېلىشى كېرەك ئىدى، بىراق تېخى يېتىپ كېلەلمىگەنىدى. ھامامنىڭ ئائىلىسىدە، سۈت ئىچىش كىچىك بالىلارنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئېپى دەپ قارىلاتتى. بۇنىڭغا قاتتىق ئىشىنىدىغان

نەۋرە تۇغقانلىرىم سۇتنى مۇسابىقىلەشكەندەك ئىچەتتى. ھەربىر بالىنىڭ بالا باقىقۇچىسى مەخسۇس سەپلەنگەن بىر تەنتەربىيە سايمىنىنى ئالغاچ كەلگەندەك، ئۇلار ئۇچۇن مەخسۇس ئىستاكانلارنى ئالغاچ كېلەتتى.

مەن سۇت ئىچىشكە ئۆچ ئەمەس، بىراق ھامىنى تەلەپ قىلغان مىقداردا ئىچەلمەيتتىم. مېنىڭ مەخسۇس ئىستاكانىم يوق ئىدى، سۆرەلمىلىك قىلغان ھالدا ئاپامنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ، ماشىنا نومۇرى تىزىملىكى سۈرۈشتە قىلىنىشتىن بۇرۇن تىكىۋېتىشىنىڭ كويىدا بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن سۇت ئىچىش ئۈچۈن ئۆيگە كىرىپ كەتكەندە، مەن بىر تۆپىلىككە چىقتىم، پاسىل تامنىڭ يېنىغا كېلىپ ئىشتىنىمنىڭ سىيرىتمىسىنى سىيرىپ كىچىك تەرەت قىلماقچى بولدۇم. مەن ئالدىمدىكى كۆپۈك ئۆرلەپ تۇرغان كىچىك كۆلچەككە دىققەت بىلەن قاراپ تۇرغىنىمدا، بىردىنلا بىر نەۋرە تۇغقىنىمنىڭمۇ كىچىك تەرەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ مېنى كۆرۈپ بىردەم تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن، تۇيۇقسىز چىرايى ۋەھىمىلىك تۇس ئالدى. ئۇنىڭ نېمىدىن قورقۇپ كەتكەنلىكىنى بىلمەكچى بولۇپ ئەتراپقا قارىدىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشمەكچى بولدۇم. بىراق، ئۇ تەتۈر قارىۋېلىپ، ئۆزىچە نېمىلەرنىدۇر سۆزلەپ كەتتى. ھاجەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ سىيرىتمىسىنى ئەتتى ـ دە، بۇرۇلۇپلا قېچىپ كەتتى. ئۇ: «Aatish ka susu nanga hai!» دەپ توۋلىغىنىچە، تۆپىلىكتىن ئۆتۈپ ئۇدۇل گۇللۇككە يۈگۈرۈپ كەتتى.

ئۇ سۆزلەرنى خېلى جايىدا تاللىغاندەك قىلاتتى. مەن تېخى بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى ئاڭقىرىشقا ئۈلگۈرمەيلا، كۆپچىلىكنىڭ مېنى ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويىدىغانلىقىنى سېزىپ بولدۇم. «nanga» يالىڭاچ، تاقىر دېگەن مەنىدە ئىدى. بالا باققۇچىلار بۇ سۆزنى بالىلارغا كىيىم كىيمەي قالايمىقان يۈگۈرۈپ يۈرۈش ئۇياتلىق

ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتەتتى. بۇ سۆز باللار قوشاقلىرىدا دائىم ئۇچراپ تۇرغاچقا، باللار ئۇنىڭ مەنىسىنى ئوبدان بىلەتتى. «susu» كىچىك ئوغۇل باللارنىڭ جىنسىي ئەزاسىنى كۆرسىتەتتى. گەرچە ئۇنىڭ سۆزىدىكى ھەربىر تاق سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلسەممۇ، بىرلەشكەندىن كېيىنكى مەنىسىنى بىلمەيتتىم. ئۇ نېمە ئۈچۈن مېنى يالىڭاچ دەيدىغاندۇ؟ مەن باشقىلار بىلىپ قېلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭدىن ئۈزۈپ باقماقچى بولۇپ، سىيرىتمامنى ئەتتىم ـ دە، ئۇنى قوغلاپ تۆپىلىكتىن چۈشتۇم. مەن يۈگۈرۈپ چىملىققا كەلگەندە، خەۋەر ئاللىقاچان باشقا باللارغا يېتىپ بولۇپتۇ. قارىماققا ئۇلار ئۇچۇق ھاۋادا چاقچاق چاقماقنى كۆرگەندەك ھالەتتە بولۇپ، بەزىلىرى يۆتىلىپ، بەزىلىرى قىيا ـ چىيا قىلىشىپ ئۆرىتۆپە بولۇشۇپ كەتكەنىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇلارمۇ بۇنىڭ زادى نېمە مەنىسى بارلىقىنى بىلەلمىگەندەك قىلاتتى، لېكىن بالا باققۇچىلار قاقاھلاپ كۈلۈشۈۋاتاتتى.

ئايۋاندىكى قالايمىقانچىلىق چوڭلارنىمۇ باشلاپ كەلدى. ھېلىقى نەۋرە تۇغقىنىم يەنە بىر قېتىم «Aatish ka susu nanga hai!» دەپ توۋلىدى. بۇ قېتىم چوڭلارنىڭ ھەممىسى، ھەتتا ھامماممۇ كۈلۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ ئەگىشىپ كۈلدۈم، كۈلكەم ھەرقانداق كىشىنىڭكىدىن جاراڭلىق ئىدى. بۇ چاغدا باشقا نەۋرە تۇغقانلىرىممۇ كۈلۈشكە باشلىدى، باياتىن ئۇلار بۇنى قىلچە قىزىقارلىق ھېس قىلمىغان، بەلكى بىئارام بولۇۋاتقانىدى. روشەنكى، بۇنداق ئەھۋالدا سوئالىمغا جاۋاب بېرىدىغان ئادەم يوق ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بالا باققۇچىلارنىڭ نەزىرىدە جىنسىي ئەزايىمنىڭ كۈلكە قىلغۇدەك نەرى بارلىقىنى ئاپامدىن ئايرىم سوراپ باقماقچى بولدۇم. تەلىيىمگە، كۆپچىلىك بۇ كىچىككىنە قىزىق ئىش تۈپەيلى ماشىنا نومۇرى خاتىرىلەش مۇسابىقىسىنى ۋاقتىنچە ئۇنتۇپ قالدى. بۇ چاغدا ئاپاممۇ كەلدى، مەن بۇ ئىشتى

ئۇلارنىڭ ئېسىگە كەلتۈرۈپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ، ئاپامدىن مېنى ئۆيگە ئەكېتىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدىم.

ئاپام ماشىنىسىنى ھەيدەپ ئۆيگە قايتقۇچە، لىگاتۇرا (سىزىق ئۇلاش) ئويۇنى ئوينىغاندەك، بىر كوچا رايونىدىن يەنە بىر كوچا رايونىغا ئۆتمەكتە ئىدى. مەن ماشىنىدا كېتىۋېتىپ، يول بويى بۇگۈن كۆرگەنلىرىم توغرۇلۇق ئويلاندىم. جىنسىي ئەزايىمنىڭ نەۋرە تۇغقىنىمنىڭكى بىلەن ئوخشىمايدىغانلىقىنى مەنمۇ تونۇپ يەتكەنىدىم، بىراق ھەرقانچە قىلىپمۇ بۇنىڭ مەنىسىنى قىياس قىلالمىدىم. دادامنىڭ يوقلۇقى بىلەن خەتنىلىكىمنىڭ يوقلۇقى ئوتتۇرىسىدا ھەقىقەتەن مەلۇم باغلىنىش بولغان تەقدىردىمۇ، مەندە بۇنداق ئاجايىپ باغلىنىشنى تۇتۇۋالغۇدەك قابىلىيەت يوق ئىدى. ئاپام ماڭا دادامنىڭ پاكىستاندا گېنېرال زىيائۇلھەقنىڭ ھەربىي مۇستەبىتلىكىگە قارشى تۇرغانلىقى ئۈچۈن تۈرمىدە ياتقانلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، خەتنىلىكىمنىڭ كېسىۋېتىلگەنلىكى توغرىسىدىكى ئىشنى زادىلا تىلغا ئېلىپ باقمىغانىدى. مېنىڭ ئاتا توغرىسىدىكى چۈشەنچەم بەكلا مۇجمەل ئىدى. شۇ كۈنكى كەچۈرمىشىم مېنى بەكلا ئازابلىدى، شۇ سەۋەبتىن بۇنداق ئۆچۈرنى ھەرقانداق قىلىپمۇ قوبۇل قىلالمىدىم: دادام ئەرلەرنىڭ خەتنىلىكى كېسىۋېتىلىدىغان دۆلەتنىڭ ئادىمى.

بۇ پەقەت كىچىككىنە ئىش بولۇپ، تۇرمۇشۇمغا ھەرگىز تۇسالغۇ بولالمايتتى. مەن يۇمۇر ئاڭلىغاندەك يەنە كۈلدۇم. قۇياش گېنېرال سافۇدا مەقبەرەسىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كەتتى. ماشىنىمىز شەھەر رايونىنى بۆلۈپ تۇرغان ئۆتۈشمە كۆۋرۈكتىن ئۆتتى. مېنىڭ بۇ دۇنياغا بولغان قارىشىم جىنسىي ئەزايىمنىڭ «بۆكى» بولمىغانلىقى تۈپەيلى ۋاقتىنچە بولسىمۇ ئۆزگىرىپ قالمايتتى.

※ ※ ※

پۈتكۈل ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىمدا، ئۆزۈمنىڭ مۇسۇلمانلىق سالاھىيىتىمگە قارىتا بىر خىل تونۇشتا بولۇپ كەلدىم، بىراق بۇ تونۇشۇم بەكلا يۈزە ئىدى، يەنى ئىسمىمنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭكىگە بەك ئوخشايدىغانلىقىنى بىلىش بىلەنلا چەكلىنەتتى. مەن ئۆزۈمنىڭ ھىندى دىنى مۇرىتىمۇ، شىك دىنى مۇرىتىمۇ ئەمەسلىكىمنى، ئەمما خەتنە قىلىنغانلىقىمنى بىلەتتىم. ئاپامنىڭ دېھلىدا نۇرغۇن مۇسۇلمان دوستلىرى بار ئىدى، بىز پات ـ پات كۆرۈشۈپ تۇراتتۇق، بولۇپمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ھېيت ـ ئايەملىرىدە شۇنداق بولاتتى. ھەر قېتىم ئايەم كېلىپ، ئۇلار ماڭا مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ۋە قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى ئۆگەتكەندە، ئۇلارنىڭ مېنى ئۆز ئادىمىمىز دەپ قارايدىغانلىقىنى ھېس قىلاتتىم. لېكىن، دېھلىدا ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ سىڭىشى چوڭقۇر بولغانلىقتىن، بۇنداق بەزىدە يېمەكلىك، بەزىدە شېئىر قوزغىتىدىغان ئاڭنى پەرق ئېتىش تولىمۇ قىيىن ئىدى، شۇڭا شەھەردىكى نۇرغۇن غەيرىي مۇسۇلمانلارمۇ بۇنداق مەدەنىيەتتىن ئورتاق بەھرىمەن بولاتتى.

ھىندىستان سۇب چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى دىنلار ئاتا جەمەت تۇسىگە ئىگە ئىدى، شۇڭا مەن دادامنىڭ يوقلۇقى بىلەن دىنىي سالاھىيىتىمنى تەبىئىيلا باغلىغانىدىم. نۇرغۇن يىل ئىلگىرى، ھېلىقى كۈندىكى «قوشكېزەك» ۋەقە خىيالىمدا پەيدا بولسا، كاللام گادىرماچ بولۇپ كېتىپ، ئېنىق مەسىلىلەرنى رەتلەشكە ئامالسىز قالاتتىم. ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا، ئاپام ماڭا دىنىي ئاڭنى زادىلا سىڭدۇرۇپ باقمىدى، بىراق مومام ئۇنداق ئەمەس ئىدى، گەرچە ئۆزى شىك دىنى مۇرىتى بولسىمۇ، ماڭا باشقا ئەللەردىن كەلگەن، كېيىن ھىندىستاندا يىلتىز تارتقان دىنلار ھەققىدە دائىم سۆزلەپ بېرەتتى. بالىلىق چېغىمدا مەن

ھىندىستان زېمىنىدىكى ئاساسلىق دىنلارنىڭ ھەممىسىگە ئىنتىلىپ باققانىدىم. بەش ـ ئالتە ياش ۋاقتىمدا ئىخلاسمەن ھىندى دىنى مۇخلىسى بولۇپ، شام كۆيدۈرۈپ ئىبادەت قىلىپ، ئىلاھلارغا سەجدە قىلغانىدىم، بولۇپمۇ ئىلاھ شىۋاغا بەك چوقۇناتتىم، بىراق كېيىن ئالەمدىكى گىگانت ئادەم خېمانىنىڭ پەيدا بولۇشى مېنىڭ قىزىقىشىمنى يۆتكىۋەتتى. يەتتە ـ سەككىز ياشقا بارغاندا، چېچىمنى قويۇۋېتىپ شىك بولىمەن دەپ داۋراڭ سالدىم، بىراق ئاپام ۋە نەۋرە تۇغقانلىرىم توسۇپ قويدى، ئۇلار چاچ كېسىش ھوقۇقى ئۈچۈن، ھەتتا ئاتا ـ ئانىلىرى بىلەنمۇ تالاش ـ تارتىش قىلغانىدى. ئاشۇ يىللاردا مەن بۇ دىنلارنىڭ ئارىسىدا قاتراپ يۈردۈم، بىراق ھېلىقى تومۇز كۈنى چۈشتىن كېيىنكى تەن ئالغانلىقىمنى باشتىن ـ ئاخىر ئۇنتۇپ قالمىدىم: مەن بىر مۇسۇلمان ئىكەنمەن.

ئون ياش ۋاقتىمدا، دېڭىز قولتۇقى ئۇرۇشىدىن قاچقان بىر كۇۋەيتلىك ئائىلە بىزنىڭ بىناغا كۆچۈپ كىردى، بۇ ئائىلىنىڭ ئۈچ ئوغلى بىلەن ياخشى دوست بولۇپ قالدىم. بىر ئاخشىمى ھەممىمىز ئۇلارنىڭ دادىسىنىڭ كارىۋىتىدا ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز دىن مەسىلىسى ئوتتۇرىغا چىقىپ قالدى. ئېھتىمال روھىيىتىمنىڭ ئىچكىرىسىدىكى بىر خىل قەتئىي ئىشەنچتىن ياكى ئۇلارنىڭ مېنى ئارىسىغا ئالغانلىقىدىن بولسا كېرەك، ئۇلارغا مۇسۇلمان ئىكەنلىكىمنى ئېيتتىم. دادىسى ھەيران بولۇپ، خەتنە قىلىنغان ـ قىلىنمىغانلىقىمنى سورىدى، ئۇ يەنە ئىسقىرتىپ ۋە بارماقلىرىدىن قاس چىقىرىپ بىزنى كۈلدۈرۈۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ تېما ئەمدىلا باشلىنىشىغا، خەتنە قىلىنىشقا مۇناسىۋەتلىك سوئال ۋە مېنىڭ ئىسلام دىنى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم گاڭگىراش ۋە كۈلكە ساداسى ئىچىدە يەنە تۇتۇقلىشىپ كەتتى.

نەچچە يىلدىن كېيىن، ھىندى دىنى مۇخلىسلىرى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ توقۇنۇشى پۈتكۈل ھىندىستاندا ئومۇمىيۈزلۈك

پارتلاپ، ھىندى دىنى مىللەتچىلىرى پۈتۈن دېھلىنى تىتىتىپ، ئەرلەرنىڭ ئىشتىنىنى سالدۇرۇپ خەتنە قىلىنغان - قىلىنمىغانلىقىنى تەكشۈردى. شۇ چاغقا كەلگەندىلا، خەتنە قىلىنىشىم بىلەن دادامنىڭ ئېتىقادى چوڭلار قوبۇل قىلالىغۇدەك بىر چۈشەندۈرۈشكە راستلا موھتاج بولدى. ھالبۇكى، ئەينى چاغدا مەن دادامنىڭ كىملىكىنى بىلىش ئىستىكى ھەممىنى، جۈملىدىن ئۆزۈمنىڭ دىنىي سالاھىيىتىم توغرىسىدىكى گۇمانىمنى بېسىپ چۈشىدۇ دەپ ئويلايتتىم. شۇ چاغدا مەن ھىندىستاننىڭ جەنۇبىدىكى خىرىستىيان دىنى ياتاقلىق مەكتىپىگە بېرىپ ئوقۇشقا تەييارلانغاندا، ئۆزۈمنىڭ دىنىي سالاھىيىتىمگە، ئەمەلىيەتتە پۈتكۈل ھىندىستانغا مۇناسىۋەتلىك بۇ گاڭگىراش ئۈزۈلۈپ قالدى. دىن مېنىڭ قىزىقىشىمنى قايتا قوزغىغاندا، ئاللىقاچان ئون يىللىق ئۆمرۈم ئۆتۈپ كەتكەن، ھىندىستاندىكى بالىلىق چاغلىرىمىمۇ كەلسە كەلمەسكە كەتكەنىدى.

# دادامدىن كەلگەن خەت

2005 ـ يىلىنىڭ ھاۋا تۇتۇق بىر ئەتىگىنى مەن ئوچۇق رەڭلىك ۋېگىن يولۇچىلار پويىزىغا ئولتۇرۇپ لىدىسقا باردىم. شۇ چاغدا مەن يىگىرمە تۆت ياشقا كىرگەن، لوندوندا ياشاۋاتقىنىمغا بىر يىل بولۇپ قالغانىدى. لىدىسقا بېرىشتىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى، پاكىستانلىقلار پۈشتىدىن بولغان بىر توپ ئەنگلىيەلىك لوندوننىڭ ئاپتوبۇس ۋە پويىزلىرىنى پارتلىتىۋەتكەنىدى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى لىدىسنىڭ شەھەر ئەتراپى رايونىدىكى بازار ــ بىستوندىن كەلگەنىدى. قارا خىشتىن سېلىنغان قاتار ـ قاتار تۇرالغۇلارلا بار بىستون ئاشۇ سەھەردە يېتىپ كەلگەن نەزەر سېلىش ۋە فوكۇسلاشقا ھەرگىز بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. ئادەتتىكى كۈنلەردىكى تىنچ ئاھالىلەر رايونى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن مۇخبىرلار بىلەن توشۇپ كەتتى، ھەممىلا يەردە تېلېكامېرا ۋە ئۇلاپ تارقىتىش ماشىنىلىرى بار ئىدى. ئامانلىق ساقلاشقا نۇرغۇن ساقچى يېتىپ كەلگەن، شۇ يەردىكى ئاھالىلەر بولسا، چاقماق لامپا، سېرىق رەڭلىك ئايرىغۇچ سىم ۋە ساقچىلار تەرىپىدىن تازىلىنىۋاتقان يوشۇرۇن پارتلىتىش رايونىنىڭ ئارىسىدا قالغانىدى. بەزى ئاھالىلەر ئىشىكىنى تاقىۋېلىپ ئۆيدىن چىقماسلىقنى تاللىۋالغان، يەنە بەزىلىرى مۇخبىرلار بىلەن سۆزلىشىپ بېقىش نىيىتىگىمۇ كەلگەنىدى. بىستوننىڭ ئاساسلىق ئاھالىسى پەنجاپلىقلار، مۇسۇلمانلار، شىك دىنى مۇرىتلىرى، پاكىستانلىقلار ۋە ھىندى دىنى مۇخلىسلىرىدىن تەركىب تاپقان، خۇددى ھىندىستان بىلەن پاكىستان بۆلۈپ ئىدارە قىلىنىشتىن ئىلگىرىكى كۆپ مەنبەلىك مەنزىرىنىڭ ئۆزى بولۇپ، قايتا

مەۋجۇت بولمايدىغان، بىرلىككە كەلگەن ھېلىقى ھىندىستاننى ئىختىيارسىز كىشىنىڭ ئېسىگە سالاتتى. بۇ ھال بولۇپمۇ مېنى ئويلاندۇرۇپ قويدى.

مەن بىستوننى ئايلىنىپ يۈرۈپ، يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن پاراڭلاشتىم. زىيارىتىمنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، شۇ يەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا بىر ھاڭنىڭ بارلىقىنى بايقىدىم. مەن ئىلگىرى ئەنگلىيەنى ساياھەت قىلىپ يۈرگەن چاغلىرىمدا بۇنى بايقىمىغانىدىم. كونا بىر ئەۋلاد مۇسۇلمانلار قارىماققا لاھۇردىكى تۇرلۇك ماللار ماگىزىنىدىن بىۋاسىتە كەلگەندەكلا قىلاتتى، ئۇلار ئۇزۇن كەمزۇل ۋە پەنجابچە كەڭ سارى كىيەتتى، ئەڭ ياخشى بىلىدىغان تىلى پەنجاب تىلى ئىدى. ئۇلار ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ ئىراق ئۇرۇشىغا ئارىلاشقىنىغا قارشى تۇرىدىغان، ئامېرىكىنىمۇ يامان كۆرگىنى بىلەن، ھازىرقى مۇقىم تۇرمۇشىنى تاشلاپ رادىكال ئۇنسۇر بولىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايتتى. چۈنكى، ئۇلار پاكىستاندىن ئەنگلىيەگە كېلىپ ئىقتىسادىي ئورۇنغا ئېرىشىشنىڭ جاپالىقلىقى ۋە ئاسان ئەمەسلىكىنى ئوبدان بىلەتتى.

لېكىن، ياش ئەۋلادلار ئاتىلىق سالاھىيەتتىكىلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلمەيتتى، مەن ئاتىلىق سالاھىيەتتىكىلەرنىڭ كۆزقارىشىنىڭ تەرەپدارى ئىدىم. بەزى ياشلار ئەرەبچە نىمچە كىيەتتى، ساقىلىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ئىسلام دىنىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە ياساتتى. ئۇلاردا ئاتىلىق سالاھىيەتتىكىلەرنىڭكىدەك خاراكتېردىكى يۇمۇرلۇق ۋە كەڭ قورساقلىق كەمچىل ئىدى. ئۇلار غەرب دۇنياسىغا قاتتىق ئۆچ، بىراق بۇنىڭ سەۋەبلىرى ئېنىق ئەمەس ئىدى. ئىلگىرى مەن بىر ياشنى كۆرگەن، ئۇ دادىسى بىلەن بىللە بىر ساندۇقنى دۇكىنىغا ئەكىرىۋاتقانىكەن. ئۇنىڭ كۆزلىرى چوڭ ئەمەس، ئەمما ناھايىتى چوڭقۇر مەنىلىك قارايتتى، قارا ساقىلى ناھايىتى قويۇق ئىدى. ئۇ كۆل رەڭ نىمچە، كىچىككىنە ئاق بۆك كىيىۋالغانىدى. ئۇنىڭ بۇ

ياسىنىشى ھەقىقەتەن كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغايتتى. مەن ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن بۇنداق ياسىنىۋالغانلىقىنى سورىدىم.

ئۇ ئىنگلىز تىلىدا سوغۇققىنا جاۋاب بەردى:

ــ بۇ دېگەن ئەنئەنىۋى كىيىنىش ئۇسۇلى.

ــ دادىڭىزنىڭ كىيگەنلىرى ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەك ئەمەسمۇ؟

ــ شۇ، ئەمما مېنىڭ كىيگىنىم ئىسلام پاسونى.

ئۇنىڭ دادىسى قاتتىق ئوڭايسىزلىنىپ كەتتى.

يېنىمدا تۇرغان بىر بوۋاي كۈلۈۋەتتى.

ــ بايا مەن قوشنامغا، ئوغلۇم زادىلا ئىش قىلمايدۇ دەپ ئاغرىنىپ بەرگەنىدىم، بىراق ئۇ ئەكسىچە: «ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ، مېنىڭ ئوغلۇم ساقال قويۇپلا قالماي، يەنە تېخى بىر داموللا بولۇۋالدى» دېدى.

ئۇ بۇ چاقچاقنى پۈتۈنلەي مېنى ئاڭلىسۇن دەپ سۆزلەۋاتاتتى، چۈنكى ھىندىستاندا «داموللا» دېگەن سۆز مەسخىرە ۋە مەنىسىمەسلىك مەنىسىگە ئىگە ئىدى.

بىستوننىڭ ھەممىلا يېرىنى زىيارەت قىلغان بىر يىلغا يېقىن ۋاقىتتا، مەن ئەنگلىيەدىكى ئىككىنچى ئەۋلاد پاكىستانلىقلار، يەنى «داموللا» غا ئايلانغان بۇ ئەۋلادلارنىڭ ھەممىسى ئەنگلىيەنىڭ شىمالىي قىسمىدا ئۆسۈپ يېتىلگەنلىكىنى بىلدىم. دۇكاندا تەرەپبازلا ئۇچرىتىپ قالغان ھېلىقى ئاتا ـ بالا بۇ ئىككى ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ پەرقىنىڭ بىر ئىخچام كۆرۈنۈشى ئىدى. گەرچە بۇ ئىككى ئەۋلاد كىشىلەر ھەقىقىي مەنىدىكى ئەنگلىيەلىك ھېسابلانمىسىمۇ، ئەجدادلىرى دىنىي سالاھىيەتكە ئادەتتىكىچە مۇئامىلە قىلىشقا مايىل بولۇپ، ھاياتىنىڭ ئېغىرلىق مەركىزىنى ئىقتىسادىي جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا قوياتتى. ياش ئەۋلادلارنىڭ بۇنداق ئېنىق مەۋقەسى يوق ئىدى: ئۇلار ھەم ئەنگلىيەلىك ئەمەس، ھەم پاكىستانلىقمۇ ئەمەس، ئاتلىق سالاھىيەتتىكىلەرنىڭكىدەك ئىقتىسادىي مۇددىئاسىمۇ يوق ئىدى،

ئۇلارنىڭ دۆلەت تەۋەلىكىدىن ھالقىغان ئىسلام سالاھىيىتىمۇ ئەيىبلەشكە ئۇچرايتتى، شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئادالەتسىزلىكتىن غەزەپلىنىش تۇيغۇسىمۇ پەيدا بولغانىدى.

بىر قولايلىق ماگىزىنىنىڭ غوجايىنى، ئېگىز بويلۇق، سۇرلۇك كىشى بومبا تاشلىغان تېررورچىلارنى تونۇيدىكەن، ئۇ مۇنداق دېدى:

— ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ يەردە تۇغۇلغان، چوڭ بولغان. چوڭلار تىجارەت قىلىپ ئائىلىسىنى باقىدۇ، بالىلارنىڭ تۇرمۇشى غەم - غۇسسەسىز ھەم زېرىكەرلىك. ئۇلار ھېچ ئىش قىلمايدۇ، ئۇلارنىڭ يۇمۇرلۇق تۇيغۇسىمۇ، تەۋەلىك تۇيغۇسىمۇ يوق.

شۇ ھەپتىدىكى زىيارىتىم ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، پويىزغا ئولتۇرۇپ ئۆيگە قايتتىم ۋە يول بويى بۇ كىشىلەرنىڭ ھېكايىسىنى ئويلىدىم. مەن ئۆزۈمنىڭ يىلتىزسىز شەخسىي سالاھىيىتىمدىن تارتىپ (بۇ ھال مېنىڭ شەخسىي ئەھۋالىم بىلەن سەل ئوخشىشىپ كېتەتتى) تاكى ماڭا يات بولغان ئىسلام رادىكالىزمىغىچە ئويلىدىم. مەن بۇنداق مەۋقە بىلەن تۇنجى قېتىم بىر يىل ئىلگىرى ئۇچراشقانىدىم. شۇ چاغدا مەن پاكىستانلىق مۇھاجىرلار ئەۋلادىدىن بولغان ئەنگلىيەلىك ياش ھاسان بارت بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇ ئىسلام رادىكال تەشكىلاتى «ئەل - مۇھاجىران» نىڭ باياناتچىسى بولۇپ، تەرەپ - تەرەپكە قاتراپ يۈرۈپ، ئافغانىستانغا بېرىپ ئۇرۇش قىلىشقا ئادەم توپلىدى (بارت كېيىن مەزكۇر تەشكىلات ئۈچۈن كۈچ چىقارمايدىغان بولدى، بىراق 2008 - يىلى ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ لاھۇرغا بېرىشقا ھازىرلانغاندا يەنىلا قولغا ئېلىندى). بىز مانچېستېرنىڭ «كۇررى» كوچىسىدىكى ھىندىستان ئاشخانىسىدا بىللە غىزالانغاندۇق. بارت پاكار، ئەمما ساغلام، كۈچلۈك، كىشىلەرگە قىزغىن مۇئامىلە قىلىدىغان، بەزىدە زىيادە ھاياجانلىنىدىغان ئادەم ئىدى. بىز تەڭدىمەت ئىدۇق. ئۇ ماڭا بەك ئىشىنەتتى، بۇنىڭدىكى قىسمەن سەۋەب مېنى مۇسۇلمان دەپ

بىلگەنلىكى ئىدى، چۈنكى مېنىڭ مۇسۇلمان دادام بار ئىدى.

ئۇ ئېتىقادقا يۈكسەك ئۇلۇغۋار ئەقىدە باغلىغانىدى.

— 1400 يىل ئىلگىرى مەدىنە بىزنىڭ كىچىككىنە شەھەر ئىدى، — دېدى ئۇ ماڭا، — لېكىن ئاران ئون يىل ۋاقىت ئۆتكەندە، ئۇ مىسىرغا كېڭەيدى، بەلكى پېرسىيەگىچە سوزۇلدى...

مېنىڭ بارتقا يېقىنچىلىق قىلىشىم يېشىمىزنىڭ ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقى، ئايرىۋېتىلگەن مۇستەقىل دۇنياسىغا قىزىققانلىقىم، يەنە ئۇنىڭ سەمىمىيلىكىدىن ئىدى. لېكىن، بۇنداق ئېتىقاد ۋە غايە ئوتتۇرىمىزدا ئارىلىق پەيدا قىلىپ قويغانىدى.

— ئەمىسە، هازىرچۇ؟ — دېدىم مەن ئاخىر، — سەن مەن بىلەن تەڭدىمەت، بۇ يەردىن نەگە بېرىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتىسەن؟

— بىرىنچى ئىشىم، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ، — ئەڭ زور تىرىشچانلىق بىلەن پاسپورتۇمنى قايتۇرۇۋېلىش (پاسپورتنى ئەنگلىيە دائىرىلىرى تەرىپىدىن تۇتۇپ قېلىنغانىكەن)، قانچە بالدۇر ئېلىۋالسام شۇنچە بالدۇر پىلانىم بويىچە ئىش كۆرەلەيمەن. مەن بىلەن هەمكارلىشىدىغان ئاشۇ كىشىلەر بىلەن بىللە... «ئەل ـ مۇهاجىران» دىن ئايرىلغاندىن تارتىپ، بۇ ئىشقا ئىزچىل بېرىلىپ كېلىۋاتىمەن. هازىر بىز توققۇز كىشى، ئەمدى هەرقانداق كىشىنى قوبۇل قىلمايمىز، چۈنكى بىز پۈتۈنلەي بىردەك پىكىر ۋە ئېتىقادقا ئىگە. هەربىر ئەزانىڭ ئىش تەقسىماتى ئوخشاش بولماسلىقى مۇمكىن، بىراق بىر كوللېكتىپ بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن تېخىمۇ كەڭ ئىمكانىيەتنى راسلاشقا قۇربىمىز يېتىدۇ. پاسپورتۇمنى قايتۇرۇۋالغان هامان، ئاللا ئىجازەت بېرىدىغانلا بولسا، شۇنداق قىلالايدىغانلىقىمغا ئىشىنىمەن، بۇ تەكەببۇرلۇق ياكى ئەسەبىيلىك ئەمەس، ئۇلۇغۋار جاسارەتمۇ ئەمەس، مەندە مېنى كەلگۈسى ئىسلام دۇنياسىنىڭ باياناتچىسىغا ئايلاندۇرغۇدەك قابىلىيەتنىڭ بولۇشىغا ئىشىنىمەن —

ئاللانىڭ ماڭا تېخى كۈچ ـ قۇدرەت ئاتا قىلىشىنى تىلەيمەن — مۇسۇلمانلاردا بۇنداق شەخسنىڭ كەمچىل بولۇۋاتقىنىغا بەك ئۇزاق بولدى.

ئۇنىڭ جاۋابى ئىككىمىزنىڭ ئارىلىقىنى تېخىمۇ يىراقلاشتۇرۇۋەتتى. شۇنچە يىللاردىن بۇيان، مېنىڭ مۇسۇلمانلارغا بولغان تونۇشۇم تاسادىپىيلىق ئىچىدە ئېرىشكەنلىرىم بولۇپ، بارتىنىكى ئېتىقادىنى چۈشىنىشكە ھەرگىز يېتەرلىك بولمايتتى.

لىندىستىن لوندونغا قايتىپ كەلگەندە، مەن ئىسلام دۇنياسىغا بولغان چۈشەنچەمنىڭ نەقەدەر چولتا ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم. بىلىدىمكى، بىستوندىكى ھېلىقى يىگىت بىلەن بارت ئۆزلىرىنى ئەنگلىيەلىكمۇ، پاكىستانلىقمۇ ئەمەس دەپ قارايدىكەن، ئۇلار يەنە ئاتىلىرىدەك كۆچمەنلىك سالاھىيىتىنىمۇ قوبۇل قىلمايدىكەن، پەقەت مۇسۇلمان بولۇشنىلا تاللىۋېلىش ئۇلارنى سالاھىيەتكە ئائىت بۇ باش قېتىنچىلىقلاردىن خالاس قىلغانىكەن. لېكىن، مەن ئۇچۇن ئېيتقاندا، مۇسۇلمانلارغا بولغان يۈزە مەدەنىيەت بىلىمىمگە تايىنىپ، شۇنداقلا «قۇرئان كەرىم» ۋە ئىسلام ئەنئەنىسىنى قىلچە چۈشەنمەي تۇرۇپ، بىستونلۇق يىگىت ۋە بارتنىڭ دۆلەت ھالقىغان سالاھىيەت كىملىكىنى چۈشىنىشكە ئامالسىز ئىكەنمەن. مەن دىنىي سالاھىيەتنى نېمە ئۈچۈن دۆلەت تەۋەلىكىنىڭ ئورنىغا دەسسەتكىلى بولىدىغانلىقىنى ھېچ چۈشىنەلمىدىم. مەن بىلەن بۇنداق ئېتىقادنىڭ مۇناسىۋىتى يەنىلا قاراڭغۇلۇق ئىچىدە تۇرۇۋاتاتتى. شۇنداق بولسىمۇ، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، مەن يەنىلا بىر مۇسۇلمان ئىدىم.

گەرچە مەن ئۇلارنىڭ رادىكاللىقى، سوغۇق مۇئامىلىسى ۋە تاپتىن چىققانلىقىنى يۈزە ھېس قىلغان ھەمدە ئىسلام دىنىنىڭ باشقا سالاھىيەتلەر تولدۇرالمايدىغان بوشلۇقنى تولدۇرغاندەك قىلغانلىقىنى غۇۋا تونۇپ يەتكەن بولساممۇ، يەنىلا لوندونغا

قايتىپ كېلىپ ماقالە يېزىشنى باشلىۋەتتىم. ماقالەمدە ئەنگلىيەدىكى مۇسۇلمان رادىكاللىرى بىلەن ئۇچرىشىش جەريانىدىكى بىر قاتار كەچۈرمىشلىرىمنى ئومۇمىيۈزلۈك خۇلاسىلىدىم. مەن پاكىستانلىقلاردىن بولغان ئىككىنچى ئەۋلاد ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ ئەنگلىيە مۇسۇلمانلىرى رادىكال تەشكىلاتىنىڭ يادروسىنى تەشكىل قىلىدىغانلىقىنى تىلغا ئالدىم، سەۋەبى ئۇلار ئالاھىدە سالاھىيىتى تۈپەيلى يەكلىنەتتى، شۇڭلاشقا نۇرغۇن ساھەدە ئىنكار قىلىناتتى. بۇ ماقالەم ئەنگلىيەدىكى بىر سىياسىي ژۇرنالدا ئېلان قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ھاسان بارتىنى قىلغان زىيارىتىممۇ بېسىلدى. مەن تۇنجى ماقالەمنى ئېلان قىلغانلىقىمدىن بەكمۇ پەخىرلەندىم، ماقالەمنى داۋاملىق ئەۋەتىپ بەردىم.

كېيىن مەن جاۋاب خەت تاپشۇرۇۋالدىم، ئۇ داۋامىنىڭ ماڭا يازغان تۇنجى خېتى ئىدى. لېكىن، قورمۇقۇر ئوقۇغانسېرى، كۆڭلۈم غەش بولدى ـ دە، بايىقى ھاياجىنىممۇ يوقالدى. ئۇ خېتىدە، قارىشىڭ بىر تەرەپلىمە ئىكەن، ھەتتا «پاكىستان مىللىي روھىدىن ئاساسىي ساۋات» نىمۇ يوق ئىكەن، شۇڭلاشقا نامىمنى بۇلغاپسەن دەپ ئەيىبلىگەنىدى:

«ئىسلام رادىكالىزمى زەھەرلىك، بۇ نۇقتىدا ئىرېلاندىيە جۇمھۇرىيەتچىلەر ئارمىيەسى (IRA) ۋە ھىندىستان مىللىي قوغدىنىش قىسمى (RSS) مۇ ئوخشاش. ئىسلام رادىكالىزمىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئەۋج ئېلىشىنىڭ سەۋەبى پاكىستان بىلەن ئىراق، ئەگەر ھىندى دىنى مۇخلىسلىرى پارتىيىسى ھۆججىمىغا، تاجاۋۇزغا، بوزەك قىلىشقا ئۇچرىسا، ئۇلارنىڭمۇ ئوخشاشلا قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرەلەيسەن... سەن ئۆزۈڭنى «ھىندىستانلىق ـ پاكىستانلىق» دەۋالغىنىڭ دەل شۇنداق ھاقارەتلىك سىياسىي تەشۋىقاتنى قوغدىغىنىڭ، ھەممىنى ئوبدان چۈشىنىدىغان قىياپەتكە كىرىۋالغىنىڭ.

ئۇ يەنە پالاق توپنى تىلغا ئاپتۇ، بۇ تەنھەرىكەت تۈرى ھەممىشە ھىندىستان سۇب چوڭ قۇرۇقلۇقى ئۇرۇشىنىڭ ئالدىن قىزدۇرۇش گىنېرالنىي رېپېتىتسىيەسى بولۇپ كەلگەنىدى: «لاھۇرنىڭ خەلقئارا پالاق توپ مۇسابىقىسىدە يېڭىلىپ قالغاندىن كېيىنكى ئىنكاسىغا قاراپ باق، يەنە دېھلىنىڭ ‹Lala›لىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ باق. شۇ چاغدا سەن ھىندى دىنىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى كەمسىتىشتەك مۇرەككەپ ئىدىيەۋى ھالىتىنىڭ تۈغما ئىكەنلىكىنى بايقايسەن.» «Lala» سودىگەرنى كۆرسىتەتتى، دادامنىڭ بۇنداق قارىشى ئەمەلىيەتتە ئۆزىدىكى بىر تەرەپلىمە قاراشنى ئىپادىلەپ بەرگەنىدى. بۇ، پاكىستاندا قوللانما شەكىلدىكى بىر تەرەپلىمە قاراش بولۇپ، ھىندى دىنى مۇخلىسلىرى ھىيلىگەر سودىگەر، ئاجىز، نادان، توخۇ يۈرەك، ھەرگىز مۇسۇلمانلارغا سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ دەپ قارىلاتتى. دادا بىر، ئانا بۆلەك ئاچام مېنى: «ئوھوي، مەن سېنىڭ ھىندى دىنىنىڭ كىچىك قارا ئالۋاستىسى ئەمەسلىكىڭدىن بەك خۇشال بولدۇم» دەپ زاڭلىق قىلغان، دادا بىر، ئانا بۆلەك ئاكاممۇ: «مەنمۇ ھىندى دىنى مۇخلىسلىرىغا ئۆچ» دېگەنىدى. ھىندى دىنىدىن ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغان كۆپىنچە پاكىستانلىقلاردا بىر خىل مۇرەككەپ تارىخىي ئىدىيەۋى ھالەت بار ئىدى، ئۇلار ئەجدادلىرىنىڭ پېرسىيە، ئافغانىستان قاتارلىق يەرلەردىن كەلگەنلىكى، شۇنداقلا بىر مەزگىل ھىندى دىنى مەزھەپلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

دادام خەت يازغان چاغدا مېنىڭ سالاھىيىتىمگە قانداق مۇئامىلە تۇتقانلىقى، مېنى ئۆز ئادىمى دەپ بىلگەن ياكى بىر ئاسىي ئۇرۇقنى تېرىپتىمەن دەپ بىلگەنلىكىگە بىر نېمە دېيەلمەيمەن. ئۇ راستلا: «سەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلارغا قارشى بۇنداق بوھتانلارنى تارقىتىشنى تاسىر جەمەتىگە شەرەپ كەلتۈرىدۇ دەپ قارامسەن؟» دېگەنىدى. بۇ قېتىمقى خەت ئالاقىسىنىڭ ماڭا ئەڭ قىزىقارلىق تۇيۇلغىنى شۇكى، دادام ھەر

كۈنى شوتلاندىيە ۋىسكىسى ئىچەتتى، زادىلا پەرھىز تۇتمايتتى، دۇئا ـ تىلاۋەت قىلمايتتى، ئۇ: «تۇرمىدە يېتىۋاتقاندا ‹قۇرئان كەرىم› نىلا ئوقۇدۇم، باشتىن ـ ئاخىر بىرنەچچە قېتىم ئوقۇپ، ئاخىرىدا ماڭا كېرەكلىك نەرسىنىڭ يوقلۇقىنى بايقىدىم» دېگەندى. ئەمدىلىكتە ئۇ بىر مۇسۇلمان سۈپىتىدە مېنىڭ گەپ ـ سۆزۈمنىڭ دەخلى ـ تەرۇزىغا ئۇچراپتۇدەك. ئۇ دىنىنى دۆلەت تەۋەلىكىدەك چىڭ ساقلىغان، ھەتتا ئەمرىمەرۇپلارغا بويسۇنغاندىنمۇ بەك تەلەپچان بولغانىدى.

دادامنىڭ خېتىنى ئوقۇپ بولاي دېگەندە، ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئاستا ـ ئاستا ھېس قىلدىم: مەندە ھەتتا پاكىستانلىقلارغا ئائىت «ئاددىي ساۋات»، تېخىمۇ مۇھىمى، ئىسلام مىللىي روھىغا ئائىت ئاددىي ساۋاتمۇ يوق ئىدى. ئىلگىرى مەن دادامنى ئۆزۈم ئاتىۋالغان مەدەنىيەتلىك مۇسۇلمان مەنىسىدىلا خاتا چۈشىنىپ كەلگەنىكەنمەن. بۇنىڭ دېھلىدىكى ئۆسۈپ يېتىلىش كەچۈرمىشلىرىم بىلەن ھېچقانداق پەرقى يوق، ئۆرپ ـ ئادەت، كىيىم ـ كېچەك، يېمەكلىك، بايرام ۋە تىل جەھەتتىلا پەرقى بار دەپ قاراپتىمەن. لېكىن، دادامنىڭ ئىدىيەسى كۆپ چوڭقۇر ئىكەن. مەن ئۆزۈمدىن بىر سوئالنى داۋاملىق سوراپ كەلدىم، يەنى دادام ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي ئەقىدىلىرىگە ئىشەنمەيدىغانلىقىنى داۋاملىق ئاشكارا جاكارلاپ تۇرسىمۇ، نېمە ئۇچۇن يەنىلا مۇسۇلمان ھېسابلىنىدۇ؟ ئېتىقادىمۇ يوق تۇرسا، قانداق نەرسە ئۇنى مۇسۇلمان قىلغاندۇ؟

لوندوننىڭ ياز كۈنلىرى جىمجىت، قۇرغاق ئىدى. بىرنەچچە ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى، دادامغا ئەۋەتىپ بەرگەن ھېلىقى ماقالەم رادىيودا ئاڭلىتىلىشقا باشلىدى. مەن بارا ـ بارا سەل ئېھتىيات قىلىشقا باشلىدىم، بىراق نىيىتىمنىڭ دۇرۇسلۇقى ئېنىق ئىدى. بۇ مەزگىلدە دادام باشتىن ـ ئاخىر سۈكۈت قىلدى، نەچچە ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىنى ھېس قىلغاندەك بولدۇم. ئۇنىڭ خوتۇنى بىلەن قىزى ئارىلىششقا

ئۇرۇندى، بىراق ئۆزۈم يازغان نەرسە ئۈچۈن ھەرقانداق كىشىدىن ئەپۇ سوراشقا ھەرگىز تەييارلىق قىلمىدىم. گەرچە مەن يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان جىسمانىي جەھەتتىن ھۇجۇم قىلىنىشتىن پەخەس بولساممۇ، بىراق خەتنىڭ ئۆزىنى ئېغىر ئالمىدىم. ئەكسىچە، خەت مېنىڭ قىزىقىشىمنى قوزغاپ، كەيپىياتىمنى ئۇرغۇتۇپ، ھەرىكەت قىلىشقا ئۈندىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن بىر قېتىملىق ئىسلام سەپىرىنى پىلانلاشقا كىرىشتىم.

مېنىڭ مەقسىتىم بۇ يازدا يېڭى بىر ئەۋلاد مۇسۇلمانلارغا تەسىر قىلغان ئىسلام سالاھىيىتى ۋە دادامنىڭ ئېتىقادىغا بولغان ئەڭ يېڭى بايقىشىمدىن ئىبارەت ئىككى يىپ ئۈچىنى ئۇلاش ئىدى. دادامنىڭ خېتى مەن ئۈچۈن ئىككى ياقلىمىلىق خىرىسنى ئوتتۇرىغا قويدى، مەن ئىسلام دىنى ۋە پاكىستانغا بولغان تونۇشۇمنى يېڭىباشتىن تەپسىلىي ئويلىنىپ باقماقچى بولدۇم.

لېكىن، مەن پاكىستاندىنمۇ كەڭ زېمىنغا موھتاج ئىدىم. مەن دادامنىڭ مىللىي سالاھىيىتىدىنمۇ كۆپ نەرسىنى ئىگىلەپ، ئىسلام دىنى بىلەن باغلىماقچى بولدۇم، شۇڭا پاكىستانغا سەپەر قىلىش ھەرگىز يېتەرلىك بولمايتتى. 1947 ـ يىلى پاكىستان ھىندىستاندىن بۆلۈنۈپ چىقتى، مەقسىتى بىر خىل ئېتىقاد ئۈچۈن مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ بىلەن ھىندىستاننىڭ نۇرغۇن يېقىن تەرەپلىرى بار ئىدى، شۇڭا مەن يەنە باشقا مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنى كېزىپ چىقمىسام بولمايتتى، بولمىسا، تۇپ ئىسلام ئىدىيەسى بىلەن ئىلگىرى ھىندىستان رايونىدا يۈز بەرگەن نامەلۇم ئۆزگىرىشلەرنى پەرقلەندۈرۈش تولىمۇ قىيىنغا چۈشەتتى. دادام تۇرىدىغان جاي بىلەن مەن ئۇنىڭ خېتىنى ئوقۇغان جاينىڭ ئارىلىقى پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسى ئىدى، مەن بۇ جۇغراپىيەلىك ئەۋزەللىكتىن ئوبدان پايدىلانماقچى بولدۇم، سەپەر قىلىدىغان دۆلەتلەر ئۆزگىچە بىر يايىنى ھاسىل قىلغانىدى: دىندىن تولۇق خالىيلاشتۇرۇلغان تۈركىيە، بۇ يەردە

20 - ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدىن تارتىپ ئىسلام دىنى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى تەرىپىدىن جامائەت ساھەسىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان؛ ئەرەب مىللەتچىسى سۈرىيە يېقىندىن بۇيان مۇسۇلمان رادىكاللىرىنىڭ مۇھىم بارار جايىغا ئايلانغان؛ ئىران 1979 - يىلى دەبدەبىلىك ئىران ئىنقىلابىنى بېشىدىن كەچۈرگەندى.

ئەنئەنىۋى قاراش بويىچە، تۈركىيەدىن باشقا، دادام ۋە مەن ھازىر تۇرۇۋاتقان جايىنىڭ ئارىلىقىدىكى زېمىنمۇ ئەرەب مىللىتىنىڭ ئىپتىدائىي كېڭىيىش مەزگىلىدە قاپلىغان تېررىتورىيەسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئىسلام دىنىمۇ 7 - ئەسىر ۋە 8 - ئەسىردە ئىسپانىيەدىن ھىندىستانغا تارقالغانىدى. مەن ئىسلام دۇنياسىنىڭ چېتى ئىستانبۇلدىن سەپىرىمنى باشلاپ، مۇقەددەس مەركەز مەككىگە، ئاندىن داۋاملىق ئىراننى كېسىپ ئۆتۈپ پاكىستانغا بېرىشنى قارار قىلدىم. بۇ سەپەرنىڭ بىرىنچى قىسمى ئىسلام سەپىرىنىڭ بىر بۆلىكى ئىدى، خۇددى ھەج قىلىش جەريانىدەك، ئىلگىرىكى مۇقەددەس شەھەردىن بۈگۈنكى مۇقەددەس جايغا باراتتىم. ئىراندىن باشلىنىپ پاكىستانغا بارىدىغان سەپەر بولسا ئۆيگە قايتىش سەپىرى بولۇپ، ئۆزۈم بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىزدەپ، دادامنىڭ دۆلىتىگە تاكى دادامنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغىچە باراتتىم.

# «ئوخشاش بىر ئىسلام»

نويابىرنىڭ بىر كۈنى. ھاۋا تۇتۇق ھەم نەم ئىدى. مەن ئىستىقلال كوچىسىدىكى ستاربوكس قەھۋەخانىسىنىڭ سىرتىدا ئەييۇبنى ساقلىدىم. ئىستانبۇل شەھىرىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان بۇ كونا پاسوندىكى ياۋروپا سودا كوچىسىدا تىرامۋاي قاتنايتتى. يول يۈزى رېمونت قىلىنىپ يېڭىلىنىۋاتاتتى. ئاخشام ياغقان يامغۇر يېڭى يېپىتىلغان ئاق رەڭلىك تاشنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ، بىر قەۋەت مەينەت سۇ چېچىۋېتىلگەندەك بولۇپ قالغانىدى. كوچىنىڭ ھەممىلا يېرىدە ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان ياشلار ھاسىل قىلغان مەنزىرىنى كۆرگىلى بولاتتى. ئۇلار كۆلچەك ـ كۆلچەك بولۇۋالغان لاي سۇنىڭ ئۈستىدىن سەكرەپ ئۆتكەندە، سۇ پادىچى ئىشتىنىنىڭ پۇچقاقلىرىغا چاچرايتتى.

بۇ يەرگە ھەرقايسى ئىرقلارنىڭ تاشقى قىياپەت ئالاھىدىلىكى جەم بولغاندەك قىلاتتى. بۇ يەردىكى تەمبەل ئەرلەرنىڭ ياڭاق سۆڭىكى ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنىڭكىدەك ئېگىز، كۆزلىرى ياۋروپالىقلارنىڭكىدەك نۇرلۇق، تېرىسى ئوتتۇرا دېڭىز كىشىلىرىنىڭكىدەك زەيتۇن رەڭلىك ئىدى. ئۇلارنىڭ بېلى زىلۋا، مۇسكۇللىرى چىڭ ئىدى. ئۇلار يارىشىملىق پادىچى ئىشتىنى، بەدىنىگە يېپىشىپ تۇرىدىغان مايكا ۋە قېنىق رەڭلىك تولىستوپكا كىيىۋالغان؛ كالتە چاچ قويۇپ، چېتىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كەستۇرگەنىدى، ئارقا تەرىپىدىكى چېچى قويۇق ھەم يىرىك، بېشىنىڭ ئارقىغا چاپلىشىپ تۇراتتى. ئۇلار يول يۈرگەندە ئۆزىگە تەمەننا قويغاندەك، ئۇدۇل قاراپ، شاپاشلاپ

ماڭاتتى. ئايالـلارنىڭ پەردازلىق چىرايى ۋە بويىغان چاچلىرى ئەرلەرنىڭ كۆزىنى ئالا چەكمەن قىلىۋەتكەنىدى. بىكار تەلەپلەر بولسىمۇ، سانى جىق بۇ مودا ياشلار يەنىلا كوچىنى خېلى جانلاندۇرۇپ تۇراتتى.

ئىستىقلال كوچىسىمۇ بۇ ياشلارغا ئوخشاشلا ياقا يۇرت مەدەنىيىتىگە تولغان جاي ئىدى: نەزەر تاشلىسىڭىز، يول بويى ياۋروپا ئۇسلۇبىدىكى ئەگمە ئىشىك، مودا مال سېتىۋېلىش رايونى، تاش بىلەن قوپۇرۇلغان ياتاق بىناسى، ئەپچىل بالكون ۋە تام تۈۋرۈكلەرنى ھەممىلا يەردە كۆرگىلى بولاتتى. يان كوچا رايونىدىن ئۆتسىڭىز، شەرق ئەنئەنىسىگە ئىگە بازاردا بېلىق ۋە كۆكتات سېتىلىۋاتقانلىقى كۆزىڭىزگە چېلىقاتتى. بۇ شەھەر بۇرۇن ئاۋاتلىقىنىمۇ كۆرۈپ باققان، خارابلىشىشقىمۇ يولۇققان، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، خارابلىشىش ـ گۈللىنىش تەقدىرىنىڭ ئالمىشىشى يەنىلا داۋاملاشماقتا ئىدى. بۇ يەردە قاۋاقخانا، قەھۋەخانا، كىتابخانا، «ئادىداس» مەخسۇس سېتىش دۇكىنى، كېچىلىك ماگىزىن، ھور مۇنچىسى، چېنىقىش مەركىزى، ئەلچىخانا ۋە ھۆكۈمەت ئورگانلىرى بار ئىدى. ئوخشىمىغان ئۇسلۇبتىكى مۇزىكىلار تەرەپ ـ تەرەپتىن كېلىپ بۇ كوچىغا جەم بولاتتى، بۇلارنىڭ ئىچىدە مودا مۇزىكىلارلا ئەمەس، ئېلېكتىر ئاۋازلىق مۇزىكا تەڭكەش قىلىنغان سانسكرىت تىلىدىكى مۇناجاتلارمۇ بار ئىدى.

※ ※ ※

مەن بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا پويىزغا ئولتۇرۇپ ئىستانبۇلغا كەلگەنىدىم، پويىز ۋېنگرىيەنىڭ بۇداپېشت شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىن بۇلغارىيەنىڭ سوفىيە شەھىرىگە، ئاندىن ئىستانبۇلغا كەلدى. بۇ جەرياندا قەدىمكى ئوسمان ئىمپېرىيەسىنى ئالدىرىماي كېسىپ ئۆتتى. ئىمپېرىيەنىڭ ئىلگىرى ياۋروپاغا چوڭقۇر سىڭدۇرگەن تەسىرىنىڭ روشەن

ئىزنالىرى ھازىرمۇ بار ئىدى: بۇداپېشتتا، ياۋروپانىڭ ئەڭ شىمالىدىكى بىر جايدا بىر تۈرك زاھىت ئۈچۈن سېلىنغان بىر مۇسۇلمانلار خاتىرە مۇنارى قېلىپ قالغان؛ سوفىيەدە، ئىمپېرىيەنىڭ ئاخىرقى ئاتمىش توققۇز مەسچىتى قېلىپ قالغان؛ پاكار، بەزىلىرى ۋەيران بولغان بۇ مەسچىتلەر مۇئەييەن بۇلۇڭ ھاسىل قىلىپ، بىر غول يولنىڭ بىر تەرىپىگە قاتار جايلاشقان، بىر تاش تۈۋرۈك ئېھتىيات بىلەن پىيادىلەر يولىغا سوزۇلۇپ كىرگەنىدى.

مەن ئىستانبۇلدا مەركىزىي مەيداندىكى بىر دوغىلاق، زامانىۋى مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتىم. ياتاقتىن سىرتقا قارىسا، بوسپوروس بوغۇزىنى كۆرگىلى بولاتتى. ياتاقتا ئورۇنلىشىۋالغانىمنىڭ ئەتىسى ئەتىگەندە، بوغۇزنىڭ كۆل رەڭ دېڭىز يۈزىدە زاھىر بولغان ئاجايىپ كۆرۈنۈشكە نەزەر سالدىم. شۇ چاغدا مەن دېڭىز ساھىلىغا كېلىپ، يېقىن ئەتراپتىكى بىر شىپاڭدا بىرنەچچە ئەسكەر ۋە بوۋاي بىلەن قەھۋە ئىچىپ ئولتۇراتتىم، ئەتراپ تىپتىنچ ئىدى. تۇيۇقسىز ھەممە كىشى قولىدىكى ئىشنى توختىتىپ، دىققەت بىلەن دېڭىزغا قاراشقا باشلىدى. شىپاڭنىڭ يېنىدىكى بىر ئەر كىشىمۇ غاڭزىسىنى ئۆچۈرۈپ دېڭىزغا تىكىلدى. ئەسكەرلەرنىڭ سەل خاتىرجەمسىزلەنگەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.

خۇددى پىل ياكى كىتقا ئوخشاش غايەت چوڭ سۈت ئەمگۈچى ھايۋان نەرە تارتىپ، ۋاپات بولغان بىر قەھرىمان داھىيسىغا تەزىيە بىلدۈرگەندەك، تىنچ بوسپوروس بوغۇزىدىن تۇنجى گۈدۈك ساداسى ئاڭلاندى. ئەسكەرلەر تېتىك ھالدا، قەددىنى رۇسلاپ تىك تۇردى ۋە تۇيۇقسىز قولىنى كۆتۈرۈپ سالام بېرىشكە باشلىدى. توپ ئىچىدىكى نارەسىدەلەر ئالدىراش ئاۋاز قاتقاندەك، باشقا جايلاردىمۇ گۈدۈكلەر ياڭرىدى. ئارقىمىدىكى ھەممە ماشىنا توختىدى. بۇنداق كۆرۈنۈشنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغان بەزى يولۇچىلار شۇ ھامان يول بويىدا قېتىپ تۇرۇپ قالدى. شەھەر

سۆكـۇتـكە چـۆمـدى. ئـاق چايكـىـلار خۇددى كـېـمـىـگـە بـاغـلاپ قويۇلغاندەك، بېشـىـمىزنىڭ ئۈستىدە ئايلىنىـپ يۈرەتتى. گـۇدۇك سادىسى ئاستا ـ ئاستـا يېنىـپ، دېڭىز يـۈزىدىن لەيـلەپ ئۆتكـەن بىرنەچچە ئەكس سادا يوقالغاندىن كـېيىن، بـوسپوروس بوغـۇزى يەنە ھاياتىي كۈچىنى ئەسلىگە كەلتۈردى، ئارقىمىدىكى قاتناشـمۇ قايتىدىن ھەرىكەتكە كەلدى.

بۇ 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئەتىگەن سـائەت توققـۇزدىن ئالتـە مىنۇت ئۆتكەن ۋاقىت ئىدى. بىر مىنۇتقا سوزۇلغان گـۇدۇك ئاۋازى تۈركىيەنىڭ دۆلەت ئاتىسى مۇستاپا كامالنى، يەنى دىندىن خالىي بىر تۈرك ئەزىمەتنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ياڭرىغانىدى. مـۇستاپا كـامال 20 ـ ئەسـىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدا بۇ زامانىۋى دۆلەتنى قۇرغان، چەت ئەللىكلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا تاقابىل تـۇرۇش ئۈچۈن، ئەنئەنىۋى سوپىلار خانىقالىرىنى تاقىـۋەتكەن، كـۇلاھ ۋە چۈمبەلنى مەنئى قىلغان، تۈرك تىلىدىكى پارسچە ۋە ئەرەبچىدىن كىرگەن سۆزلۈكلەرنى تازىلىغان، رىم ئالفاۋىتىنى قوللانغان، خەلىپە ھاكىمىيىتىنى بىكار قىلغاندى. ئۇ ئىسلام دىنى بارلىققا كەلگەندىن بۇيان ئىزچىل مەۋجۇت بـولۇپ كەلـگەن ھاكىمىيەتنى ئىلاھىيلاشتۇرۇش قارىشىغا خاتىمە بەرگەنىدى. ئۇ ئىسلام دۇنياسى بىلەن مەدەنىيەت جەھەتتە ئادا ـ جۇدا بولماقچى، پەقەت تۈركىيەگىلا مەنسۇپ بولغان تۈركىيەنى بەرپا قىلىپ، باشقىلارنى بىر دەك ئەمەلدىن قالدۇرماقچى بولغاندەك قىلاتتى.

دادام خېتىدە خەلىپە ھاكىمىيىتىنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دېگەنىدى: «مۇسۇلمانلار ئىلگىرى بەزى ياۋروپا ئەللىرىنى، مەسىلەن، گىرېتسىيە بىلەن ئىسپانىيەنى نەچچە يۈز يىل بېسىۋالغان، لېكىن بۇ ئەللەرنى ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلىشقا ھەرگىز مەجبۇرلىمىغان. ئەمەلىيەتتە، مۇسۇلمان خەلىپە ھاكىمىيىتى تارىختا يەھۇدىيلارنى قوغدىغان، خىرىستىيانلارنىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىغا يول قويغان.» خەلىپە دادامنىڭ مۇسۇلمانلار كوللېكتىپى توغرىسىدىكى تارىخ قارىشىنىڭ بىر

قىسمى ئىدى. ئۇ بۇنداق قاراشنى ئېتىقاد قىلىۋالمىسىمۇ، ئېتىراپ قىلاتتى. بۇ ئىلگىرى مېنىڭ مۇسۇلمانلار تارىخىغا بولغان يۈزە چۈشەنچەمگە تاقىلىپ باقمىغان ساھەلەرنىڭ بىرى ئىدى. بۇ ئۇلۇغ ئەرباب ئىسلامنىڭ كوللېكتىپ تارىخى بىلەن ئۈزۈل - كېسىل ئالاقىسىنى ئۈزگەن، شۇنداقلا ئۇ بەرپا قىلغان دۆلەتنىڭ ئىسلام دىنىغا تۇتىدىغان مۇئامىلىسى پاكىستانىنىڭكى بىلەن تامامەن قارىمۇقارشى بولسىمۇ، دادام مۇستافا كامالنىڭ قابىلىيىتى ۋە ئۇ يولغا قويغان زامانىۋىلاشتۇرۇش بۇرچىغا قاتتىق چوقۇناتتى. شۇڭا، سەپىرىم باشلىنىشى بىلەنلا، تۈركىيەدە ئالتە ھەپتە تۇرۇپ قالدىم. بىر تەرەپتە بارتلارنىڭ مۇئامىلىسى، بىر تەرەپتە دادامنىڭ كۆزقارىشى تۈپەيلى — ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئۇلۇغ ئىسلام تارىخىنى سۆزلەيتتى — ئىسلام دىنى بىلەن ئادا - جۇدا بولغان بۇ دۆلەتنىڭ ئېتىقاد يولىدىكى ئەھۋالىنىڭ قانداقلىقىنى كۆرۈپ باققۇم كەلدى.

※ ※ ※

مەن ئىستىقلال كوچىسىدىكى ستاربوكس قەھۋەخانىسىدا كۈتۈۋاتقان كىشى ماركسىزمغا ئېتىقاد قىلىدىغان ياش ئوقۇغۇچى ئىدى. ئۇ سەپىرىمنىڭ مەقسىتىنى ئۇققاندىن كېيىن، ماڭا ئىستانبۇلنى ئەتراپلىق كۆرسىتىشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويغانىدى. بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن ئۇ ئىككى قولىنى تولىستوپكىسىنىڭ يانچۇقىغا تىقىۋالغان ھالدا پەيدا بولدى. ئۇنىڭ بويى پاكار، ئەمما مۇرىسى كەڭ، قارا چېچى سەل مايلاشقانىدى، كۆك كۆزلىرى چوڭقۇر مەنىلىك قارايتتى، بەزىدە قۇلاققا ياقمايدىغان غەلىتە ئاۋاز چىقىرىپ كۈلۈپ قوياتتى. ئەييۇب بىلەن بىللە بولغان ئادەمنىڭ بىمالال ۋە كۆڭۈللۈك بولۇشى قىيىن ئىدى. بىز ئاددىيلا سالاملاشتۇق. ئاندىن، ئولتۇرۇپ رەسمىي ئىشنى مۇزاكىرىلىشىشكە باشلىدۇق.

— بىز دىنىي كەيپىيات ئىنتايىن قويۇق بۇ مەھەللىگە بېرىپ باقايلىمۇ؟ — دېدى ئۇ. بۇ ئۇنىڭ كۆپ خىل ئىمكانىيەتلىك پىلانلىرىنىڭ بىرىدەك قىلاتتى. ئۇ تاكسىنى مەيدانىدا بىر تاكسىنى توستى، بۇ يەر مەن تۇرىدىغان جايغا بەك يېقىن ئىدى. تاكسىغا چىققاندىن كېيىن، ئۇ شوپۇرغا فاتىخ چارسانباغا ئاپىرىپ قويۇشنى ئېيتتى.

— ئۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ دىنىي ئېڭى بەك كۈچلۈك، ئۇلار ئەرەب دۆلەتلىرى ياكى ئىراندەك بولۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ، — دەپ چۈشەندۈردى ئۇ، — بۇ بىر خىل سۈب مەدەنىيەت.

ئىستانبۇلنىڭ يەر يۈزى مەنزىرىسى ئۆزگىرىشچان. فاتىخ چارسانباغا بارىدىغان يولدا بىز خۇددى باشقا شەھەرگە كېلىپ قالغاندەك بولدۇق. بىز تۆت كوچىدىن ئۆتۈۋىدۇق، سېرىق چاچ، زەڭگەر كۆز، تەق - تۇرقى خىلمۇخىل تۇرك ئاياللار تۇيۇقسىز غايىب بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنىنى قاۋۇل ئاياللار ئالدى. ئۇلار قېنىق رەڭلىك نىمچە ۋە ئاچ سېرىق رەڭلىك باش ياغلىقتا ئورىنىپ، يول بويى تووۋلاپ قاچا - قومۇچ ۋە بىرىكمە رەختتىن تىكىلگەن ئەرزان كىيىملەرنى سېتىپ يۈرەتتى. سىزنىڭ بۇ يەردىكى كۆركەم ئېلان، ماشىنا ۋە ئائىلە بۇيۇملىرى بىلەن ئىستىقلال كوچىسى ئەتراپىدىكى مەنزىرىلەرنى باغلىيالىشىڭىز تولىمۇ قىيىنغا چۈشەتتى. بۇ يەردىكى بىنالارمۇ ئوخشىمايتتى، ھەممىسى بىرقەدەر يېڭى، ئەمما ئۇسلۇبى ساددا ئىدى، ۋەيران بولۇپ رېمونتسىز قالغانلىرى تېخىمۇ كۆپ ئىدى. ھەتتا يەنە بەزى توپ پەرقلەرنىمۇ كۆرگىلى بولاتتى. بۇ يەر ئالاھىدىلىك جەھەتتە قوپالراق بولۇپ، ئانچە ئايرىلىشىپ كەتمىگەن، مەلۇم تەرەپلەردە ئەرەب ئۇسلۇبىغا تېخىمۇ يېقىن ئىدى. لېكىن، بۇ يەر تېخى يېتەرلىك دىنىي مەھەللىگە ئايلىنىپ بولالمىغانىدى، شۇنداقلا بىر خىل سۈب مەدەنىيەتكە ئىگە دېيىشكىمۇ بولمايتتى.

بىز كىرا ھەققىنى تۆلىۋەتكەندىن كېيىن تاكسىدىن چۈشۈپ

پىيادە ماڭدۇق. ئەييۇب ئىككىمىز نىڭ كىيىۋالغان پادىچى ئىشتىنىمىز ۋە قىشلىق تولىستوپكىمىز پەسىلگە تازا ماس كەلمەي قالغاندەك قىلاتتى. ئەييۇب ئۈسمۇرلۇك ۋاقتىدا فاتىخ چارسانباغا بىر قېتىم كېلىپ باققان، ئەينى چاغدا بۇ جاينى تازا ياقتۇرمىغانىكەن، بۇنىڭ سەۋەبىنى مەنمۇ تېزلا چۈشىنىۋالدىم. ھاۋانىڭ ئەلپازى تۇيۇقسىز ئۆزگىرىشكە باشلىدى. بىز پەسكە سوزۇلغان يانتۇ يولنى بويلاپ ئىلگىرىلەپ، كىچىك دوقمۇشتىن قايرىلغاندىن كېيىن قانۇن ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان يېپيېڭى دۇنياغا كېلىپ قالدۇق، بۇ يەردىكى ھەممە ئايال قارا نىمچىگە ئورىنىپ، كۆزى بىلەن بۇرنى جايلاشقان جاينىلا ئۈچ بۇرجەك شەكىلدە ئېچىپ قويغان، ئەرلەرمۇ نىمچە كىيگەن، ئۈستۈنكى كالپۇكىنى پاكىز قىرىپ، ئېڭىكىگىلا بىر تۇتام ساقال قويۇۋالغانىدى. بۇ كوچىدىكى كىتابخانىلار سان جەھەتتە مەن بارغان ھەرقانداق شەھەرنىڭكىنى بېسىپ چۈشىدىغان بولۇپ، «ئەزان» ياكى «تىلاۋەت قىلغۇچى» دېگەن نامlar قويۇلغان دۇكانلار ئىدى. ھەممە كىتابخانىلاردا ئوخشاش قىزىل رەڭلىك، نەپىس مۇقاۋىلىق دىنىي كىتابلار، ئوخشىمايدىغان فورماتتىكى «قۇرئان كەرىم» ۋە باشقا كىتابچىلەر، مەسىلەن، كىشىلەرنىڭ گۇمانلىرىغا ھەر جەھەتتىن تاقابىل تۇرىدىغان «ئەيسا ۋە ئىسلام دىنى»، «زامانىۋى ئىلىم - پەن ۋە ئىسلام دىنى»، «ئاياللارنىڭ ئورنى ۋە ئىسلام دىنى» دېگەندەك كىتابلار سېتىلاتتى. باشقا بىر قىسىم كىتابخانىلارمۇ «قۇرئان كەرىم» گە مۇناسىۋەتلىك ئۈچۈرلارنى ئۈزۈلدۈرمەي كىرگۈزۈپ - چىقىرىپ تۇراتتى. رەت - رەت دىنىي CD پىلاستىنكىلىرى كۆرگەزمە قىلىنغان پارقىراق ۋىترىنالارنىڭ كۆرۈنۈشى ئىستىقلال كوچىسىدىكىلەردىن قېلىشمايتتى. ئۈستىگە كەشتە توقۇلغان، كەشتىلەرگە نىمچە رەختىنىڭكى بىلەن ئوخشاش رەڭ ئىشلىتىلىپ، قارا رەڭ ئۈستىگە قارا رەڭ، كۆك رەڭ ئۈستىگە كۆك رەڭ قەۋەتلەنگەن نىمچىلەر كىيىم - كېچەك ماگىزىنى ئىشكىنىڭ كۆزگە

چىلىقىپ تۇرىدىغان يېرىگە قويۇلغان كىيىم ئاسقۇچلارغا ئېسىپ قويۇلغانىدى. بۇ يەردە ھەممە تۇردىكى ئەرەبچە كىيىم - كېچەكلەرنى سېتىۋالغىلى بولاتتى، يۇمشاق يەكتەكتىن تارتىپ ئاق شاپاق دوپپىغىچە ھەممىسى تەل ئىدى. بۇ ئىسلامچە زامانىۋى مەركىزىي كوچا ئىدى.

مېنىڭچە، «سۇب مەدەنىيەت» ھەقىقەتەن ياخشى سۆز. ئۇ بىر خىل چەتنەش مەنىسىنى بىلدۈرەتتى، ئىستانبۇلنىڭ شەھەر مەدەنىيىتىدىن ئۆزگىچە بولۇپلا قالماي، تۈركىيەنىڭ ئەنئەنىۋى ئىسلام دىنىدىنمۇ چەتنىگەنىدى. ئۇ بۇ خىل يېڭى ئېتىقادنىڭ رادىكال تەرىپىنى نامايان قىلىپ بېرەتتى. ئەگەر مەن ئەنگلىيەنىڭ شىمالىدا تۇنجى قېتىم پاكىستانلىقلارنىڭ ئەۋلادى — ھېلىقى رادىكال ياشلار بىلەن ئۇچراشقاندا، بۇ سۆزنى بىلىۋالغان بولسام، چوقۇم ئۇلارنى مۇشۇ سۆز بىلەن سۈرەتلىگەن بولاتتىم. بۇ مېنىڭ غەيرىي سۈننەتتىكى مۇخلىسلار توپىنى ئىككىنچى قېتىم بايقىشىم ئىدى. ئۇلار دىنغا ئېتىقاد قىلاتتى، لېكىن ئىشلەتكىنى بىر خىل يېڭى ئۇسۇل بولۇپ، ئەنئەنە بىلەن ئادا - جۇدا بولۇش ئۇلارنىڭ قەلبىگە تاڭغان دىنىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالغانىدى.

بىزنىڭ پەيدا بولۇشىمىز ئەتراپىمىزدا دۈشمەنلىك نەزەرلەرنى پەيدا قىلدى، ئەييۇب مېنى باشلاپ بۇ يەردىن ئايرىلماقچى بولدى. مەن بىر چايخانىنى تېپىپ، ئۇ يەردە ئولتۇرۇپ بۇ يەرنىڭ ۋەزىيىتىنى قايتىدىن كۆزىتىپ بېقىشنى تەكلىپ قىلدىم.

ئەييۇب بەك جىددىيلەشكەندەك قىلاتتى. بىز چايخانىغا كىرگەندە، ئۇ:

— بىرەر چاتاق چىقىپ قېلىشى مۇمكىن، — دېدى، ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن بىر خىل شۇملۇقنىڭ بېشارىتى چىقىپ تۇراتتى.

بىر يىگىت پۇكەينىڭ كەينىدە ئىشلەۋاتاتتى. ئۇ قارا نىمچە كىيىۋالغان، سۇس قوڭۇر رەڭ ئىسلامچە ساقال قويۇۋالغانىدى. ئىشىكتىن كىرىشىمىزگىلا ئۇنىڭ دىققىتى بىزگە

مەركەزلەشتى. ئەييۇب چاي بۇيرۇتقاندا، بۇ يىگىت خۇددى بىزگە خاتا كىرىپ قالغانلىقىمىزنى ئەسكەرتكۈدەك پۈرسەت بەرمىگەنلىكىمىزدىن تېرىككەندەك، ھەتتا غەزەپلەنگەندەك بولدى. بىز چاي ئىچىۋاتقاندا، ئۇ پۆكەي سۈرتۈش، پۇل تاپشۇرۇۋېلىش ماشىنىسىنى سۈرتۈش بىلەن مەشغۇل بولدى، بىراق نەزىرى باشتىن ـ ئاخىر بىزدىن نېرى بولمىدى. دەل شۇ پەيتتە، بىر سوئالىم ئۇنىڭغا پۈرسەت بەردى. مەن ئۇنىڭ كىيىنىشىگە ئائىت بىر مەسىلىنى سورىدىم. قارىسام، ئەييۇبنىڭ قاپىقى تۈرۈلۈپ كەتتى، بىراق يەنىلا سوئالىمنى تەرجىمە قىلىپ بەردى.

يىگىت قولىدىكى ئىشنى توختاتتى ۋە چىرايى تۈتۈلۈپ كەتتى. ئۇ ئەييۇبقا قاراپ گېپىنى تۈگەتكەندە، مەن بۇ قېتىملىق سۆھبەتنىڭ دوستانە بولمىغانلىقىنى سەزدىم.

— ئۇ بىزنى ئاگاھلاندۇرۇۋاتىدۇ، — دېدى ئەييۇب تەرجىمە قىلغاچ، دېمىنى ئېلىۋېلىش پۈرسىتىنى ئىزدەپ، — بىز بۇ يەردە ھەرقانداق مەسىلىنى سورىماسلىقىمىز كېرەك ئىكەن، بولمىسا زوراۋانلىق ھۇجۇمى پەيدا بولىدىكەن.

بۇ گەپ ئاڭلىماققا تولىمۇ قوپال ئىدى، بولۇپمۇ ئەسلىدىلا پەرۋاسىز ئەييۇبنىڭ ئاغزىدىن چىققاندا تېخىمۇ شۇنداق ئاڭلاندى. ئارقىدىن ئۇ يەنە نېمىلەرنىدۇر دېۋىدى، ئەييۇب تەرجىمە قىلىپ بەردى:

— تۇرمۇش ئۇسۇلىمىز بىزنىڭ شەخسىي ئىشىمىز، باشقىلارنىڭ سۈرۈشتۈرۈشى خاتا. مۇھەممەد پەيغەمبەر مۇشۇنداق كىيىنگەن، شۇڭا بىزمۇ مۇشۇنداق كىيىنىمىز.

كېيىن ئۇ يەنە ئەييۇب بىلەن بىردەم پاراڭلاشتى، لېكىن ماڭا تەئەللۇق قىسمى ئاخىرلاشقان بولسا كېرەك، ئەييۇب تەرجىمە قىلمىدى. مەن ئۇلارنىڭ پاكىستاننى تىلغا ئالغانلىقىنى ئاڭلىدىم.

— بىز كېتەيلى، — دېدى ئۇ، — چاتاق چىقىپ قېلىشى مۇمكىن.

ئەييۇب سەل جىددىيلىشىپ قالغانىدى. ئۇ ئاسانلا ھاياجانلىنىدىغان كىشىلەردىن ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭ ھۆكۈمىدىن ئازراقمۇ گۇمانلانمىدىم. بىز ھېلىقى يىگىت بىلەن خوشلاشتۇق، ئۇ بىزنى چايخانىنىڭ ئىشىكىگىچە ئۇزىتىپ قويدى.

— ئۇ يەنە نېمە دېدى؟ — دەپ سورىدىم ئەييۇبتىن.

— سەل تۇرۇپ دەپ بېرەي، — دېدى ئۇ، — ھازىر كەتمىسەك بولمايدۇ.

بۇ چاغ يەنىلا ئەتىگەن بولۇپ، كوچا ئاستا - ئاستا ئويغىنىۋاتاتتى. دۇكانلار كەينى - كەينىدىن ئېچىلىشقا باشلىدى. نىمچە كىيىۋالغان ئاياللار بىزگە ھەيرانلىق، تېڭىرقاش نەزىرى بىلەن قارىشاتتى. مەن ئەييۇبتىن بازار ياكى شەھەر ئەتراپىدىن مۇشۇنداق يەرنى تاپقىلى بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى سورىدىم.

— تاپقىلى بولمايدۇ، — دېدى ئۇ، — بۇ ئۇلارنىڭ قانداق كىيىم كىيىش مەسىلىسى ئەمەس.

يول بويى پەسكە قاراپ ماڭدۇق، فاتىخ چارسانباغا يوشۇرۇنغان دۇنيا ئارقىمىزدا قالدى. شەھەرنىڭ باشقا قىسمى يەنە قايتىپ كەلدى، سۇب مەدەنىيىتىنىڭ كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە غايىب بولۇشى ۋە زاھىر بولۇشى ئوخشاشلا تۇيۇقسىز بولدى. لېكىن، ئۇ غايىب بولغۇچە، بىز كۆز ئالدىمىزدىن كەتمەيدىغان بىر كۆرۈنۈشنى كۆردۇق. ئايرىمچىلىق ۋە زاھىتلىق تۇسگە تولغان بۇ جىددىي مۇھىتتا بىر مەكتەپ تەنەپپۇس قىلىۋاتاتتى: زەنجىرلىك رېشاتكا بىلەن ئورالغان تىك تۆت تەرەپلىك سېمونت مەيداندا فورما كىيگەن ئون نەچچە ئوغۇل - قىز يۈگۈرۈپ، كۈلۈشۈپ، سەھەرنىڭ زېرىكەرلىكلىكىنى بۇزۇۋاتاتتى.

چايخانىدا يولۇققان تەھدىت خاراكتېرلىك بېشارەتتىن كېيىن، ئويناۋاتقان بۇ بالىلار ماڭا كۈتۈلمىگەن تەسەللى بولدى. ئۇلار پۈتۈن ئەس - يادى بىلەن قوغلاشماق ئويناۋاتاتتى، ئوغۇللار

بىلەن قىزلار ئارىلىشىپ مەيداننىڭ بۇ چېتىدىن ئۇ چېتىگە يۈگۈرۈشەتتى. قىزلار كالتە كۆڭلەك، ئوغۇللار ئىشتان كىيىشكەندى. قارىماققا ئۇلار ئۆز مەيلىچە ياشاۋاتقاندەك، ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغاندەك كۆرۈنەتتى.

ئاسارەتنىڭ سىرتىدىكى دۇنيادا نىمچە كىيگەن ئاخىرقى كۆلەڭگە كىچىك تاغ چوققىسىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ غايىب بولدى. مەن بۇ مەھەللىدىن كەلگەن بالىلارنى ئويلىساملا شۈركۈنۈپ كېتىمەن. ھېلىقى كۆلەڭگە بەلكىم بىرەر بالىنىڭ ئانىسى ياكى ئاچىسى بولۇشى مۇمكىن. ئۇمۇ ئىلگىرى مەكتەپتە ئوقۇغانمىدۇ؟

ماشىنا دوقمۇشتىن قايرىلغاندا، بىر تەنھا ھەيكەلنى كۆرۈپ قالدىم، بۇ مۇھىتتا ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى تاسادىپىي ھەم كۈلكىلىك بىلىندى. ئېگىزلىكى تەخمىنەن ئۈچ ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان، مەيداننىڭ نېرىقى بېشىنىڭ مەركىزىگە تىكلەنگەن بۇ ھەيكەل بالىلارنىڭ ئويۇنغا كۆمۈلۈپ، كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان ئەپسانە جىسىمدەك تۇراتتى. ئاتا تۈرك مۇستافا كامالنىڭ بۇ يېرىم بەدەن ھەيكىلى پارقىراق قارا تاشتىن ئويۇپ ياسالغان، سېمونت مەيدانغا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى.

تاكسىدا كېتىۋاتقاندا، ئەييۇب چايخانىدىكى يىگىتنىڭ كېيىن ئۆزىگە دېگەنلىرىنى سۆزلەپ بەردى. يىگىت فاتىخ چارسانبانى تىلغا ئالغاندا: «بىز پەقەت مۇشۇ يەردىلا مۇسۇلماندەك ياشىيالايمىز، شۇڭا بۇ يەرنى قوغدىشىمىز كېرەك. سىرتتىن كەلگەنلەر، مەسىلەن، مۇخبىر ياكى يازغۇچى دېگەنلەر بىزگە ئاۋارىچىلىك ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. قايسىبىر كۈنى ساقچىلار كېلىپ مەھەللىمىزنى چېقىۋېتەمدۇ، بۇنىڭغا بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ» دەپتۇ. كېيىنىش گېپىگە كەلگەندە، ئۇ يەنە قوشۇمچە قىلىپ: «بىزنىڭ بۇنداق كىيىنىشىمىز مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ مۇشۇنداق كىيىنگەنلىكىدىن. بۇنداق كىيىنگەن بىرەر دۆلەت

رەھبىرى يوق، مۇستافا كامالمۇ بۇنداق كىينىمىگەن، باشقىلارمۇ ھەم شۇنداق» دەپتۇ.

ئەينى چاغدا مەن بۇ سۆزلەرنى دېيىش نەقەدەر قاپ يۈرەكلىك ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتمىگەنىدىم. تۈركىيە مۇستافا كامالغا يۈكسەك چوقۇنىدۇ، ئۇنىڭ ئارمىيەنى ئارقا تىرەك قىلىپ زورلۇق بىلەن يولغا قويغان بىدئەتچىلىكى ئەڭ باتۇر مۇسۇلماتلارنىمۇ ئۈندىيەلمەس قىلىپ قويغانىدى. چايخانىدىكى يىگىت ھېلىقىدەك ئەدەپسىزلىك بىلەن بۇ داھىي ھەققىدە باشقا تۈركىيەلىككە گەپ قىلسا، تۈرمىگە تاشلىنىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. بۇ ئىش پەقەت بىر باشلىنىش بولدى، شۇنىڭدىن كېيىنكى سەپىرىمدە مەن كىيىنىش ۋە تاشقى قىياپەتنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى، بولۇپمۇ ئىسلام دىنى بىلەن زامانىۋى جەمئىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىگە چېتىلغان چاغلاردا شۇنداق بولىدىغانلىقىنى تەكشۈرۈپ دەلىللىدىم. بۇ مەزكۇر دىنىنىڭ دۇنياغا ئىسپاتلىغان بىر قىسمى ئىدى. مۇستافا كامال ئىلگىرى ئۇنى بىكار قىلىش ئۈچۈن كۆرەش قىلغانىدى، چايخانىدىكى يىگىت ئۇنى قوغداش ئۈچۈن كۆرەش قىلىۋېتىپتۇ.

يىگىت ئەييۇبتىن مېنىڭ مۇسۇلمان ـ مۇسۇلمان ئەمەسلىكىمنى سوراپتۇ. ئەييۇب دادامنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنىلا بىلەتتى، ئۆزى مۇسۇلمان بولمىسىمۇ، يەنىلا سەۋەبتىن بىرنى توقۇپتۇ: «ئەگەر دادىڭ مۇسۇلمان بولسا، سەنمۇ شۇنداق بولىسەن.» كېيىنكى سەككىز ئايدا، ئەتراپىمدىكى كىشىلەر ئوخشاش سەۋەبتىن پايدىلاندى. ئەينى چاغدا ئېھتىمال ئۇ كەيپىياتنى يۇمشىتىشنىلا ئويلىغان بولغىيدى، بىراق چايخانىدىكى يىگىت ھەقىقەتەن بۇ ئۇچۇرنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولغانىدى. مۇسۇلمانلىق سالاھىيىتىگە ئىگە بولۇش ئەڭ مۇھىم، باشقا جەھەتلەردە، مەسىلەن، سىزنىڭ ئەقىدىگە قانچىلىك رىئايە قىلىشىڭىز ئانچە مۇھىم ئەمەس. بۇ بىر ئالدىنقى شەرت، بىر خىل ھاياتلىق تامغىسى، ئۇ ھەممە

مۇسۇلمانلار تەربىيەدىن ئېتىراپ قىلىنغان. «ئۇ پاكىستانلىق، شۇنداقلا مۇسۇلمان» دەپتۇ ئەيىيۇب. ئەقىدىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن ئەيىيۇبنىڭ گەپلىرىنى ئىلاجسىز قوبۇل قىلغان يىگىت: «ئەگەر سەن مۇسۇلمان بولساڭ، چوقۇم بۇنىڭ تەلتۆكۈس مۇسۇلمانچە كىيىم ئىكەنلىكىنى بىلىشىڭ كېرەك» دەپتۇ.

زامانىۋى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى بولۇشقا ئىرادە باغلىدى. تۈركىيە ئىزچىل تۈردە مۇسۇلمان دۆلەتلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئېچىۋېتىلگەن بىر دۆلەت بولۇپ كەلدى، لېكىن ئۇنىڭ بىدئەتچىلىكى دىنىي ئەقىدە خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، بىر خىل مۇستەقىل دىنغا ئوخشاپراق كېتىدۇ. بۇ دۆلەت ھەرگىز دىندىن ئايرىلغان ئەمەس، بەلكى دىن بىلەن ھەپىلىشىدۇ: جۇمە نامىزىدىكى خۇتبىنىڭ مەزمۇنى يېزىلىدۇ، ئىماملار بەلگىلىنىدۇ، دىن قالپىقىنى كىيگەنلەر ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىلىدۇ. نېمە ئۈچۈن بۇنداق چېكىدىن ئاشقان ئۇسۇللارنى قوللىنىش كېرەك؟ مۇستافا كامال ئىسلام سالاھىيىتىدىن بايقىغان قانداقتۇر بىر نەرسە ئۇنىڭغا بۇ زامانىۋى دىندىن خالىي جۇمھۇرىيەتكە تەھدىت پەيدا قىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرغان؟

20 - ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرى دۆلەت قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئىستانبۇل تەربىيە ئالغان سەرخىللار قاتلىمى ۋە ئارمىيە بىلەن بىرلىكتە ئۆزىنىڭ رادىكال بىدئەتچىلىكنى يولغا قويۇپ كەلدى. دەسلەپتە كىشىلەر بويسۇندى، بىراق يېقىنقى يىللاردا دىنىي جەھەتتە تېخىمۇ مۇتەئەسسىپ ئاناتولىيە كۆچمەنلىرىنىڭ ئۇزۇكسىز ئىستانبۇلغا كېلىشى بىلەن، كىشىلەر ئاستا - ئاستا يۇرەكلىنىپ، ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىگە قارىتا تېخىمۇ مۇئەييەن بىلىشكە ئىگە بولدى. رادىكالىزم قاپلىغان ھېلىقى كىچىك تاغ چوققىسى بىر قىسىم ئادەملەر توپىنىڭ ئىنكاسىغا ۋەكىللىك قىلىپ، ئىسلام دىنى يېڭىباشتىن ياسىغان يولغا ماڭدى. ھالبۇكى، تېخىمۇ نۇرغۇن كىشى چۈمبەل سېلىش نېمە ئۈچۈن

چەكلەنگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى بىلمەكچى بولۇۋاتىدۇ. ئۇلار كاپىتال توپلاشقان سودا مەركەزلىرىگە «يېشىل كاپىتال» لىرىنى بەرپا قىلىپ، ئىستانبۇلدا بىدئەتچىلىكنى يۇرگۇزگەن بايلار سىنىپى بىلەن قارشىلاشماقتا. شەھەرنىڭ ھەممىلا يېرىدە چۈمبەل سېلىپ SUV ئېچىۋاتقان ئاياللارنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئىسلام دىنى ئارقا ئىشىكتىن جىمجىت كىرمەكتە. ئارمىيە ۋە بۇرژۇئازىيەنىڭ كامالىزمچىلىرى ئۇلارنى نازارەت قىلىپ، ئىشەنمەسلىك پوزىتسىيەسىنى تۇتماقتا. لېكىن، ئىسلام سالاھىيىتىگە بولغان يەنە بىر قېتىملىق بۇنداق جاكار زادى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ ئۇلار ئىلگىرى يوقىتىپ قويغان مەدەنىيىتى بىلەن دۇنيانى قايتىدىن ئۇلاشتا قانداق بەدەل تۆلىمەكچى؟

※ ※ ※

ئەگەر ئابدۇللانى ئۇچراتمىغان بولسام، تۈركىيەدىكى كەچۈرمىشلىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. رەڭگىرويىنىڭ ياخشىلىقى، يۇرۇش - تۇرۇشىنىڭ مۇلايىملىقى ئۇنىڭ غەزەپلىنىشى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما پەيدا قىلاتتى. بىرنەچچە ئايدىن كېيىن ئۇنى ئېسىمگە ئالغىنىمدا، ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلىشتىن بۇرۇن، بىر دىنىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلىكى تۇپەيلى جازاغا ئۇچراشتىن ئىلگىرى، ئۇنىڭ سودا مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ قالغىنى تاس قالغانلىقى ئېسىمدە. گەرچە ئەرەب تىلى ۋە دىن ئىلمىنى ئۆگەنگەن بولسىمۇ، ئۇ بىستوندىكى ئىسلامىزمچىلار ۋە باشقا مۇسۇلمان ئەللەردىكى دىنىي مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئوخشىمايتتى، يەنى ئۇنىڭ ئۆگەنگىنى پەقەت بىدئەتلىك سىستېمىسىدىكى بىر خىل پەن بولۇپ، ئەنگلىيەدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ ئىلاھىيەتشۇناسلىقنى ئۆگەنگىنىگە ئوخشاپ كېتەتتى. ئۇ ھېلىقى رادىكالىزملىق تاغ چوققىسىدىن كەلگەن

ئەمەس، ئىزچىل مۇسۇلمان بولۇش ئېھتىمالى بولسىمۇ، بىراق ئۆزلۈكنى بىلىش دەرىجىسى تامامەن ئوخشىمايتتى.

مەن بوسپورۇس قولتۇقىنىڭ ئاسىيا دېڭىز قىرغىقىغا جايلاشقان ئىسلام مەدەنىيەت مەركىزىگە بىرقانچە قېتىم بېرىپ باققان. بىر قېتىم ئەييۇب مېنى سەئۇدى ئەرەبىستانلىق بىر دىپلوماتىيە ئەمەلدارىنىڭ نۇتقىنى ئاڭلاشقا ئاپارغانىدى. بۇ ئەمەلدار ئەنئەنىۋى ئەرەبچە كىيىم كىيىپ يىغىن مەيدانىدا پەيدا بولغاندا، ئەييۇب تۆيۇقسىز قاقاھلاپ كۈلدى، ئېتىقادسىزلىق ئۇسۇلغا ئۆزىنىڭ تۈركچە ئۇسۇلىنى قوشۇپ ئەرەبلەرگە بولغان مەنسىتمەسلىكىنى ئىپادىلىدى. نۇتۇقتىن كېيىن، مەن دىن ئىلمىدە ئوقۇۋاتقان بىر ئوقۇغۇچى بىلەن بىردەم پاراڭلاشتىم ھەمدە ئۇنىڭدىن تۇنجى قېتىم ئابدۇللانىڭ ئىسمىنى ئاڭلىدىم. بىز ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە بىرنەچچە قېتىم ئۇرۇندۇق، ئەمما مەن ئىستانبۇلدىن ئايرىلىشقا بىرنەچچە كۈن قالغاندىلا كۆرۈشەلىدۇق. بۇ چاغ دېكابىردىكى جۇدۇن مەزگىلى بولۇپ، ئىستانبۇلنىڭ قاتتىنىشى پات ـ پات توسۇلۇپ قالاتتى. بىز ئامىمىۋى مىنىبۇسقا ئولتۇرۇپ بوسپورۇس قولتۇقىنىڭ تۆمۈر رەڭ دېڭىز يۈزىنى بويلاپ ماڭدۇق، ئاندىن تاكسىغا ئولتۇرۇپ غايەت چوڭ ياپىلاق شەكىللىك كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، ئاخىر ئاسىياغا كىردۇق. شۇ ئەسنادىكى ئازادىلىك مېنى قالتىس خۇشال قىلدى.

ئىستانبۇل مەدەنىيەت مەركىزىدە شارقىراپ ياغقان يامغۇر بىزنى ئۈستى ئوچۇق مەيداندىن ئاشخانىغا تۆتىشىدىغان كارىدورغا قوغلىدى. ئاشخانا ئاق رەڭلىك بىر ئېغىز ئۆي بولۇپ، ھېچقانداق بېزەلمىگەنىدى. بىز تاماق ئۈستىلىنى چۆرىدەپ ئولتۇردۇق. ئۈستەل پاكارراق بولغاچقا، ئېگىشىپ خەت يېزىش قىيىن ئىدى. ئەييۇب چاي ئەكەلگىلى ماڭدى، مەن ھېلىلا كىرگەن ئىككى ئوقۇغۇچىنىڭ تىل سەۋىيەسىنى سىناشقا

باشلىدىم. ئابدۇللا قاۋۇل، يۇمىلاق يۈزلۈك ئىدى، قىلىن كالپۇكىنىڭ ئۈستىگە قوڭۇر رەڭ ئىسلامچە بۇرۇت قويۇۋالغان، يۇرۇش - تۇرۇشى مۇلايىم ئىدى، ئىنگلىزچىنى ئاستا، ئەمما ناھايىتى توغرا سۆزلەيتتى. ئېزىكانىنىڭ ساقال - بۇرۇتى پاكىز قىرىلغان، كۆزلىرىنىڭ ئارىلىقى تارراق ئىدى. ئۇ ئىنگلىزچىنى دۇدۇقلاپ سۆزلەيتتى، ئابدۇللانىڭ تەبەسسۇمى ۋە مۇلايىم ئاۋازى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭ يۇرۇش - تۇرۇشى قوپاللىراق بىلىنەتتى. ئەييۇب بىر پەتنۇستا چاي كۆتۈرۈپ كىردى.

قانداق بولۇپ ئىلاھىيەتشۇناسلىق ساھەسىگە كىرىپ قالغانلىقى توغرىسىدا سورىغان سوئالىمغا جاۋاب بەرگەندە، ئابدۇللا گېپىنى: «بۇ ئىشنى چۈشەندۈرۈش بەكلا قىيىن» دەپ باشلىدى. ئەسلىدە مەن ئۇنى تىل بىلەن ئىپادىلەش جەھەتتىكى بەزى قىيىنچىلىقلارنى كۆزدە تۇتۇۋاتىدۇ دەپ قارىغانىدىم، لېكىن ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس ئىكەن. ئۇ بۇ قارارنى چىقارغان چاغدىكى ھەقىقىي مۇرەككەپ ئەھۋالنى كۆزدە تۇتقانىكەن.

— بۇ ناھايىتى ئاددىي، ئاساسىي سەۋەب مېنىڭ دىنىمىزنى ئۆگىنىشنى ئويلىغانلىقىم. ئەمەلىيەتتە، مېنىڭ كەسپىم دىن ئىلمى ئەمەس، بەلكى ئەرەب تىلى، بىراق مائارىپ جەھەتتە ئومۇمىي ساۋاتقا ئىگە بولۇش تەلىپى سۈپىتىدە، مەنمۇ ئىسلامغا ئائىت بەزى پەنلەرنى، مەسىلەن، «ھەدىس» ۋە «فىقھە مەنبەلىرى ئىلمى» نى ئۆگەندىم.

ئۇ سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، مەن ئادىتىم بويىچە ئەييۇبنىڭ تەرجىمە قىلىپ بېرىشىنى كۈتتۈم، بىراق ئابدۇللانىڭ تۇيۇقسىز راۋان بايانى مېنى ھەيران قالدۇردى.

— دىنىڭىز ۋە مەدەنىيىتىڭىزگە ھەمدە ئۇلارنىڭ بۇ دۇنياغا بولغان قارىشىغا ۋەكىللىك قىلماقچى بولسىڭىز، — ئۇ سۆزلەرنى ئەستايىدىل تاللاپ ئىشلەتتى، — تەلىم - تەربىيەنى ئوبدان قوبۇل قىلىپ، تولۇق سالاھىيەتنى ھازىرلىشىڭىز كېرەك.

— سىز ئۆزىڭىزنى نېمىلەرنى قىلىش مەجبۇرىيىتىم بار دەپ قارامسىز؟ — دەپ سورىدىم مەن. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ تەلەپپۇزىنىڭ جىددىي تۈس ئالغانلىقىنى تۇيدۇم.

— توغرا، ئەلۋەتتە شۇنداق.

— قانداق پىكرىڭىز بار؟

— بۇ دۇنيا بىلەن ئىدىيەمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن زىددىيەت بار. بىزنىڭ ئېتىقادىمىز، مەدەنىيىتىمىز... — ئۇ تۇيۇقسىز مەن بىلەن ئىنگلىزچە سۆزلىشىۋاتقانلىقىدىن سەل خىجىللىق ھېس قىلدى بولغاي، ئېرىكانىنىڭ بۇنداق سۆزلىشىشكە ماسلىشالايدىغان - ماسلىشالمايدىغانلىقىنى سورىدى. مەن ئۇنىڭ باشقىلارنى ئويلىغانلىقىدىن خۇشال بولدۇم، بىراق يەنىلا ئىنگلىزچە سۆزلەۋېرىشنى تەلەپ قىلدىم. ئىنگلىزچە سۆزلىشىشكە سېلىشتۇرغاندا، ئېرىكانىنىڭ ئاڭلاپ چۈشىنىش قابىلىيىتى يامان ئەمەس ئىكەن، ئەييۇبمۇ زۆرۈر تېپىلغاندا تەرجىمە قىلىپ بېرىشكە ماقۇل بولدى. ئابدۇللا بۇ مەسىلىنى شەرھلەشنى داۋاملاشتۇردى، — بىز ھازىر تۇرۇۋاتقان مۇھىتىمىزنى چۈشىنىشىمىز كېرەك. بۈگۈنكى دۇنيا بىلەن بىزنىڭ دىنىمىز، تارىخىمىز ۋە ئارقا كۆرۈنۈشىمىزدىكى دۇنيا بەكلا يىراقلىشىپ كەتتى. بىزنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك تۇنجى ئىشىمىز بۈگۈنكى دۇنيادا نېمىلەرنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، بۇ قۇرۇلمىنىڭ سىياسىي، پەلسەپىۋى ۋە تارىخىي مەنبەسىنى چۈشىنىش. ئەلۋەتتە، بىز يەنە ئېتىقادىمىز ۋە مەدەنىيىتىمىزنى ئۆگىنىشىمىز ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشىمىز كېرەك. بۇ خىل مەدەنىيەتكە بىر پۈتۈنلۈك سۈپىتىدە قاراش ھەرگىز ئاسان ئىش ئەمەس، قانداقلا بولسۇن، بۇ مىڭ يىلدىن ئوشۇق تارىخقا ئىگە بىر خىل ئۇلۇغ مەدەنىيەت - دە.

ئۇنىڭ گېپىنىڭ مەزمۇنى مېنىڭ سوئالىمدىن چەتنەشكە باشلىغاچقا، سۆزىنى بۆلۈشكە مەجبۇر بولدۇم:

— سىزنىڭ كۆزدە تۇتۇۋاتقىنىڭىز تۈركىيە مەدەنىيىتىمۇ ياكى ئىسلام مەدەنىيىتىمۇ؟

— ئىسلام مەدەنىيىتى، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ، — چۈنكى بىز ئاشۇ بۈيۈك مەدەنىيەتنىڭ بىر قىسمى. ئىپتايلۇق، نۇرغۇن كىشى، جۈملىدىن ئەرەبلەر، تۈركلەر، پارسلار ئەرەبچىنى ئۆگىنىدۇ. بۇ بىر ئەنئەنە، ئۇنى بىر پۈتۈنلۈك سۈپىتىدە ئىگىلەش تولىمۇ قىيىن، بىراق بىز قۇربىمىز يەتكىنىچە شۇنداق قىلىشىمىز كېرەك. ئاندىن بۇ دۇنياغا قارىتا ئىنكاس قايتۇرۇپ، ئەتراپىمىزدىكى رېئاللىق بىلەن ئېتىقادىمىز ۋە غايىمىز ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ئۇرۇنۇشىمىز كېرەك.

ئابدۇللا سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندىلا، مەن ئۇنىڭ سۆزىدىكى «دۇنيا» ھەرگىز ئۇنىڭ دۇنياسى ياكى ھېلىقى تاشقى دۇنيا ئەمەس، بەلكى بىر غەيرىي ئۇقۇمنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى، كېيىن ئۇ ئىشلەتكەن «دۇنيا قۇرۇلمىسى» دېگەن سۆز ئەمەلىيەتتە دەل ھازىرقى دۇنيانىڭ كىچىكلىتىلگەن سۈرىتى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم.

— قانداق توقۇنۇش؟

ئىنچىل زەن قويۇپ ئاڭلاۋاتقان ئېزىكان ئېغىز ئاچتى:

— ئالدى بىلەن ئۇچۇر جەھەتتىكى توقۇنۇش. شەيئى بىلىم ئارقىلىق كونترول قىلىنىدۇ ۋە بەلگىلىنىدۇ. بىلىم دۇنيا قۇرۇلمىسىنى يارىتىدۇ. مەسىلەن، غەرب مەدەنىيىتى بۇ قۇرۇلمىنىڭ مەركىزى، ئۇ باشقا قۇرۇلمىلارنى كونترول قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ، ئۇ بىلىمنى قولىدا تۇتۇپ تۇرىدۇ ھەمدە بىلىمدىن پايدىلىنىپ باشقا مەدەنىيەتلەرنى كونترول قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. مەقسىتىگە يەتكەن ھامان، بىز رېئاللىقتا ئۆزىمىزنىڭ مەسىلىنى دەسلەپكى مەزگىلدىكى مۇسۇلمانلاردەك ئويلىمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىمىزنى بايقايمىز.

مەن سۆھبەت تېمىسىنىڭ پەلسەپە ۋە دىنشۇناسلىققا قېيىپ

كېتىشىدىن پەخەس بولۇشۇم كېرەكلىكىنى ھېس قىلدىم.

— سىز غەرب مەدەنىيىتى شۇنداق قىلىشقا ئۈرۈنۈۋاتىدۇ دەپ ياكى ئاللىقاچان مۇۋەپپەقىيەت قازاندى دەپ قارامسىز؟ سىز ئۆزىڭىزنى بۇ «دۇنيا قۇرۇلمىسى» نىڭ سىرتىدا تۇرۇۋاتىمەن دەپ قارامسىز؟

— مەن بىز قۇرۇلمىنىڭ سىرتىدا دېمەكچى ئەمەس، — دەپ جاۋاب بەردى ئابدۇللا، — بىز مۇشۇ قۇرۇلما ئىچىدە ياشاۋاتىمىز. پەقەت بۇ قۇرۇلمىنىڭ قانداق ھەرىكەتلىنىۋاتقانلىقى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئۇنىڭ بىزگە نېمىلەرنى قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەكچىمىز. بىز بۇ قۇرۇلما بىلەن بارغانسېرى چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇپ كېتىۋاتىمىز، بىراق سىز: «بۇنداق قىلىشقا بولامدۇ؟» دەپ سورىسىڭىز، مەن چوقۇم بولمايدۇ دەپ جاۋاب بېرىمەن. ئېيتايلۇق، ئىسلام دىنى ئالاھىدە بەلگىلىگەن ئۇسۇل بويىچە ياشاشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، بىراق بۈگۈنكى دۇنيا قۇرۇلمىسىدا سىز دىنىي ئەھكاملارغا بويسۇنۇپ ئىش قىلسىڭىز، كاپىتالىزمنىڭ ئىقتىسادىي مۇھىتىدا پۇت تىرەپ تۇرالىشىڭىز تولىمۇ قىيىن.

— بۇ نۇقتىنى قانداق چۈشەندۈرىسىز؟

— مىسالغا ئالساق، ئۆسۈمنىڭ ئۆزى بىر چوڭ مەسىلە. بۇ توقۇنۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى.

ئىسلام دىنىنىڭ جازانىخورلۇقنى مەنئى قىلىش پەرمانى ئابدۇللانىڭ تۇرمۇشىغا قانچىلىك تەسىر قىلىدىغانلىقىنى خىيالىمغا كەلتۈرگىنىمدە، چىرايىمدا چوقۇم گاڭگىراش ئىپادىسى زاھىر بولدى بولغاي، ئۇ قوشۇمچە قىلدى:

— يەنە بىر مىسال شۇكى، مەن بىرنەچچە ئامېرىكىلىقنى تونۇيمەن. ئۆتكەن ئايدا ئۇلاردىن بىرى ماڭا بىر ئوغلىنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى. ئۇ ئوغلىنىڭ دىنىي پەرھىزلەرگە رىئايە قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدىكەن، بىراق بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ بەكلا قىيىن ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ.

— ئۇلار ئامېرىكىلىق مۇسۇلمانلارمۇ؟
— شۇنداق، دادىسى بالىسىنى ئىسلام پەرھىزلىرىگە بويسۇندىغان قىلماقچى...
مەن ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ قۇرۇلمىنى ئەتراپىدىكى شەيئىلەر ئورۇۋالغان، شۇنداقلا يات قىلىپ تەسۋىرلەۋاتقانلىقىنى زادىلا چۈشىنەلمىدىم. مەن ئۇ تەسۋىرلىگەن قۇرۇلمىنىڭ بىر قىسمى، بىراق باشقا نۇقتىدىن ئۆزۈمنى دەڭسىيەلمەيمەن، ئۆزۈمنى بۇ قۇرۇلمىدىن ئايرىپ چىقىپ كېتەلمەيمەن. مەن بىر قۇرۇلمىنىڭ، يەنى ئىسلام قۇرۇلمىسىنىڭ زادى قانداق قىلىپ ئۇنىڭ قەلبىدە يەككە ـ يېگانە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقى ھەمدە ھەرىكەتلىنىۋاتقانلىقىنى بىلىشكە بەكلا قىزىقىپ قالدىم.
— سىزنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ قۇرۇلمىنى غەرب قىممەت قارىشىنىڭ ئۇستىگە قۇرۇلغان دەپ قارايدىغانلىقىڭىزنى چۈشىنىمەن، شۇنىڭدەك، ئۆزىڭىزنىڭ ئاشۇ قۇرۇلمىغا بولغان ئېھتىياجىڭىزنىمۇ چۈشىنىمەن. بىراق، نېمە ئۈچۈن ئەڭ دەسلەپكى ئىسلام دىنى بۈگۈنكى دۇنيادىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلالايدۇ دەپ قارايسىز؟
— بۇ، ئادەمنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ بىر ئېلېمېنتى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقى بىلەن ئوخشاش ئىش، — دەپ جاۋاب بەردى ئابدۇللا، — لېكىن، مېنىڭدە بىر خىل مەۋجۇتلۇق ئەندىزىسى بار، يەنى بىر مۇسۇلمان بولۇش. بۇ بىر خىل ئۆزگىچە مەۋجۇتلۇق ئەندىزىسى، چۈنكى ئۇ زامانغا ئەگىشىپ ياكى ماكاننىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ. ئىسلام دىنى ئىنسان ياراتقان نەرسە ئەمەس، ئۇ ئىنسانلارغا ئىلتىپات قىلىپ بېرىلگەن نەرسە. بۇ دېگەنلىك، ئۇ تارىختىن، ئادەمزاتتىن، مەدەنىيەتتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ دېگەنلىك. بىز پەقەت ئەمدىلا ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىۋاتىمىز، ئۇنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئۇرۇنۇۋاتىمىز.
ئابدۇللانىڭ تەلەپپۇزى كەسكىنلەشتى. مەن ئېتىقاد

پەردىسىنىڭ سۆھبىتىمىزنى بەك بالدۇر ئاياغلاشتۇرۇپ قويۇشىدىن سەل ئەنسىرەپ قالدىم، ئېتىقادىنىڭ چىن-چىن ئەمەسلىكى باشقىلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇشۇمغا نەچچە قېتىم توسالغۇ بولغانىدى، بىراق مەن ئابدۇللا ئىككىمىزنىڭ ئورتاق تونۇشىمىز بارلىقىغا ئىشىنەتتىم. گەرچە ئۇ تۈركىيەدىن زادىلا ئايرىلىپ باقمىغان بولسىمۇ، «دۇنيا قۇرۇلمىسى» دېگەن كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى، ھەرھالدا بۇنىڭدا ئورتاقلىققا ئىگە ئىدۇق. «دۇنيا قۇرۇلمىسى» يەنى كۆچمە تېلېفوندىن تارتىپ ئايروپىلان، ھازىرقى زامان مائارىپىغىچە بولغان ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئورنىنى باسالايدۇ، بىراق ئەڭ مۇھىم نۇقتا بىزنىڭ ياۋروپا-ئامېرىكا مەدەنىيىتى ۋە قىممەت قارىشى ئاستىدا ئاشكارىلاۋاتقانلىرىمىز ئىدى. ئۇنىڭ تەسىرى ئىستىقلال كوچىسىدا خۇددى ياماشقۇچى ئۆسۈملۈكلەردەك ھەممە يەرنى بىر ئالغانىدى.

— سىز زامانىۋى قۇرۇلمىدا قانداق مەسىلىلەر بار دەپ قارايسىز؟

— زامانىۋى قۇرۇلما ئادەمنى مەركىزىي ئورۇنغا قويدى. ئۇ ئادەمنى مەركەز قىلىدۇ. بىزنىڭ قۇرۇلمىمىز خۇدانى مەركەز قىلىدۇ. غەرب مەدەنىيىتى ئىنسانلارنىڭ ھەممىنى كونترول قىلالايدىغان قابىلىيىتىنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدۇ، خۇدانىڭ بىر مەدەنىيەت سىستېمىسى ياكى دىن سىستېمىسىنى يارىتىپ بېرىشىنى كېرەك قىلمايدۇ. مانا بۇنىڭ ئۆزى پەرق، بەلكى ئىنتايىن چوڭ پەرق. ھازىرقى زامان سىستېمىسى بىلەن بارلىق ئەنئەنىۋى سىستېمىلارنىڭمۇ پەرقى بار، ئىسلام دىنىنىڭلا ئەمەس، خىرىستىيان دىنى ۋە يەھۇدىي دىنىنىڭمۇ ھەم شۇنداق.

ئىنساننى ئىلاھنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش، ئىلغارلىقنى ئاخىرەتنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش، ئىدراكنى ئېتىقادنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش — ئابدۇللا ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق ئۆزگىرىش قىلىشقا مەجبۇرلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغانىدى، بىراق مېنىڭچە، ئۇ

ئۆزگىرىشكە مەجبۇرلانغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ئۆزگەرتكەنلىكىدىن بەكرەك ئەپسۇسلانغاندەك قىلاتتى.

— زامانىۋى قۇرۇلما ناھايىتى قۇدرەتلىك، — ئېزىكان گەپ باشلىدى، — ئۇ ئىسلام دىنى بىلەن قارىمۇقارشى بولۇپلا قالماي، باشقا ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتلەر بىلەنمۇ قارىمۇقارشى. شۇغىنىسى، باشقا مەدەنىيەتلەردىن كەلگەن ئىنكاسلار ئۇنىڭ تەرىپىدىن پايدىلىنىلىپ، ئىچى قۇرۇق بىر ئورالمىغا، بىر ئىستېمال بۇيۇمىغا ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. لېكىن، ئۇ ئىسلام دىنىدىن پايدىلىنىشقا ئامالسىز، چۈنكى ئىسلام دىنى ئىككى دۇنياغا پەرقلىق مۇئامىلە قىلىدىغان دىن.

— ئىسلام دىنىنىڭ ماددىي دۇنياغا بولغان مۇئامىلىسىدە قانداق ئوخشىماسلىق بار؟

— ئىسلام دىنىدا بۇ دۇنيا توغرۇلۇق نۇرغۇن قائىدە بار، — دېدى ئابدۇللا، — بىز دىنىنىڭ ھەر ۋاقىت بىر مۇسۇلماننىڭ تۇرمۇشىغا كۆرسەتمە بېرىپ تۇرۇشىغا ئىشىنىمىز. بۇ بىزنىڭ «فىقھە مەنبەلىرى ئىلمى» مىزدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. بىز بىر كىشىنىڭ قىلمىشىغا قارىتا قىممەت ھۆكۈمى بېرىشكە ئۇرۇنىمىز. بىزنىڭ بېكىتىلگەن قائىدە كاتېگورىيەمىز بار، مۇسۇلمانلار كاتېگورىيە ئىچىدە ئىش قىلىشى كېرەك، چەكتىن چىقىپ كەتسە بولمايدۇ. كاتېگورىيە مەسئۇلىيەت، مەجبۇرىيەتتىن باشلىنىپ، قانۇنسىزلىقتا، يەنى مەنئى قىلىنغان ساھەدە ئاخىرلىشىدۇ. بۇ ئىككى ئامىل ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن قاتلاملىق ئۆلچەملەر بار، بىراق ھەممىسى چەكنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتمەيدۇ. باشقا دىنلاردا بۇنداق تەلەپ ۋە ئىجازەتلەر يوق، بىراق ئىسلام دىنى مۇشۇنداق بىرلىككە كەلگەن خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ئۇ بىر مۇكەممەل سىستېما، ئىككىلا دۇنيانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىسلام دىنى دۇنياسىدا بىر قاتار بەلگىلىمە ۋە مەنئى قىلىش پەرمانلىرى بار بولۇپ، باشقا ھەرقانداق دىنىنىڭكىدىن تەپسىلىي،

بىراق ئاخىرقى ھېسابتا چەكلىك ساھەدىلا، يەنى بۈگۈنكى دۇنيا ۋە پەيغەمبەرنىڭ ئەرەب دۇنياسىدىكى ھەممىگە باب كېلىدىغان قىسمىدىلا رول ئوينىيالايدۇ. ئابدۇللا تىلغا ئالغان مىڭ يىلدىن ئوشۇق تارىختا، دەسلەپكى مۇسۇلمانلار بويسۇندۇرغان ئىران، سۇرىيە ۋە مىسىر پەيغەمبەرنىڭ ئۆلگىسىدىن ۋاز كەچكەن. لېكىن، ھازىر تۈركىيەدە شۇ قەدەر ئۇلۇغ ئىسلام تارىخىنى داۋاملاشتۇرۇش قىيىنغا چۈشۈۋېتىپتۇ. مەن ئابدۇللانىڭ ۋۇجۇدىدىن ئاقىۋەتنىڭ يېقىنلىشۋاتقانلىقىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ قايغۇ - ھەسرىتىنى ھېس قىلدىم. مانا بۇ رېئاللىق ئىدى.

— سىزچە، غەرب ئەللىرى ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىنى پۈتكۈل دۇنياغا تېڭىۋېتىپتۇ - دە، — دېدىم مەن، — 17 - ئەسىردە ئىسلامنىڭ ئىستېلا خاراكتېرلىك دىن بولغانلىقىنى، ئەرەبلەرنىڭمۇ ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىنى بويسۇندۇرۇلغۇچىلارغا تاڭغانلىقىنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟

ئېزىكان بىلەن ئابدۇللا قاقاھلاپ كۈلۈپ، چاي بىلەن قاقىلىپ كېتىشكە تاس قالدى. مەن ئۇلارنىڭ كۈلكىسىدىكى ھەيرانلىقنى سەزگەندەك بولدۇم.

— ئەزەلدىن ھېچكىم مەندىن بۇنداق سوئالنى سوراپ باقمىغان، — دېدى ئابدۇللا سەل يۇمۇرلۇق قىلىپ، — ياخشى سوئال، ياخشى سوئال بولدى.

باياتىن سورىغان سوئالىمدا سەل ھۆرمەتسىزلىك بولسىمۇ — ئەينى چاغ ئەرەب مىللىتىنىڭ ئالتۇن دەۋرىنىڭ تارىخى بولۇپ، شۇ يىللاردا ئەرەبلەر ئۆزىنىڭ ئېتىقادىنى ھەممىلا يەردە تارقىتىپ يۈرەتتى. ئېزىكان جاۋاب بەردى:

— ئىسلام دىنى تەشكىللەش خاراكتېرىگە ئىگە...

بايىقى ھەيرانلىقتىن ئەمدىلا ئەسلىگە كەلگەن ئابدۇللا:

— ئېيتايلۇق، ياۋروپالىقلار دەسلەپتە ئامېرىكىغا بېرىپ ئۇ يەردىكى كىشىلەرنى بايقىغان، ئەمما بۈگۈنكى كۈندە ئىلگىرىكى يەرلىكلەرنىڭ ئۇ يەردە ياشاۋاتقانلىقىنى ناھايىتى ئاز كۆرىمىز.

ئوخشمايدىغىنى شۇكى، ئوسمان ئىمپېرىيەسى بالقان يېرىم ئارىلىنى نەچچە يۈز يىل كونترول قىلدى، هازىر سىز ئۇ يەرگە بارسىڭىز، يەنىلا چېركاۋلارنى تاپالايسىز، — دېدى.

سۆھبەت خەتەرلىك يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتاتتى: مۇسۇلمانلار ئىستىبلا قىلىش جەريانىدا چېركاۋلارنى ۋەيران قىلغانمۇ، يوق؛ باشقا مەدەنىيەتلەر قىساس ئېلىشنى چىقىش قىلىپ مەسچىتلەرنى ۋەيران قىلغانمۇ، يوق. مۇسۇلمانلارنىڭ تارىختىكى مۇئامىلە قىلغانىدا، ئۆز دىنىنى مۇقەددەس، مۇكەممەللىكنىڭ ئۆلچىمى دەپ قاراپ، باشقا مەدەنىيەتلەرنىڭ خاتالىقلىرىغا سېلىشتۇرۇشى ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلىشنى خالىماي، ئۆزۈمنى بۇ تېمىدىن قاچۇرماقچى بولدۇم.

— ئەگەر سىز ئىسلام دىنىنىڭ مۇئەييەن تەشكىللەش ۋە قوغداش خۇسۇسىيىتى بار، ئەكسىچە غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ماھىيىتى بۇزغۇنچىلىق دېمەكچى بولسىڭىز، ئۇنداقتا، مېنىڭ بۇ تەشكىللەش خاراكتېرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سوراپ باققۇم كېلىۋاتىدۇ، — دېدىم مەن.

ئابدۇللا مەسچىت، ئىبادەتخانا ۋە چېركاۋلارنىڭ ۋەيران قىلىنىش مەسىلىسىگە قايتىپ كەلدى.

— مەن شۇنداق دېيەلەيمەن، — دېدى ئۇ، — ئەگەر مۇسۇلمانلار ھىندىستاندا ئىبادەتخانىلارنى ۋەيران قىلغان بولسا، ئۇنداقتا، مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتىم بىلەن، بۇ توغرا ئەمەس دېيەلەيمىز.

— توغرا ئەمەس؟

— شۇنداق، قىلچە شۈبھىسىزكى، بۇ توغرا ئەمەس.

— ئۇلار بۇتلارنى ۋەيران قىلغان تەقدىردىمۇ؟

ئابدۇللا كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئۇ ئىنگلىزچە بىلەن سۆزلىشىشكە باشلىدى. ئۇلار ئەرەب تىلىدا ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇردى. ئاخىرىدا ئابدۇللا سودىيە كىيسىمنامىنى

جاكارلىغان تەلەپپۇز بىلەن:

— پەيغەمبىرىمىز ئۆز قولى بىلەن بۇتلارنى چاققان، شۇڭا بۇتقا چوقۇنۇش ئەلۋەتتە توغرا ئەمەس، — ئۇ گەپنى ناھايىتى تەبىئىي ھالدا ئەھلى كىتابلارغا يۆتكىدى ۋە يەنىلا كۈلۈمسىرىگەن ھالدا سۆزلىدى، — لېكىن، بىز ناسارالار ۋە يەھۇدىيلارنى ئەھلى كىتاب دەيمىز، شۇنداقلا ئۇلارنى ھۆرمەتلەيمىز. ئەگەر بىرەر ئەھلى كىتاب بىرەر ھايۋانتى بوغۇزلىسا، مۇسۇلمانلار يېسە بولىدۇ.

— مېنىڭ بىر مەسىلىنى سورىغۇم كېلىۋاتىدۇ: ئەگەر بىرەر ئەھلى كىتاب ئۆز دىنىي ئېتىقادى بولۇپ، ئىسلام دىنى ۋە مۇھەممەد پەيغەمبەرنى قوبۇل قىلمىسا، ئۇنداقتا ئۇ يەنىلا جەننەتكە كىرەلەمدۇ؟

ئۇلار يەنە كۈلۈشۈپ كەتتى ۋە ئۆزئارا تېخىمۇ كەسكىن پىكىرلەشتى.

— بۇ مەسىلە توغرىسىدا نۇرغۇن ئوخشىمىغان قاراشلار بار، — دېدى ئابدۇللا، — لېكىن، ئاساسىي ئېقىمنىڭ قارىشىچە، بۇ مۇمكىن ئەمەس.

مېنىڭ خىيالىم خۇداشۇناسلىقتا ئەمەس، شۇنىڭدەك ئاخىرەت بىلەنمۇ مۇناسىۋەتسىز ئىدى. ماڭا ئەڭ قىزىقارلىق تۇيۇلغىنى ئابدۇللانىڭ مۇسۇلمانغا بولغان ئۇقۇمىدا بىيولوگىيەلىك تۇسىنىڭمۇ بارلىقى بولدى. ئېھتىمال دەل مۇشۇ ھال مۇسۇلمانلار مېنىڭ زادى مۇسۇلمان ـ مۇسۇلمان ئەمەسلىكىمنى ئايدىڭلاشتۇرماقچى بولغانلىقىنىڭ سەۋەبى بولسا كېرەك. بۇ مېنىڭ تۈركىيەگە يېڭىلا كەلگەن چېغىمدىكى كەچۈرمىشلىرىم بىلەن ئوخشاش ئىدى. بىراق، مېنىڭ زادى قانداق مۇسۇلمان ئىكەنلىكىم ئانچە مۇھىم ئەمەس ئىدى.

— سىلەردە دۇنياغا قارىتا بىر خىل پان مۇسۇلمانچىلىق قارىشى بار ئىكەن، بىراق ئەمەلىيەتتە مۇسۇلمان دۇنياسى بۆلۈنۈپ كەتكەن.

— سىز سۈننىي مەزھىپى بىلەن شىئە مەزھىپىنى دېمەكچىمۇ؟

— شۇنداق، لېكىن يەنە دۆلەت بىلەن دۆلەت ئارىسىدىكى بۆلۈنۈشنىمۇ دېمەكچىمەن. تۈركىيەنىڭ ئۆز ئۇسۇلى بار، ئىراننىڭمۇ ئۆز ئۇسۇلى بار. سىلەر قايسى جەھەتتىن مۇسۇلمانلارنىڭ بۇنداق بۆلۈنۈشلەرنى يېڭىشىدىن ئۈمىد بار دەپ قارايسىلەر؟

— ئېھتىمال ئوخشىمىغان سىياسىي قاراشلار ئارىسىدا بىرلىك ھاسىل قىلغىلى بولماس، — دېدى ئابدۇللا، — لېكىن، ئاددىي خەلق... سىز ئۇلارمۇ ئىككى قاتلامغا بۆلۈنگەن دېيىشىڭىز مۇمكىن. يۇقىرى قاتلامدىكى سىنىپلار سىياسىي قۇرۇلمىغا بەكرەك كۆڭۈل بۆلىدۇ، بىراق تۆۋەن قاتلامدىكىلەر ئوخشىمايدۇ. ئەگەر سىز مۇسۇلمان دۆلەتلەردىكى خەلقنى كۆزىتىدىغان بولسىڭىز، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا زور پەرقنىڭ يوقلۇقىنى بايقايسىز. سىياسىي قۇرۇلمىلاردا ئوخشىماسلىقلار بولغان تەقدىردىمۇ — ھەتتا بەزىلىرى غەربنىڭ شەكلىگە يېقىنلىشىشى مۇمكىن — بىراق خەلقنىڭ ياشاش ئۇسۇلىدا ئىختىلاپ مەۋجۇت ئەمەس.

ئابدۇللا تۈركىيەدىن باشقا ئىسلام دۆلىتىگە زادىلا بېرىپ باقمىغان، ئەمما ئۇنىڭ دۇنيادىكى ھەممە مۇسۇلمانلار قېرىنداش ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشىنىش قارىشى دۆلەتتىن، سىياسىيدىن ھالقىپ كەتكەنىدى. بۇمۇ مۇسۇلمانلار قىممەت قارىشىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ھۆكۈمەت ۋە سىياسىي قاتلام چىرىپ كەتكەن، چەت ئەلنىڭ تىزگىنلىشىگە ئۇچرايدۇ، ئاددىي مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى ئاق كۆڭۈل، بىردەك ئىتتىپاقلىشالايدۇ، دەپ قارىلاتتى. دادام كېيىن مېنىڭ ئالدىمدىمۇ مۇشۇنداق قېرىنداشلارچە دوستلۇقنى تىلغا ئالدى، بىراق ھەرقانچە ئويلىنىپمۇ ئۇنىڭ زادى نېمىگە ئاساسەن بۇنداق قېرىنداشلارچە دوستلۇق تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغانلىقىنىڭ، يەنە نېمە ئۈچۈن ئۆزۈمنىڭ ئۇ قاتنىشالايدىغان ساھەنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇلغانلىقىمنىڭ جاۋابىنى تاپالمىدىم.

— ئەگەر سىز بىر دۆلەتكە بېرىپ، ئىككى توپ كىشىنى ئۇچرىتىپ قالسىڭىز، — دېدى ئابدۇللا، — قايسىسىنىڭ مۇسۇلمان، قايسىسىنىڭ مۇسۇلمان ئەمەسلىكىنى ئاسانلا پەرق ئېتەلەيسىز. چۈنكى، مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتىدە نۇرغۇن تەلەپنى ئورۇنلاش كېرەك. مەسىلەن، ناماز ۋاقتى بولغاندا، نامازغا بېرىشى شەرت. يەنە ئېيتايلۇق، مۇسۇلمانلار يالغان سۆزلىسە بولمايدۇ...

— ھەي، توختاپ تۇرۇڭ، بۇ تازا قاملاشمىغان گەپ بولدى. سىزنىڭ كۆزدە تۇتۇۋاتقىنىڭىز ھېلىقى دۇرۇس مۇسۇلمانلار بولۇشى مۇمكىن، لېكىن دۇرۇس ناسارالارمۇ ئوخشاشلا يالغان سۆزلىمەيدۇ.

ئابدۇللا كۈلۈپ كەتتى. مەن بۇنداق گەپنى كۆپ قېتىم ئاڭلىغان. مۇسۇلمانلار باشقا مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرسە بولمايدۇ. ئۇنداقتا، ئىراقتا يۈز بەرگىنى قانداق ئىشلار؟ مۇسۇلمانلار مەڭگۈ ئاتوم بومبىسى تاشلىمايدۇ، يەنە مۇشۇ خىلدىكى نۇرغۇن گەپ ـ سۆزلەر بار.

— بايا سىز ئىسلام دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنى تىلغا ئالدىڭىز، — دېدى ئابدۇللا، ئۇنىڭ چىرايى جىددىي تۈس ئالدى، — لېكىن، مېنىڭ چۈشەندۈرمەكچى بولغىنىم، سىز مەيلى نەدە بولۇڭ، مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن، باشقىلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان كەچۈرمىشىڭىز بولىدۇ. مۇسۇلمانلىق سالاھىيىتى تارىختىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئۇ بىر خىل مەۋجۇتلۇق ئەندىزىسى، بىر خىل غايە. سىز بۇ غايىگە قانچە يېقىنلاشقانسېرى، شۇنچە لاياقەتلىك مۇسۇلمان بولالايسىز.

مۇسۇلمانلىق سالاھىيىتى تارىختىن ئۈستۈن تۇرىدىكەن. ئارتۇر كوستىلىنىڭ «چۈشتىكى زۇلمەت» ناملىق كىنو فىلىمىدىكى گىلگېننىڭ: «ھەقىقەت دەل ئىنسانلارغا پايدىلىق بولغان نەرسە» دېگەن سۆزىگە ناھايىتى ئوخشاپ كېتىدىغان بۇنداق تەرىپلەش ئىسلام دىنىنىڭ ئۆز ئەركانلىرىغا مۇخالىپ

كېلىدىغان شۇنچە كۆپ تارىختا نېمە ئۈچۈن سەۋر ـ تاقەت قىلىدىغانلىقىنى لايىقىدا چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى.

ئابدۇللا ئۆزى پىششىق بىلىدىغان ئىسلامچە مەنتىقىدىن پايدىلىنىپ چۈشەندۈردى:

— سىز ئوخشىمىغان ئىسلام دۆلەتلىرىدە پەرق مەۋجۇت دەپ قارايدىكەنسىز، بىز بۇ نۇقتىنى ئىنكار قىلمايمىز، بىراق بۇ پەرقلەر ۋاقىتلىق، خالاس. بۇ پەرقلەرگە ئېرەن قىلىپ كەتمىسەكمۇ بولىدۇ، چۈنكى بىز مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان بىر خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە.

— سىز غەرب دۇنياسى مۇسۇلمان دۇنياسىدىن بەزى نەرسىلەرنى تارتىۋالماقچى دەپ قارامسىز؟

— بۇ ناھايىتى چوڭ مەسىلە، — دېدى ئابدۇللا ئارقىسىغا سەل يۆلىنىپ.

ئاسمان ئاستا ـ ئاستا قاراڭغۇلاشماقتا ئىدى، كۈتكۈچى يەنە چاي ئەكىلىپ بەردى.

— مېنىڭچە، — دېدى ئابدۇللا، — غەرب دۇنياسى ئىسلام دىنى ئىگە بولغان غايە قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ پۈتكۈل سىياسىي، مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىنى بۇرۇنقىغا قايتۇرۇۋېتىشقا قۇربى يېتىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئىسلام دىنى بۇنداق ئۇستۇنلۇكنى ھازىرلىغان. چۈنكى سىز ئۇنى ئۆزگەرتەلمەيسىز. ئىسلام دىنى يەنىلا جايىدا تۇرىدۇ، سىز ئۇنى ئۇيان ـ بۇيان قىلىۋېتىشكە ئامالسىز. ئەگەر ئۇنىڭ ئەقىدىلىرىگە رىئايە قىلسىڭىز، ياخشى مۇسۇلمان ھېسابلىنىسىز. ئۇنىڭدىن ئايرىلماقچى بولسىڭىز، تاللىۋېلىش ئۆزىڭىزنىڭ ئىختىيارىدا، لېكىن سىز بۇ دىننى ئۆزگەرتىشكە ئامالسىز.

ئۇ مۇشۇنداق شەكىل بىلەن ئىسلام دىنىغا ئىشىنىدىغانلا بولسا، ئۇنىڭ تۇرمۇشىدىكى نۇرغۇن مەزمۇندىن گۇمانلانماي بولمايتتى. ھەرھالدا ئۇ يەنىلا ئىسلام دىنىنىڭ سىرتىدىكى تېخىمۇ مۇكەممەل قۇرۇلمىدا ياشايتتى، شۇنداقلا بۇ ئۇنىڭ

تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى جەھەتلىرىگە سىڭىپ كىرگەنىدى. مەن ئۇنىڭ «دۇنيا قۇرۇلمىسى» دېگەن سۆزنى ئىجاد قىلغانلىقىدىن ئىنتايىن مىننەتدار بولدۇم. بۇ بىزنىڭ تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرىمىزنىڭ ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكىنىگە ئوخشاش بولۇپ، ئىسلام دىنى پەقەت ئۇنىڭ تالىلىشىلا ئىدى.

— ياخشى، — دېدىم مەن، — سىز ۋە مەن بۇ «دۇنيا قۇرۇلمىسى» نىڭ بىر قىسمى، نۇرغۇن شەيئى بۇ قۇرۇلمىدىن كەلگەن، مەسىلەن، سىز ئىشلىتىۋاتقان تېلېفون...

مەن ئەتراپىمغا كۆز يۈگۈرتۈپ، مىسال كەلتۈرىدىغانغا باشقا نەرسىلەرنى تاپماقچى بولدۇم، بىراق ئۇ مېنى توختىتىۋالدى.

— ھەممە، — دېدى ئۇ، ئاۋازىدىن ئازابلىنىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى، — ھەممىسى شۇ.

— توغرا، ھەممىسى شۇ، — مەن بۇ گەپنى تەكرارلىغاچ، ئۇنىڭغا زەن سالدىم ۋە سەل مۇلايىمراق بولۇشۇم كېرەكلىكىنى ھېس قىلدىم، — سىز بۇ شەيئىلەرنىڭ ئىچىدىن قانداق قىممەتنى بايقىدىڭىز؟

ئۇلار بىردەم پاراڭلاشتى. مەن ئۇلارنىڭ بۇ سوئالنىڭ مەنىسىنى ئويدان چۈشىنىدىغانلىقىنى، پەقەت پاراڭلىشىش داۋامىدا بىر يول تاپماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم.

— «مارلبورو» ماركىلىق تاماكا، — ئېرىكان كۈلۈپ كەتتى، — ئىشلىنىش تېخنىكىسى يامان ئەمەس.

روشەنكى، ئابدۇللانىڭ مۇلاھىزە قىلىشى تېخىمۇ چوڭقۇر ئىدى.

— راست گەپنى قىلسام، بايقىمىدىم، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ، — بۇ مۇسۇلمان زىيالىيلار ئويلىنىدىغان بىر چوڭ مەسىلە. بۇ مەسىلە توغرىسىدا نۇرغۇن مۇھاكىمە بولدى، بىر خىل تېخنىكىنى ئېتىراپ قىلىش ئۆز مەيلىچە بولىدىغان ئىش ئەمەس. كىنوخانىنى مىسالغا ئالساق، ئىرانلىقلار نۇرغۇن ياخشى كىنولارنى ئىشلىدى. ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇنى قوبۇل قىلىش كېرەك. كىنو ئىشلەش ئارقىلىق غايىمىزنى نامايان

قىلغىلى، دۇنيا قۇرۇلمىسى بىلەن قارشىلاشقىلى بولىدۇ.

ئۇنىڭ گېپىنى بۆلگۈم كەلدى، چۈنكى ئۇ تىلغا ئالغان ئىران فىلىملىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئەمەلىيەتتە ئىسلام ھاكىمىيىتىگە قارشى ئىدى، بىراق شۇ چاغدا ئۇ تېخىمۇ قىزىقارلىق بىر قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

— لېكىن، يەنە بەزى كىشىلەر بىز فىلىمنى ئەمەس، تېلېكامېرانىڭ ئۆزىنى مۇھاكىمە قىلىشىمىز كېرەك دەپ قارايدۇ. مۇنەۋۋەر فىلىمنى سۈرەتكە ئېلىشتىن بۇرۇن، بىز تېلېكامېرانىڭ ئۆزى ياخشىمۇ ياكى يامانمۇ دېگەننى مۇھاكىمە قىلىپ ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز كېرەك. بىز تېلېكامېرانىڭ مەھسۇلاتىغا ئەمەس، ئۆزىگە قىزىقىمىز.

— تېلېكامېراغا نېمە بوپتۇ؟

— ئۇ غەرب مەدەنىيىتىنىڭ مەھسۇلى. بىزنىڭ تېلېكامېرانى مۇھاكىمە قىلىشىمىز زۆرۈر. ئۇنىڭ ۋەكىللىك قىلىدىغىنى نېمە؟

ئۇنىڭ بۇ گېپىدىن تېنىم شۈركۈنۈپ كەتتى. ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرىدىن بۇ دۇنيانى پارچىلاپ چۈشىنىش، ئاندىن دىنىنىڭ ئۆلچىمىدىن پايدىلىنىپ بىردىن - بىردىن باھالاپ ئېتىراپ قىلىش ياكى ئىنكار قىلىشتىن ئىبارەت بىر خىل ئىستەكنىڭ بارلىقىنى ئۇقتۇم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭ تورلۇك قاراشلىرىنىڭ بىردەك ئىكەنلىكىگە قايىل بولدۇم. ئۇ بىر تەرەپتىن «دۇنيا قۇرۇلمىسى» دىن نەپ ئېلىشنى خاتا دەپ قارايدىكەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆزىنى بۇ دۇنياغا تاقابىل تۇرۇش قىممەت قارىشى بىلەن قوراللاندۇرىدىكەن. تولىمۇ چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزىدىغان ياكى ساختىپەزلىك قىلىشنى شۇنچە كۆڭلىگە ئالىدىغان ئابدۇللادەك كىشىلەر تولىمۇ ئاز. لېكىن، مەن ئۇنى قانائەتلەندۇرەلەيدىغان، بېكىنمە، تامامەن ساپ مۇھىتنى تەسەۋۋۇر قىلالمىدىم...

ئۇ مېنىڭ قارشى تۇرىدىغانلىقىمنى سېزىپ قالدى بولغاي، ئارقىدىنلا تەسەللى بېرىشكە باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن ھېلىلا

يانغىلى باشلىغان غەزەپ ئوتى ئىدراك تەرىپىدىن بېسىقىپتىلدى.

— تۈركىيە بۈرۈن بىر مەزگىل كىشىلەرنىڭ مۇسۇلمانچە باش ياغلىق ۋە تۈركچە كىگىز قالپىقىنى كىيىشىنى چەكلىگەنىدى، ئادەتتىكى قالپاقنىلا كىيىشكە بولاتتى. ئۇ چاغلاردا بىز باش ياغلىق چىگىشكە بولامدۇ، يوق، دېگەننى مۇھاكىمە قىلغانىدۇق. بۇنداق مۇھاكىمە بەك مۇھىم. ھەرقانداق مەدەنىيەتتە سىمۋول خاراكتېرلىك بەزى بەلگە بۇيۇملار بولىدۇ، تاقىغان ھامان، ئۇلار سىزنىڭ مەدەنىيەت تەۋەلىكىڭىزنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالىدۇ.

— تەۋەلىك خاراكتېرى شۇنچە مۇھىممۇ؟ غەرب شەرقتىن نۇرغۇن نەرسىنى قوبۇل قىلدى، ئەكسىچە قىلىپ ئېيتساقمۇ، ئەھۋال شۇنداق. نېمە ئۈچۈن سىلەرنىڭ جەزمەن ھەممىنى يېغىشتىن يارىتىشىڭلار كېرەك بولىدىكەن؟

نەچچە ئەسىردىن بۇيان، ئىسلام دىنى گىرېتسىيەنىڭ مېدىتسىناسى ۋە پەلسەپىسىدىن تارتىپ، ئىراننىڭ بىناكارلىقىغىچە سىرتتىن كەلگەن نۇرغۇن نەرسىنى قوبۇل قىلغان. سۆھبەت ئاخىرلىشىش ۋاقتىغا كەلگەندىلا، ئابدۇللا نېمە ئۈچۈن ھازىرقى ئىسلام دىنىنىڭ تويۇنۇپ بولغانلىقىنى، خۇددى ئامېرىكا مەدەنىيىتى يوگا گۇمپىسى ۋە ئىتالىيە تائاملىرىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، «باشقىسى كېرەك ئەمەس» دېگىنىگە ئوخشاش، مەدەنىيەت جەھەتتىكى قوبۇل قىلىشنى توختاتقانلىقىنى چۈشەندۈردى.

— ئەلۋەتتە، — دېدى ئۇ، — بۇ چوقۇم شۇنداق. مەن قانداق قىلسا ياخشى بولىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. مېنىڭ ئويۇم غەربتىن كەلگەن ھەممە نەرسىنى تاشلىۋېتىش ئەمەس. بۇ تولىمۇ بىمەنىلىك بولىدۇ. دېمەكچى بولغىنىم، بىز ھازىر ئىشەنگەن ياكى قولىمىزدا بار بولغان نەرسىلەر ئۈستىدە ئويلىنىشىمىز كېرەك، چۈنكى... — ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇرالمىدى، — چۈنكى بۈگۈنكى كۈنگىچە بىز بۇنداق قىلىپ باقمىدۇق، — ئۇ سەل

توختىغۇالغاندىن كېيىن گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتقاندا، ئاۋازى بوغۇلغاندەك بولدى.

ئارىنى بىرپەس سۈكۈت باستى، ئۇ ئۆزىنى سەل بېسىۋېلىپ بايىقى تېما ئۈستىدە گەپ باشلىدى:

— بىز بارلىق شەيئىلەرنى تەكشۈرۈش ۋە مۇھاكىمە قىلىشقا موھتاج، ئېھتىمال بىز يېڭى بىر قۇرۇلمىنى يارىتىپ قالارمىز. مەن بۇنداق ئەھۋالنىڭ راستلا يۈز بېرىدىغان ـ بەرمەيدىغانلىقىغا بىر نېمە دېيەلمەيمەن، بىراق بىز قىلىشقا تېگىشلىك ئىش — ھەممىنى باشتىن ـ ئاخىرغىچە تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش. بىز شۇنداق قىلىشقا موھتاجمىز.

تۈركىيەنىڭ دوگما، باشباشتاق بىدئەتچىلىكى ئاستىدا يىراقلىشىۋاتقان تارىخ ئابدۇللادەك كىشىلەرنى ياراتقان. ئۇلار بۇيرۇق بويىچە ئۆزىنىڭ ئېتىقادىنى يوشۇرۇشنى، ياۋروپالىقلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكنى كىيىشنى خالىمايدۇ. ئۇ تارىخنى تەتقىق قىلىدۇ، مۇستاپا كامالنىڭ «ئىسلام مەدەنىيىتى» نى چەكلىگەنلىكىنى تەتقىق قىلىدۇ، مۇستاپا كامال تۈركىيەلىكلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئايرىۋەتمەكچى بولغان تىلنى ئۆگىنىدۇ، ئۇ مەنئى قىلغان كىيىملەرنى كىيىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە بۇ تاللىشى ئۈچۈن بەدەل تۆلەيدۇ.

— ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا، سىز ۋە ئەتراپىڭىزدىكىلەر مۇستاپا كامالغا قانداق قاراشتا بولغان؟ — دەپ سورىدىم مەن.

مەن بۇ سوئالنى ئاڭلىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئوڭايسىزلانغان ھالدا كۈلۈمسىرىگىنىنى كۆرگەنىدىم. ئابدۇللادىن ھەقىقىي جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىلدىم ھەمدە زىيارىتىمنىڭ ھەرگىز گېزىتكە ئىشلىتىش ئۈچۈن ئەمەسلىكىگە كاپالەت بەردىم.

— ئەلۋەتتە ياقتۇرمايمىز، — دېدى ئۇ ئاخىر، — بىزنىڭ ئۇنىڭ توغرۇلۇق قىلىدىغان پاراڭىمىز كۆپ ئەمەس... سىزنىڭ دېمەكچى بولغىنىڭىز بىزنىڭ ئائىلىدىمۇ؟

— ھەئە، دەل ئۆسۈپ يېتىلىش مۇھىتى، مەكتەپ ۋە ئائىلىدە.

— مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا، پەقەت مەكتەپتىلا مۇستاپا كامالنىڭ چۈشەنچىسى بىلەن ئۇچرىشاتتۇق. ئۇ مەكتەپنىڭ سىرتىدا مەۋجۇت ئەمەس. بۇنى ئىپادىلەش بەكلا قىيىن. كۆپچىلىك بەزى ئىشلارنى مۇھاكىمە قىلمايدۇ، ئەمما ھەممىسىنىڭ كۆڭلىگە ئايان.

ئابدۇللا بىر كونسېرۋاتىپ مەھەللىدە چوڭ بولغان. ئاددىي قىلىپ ئېيتسام، مەن ئۇنى سېمونت بىلەن قۇرۇلغان، ئەتراپىنى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئەر ۋە ئاياللار ئورنىۋالغان ھېلىقى دىندىن خالىي رايوننىڭ مەيدانىدىكى بىر بالا دەپ تەسەۋۋۇر قىلالايمەن.

ئۇ بىدئەتچىلىك توغرىسىدا بىرمۇنچە قاقشىدى:

— بىدئەتچىلىك بىر تۈركۈم يېڭى ئادەملەرنى تەربىيەلەش ئۈچۈن پايدىلىنىلىپ، مۇسۇلمانلارنى قۇرۇلمىنىڭ سىرتىغا سىقىپ چىقىرىۋەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ، شۇنداقلا مەلۇم دەرىجىدە مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. ئېيتايلۇق، بىر دىنىي زات ھۆكۈمەتتە مۇھىم ۋەزىپىدە، مەسىلەن، باش مىنىستىر بولسا، بىز بۇنداق ئىشقا ئىنتايىن دىققەت قىلىشىمىز كېرەك، چۈنكى بۇ ھەرگىز ياخشى ئىش ئەمەس. تۈركىيەدىكى مۇسۇلمانلار يەنىلا قۇرۇلمىنىڭ سىرتىغا سىقىپ چىقىرىلىۋاتىدۇ، بىراق ئۇلار كىرىشكە تىرىشىۋاتىدۇ. تۈركىيەدىكى ئىسلاھاتلارنىڭ ھەممىسى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە بولىدۇ. يۇقىرى قاتلامدىكىلەر خەلقتىن بۇ ئىسلاھاتقا ئېھتىياجلىقمۇ ـ ئېھتىياجلىق ئەمەسمۇ سوراپ قويمايدۇ.

ئابدۇللا بۇ قۇرۇلما ئىچىدە نۇرغۇن ئازاب ـ ئوقۇبەتكە دۇچار بولغان. ئۇ ئەردوغانغا ئوخشاشلا ئىمام خاتىپ مەكتىپىنى پۈتكۈزگەن. ئۇ ئالىي مەكتەپكە كىرىش ئۈچۈن ئىمتىھان بەرگەندە، مۇشۇ سەۋەب تۈپەيلى نومۇرى تارتىلىپ كەتكەن. بۇنى ئويلاۋېتىپ، تۇيۇقسىز ئۇنىڭ دىن ۋە ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىشى ئۆزىنىڭ ئارزۇسىمۇ ـ ئارزۇسى ئەمەسمۇ سورىغۇم كەلدى.

— بۇ ئىش ئەمەلىيەتتە بەكلا مەسخىرىلىك ئىش، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ، — ئەينى چاغدا بىز ئون بەش ئارزۇيىمىزنى تولدۇرۇشىمىز كېرەك ئىدى. ئارزۇ جەدۋىلىمدە ئىلاھىيەتشۇناسلىق 13 - ئورۇنغا تىزىلغان، بىرىنچى ئارزۇيۇم سودا ئىلمى ئىدى. ئۇ چاغدا مەن ئاران ئون توققۇز ياشقا كىرگەن، شەيئىلەرگە توغرا ھۆكۈم قىلالمايتتىم، بىراق ئىلاھىيەتشۇناسلىق ئىنستىتۇتىغا كىرگەندىن كېيىن، بۇنىڭ ماڭا ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان يەن ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم.

سودا ئىلمى! مەن ھەيران قالدىم. زامانىۋى قۇرئانشۇناسلىق قاتارىدا ئۆچمەنلىككە تولغان ئابدۇللانىڭ ئىلگىرى جەمئىيەت پەلەمپىيىدە يۇقىرى ئۆرلەپ، قۇرئانشۇناس ئىچىدىكى مەنپەئەتنى قوغلاشقانلىقىنى كىممۇ خىيالىغا كەلتۈرىدۇ دەيسىز. قۇرئانشۇناس تەرىپىدىن سىقىپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھازىرقى نىشانى ئىسلام تەتقىقات فاكۇلتېتىدا تەتقىقاتچى بولۇش ئىكەن.

كەچ بولدى، مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇلار بىلەن خوشلاشماقچى بولدۇم، ئەمما ئاخىرقى بىر سوئال قەدىمىمنى توختىتىۋالدى. مەن بۇ سوئالنى شۇنىڭ ئۈچۈن خىيالىمغا كەلتۈردۇمكى...

— سىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزى «دۇنيا قۇرئانشۇناسى» غا ئوخشىمايدىغان قۇرئانشۇناسلىقنى يارىتىشى كېرەك دېدىڭىز. ئۇنداقتا، نېمە ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنى بىر «دۇنيا قۇرئانشۇناسى» غا سىغدۇرغىلى بولمايدۇ؟

— سىزگە بىر ھېكايە سۆزلەپ بېرەي، — دېدى ئابدۇللا، — ئەگەر بىر مۇسۇلمان ئايال بىر غەيرىي مۇسۇلمان بىلەن توي قىلماقچى بولسا، بىز رۇخسەت قىلمايمىز. ئۇ بۇنداق قىلسا بولمايدۇ. لېكىن، بىر مۇسۇلمان بىر ئەھلى كىتابنى خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولسا، بۇنىڭدا چاتاق يوق. يەھۇدىيلار بىزنى ئەرلەرنىڭ يەھۇدىي دىنى ياكى خرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاياللارنى خوتۇنلۇققا ئېلىشىغا يول قويىدۇ، ئەمما مۇسۇلمان

ئاياللارنىڭ يەھۇدىي دىنى ياكى خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئەرلەرگە تېگىشىگە رۇخسەت قىلمايدۇ، دەپ تەنقىد قىلىدۇ. بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلۈكىنى بىلەمسىز؟ چۈنكى، بىز ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى، ۋەھىي كىتابلىرىنى قوبۇل قىلىمىز، شۇنداقلا ئەيسانىڭ يامان گېپىنى قىلمايمىز، لېكىن ئۇلار بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىزنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئۇلار «قۇرئان كەرىم» نى، دىنىمىزنى، بىزنىڭ قۇرۇلمىمىزنى قوبۇل قىلمايدۇ. مانا بۇنىڭ ئۆزى پەرق... بۇ ھەرگىزمۇ باشقا مەدەنىيەتلەرنى ۋەيران قىلىشىمىز كېرەك دېگەنلىك ئەمەس.

ئۇ گېپىدىن توختىدى، مەن ئۇنى ئارىمىزدا يەنە بىر قېتىم دوستانە بولمىغان كەيپىياتنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى چوقۇم سەزدى دەپ ئويلىدىم، بىراق ئۇ يەنىلا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— مەسىلەن، بىر ناسارا بىز بىلەن بىر يەردە ياشىسا، بىراق مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇسۇلىغا رىئايە قىلمىسا بولىدۇ. ئۇ بۇ يەردە تۇرسا بولىدۇ، لېكىن بىزنىڭ گېپىمىزنى ئاڭلىشى شەرت.

ئاشۇ سالقىن ھەم نەمخۇش چۈشتىن كېيىن، مەن بوسپورۇس بوغۇزىنىڭ ئاسىيا دېڭىز قىرغىقىدىكى بىر قەھۋەخانىدا ئابدۇللا ۋە ئېزىكان بىلەن خوشلاشتىم. ئەتىسى ئەتىگەندە پويىزغا ئولتۇرۇپ دەمەشققە بارماقچىدىم، شۇ تاپتا پويىز بېلىتى ئالغىلى بارمىسام بولمايتتى.

ئابدۇللامۇ كېيىنكى يىلى يازدا سۈرىيەگە بېرىشنى پىلانلىغانىكەن. مەن ئۇنىڭ بېرىشىنى ئۈمىد قىلدىم. ئۇ مەندىن پاكىستاندىكى بەزى ئەھۋاللارنى، ئۇ يەردىكى خەلقنىڭ قايسى دەرىجىدىكى ئەركىنلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى سورىدى. مەن ئۇنىڭ ئۇ يەرگە بېرىپ كۆرۈپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلدىم. تۈركىيە بىلەن پاكىستان ئوخشاش تارىخقا ئىگە: ھەربىي جەھەتتىكى ئەمەلىي كۈچى قۇدرەتلىك، دائىم سىياسىي ۋەقەلەرگە چېتىلىپ قالىدۇ، ھەر ئون يىلدا سىياسىي ئۆزگىرىش

يۈز بېرىپ، ۋەزىيەتنىڭ رەھبەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ، ئىراق تۈركىيە پاكىستاننىڭكى بىلەن ئوخشىمايدىغان يولنى تاللىۋالغان. مەن باشقا مۇسۇلمان ئەللەرگە بېرىپ كۆرۈپ بېقىش ئابدۇللادا بەزى يېڭى ئوي - پىكىرلەرنى، ۋەتىنىنىڭ ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئورتاقلىقىدىن باشقا ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە قارىتا يېڭىچە ھۆرمەت تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

پاكىستان بىلەن تۈركىيەنىڭ ئىنتايىن مۇھىم باغلىنىشى بار. 1947 - يىلى پاكىستان مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈپ، كۆپ مەنبەلىك جەمئىيەتتىن ئايرىلىپ چىققاندىن كېيىن، تۈركىيەگە ئوخشاش مۇقىم دۆلەت چېگراسى بار، ئاھالىسىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مۇسۇلمان بولغان دۆلەتكە ئايلاندى، بۇنداق مۇستەقىللىق ئىككى دۆلەتنىڭلا تارىخىدا ئىلگىرى بولۇپ باقمىغان. ئوخشىمايدىغىنى، ھىندىستان بىلەن پاكىستاننى بۆلۈپ ئىدارە قىلىشتىكى ئەسلىي مەقسەت ھىندىستاندىكى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مۇستەقىل، دىنىدىن خالىي ماكان قۇرۇپ بېرىش بولسىمۇ، ئىراق پاكىستان يېڭىباشتىن ئىسلام تارىخى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تېپىۋالدى، ھەتتا ئوردۇ تىلىنى ئىسلام دۆلىتىگە ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان ئورتاق تىل قىلىپ كىرگۈزدى. تۈركىيە، يەنى تۈركلەر ئۈچۈن قۇرۇلغان بۇ دىنىدىن خالىي دۆلەت ئىسلام تارىخى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزدى.

زىيارىتىمنىڭ دەسلەپكى پىلانلىرىدىن بىرى ئىسلام تارىخى بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزگەن بىر دۆلەتكە بېرىپ، دىنىي كىشىلەر توپىنىڭ قانداق تۇرمۇش ھالىتىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بېقىش ئىدى. مەن سىياسىي ۋە تارىخىي جەھەتتە، ئابدۇللانىڭ ئېتىقادى «دۇنيا قۇرۇلمىسى» بىلەن شۇنچە كەسكىن قارشىلىشىدىغانلىقىنى، ئۇنى يات، دۈشمەن دەپ قارايدىغانلىقىنى، ئۇنى ئىسلام دىنىنى «ئىچى قۇرۇق ئورالما» غا ئايلاندۇرماقچى دەپ جەزملەشتۈرىدىغانلىقىنى خىيالىمغىمۇ

كەلتۈرۈپ باقمىغانىدىم. بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا، دىن بولمىسىمۇ بەرىبىر ئىدى: چەت ئەل كۈچلىرى تەرىپىدىن مۇستەملىكە قىلىنغان ھەرقانداق دۆلەتنىڭ خەلقىدە مۇشۇنداق خورلۇق تۇيغۇسى بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

ئىسلام دۇنياسى ئابدۇللا ئۈچۈن يەنە بىر خىل ئالاھىدە مەنىگە ئىگە ئىكەن: ئىسلام دۇنياسى بىر دۇنيا بولۇپلا قالماي، يەنە بىر خىل دۇنيا تەرتىپى، «بىر خىل كاتتا مەدەنىيەت» بولۇپ، ئۇنى ئەرەبلەر، پارسلار ۋە تۈركلەر ئورتاق ياراتقان. خۇددى ئامېرىكىدىن ئايرىلىپ باقمىغان بىر كىشىدە ياۋروپاغا قارىتا شۇنداق قاراشنىڭ بولۇشى مۇمكىن بولغىنىغا ئوخشاش، ئۇ باشقا مۇسۇلمانلار ئېلىگە بېرىپ باقمىغان بولسىمۇ، ئۇ يەردىكى خەلقمۇ ئۆزىگە ئوخشاش ئىدىيەگە ئىگە ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدىكەن. مەن ئۇنىڭدىن ھىندىستان مۇسۇلمانلىرىغا بولغان قارشىنى سورىمىدىم، بىراق جەزملەشتۈرەلەيمەنكى، ئۇ ھىندىستانىنىمۇ مۇشۇ مەدەنىيەتنىڭ ئىچىگە كىرگۈزىدۇ. كېيىن، مەن كاراچىدا ئۇچراتقان بىر ئەر بۇ خىل مەدەنىيەتنى «ئېتىقاد مەدەنىيىتى» دەپ ئاتىدى. ئۇنىڭ گېپى كىشىگە مۇسۇلمان دۇنياسىدا ئىلگىرى ئېتىقادتىن كېلىپ چىققان دۇنيا مەۋجۇت بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ ھازىرقى دۇنيا ياكى «دۇنيا قۇرۇلمىسى» غا ئوخشاش مۇكەممەل، باشقا قۇرۇلمىلارغا سىغمىشى قىيىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇراتتى.

ئابدۇللانىڭ قارىشىچە، ئۇ دۇنيانىڭ ئورۇن بوشىتىشى 1924 - يىلى، يەنى مۇستافا كامال ئىستانبۇلدا خەلىپە ھاكىمىيىتىنى بىكار قىلغاندا يۈز بەرگەن، گەرچە ئابدۇللا بۇنداق زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشنىڭ ئەمەلىيەتتە نەچچە يۈز يىل داۋامىدا پەيدىنپەي ئاخىرقى نۇقتىغا قاراپ ماڭىدىغانلىقىغا باشقىچە پىكىردە ئەمەس ئىدى. بۇ بىر مۇھىم ۋاقىت تۈگۈنى، چۈنكى ئۇ ئىسلام دىنى نامىدا مىڭ يىلدىن ئوشۇق داۋام قىلغان ھاكىمىيەت بىلەن دىنىي ھوقۇق بىرلەشكەن تۈزۈلمە پەردىسىنىڭ يېپىلغانلىقىنىڭ

بەلگىسى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئاخىرلىشىشى ھېچبولمىغاندا كېيىنكى ئىسلامنىڭ تارىخىدا، ئابدۇللا جاكارلىغان ئىسلام دىنىنىڭ ھېلىقى مۇكەممەللىكىنى ھەرگىز ئېنىق كۆرگىلى بولمايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى: ئەمەلىيەتتە ئۇ يەقەت جاكاردىلا مەۋجۇت ئىدى. «دۇنيا قۇرۇلمىسى» دىن كەلگەن توسالغۇ ئۇزۇكسىز داۋاملاشماقتا ئىدى، بۇ تېخنىكا، ئەخلاق ۋە سىياسىي جەھەتتىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئابدۇللا ئېيتقان ئىسلامچە مۇكەممەللىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا توغرا كەلسە، بىر ئەلگەكتىن دۇنيانى تاسقاپ تاللاپ، «دۇنيا قۇرۇلمىسى» غا مەنسۇپ قىسمىنى پۈتۈنلەي چەتكە قېقىشقا توغرا كېلەتتى.

※ ※ ※

ئىستانبۇلدا تۇرغان ئاخىرقى كەچتە، مەن بىلەن بىر مېھمانخانىدا تۇرىدىغان بىر جۈپ ئەر ھەمجىنس ئاشىق - مەشۇق مېنى «مۇھەببەت» ناملىق كېچىلىك كۇلۇبقا ئاپاردى. بىز بىر قاراڭغۇ ئۆيگە كىردۇق، شۇنىڭ بىلەن ئويۇن باشلاندى. مەن ئەتراپىمدىكى كىشىلەرنى ئېنىق كۆرەلمىدىم، ئەمما ئۆي تەر بىلەن ئەتىرنىڭ ئارىلاشما پۇرىقىغا تولغانىدى. ئاجىز بىنەپشە نۇر سەھنىگە چۈشۈپ تۇراتتى. كۆزلىرىم قاراڭغۇلۇققا كۆنگەندە، قوپال ئاۋازدا ۋاڭ - چۇڭ قىلىشىۋاتقان، پۈتۈن بەدىنىگە زىبۇ - زىننەتلەرنى تاقىۋالغان، ئايالچە ياسىنىۋالغان بىرنەچچە ئەرنى، تەق - تۇرقى ئادەتتىكىچە، دىقماق بىرنەچچە قىزنى ۋە كىشىلەر توپى ئىچىدە مېڭىپ يۈرگەن ئېگىز، كېلىشكەن بىرمۇنچە ئەرلەرنى كۆردۈم. قارىماققا، ئۇلار يىگىرمە نەچچە ياشلاردا، قارا ئىشتان ۋە تىك ياقىلىق كۆڭلەك كىيىۋالغانىدى. ئويۇن باشلىنىشنىڭ ئالدىدا ئۇلاردىن بىرى مەن بىلەن بىيوتېخنولوگىيە تېمىسىدا پاراڭلاشتى.

خىرە بىنەپشە چىراغ يورۇقىدا، مەن تۆت ئەر كىشىنىڭ پەقەت ئاق كالتە ئىشتانلا كىيىۋالغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇلار كېلىشكەن، مۇسكۇللىرى چىڭ بولۇپ، چېنىقىش ئۆيىدىكى لاتىن ئۇسسۇل ئوينىغۇچىلارنى ئەسلىتەتتى: پۇت - قول، ئومۇرتقا، كۆكرەك مۇسكۇللىرى ۋە پۈتۈن بەدىنىنىڭ ئالدى تەرىپى چىرايلىق يارىتىلغانىدى. ئۇلارنىڭ چىرايى تۇركلەرنىڭ يۇمران تېرىسى، ئورا كۆزلىرى ۋە بۆرتۈپ چىققان ياڭاق سۆڭەكلىرىنى ئەسلىتەتتى. قىسقا چاچلىرى پارقىراپ تۇراتتى، كۈلكە - سۇرەنلىرىدە بىر خىل سەپداشلارچە دوستلۇق مېھرى باردەك قىلاتتى. ئۇلارنىڭ قولىدا بىنەپشە رەڭلىك نۇر گەردىشى ئىچىدە كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك چاقناپ تۇرىدىغان يېشىل ۋە سارغۇچ رەڭلىك بوياقلار، بۇلارنىڭ نېمىگە ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى بىلەلمىدىم.

مۇزىكا باشلاندى. بۇ بىرنەچچە ئەر كىشى پاراڭدىن توختىدى. بۇ خاتىرجەم چىراي ئەرلەر ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ ئۇسسۇل ئويناشقا باشلىدى. خىرەلەشكەن چىراغ يورۇقىدا ئاق كالتە ئىشتان ۋە بوياقلاردىكى فوسفور يورۇقىنىلا غۇۋا كۆرگىلى بولاتتى. ئۇلار ئۆزئارا چاپلىشىپ ئۇسسۇل ئوينىماقتا ئىدى، يوتىلىرىنىڭ ئالدى تەرەپ مۇسكۇللىرى ئۆزئارا سۈركىلىشكە باشلىغاندا، كىشىلەر توپىدىن دەممۇدەم چىرقىراشلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كەينىدىن، ساغرا مۇسكۇلىدىن تارتىپ دولىغىچە يېشىل رەڭلىك فوسفور نۇرى يالاپ ئۆتكەندە كىشىلەر توپىدىن قىيقاس - چۇقان كۆتۈرۈلدى. شۇندىلا بوياقلارنىڭ نېمىگە ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى چۈشەندىم. داۋاملىق بىر - بىرىگە چاپلىشىۋاتقان ئاق كالتە ئىشتانلىق ئىككى جۈپ ئۇسسۇلچى مۇزىكىنىڭ ئەۋجىگە چىقىشىغا ئەگىشىپ، داۋاملىق نۆۋەت بىلەن

بىر - بىرىنىڭ بەدىنىگە بوياق سۈركەيتتى ۋە ئۇسسۇل ھەمراھلىرىنى ئالماشتۇرۇپ تۇراتتى. بۇ ئۇسسۇلنىڭ بىر قىسىم مەزمۇنى مۇزىكا رىتىمىغا ئەگىشىپ ئۇسسۇل ھەمراھىنىڭ بەدىنىگە پارقىراق بوياق سۈركەش ئىكەن. ئاخىرلىشىشقا ئاز قالغاندا، يېشىل ۋە قىزغۇچ بوياقلارنىڭ ھەممىسى چاچراپ چىقىپ كېتىپ، خۇددى «كۆرۈنمەس ئادەم» فىلىمىنىڭ كۆرۈنۈشىدىكىدەك، ئۇلارنىڭ بارماقلىرى يەنە كۆرۈنۈپ قالدى. كىشىلەر توپى رىتىملىق ھالدا تەنتەنە قىلماقتا ئىدى. ئۇلار قاقاھلاپ كۈلۈشەتتى.

تۈركىيە ئىگە بولغان ئەركىنلىك، يەنى بۇنداق كېچىلىك كۈلۈب، تۈركىيە ئىككى يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزىدىغان كۆرگەزمە، ئىسلام دۆلىتىدە تۇنجى قېتىم ئۆتكۈزۈلگەن پىكاسسو رەسىم كۆرگەزمىسى دېگەنلەر تۈركىيە زېمىنىغا كەلگەن ساياھەتچىلەر سەل قارىسا بولمايدىغان بىر تەرەپ. ئىستانبۇلدا تۇرۇشلۇق بىر پىروفېسسور ماڭا بۇ شەھەر: «بۇ يەردىن تارتىپ سىنگاپورغىچە بىردىنبىر ئولتۇراقلاشقىلى بولىدىغان جاي. سىزنىڭ چىشىڭىزغا تېگىدىغان خىيالىم يوق» دېدى. ئوخشاش بىر دۆلەتتە بۇ ئەركىنلىك ئابدۇللادەك كىشىلەرنىڭ قارغاش ئوبيېكتى، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئەركىنلىك ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىشتىن، دەھرىيلىك ئېزىشنىڭ قورالى دەپ ئاتىلىپ قېلىشتىن، يات زېمىندىن كەلگەن قىممەت قارىشىنىڭ خىيالىغا كەلگەننى قىلىشتىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇ دەۋاتقان ئىسلامچە چوڭ بىرلىكنىڭ بۇ يەردە كونكرېت زاھىر بولۇش ئىمكانىيىتى يوق. پەقەت سۈرىيەدە، شۇنداقلا كېيىن تېخىمۇ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە بولغان ئىران ۋە پاكىستاندا ئابدۇللا سۈرەتلىگەن دۇنيا كۆز بىلەن كۆرگۈدەك كۆرۈنۈش بىلەن

مەۋجۇت بولدى.

ئويۇن ئاياغلاشتى، كىچىلىك كۈلۈپتىكى تەنتەنە يەنىلا داۋاملاشماقتا ئىدى. مەن تۈركىيەلىك دوستۇمغا ئۆزۈكسىز دىققەت قىلدىم. بۇ چاغدا ئۇ بېشىنى بۇراپ ماڭا پىچىرلىدى:

— مانا بۇ نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ مەڭگۈ ئىرانغا ئايلىنىپ قالمايدىغانلىقىمىزنىڭ سەۋەبى.

# تارىختىكى دەز

كىشىلەر ھەر قېتىم بوۋامدىن مېنى مۇسۇلمان ياكى شىك قىلىپ تەربىيەلىمەكچى بولغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇنىڭ جاۋابى بىرلا ئىدى: «بىز ئۇنى پەقەت بىر ئادەم قىلىپ تەربىيەلىمەكچى.»

ئېھتىمال ھەممە بالىلار بوۋا - مومىلىرىمىزنىڭ تەبىئىي خىزمىتى بالا تەربىيەلەش دەپ قارايدىغاندۇ. بوۋام - مومامنى مىسالغا ئالسام، ئۇلارنىڭ ياش ۋاقتىدىكى ھەربىيگە قاتنىشىش كەچۈرمىشى، ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلىرى دەل ھەقىقىي بۇرچى — جان - دىلى بىلەن ئۆزىنى بېغىشلاش، بىخەتەر، ئىشەنچلىك بوۋا - موما بولۇش بۇرچىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن بولغاندەكلا قىلاتتى. مەن ئۇلار بىلەن بىللە تۇراتتىم، بىللە سەپەر قىلاتتىم: ئاپام پەنجاب ۋە كەشمىرگە كاماندىروپكىغا كەتكەن چاغلاردا، ئۇلار مېنىڭ قوغدىغۇچۇم بولاتتى؛ 1984 - يىلى زوراۋانلار كوچىلاردا زورلۇق - زومبۇلۇق قىلغان، ئائىلىمىزمۇ ھۇجۇمغا ئۇچراشقا تاس قالغاندا، ئۇلار مۇھاپىزەت كۈنلۈكۈم بولغانىدى. ئەينى چاغدا ئىندىرا گەندى ئۆزىنىڭ ئىككى نەپەر شىك قوغدىغۇچىسى تەرىپىدىن سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنىدى، زوراۋانلار قىساس ئېلىش ئۈچۈن ھەممە يەردە شىكلارنى قىرغىن قىلىۋاتاتتى.

گەندى خانىم سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن پارتلىغان دىنىي توپىلاڭ بوۋام - مومىلارغا ھاياتىدىكى ئەڭ ئەنسىز ئازابلىق ئەسلىمىلەرنى يادىغا سالدى. 1947 - يىلى ھىندىستان بىلەن پاكىستان بۆلۈپ ئىدارە قىلىنىشىنىڭ ئالدىدىراق، ئۇلارغا ئەمدىلا چاي ئىچۈرۈلگەنىكەن. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۇلار توي قىلغان، بىراق دەل شۇ چاغدا ھىندىستان

بىلەن پاكىستان بۆلۈپ ئىدارە قىلىنغانلىقتىن، بوۋام تۇيۇقسىز ئۆي ـ ماكانسىز قالغان. ئۇ دېھلىغا كەلگەندە ھەم كۆيۈ ئوغۇل، شۇنداقلا بىر مۇساپىر بولۇپ قالغان. گەرچە موماملىغا ھىندىستاننىڭ كۆپ مەنبەلىك دىنىي مۇھىتى كۆڭۈللۈك بىلىنسىمۇ، بىراق بوۋام ئۇنىڭ بىلەن ئىزچىل ئارىلىق ساقلاپ كەلگەن. شۇڭا، دىن مەسىلىسى بولمىسا، ئۇمۇ پاكىستانلىق بولسا بولىۋېرەتتىكەن. مېنىڭ ئۇلار بىلەن دېھلىدا بىللە ياشىغان كەچۈرمىشلىرىمدىن قارىغاندا، بوۋام ـ موماملارنى دەل شۇ قېتىملىق تارىخىي ۋەقەنىڭ تىرىك شاھىتلىرى دېيىشكە بولاتتى، ئۇنىڭ كۆلەڭگىسى قىرىق يىلدىن كېيىن مېنىڭ ئۈستۈمگە چۈشتى.

1947 ـ يىلى، كېيىن پاكىستاننىڭ پەنجابىغا ئايلانغان رايوندا بوۋاملارنىڭ يەر ـ زېمىنى بار بولۇپ، ھىندىستان بىلەن پاكىستان بۆلۈپ ئىدارە قىلىنغاندا، ئۇلار پاكىستانغا بېرىشنى تاللىۋالغان. بۇ قارار پەقەت يەر مەسىلىسىگىلا چېتىلىپ قالمايدىكەن: بوۋام تۇرۇشلۇق ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكى بىرمىدا ياپونىيە ئارمىيەسى بىلەن بولغان ئۇرۇشنى ئەمدىلا ئاخىرلاشتۇرۇپ، ھىندىستاننىڭ جەنۇبىدا ۋاقتىنچە تۇرۇۋاتقان ھەمدە پاكىستانغا بېرىشقا ھازىرلىنىۋاتقانىكەن.

1947 ـ يىلى 8 ـ ئاي، لاھور پويىز ئىستانسىسى. ئالدىنقى بىرنەچچە ھەپتىدە چېگرانىڭ ئىككى تەرىپىدىكىلەر بۇ ئىشقا جىددىي مۇئامىلە قىلماي، بۆلۈپ ئىدارە قىلىش پەقەت كۆرۈنۈشتىكى ئىش، ئاھالە كۆچىدىغان ئىش يۈز بەرمەيدۇ دەپ قارىغان؛ ئۇلۇغ موماممۇ شۇنداق ئويلىغان. شۇنىڭ بىلەن بۆلۈپ ئىدارە قىلىش باشلانغاندا، مېنىڭ شىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇلۇغ مومام ــ ياش تۇل ئايال كىچىك ئوغلىنى ئېلىپ ھىندىستان چېگراسى ئىچىدىكى بىر تاغ باغرىدىكى ئارامگاھقا بارغان. شۇ چاغلاردا بوۋام ئۆپكە تۇبېركۇليۇز كېسىلىگە گىرىپتار بولغان، دوختۇر كەشمىرگە بېرىپ ھاۋا ئالماشتۇرۇش

تەكلىپىنى بەرگەنىكەن. ئۆلۈغ مومام تۆزلەڭلىكتىن ئۆتىدىغان چاغدا ئۆيگە بىر قېتىم قايتىشىمىز، ئاندىن يەنە داۋاملىق شىمالغا مېڭىشىمىز كېرەك دەپ ئويلىغان.

شۇ چاغدا پەنجابتىكى قىرغىنچىلىق باشلىنىپ بولغانىكەن. شۇ قېتىملىق توپىلاڭدا بىر مىليون ئادەم ھاياتىدىن ئايرىلغان. لاھور پويىز ئىستانسىسىدا بىر مۇسۇلمان ساقچى كوماندىرى ئۆلارنىڭ بىرەر مەزھەپتە ئىكەنلىكىنى بىلمەۋالغان: ئۆلۈغ موماممنىڭ ئەسلەپ بېرىشىچە، ئەينى چاغدا پۈتۈن ئەتراپتا لاۋۇلداپ ئوت كۆيۈۋاتقانىكەن. ساقچى كوماندىرى ئىچ ئاغرىتقان ھەم گۇمانلانغان ھالدا، بۇ يەردە ئۆلارنى سىغدۇرغۇدەك يەرنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتقان. ئۆلۈغ مومام: «بىز نەگە بارىمىز؟» دەپ سورىغان.

ساقچى ئۆلارنى ئامرىتسارغا بارىدىغان پويىزغا چىقىرىپ قويغان. ئۇ يەر يېقىنقى ھىندىستان چېگراسى ئىچىدىكى تۇنجى بېكەت ئىكەن. بىراق، پويىز زادىلا قوزغالمىغان. ئۆلار يامغۇر پەسلىنىڭ دىمىق، نەم ھاۋاسىدا پۈتۈن بىر كۈن ساقلىغان. ئاخىر ھېلىقى ساقچى ئۆلارنى پويىزدىن چۈشۈرۈپ يەنە بىر پويىزغا چىقىرىپ قويغان. پويىز تېزلا قوزغالغان. شۇنداق قىلىپ ئۆلارنىڭ ھاياتىمۇ ئامان قالغان. ئالدىنقى پويىز ھالاكەت پويىزى بولۇپ، قوزغىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي ھۇجۇمغا ئۇچرىغان. ئۆلار ئامرىتسارغا بارغاندىن كېيىن، ھېلىقى پويىز بېكەتكە كىرگەندە، ئۇنىڭدىكى ھەممە كىشىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان.

ئۆلۈغ موموام بۆلۈپ ئىدارە قىلىشنىڭ زەربىسى تۇپەيلى زادىلا ئەسلىگە كېلەلمىگەن. ئامرىتسارغا بارغاندىن كېيىن، ئۇ چوڭ تاغام بىلەن نەھارغا — دېھلىنىڭ يېنىدىكى بىر كىچىك قورۇققا كۆچۈپ بارغان. ئۆلۈغ موموام ئاشۇ يەردىكى قاراڭغۇ كىچىك ئۆيدە كېيىنكى ئۆمرىنى ئۆتكۈزۈپ، 1989 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ ھىندىستان بىلەن پاكىستاننى بۆلۈپ ئىدارە قىلىش

توغرۇلۇق زادىلا گەپ قىلىپ باقمىغان، قىرىق يىلدىن كېيىن، ئاپام ئۇنى يوقلاپ بارغاندىلا، ئاندىن نىمىلەردىن مەھرۇم بولغانلىقىنىڭ گېپىنى قىلىپ بەرگەن. ئۇ يەر ۋە يېپەكلەرنى تىلغا ئالغان، ئەمما ئۆي ـ خىيالى يەنىلا ئۆزىنى ھەيران قالدۇرغان بىر ئېسىل كۆرۈنۈشتىلا بولغان: «ئۆيىنى ئىجارىگە ئالغان كىشىنىڭ خوتۇنىنىڭ ناكىدكام (ئاياللارنىڭ مۇرە يېپىنچىسى) نى ئارتىۋالغانلىقىغا زادىلا ئىشەنگۈم كەلمەيلا قالدى، ـــ ئۇ شۇنداق دېگەن، ـــ ئىلگىرى مېنىڭ بەك چىرايلىق ناكىدكام بار ئىدى.» مەن تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئاپام مېنى ئۇنىڭغا كۆرسەتكىلى ئاپارغان، لېكىن ئۇ باغرى تاشلىق بىلەن: «ھە، ئۇ بەك ئۇماق ئىكەن، شۇغىنىسى، مۇسۇلمان ـ دە» دېگەن.

بوۋامغا كەلگەندە ـــ ئەينى چاغدا ئۇ گۆدەك بولغاچقا، بۆلۈپ ئىدارە قىلىش مەزگىلىدىكى ئەھۋاللارنى بېشىدىن ئۆتكۈزمىگەنىكەن ـــ ئۇلۇغ مومامنىڭ مۇسۇلمانلارغا بولغان ئۆچمەنلىكى دىن ۋە سىياسىيغا ئىشەنمەسلىككە ئايلانغان، شۇنداقلا مۇسۇلمانلارغا ھەقىقىي ياخشى ھېسسىياتتا بولۇشقا ئامالسىز قالغان. ئۇ مۇسۇلمانلارنى بۇ بىھۇدە بۆلۈپ ئىدارە قىلىشتا پەنجابتا قالغان زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار دەپ قارىغان. ئۇلۇغ مومامنىڭ تاللىۋالغىنى ئىلگىرىكى ئىشلارنى ئۇنتۇش بولسا، بوۋامنىڭ بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى ئېسىدە تۇتۇش، ئېسىدە چىڭ تۇتۇش بولغان. يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، ئىنكاسى ۋە تونۇشى گاللاشقان بولسىمۇ، بىراق پەنجاب، يەنى ئۆزى ئۆسكەن جاي توغرىسىدىكى خاتىرىسى بارغانسېرى روشەنلىشىپ بارغانىدى. ئۇ بەزى ماگىزىن، يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ كۇلۇبى ۋە كەسىپداشلار ئۇيۇشمىسى بىناسىدىكى گۈزەل ئاياللارنى يەنىلا ئەسلىيەلەيتتى، بىرمۇنچە قەدىناس دوستلىرىنى سېغىناتتى. ئۆزىنىڭ پەنجابىنى قاتتىق سېغىناتتى. بوۋامنىڭ كۆزلىرىگە نېپىز تۇمان يېيىلىپ، كۆز ياشلىرى لىغىلداۋاتقاندەكلا قىلاتتى. نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن،

ئۆزىنىڭ پاكىستانلىقنىڭ قېنى بار نەۋرىسىنى كۆرگەندە، قايتا كۆرۈشكە ئامالسىز قالغان ئاشۇ زېمىنغا بولغان سېغىنىش ھېسسىياتى يەنە قوزغالدى.

بوۋامنىڭ چىرايى ئېچىلىپ كەتتى، ئۇ ماڭا ئىلگىرى لوندوندىن دادامغا تېلېفون ئۇرۇپ، مېنىڭ تۇغۇلغانلىق خەۋىرىمنى ئېيتقانلىرىنى ھاياجان بىلەن سۆزلەپ بەردى. بوۋام پاكىستانلىق تېلېفونىست گەپ قىلغاندا، تەلەپپۇزىدىن مۇزىكىنىڭكىدەك رىتىمنى ئاڭلىغانلىقىنى سۆزلەپ، ھاياجان بىلەن:

— ئۇ بىزنىڭ پەنجابلىقلاردەك سۆزلەيدىكەن! — دېدى. ئېھتىمال بۇ ئۇنىڭ 1947 - يىلىدىن كېيىن ئۆزىدىن يىراقتا قالغان پەنجابلىقلارنىڭ ئاۋازىنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىشى بولۇشى مۇمكىن. مەن دېھلىدا ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقان چاغلاردا، بۆلۈپ ئىدارە قىلىنىمىغان دەۋردىكى ھىندىستانغا بولغان سېغىنىشىنى داۋاملىق ھېس قىلىپ تۇراتتىم، شۇنداقلا ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنىڭ پاكىستان بىلەن بولغان قوش قانداشلىق مۇناسىۋىتىمنى بىلگەنىدىم.

چېگرا سىزىقى ئۇنىڭ بۇ زېمىنغا ۋە ئىككى جاينىڭ ئورتاق مەدەنىيىتىگە بولغان ھېسسىياتىنى توسۇشقا ئامالسىز ئىدى. ئېھتىمال بۇمۇ ئۇنىڭ ھاياتىدىكى نۇرغۇن زىددىيەت ئىچىدىن قۇتۇلۇپ چىقىشىنىڭ سەۋەبى بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، 1965 - يىلى ئۇ پاكىستاندا بولغان ئۇرۇشتا كونا ئارمىيەدىكى سەپداشلىرى بىلەن بىر - بىرىگە قورال تەڭلىشىپ قالغان. ئەينى چاغدا ھىندىستان بىلەن پاكىستاننىڭ بۆلۈپ ئىدارە قىلىنغىنىغا ئانچە ئۇزاق بولمىغانىكەن. نۇرغۇن جەڭچى ئۆزئارا تونۇشىدىكەن، ئۇرۇش توختىغان كۈنى نۇرغۇنلىرى بىر - بىرىدىن ھال - ئەھۋال سوراشقان. شۇ قېتىملىق ئۇرۇش بوۋام ئۆمرىدە قاتناشقان ئەڭ پاجىئەلىك ئۇرۇش بولغان، ئىككى

تەرەپتىن ئۆلگەن ۋە يارىدار بولغان سانسىز كىشى ئۇنىڭ ھاياتىدا تەسىر پەيدا قىلالمىغان.

ئىككى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىنىڭ چەك - چېگرانى ئايرىش پوزىتسىيەسى ئاددىي خەلقنىڭكىدىن تولىمۇ كەسكىن ئىدى. بوۋامنىڭ مۇناسىۋىتى ئەڭ ياخشى، شۇنداقلا دوستلۇقى ئەڭ ئۇزاق مەكتەپداش دوستى پاكىستاننىڭ شىۋات ۋادىسىدا تۇراتتى. ئاتمىش يىلدىن بۇيان ئۇلار ئىزچىل خەت ئالاقىسى قىلىپ كەلدى، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش قاتتىق، خەت ئالاقە قىلىش قىيىن، تېلېفونلىشىش ئاساسەن مۇمكىن بولمايدىغان مەزگىللەردىمۇ ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالمىدى.

بارلىق ئۇرۇش ئوتلىرى ئۆچكەندىن كېيىن، قايغۇلۇق چاغلار تېز ئۆتۈپ كېتىپ، تۈرلۈك - تۈمەن خورسىنىشلارلا قېلىپ قالىدىكەن. مەن يېقىندا كەلگەن بىر پارچە خەتنى ئوقۇغانىدىم:

«قەدىرلىك ئومار جېتىر، خەت يازغىنىڭدىن ئىنتايىن مىننەتدارمەن. مەن بايىلا سايدىن قايتىپ كەلدىم، جىيەنىم ئۇ يەردىكى بىر قېتىملىق بومبا پارتلاشتا ئۆلۈپ كەتتى. ئادەمنى ئەڭ ئازابلايدىغىنى، قىزىق بىر ياشلىق بىر يىگىت ئۆلۈپ كەتتى، ئەمما قۇربان بولۇشنىڭ ئەھمىيىتىنىڭ نېمىلىكىنى بىلەلمىدىم. ھۆكۈمەت يارىماس بولغاچقىلا، ھەممە نەرسە ئۆزگەرمەيۋاتىدۇ.

ئۈچ يىل ئىلگىرى يىقىلىپ چۈشكەندە نېرۋام ئازراق زەخىم يېگەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، سەكسەن نەچچە يىللىق ھاياتىمنى ھەرھالدا يامان ئەمەس ئۆتكۈزگەن بولدۇم. ھازىر پۇت - قوللىرىم ئاجىزلاپ كەتتى، قۇلىقىممۇ ئاساسەن كاردىن چىقتى. ئەگەر سەن ئېلخەتتىن پايدىلىنالايدىغان بولساڭ، خەت ئالاقىمىز تېخىمۇ كۆپەيگەن بولاتتى. بالىلىرىڭنىڭ ئىچىدە چوقۇم ئېلخەت (ئېلېكتىرونلۇق پوچتا يوللانمىسى) نى ئىشلىتەلەيدىغانلار بار. بۇلتۇرغا كەلگەندىلا مەن كومپيۇتېرنى ئىشلىتىشكە باشلىدىم، نەۋرىلىرىم تېخى مېنى زاڭلىق قىلىشىدۇ.

سەكسەن ياشقا كىردىم دېگىنىم خاتا بولمىسىلا، سەنمۇ سەكسەن بىرگە كىرىپ بولدۇڭ. ئېسىڭدىمۇ، سەن مېنىڭ ھايات دوستلىرىمنىڭ ئىچىدىكى يېشى ئەڭ چوڭى. بىز كۆپرەك خەت ئالاقە قىلىپ تۇرايلى. يېڭى يىلىڭغا مۇبارەك بولسۇن. تىلىكىمنى قوبۇل قىل. ئورانجىبتىن.»

— قالتىس ئورانجىب ـ دە، بۇ، — دېدى بوۋام كۈلۈمسىرەپ، — پاكىستاندىن ھىندىستانلىق بىر بىرىگادا كوماندىرىغا خەت يېزىپتۇ، يەنە تېخى «ھۆكۈمەت يارىماس بولغاچقىلا، ھەممە نەرسە ئۆزگەرمەيۋاتىدۇ» دەپتۇ. ئاجايىپ قالتىس ئورانجىب ـ دە، بۇ!

ئاۋام 1947 ـ يىلىدىكى ھىندىستان بىلەن پاكىستاننى بۆلۈپ ئىدارە قىلىشقا قارىتا ئاساسەن مەسخىرە قىلىش پوزىتسىيەسىنى تۇتقانىدى. ئاشۇ بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ چىرايىدىن يەنىلا كۆرگىلى بولىدىغان ھەسرەتلىك تەبەسسۇم ئۆتمۈشكە بولغان بىردىنبىر قاراشقا ۋەكىللىك قىلىدىغاندەك قىلاتتى: بىر ـ بىرىدىن يىراقتا ياشاۋاتقان دوستلار، مەڭگۈلۈك مەھرۇم بولغان ئۆي ۋە يەر ـ زېمىن ھەمدە ئورتاق مەدەنىيەت ئىچىدىن پارچىلىنىپ كەتكەن ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش ئوتى تۇتاشقان. بەلكىم بەزى كىشىلەر ياراتقۇچى ئىلاھ كىشىلەرنى كولدۇرلىتىپ، بىمەنىلىك بىلەن بوۋامنى ئۆز دۆلىتىدىن ئايرىۋەتتى، لېكىن قالايمىقانچىلىق ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا پاكىستانلىقنىڭ قېنى بار بىر نەۋرىسىنى قايتۇرۇپ بەردى، بىراق خىيالىچە بولغاندا، ئىش بۇنداق بولماسلىقى كېرەك ئىدى، دېيىشى مۇمكىن. ئاشۇ بىر مەزگىللىك تارىخنىڭ بىمەنىلىكى ئۇنى يىقىتىۋېتەلمىدى. ئۇنىڭ يۇرتىغا بولغان ھېسسىياتى يەنىلا ئىنتايىن پاك ئىدى. مېنىڭ كېلىشىممۇ ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئۈمىدنى ئۇرغۇتتى، بۇ سەۋەبلەر

ئۇنىڭ ھىندىستاننى پارچىلىۋەتكەن تەڭرىگە دىمىقنى قېقىشىغا ئاساس بولالايتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، مېنىڭ ئالاھىدە قانداشلىقىم قانداقتۇر غەلىتە ۋە باش ئاغرىتىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى، ئەكسىچە، ئۇ بۇنى بىر خىل تۆلەم، ئاشۇ تارىخ تېمىنىڭ يېرىقىنى ئېتىدىغان نەرسە، ئۇنىڭ بىر ئۇچى ئۆزى، يەنە بىر ئۇچى ئۆزىنىڭ يۇرتىدىكى ئارمىيە، ئۆي ۋە «ھايات تۇرۇۋاتقان يېشى ئەڭ چوڭ دوستى» دەپ قارايتتى.

# تەرجىمىخانا

كېچىلىك بازارغا بارغانىنىڭ ئەتىسى ئەتىگەندە ئىستانبۇلدىن ئايرىلدىم. ئۇ يەردە شەھەرنىڭ قارلىق مەنزىرىسىنى كۆرەلمىدىم، بىراق ئاناتولىيەنىڭ قىشلىق مەنزىرىسىنى كۆرەلىگىنىمنىڭ ئۆزى بىر خىل تولۇقلىما ھېسابلىناتتى. مەن توروس تېز پويىزىغا ئولتۇرۇپ دەمەشققە يول ئالدىم. پويىز چاقى ئاستىدا ياسالغىنىغا خېلى يىللار بولغان ھىجاز تۆمۈريولى. بۇ تۆمۈريول ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ياسالغان، ئەسلىي مەقسەت ئىستانبۇل بىلەن مەككىنى تۇتاشتۇرۇش ئىدى، كېيىن .T .E لاۋرېنىس تەرىپىدىن كۆپ قېتىم پارتلىتىلغانلىقتىن دۇنياغا تونۇلغانىدى.

پەقەت بىر ۋاگوننىڭ كارىۋاتلىرى كۆكۈچ رەڭلىك ئىدى، ۋاگونغا ئەرەبچە ھۆسنخەت بىلەن «CFS,Chemins de fer Syriens» دېگەن سۆزلەر يېزىلغان بولۇپ، مەنىسى «سۇرىيە تۆمۈريولى» ئىدى. بۇ ۋاگون شەرقىي جەنۇبقا بارغاندا باشقا ۋاگونلاردىن ئايرىۋېتىلىپ، پاراۋۇز ئالماشتۇرغاندىن كېيىن مەنزىلىگە قاراپ ماڭاتتى. دېرىزە سىرتىدا دېڭىزغا يانداش بازارلار «يالت» قىلىپ ئۆتەتتى، بازاردىكى ھەممە ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسى قىزىل كاھىشلىق ئىدى. مەن بىرھازا ئۇخلاپ، ئاخشام كەم قالغان ئۇيقۇمنى تولۇقلىدىم. ئويغانغىنىمدا چۈشتىن كېيىن سائەت بىر بولۇپتۇ. گەرچە قىش كۈنى بولسىمۇ، قۇياشنىڭ ھارارىتى يەنىلا يېتەرلىك ئىدى. ۋاگون سىرتىدا قوڭۇر رەڭلىك ئېقىن قىرغاقتىكى تاشلارنىڭ چوڭقۇر يېرىقلىرىغا ئۇرۇلۇپ بۇژغۇن چاچرىتاتتى. مۇبادا باشقا پەسىللەر بولغان بولسا، پاكار چاتقاللىقلار چوقۇم پارچە - پارچە سايە تاشلىغان بولاتتى، بىراق ھازىر سۇ يۈزىدىلا

تار، ئۇزۇن سايە قالدۇرغانىدى. بىر قاقىر بۇ قىش كۈنىدىكى پاتقاقتا گاڭگىرىغان هالدا تىكىلىپ قارىماقتا ئىدى. بىر يەرگە دەستىلەنگەن چوڭ - چوڭ يۇمىلاق تاشلار بالىلار ئويناش ئۈچۈن ياسىۋالغان مەيدانغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئاپپاق قار بىلەن چاتقاللار يوچۇقلاردىن هاياتلىق ماكانىنى تالىشىۋاتقاندەك قىلاتتى. بارغانسېرى تەكشىلىنىۋاتقان يەر يۈزىدىن يىراقلارغا نەزەر تاشلىسىڭىز، قىش مەنزىرىلىرى كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. كەچ بولدى، دېرىزە سىرتىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان قىشلاقلار ئاپپاق قارغا كۆمۈلگەنىدى، بەزىدە ئۆرۈلگەن تاملارنى كۆرۈپ قالغاندىلا، ئاندىن بۇ يەرنىڭ ئەسلىدە ئىللىق بەلباغقا جايلاشقان مەملىكەت ئىكەنلىكى كىشىنىڭ ئېسىگە كېلەتتى. قۇياش ئۇپۇقتا ئېسىلىپ تۇرغان ئاقۇچ شارغا ئوخشاپ قالغانىدى، ئاستىدا قار دۆۋىسىنى تېشىپ چىقىپ كۆككە بوي سوزغان ئۈچلۇق مۇنار ماڭا تامامەن يېڭىچە تەسەۋۋۇرنى بەخش ئېتىپ، تۇنجى قېتىم ئىسلام دىنى بىلەن قىش كۈنىنى بىرلەشتۈردى.

بىر كېچىنى پويىزدا ئۆتكۈزۈپ، ئەتىسى ئەتىگەندە ئاناتولىيەنىڭ جەنۇبىغا يېتىپ بارغىنىمدا، قار - مۇزلار غايىب بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنىنى كۈل رەڭ تاشلار ۋە تەكشى ئېدىرلىقلار ئالغانىدى. يېشىل ئوت - چۆپلەر يەر يۈزىنى شالاڭ ياپقانىدى. پويىزنىڭ جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ، يەنىلا دېرىزە سىرتىدىكى تۇتاش تاشلارنى كۆرگىلى بولاتتى، پەقەت تۇپراقلا قىزىل رەڭگە ئۆزگەرگەن، ئوت - چۆپلەر تېخىمۇ قويۇق ئۆسكەنىدى. يەر يۈزىدە دەل - دەرەخلەر يوق دېگۈدەك بولۇپ، ياپيېشىل يەر يۈزى كۆز يەتكۈسىز يىراقتا ئاسمان بىلەن تۇتىشىپ كەتكەنىدى. پويىز بىرنەچچە سائەت توختاپ، پاراۋۇز ئالماشتۇرۇشنى كۈتتى. پويىز بىر قېتىم يېنىك سىلكىنىپ، ئالدى - كەينىگە بىرنەچچە قېتىم تەۋرەندى - دە، يەنە يولغا چىقتى.

مەن ئايرىمخانىدىن چىقىپ، ئېگىز بوي، قويۇق قاشلىق، كۆزلىرى يوغان سۇرىيەلىك پويىز خادىمىدىن بىر ئىستاكان چاي ئالدىم. بۇ چاغدا كۈچلۈك نەشە پۇرىقى پاراۋۇز تەرەپتىن ئۇچۇپ كەلدى. بېشىمنى دېرىزىدىن سىرتقا چىقاردىم، بىراق نەشە پۇرىقى تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. پۇراقنى بويلاپ مېڭىپ كارىۋاتلىق ۋاگوندىن ئۆتۈپ بىر ئىشىكنىڭ ئالدىغىچە كەلدىم. ئەينەكلىك ئىشىكنىڭ ئىككى قانىتى ئېتىكلىك ئىدى. ئىشىكنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە بېشىغا بىرىلىبىر (بىر خىل قالپاق) كىيىۋالغان، تەق ـ تۇرقى كېلىشكەن، قوي كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدىغان ئىككى تۈرك ئەسكەر ئايرىمخانىنىڭ سىرتىدا سىگار چوڭلۇقىدىكى نەشىلىك موخوركىغا ئۇدۇل تۇرۇپ يۆتەلمەكتە، كۈلمەكتە ئىدى.

ئۇلار مېنى كۆرگەندە، ئۇچەيلىرى ئۈزۈلگۈدەك كۈلۈشۈپ مۈكچىيىپ قالدى. ئۇلار ئېگىلگىنىچە ماڭا تاماكا سۇندى. مەن نائىلاجلىق مەنىسىدە قول ئىشارىتى قىلدىم: كارىۋاتلىق ۋاگوننىڭ ئىشىكى كىيدۇرمە كۈلۈچ ۋە تاقاق بىلەن تاقىۋېتىلگەن بولۇپ، ئېچىلىپ باقمىغىنىغا نەچچە يىل بولغاندەك قىلاتتى. مەن كىيدۇرمە كۈلۈچنى بۇراپ ئېچىشقا ئۇرۇنۇپ باقماقچى بولدۇم، بىراق ئىشىكنى ئاچالايدىغىنىمغا راستلا ئىشەنگىنىمدىن ئەمەس، بەلكى ئەدەپ يۈزىسىدىنلا شۇنداق قىلغانىدىم. كىيدۇرمە كۈلۈچقا مۇنداقلا تېگىپ قويۇشۇمغا يەرگە چۈشۈپ كېتىپ، تاقاق قولۇمغا چىقتى. ئىشىكنى ئىتتىرىۋىدىم، ئىككى قانىتى ئالتە دىيۇم چوڭلۇقتا ئېچىلدى، بۇ ئارىلىق ئەسەبىيلەرچە كۈلۈشۈۋاتقان ئىككى ئەسكەرنىڭ ماڭا موخوركىنى سۇنۇپ بېرىشىگە يېتەتتى.

تۈركىيەدە ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش پۇقرالارنىڭ مەجبۇرىيىتى، ئالدىمدىكى ئىككى ئەسكەر يېقىن ئەتراپتىكى ئىسكەندىرۇن بازىرىدا تۇرىدىغان ئەسكەرلەر ئىكەن. ئۇلار ئىنگلىزچە سۆزلەشنى ئاساسەن بىلمەيدىكەن، شۇڭا بىز تاماكا

چېكىشكەچ كۆلۈشۈپ تۇردۇق. مەن سۈرىيەلىك پويىز خادىمىنىڭ تۇتۇۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ، دەممۇدەم ئارقىمىغا قاراپ قوياتتىم، بىراق ئۇلار مەندەك جىددىيلىشىپ كەتمىدى. پويىز خادىمىمۇ كەلمىدى، شۇنىڭ بىلەن بىز نەشىلىك موخوركىنى تۈۋىگىچە شوراپ تۈگەتتۇق. بىز بىر تونېلدىن ئۆتتۇق، ئىككى ئەسكەر كۆيۈۋاتقان تاماكا كۆتىكىنى دېرىزە سىرتىغا چىقىرىپ، ئوت ئۇچقۇنلىرىنىڭ قاراڭغۇلۇقنى يېرىپ ئۆتۈشىگە قاراپ خۇش بولۇپ كېتىشتى. ئۇزاق ئۆتمەي، پويىز بارا - بارا سۈرئىتىنى ئاستىلاتتى، ئىككى ئەسكەر ئېرىنچەكلىك بىلەن قەدەم تاشلاپ نۆۋەتچىلىككە كەتتى. نەچچە مىنۇتتىن كېيىن ئۇلارنىڭ پويىزدىن چۈشكەنلىكىنى كۆردۈم. ئۇلار ماڭا قول پۇلاڭلاتتى ۋە كۈلۈمسىرىگىنىچە بارمىقى بىلەن ئالدى تەرەپنى كۆرسەتتى. مەن بېشىمنى دېرىزىدىن چىقىرىپ، تۈركىيەنىڭ كىچىك دۆلەت بايرىقى سانجىپ قويۇلغان ئىككى قاراۋۇلخانىنىڭ ياپيېشىل تاغ باغرىدا تەنها قەد كۆتۈرۈپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. بۇ يەردە شەھەرنىڭ قىلچە ئىزناسى يوق، ئېگىز - پەس يەرلا بار ئىدى. بىز سۈرىيە چېگراسىغا كېلىپ قالغانىدۇق.

بىز تۈركىيەدىن ئايرىلىش تامغىسىنى تېزلا باستۇرۇپ بولدۇق. پويىز سىم توسۇقتىن ئۆتۈپ، چوڭ بىر ئىمارەتكە قاراپ ئىلگىرىلىدى. بۇ، كۆل رەڭ ئىمارەتنىڭ يېشىل ئۆگزىسى، گىل رەڭ ئۇچلۇق مۇنارى ۋە بىر سۇ يولى بار ئىدى. كېچە ئاسمىنىدىن يامغۇر چۈشۈۋاتاتتى، «ئىمان نۇرى» بۇلۇت قاپلىغان قاراڭغۇلۇقنى يېرىپ ئۆتۈپ، يىراقتىكى تېخىمۇ پەس يەرلەرگە چۈشكەنىدى. ئەتراپتا ئەرەبچە خەت بېسىلغان، سۈرىيەنىڭ رەھبىرى بەشىر ئاسادنىڭ سۈرىتىمۇ بار پويىزلار كۆرۈندى. بەشىر ئاساد يۈزى گۆشلۈك، ئاستىنقى ئېڭىكى سەل قىسقىراق، بالا چىرايىدىن تېخى كەتمىگەن كىشى ئىدى. ئۇ جاۋىغايلىرى چىڭ يېپىشىپ تۇرىدىغان، ئاللىقاچان دۇنيادىن ئۆتكەن دادىسى هاپىزغا قىلچە ئوخشىمايتتى.

چېگرا ئەمەلدارلىرى بىزنى بىرنەچچە سائەت توختىتىپ قويدى. ئاۋۋال نەچچە مىنۇت سەرپ قىلىپ، بىر شىۋېيتسارىيەلىك مەسلىھەتچىنىڭ كەسپىنى سورۇشتۇردى. شىۋېيتسارىيەلىك ماڭا قاراپ ياردەم سورىدى، بىراق تۈرك تىلى بىلەن ئېنىق ئىپادىلىگىلى بولمىدىغان مەنە ئەرەب تىلىغا ئالماشقاندا، ئۇنۇملۇك بولماي قالدى. كۆچمەنلەر باشقارمىسىنىڭ ئازادە كىيىنىۋالغان ئەمەلدارى ياش يىگىت ئىدى. ماڭا نۆۋەت كەلگەندە، ئۇ ئەرەبچە سۆزلىيەلەيدىغان ـ سۆزلىيەلمەيدىغانلىقىمنى، مۇسۇلمان ـ مۇسۇلمان ئەمەسلىكىمنى سورىدى، ئاندىن ماڭا بىر تال تاماكا سۇنۇپ، لى ئاڭدىن گەپ سوراشقا باشلىدى. لى ئاڭ ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى جۇڭگولۇق يۇمشاق دېتال ئىنژېنېرى ئىدى. ئۇ ئەكېتىلىپ بىرھازادىن كېيىن قايتىپ كەلدى، قايتىپ كەلگەندە چىرايىدىن ھەيرانلىق بىلىنىپ تۇراتتى.

— سەل تۇرۇپ يولغا چىققاندىن كېيىن، بايىقى دىراماتىك كۆرۈنۈشنى سۆزلەپ بېرەي، — دېدى ئۇ چىرايىغا ئاران كۈلكە يۈگۈرتۈپ. بىراق، ئۇ نېمە ئىش بولغانلىقىنى زادىلا دەپ بەرمىدى.

ھەلەبنىڭ يامغۇرى ئەتىگەندىن كەچكىچە يېغىپ، ماڭا دەمەشىققىچە ئەگىشىپ كەلدى. مەن ئولتۇرغان مىنىبۇستا مىسىرنىڭ بىر فىلىمى قويۇلۇۋاتاتتى. فىلىم بىرقاتار قارا كومېدىيەلىك كۆرۈنۈشلەردىن تەركىب تاپقانىدى. باش پېرسوناژى ياش يىگىت بولۇپ، ئۇ ئۆزىلا كۆرەلەيدىغان بىر خىل تېرە كېسىلىنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقانىدى. فىلىم تۆۋەن سەۋىيەلىك ھەم قوپال ئىشلەنگەنىدى. مەن يىگىتنىڭ يۈزىنى قاپلىغان قېنىق يېشىل رەڭلىك يېپىشقاق سۇيۇقلۇقنى قاراشقا زادىلا جۈرئەت قىلالمىدىم. فىلىمدىكى ئوچۇق رەڭ ۋە ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلۇق شاۋقۇن يول بويى ئارامىمنى قويمىدى. ئەكسىچە، قېشىمدىكى قىسقا چاچ قويۇۋالغان، ئۆتۈك كىيىۋالغان ئەسكەر باش پېرسوناژنىڭ ھالاكەتلىك تەقدىرىنى كۆرۈپ، ئىنتايىن

خۇشال بولغان ھالدا قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.
ھەلەبنىڭ شەھەر ئەتراپى ئاستا ـ ئاستا قۇملۇقـقا، يۇمشـاق، ئۇششاق قۇملارغا ئەمەس، تۇز، قاتتىق، ئۇششاق تاشلارغا تولغـان قـۇملۇققـا ئايلاندى. يـىراقتىـكى قوڭۇر رەڭـلىك تـاقـىر تاغـمـۇ شـىغىلـلىق ئىـدى. بىز دەممـۇدەم ئاتا ـ بالا ئـاسادلارنىـڭ چـوڭ سۈرىتىنىڭ يېنىدىن ئۆتەتتۇق. بوۋايـىنىڭ سۈرىـتىگە ئـالدىنقى ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىكى ئۇسلۇب ئىشلىتىلگەنىدى: چىراي ئىپادىسى جىددىي داھىيانە تەبەسسۇمدا ئىدى، ئىشچى ـ دېھقانلار قول تۇتۇشۇپ ئىلگىرىلەۋاتقان، كومبايىن بىلەن زاۋۇت بىرلىكـ تە ئىشلەۋاتقان مەنزىرە ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغانىدى. نۆرغـۇن سۈرەتنىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن، بەزىلىرىنىڭ ھەتتا بويـىقىمـۇ چۇشۇپ كېتىپ، پـارچە ـ پارچە ئـاقۇچ داغلارلا قالـغانىدى. يـاش ئاساد بولـسا بىر قـاتار پورترېـتلارنى ئومـۇملاشتۇرغـانىدى: بىـر سۈرىيەلىك ياش ئەر بىلەن بىـر ئايال مۇرىـنى مۇرىگـە تىرىگـە ـ نـچە، ۋەتەنپـەرۋەرلىك قىـزغىنلـىقىغا تولغان نـەزىرى بىـلـەن يـىراققا نـەزەر تاشلاپ تـۇراتـتى، سۈرىـيـە دۆلەت بايـرىقىدىـكى قىـزىل، ئاق، قـارا رەڭ ئـارقا كۆرۈنـۈش قـىلىـنغانـىدى. مـەن جەزملەشتۈرەلەيمەنكى، بـۇ سۈرىيەنـىڭ ئەرەب مـىللەتچـىلىكى ئۇيقۇسى ئىچىدە كۆپ يىل يېتىپ، مەلۇم بـىر كۈنى تـۇيۇقسىـز ئويغىنىپ خەلقئارا بېسىمغا دۇچ كەلگەنلىكىگە قارىتا قايتۇرغان ئىنكاسى ئىدى. قاراڭغۇ چۈشتى، مىنىبۇس خەمات ۋە خىمىنسا دېگەن ئىككى بازاردىن ئۆتتى. بۇ ئىككى جاي ناھايىتى قەدىمى، شۇنداقلا مول تارىخقا ئىگە ئىدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىـ رىنىڭ بېشىدا، ئەينى چاغدىكى مۇستەبىت خەماتتىكى بىر چوڭ رايوننى بېسىقتـۇرۇپ، بىر كېچىدىلا مـۇسۇلمان قـېرىنداشلار جەمئـىيىتـىنى بىـر تەرەپ قىلـغانىدى. بـۇ ئىسـلام ھـەرىكىـتى تەشكىلاتى مىسىردا پەيدا بولۇپ زورايغان، بۇ دۆلەت ئۈچۈن باش ئاغرىتىدىغان مەسىلە بولۇپ كەلگەنىدى. شۇ قېتىملىق باستـۇ ـ رۇشنىڭ كېيى بولسا، كىشىلەر قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشەتتى.

ھەممىلا يەرگە تارقالغان مىش - مىش گەپلەردە دېيىلىشىچە، ھۆكۈمەت قېرىنداشلار جەمئىيىتىدىكىلەرنى خەماتىنىڭ يۈندى يولىغا كىرىشكە مەجبۇرلاپ، ئۇ يەردە توك بىلەن قىيىنىغا-نىمىش.

مىنىبۇس بىزنى بازار سىرتىدىكى بىر كىچىك بېكەتكە ئاپاردى. ئۇ يەر قاقاس ھەم قۇرۇق بولۇپ، ئەتراپىدا ھېچقانداق قوغداش ئەسلىھەلىرى يوق، بەكمۇ قاراڭغۇ ئىدى. مەندە يېڭى جايغا يېتىپ بارغاندىكى خاتىرجەملىك ياكى قىزىقىش تۇيغۇسىدىن ئەسەر بولمىدى، ئەتراپىمدا يامغۇر، سېمونتتا قوپۇرۇلغان ئۆي ۋە لامپۇچكىلارلا بار ئىدى. شەھەرنىڭ ئۇپۇق تەرىپى بەكلا تۆۋەن، پەرق ئېتىش قىيىن ئىدى، قاراڭغۇلۇقتا ئۇچلۇق مۇنار ئۇستىدىكى يېشىل رەڭلىك نەيچە لامپۇچكا ۋە ئاق رەڭلىك يول چىرىغىلا نۇر چېچىپ تۇراتتى. كونا، ئەمما ھەممىلا يەرنى كۆرگىلى بولىدىغان ئۇچلۇق مۇنار قاراڭغۇلۇقتا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. شۇ كۈنى مىلاد ئاخشىمى ئىدى.

※ ※ ※

سۇرىيە خەلقئارا ئىسلام ھەرىكىتى تەشكىلاتىنىڭ مەركىزى ئىدى. مەن تۇنجى قېتىم ھاسان بارتىتىن سۇرىيەنىڭ بۇ مەخپىيىتىنى ئۇققانىدىم.

— ئۆزۈمنىڭ تېخىمۇ مۇھىم رول ئوينىشىم كېرەكلىكىنى بىلىمەن، — دېدى بارت مانچېستېردىكى ھېلىقى قەھۋەخانىدا، — شۇ چاغقا بارغاندا، مەن ئاشۇ رولنى ئويناشقا تەييار بولىمەن.

ئۇنىڭ بېشارەت بېرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ:

— سىز دىن يولىدا قۇربان بەرمەكچى، شۇنداقمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— ئىنتايىن توغرا، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ، — بۇ دۆلەتكە بەند قىلىنىش مېنى قاتتىق ئۈمىدسىزلەندۈردى، چۈنكى مەن ئاشۇ بۇرچۇمدىن تولىمۇ يىراقتا ئىكەنلىكىمنى بىلىمەن. شۇنى

بىلىمەنكى، مۇبادا كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئۇخلاۋېتىپ ئۆلۈپ كەتسەم، ئاللا ماڭا مەغپىرەت قىلمايدۇ، چۈنكى مەن بەكلا ئەسكى ئادەم بولۇپ قالىمەن... جەننەتكە كىرىشىم ئانچە ئاسان بولمايدۇ.

— ئەگەر پاسپورتىڭىزنى قايتۇرۇۋالسىڭىز، نەگە بارسىز؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— ئېھتىمال يەمەنگە بېرىشىم مۇمكىن، بىراق ئاۋۋال سۈرىيەگە بارىمەن، چۈنكى هازىر پاكىستان مېنى تۇتماقچى بولۇۋاتىدۇ، ئۇلار مېنى مۇشەررەفنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش سۈيىقەستىگە قاتناشتى دەپ ئەيىبلەۋاتىدۇ.

— ئۇنداقتا، يەمەن ۋە سۈرىيەگە بارغاندىن كېيىن، سىزنىڭ ئاخىرقى دۈشمىنىڭىز ئامېرىكا بولىدۇ، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، لېكىن ئامېرىكا كۆزۈم ئوچۇق چاغلىرىمدا گۇمران بولسا، ئۆزگىچە بەزى ئىشلارنى قىلىشىم مۇمكىن، — ئۇنىڭ چىرايىدا بىر خىل تەقەززالىق ئالامىتى پەيدا بولدى، — لېكىن، مەن ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىشىم كېرەك! هازىر مەن ئىنگلىزچە ۋە ئوردۇچە سۆزلەشنى بىلگەچكە، تاشقى جەھەتتىن ئىسلامنىڭ گۈزەللىكىدىن بەھرە ئالالايمەن، بىراق ئەرەب تىلىنى بىلمىسەم، ئىسلام دىنىغا ھەقىقىي يېقىنلىشالمايمەن. بۇ خۇددى بىر چىرايلىق ئۆي ئىچىنىڭ نەقەدەر گۈزەللىكىنى دېرىزىدىنلا كۆرەلىگىنىڭىزگە ئوخشايدۇ. ئىشىنىمەنكى، ئەرەب تىلى ماڭا بىر ئاچقۇچ بېرىپ، هازىر يېقىنلىشالمايدىغان ئاشۇ نەرسىلەرگە باشلاپ بارىدۇ. ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىۋالسام، ئاللانىڭ ئىرادىسى بىلەن ھەربىي سەپكە قاتنىشالايمەن. خۇددى ئىسرائىلىيەدىكى يەھۇدىيلارغا ئوخشاش، ئەسكەر ئېلىشقا ئاۋاز قوشۇش ھەربىر ئەر ۋە ئايالنىڭ مەجبۇرىيىتى.

مەنزىلىمگە يېتىپ بارغاندىن كېيىنكى بىرنەچچە سائەتتىلا، سۈرىيەدىكى خەلقئارا سىياسىي كەيپىياتنى راستىلا كۆرەلىدىم. مىلاد بايرىمى كۈنى دەمەشقتىكى ماگىزىن ۋە ھامماملارنى

ئايلىنىپ چىقتىم، پوتكۇل بازارنىڭ ھەممىلا يېرى قىزىل رەڭلىك چوڭ پىلاكاتلار بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. پىلاكاتلارغا سېرىق، قىزغۇچ سېرىق ۋە ئاق رەڭلەردە ھەر خىل شوئارلار يېزىلغانىدى:

سۇرىيە مېھىر - مۇھەببەت ۋە تىنچلىققا تولغان زېمىن، رادىكال ئىسرائىلىيە ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقدىشى ئامېرىكىغا ئاگاھلاندۇرىمىزكى: سۇرىيە غۇرۇرلۇق ئەل، بىز ئۆسۈپ يېتىلگەن زېمىن. ئىراق ۋە پەلەستىنىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن، بىز سىلەرنىڭ دېموكراتىيەڭلەرنى رەت قىلىش يولىنى تاللىدۇق. بۇنداق دېموكراتىيە خەلقنىڭ جەسەتلىرى ئۈستىگە بەرپا قىلىنغان. سىلەر گۇناھسىز ئاددىي پۇقرالارنى بومباردىمان قىلدىڭلار، ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشى ئارىلاشقاندا، سىلەر رەت قىلىش ھوقۇقىنى ئىشلىتىپ ئىسرائىلىيەنى قانات ئاستىڭلارغا ئالدىڭلار. بىر گۇمانلىق ۋەقەنى دەپلا، ئامېرىكا خەۋپسىزلىك كېڭىشىنى سۇرىيەگە پايدىسىز قارار چىقىرىشقا بىرنەچچە قېتىم مەجبۇرلىدى، گەرچە سۇرىيە ئۆتى ئىجرا قىلىشۋاتقانلارنىڭ بىرسى بولسىمۇ. لېكىن، سۇرىيە خەلقى قورقۇپ قالمايدۇ، ھەرقانداق قىيىنچىلىق ئالدىدا، ئۇلار سۆيۈملۈك بەشىر ئاساد زۇڭتۇڭنىڭ رەھبەرلىكىدە قەتئىي قارشىلىق كۆرسىتىدۇ.

بۇلتۇرقى ئاشىق - مەشۇقلار بايرىمىدا، لىۋاننىڭ سابىق زۇڭتۇڭى رەفىق ھارىرى بېيرۇت شەھەر مەركىزىدە پارتلىتىش ھۇجۇمىغا ئۇچراپ ھاياتىدىن ئايرىلدى. لىۋان ئىچكى ئۇرۇشىدىن كېيىن، ھارىرى مەزكۇر دۆلەتنى قايتا قۇرۇش جەريانىدا مۇھىم رول ئوينىغانىدى، ئۇنىڭ نام چىقىرىشىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى، ئۇ سۇرىيەنىڭ لىۋان چېگراسى ئىچىدە ئەسكەر تۇرغۇزۇشىغا قارشى تۇرغانىدى. مىش - مىش پاراڭلارغا قارىغاندا، سۇرىيەلىكلەر پارتلىتىشنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى رولچىسىمىش. لىۋاندا قارشىلىق پارتلىغاندىن كېيىن، سۇرىيەلىكلەر قوشۇنىنى چېكىندۇرۇپ كەتتى. سۇرىيەنىڭ ئاشۇ قىش كۈنلىرى سۆز -

چۆچەكلەر ئەتراپىنى بىر ئالغانىدى.

سۈرىيەنىڭ بىكىنىمچىلىك قىلىۋاتقىنىغا نەچچە ئون يىل بولدى. ئۇنىڭ ھاكىمىيىتى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋاقتىنىڭ كۆپ قىسمىدا سوتسىيالىزم شەكلىنى قوللىنىپ دىنىنىڭ سىياسىيغا ئارىلىشىشىغا رۇخسەت قىلمىغان، خەلق قوبۇل قىلىدىغان ئۇچۇرلار سىياسىي تەكشۈرۈشتىن ئۆتىدۇ. خەلقئارالىشىش دولقۇنىنىڭ دەۋرەپ يېتىپ كېلىشىگە ئەگىشىپ، دەمەشقنىڭ ھەممىلا يېرىگە مەنىسى مۇجمەل، يۇقىرى ماقامدىكى مۇشۇنداق شوئارلار ئېسىلغان. بۇ ھۆكۈمەتنىڭ چەتنىڭ پاراكەنچىدىلىكىگە قايتۇرغان ئىنكاسى. زوڭتۇڭ بەشىر ئاساد ۋە سۈرىيە خەلقى ئاللادىن باشقا ھېچكىمگە تىز پۈكمەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، سۆز ئەركىنلىكى، بىلىم مۇھىتى ۋە سىياسىي مەدەنىيەت كەمچىل، شۇنداقلا مەخپىي ساقچىلار قوشۇنى ھەر ۋاقىت نازارەت قىلىپ تۇرغانلىقتىن، مەسچىت كىشىلەرنىڭ يىغىلىپ سىياسىينى مۇھاكىمە قىلىدىغان بىردىنبىر جايى بولۇپ قالغان.

تۇنجى كۈنى مېنى ئەڭ ھەيران قالدۇرغىنى، ئەسەبىيلىككە تولغان شوئارلارنىڭ پۇقرالارنىڭ شەخسىي تەشەببۇسى قالپىقى ئاستىدا بازاردا تارقالغانلىقى بولدى. ھالبۇكى، بازار جامائەت سورۇنلىرى ئىچىدىكى ئاممىۋى سورۇن ئىدى. سۈرىيەدە مەزمۇنى سەزگۈر بىر پارچە ئېلخەت سىزنىڭ مەخپىي ساقچىلار تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىشىڭىزغا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن، بىراق مەركىزىي بازارغا تارقالغان پىلاكاتلارنىڭ ئېسىلىشى جەزمەن ھۆكۈمەتنىڭ ھىماتىدا بولىدىكەن. باشقا جەمئىيەتتە بولسا، مەلۇم مۇستەقىل سىياسىي پارتىيەنىڭ بىر جاينى ئىجارىگە ئېلىپ، سىياسىي تەلىپىنى ئىپادىلەش ھوقۇقى بولسىمۇ، بۇنداق پىلاكاتلارنى ئېسىشنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئىنتايىن قىيىن، يەنى بۇ خەلقئارادىكى دۈشمىنىگە قارىتىلغان ئاشكارا چۇقانلىرىنى دەۋر مەيدانى ياكى ئوكسفورد كوچىسى دېگەندەك جايلارغا ئ اسقاندەكلا

بىر ئىش ئىدى. قانداقتۇر بىر خەلقئارا ۋەقە قوللىغۇچىلىرىنىڭ مۇشۇنداق چېكىدىن ئاشقان جار سېلىش دەرىجىسىگە يېتىشىگە رۇخسەت قىلىنىشىنىڭ ھىندىستاندا يۈز بېرىشىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايتتىم.

نەرسە - كېرەك سېتىۋالغىلى كەلگەن خېرىدارلار پادىچى ئىشتىنى كىيىۋېلىشقانىدى، ماروژنى يېيىشەتتى. ئۇلار لاپاسلىق بازارنى بويلاپ كېتىۋاتقاندا خىيالىغا كۆپرەك كېلىدىغىنى ئەنئەنىۋى ئەرەب بازىرى ئەمەس، بەلكى پارىژنىڭ پىيادىلەر يولى بولاتتى، ئۇلار پىلاكاتلارنى ئۇنتۇپ كەتكەندەكلا قىلاتتى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ياش ئەرلەر بولۇپ، شالاڭ ساقال قويۇۋالغان، كەڭ ئىشتان ۋە ئازادە تولىستوپكا كىيىۋالغانىدى. ئۇلار ئىككى - ئۈچتىن بولۇشۇپ، مۇرىلىرىنى تۇتىشىپ، بىر يايمىدىن بىرنېمە يېسە، يەنە بىر يايمىدىن ئۇسسۇلۇق ئىچىشەتتى. ئۇلارنىڭ قىلچە نىشانى يوقتەك قىلاتتى، خالىغانچە تاماكا چېكىشەتتى. كۆپىنچە سودا ئاياللار ئارىسىدا بولاتتى، ئۇلار قېلىن قارا كەمزۇل كىيىۋالغان، ياغلىق سالغان، بەزىلىرى چۈمپەردە بىلەن يۈزىنى توسۇۋالغانىدى. بۇرۇتلۇق دۇكان ئوجايىنى يوغان قورسىقىنى تومپايتىپ تۇراتتى. چەت ئەللىكلەرلا توختاپ بۇ پىلاكاتلارنى ئوقۇيتتى. بىر توپ ئىتالىيەلىك ساياھەتچى لاپاسلىق بازارنىڭ بېشىدا قەدىمىنى توختىتىپ قارىشىۋاتاتتى. كۆكتىكى بۇلۇتلار قارىداپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇلار ھەيۋەتلىك ئۇمەييە مەسچىتىگە بارماقچى بولۇۋاتاتتى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىنگلىز، فىرانسۇز تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان بۇ ئۇچۇرلارنى ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ كۆرۈشى كېرەك ئىدى.

ئاشۇ قىش كۈنلىرىدىكى سۈرىيە ئۇرۇش خەۋپىگە ئۇچراۋاتقان بولسىمۇ، بىراق چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەنگلىيەلىك، فىرانسىيەلىك، دانىيەلىك، نورۋېگىيەلىك، ھىندىستانلىق، پاكىستانلىق، ھەتتا ئامېرىكىلىقلارمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ پەيدا بولۇشى خەلقئارا

سۈيىقەست گۇمانلىرىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. سۈرىيە مەن زىيارەت قىلغان تۇنجى ساقچى دۆلىتى، سەل ـ پەللا كەتكۇزۇپ قويسام چېگرادىن چىقىرىۋېتىلىشىم ئېھتىمال ئىدى. مۇشۇ ئۆيدە قاتمۇقات نازارەت ئاستىدىكى مېھمانخانىلاردىن يىراقلىشىش، شۇنداقلا ئۆزۈمنىڭ پىلانى بويىچە بۇ يەرنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن، يۇرۇشلۇك ياتاق بىناسىدىن بىر ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ بۇ يەردە ئىككى ئاي تۇرۇشنى قارار قىلدىم.

يېڭى كەلگەن بىرنەچچە كۈندە، ئالاھىدە چەت ئەللىكلەر تولىمۇ، يەنى دەمەشق ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارنى ئۇچراتتىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسى «11 ـ سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن ئەرەب تىلىنى ئۆگەنمەكچى بولغانلار ئىكەن. گەرچە نۇرغۇن كىشىنىڭ ئىسلام دىنىغا قىزىقىشى بولسىمۇ، بىراق بۇ يەرگە كېلىشىگە تۈرتكە بولغان سەۋەب دىن ئەمەس، بەلكى ئەرەب تىلىنى ئۆگەنمەكچى بولغانلار ئىكەن. مەن بارتتەك بىر كىشىنىڭ بۇ چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىللە ئۆتنۇۋاتقانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىدىم، چۈنكى ئۇ ئەرەب تىلى ئۆگەنمەكچى، شۇنداقلا ئېتىقاد مەدەنىيىتىگە غەرق بولغانىدى. مەن ئابدۇللا ئىككىسىنى خىيالىمغا كەلتۈردۈم، شۇنىڭ بىلەن ئەركىن، ئېچىۋېتىلگەن، گۈللەنگەن ئەللەردىن كەلگەن ئاشۇ كىشىلەرنىڭ سۈرىيەدە نېمىلەرنى ئىزدەپ تاپماقچى بولغانلىقىنى بەك بىلگۈم كەلدى. ئەنگلىيە ياكى تۈركىيەدە ئۇلارنىڭ ئىزدەيدىغىنى ئەڭ كۆپ بولغاندا شەخسىي مەۋقەلەرگىلا ۋەكىللىك قىلالايتتى. لېكىن، سۈرىيە ئۇلارنىڭ ئىدىيەسىنى كېڭەيتمەكچى بولغان جاي بولغانلىقتىن، كوللېكتىپ ئارقا كۆرۈنۈشىدە ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادىن نېمىلەرنى ئۆگەنمەكچى بولغانلىرىنى راستىلا بەك بىلگۈم كەلدى.

مەن بارتتەك كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىغا بەكمۇ قىزىقاتتىم، ئېيۋىن مەن سوئال سورايدىغان تۇنجى كىشى ئىدى. نورۋېگىيەدىن

كەلگەن، سېرىق چاچلىق، كېلىشكەن بۇ يىگىت ئەرەبچە ئۆگىنىۋاتاتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتمەكچىمۇ بولۇۋاتاتتى. ئۇنىڭدىن بارتتەك كىشىلەرنىڭ دەمەشقتە نېمە قىلىشى مۇمكىن دەپ قارايدىغانلىقىنى سورىدىم. ئېۋۈن بارت توغرىسىدىكى سۆزلىرىمنى زەن قويۇپ ئاڭلىغاندىن كېيىن، لەۋلىرىنى چىڭ يۇمدى، چىقارغان بوشقىنا ئاۋازى ئۇنىڭ چۈشەنگەنلىكىنىمۇ، تاقەتسىزلەنگەنلىكىنىمۇ بىلدۈرۈۋاتقاندەك قىلاتتى. ئابۇنو مەركىزىنى پىششىق بىلىدىغان چەت ئەللىك ئوقۇغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئاغزىم بېسىقماي قىلغان پەرەزلىرىمدىن بارتنىڭ ئۇ يەرگە ئوقۇشقا كىرىشى چوقۇم ئېۋۈنىنىڭ ئىچىنى پۇشۇراتتى. ئۇنىڭ زېرەكلىك چىقىپ تۇرغان چىرايى ھاياجانغا تولغانىدى. ئۇ بۇ ئىسلام ئۈنىۋېرسىتېتى ۋە مەسچىتنىڭ قانداق قىلىپ مالىدىن تارتىپ ھىندونېزىيەگىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئوقۇغۇچىلارنى جەلپ قىلالىغانلىقىنى سۆزلەپ بەرمەكچى بولدى ـ يۇ، گەپ قىلالمىدى. ئۇ مېنىڭ نېمىلەرنى بىلمەكچى بولغىنىمنى بىلىپ، جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا سوغۇققىنا كۈلۈپ قويدى.

بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندە، بىز ئابۇنو مەركىزىگە بىللە بېرىش ۋاقتىنى بېكىتەلىدۇق. ئېۋۈن ئەتىگەندە دەمەشق ئۈنىۋېرسىتېتىدا ئەرەب تىلى دەرسىگە قاتنىشاتتى. چۈشتىن كېيىن ياتىقىمدىن ۋاقچىرەك چىقتىم. بىز بىر يانتۇ كوچىنى بويلاپ «ئىنجىل» دىكى كېسپىئان تېغىغا قاراپ ماڭدۇق. تاغ چوققىسى دەل ـ دەرەخسىز، تۇتۇق رەڭدە ئىدى، تاغ ئېتىكىدىكى كىچىك شەھەرنىڭ سېمونت ئۆيلىرى تاغ يانباغرىنى بويلاپ ئازراق يۇقىرىغا سوزۇلغانىدى. بىز قۇببەسى قىزىلگۈل رەڭلىك مەشھۇر جىبىل ئەبۇياقۇب مەسچىتىنىڭ يېنىدىن ئۆتتۇق، ئۇنىڭ يېنىدىكىسى فىرانسىيە ئەلچىخانىسى ئىدى. كېيىنكى بىرنەچچە ھەپتىدە بىز بۇ يەردە تامامەن ئوخشىمايدىغان بىر خىل

كەيپىياتنى ھېس قىلدۇق. بىز تاغ ئېتىكىگە يېقىن جايدىن ئۆتكىنىمىزدە، ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ، ئۇن مىنۇتچە ماڭدۇق، نەچچە يۈز مېتىرلا نېرى بېرىۋىدۇق، شەھەرنىڭ قىياپىتى تامامەن ئوخشىماي قالدى. كەڭرى ئاساسىي كوچىلار، مېھمانسارايلار ۋە ھەرقايسى ئەل ئەلچىخانىلىرى غايىب بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنىنى قىستاڭ مەھەللىلەر ئالدى. تار ھەم قىستاڭ بۇ كوچىلاردا زاھىر بولغان ئەنئەنە مەنزىرىسى ھەتتا قەدىمكى شەھەرلەرنىڭكىدىنمۇ ئېشىپ چۈشەتتى. بۇ يەردە ساياھەتچى، ئاسارئەتىقە دۇكىنى دېگەنلەر يوق ئىدى، مىلىچمال دۇكانلىرى بازار تاپالمايتتى، ئەكسىچە، قەدىمىي شەھەرلەردە بولسا بەزىدە ئىنتايىن روناق تاپالايتتى. ناھايىتى راۋان يۇرۇشكەن، گۈللەپ ياشناۋاتقان ئەنئەنىۋى بازار بۇ دۇنيا بىلەن سەل سىغىشالمىغاندەك قىلاتتى. قاسساپنىڭ گۆش دۇكىنىدىكى بىر تۆمۈر ئاسقۇدا بىر تۆگىنىڭ بېشى پۈتۈن پېتى ئېسىقلىق ئىدى، دۇكاننىڭ بىر يېپىق يېرىدە، بىر ئەر كۇنبويى گورىلكا بىلەن كاۋاپ پىشۇراتتى. ئۇنىڭ يېنىدىكى شىرەگە شىلىمشىق، ھىجايغان كالىپۇكلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئۇششاق چىشلىرى كۆرۈنۈپ قالغان، قاقلاپ پىشۇرۇلغان قوي كاللىلىرى تىزىپ قويۇلغانىدى، يېنىغا بېزەك ھېسابىدا يېڭى كەرەپشىمۇ قويۇپ قويۇلغانىدى. كۆك رەڭلىك كىچىك يۈك ماشىنىسى ئادەملەر توپىنى ئاستا كېسىپ ئۆتتى، بىر ئەر كىشى ماشىنىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى بىر دۆۋە ئانارنىڭ ئۈستىدە ئولتۇراتتى. بىر ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرى رېمونتخانىسىنىڭ يېنىدىكى دۇكان خورما، زەيتۇن، ھۆلبە ۋە قىزىل ئاپېلسىنلار بىلەن تولغانىدى. ئەتىر ساتىدىغان سېتىقچى ھەرقانداق خىلدىكى غەربچە ئەتىر پۇرىقىنى تەقلىد قىلىپ ئىشلىيەلەيدىغانلىقى توغرۇلۇق كاپالەت بەرمەكتە ئىدى. ياشىنىپ قالغان بىرنەچچە ئايال بېشىنى مەملۇك مەسچىتىنىڭ سوغۇق تاش دەرۋازىسىغا قويغىنىچە، ئالتە قىرلىق ئۈچلۇق مۇنار ۋە ئىستالاكتىتقا خېرىدار چاقىرىپ توۋلىماقتا ئىدى.

ئېۋىنىڭ ياسىنىشى بۇ بازارغا ناھايىتى لايىق كەلگەنىدى. ئۇ قېنىق رەڭلىك ئەرەبچە قاپلىما كىيىم كىيىۋالغانىدى، ئۇزۇن سېرىق چاچلىرىنى قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن بۆك يېپىپ تۇراتتى. ئۇ فوتو ئاپپاراتىنى ئېھتىيات بىلەن يېنىغا تىقىۋالغانىدى. چەت ئەللىكلەرنىڭ سالاھىيىتى ھېچقانداق تونۇلغۇ بولالمايتتى. بازار ھەممە قىزىقىدىغان جاي ئىدى. ئۇ دائىم بۇ يەردىكى مەسچىتكە كېلىپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىدىكەن، ئاق تەنلىك بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئېتىقادقا بولغان قىزىقىشى ھەممىشە كىشىلەرنىڭ قايىللىقى ۋە ھەۋىسىنى قوزغايدىكەن. ئۇ سۆرىيەنىڭ كوچا شېۋىسىدە ئەمەس، بەلكى ئۆلچەملىك ئەرەب تىلىدا، يەنى كىلاسسىك، ئەدەبىيلەشكەن ئەرەب تىلىدا سۆزلەيدىكەن. بۇمۇ كىشىلەردە چوقۇم چوڭقۇر تەسىر قالدۇراتتى.

بىز ئالغا قاراپ مېڭىشنى داۋاملاشتۇردۇق. بازار بارغانسېرى تارىيىپ، ئابۇنونىڭ ئەتراپىنى چۆرىدىگەن ئالاھىدىلىك ئېنىق نامايان بولۇشقا باشلىدى، بىراق ئۇنىڭ ئۆزگىچە يەنە خېلى ئارىلىق بار ئىدى. بىرنەچچە جەنۇبىي ئاسىيالىق بىز تەرەپكە يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. ئاق كىيىم كىيىۋالغان، قويۇق قارا بۇرۇت قويۇۋالغان، قاراشلىرى ئۆتكۈر بۇ كىشىلەر توپ ئىچىدە كۆزگە ئېنىق چېلىقىپ تۇراتتى. بىز ئابۇنونى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈشتىن بۇرۇنلا، ئۇلار خۇددى خەۋەرچىلەردەك بۇ يەرنىڭ كۆپ خىل مەدەنىيىتىدىن خەۋەر بەردى. ئارقىدىنلا بىز يەنە جىۋەك ھىندونېزىيەلىكلەرنى كۆردۇق. ئۇلار كونۇسسىمان بۆك كىيىۋالغان، ساقال ـ بۇرۇت قويۇۋالغانىدى. بۇ يەردە يەنە رەڭلىك چۇمپەردە سېلىۋالغان قاۋۇل غەربىي ئافرىقىلىق ئايال لار ۋە يۈز تۈكلىرى قىزغۇچ ياۋروپالىق مۇسۇلمانلار، ئېفىيوپىيەدىكى ياڭاق سۆڭىكى ئېگىز، ئاغزى كىچىككىنە كەلگەن ئافرىقىلىقلار بار ئىدى. جەنۇبىي ئاسىيالىقلار ئەڭ كۆپ بولۇپ، گەپ ـ سۆزىدە ئىنگلىزچە تەلەپپۇز بار ئىدى.

يەنە نەپىس چاسا چۆمپەردە سىلىنغان شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيالىق قىزلارمۇ بار ئىدى. دۆلەت تەۋەلىكىم ۋە ئىرقىم مېنىڭ شەخسىي بەلگەم، بىراق ئابۇنوغا كەلگەن كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ پەرقلەر بىر خىل تېخىمۇ يۇكسەك ساداقەتمەنلىك تەرىپىدىن يېپىۋېتىلگەنىدى.

بىر كىچىك مەيدان ئەڭ ئاۋات جاي ئىكەن. ئۇ يەردە تورخانا، ئىسلام كىتابخانىسى، چېنىقىش مەركىزى ۋە «شەيپەھۇ ئەررەئىسسىيا» (ئاللاغا شۈكۈر) دەپ ئاتىلىدىغان ماگىزىن بار ئىكەن، ماگىزىندا مەخسۇس غەرب بازارلىرىغا سېتىلىدىغان ئىسلام پاسونىدىكى كىيىملەر سېتىلىدىكەن. ئېۋىن ئىمچىسىنى مۇشۇ يەردىن سېتىۋالغانىكەن. بۇ يەردىكى ئېلېمېنتلار مەن ئىلگىرى بارغان ئىككى جاي — بارت بىلەن ئۇچراشقان مانچېستېر «كۇررى» كوچىسى ۋە ئىستانبۇلدىكى رادىكاللار توپلاشقان كىچىك تاغ چوققىسىدىكىگە ئوخشاش ئىدى: ئاياللار ۋە ھاراق - شاراب يوق چاغلاردا، ئىدېئولوگىيە تۇسى قويۇق كىتابخانا، چېنىقىش ئورۇنلىرى ئىجتىمائىي ئالاقە مەركىزىگە ئايلىناتتى. يەنە تورخانىمۇ بار، ئۇ يەردە پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرغىلى ھەم ئىسلام تور بېكەتلىرىگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىققىلى بولاتتى. بۇ كىچىك مەيداندىن ئابۇنونىڭ ئاق رەڭلىك ئۇچلۇق مەرمەر مۇنارىنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى.

يەتمىش يىل ئىلگىرى ئابۇنو يېڭى سېلىنغاندا كىچىك مەسچىت ئىدى، بىراق يېقىنقى ئوتتۇز يىل مابەينىدە، سابىق باش ئىسلام قانۇنشۇناسى ئەھمەد گۇتالۇنىڭ باشقۇرۇشىدا بۇ مەسچىتنىڭ تەسىر كۈچى بۇ كىچىككىنە ئەنئەنىۋى بازارنى قاپلىغانىدى. ئۈچ مەدرىسە كۆپەيتىپ سېلىنغان، بۇنىڭ ئىككىسى قانۇن مەكتىپى بولۇپ، توققۇز قەۋەتلىك ئىمارەت ئىدى. بۇ مەكتەپلەردە ئەرەب تىلى ۋە دىنشۇناسلىق دەرسلىرى تەسىس قىلىنغانىدى، ئەللىك بەش دۆلەتتىن كەلگەن ئون ئىككى

مىڭدىن ئوشۇق ئوقۇغۇچى بۇ يەردە بىلىم ئالاتتى. ئابۇنو بۇ يەردىكى ئالىي دىنى داھىي پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللايدىغان جاي ئىدى. ئۇنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى دىنىي كۈچنىڭ سۈرىيەدە ئۆزۈكسىز زورىيىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتەتتى، شۇنداقلا سۈرىيەنىڭ خەلقئارا ئىسلام تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۇيۇشۇشىدىكى مۇھىملىقىنى نامايان قىلىپ بېرەتتى. سابىق باش ئىسلام قانۇنشۇناسى كەڭ قورساقلىقى ۋە باشقا دىنلارنى قوبۇل قىلىشى بىلەن داڭلىق ئىدى. ئابۇنو «ئىسلامنىڭ ھەقىقىي قىياپىتى» نى يەتكۈزگەنلىكى ھەم بۇ يولغا باشلىغانلىقى بىلەن پەخىرلىنەتتى. ھەر جۈمە كۈنى بۇ يەرنىڭ يىغىن زالى ھەمىدە مەخسۇس چەت ئەللىكلەر ۋە ئاياللارغا مۇلازىمەت قىلىدىغان قوشۇمچە بىناسى ئادەملەرگە تولۇپ كېتەتتى. سۈرىيەلىكلەر ۋە چەت ئەللىكلەر مەسچىتكە كېلەتتى، بىراق ئېتىقاد ۋە تىل كويىدا كەلگەن غەيرىي ئەرەب مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئابۇنو بىر ئالاھىدە جاي ئىدى.

بىز تارىقنى ئىزدىدۇق، ئالىي مەكتەپتىكى يېڭى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ بارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرەلەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئېيۇن ئۇنى بىر دۇكاندىن سۈرۈشتۈردى، بۇ چاغدا ئۇ مەيداننىڭ بىر بۇرجىكىدە پەيدا بولدى. ئېگىز بوي، سېمىز، مۇلايىم بۇ كىشى ئېگىنىنىڭ ئاستىنى پاكىز قىردۇرۇپ، تىپىك ئىسلامچە ساقال ـ بۇرۇت قويۇۋالغانىدى، ساقال ـ بۇرۇتى بەكلا قارا ئىدى. ئۇ ئېيۇن بىلەن قىزغىن سالاملاشتى، ئاندىن ماڭا لاپپىدە قارىۋېتىپ:

— بۇرادەر، سىز ھىندىستانلىقمۇ ياكى پاكىستانلىقمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— پاكىستانلىق، — دەپ جاۋاب بەردىم مەن ئۆزۈمگە ئازراق تۇس قوشۇپ.

— بىز ھەممە دۆلەتتىن كەلگەن كىشىلەرنى قارشى ئالىمىز، بۇرادەر، چۈنكى ياۋروپادىكى چېغىمدا ھەممە كىشى ماڭا ئىنتايىن

دوستانە مۇئامىلە قىلدى. سىزگە ياردەم بېرەلىشىم مۇمكىن، بۇرادەر. مەن باشقا يول باشلىغۇچىلارغا ئوخشىمايمەن، يەنى بىر تىيىنمۇ ھەق ئالمايمەن.

ئۇنىڭ دېگىنى راست ئىدى، بىراق ئۇ مېنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈرۈپ قويدى. مەن تارىقنىڭ پۇل تېپىش ئۈچۈن بۇرۇلۇپلا باشقا جايغا كېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدىم.

ئۇنىڭدىن ئابۇنودا رويخەتكە ئالدۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى سورىدىم.

— بولىدۇ، بولىدۇ، بۇرادەر، مەن سىزگە ياردەم قىلىمەن، — دېدى ئۇ، — سىز قايسى دەرسكە قاتناشماقچى؟ ئەرەب تىلىغىمۇ؟ ئىسلام دەرسىگىمۇ؟ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن، مەسىلەن، نورۋېگىيە، ئەنگلىيە، ئافرىقا، پاكىستان دېگەندەك يەرلەردىن كەلگەن نۇرغۇن كىشى ئىسلام دىنىنى ئۆگىنىدۇ، — ئۇ بىزنى باشقىلارغا ئىشىنىپ قالماسلىقىقا ئاگاھلاندۇردى، يەنە بىزنىڭ بىر ئەنئەنىمىزگە مۇناسىۋەتلىك ئىككىنچى ئەۋلاد خەلىپە ئۆمەرنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەردى، — ئۇ مەلۇم كىشى بىلەن بىرلا ۋاقىتتا بىر كىشىنىڭ ئىبادەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ، — دېدى تارىق، — ھەمراھى: «ئۇ ياخشى ئادەم» دەپتۇ، «ئۇنىڭ ياخشى ئادەم ئىكەنلىكىنى قانداق بىلىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ ئۆمەر، — سەن ئۇنىڭ بىلەن تىجارەت قىلىپ باققانمۇ؟ بىللە سەپەرگە چىقىپ باققانمۇ؟ مۇشۇ ئىشلارنى قىلغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ ياخشى ئادەم ياكى ياخشى ئادەم ئەمەسلىكىنى بىلەلەيسەن.»

تارىق بەك پاراڭچى ئىكەن، ئەگەر بىز ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋېتىپ ئۆزىمىزنى ئارامىغا قويمىغان بولساق، يەنە ئۇزاق سۆزلىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. ئۇ ئەتە سائەت ئون ئىككى يېرىمدا جۈمە نامىزىدىن بۇرۇن كېلىپ ماڭا ياردەم بېرىشكە ماقۇل بولدى. ئۇنىڭ نامازنى تىلغا ئالغانلىقىنى ئاڭلاپ، سەل ئەنسىرەپ قالدىم. ئەگەر ئۇ مېنى بىللە نامازغا ئاپىرىپ، ناماز

ئوقۇشنى زادىلا بىلمەيدىغانلىقىمىنى بىلىپ قالسا قانداق قىلغۇلۇق؟
— تارىق، ناماز ئوقۇشنى قانداق ئۆگىنىمەن، — دېدىم مەن تۇيۇقسىز.
— ئەنسىرىمەڭ، بۇرادەر، — دېدى ئۇ ئازراقمۇ ئارسالدى بولماي، — بىز سىزگە نامازنى قانداق ئوقۇشنى ئۆگىتىمىز.

ئەتىسى مەن ئىسلام مەيدانىدىكى تورخانىدا تارىقنى ساقلىدىم. ئۇ كېچىكتى، مەن ئۇنىڭ ئاغزىدا ماقۇل بولغىنىنى بىلەن، ئاخىرىدا كەلمەي قويۇشىدىن ئەنسىرىدىم. يېنىمدا چىرايى نۇرسىز، بۇجغۇر، قوڭۇر ساقاللىق بىر ياۋروپالىق چېچېن ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ تور بېكىتىنى كۆرگەچ، سىكروفوندىن پايدىلىنىپ Skype ئارقىلىق سۆزلەۋاتاتتى. مەن تورخانىغا بىرقانچە قېتىم كىرىپ ـ چىقىپ، ۋاقىتتىن ئەندىشە قىلىپ تۇرغىنىمدا تارىق پەيدا بولدى. ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى، تارىق ماڭا قارىدى، ئۇنىڭ قارىشى خۇددى بىر ئولىمپىك تىرېنېرىنىڭ بىر چولپان ماھىر يارىلانغاندىن كېيىن بىر زاپاس ئەزاغا قارىشىغا ئوخشايتتى. ئۇ قولۇمدىن تارتقىنىچە ئابۇنو تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭغا ناماز ئوقۇشنى بىلمەيدىغانلىقىمنى ئەسكەرتتىم.
— ھېچقىسى يوق، بۇرادەر، — دېدى ئۇ مېنى كۆپ قەۋەتلىك مەرمەر بىنا تەرەپكە باشلاپ كېتىۋېتىپ، — بىز سىزگە ئۆگىتىمىز.
ئوخشىمىغان ئىرقلاردىكى نەچچە يۈز كىشى كىرىپ، ئايىغلىرىنى سالدى ۋە كىرىش ئېغىزى يېنىدىكى جاھازىغا قويۇپ قويدى.

ئىچىگە قاراپ، ئابۇنو مەسچىتىنىڭ ئىشىك، كارىدور ۋە پەلەمپەيدىن تەركىب تاپقان كۆپ ئۆلچەملىك سىرلىق سارايى ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. مەن تارىققا يېقىن ئەگەشتىم، ئۇ قىستىلىشقان كىشىلەر توپىنى ئىتتىرىپ يول ئېچىپ،

ئىككىنچى قەۋەتنىڭ پەلەمپەيدىن چىقتى. ئۇستىگە چىققاندا، بىر ئاياغلىرىمىزنى سېلىپ قويۇپ، گىلەم سېلىنغان كارىدورغا كەلدۇق. توسۇق ئەينەكتىن پەستە نەچچە يۈز كىشىنىڭ قاتار - قاتار تىزىلىپ رەتلىك ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۇم. ئەتراپى ئەينەك توسۇقلۇق ئىككى قەۋەت دالان ئىدى. ئايرىم - ئايرىم هالدا ئۇزۇن زەنجىر ۋە ئاق رەڭلىك ئىنچىكە دەستە بىلەن مۇقىملاشتۇرۇلغان زىننەت چىراغلىرى ۋە شامالدۇرغۇچلار ئېگىز تورۇستىن ئاق بۆكلۈك ئادەملەر دېڭىزىغا ساڭگىلاپ تۇراتتى.

كارىدورنىڭ بېشىدىكى بۇلۇڭدا تاملىرىغا گىلەم ئېسىلغان، بىر تەرىپىدىكى دېرىزىدىن پەستىكى مەنزىرىنى كۆرگىلى بولىدىغان بىر ئۆي بار ئىدى. يېشى، مىللىتى ئوخشىمايدىغان ياش ئەرلەر قارا رەڭلىك تىڭشىغۇچ تاقاپ ئۇ يەر - بۇ يەردە چۆرىدەپ ئولتۇرۇشاتتى، بەزىلىرى يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا، بەزىلىرى يەردە ئولتۇرۇپ، تېلېۋىزور ئېكرانىدىكى خۇتبە سىن لېنتىسىنى كۆرۈۋاتاتتى. تارىقنىڭ دېيىشىچە، بۇ يەر تەرجىمىخانا ئىكەن. ئۇ بۇ يەردىكى هەربىر كىشىنى تونۇيدىغاندەك، ئۆينىڭ ئىچىگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن، نىمچە كىيگەن بىر كىشىنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ قويدى. هېلىقى كىشى بېشىنى كۆتۈرۈۋىدى، تارىق:

— مۇهەممەد، سەن پاكىستاندىن كەلگەن بۇ قېرىندىشى- مىزدىن خەۋەر ئېلىپ، ئۇنىڭغا ناماز ئوقۇشنى ئۆگىتىپ قويساڭ بوپتىكەن، — دېدى.

ئورۇق، قارا كەلگەن مۇهەممەد قارىماققا هىندىستاننىڭ جەنۇبىدىكى كىشىلەرگە ئوخشايتتى. ئۇ بېشىنى ئاستا لىڭشىتىپ، پەس ئاۋازدا نېمىلەرنىدۇر دېدى. تارىق ئۇنىڭغا رەهمەت ئېيتىپ، ماڭا مەدەت بەرگەندەك كۈلۈمسىرەپ قويدى، ئاندىن كۆزدىن غايىب بولدى.

مۇهەممەد ماڭا بىر تىڭشىغۇچنى سۇندى، مەن ئۇنىڭ قېشىدا ئولتۇردۇم. تەرجىمىخانىدىكىلەر مېنىڭدىن ئىنگلىز

تىلىدىكىسىنى كېرەك قىلىدىغان ـ قىلمايدىغانلىقىمنى سورىدى (ئېنىقكى، ئۇلار يەنە باشقا سەككىز خىل تىل بىلەن تەمىن ئېتىدىكەن). مەن: «كېرەك» دېدىم. ئارقىدىن، تەرجىمە ئېكرانىدا مەسچىتلەردىلا ئىشلىتىلىدىغان ئاھاڭدا ئاستا سۆزلەۋاتقان چار ساقاللىق ئىمامنى كۆردۈم. ئۇ نامراتلارغا ياردەم بېرىشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەپ، قۇتقۇزۇش نىسبىتىنىڭ ئادەتتىكى مۇسۇلمانلاردىن تەلەپ قىلىنىدىغىنىدىن ئىككى پىرسەنت ئارتۇق بولۇشىنى تەشەببۇس قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭچە، بۇنداق قىلىش ئاللا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە بولغان مۇھەببەتنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئىكەن. ئەينى چاغدا مەن ئېكراندىكى ئىمامنىڭ ئاللىقاچان تۈگەپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيتتىم. ئۇ دەل ئىمام ئەھمەد گۇتالۇ بولۇپ، سۇرىيەنىڭ باش ئىسلام قانۇنشۇناسى، ئابۇنونىڭ بەرپاچىسى ئىدى.

بىردەم ئاڭلىغاندىن كېيىن، مۇھەممەد:

— بىز ئەمدى تاھارەت ئالغىلى بارايلىمۇ؟ — دېدى پەس ئاۋازدا.

— ماقۇل.

ئۇ ئورنىدىن ئالدىرىماي تۇردى، مەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ تەرجىمىخانىدىن ئايرىلدىم. بۇلۇڭ تەرەپتە غۇسلىخانا بار ئىكەن، يەر يۈزىگە مۇزدەك مەرمەر ياتقۇزۇلغانىدى. غۇسلىخانا رايونىدا بىرنەچچە دانە مېتال جومەك قاتار تىزىقلىق ئىدى. مۇھەممەت ماڭا تاھارەت ئېلىش تەرتىپىنى ئۆگەتتى، ئاۋۋال قولنى، جەينەكنىڭ ئاستىدىكى بىلەكنى، باشنىڭ بىر قىسمىنى، ئاندىن كېيىن پۇتنى ئوشۇقىچە يۇيىدىكەنمىز.

— سۇنى ھەممە ئورۇنغا تەگكۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك، — دېدى ۋە تاھارەت ئېلىشقا باشلىدى. مەن كۆزەتكەچ ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرى بويىچە ئىش قىلدىم. ئۇ ئىنتايىن ئەستايىدىللىق بىلەن يۇيۇپ، بارماقلىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئايرىپ، سۇنى بارماقلارنىڭ ئارىسىدىكى ئاقراق تېرىگە

تەگكۈزدى. ئۇ مېنىڭ يۈزۈمنى بىر قېتىملا يۇغىنىمىنى بايقاپ قېلىپ، پەس ئاۋازدا:
— پەيغەمبىرىمىز ئۈچ قېتىم يۇياتتى، — دېدى.
مەن يەنە ئىككى قېتىم يۇدۇم.
— بەدىنىمىزنىڭ بۇ قىسىملىرىنى يۇيۇپ تازىلىشىمىزنىڭ سەۋەبى، — دەپ قوشۇمچە قىلدى ئۇ، — بۇ ئورۇنلار سىرتتا ئوچۇق تۇرىدۇ، ئۇلارنى يۇغاندا پۈتۈن بەدىنىمىزنى سالقىن ساقلىغىلىمۇ بولىدۇ.
تەرجىمىخانىغا قايتىپ كىرگىنىمدە، پۈت ۋە چاچلىرىم ھۆل ئىدى. سابىق ئىسلام قانۇنشۇناسىنىڭ ئاۋاز لېنتىسى ئاياغلىشىپ بولغانىدى، ئارىلىقتا بىرنەچچە مىنۇت دەم ئېلىش ۋاقتى بار ئىكەن. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مۇھەممەدتىن ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدىم. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇ سۈرىيەدە ئىسلام شەرىئىتىنى ئۆگىنىۋېتىپتۇ، ئاۋستىرالىيەدە چوڭ بولغانىكەن، ئاتا ـ ئانىسى ۋە بوۋا ـ مومىلىرى ھىندىستاندىن ئۇ يەرگە كۆچۈپ بېرىپ ئىسلام دىنىنى تارقاتقانىكەن.
— ئۇ يەرنى ياخشى كۆرەمسىز؟
— ناھايىتى ياخشى جاي، — دېدى ئۇ، — مەن بىلىدىغان ئەڭ قالتىس دۆلەت.
ئۇنىڭ قاپقارا سىرتقى قىياپەت ئالاھىدىلىكى ئافرىقىلىق ياكى يەرلىك ئاھالىلەرنىڭكىگە ئوخشاپ كېتەتتى، تەمكىن چىرايىدا بەك كۆپ ئىپادە يوق ئىدى. ئۇ مەندىن نېمە ئۈچۈن سۈرىيەگە كەلگەنلىكىمنى سورىدى. مەن دادامنىڭ دىنىغا بولغان قىزىقىش تۈپەيلىدىن كەلگەنلىكىمنى، ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا بۇنى چۈشىنىپ باقمىغانلىقىمنى ئېيتتىم.
— دۇنيادىكى تىنچلىققا موھتاج ھەممە دۆلەت ئىسلام دىنىغا ئېھتىياجلىق، — دېدى ئۇ، چىراي ئىپادىسىدە يەنىلا ئۆزگىرىش بولمىدى، — ھەممە دىن تىنچلىقنى تەرغىب قىلىدۇ، بىراق ئىسلام دىنى تەشەببۇس قىلىدىغان تىنچلىق ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى

ئەڭ ئاقىلانە بىر خىلى.

مەن بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلۈكىنى سوراشقا ئۈلگۈرمەيلا، پارىڭىمىز پەستىكى زالغا كىرىپ كەلگەن بىرنەچچەيلەن تەرىپىدىن ئۈزۈۋېتىلدى. ئۇلارنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن تەرجىمىخانىغا كىرىدىغان كىشىلەر تېخىمۇ كۆپەيدى.

— ئاۋۇ كىشى بوسانىيەنىڭ باش ئىسلام قانۇنشۇناسى، — مۇھەممەد قۇلىقىمغا ھاياجان بىلەن پىچىرلىدى.

ئابۇنوغا تۇنجى كېلىشىم بولغاچقا، ئۆزۈمنىڭ نەقەدەر تەلەيلىك ئىكەنلىكىمنى تېخى تونۇپ يەتمىگەنىكەنمەن. مەكتەپ بەزى مۇھىم ئىسلام داھىيلىرىنى ئۆزىنىڭ مۇنبىرىگە پات - پات تەكلىپ قىلىپ تۇرىدىكەن، بىراق شۇ كۈنى سورۇنغا كەلگەن شەخسلەر — ئۆزىنىڭ ئۆلچىمى بىلەن ئۆلچىگەن تەقدىردىمۇ — مۆتلەق ھۆرمەتلىك كىشىلەر ئىدى. تۆۋەندىكى ئەزىز مېھمانلاردىن يەكتەك كىيگەن، بېشىغا ياغلىق سالغان ئۈچەيلەن ئايرىم - ئايرىم ھالدا سۈرىيە ۋە بوسانىيەنىڭ ئىسلام قانۇنشۇناسلىرى ئىدى، مەكتەپ مۇدىرى سالىھ گۈتالۇ سابىق مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇلارنىڭ يېنىدا تۇرغان، ساقال - بۇرۇت قويمىغان، كەرشىنىۋاي كاستۇم - بۇرۇلكا كىيگەن كىشى مەدەنىيەت مىنىستىرى ئىكەن. بۇ داڭلىق كىشىلەرنىڭ قەدەم تەشرىپ قىلىشى ئابۇنونىڭ كىشىلەرنى نەقەدەر جەلپ قىلىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، كىچىككىنە تەرجىمىخانا تولۇپ تاشقان ھاياجان ۋە خۇشاللىقلارنى سىغدۇرالمايدىغاندەكلا بولۇپ قالغانىدى.

سېمىز كەلگەن گۈتالۇنىڭ چار ساقىلى ئىنتايىن رەتلىك، بۇرنى قاڭشارلىق ئىدى. ئۇ بىرىنچى بولۇپ سۆزلىدى. ئۇ كۆپچىلىك بىلەن سالاملاشتى، كېيىن ئاللادىن ئۆزگە ئىگىمىزنىڭ يوقلۇقىنى، مۇھەممەد پەيغەمبەر ئاللانىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى دەلىللىدى، كېيىن ئىسلام دىنى كەڭ قورساق ۋە مېھىر - مۇھەببەتكە تولغان دىن ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇ

ئابۇنونىڭ ئەزەلدىن بىرەر تېررورچىنى يېتىشتۈرۈپ باقمىغانلىقىنى تىلغا ئالدى. لېكىن، بوسانىيەنىڭ باش ئىسلام قانۇنشۇناسىنى تونۇشتۇرغاندا، پىكرى ئىزچىل تاشقى كۈچلەرگە مەركەزلەشتى. ئۇ بوسانىيە خەلقىنىڭ دەھشەتلىك ۋە «تەكەببۇرانە» ئادالەتسىزلىك ۋە زوراۋانلىققا ئۇچرىغانلىقى؛ پەيغەمبەرنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ شەرقتىن غەربكىچە تارقىلىدىغانلىقىنى، ئەمەلىيەتتە ھەقىقەتەن شۇنداق بولغانلىقىنى، بىراق بوسانىيەگە كەلگەندە، دۈشمەن ئۇنى يوقىتىش نىيىتىدە بولغانلىقى؛ لېكىن بوسانىيە خەلقى باشتىن-ئاخىر قەتئىي بولغانلىقى، يەنى ئېتىقادىدا چىڭ تۇرغانلىقىنى سۆزلىدى.

— سۈرىيە، — دېدى ئۇ، — ھازىرمۇ دۈشمەن دۆلەتلەردىن كەلگەن شۇ خىل تەھدىتكە دۇچ كەلمەكتە. بەشەر ئاسادنىڭ رەھبەرلىكىدە سۈرىيەمۇ ئوخشاشلا قەتئىي چىڭ تۇرىدۇ.

بۇ مەن تونجى قېتىم ئاڭلىغان خۇتبە، بۇ يەنە جۈمە نامىزىدىكى ۋەز دەپمۇ ئاتىلاتتى. مېنى ھەيران قالدۇرغىنى، ئۇنىڭ سىياسىي تېما جەھەتتە شۇ قەدەر ئاشكارا ئىكەنلىكى بولدى. مەن سۈرىيەدە تۇرغان بىرنەچچە ھەپتە ئىچىدە بايقىغان ئەڭ روشەن بىر ئالاھىدىلىك سىياسىي تېما پەيدا قىلغان سۈكۈت بولدى. سۈرىيەلىك دوستلىرىم ماشىنا ئىچىدىلا سىياسىي ئىشلار توغرۇلۇق پاراڭلىشالايتتى، چۈنكى بۇ يەردە ئاممىۋى سورۇندا رەھبەرلەرنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىشقىمۇ رۇخسەت قىلىنمايدۇ، دەپ قارىلىدىكەن.

ئارقىدىنلا سۈرىيەنىڭ باش ئىسلام قانۇنشۇناسى سۆزلىدى. ئۇ دورداي كالپۇك، چىرايى ۋە قامىتىدىن قاۋۇل، كۈچلۈك ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدىغان، كالتە قارا ساقاللىق، كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدىغان كىشى ئىدى. ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ تاشقى دۈشمەنلىرى؛ ئىسلام تارىخى؛ نائادىللىققا غەزەپلىنىش ھېسسىياتى؛ ئاساد جەمەتىنى مەدھىيەلەش قاتارلىقلار ئۈستىدە

توختالدى.

نۆۋەت بوسانىيەنىڭ باش ئىسلام قانۇنشۇناسىغا كەلدى. ئۇ بىر ھېكايىسىنى مۇقەددىمە قىلىپ، ئەتتالۇسىيەلىك بىر مەلىكىنىڭ ئىسلام ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئىسپانىيەنىڭ ئاخىرقى بىرنەچچە يىلىدىكى كەچۈرمىشلىرىنى بايان قىلدى. بۇ ئۇرۇشتا ئۇ گۆرۈگە ئېلىنىپ، بىر خىرىستىيان ئائىلىسىگە قۇللۇققا سېتىپ بېرىلگەن. بۇ مەزگىلدە دادىسى ماراكەشكە قېچىپ كەتكەنىكەن. قىزنىڭ ئاستا - ئاستا چوڭ بولۇشىغا ئەگىشىپ، غوجايىنىنىڭ ئوغلى ئۇنىڭغا كۆيۈپ قاپتۇ، ھەتتا ئۇنىڭ قۇل ئىكەنلىكى بىلەنمۇ ھېسابلاشماي ئەمرىگە ئالماقچى بوپتۇ. بۇنىڭدىن ئىلگىرى قىز ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىنى ئاشكارىلىمىغانىكەن، بىراق ئەمدى دېمەي بولماپتۇ: «مەن قۇل ئەمەس، مەلىكە. دادام بىلەن ئاپام ماراكەشتە. ئۇلارنىڭ ئىجازىتىسىز سېنىڭ بىلەن توي قىلالمايمەن.»

— بۇ ئەنتالۇسىيە مەلىكىسىنىڭ ھېكايىسى بىلەن بوسانىيەنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى بار؟ — ئىسلام قانۇنشۇناسى تۆۋەندىكى ئاڭلىغۇچىلاردىن سورىدى ۋە سەل توختىۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئاشۇ مەلىكە دەل بوسانىيە. يۈز يىل بۇرۇن بېرلىندا ئۇمۇ بىر قۇل ئىدى. لېكىن، بەزى كىشىلەر ئۇنىڭغا ئەركىنلىك بەرمەكچى بولغاندا، ئۇ: «مەن قۇل ئەمەس، مېنىڭ دادام ئىستانبۇلدا، ئاپام دەمەشقتە. سېنىڭ ماڭا ئەركىنلىك بېرىش ھوقۇقۇڭ يوق !» دېگەن.

مەن ئىسلام قانۇنشۇناسىنىڭ گېپىنى زادىلا چۈشىنەلمىدىم. ئەقىل - پاراسەتكە تولغان، يۈكسەك ھۆرمەتكە ئىگە بۇ دىنىي ئەربابنىڭ سۆزىدە تارىخ بۇرمىلانغانىدى. ئەسلىدە ئۇنىڭ بىر مەقسىتى بار بولۇپ، تارىخنى زورلاپ كىرگۈزگەنىدى. ئۇ دەۋاتقان بېرلىن 1878 - يىلىدىكى «بېرلىن شەرتنامىسى» نى كۆرسىتەتتى، شەرتنامە ئەينى چاغدىكى ئوسمان ئىمپېرىيەسىنى بالقان يېرىم ئارىلىدىكى چوڭ بىر پارچە زېمىندىن مەھرۇم

قىلغانىدى. ئۇ بۇ ئىشنى نەچچە يىل ئىلگىرى ئەنتالۇسىيەنىڭ قولدىن كېتىش ئىشى بىلەن خاتا باغلىۋالدى. ئۇ يەنە ئوخشاش ئوي - پىكىر بىلەن ئاشۇ تارىخنى 20 - ئەسىردىكى بوسانىيە قىرغىنچىلىقى بىلەن باغلىدى. تەپسىلاتنىڭ كارى چاغلىق: ئۇ غەرب خىرىستىيان دىنىنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك تاجاۋۇزچىلىق، زۇلۇم سېلىش تارىخىنى، دەسلەپتە ئەنتالۇسىيەنى بۆلۇۋالغانلىقى، بۇ ئەھۋالنىڭ ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بايان قىلماقچىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ جەرياندا قارشىلىشىۋاتقان ئىككى تەرەپ باشتىن - ئاخىر ئۆزگەرمەپتۇدەك.

بۇ بىر چاڭ - توزان قاپلىغان تارىخ ئىدى. ئابدۇللا خىيالىمغا كەلدى. ئىستانبۇلدا ئۇ بىر مۇسۇلمان بولۇش تارىختىن ئۈستۈن تۇردۇ دېگەنىدى. بۇ جۈملىنىڭ بىرەر سۆزىنى ئېلىۋېتىشكە، تەرتىپىنى قالايمىقان قىلىشقا، مەنىسىنىمۇ ئۆزگەرتىۋېتىشكە بولمايتتى. ئۇنىڭ نىشانى دەل ئىسلام تارىخىنى تەشۋىق قىلىپ، مۇسۇلمان بىلەن غەيرىي مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى مۇستەھكەملەش، شۇنداقلا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلگىرى دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىگە ھەسرەت چېكىش ئىدى. ئىسلام قانۇنشۇناسلىرىنىڭ نۇقتىئىنەزىرىدىن قارىغاندا، بوسانىيەدە قىرغىنچىلىق قىلغان كىشىلەر بىلەن بۇ پاجىئەنىڭ يۈز بېرىشىگە يول قويغان ئامېرىكىلىقلارنىڭ پەرقى يوق ئىكەن، 1878 - يىلى بوسانىيەنى «قۇل» سۈپىتىدە ياۋروپالىقلارغا سېتىپ بەرگەن، شۇنداقلا نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى مۇرلارنى زېمىنىدىن قوغلاپ چىقارغان ئىسپانىيەلىكلەر بىلەنمۇ پەرقى يوق ئىكەن.

شۇ كۈنى ئەتىگەندە، ئىران زۇڭتۇڭى ئەھمەدى نىجات دەمەشقتە ئىدى. سۈرىيەلىكلەر بىلەن ئىرانلىقلار تاشقى بېسىمغا ئورتاق قارشى تۇرۇپ، يېڭى زىچ مۇناسىۋەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇۋاتاتتى. مەدەنىيەت مىنىستىرى ئابۇنوغا كېلىشنىڭ

ئالدىدا، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ ئۇمەييە مەسچىتىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغانىدى.

— بۇ، ئۇنىڭ تۇنجى قېتىملىق دۆلەت زىيارىتى، — دېدى مىنىستىر، — مەن ئۇنىڭغا ئىسلام دىنى بۇ مۇنبەردىن ھەرقايسى جايلارغا، جۇڭگودىن تارتىپ ئەنتالۇسىيەگىچە تارقالغانلىقىنى ئېيتتىم.

ئىجات ئۇنىڭغا: «ئۇ يەنە بىر قېتىم ھەرقايسى جايلارغا تارقىلىدۇ» دەپ كاپالەت بېرىپتۇدەك.

گۇتالۇ خۇلاسە سۆز قىلدى:

— غەرب دۇنياسى جەمئىيىتىمىزدە ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيەسىنى تارقىتىشقا ئۇرۇنىدۇ...

— لېكىن، بىزنىڭ «قۇرئان كەرىم» ىمىز بار، — دەپ قوشۇمچە قىلدى مىنىستىر.

ئارقىدىن ناماز ۋاقتى بولدى. مۇھەممەد ماگا قانداق قىلىشنى ناھايىتى تېز سۆزلەپ بەردى. بىز ئۆرە تۇردۇق. مەن باشقىلارغا ئەگىشىپ ھەرىكەت قىلدىم. بىرىنچى قىسمىنىڭ رىتىمى بەك تېز بولۇپ، ھەربىي مەشىققە ئوخشايدىكەن، ئاۋۋال قوللىرىمنى قۇلاقلىرىمنىڭ كەينىگە قويۇپ، ئاندىن كېيىن كۆكرىكىمدە قوۋۇشتۇردۇم... مەن سەپنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ قويۇشتىن قورقۇپ، كۆپچىلىككە ئەگىشىشكە تىرىشتىم. قەددىمنى رۇسلىدىم، ئاندىن ئېگىلىشتىم، باشقىلار بىلەن بىللە «ئامىن» دېدىم، ئاخىرىدا تىزلىنىپ ئاللاغا ئىتائەت قىلدىم. رۇكۇ قىلىش ۋە پېشانىنى يەرگە تەگكۈزۈش جەريانى نامازنىڭ مەن ئەڭ ياقتۇرغان قىسمى بولدى؛ نامازدىن كېيىن، مەن باداشقان قۇرۇپ ئولتۇردۇم، بۇ قىياپەت بىلەن ئولتۇرۇش بەك قىيىن ئىكەن، دائىم ناماز ئوقۇيدىغانلار بۇ قىياپەتنى ئۇزاق ۋاقىت ساقلاشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىكەن. بۇ جەرياندا مەن بىر كىچىك ئوغۇل بالىنى كۆزەتتىم، ئاق بۆك كىيىۋالغان بۇ بالا قېشىمدا ئولتۇراتتى. ئۇ كۆز بويامچىلىق قىلىپ، تۇرۇپ ناماز ئوقۇۋاتقان

قىياپەتكە كىرىۋالاتتى، تۇرۇپ بەدىنىنى رۇسلاپ ئۇياق - بۇياققا قارايتتى. ئۇنىڭ چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى تولىمۇ چىرايلىق ئىدى. دادىسىنىڭ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۈم. پۈتۈنلەي ئەر كىشىلەرلا بولغان بۇ مۇھىتتا، مەسچىتتە ناماز ئوقۇش ئاتا - بالا ئارىسىدىكى بىر تۈرلۈك ئالاھىدە مۇراسىم بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن ئەمەس ئىدى.

ناماز ئاياغلاشقاندىن كېيىن، نۇرغۇن كىشى تەرجىمىخانىدا قىلىپ بىردەم پاراڭلاشتى. مۇھەممەد ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەلۇم بىر خىل تىلسىز ئالاقە ئورنىتىلغاندەك قىلاتتى. ئۇ مېنى خۇددى دوستىنى باشلاپ ماڭغاندەك مېڭىپ يۈرۈپ كىشىلەرگە تونۇشتۇردى. مەن فۇئاد بىلەن تونۇشتۇم. ئۇ پاكىستانلىق پۇشتىدىن بولغان ئەنگلىيەلىك بولۇپ، بىرمىڭخامدىن كەلگەن، تەمكىن، قويۇق قارا ساقاللىق، يىگىرمە ياشلاردىكى يىگىت ئىدى.

ئۇنىڭغا تومۇرۇمدا ھىندىستانلىقنىڭ قېنى ۋە پاكىستانلىقنىڭ قېنى بارلىقىنى ئېيتتىم. ئۇ:

— بۇ، چۈشەنمەك تەس بىر خىل سالاھىيەت ئىكەن، — دېدى.

— خۇددى ئۆزىمىزگە ئوخشاش. بىز ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا ئىرقىي كەمسىتىشكە ئۇچراپ كەلدۇق. كىشىلەر بىزنى ئەنگلىيەلىك ئەمەس دەيتتى. ئۇ چاغلاردا ئىرقچىلىق يەنىلا بەك ئومۇملاشقانىدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۇ چاغلاردا بېرنارد ماننىڭ (كومېدىيە ئارتىسى) ناھايىتى قارشى ئېلىناتتى.

— ھازىرقى ئىچكى ئىشلار ۋەزىرىنىڭ دەيدىغىنى، بىز كەم - كوتىسىز ئەنگلىيەلىك ئەمەس ئىكەنمىز، بىز تېخىمۇ ئەنگلىيەلىككە ئايلىنىشىمىز كېرەك ئىكەن.

فۇئاد ئاتا - ئانىسىنىڭ ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ سودا ساھەسىگە كىرىش ئۈچۈن تىرىشىپ ئىشلەيدىكەن، بىراق بۇ

يولدىن ئەپرەتلىنىدىكەن.

— بۇ يول بەك تۇتۇق، — دېدى ئۇ، — ھەر كۈنى ئەتىگەندە ماشىنامنى ھەيدەپ ئىشقا بارىمەن، كۈندىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشنى مېخانىكىلىق ھالدا ئورۇنلايمەن، شىركەتكە بارغىنىمدا ئىككى يۈز پارچە ئېلخەتكە جاۋاب يېزىشىم كېرەكلىكىنى بايقايمەن، قىلغۇدەك دەبدەبىلىك گەپلەر يوق. ئاشۇ دۇنيادا ئۇتۇق قازانماقچى بولساڭ، شىركەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىڭ كېرەك. بىراق، بۇ نېمە ئۈچۈن؟ پۇل ئۈچۈنمۇ؟ مەن قارار قىلدىم، ھەقىقەتكە ئىتائەت قىلىپ، بەزى ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلىشىم كېرەك.

ھازىر ئۇنىڭ ئۆزىنى قايسى تەرەپكە تەۋەدەك ھېس قىلىدىغانلىقىنى سورىدىم:

— ئەنگلىيەگىمۇ ياكى پاكىستانغىمۇ؟

— ئىككىلا تەرەپكە، — دېدى ئۇ، — ئەپسۇسلىنىدىغىنىم، مېنىڭ بالىلىرىم، ئۇلارنىڭ ئاپىسى پوئېرتورىكولۇق !

ئۇ سۆزلەۋاتقاندا بىر خىل غەلىتە، ئازابلىق كۈلۈمسىرىدى.

شۇ چاغدا مۇھەممەد باشقىلار بىلەن پاراڭلىشىۋاتاتتى، شۇڭا فۇئاد مېنى ئامېرىكىنىڭ كوننېكتىكۇت ئىشتاتىدىن كەلگەن قارا تەنلىك «قېرىنداش» رەفىق بىلەن تونۇشتۇرغىلى ئاپاردى. ئۇنىڭ يېشى چوڭراق بولۇپ، قىرىقتىن ئاشقاندەك قىلاتتى، ئېگىز بوي، رەڭگىرويى ناھايىتى ياخشى ئىدى. ئۇ ئامېرىكىنىڭ فىلورىدا ئىشتاتىدا ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغاندىن كېيىن، خوتۇنىنى ئېلىپ سۈرىيەگە كۆچۈپ كەلگەنىكەن. ئۇ بۇ يەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىكەن، خېلى بۇرۇنلا توي قىلغانىكەن. ئۇ ماڭا ئەرەب تىلىنى تېز ئۆگىنىشنىڭ بەزى ئاسان ئۇسۇللىرىنى ئېيتىپ بەردى. ئۇنىڭغا سەپەر پىلانىمنى سۆزلەپ بەردىم.

— سىز قەلبىڭىزدە ياڭرىغان ئىسلام ساداسىغا

ئەگمشمشمگىز كېرەك، — دېدى ئۇ، — بۇنداق سادا سىزنى غەربنىڭ نېمىسى توغرا، نېمىسى خاتا ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتىشكە ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدۇ. بىز ھەممىدىن گۇمانىمىزنى سوراشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك. بىز ئىسلام دىنىغا قارىتا گۇمانىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمىز مۇمكىن، بىراق پەقەت: «ھەي، سەن خاتا قىلدىڭ» دېگەن گەپنىلا قىلالايمىز، سىز ئاللانىڭ خاتا قىلغانلىقىنى ئىسپاتلاشقا ئامالسىز.

مەن رەفىق بىلەن خوشلىشىپ، يەنە مۇھەممەدنى تاپتىم. ئۇ مەن بىللە كېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. تەرجىمىخانىنىڭ كارىدورىدا «قۇرئان كەرىم» دىن دەرس باشلىنىپ كەتكەنىدى، بىز سۇرە ئۆگىنىۋاتقان بىرنەچچە قاتار ياش باللارنىڭ يېنىدىن ئۆتتۇق. مەن مۇھەممەد بىلەن خوشلاشتىم، بۇ كىشى ماڭا قانداق ناماز ئوقۇشنى ئۆگىتىپ قويغانىدى. ئۇ تېلېفون نومۇرۇمنى خاتىرىلىۋېلىپ، كېيىن تېلېفون بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ بىرنەچچە دوستى بىلەن كىنوتاكىغا بارماقچىكەن، مەن ئۆزۈمنىڭمۇ ئۇلارغا قېتىلىپ قېلىشىم مۇمكىنلىكىنى پەرەز قىلدىم.

مەن بارت ۋە ئابدۇللاغا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ دۇنياسىنى ئىزدەپ تېپىش ئۈچۈن سۈرىيەگە كەلگەنىدىم، ئۇلارنى تاپتىم، شۇنداقلا باشقا نەرسىلەرنىمۇ بايقىدىم. مەن ئۇلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىشىدىكى ئاساسىي سەۋەبنى دەلىللىدىم: ئېتىقاد پەردىسىنىڭ ئارقىسىغا يوزە يوشۇرۇنغىنى بۇ رېئال دۇنيادىكى مەسىلىلەر ئىكەن. ئابۇنو مەدرىسەسىدە سۆزلىنىدىغان ۋەقەلەر ناھايىتى زامانىۋى بولۇپ، ئابدۇللا تەسۋىرلىگەن «دۇنيا قۇرۇلمىسى» بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ئىكەن. گۇتالۇ

مەدەنىيەت تاجاۋۇزى ۋە چەت ئەل ئىدىيەسى ئېلىپ كەلگەن تەسىرنى تىلغا ئالدى؛ فۇئاد ئىرقىي كەمسىتىشنى، زامانىۋى تۇرمۇشنىڭ تۇسالغۇلىرىنى ــ ئېلېكتىرونلۇق پوچتا يوللانمىسى تەرىپىدىن پارتلىتىش ھەمدە زەھەرلىك كۆندىلىك ئىشلارغا كۆنۈشنى ــ يەنە ئەللىك يىل ئىلگىرىكى زور كۆلەملىك كۆچمەن بولۇش ئارقا كۆرۈنۈشىدە دۆلەت ھالقىغان نىكاھتىن پەيدا بولغان بالىلار ۋە سالاھىيىتىنى يوقىتىشلارنى تىلغا ئالدى. ئۇ دەل پاكىستانلىقلارنىڭ ئەنگلىيەگە كۆچمەن بولۇپ بېرىشنى مىسالغا ئالدى. بۇلار پۈتكۈل دۇنيا شۇنىڭدەك مەنمۇ دۇچ كەلگەن مەسىلىلەر ئىدى...

بازارنى كېسىپ ئۆتۈپ قايتىپ كېتىۋاتقاندا، مەن ئوڭۇشسىزلىق تۇيغۇسىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل بېسىمنى ھېس قىلدىم. مەن ئېتىقادىنىڭ كىشىلەرنى ئىلاھتىن پاناھلىق تىلەش، ماددىي دۇنيانىڭ باش قېتىنچىلىقلىرىدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىش سورۇنى بىلەن تەمىن ئېتەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن، بىراق ئابۇنو بۇنداق جاي ئەمەس ئىدى. ئۇ زەردىسى قايناپ ئۆزىنى باسالماسلىق كەيپىياتىغا تولغان، ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشنى مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسى قىلىدۇ، بۇ يەنە ئىزچىل ئۇنىڭ قۇربى يېتىدىغان چارىسى بولۇپ كەلگەن. بۇنداق ئۆزىنى دالدىغا ئالىدىغان جاي ھەرگىز خىلۋەتتىكى ئىبادەتخانا ياكى موناستىر ئەمەس.

ئابۇنونىڭ نىشانى مۇخلىسلىرىنى بىر خىل ساپ تارىخ ۋە سىياسىي تەرتىپ ئىچىگە قايتۇرۇپ كېلىپ، هازىرقى زامان جەمئىيىتىدىن كەلگەن مۇداخىلىگە ئۇچراتماسلىق. سۇرىيە مۇۋاپىق باشلىنىش نۇقتىسى دەپ قارىلىدۇ. ئەنگلىيە بىلەن تۈركىيەگە سېلىشتۇرغاندا، بۇ يەردە تاشقى دۇنيانى ئويلىماسلىق

تېخىمۇ ئاسان. لېكىن، مەن تونۇيدىغان، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن نۇرغۇن مۇسۇلمان سۇرىيەنى يېتەرلىك پاك ئەمەس دەپ قاراپ، كەينى ـ كەينىدىن يەمەنگە كۆچۈپ، قانۇنىنىڭ نازارىتى نىسبەتەن بوشراق بولغان چەت ـ ياقا جايلارغا بېرىپ تېخىمۇ ساپ مۇھىتنى تاپماقچى، شۇنداقلا پەيغەمبەرنىڭ دەۋرىدىكى ئىسلام دىنى بىلەن تېخىمۇ يېقىنلاشماقچى بولۇۋاتاتتى.

# تىرناق لاكى

بۇ بىر چوڭ ئۇقۇشماسلىق ئىدى. مەن مۇھەممەد پەيغەمبەرنى تەسۋىرلەيدىغان ھەجۋىي رەسىملەرنىڭ كېيىنكى نورۋېگىيەلىك دوستۇم ئېۋىن بىلەن چۈشلۈك تاماق يەۋاتقاندا ئاڭلىغانىدىم. بۇ ھەجۋىي رەسىملەر تۇنجى قېتىم دانىيەدە بېسىلغان، كېيىن نورۋېگىيەدە قايتا بېسىلغان. بىز ئۇلارنى كۆرۈپ باقمىدۇق، ئەمما بۇ ھەجۋىي رەسىملەرنىڭ مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ غەزىپىنى قوزغىغانلىقىنى ئاڭلىدۇق. سۇرىيە ۋە سەئۇدى ئەرەبىستان دانىيەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىرىنى قايتۇرۇپ كەتتى. دىنىي داھىيلار دانىيەماللىرىنى بايقۇت قىلىشقا چاقىرىق قىلدى. نەچچە كۈن بولمايلا يامان سۈپەتلىك ئايلىنىش بارغانسېرى كەسكىنلەشتى، ھەجۋىي رەسىملەرنىڭ ھەر قېتىملىق كۆچۈرۈپ بېسىلىشى تېخىمۇ زور قەھر - غەزەپنى قوزغايتتى، شۇنىڭ بىلەن ۋەقە ئەتراپقا يۇر كەتتى، ھەجۋىي رەسىم تېخىمۇ كۆپ كۆچۈرۈپ بېسىلدى. ئاخبارات ئاپپاراتلىرىنىڭ ھوقۇقى ياكى تېخىمۇ مۇھىمى ھۆكۈمەتتىن مۇستەقىل تۇرۇش خاراكتېرى مۇسۇلمان دۇنياسى ئۈچۈن ناتونۇش ياكى مۇجمەل ئىدى. بۇ ئۇلارنىڭ بۇ ئىشنى بىر گېزىتخانا، بىر مۇستەقىل ھەجۋىي رەسىم سىزغۇچى ياكى مۇھەررىر ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دۆلەت كەلتۈرۈپ چىقارغان دېگەن تونۇشقا كېلىپ قېلىشىغا سەۋەب بولدى.

ئاشۇ جۈمە كۈنى سەھەردىكى دەمەشق كېچىلىك يۈرۈش مەنئى قىلىنغان شەھەرگە ئوخشاپ قالغانىدى.

كوچىدا ماشىنىلار يوق دېيەرلىك ئىدى، ماگىزىنلارنىڭ ھەممىسى ئېچىلمىغانىدى. مەن تۇرىدىغان جاي بىلەن پاراللېل

ئاۋات كوچىنىڭ شۇ تاپتىكى بوشلۇقى كىشىنى دەككە ـ دۈككىگە سالاتتى. ئالدىنقى كۈنى يېغىشقا باشلىغان يامغۇر توختاپ قالغان، بىراق قارا بۇلۇتلار شەھەر ئاسمىنىدا يەنىلا لەيلەپ يۈرەتتى. كېسپىئان تېغىنىڭ ئۈستىدىكى قارا بۇلۇتلار يىرتقۇچلاردەك تىكىلگىنىچە سۈرۈلۈپ، بۇ تاغنى ئىلگىرىكىدىنمۇ چوڭ ھەم ئاقۇچ كۆرسەتمەكتە ئىدى.

ئېۋىن مەن بىلەن بىللە ئابونوغا بارىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى، شۇڭا تۇرالغۇسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنى كۈتتۈم. بىز ئادەتتىكى چاغلارغا قارىغاندا خېلى بوشاپ قالغان بازاردىن ئۆتۈپ مەنزىلىمىزگە يېتىپ باردۇق. تەرجىمىخانىغا كىرسەك، كىشىلەر لىققىدە ئولتۇرۇشۇپ كېتىپتۇ. بىرنەچچە ھەپتىدىن بۇيان مەن بۇ يەرنىڭ دائىملىق مېھمىنى بولۇپ قالغاچقا، نۇرغۇن چىرايلارنى تونۇيالايدىغان بولۇپ قالغانىدىم. بىز كېچىكىپ قاپتۇق، خۇتبە باشلىنىپ كېتىپتۇ. گۇتالۇ مېھرابتا تۇرۇپ ۋەز ئېيتماقتا ئىدى...

ئۇنىڭ سۆزى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، دۇئانىڭ باشلىنىشى سەل غەلىتىرەك بولدى، بۇ خۇددى بىر مەيدان كەسكىن بەس ـ مۇنازىرىدىن كېيىن ئۇخلاشقا تۇتۇنغاندەك بىر ئىش ئىدى. تەرجىمىخانىدىكىلەر كۈچلۈك ھاياجاندا ئىدى. گۇتالۇ كۈرەش قىلىشقا چاقىردى. ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان ئىش شۇكى، شۇنداق ھاياجانلىق دۇئانى ئاڭلىغاندىن كېيىن، زالغا توپلاشقان ياش ئەركەكلەرنىڭ ئىنكاسى ناھايەت ئۆيگە قايتىش، دانىيە ھۆلبىسىنى يېيىشنى رەت قىلىشتىنلا ئىبارەت بولدى.

مەن رەفىقنىڭ كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ، قېشىغا باردىم. ئۇنىڭدىن خۇتبەدىكى غەرب ھەم ئامېرىكىغا قارشى مەۋقەنى كۆڭۈلگە ئالىدىغان ـ ئالمايدىغانلىقىنى سورىدىم.

— كۆڭۈلۈمگە ئالمايمەن، چۈنكى مەن مۇسۇلمان، — دېدى ئۇ قانداقتۇر بىر پىرىنسىپنى ئېسىگە ئېلىۋاتقاندەك، — مەن ئالدى بىلەن بىر مۇسۇلمان، ئاندىن بىر ئامېرىكىلىق. بۇ يەرگە

كېلىشتىن بۇرۇنمۇ ئۆزۈمنى ئامېرىكىلىق دەپ قارىمايدىغان بولۇپ قالغانىدىم.

رەفىق بۇرۇن ئىپۇننى كۆرۈپ باقمىغانىكەن، ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە تونۇشتۇردۇم. ئۇ ئىپۇننىڭ نورۋېگىيەلىك ئىكەنلىكىنى ئۇققاندا جىددىي قىياپەتكە كىردى، ئاندىن كىشىلەر تەبىئىي ئاپەت يۈز بەرگەن جاينى سۈرۈشتۈرگەندەك، ئۇنىڭدىن ئۇ يەردىكى تۇرلۇك ئەھۋاللارنى سۈرۈشتۈردى.

ــ ھېچقانداق مەسىلە يوق، بىراق كىشىلەر ئەھۋالنى ئانچە چۈشەنمەيدۇ، ــ دېدى ئىپۇن، ــ كىشىلەر تېمە ئۈچۈن ھەممە كىشىنىڭ بۇنچە غەزەپلەنگەنلىكىنى تېخى تازا بىلىپ كەتمەيدۇ.

ــ شۇنى ئېيىتىڭىزدە تۇتۇڭكى، ــ رەفىق جانلىنىپ كەتتى، ــ بۇ ئىش مۇسۇلمانلارنىڭ چىشىغا تېگىپلا قالماي، خىرىستىيان ۋە يەھۇدىيلار ئۈچۈنمۇ ئوخشاش. ئەگەر ئۇلار «ئىنجىل» ۋە «تەۋرات» لارنى ۋاراقلاپ كۆرىدىغان بولسا، مەبۇدنى ياساشقا رۇخسەت قىلىنمايدىغانلىقىنى بايقايدۇ، ــ ئۇ ئاخىرقى سۆزلىرىدىن تولىمۇ ھوزۇرلانغاندەك، سۆزلەۋاتقاندا بۇ مۇقەددەس كىتابلار ئۆزىگە ئاتا قىلغان كۈچ ـ قۇدرەتكە تولغاندەك بولدى، ــ ئۇلار مۇقەددەس كىتابلاردىن يەك يىراقلىشىپ كەتتى، بۇنداق قىلىشنىڭ مەنئى قىلىنغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئەگەر سىزسىڭىز ياكى كۆپەيتىسىڭىز، مەبۇد ياسىغان بولىسىز، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كىشىلەرنىڭ غەزىپىنى قوزغايسىز. شۇڭا، بۇ پەقەت مۇسۇلمانلارنىڭ زىتىغا تەگكەنلىكلا بولۇپ قالماي، ھەربىر كىشىنىڭ زىتىغا تەگكەنلىك بولىدۇ.

لېكىن، بۇ ئىش ھەممىلا كىشىنىڭ زىتىغا تەگكىنى يوق. رەفىق ھەممە كىشىنىڭ زىتىغا تەگدى دېمەكچى، بىراق ئەمەلىيەت ئۇنداق ئەمەس، خىرىستىيانلار ۋە يەھۇدىيلاردا ئىنكاس بولمىدى. ئاشۇ ھەپتىدە، ئامېرىكىدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان رەفىق ۋە غەرب ئەللىرىدە چوڭ بولغان باشقا كىشىلەر سۈرىيەدە بىر خىل پەۋقۇلئاددە شارائىتتا تۇردى. ئۇ ئەتراپىدىكى

بارلىق كىشىلەرگە، جۈملىدىن تەرجىمىخانىدىكى ئابۇنونىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك داھىيلىرىغا ئۇلارنىڭ بۇ ئىشنى ھەقىقىي چۈشىنىپ يېتەلمىگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ زىتىغا تەگكەن ھەجۋىي رەسىملەرنى دانىيە ھۆكۈمىتى ياكى دانىيە شىركىتى چىقارمىغانلىقىنى، ھۆكۈمەت ياكى شىركەتلەرنىڭ ھەجۋىي رەسىملەرنىڭ بېسىلىشىنى توسۇشقا كۈچى يەتمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرسە بولاتتى.

— سىزچە، ھازىرقى ئىنكاس مۇۋاپىقمۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— ھىم، ئۇلار ئىنكاسنى كۆردى، شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئۇ، — ئەگەر بۇ ئۇلارغا كېرەكلىك ئىنكاس بولسا، ئۇلارغا كۆرسەتتۇق. بەزى كىشىلەر AK - 47 نى كۆتۈرۈپ ئۇلارنىڭ ئەلچىخانىسىنىڭ سىرتىدا ئولتۇرىدۇ. مانا بۇ ئىنكاس. مەن ھەرگىز بۇنى ياخشى چارە دېمەكچى ئەمەس، بىراق ئۇ بىر خىل ئىنكاس.

— سىزچە، بۇنداق ئىنكاس چىشىغا تېگىشنى پەيدا قىلىش سەۋەبى بىلەن ئوخشىمايدىغان ئورۇندا تۇرغاندەك قىلامدۇ، قانداق؟

رەفىق سوئالىمنىڭ مەنىسىنى چۈشەندى، كۆپ قىسىم سۈرىيەلىكلەر ئۇنىڭ چۈشىنىش دەرىجىسىگە يېتەلمەيتتى. لېكىن، ئۇنىڭ نەزىرىدە نۆۋەتتىكى مۇھىم مەسىلە ئېۋن ۋە مېنى مەبۇد ياساش گۇناھ دەيدىغان قىلىپ تەربىيەلەش ئىدى.

— قارالڭ، بۇ رايوندىكى كۆپ قىسىم كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، — دېدى ئۇ ئاۋازىنى پەسەيتىپ، — گېزىتنىڭ ئۆزى ھۆكۈمەت، شۇڭا ئۇلار نېمە ئۈچۈن ھۆكۈمەتنىڭ ئىجازىتىدىن ئۆتكۈزمەي بۇ ھەجۋىي رەسىملەرنى باسقىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ.

مەن ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرمەيدىغانلىقىنى سورىدىم.

— بىزگە مەلۇم، غەربلىكلەردە پەن - تېخنىكا بىلەن دېموكراتىيە ياكى كۆزقارىشىڭىزنى ئۆزگەرتىدىغان باشقا نەرسىلەر بار، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ، — لېكىن ئۇلاردا كۆپ ئەقىل - پاراسەت يوق. ھوقۇقتا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈنلا غۇرۇرغا تېگىدىغان بۇنداق رەسىملەرنى ئېلان قىلىش ئاقىلانىلىك ئەمەس. ھېلىقى گەپكە قايتىپ كەلسەك، ئاللادىن باشقا كىم سىزگە بۇنداق ھوقۇقنى بېرەلەيدۇ؟ غەربتە دائىم تۇرلۇك ھەرىكەتلەر بولۇپ تۇرىدۇ. لېكىن، سىلەر ھەرىكەت قىلغان ۋاقىتڭلاردا بۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى بىلمەيسىلەر، قايتا ئويلانغۇدەك ۋاقتىڭلارمۇ يوق.

يامغۇرلۇق بولۇت خۇددى بىر قاپقارا تۇۋاقتەك بازارنىڭ ئۈستىدىن لەيلەپ ئۆتتى. تار كوچىنىڭ ھەممىلا يېرى مەملۇك مەسچىتىدىن چىققان نامازخانلار بىلەن تولغانىدى. ئاخىر قاتتىق يامغۇر بىلەن گۈلدۈرمامىلىق چاقماق خاتىرجەملىكنى بۇزدى، دۇكانلارنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تارام - تارام ئېرىقچىلار پەيدا بولدى. بازاردىكى مەينەت مۇشۇكلەر ھۆل بولۇپ كەتتى، پاتقاق شەھەرنىڭ پەس تەرىپىگە چاچ بويىقىدەك يېيىلدى.

يامغۇر شارقىراپ ياغدى، ئارقىدىنلا مۆلدۈر تاراسلاپ چۈشكىلى تۇردى. ئېۋىن ئىككىمىز قەدىمىمىزنى توختىتىپ، لاپاسنىڭ ئاستىغا كىرىۋالدۇق.

ئارقىمىزدىكى دۇكاندا ئۇماچ سېتىلىدىكەن، ئۇماچ ئاق رەڭلىك سولياۋ بۇلۇتتىن ئىشلەنگەن ئىستاكانغا ئۇسۇلىدىكەن. ئىستاكانلارنىڭ سۇنۇلۇش تېزلىكى كىشىگە تاللاش ئىمكانىيىتىنى بەرمەيتتى. ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى يىگىرمە نەچچە ياشتا ئىدى. دۇكاننى ئىس - تۈتەك قاپلىغان، يەنە ئۇزاق كىيىلگەن قىشلىق كىيىملەرنىڭ پۇرىقىمۇ بار ئىدى. كۆز ۋە بۇرۇنلىرى ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ تۇرىدىغان بۇ قاۋۇل كىشىلەر مودا كىيىنىگەنىدى. يۈزىدىكى تۈكلەر ئىنچىكىلىك بىلەن قىرىلغان، بەدىنىگە چىڭ يېپىشىپ

تۈرىدىغان پادىچى ئىشتىنى ۋە مايكىلىرىغا ئەرلەرگە خاس نەقىشلەر — موتوسىكلىت، بۈركۈت دېگەندەك نەرسىلەرنىڭ رەسمى بېسىلغان ياكى ياقىسىغا سۈنئىي خۇرۇم تۇتۇلغانىدى.

مۆلدۈر توختىدى، بىزمۇ بازاردىن ئايرىلدۇق. ئېۋىن كېتىۋېتىپ كۆكتات سېتىۋالدى ۋە ئۆيدە تاماق ئېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، مېنىمۇ بىللە بېرىشقا تەكلىپ قىلدى.

ئۇنىڭ ياتىقى چوڭ ئەمەس، بىراق هاۋاسى ياخشى ئىكەن، ئىشىك - دېرىزىلىرىنى ئېچىۋېتىۋىدى، نەمخۇش مەيىن شامال يەلپۈپ ئۆتتى. ئۇ بىنانىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىدە تۇرىدىكەن، بالكوندىن پەسكە قارىسا، سېمونت ئۆي ئۆگزىلىرى ۋە سۈنئىي ھەمراھ قوبۇللىغۇچلىرىنى كۆرگىلى بولاتتى، ئاپتاپپەرەستەك يۇمىلاق تەخسە شەكىللىك قوبۇللىغۇچلار تىنچ كۆرۈنەتتى. بۇ قوبۇللىغۇچلارنىڭ مەۋجۇت بولۇشى قانۇنسىز ئىدى، بىراق ھۆكۈمەت سۈكۈت قىلىش پوزىتسىيەسىنى تۇتۇۋاتاتتى، ئېھتىمال بۇمۇ ساقلانغىلى بولمايدىغان ئىش بولۇپ، شەھەردىكى ساناقسىز تورخانىلارنىڭ ياشلارغا لىققىدە تولۇپ كەتكىنىگە ئوخشاش، ئۇچۇرنى نازارەت قىلىشقا تايىنىدىغان بۇ تۈزۈلمىدىكى ئەڭ روشەن قارشى تۇرۇش بەلگىسىگە ئايلىنىپ قالغانىدى.

چۈشلۈك تامىقىمىز خۇددى زىياپەتتىكىگە ئوخشاش ناھايىتى مول بولدى، تۇخۇم، پىدىگەن، دۇملىمە بەرەڭگى قورۇمىسى، ئارپىبەدىيان قوشۇپ پىشۇرۇلغان كالا گۆشى ۋە سالات بار ئىدى. بىز پولدا ئولتۇرۇپ غىزالاندۇق.

بىز غىزالىنىپ بولغاندا، مەش ئۈستىدىكى چەينەك يەنىلا قايناۋاتاتتى. رەفىق بۇرۇن بىزنى ئاگاھلاندۇرغان ھېلىقى ئىنكاس كوچىدا پەيدا بولدى. چۈشلۈك تاماقنىڭ كۆڭۈللۈكلۈكى ماڭا مەسچىتتىكى جىددىي كەيپىياتنى ئۇنتۇلدۇرۇۋەتكەنىدى، شۇنداقلا باياتىن بېرى دەمەشق كوچىلىرىدا ھېچقانداق پاراكەندىچىلىكنىمۇ كۆرمىگەنىدىم، تويۇقسىز ئاڭلانغان ۋارقىراش - جارقىراشتىن قاتتىق چۆچۈپ كەتتىم. كوچىدا تۇۋلىنىۋاتقان

شوئارلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقاد جاكارى ئىدى: «لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللا !» قىسقا، ئەمما قۇلاقنى يارغۇدەك مۇزىكا ساداسىغا ئەگىشىپ كۈچەيگەن، ھەممىلا كىشى ئاڭلىيالايدىغان بۇ جۈملە سۆز قۇلىقىمىزغا يېتىپ كەلگەندە ئەكس ساداغا ئوخشاپ قالاتتى. بىز بۇ بىر جۈملە سۆزنى تەكرار - تەكرار ئاڭلىدۇق. تۇنجى قېتىم ئاڭلىغاندا، پارىڭىمىزنى توختاتتۇق. ئىككىنچى قېتىم ئاڭلىغاندا، يەنىلا ئورنىمىزدا ئولتۇراتتۇق. ئۈچىنچى قېتىمدا ئېۋىنىنىڭ بالكونىغا يۈگۈرۈپ چىقتۇق. تۇرغان يېرىمىزدىن پۈتكۈل يانتۇ كوچىنى كۆرگىلى بولاتتى.

بىر توپ ئادەم كوچىنىڭ ئۇ بېشىدىن بىز تەرەپكە قاراپ سۈرۈلمەكتە ئىدى، ئۇلارنىڭ سانى كۆپ ئەمەس، بىراق قاتتىق غەزەپلەنگەنىدى. ئەللىكتىن يۈزگىچە ئادەمدىن تەركىب تاپقان بۇ ئارىلاش توپتا چۈمبەل سالغان ئاياللارمۇ، باللار ۋە بايا بىز ئۈماچخانىدا كۆرگەندىكىدەك ياش ئەرلەرمۇ بار ئىدى. بايا شەھەرنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مەسچىتلەردە جۈمە نامىزىنى ئوقۇپ بولغان، سەللە ئورىۋالغان ئىماملار قارشىلىق كۆرسىتىشكە رەھبەرلىك قىلىۋاتاتتى. ئۇلار تاۋاردىن ئىشلەنگەن ئىسلام ۋە سۈرىيە بايراقلىرىنى كۆتۈرۈۋالغانىدى. بىز ئۇلارنىڭ ئېۋىن تۇرىدىغان سارايدىن ئۆتكەنلىكىنى، ئاندىن فىرانسىيە ئەلچىخانىسىغا ئەللىك مېتىرمۇ كەلمەيدىغان يەردە توختىغانلىقىنى كۆرۈپ تۇردۇق. نەچچە كۈن ئىلگىرى، «فىرانسىيە كەچلىك گېزىتى» ھەجۋىي رەسىملەرنى كۆچۈرۈپ باسقان، كېيىن مۇھەررىرى ئىشتىن بوشىتىۋېتىلگەنىدى.

كىشىلەر توپىنىڭ چۇقان - سۈرەنلىرى تېخىمۇ كۈچەيدى، ئېۋىن ئىككىمىز كوچىغا يۈگۈرۈپ چىقتۇق. نامايىشچىلار ئەلچىخانىنىڭ ئەگرى - بۈگرى پاسىل تېمى سىرتىغا توپلاندى. قىزىل رەڭلىك بىرنەچچە ساقچى ئاپتوموبىلى ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا توختىدى. ساقچىلار يىراقتا تۇرۇپ ئۇلارنى كۆزەتمەكتە

ئىدى.

شۇ تاپتا ئۇلار مەنزىلىگە كېلىپ بولغانىدى، بىراق ئارقىدىن نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكى تازا ئېنىق ئەمەستەك قىلاتتى. ئېۋىن ئىككىمىز نامايىشچىلارنىڭ سىرتىدا تۇردۇق. ئالدىدىكى كىشىلەر بىلەن ئەلچىخانا قوغدىغۇچىلىرىنىڭ ئارىسىدا ئازراق توقۇنۇش يۈز بەردى، بىراق پۈتكۈل قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەر توپىدا تېخى ئەلچىخانىنى ئۆرتىۋەپە قىلىۋېتىدىغان كۈچ يوق ئىدى. ئۇلار ئىنگلىزچە «يوقىلىڭلار، يوقىلىڭلار» دەپ بىردەم تووۋلاشتى، ئاندىن بەزى كىشىلەر ئەلچىخانىنىڭ قورۇق تېمىغا كەمپۈت قەغىزى ۋە بىر ئىستاكان سۈتلۈك ئىچىملىكنى ئاتتى... غەزەپتىن باشقا، نۇتۇق سۆزلەش، بايانات ئېلان قىلىش، ئىمزا قويۇش دېگەنلەرنىڭ ھېچقايسىسى بولمىدى. ئۇلارنىڭ شوئارلىرى ناھايىتى ئاددىي ئىدى، ھال رەڭ مايكا كىيىۋالغان بىر كىچىك بالىمۇ «لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللا»، «ئاللاھۇ ئەكبەر» دېگەن سۆزلەرنى ئىنچىكە ئاۋازى بىلەن تەكرار - تەكرار تووۋلايتتى. ئەلچىخانا ئىچىدىن ھېچكىم جاۋاب قايتۇرماي، غەزەپلەنگەن كىشىلەرگە سوغۇق سۈكۈت قىلدى. ئەتىگەنكى يامغۇر ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، يەر يەنىلا نەم ئىدى، ئۇلارنىڭ غەزىپىنى ئۇچۇرۇپ كەتمەكچى بولغاندەك، تاغدىن مەيىن شامال چىقتى.

دەل شۇ چاغدا، كىشىلەر توپىدا بىر تونۇش چىراي پەيدا بولدى. ئۇ ئېۋىننىڭ سۈرىيەلىك دوستى بەسىر ئىدى. ئۇ قارشىلىق بىلدۈرگۈچىلەر توپىغا ئەگىشىپ دائىنيە ئەلچىخانىسىدىن كەلگەنىكەن. ئۇ توپتىكى كىشىلەرنى ئىتتىرىپ يۈرۈپ بىزنى تېپىۋالدى. ئۇ خۇشال، چاقچاقلىشىۋاتقاندەك بىر خىل كەيپىياتتا، چۈشتىن كېيىنكى ۋەقەدىن قاتتىق ھاياجانلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇ غۇلىچىنى كېرىپ ئېۋىننى قۇچاقلىدى، تەشەببۇسكارلىق بىلەن بىزنى توپنىڭ ئىچكىرىسىگە باشلاپ كىرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بىز ئۇنىڭغا

ئەگىشىپ كىشىلەر توپىنىڭ چېتىنى بويلاپ ئالدىغا ئۆتتۇق، بۇ چاغدا قارشىلىق بىلدۈرگۈچىلەر ئەلچىخانىنىڭ سىرتىدىكى توسۇقلارنى غەزەپ بىلەن ئىتتەرمەكتە ئىدى. مەن قىستىلىپ كېتىشتىن قورقۇپ ئۆزۈمنى ئىككى تەرەپتىكى ئادەملەر ئارىسىدا تۇتۇپ تۇرۇشقا تىرىشتىم، بىراق ئېۋىن بىلەن ئارىلىقىمىز بارغانسېرى يىراقلاپ كەتتى. كۆزىمنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئۇلارنى كۆرەلمەي قالدىم.

ئالدى تەرەپتە يۈز بەرگەن مالىمانچىلىقتىن سەل ئەنسىرەپ قالدىم. ئېۋىن بىلەن ئايرىلىپ كېتىش مېنى تېخىمۇ ئەندىشىگە سالدى. ئەسەبىيلەشكەن كىشىلەر توپى ئاچچىقىنى چىقىرىدىغان نىشاننى ئىزدەۋاتاتتى.

مەن كىشىلەر توپىغا كۆز يۈگۈرتۈپ ئېۋىننى ئىزدەۋاتقىنىمدا، تۇيۇقسىز بەسىرنىڭ توپقا قاراپ ئەرەب تىلىدا توۋلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم:

— ئۇ مېنىڭ دوستۇم، نورۋېگىيەلىك، ئۇ ياخشى ئادەم، — دېدى ئۇ، ئاندىن ئېۋىننى تارتىپ ئالدىغا چىقىرىپ، ئۇنىڭغا، — سەن دۆلىتىڭ ئۈچۈن سۆزلىگىن، — دېدى.

كىشىلەر توپىدىن ھېچقانداق ئاۋاز چىقمىدى، جىمجىتلىق تىترەپ كەتتىم. «مانا ئەمدى ئۇلارنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىدىغان نىشانى بار بولدى، — دەپ ئويلىدىم مەن، — تەسەۋۋۇرۇمدىكى ئەڭ يامان ئىش يۈز بېرىدىغان بولدى.» كۆڭلىمدە ئازراق ئەندىشە باردەك قىلسىمۇ، ئېۋىن قورققانلىقىنى ئازراقمۇ ئىپادىلىمىدى. بۇرۇنقىدەكلا تەمكىن ھالدا، كىشىلەر توپىغا قاراپ ئەرەبچە سۆزلىدى.

— بۇ ئەلچىخانا، — دەپ گېپىنى باشلىدى ئۇ، چىرايى بۇرۇنقىدەكلا جىددىي تۇس ئالغانىدى، ئۇ قولىنى سەل كۆتۈرۈپ، كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى باشمالتىقىغا يېقىپ، توغرىلىق ئىشارىتىنى قىلدى، — ئۇ ھەرگىز بىر دۆلەتكە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. مېنىڭچە، بۇ قېتىملىق توقۇنۇش چۈشىنىش كەمچىل بولۇش تۈپەيلى يۈز بەرگەن. نورۋېگىيەدە بىزنىڭ ئىسلام دىنىغا

ئائىت بىلىدىغانلىرىمىز كۆپ ئەمەس، ئۇ يەردىكى مۇسۇلمانلارمۇ كۆپ ئەمەس. نورۋېگىيەلىكلەر ئىسلام دىنىنى كۆپرەك چۈشىنىشكە موھتاج. ئىسلام دىنىغا ئائىت بىلىملەر ئارقىلىق بىز... — ئۇ توختىۋالدى ۋە ئېغىشىپ بەسىردىن قايسى سۆزنى ئىشلەتسە مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى سورىدى. كىشىلەر توپى تىمتاس بولۇپ، ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ھەيران قېلىشقانىدى، — ... ئىسلام دىنىنى ھۆرمەت قىلساق، بىرلىكتە ئىناق ياشىيالايمىز. ئاللا خالىسا!

ئۇ بۇ سۆزلەرنى ھېسداشلىق، ئۆزگە بولغان ئىشەنچ بىلەن ھېچبىر قىينالمايلا ئېيتتى، كىشىلەرنىڭ چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىپ، ئەيىبلەشلەردىن ساقلىنىشقا تىرىشتى. غەرب دۇنياسىدىكى بۇ كونا گەپلەر شۇ ئەسنادا تولىمۇ يېڭىلىقتەك ئاڭلىنىپ، ئەرەب كوچىسىدا ئۇزۇكسىز ئەكس سادا پەيدا قىلدى.

كىشىلەر توپىدىن بىردەم قولالاش سادالىرى ياڭرىدى. بەزى كىشىلەر يۇقىرى ئاۋازدا:

— ئۇ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىپتۇ! — دەپ توۋلاشتى.

ئېۋىننىڭ چىرايىدا سۇس تەبەسسۇم پەيدا بولدى. كىشىلەر تەرەپ - تەرەپتىن قول ئۇزارتىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى؛ بەزى كىشىلەر يانفونىنى چىقىرىپ ئۇنى سۈرەتكە تارتتى؛ بىر تېلېۋىزىيە سۈرەتكە ئېلىش گۇرۇپپىسى قىستىلىپ ئالدىغا ئۆتۈپ ئۇنى زىيارەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭ سۆزى نامايىشنى ئاخىرلاشتۇردى. مەن يېنىك نەپەس ئالدىم. ئەھۋال ئەسلىدە ناھايىتى ئېغىرلاپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. مەن بەسىر ئېۋىننى ئىنتايىن زور خەتەرگە ئىتتەردى دەپ ئويلىدىم، ئەمما ئېۋىن ئۇنداق قارىمىدى، بەلكى بۇنى بەسىرنىڭ ئۆزگە بولغان بىر خىل ئىشىنىشى دەپ قارىدى.

ياتاققا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بەسىر ئاق بۆكىنى كىيىۋالدى، ئۇ يەنىلا زىيادە ھاياجانلىنىش ھالىتىدە تۇراتتى. ئۇ:

— ئەيىبلەشكە تېگىشلىك كىشىلەر ئەسلىدە

ئىسرائىلىيەلىكلەر بولۇشى كېرەك. ئۇلار ھەجۋىي رەسىمدىن پايدىلىنىپ ئەرەبلەر بىلەن دانىيەلىكلەرنىڭ يېقىن مۇناسىۋىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلدى، — دېدى.

شۇ كۈنى ئەتىگەندە ئۇ مەسچىتتە بەزى كىشىلەرنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزى ئەيىبلىنىشى كېرەك، چۈنكى ئۇلار غەربلىكلەرگە مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ ئەرباب ئىكەنلىكىنى ئېيتالمىغان دېگەنلىكىنى ئاڭلىدى. ئۇ مېنى بىر چەتكە تارتىپ، پەيغەمبەرنىڭ ئۇلۇغلۇقى، ئۇنىڭ مەدىنىگە بارغانلىقى ھەمدە نېمە ئۈچۈن ئىسلام دىنىنىڭ دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ دىنىنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى.

— سىز قانداق ھېسسىياتتا؟ — دەپ سورىدىم مەن ئېۋىندىن.

— مەن شۇ چاغدا يەنە كۆپرەك سۆزلىمەكچىدىم ، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ، ئاۋازىدىن يەنىلا كۆچلۈك، بىر خىل ھاياجان بىلىنىپ تۇراتتى، — لېكىن سۆزۈمنى تاپالماي قالدىم. مېنىڭ راستلا: «بىز سىلەرنىڭ قاتتىق غەزەپلەنگەنلىكىڭلارنى بىلىمىز، بىراق بۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز» دېگۈم بار ئىدى.

※ ※ ※

يەكشەنبە كۈنى بولغاندا، بىز تېخىمۇ چۈشىنەلمەي قالدۇق. ھەجۋىي رەسىم غەزەپلەنگەن ھۆكۈمەت ۋە موللىلار ئارىسىدىن ئاۋامنىڭ ئارىسىغا تارقالدى. كوچىلار قايناۋاتقان قازانغا ئوخشاپ قالدى. دەمەشققە كەلگەن بىر ئايچە ۋاقىتتىن بۇيان، مەن تۇنجى قېتىم خەتەرنى ھېس قىلدىم. شۇنچە چەكلەپ قويۇلغان بىر دۆلەتنىڭ چۈلۈۋۈرى يېشىۋېتىلگەنلىكىنى كۆرۈش كىشىنى ساراسىمىگە سالاتتى.

بىر قېتىملىق يىغى كۈچ كۆرسىتىش نامايىشى پارتلىدى. شۇ چاغدا مەن ئامېرىكىلىق يازغۇچى دوستۇم بارتېل بوۋل بىلەن بىللە ئەمدىلا چۈشلۈك غىزانى يەپ بولۇپ، ئالدىنقى كۈندىكى

ۋەقەنى ئەسلەۋاتاتتۇق. چۇقان - سۈرەننى ئاڭلىغان چاغدا بىز بىر تىنچ ئاھالىلەر رايونىنىڭ كىچىك باغچىسىدا ئايلىنىپ يۈرەتتۇق. بارتېل نېمىنىدۇر پۇراپ قالغاندەك، مېنى باشلاپ كوچىغا يۈگۈرۈپ چىقتى. بىز بىر غول كوچىنى بويلاپ نامايىش بولۇۋاتقان يۆنىلىشكە قاراپ يۈگۈرۈپ، ئاخىر ئوتتۇرىسىغا پالما دەرەخلىرى تىكىلگەن كەڭ كوچىغا يېتىپ كەلدۇق. قاتناش يۆنىلىشى ئۆزگەرتىۋېتىلگەنىدى، چۈنكى يۈزلىگەن - مىڭلىغان نامايىشچىلار چوڭ يولنى بويلاپ كېلىۋاتاتتى.

تۈنجى كۈندىكى ھاۋا بىلەن ئوخشىمايدىغىنى، بۇ تىنىق، گۈزەل چۈشتىن كېيىن ئىدى. نامايىش قوشۇنىغا ئەگىشىپ كوچىدا مېڭىش چۈشتىن كېيىنكى سەيلىگە سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ مۇشكۈل ئىدى. تۈنۈگۈندىن تارتىپ توۋلىنىشقا باشلىغان «لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللا !» دېگەن شوئار يەنىلا ياڭرىماقتا، لېكىن قوشۇنىنىڭ كۆلىمىدىن قارىغاندا، بۈگۈنكىسىنى نىسپىي تىنچ دېيىشكە بولاتتى، كىشىلەر توپىنىڭ ئاساسىي كۈچى ئالغا ئىلگىرىلەشكە باشلىغانىدى. بىز قوشۇنىڭ قاياقىقا بېرىشىنى، قايسى ياۋروپا دۆلىتىنىڭ يەنە ھەجۋىي رەسىمنى باسقانلىقىنى ياكى كىشىلەر توپىنىڭ غەزەپ - نەپرىتى بىردەك «چوڭ شەيتان» ئامېرىكىغا قارىتىلغان - قارىتىلمىغانلىقىنى ئۇقالمىدۇق، چۈنكى بۇ كۆلەمدىكى نامايىش جەزمەن ھۆكۈمەتنىڭ ئىجازىتىگە ئېرىشكەنىدى. باشلامچىلار كىچىكرەك بىر كوچىغا قايرىلغانىدىلا، ئاندىن بىز ئۆزىمىزنىڭ دانىيە ئەلچىخانىسىنىڭ ئەتراپىغا كېلىپ قالغانلىقىمىزنى بىلدۇق. دەسلەپتە ئانچە قىستاڭچىلىق ئەمەس ئىدى، بىراق كوچىنىڭ بىر تەرىپىدە يول توسۇقلىرىنىڭ ئېگىز تىكلىنىشىگە ئەگىشىپ، كەلگەن يولىمىز بىلەن ئارقىمىزغا قايتمىساق، بۇ يەردىن ئايرىلغىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى. شىددەت بىلەن كېلىۋاتقان نامايىشچىلار قايتىش يولىمىزنىمۇ ئېتىۋەتتى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئەلچىخانىنىڭ ئالدىدىكى ئانچە چوڭ بولمىغان

بوشلۇق تېخىمۇ قىستا ـ قىستاڭ بولۇپ كەتمەكتە ئىدى، كىشىلەر توپىدىكى ئېنېرگىيە خۇددى بۇنىڭ گورىلكىسىنىڭ يالقۇنىغا ئوخشاش تەرەپ ـ تەرەپكە ئۇرۇلۇشقا باشلىدى. شۇ قەدەر يېقىن ئارىلىقتىن ھاياجانلانغان ئاشۇ كىشىلەر توپىغا يېقىنلىشىش دەسلەپتە مېنى خاتىرجەمسىزلەندۈردى، ئۆزۈكسىز كۈچىيىۋاتقان ئېنېرگىيە تۇيۇقسىز دولقۇنلىنىپ، بارتىيل ئىككىمىزنى تىنچراق بىر جايغا ئىتتىرىپ قويدى.

بىز ئۇ يەردىن كىشىلەرنىڭ دانىيە ئەلچىخانىسىنىڭ بىغىر رەڭ ئۇدۇل تېمىنى نىشانلاپ ئاچچىقىنى چىقىرىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. بىرمۇنچە پارچە ـ پۇرات تاشلار ئۇچۇپ چىقىشقا باشلىدى. تاشلار تەگكەن يېرىدە ئىز قالدۇراتتى. بىغىر رەڭ ئۇدۇل تامنىڭ سىمونت سۇۋىقىدا دەزلەر پەيدا بولۇۋىدى، توپ ئىچىدىن ئاپىرىن سادالىرى ياڭرىدى. تاشلار بارغانسېرى كۆپەيدى. بىر تال تاش ئەلچىخانىنىڭ سېرىق رەڭ ۋە قىزىل رەڭلىك بەلگىسىگە تېگىۋىدى، كىشىلەر خۇشاللىقىدا چۇرقىرىشىپ كەتتى. كاسكا كىيىۋالغان ساقچىلار شالاڭ سەپ ھاسىل قىلدى، كۆپىنچىسى ياش باللار بولۇپ، ئەلچىخانىغا دومىسىنى قىلىپ، چىرايى ئىپادىسىز، قىمىر قىلماي تۇرۇشتى.

بۇگۈنكى نامايىش تۇنۇگۈنكىگە ئوخشىمايتتى: ئالدىن تەييارلىق خىزمەتلەر ئىشلەنگەن بولۇپ، قاياقتىن كەلگەنلىكىنى ئۇققىلى بولمايدىغان تاشلار ئەلچىخانىغا داۋاملىق ئېتىلىۋاتاتتى. كىشىلەر ھاياجاندىن ئۇسسۇلغا چۈشتى، دانىيە دۆلەت بايرىقى يىرتىلىپ، كۆيدۈرۈلۈپ، كۆپ قېتىم دەسسىلىپ پايخان قىلىندى. ئۇلار ئۆزلىرى ياسىۋالغان، «بىز تەقدىرنىڭ سورئىتىدىنمۇ تېز. شىمالىي ياۋروپا قاراقچىلىرى، پەخەس بولۇش !» دېگەن سۆزلەر يېزىلغان پىلاكاتلارنى ئېگىز كۆتۈرۈشۈۋالغانىدى.

بىر ئەر كىشى بىز تەرەپكە يۈگۈرۈپ كەلدى. ئۇ كىشىلەر

ئارىسىدىن بىزنىڭ چەت ئەللىك ياكى مۇخبىر ئىكەنلىكىمىزنى تونۇپ قالغان بولسا كېرەك. بۇ ئەھۋال مېنى جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى.

— سىلەر ياۋروپالىقلارغا شۇنى دەپ قوياي، مۇخبىرلارنىڭ ئەركىنلىكى ئەسەبىيلەشكەن ئەركىنلىك. بۇ يەردە، بۇ يەردە، مېنىڭ ئىسمىمنى خاتىرىلىۋېلىڭلار، مۇھەممەد غەزالى، قىرىق توققۇز ياش، — ئۇنىڭ ئاۋازى ياڭراق بولۇپ، چىرايىدىن بىر خىل كېسەللىك ھالىتىدىكى ئەسەبىيلەرچە خۇشاللىق بىلىنىپ تۇراتتى، — بۇ ئاددىي كىشىلەرگە، تەربىيە ئالمىغان كىشىلەرگە قاراپ بېقىڭلار! — دېدى ئۇ ھاسىرىغان ھالدا، — مەن قۇربان بولۇشقا تەييارلىنىپ قويدۇم، — ئۇ يۇقىرى ئاۋازدا ۋارقىرىۋىدى، ئاۋازى كىشىلەرنىڭ شوئار ۋە چاقىرىقلىرىنى يېرىپ ئۆتتى، — ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىزنى ھاقارەتلىگەن ئاشۇ كىشىلەرگە قارشى تۇرىمىز.

ئۇ توپ ئىچىگە يۈگۈرۈپ بېرىپ، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە غايىب بولدى. ئۇ ئادەم دېڭىزىدىكى بىر تامچىلا ئىدى...

سائەت تۆتتىن ئېشىپ كەتتى، باش ئەلچىخانىنىڭ تاش ھوجۇمىغا ئۇچرىغىنىغا يىگىرمە بەش مىنۇتچە بولدى، بىراق ھۆكۈمەتنىڭ ھېچقانداق ئارىلىشىشى بولمىدى. شالاڭ سەپ تۈزگەن ھېلىقى زوراۋانلىققا قارشى تۇرۇش ساقچىلىرى جايىدىن قىلچە مىدىرلىمىدى. مەن ئۇلارنىڭ ئىپادىسىز چىرايىنى كۆزىتىۋاتقىنىمدا، توپ ئىچىدىن تۇيۇقسىز ھۆركىرىگەن بىر ئاۋاز ياڭرىدى، مەن بېشىمنى كۆتۈردۈم. پادىچى ئىشتىنى كىيگەن بىر يىگىت ئەلچىخانىغا كىرىپ، بىر بالكونغا چىقتى. ئۇ كىشىلەرنىڭ ماختاش سادالىرى ئىچىدە بىردەم كېرىلىپ تۇردى، ئاندىن رېشاتكىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ ھېلىقى ئېللىپس شەكىللىك بەلگىنى ناھايىتى ئاسانلا يۇلۇۋالدى ۋە ئولجىنى كۆتۈرگەندەك، ئۇنى ئېگىز كۆتۈردى، ئاندىن توپقا قارىتىپ ئاتتى. كېيىن ئاق رەڭ بىلەن «لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللا» دېگەن سۆزلەر يېزىلغان يېشىل بايراقنى قولىغا

ئېلىپ، ئەلچىخانىنىڭ بىر قىيپاش بايراق خادىسىغا ئېسىپ قويدى.

— ئۇلار بۇ يەرنى كۆيدۈرۈۋېتىشى مۇمكىن، — دېدى بارتېل، — چاتاقنىڭ چوڭى چىقىدىغان بولدى.

مەن دەسلەپ ئۇلارنىڭ چوڭ چاتاق تېرىيدىغانلىقىنى، نامايىشنىڭ ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىپ، بىرنەچچە تال تاش ئېتىشتىن كەسكىن ھۇجۇمغا ئايلىنىپ كېتىشىنى خىيالىمغا كەلتۈرمىگەنىدىم. ياش ساقچىلار تېخى ھېچقانداق ھەرىكەت قىلماي ئۇلارغا قاراپلا تۇراتتى، ھۆكۈمەتنىڭ قورشىۋېلىنغان بۇ كىچىك ئەلچىخانىنى تاشلىۋەتكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق ئىدى. چەكلەنگەن رايونغا بېسىپ كىرىدىغان كىشىلەر بارغانسېرى كۆپەيدى.

دەسلەپتە پەيدا بولغان ئىس - تۈتەك ۋە يالقۇن ئەلچىخانىنىڭ ئىچىدىن ئەمەس، بەلكى ئەتراپىدىن كەلگەندەك قىلاتتى. لېكىن، بارا - بارا ئەلچىخانا بىناسى يالقۇن تەرىپىدىن قورشىۋېلىنغان ئەمەس، بەلكى ئاستىنقى قەۋەتنىڭ دېرىزە - ئىشىكلىرىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقاندەك كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

بارتېل لوندوندىكى «يەكشەنبە» گېزىتىنىڭ مۇھەررىرى بىلەن تېلېفونلىشىۋاتاتتى. مەن دەمەشقتە ماڭا كۆپ ياردەم قىلغان سۈرىيەلىك دوستۇم نادىرغا تېلېفون ئۇردۇم، ئۇ بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. گۈگۈم يېقىنلاشتى، يالقۇن ۋە ئىس - تۈتەكلەر يەنىلا ئەتراپقا يېيىلماقتا ئىدى، ئاسمان قاراڭغۇلاشتى، ئەمما بۇ يەردە ئوينىلىۋاتقىنى چۈشەنگىلى بولمايدىغان بىر ئىپتىدائىي كۆرۈنۈش ئىدى. كىشىلەر تەبرىكلەش ئۇسسۇلىغا چۈشتى. گويا مەلۇم بىر قەدىمىي مۇراسىم قايتا زاھىر قىلىنىۋاتقاندەك، ئۇلار دانىيە دۆلەت گىربىنى — خۇددى بۇ يەر بىر مۇقەددەس خارابىلىكتەك — ئايلىنىپ ئۇسسۇل ئوينىماقتا ئىدى.

بىر ئوت ئۆچۈرۈش ئاپتوموبىلى يول توسۇقىدىن ئۆتۈپ،

كوچىنىڭ ئۇ بېشىدا توختىدى. يەنە بىر جايدا كىچىك مەنزىرىسى ۋە قويۇق ئىس - تۈتەكنىڭ ئارقىسىدىكى كىرىست ۋە مۇنار چوققىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ ئەلچىخانىنىڭ يېنىدىكى چېركاۋ بولۇپ، شۇ تاپتا ئۇمۇ ئوتنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىماقتا ئىدى.

بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن، نادىر توپ ئىچىدە پەيدا بولدى. ئۇ پاكارراق، چىرايلىق ياسانغان، رەتلىك ساقال قويۇۋالغان، كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدىغان كىشى ئىدى. بىز تىقما - تىقماق توپ ئىچىدىن چىقىش يولىنى ئىزدەشكە باشلىدۇق. مەن ئۇنىڭدىن بەزى كىشىلەر بىلەن پاراڭلىشىشىمغا ياردەم بېرىشىنى ئۆتۈندۈم، ئۇلار يەنىلا كوچا تەرەپكە قاراپ كېتىشىۋاتاتتى.

بىر ئەر كىشى يۇقىرى ئاۋازدا توۋلىدى:

— بۇ ئىشنى ئۇلار تېرىدى. بۇ يەرنى كۆيدۈرۈپلىۋەتمەي، يەنە تېخى كۇكۇم - تالقان قىلىۋېتىشىمىز كېرەك.

ياغلىق چىگىۋالغان خېنىبا ئىسىملىك قىز:

— بۇنداق قىلىشىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈن ئەمەس. ئۇلار پەيغەمبىرىمىزنى ھاقارەتلىدى. ئەلچىخانا دېگەن قانچىلىك نېمىدى؟ — دېدى.

يىگىرمە ئالتە ياشلىق، كۆزئەينەك تاقىۋالغان مۇھەممەد ئىسىملىك ئوقۇغۇچى بىزنىڭ پارىڭىمىزنى ئاڭلاپ، قىزنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋەتتى:

— بۇ توغرا ئەمەس. بىز نارازىلىق بىلدۈرسەك، نامايىش قىلساق بولىدۇ، بىراق بۇنداق قىلساق بولمايدۇ. پەيغەمبىرىمىز بۇنى قوللىمايدۇ. بۇ بىزنىڭ خاتالىقىمىز، چۈنكى بىز ياخشى مۇسۇلمانلاردىن ئەمەس. ئەگەر بىز ياخشى بولغان بولساق، بەزى كىشىلەر پەيغەمبىرىمىز ۋە ئېتىقادىمىزنى ھاقارەت قىلىشقا پېتىنالمىغان بولاتتى. ئىلگىرى بىز ياخشى مۇسۇلمان ئىدۇق، ئۇ چاغلاردىكى دۇنيا تىلى ئىنگلىز تىلى ئەمەس، ئەرەب تىلى ئىدى.

ئۇ سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، خېنىبا گەپ - سۆز قىلماي

بېشىنى لىڭشىتتى. بۇ ئوقۇغۇچى ئېپادىلىگەن ھەسرەتكە ئەجەبلەنگىلى بولمايتتى: نۇرغۇن كىشى مەغلۇپ قىلىنغان كىشىلەرنىڭلا بۇ ھەجۋىي رەسىملەر تەرىپىدىن ھاقارەتلەنگەنلىكىنى ھېس قىلاتتى.

كوچا تېزلا بوشاپ قالدى. ئوت ئۆچۈرگۈچىلەر ئوت ئۆچۈرگەن يەر ھەم كۆيۈندە، ھەم ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. كوچىدا چېچىنى بويىۋالغان، كۆك تولىستوپكا كىيىۋالغان بىر ئايال سېتىۋالغان ئولجىلىرىنى كۆتۈرگىنىچە ئەلچىخانىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، چىرقىراق ئاۋازدا ئىنگلىزچە توۋلىدى:

— ئوھۇ، قالتىس، ئۇلار ئۇنى كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ.

قىرىق ياشلاردىكى جىھاد ئىسىملىك بىر ئەر مېنى توختىتىۋېلىپ:

— ئەگەر سىز يەھۇدىيلارنىڭ سۇيىقەستىنى تونۇپ يەتكەن بولسىڭىز، بۇ ۋەقەگە ئىسرائىلىيە ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ تامغىسى بېسىلغانلىقىنى بايقايسىز. بۇ ئىسرائىلىيەلىكلەرنىڭ بىر سۇيىقەستى، چۈنكى ئۇلار پەيغەمبىرىمىزنىڭ پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ نامايەندىسى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، — دېدى.

— ئەگەر سىز بۇنىڭ بىر سۇيىقەست ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان بولسىڭىز، نېمە ئۈچۈن بۇنىڭغا قاتنىشىپ قالدىڭىز؟

ئۇنىڭ ئىسرائىلىيەنىڭ جىنايەتلىرىنى بىر - بىرلەپ تىزىپ بەرگۈسى بار ئىدى، بىراق جاۋاب قايتۇرمىدى. شۇ تاپتا نادىرنىڭ قاتتىق سەپراسى ئۆرلىگەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ بۇ ۋەقەنىڭ سۈرىيەنىڭ دۇنيادىكى ئورنىغا ۋە ئىسكاندىناۋىيە دۆلەتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە زىيان سېلىشىدىن ئەنسىرىمەكتە ئىدى. بۇ دۆلەتلەر ھېچبولمىغاندا ھازىرغىچە ئەرەبلەرنىڭ ئىتتىپاقدىشى ۋە قوللىغۇچىسى بولۇپ كەلگەنىدى. ئۇ مېنىڭدىن نېمە ئۈچۈن پەيغەمبەرنى ھاقارەتلەش بىر خىل ھوقۇققا ئايلىنىپ

قالىدۇ دېگەن سوئالنى توختىماي سوراۋەردى.

قايتىپ كېتىۋاتقىنىمىزدا، زوراۋانلىق قىلمىشلارنىڭ ئەلچىخانىدىن مەن تۇرۇۋاتقان سارايغا يېقىن مەھەللىگە قاراپ يامراۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ياش ئەرلەردىن تەركىب تاپقان كوللېكتىپ كوچىدا موكىدەك ئۆتۈشۈپ، ئەخلەت ساندۇقلىرىنى تېپىپ ئۆرۈمەكتە، ئۇچرىغانلىكى نەرسىگە ھۇجۇم قىلماقتا ئىدى. بۇ چاغدا، ھەقىقىي زوراۋانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ساقچىلىرى كوچىدا چارلاشقا باشلىدى، ئۇلار نىقابلىق كاسكا، قارا فورما كىيىۋالغان، ساقچى كالتىكىنى كۆتۈرۈۋالغانىدى. بىر يۈقىرى بېسىملىق سۇ زەمبىرىكىمۇ ئىشقا سېلىنىدى. خەۋەرلەر كەلمەكتە ئىدى، نورۋېگىيە باش ئەلچىخانىسى كۆيدۈرۈۋېتىلىپتۇ، توپىلاڭ تۇرالغۇمىزنىڭ يېنىغا يامرىماقتا ئىدى، بۇ چاغدا مەن ئېۋىندىن ئەنسىرەشكە باشلىدىم. دەمەشقتە كۆپىنچە كىشىلەر قولۇم ـ قوشنىلىرىنى تونۇيدىغان بولغاچقا، تونۇگۇنكى نامايىشتا تۇتۇق سۆزلىگەن نورۋېگىيەلىكنىڭ نەدە تۇرىدىغانلىقىنى ئاسانلا كۆرسىتىپ بېرەلەيتتى. ئېۋىننىڭ يان تېلېفونى يوق ئىدى، لېكىن ئاخىر بەسىرنىڭ تېلېفونى ئارقىلىق ئۇنى تېپىۋالدىم. ئۇ دەسلەپ دانىيە باش ئەلچىخانىسىدا تۇرۇپتۇ، كېيىن يەنە ئۆز دۆلىتىنىڭ باش ئەلچىخانىسىغا بېرىپتۇ. ئۇ دەرھال مېنىڭ ياتىقىمغا كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

يېگىرمە مىنۇتتىن كېيىن، ئۇ بەسىر بىلەن بىللە كەلدى. ساقچىلار بىز تۇرۇۋاتقان جاينىڭ ئەتراپىدىن بىر ئۇچۇم زوراۋانلارنى ناھايىتى تېزلا تۇتتى. جىددىيلىك ئىچىدىكى بىرنەچچە سېكۇنت ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، چىرايىمىزنى خاتىرجەملىك ئىپادىسى ئىگىلىدى. ئېۋىن جىددىيلىشىش ۋە ھاياجانلىنىش ئىچىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئامالسىز قالغانىدەك قىلاتتى. ئۇ چۈشتىن كېيىنكى ئىشلارنى كېكەچلىگەن ھالدا سۆزلەپ بەردى. نورۋېگىيە باش ئەلچىخانىسىنىڭ سىرتىدا بىر ئەر كىشى ئۇنى تۇتۇۋېلىپ: «سەن نەلىك؟ سەن نەلىك دەيمەن؟»

دىگىنىچە ھۆركىرەپتۇ. ئۇ: «شىۋىتسىيەلىك» دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن، باشقا كىشىلەر ھېلىقى ئەرنى تارتىپ ئەكېتىپتۇ. ساقچىلار نامايىشچىلارغا ياش ئاقتۇرۇش بومبىسى ئېتىپتۇ، ئېۋىن بىرمۇنچە كىشىلەر بىلەن بىر مەسچىتكە بېرىپ يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپتۇ. ئۇ ھەرقانچە قىلسىمۇ بىر ئىشنى ئۇنتۇيالمايدىكەن، يەنى نامايىشچىلار مەسچىتكە كىرىۋاتقاندا، ئەزان ئاۋازى ياڭراپتۇ. نامايىشچىلار توختاپ كوچىدا ناماز ئوقۇپتۇ، ئاندىن قوزغىلىپ، باش ئەلچىخانىغا داۋاملىق ھۇجۇم قىپتۇ.

— مەن ئۇلارنىڭ ناماز ئوقۇغانلىقىغا راستىلا ئىشىنەلمەي قالدىم، — دېدى ئۇ ھاسىرىغان ھالدا.

شۇ كۈنى كەچتە، دەمەشقتىكى نورۋېگىيەلىكلەر ئەسلىدە كونا شەھەردە بىللە غىزالانماقچى ئىدى، بىراق نامايىش كەچكىچە داۋاملاشقاچقا، پائالىيەت ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئەلچىخانىنىڭ كۆيدۈرۈۋېتىلگەنلىك خەۋىرى كوچىدىن سىرتقى دۇنياغا تارقالدى، نورۋېگىيە بۇ دۆلەتتىكى پۇقرالىرىنى چېكىندۈرۈپ كېتىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. سەھەر سائەت تۆتتە تۇنجى ئايروپىلان ئۇچتى.

※ ※ ※

ئاشۇ يەكشەنبە ئەتىگەندە، مەن «چاڭگا» ماركىلىق قەھۋەنى ئىچكەچ بالكوندىن سىرتقا قارىدىم، شەھەر يارقىن قۇياش نۇرىغا چۈمۈلگەنىدى. مەھەللە تىپتىنچ بولۇپلا قالماي، پاكىز سۈپۈرۈپ تازىلانغان، توپىلاڭنىڭ قىلچە ئىزناسى قالدۇرۇلمىغانىدى. قاتناشنىڭ نورماللىقى ئەسلىگە كەلگەن، ماگىزىنلار ئېچىلغان، قاتناش چىرىغىنىڭ يېنىدىكى بولكىخانىدا دۇخوپكىدىن مەززىلىك پىسا ئىسسىق پېتى چىقماقتا ئىدى. ئۆتكەن بىرنەچچە كۈندە شۇنچە كۆپ ئىشلار يۈز بەرگەن بولسىمۇ، ئاخىرقى

بىرنەچچە سائەتتىكىنىسى خۇددى بىر مۇراسىمغا ئوخشاپ قالغانىدى. دەمەشقنىڭ ئاشۇ ئەتىگەندىكى كەيپىياتى خۇددى بايرام كېچىسى ئۆتكەندىن كېيىنكى ھىندىستاننىڭكىگە ئوخشايتتى.

جىددىي ۋەقە ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ۋەقەنىڭ سەۋەبى كىشىنى ئەجەبلەندۈرەتتى: ھەجۋىي رەسىم.

چىشىغا تېگىش خاراكتېرلىك ئاشۇ ھەجۋىي رەسىمنىمۇ ئىسلام شەكلىدىكى ئۇسۇلدىن پايدىلانماي شەرھلىگىلى بولاتتى. ياۋروپا دىنىنىڭ جامائەت تۇرمۇشىغا ئارىلىشىش تارىخىدىن قەدەممۇقەدەم مېڭىپ چىققان. ئۇ دىنىنىڭ پەرھىزلىرى ۋە خەتەرلىككىلىكىنى چۈشىنىدۇ. ھەجۋىي رەسىملەرنى قوغداش سىستېمىسى بەرپا قىلىنغان، بۇنىڭدىكى قىسمەن سەۋەب دەل دىنىنىڭ جامائەت تۇرمۇشىغا زىيادە ئارىلىشىۋېلىشىنى توسۇش دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ھەجۋىي رەسىملەر چىققان جاي دىنىنىڭ چاقچاقنى كۆتۈرۈش ئىقتىدارىنىڭ بولۇشىنىڭ ئۆزى بىر خىل مۇۋەپپەقىيەت دەپ قارايدۇ. لېكىن، ئەھۋال ھەرگىز ئىنچىكە بۇنداق بولىۋەرمەيدىكەن.

مەن سۈرىيەگە كەلگەندە، بارت بىلەن ئابدۇللا سۈرەتلەپ بەرگەن كۆرۈنۈشلەرنىڭ رېئاللىقتا قانداق زاھىر بولۇشىنى كۆرۈپ باقماقچى بولغانىدىم. ئابدۇللا ئىسلامنىڭ مۇكەممەللىكى توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى — رېئال ئەمەس، پەقەت قارشى پىكىردىكى قاراش — ھەجۋىي رەسىملەر پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرىلا ئابۇنودا ئىپادىلەنگەنىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار بىر خىل غايىدىكى غەزەپلىنىش كەيپىياتىنى ئوتتۇرىغا چىقارغانىدى: دۈچ كەلگىنىمىز دۈشمەنلىشىۋاتقان يات دۇنيادىن كەلگەن دەخلى - تەرۇز، ئېتىقاد، بۇ قېتىم قانداق تاقابىل تۇرۇشنى بىلىدۇ.

دەمەشقتە يۈز بەرگەن ۋەقەنى بىر كىچىك ھېكايە بىلەن

چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ، بۇنى بىر سۈرىيەلىك دوستۇم سۆزلەپ بەرگەن. كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى بۇ ھېكايىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئەسەبىيلىك يوشۇرۇنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق ۋەقە سۆزلەنگەن: بىر ئەر كىشى ئىمامدىن خوتۇنىنىڭ تىرناق لاكى سۈرۈشىگە رۇخسەت قىلسا بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنى سورىغان. ئۇ «بولمايدۇ» دېگەن جاۋاب بېرىلىدىغانلىقىنى پەرەز قىلغان، بىراق نەتىجىدە قاتتىق ھەيران قالغان. ئىمام: «ئەلۋەتتە سۈرسە بولىدۇ، چىرايلىقراق كۆرۈنسە نېمىشقا بولمىغۇدەك؟ لېكىن، قۇرئاندا شۇنداق ئېيتىلغانكى، نامازدىن ئىلگىرى تاھارەت ئالغاندا، سۇنى بەدىنىنىڭ ھەربىر قىسمىغا، جۈملىدىن تىرنىقىغا تەگكۈزۈشى كېرەك» دېگەن. ئۇ يەنە كۆلۈپ: «تىرناق لاكىنى كەشىپ قىلغان شىركەت ئوخشاشلا تىرناق يۇيۇش سۇيىنىمۇ كەشىپ قىلغان ئەمەسمۇ» دېگەن. شۇڭا، ئۇنىڭ خوتۇنى تىرناق لاكى سۈرسە بولىدىكەن، بىراق ھەر قېتىم ناماز ئوقۇيدىغان چاغدا يۇيۇۋېتىشى كېرەك ئىكەن. ھەر كۈنى بەش قېتىم ! مانا شۇنداق قىلىپ، دىن ئۆزىنىڭ ئۇسۇلى بىلەن تىرناق لاكى مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلغان.

# بۇتتونىڭ ئاياغ ئىزى

1980 - يىلى مارت، ئاتا - ئانام دېھلىدا ئۇچرىشىپ قالغان. ئەينى چاغدا دادام ھىندىستاندا ئۆزىنىڭ سىياسىي ئۇستازى — پاكىستاننىڭ داھىيسى زۇلپىقار ئەلى بۇتتو ئۇچۇن يازغان بىيوگرافىيەسىنىڭ مەزمۇنىنى كېڭەيتىۋاتقانىكەن. ئاپام ئۇنى زىيارەت قىلىشقا ئەۋەتىلگەنىكەن. ئەينى چاغدا ئاپام بىر ياش مۇخبىر بولۇپ، دېھلىدىكى بىر گېزىتخانىدا ئىشلەۋاتقانىكەن.

— قايسىلىرى سالمان تاسىر بولىدىلىكىن؟ — ئاپام دادام ۋە ئۇنىڭ نەشرىياتچىسى چۈشكەن ياتاققا كىرىپ شۇنداق دەپ سورىغان. شۇ چاغدا ئۇلار دېھلىدىكى ئوبىرا مېھمانخانىسىدا تۇرۇۋاتقانىكەن.

ئۇلارنىڭ رومانتىكىلىق تارىخى دەل ئاشۇ كۈنى كەچتىن باشلانغان. دادام ئاپامنىڭ تېلېفون نومۇرىنى يېزىۋالغان، ئۇلار «مىڭشې» دېگەن جۇڭگو ئاشخانىسىدا كەچلىك تاماق يېگەن، بىر ھەپتىدىن كېيىن، دادام ئاپام بىلەن بىللە غايىب بولغان.

دادام بىلەن ئاپام ئۇچراشقان چاغدا، ئىككىسىلا ئۆز دۆلىتىدىكى سىياسىي ئاپەت ئىچىگە كىرىپ قالغانىدى. ئاپام «سىياسىيون» گېزىتخانىسىغا ئىشقا چۈشۈپ بىر ئايدىن كېيىن، گەندى خانىم 1975 - يىلى دۆلەتنىڭ جىددىي ھالەتكە كىرگەنلىكىنى جاكارلىغان. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە، باشقىچە كۆزقاراشتىكى كىشىلەر تۈرمىگە تاشلانغان، ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ ساداسى چەكلەنگەن، ئاپاممۇ جىددىي ھالەتنىڭ باشلىنىش ۋە بىكار قىلىنىش جەريانىنى بېشىدىن كەچۈرگەن. گەندى خانىم يېڭىباشتىن ھوقۇقنى كونترول قىلغاندا، پەنجاب رايونىدىكى تېررورلۇق ئۇنىڭ ھاياتىغا زامىن بولغان.

پاكىستاندا دېموكراتىيە ئېلىپ كېلەلىشى مۇمكىن دەپ قارالغان زۇلپىقار ئەلى بۇتتو ئالدىنقى يىلى دارغا ئېسىلغان. شۇ يىلى ئىران ئىنقىلابىي پارتلىغان ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ئافغانىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنىدى. كېيىن گېنېرال زىيائۇلھەقنىڭ دەۋرى يېتىپ كەلگەن.

دادام بۇتتونىڭ قوللىغۇچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، بۇ ئىشلارغا قول قوۋۇشتۇرۇپ بىر چەتتە قاراپ تۇرالمايتتى. ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم بۇتتونىڭ نۇتقىنى ئاڭلىغان چاغ 60 ـ يىللار بولۇپ، لوندوندا ئوقۇۋاتقان مەزگىلى ئىدى. ئەينى چاغدا بۇتتو ئۇنى قاتتىق تەسىرلەندۈرگەن، كېيىن دادام بۇتتوغا ئەگىشىپ دورچېستېرغا بارغان. بۇتتو مەيخانىدا بىر توپ دوستلىرى بىلەن ئولتۇرغاندا، دادام ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ سالاملاشقان. بۇتتو ئۇنى بىللە پىۋا ئىچىشكە تەكلىپ قىلغان. بۇ ئىش دادام ئۈچۈن ئېيتقاندا، زور ئەھمىيىتى بار ـ دە. ئۇ ئالتە ياش چېغىدا دادىسىدىن ئايرىلىپ قېلىپ — مېنىڭ دادامنىڭ دىدارىنى كۆرەلمەيدىغان بولغان چاغدىكى يېشىم بىلەن ئاساسەن ئوخشاش — لاھوردا چوڭ بولغان، بالىلىق دەۋرى ئىنتايىن نامراتلىقتا ئۆتكەن. ئەينى چاغدا ئۇ لوندوندا بوغالتىرلىقنى ئۆگىنىۋاتقان بولۇپ، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بىر پارچە شاكىلات بىلەنلا قورسىقىنى ئەستەرلىيەلەيدىكەن. بۇتتونىڭ مەردلىكى ۋە ئوچۇق ـ يورۇقلۇقى دادامدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان: ئاشۇ پەيت ئۇنىڭ بۇ رەھبەر ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە بولغان مۇھەببىتىنىڭ باشلىنىش ۋاقتى بولۇپ قالغان، شۇنداقلا قەلبىدە پاكىستاننىڭ سىياسىي ساھەسىگە ئاتلىنىشقا بەل باغلاشتەك قايناق ھېسسىيات لاۋۇلدىغان.

1979 ـ يىلى يۈز بەرگەن نۇرغۇن ۋەقە دادامغا ئېنىقسىزلىق ۋە ئېھتىماللىقلارنى ئېلىپ كەلگەن. بۇتتونىڭ قىزى بېنازىر سىياسىي ساھەگە كىرىپ، زىيائۇلھەق بىلەن قارشىلاشقان.

يۈكسەك غايىپەرەس، ئوتتۇز ئالتە ياشلىق بىر ئەر كىشى ئۇچۇن ئېيتقاندا، ۋەتىنى دۇچ كەلگەن ئاۋارىچىلىكلەرمۇ ئۇنىڭ نىشانىنىڭ كۈنسايىن پىشىپ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئۇ بۇتتو ئۆلۈشتىن بۇرۇنلا ئۇنىڭ بىيوگرافىيەسىنى يېزىشقا باشلىغان، نۇرغۇن نۇقتىدىن ئېيتقاندىمۇ، بۇ ئۇنىڭ سىياسىي ساھەگە قەدەم تاشلىشىنىڭ بىر باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ قالغان.

ئاتا ـ ئانامنىڭ كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان ئىشى بىرەر ھەپتە داۋام قىلمايلا، دادام لاھورغا قايتقان، ئۇ يەردە ئۇنىڭ خوتۇنى ۋە ئۈچ گۆدەك بالىسى بار ئىكەن. بىر ئايدىن كېيىن، ئاپام ھامىلىدار بولۇپ قالغانلىقىنى بايقىغان. بۇ سەتچىلىكنىڭ ئېغىرلىق دەرىجىسىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايتتى. ئاپام قەدىمىي شىك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ھىندىستان بىلەن پاكىستان بۆلۈپ ئىدارە قىلىنغانلىقىنىڭ ئازابىدىن تېخى قۇتۇلۇپ بولالمىغانىدى. ئۇ تېخى توي قىلمايلا بىر پاكىستانلىق يولۇچى بىلەن ئارىلاشقانلىقى ۋە ھامىلىدار بولۇپ قالغانلىقى ئەينى چاغدا مۆلچەرلىگۈسىز سەتچىلىك ئىدى، ھازىرمۇ ئوخشاشلا شۇنداق قارىلاتتى. كېيىنكى بىر ھەپتىدە ئۇ ئىزچىل ھامىلىنى چۈشۈرۈۋېتىش ئويىدا بولغان، بۇ چاغدا دادام تاسادىپەن دۇبەيدىكى مارىبېللا كۇلۇبىدىن تېلېفون قىلىپ قالغان. ئاپام ھامىلىدار بولۇپ قالغانلىقىنى ئۇنىڭغا ئېيتقان.

— قانداق قىلماقچى بولۇۋاتىسىز؟ — دادام شۇنداق دەپ سورىغان.

— سىزچە، قانداق قىلىشىم كېرەك؟

دادام قانداق قىلسا ئۇنى ھامىلىنى چۈشۈرۈۋېتىش نىيىتىدىن ياندۇرالايدىغانلىقىنى سورىغان. ئاپام ھېچبولمىغاندا يالغاندىن توي قىلغان بولۇۋالايلى دېگەن. پاراڭلىشىشتىن كېيىن، ئۇلار ئەپچىل كېلىشىم تۈزۈپ، مۇناسىۋىتىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن

داۋاملاشتۇرۇشنى قارار قىلغان.
كېيىنكى بىر نەچچە ئايدا ئىككىسى ئىزچىل مەخپىي ھەرىكەت قىلغان. ئاپرېلدا ئاتا ـ ئانام يەنە پاكىستاندا كۆرۈشكەن. ئۇلار دۇبەيگە بارغان، لوندوندا يازنى ئۆتكۈزگەن، پۈتۈن ياز پەسلىدە چىراغلار چاقناپ تۇرغان كېچىلەر، ئاۋات مەيخانا ۋە ئۇستى ئوچۇق ئاشخانىلارنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرگەن. بۇ جەرياندا ئاپامنىڭ ھامىلدارلىق ئەھۋالى باشتىن ـ ئاخىر ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋە دادامنىڭ پاكىستاندىكى ئائىلىسىدىن مەخپىي تۇتۇلغان. مۇشۇنداق مەخپىيەتلىك ئۇسۇلى بىلەنلا ئۇلار مۇناسىۋىتىنى داۋاملاشتۇرالىغان، شۇنداقلا ئاشۇ مەزگىلدە، مەن ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا ئىگە بولغان دادام بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىككى نەرسە ئاپامنىڭ قولىغا تەگكەن. ئۇنىڭ بىرى، دادام يازغان بۈتتۈننىڭ تەرجىمىھالى بولۇپ، «مېنىڭ سەممىي مۇھەببىتىمگە تەقدىم، سالمان تاسىر» دېگەن بېغىشلىما ۋە «17/5/80» دېگەن چېسلا يېزىلغانىدى. يەنە بىر بۇيۇم كۈمۈش سۈرەت رامكىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا دادامنىڭ ئىككى پارچە سۈرىتى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرىدە دادام يۈگەكتىكى مېنى قۇچاقلاپ تۇراتتى، يەنە بىرىدە موغۇل خاتىرە تېشىنىڭ يېنىدا تۇرغان بولۇپ، ئاق كىيىم كىيگەن، 70 ـ يىللاردا مودا بولغان چوڭ قارا كۆزئەينەك تاقىۋالغانىدى.
ئاپامنىڭ ھامىلدارلىق خەۋىرى بوۋام، موماملاردىن مەخپىي تۇتۇلۇپ، تاكى مەن تۇغۇلۇشقا نەچچە ھەپتە قالغاندىلا ئۇلارغا ئېيتىلغان. ئۇ چاغ نويابىر بولۇپ، ئاپامنىڭ ئاچىسى خەۋەر يەتكۈزۈپ، «گۈرۈچ ئاللىقاچان دەم يەپ بوپتۇ» دېگەن.
بۇ ئۇلارنىڭ تۇنجى قېتىم ياۋروپاغا بېرىشى بولۇپ، كېيىن قايتا بېرىپ باقمىغان. ئۇلار كاماندىروپكىنى باھانە قىلىپ ياۋروپانى ساياھەت قىلغان، مېنىڭ ئۇلارغا پۇرسەت يارىتىپ

بەرگىنىمدىن مىننەتدار بولغاندەك، ئاشۇ چاغدىكى سۈرەتلىرىنى دائىم ماڭا كۆرسىتىپ تۇرغان. بوۋامنىڭ يەلپۈنۈپ تۇرىدىغان ساقىلى ۋە باش ياغلىقى ئىسپانىيەدە دائىم كىشىلەرنىڭ ئۇنى سالۋادور دالى دەپ خاتا تونۇپ قېلىشىغا سەۋەب بولغان.

ئەتىياز كەلگەندە ئۇلار مېنى ئېلىپ ھىندىستانغا قايتىپ كەلگەن، شۇ يىلى 4 ـ ئايدا، دېھلىدا مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرىنىڭ ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئاشكارا ئېتىراپ قىلغان ھەم قانۇنلاشتۇرغان. نەچچە ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، بۇتتو جەمەتىنىڭ ئىشى تۇرمۇشىمىزغا ئارىلىشىپ كىرگەن. پاكىستان خەلقئارا ئاۋىياتسىيە شىركىتىنىڭ بىر نۆۋەتچى ئايروپىلانى بۇلىنىپ، كابۇلغا مەجبۇرىي قوندۇرۇلغان. بۇتتونىڭ ئوغلى مۇتازا ئايروپىلان بۇلاش ۋەقەسىگە چېتىلىپ قالغان. BBC دادامنى زىيارەت قىلغان، ئەينى چاغدا ئۇ بېنازىر بۇتتونىڭ ئىتتىپاقدىشى بولۇپ، گېنېرال زىيائۇلھەققە بىرلىكتە قارشى تۇرغان، شۇ چاغدا بېنازىر بۇتتو تۇرمىدە ئىكەن. ئەينى چاغدا دادام پاكىستاندا بولۇپ، ئۆزىنى زىيارەت قىلغان مۇخبىرلارغا، مۇتازانىڭ بۇلىغىنى پەقەت بىر ئايروپىلان، بىراق زىيائۇلھەق پۈتكۈل پاكىستاننى بۇلىدى، دېگەن. بىرنەچچە سائەتنىڭ ئىچىدە، دادامنىڭ لاھوردىكى تۇرالغۇسى قورشىۋېلىنغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنى قولغا ئېلىش بۇيرۇقىمۇ يېتىپ كەلگەن.

ئايروپىلان بۇلاش ۋەقەسى دادامنى گېنېرال زىيائۇلھەققە قارشىلىق كۆرسىتىدىغان بىر مەيدان ئۇزاققا سوزۇلغان كۈرەشكە سۆرەپ كىرگەن، ئۇزاق ئۆتمەي، بىزنىڭ بۇ ۋاقىتلىق كىچىك ئائىلىمىزمۇ تۇنجى قېتىملىق داۋالغۇشقا ئۇچرىغان.

## مەككە كۆيى:
## «مۇسۇلمان ئەمەسلەر كىرىشكە بولمايدۇ»

ھەجۋىي رەسىم مالىمانچىلىقى يۈز بەرگەن ھېلىقى كۈنى چۈشتىن كېيىن سۈرىيەدىن ئايرىلدىم. مەن بىر ماشىنا تېپىپ ۋە بىر شوپۇرنى تەكلىپ قىلىپ سەئۇدى ئەرەبىستانغا قاراپ يول ئالدىم. پادىشاھلىق چېگراسىنىڭ چوڭ بىر پارچىسى قالايمىقان قۇرۇلۇشلار بىلەن تولغان بولۇپ، نۇرغۇن ئىسكىلات، يەنە بىر مەسچىت بار ئىدى. مەسچىتنىڭ ئۈستىدىكى ئۈچلۇق مۇنارمۇ، ئېگىز ئۆگزىسى ئاستىدىكى چاسا تۈۋرۈكلەرمۇ ئاق بولۇپ، چېگرادىن كىرگەنلەرنى قارشى ئېلىۋاتقاندەك، كۆلەڭگىسىنى كۆزنى چاقنىتىدىغان ئاسفالت يولغا تاشلاپ تۇراتتى. تىنچىق، تەكشى زېمىنىنىڭ ئۈستىگە ئورنىتىلغان تىكەنلىك سىم، پولاتتىن ياسالغان ئېگىز يول چىراغلىرى پەسكە ئېگىلىپ تۇراتتى. سەھەرنىڭ جىمجىتلىقى ھەممە يەرنى قاپلىغانىدى. سۈرىيەدىن ئايرىلغاندىن باشلاپ، زېمىن قۇملۇققا ئايلاندى. شۇ ئەسنادا كۆز ئالدىمدىكى ھەممە ئادەم دېگۈدەك ئەرەبچە ياسانغان، ئاياللار قېلىن چۈمبەل سېلىۋالغان بولۇپ، لېۋېنت رايونىنىڭ كۆپ ئىرقلىق خاراكتېرىمۇ غايىب بولغانىدى. بۇ يەر ئادەتتىكىچە چېگرا ئەمەس ئىدى: بۇ يەر قەدىمكى دەۋردە قەدىمكى دۇنيا بىلەن ئەرەب يېرىم ئارىلىنى ئايرىپ تۇرىدىغان چېگرا سىزىقى ئىدى. تار، يورۇق دېڭىز بوغۇزىدىن ئۆتسەكلا، مىسىر ئىدى.

كىچىك يۈك ئاپتوموبىلىدا ئاق نىمچە كىيگەن بىرقانچە ئەر كىشىدىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى. ئۇلار ئىشنىڭ ئېپىنى پىششىق بىلگەچكە، بىرىنچى خىلدىكى ئادەم ئىكەنلىكىنى

ئىسپاتلايدىغان قەغەزنى دەرھال چىقاردى. شوپۇر SUV نى كۆچمەنلەر كۆزنىكى تەرەپكە ھەيدىدى، بالا چىراي، شالاڭ ساقاللىق بىر ئەر كىشى پاسپورتۇمغا زەن قويۇپ كۆز يۈگۈرتتى، ئاندىن ماڭا لاپپىدە قارىدى. سەئۇدى ئەرەبىستان بېكىنمە پادىشاھلىق، مېنىڭ ۋىزىغا ئېرىشەلىشىم بىر تەلەي ئىدى. كۆچمەنلەر باشقارمىسىنىڭ بۇ ئىش بېجىرگۈچىسى ناھايىتى ئېتىبار بەرگەندەك، بىر خىزمەتدىشىنى كۆرۈپ بېقىشقا چاقىردى.

— زىيادقا؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭ خىزمەتدىشى ماڭا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

— ياق، جىددەگە، — دەپ جاۋاب بەردىم ۋە مەنمۇ ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرىدىم.

ئۇ پاسپورتۇمغا قىينىق قارا رەڭلىك، سۇيۇر شەكىللىك تامغىنى باستى، تامغىنىڭ ئۈستىگە پىكاپ، يەنە قىلىچ بىلەن زەيتۇن دەرىخىدىن تەركىب تاپقان دۆلەت گېربى ئويۇلغانىدى. مانا ئەمدى خاتىرجەم بولىدىغان بولدۇم.

— بۇ سەئۇدىلىقلارنىزە، — شوپۇر غۇدۇرىغىنىچە SUV نى ھەيدەپ چېگرادىن ئايرىلدى.

پادىشاھلىققا كىرگەندە ئاۋۋال كۆزۈمگە چېلىققىنى تاغنىڭ شېغىللىق يۈزىگە غايەت چوڭ بور بىلەن يېزىلغان «لائىلاھە ئىللەللاھۇ» (بىر ئاللادىن باشقا ھېچ خۇدا يوق) دېگەن سۆزلەر بولدى. ئارقىدىنلا بىر يول بەلگە تاختىيىنى كۆردۈم، ئۈستىگە «مەككە، 1171 كىلومېتىر» دەپ يېزىلغانىدى.

※ ※ ※

جىددە تارىختا مەككىگە بارىدىغان ئۆتكەل بولۇپ كەلگەن. مەن بۇ قەدىمكى شەھەرنىڭ بىر مەيدانىدا غەنىنى كۈتتۈم. ئىككىمىزنى ئەزەلدىن تونۇشمايدىغان، ئەمما ئورتاق دوستلۇق رىشتىسى بار كىشىلەر دېيىشكە بولاتتى. ئۇ مەككىگە بېرىش

پىلانىمنى ئۇقىقاندىن كېيىن، مېنى باشلاپ بېرىشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ يەنە بىر يول باشلىغۇچىغا مېنى جىددە قەدىمكى شەھىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇردى. شۇ كۈنى كەچتە، بۇ سەپىرىمنىڭ مەقسىتىنى بىلگەندىن كېيىن، ياشىنىپ قالغان ھېلىقى يول باشلىغۇچى:

— سىزنىڭ ھېلىقى تاشقا قول تەگكۈزەلىشىڭىز ناتايىن. كىشىلەر بەس - بەس بىلەن تالىشىپ، بىر - بىرىنى ئىتتىرىشىدۇ، لېكىن ئاشۇ تاشقا ھۆرمىتىڭىزنى بىلدۈرسىڭىزلا كۇپايە، — دېگەن تەكلىپنى بەردى.

ئەتراپىمىزدىكى ھەممە دۇكانلارنىڭ سىرتىغا جامەئى ئەكبەر مەسچىتىنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن بېغىر رەڭ ۋە قارا رەڭلىك گىلەملەر ئېسىۋېتىلگەنىدى. جىددە قەدىمكى شەھىرى باشقا يەرلەرگە ئوخشىمايتتى، بۇ يەردە ئاۋات بازارنى تاپقىلى بولمايتتى. يەنە بىر روشەن ئالاھىدىلىكى شۇكى، بۇ يەردە سەئۇدىلىقلار ۋە ئاياللارنى كۆرگىلى بولمايتتى. سانسىز كۆتۈرۈۋالغان ياكى ھارۋا ئىتتەرگەن ئەر كىشىلەرنىڭ ھەممىسىلا پاكىستانلىقلار بولۇپ، مەينەت سارى كەمزۇل كىيىشىۋالغانىدى. مەن كۆرگەن بىردىنبىر ئايال قاۋۇل ئافرىقىلىق ئايال بولۇپ، يۈزىدىن باشقا ھەممە يېرى قارا رەڭدە ئىدى. ئۇ مەيدان مەركىزىدىكى دەرەخ تۈۋىدە ئولتۇراتتى، بېشىنى قوللىرى ئارىسىغا ئالغان، ئىككى جەينىكىنى تىزىغا تىرىۋالغانىدى. ئۇستىبېشىدىكى چاڭ - توزان ۋە چىرايىدىكى بەختسىزلىككە ئۇچرىغانلىق ئىپادىسى ئۇنى نامرات ۋە مىسكىن كۆرسىتەتتى. ئۇنىڭغا ئەر كىشى ھەمراھ بولمىغانىدى، ئۆتكەن - كەچكەنلەرنىڭ نەزىرىدە، تامامەن ئايال زاتى بولمىغان بۇنداق مۇھىتتا (ئەمەلىيەتتە مەجبۇرىي پەيدا قىلىنغان)، ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىتى ۋە تەنھالىقى كۆزگە تېخىمۇ چېلىقىپ تۇراتتى.

دېڭىزدىن كەلگەن شامال مەيداننى كېسىپ ئۆتتى. ئېگىز قەدىمكى ئىمارەتلەر توپىنىڭ قوينىدا شەھەر ئىچىدىكى ئاۋات سودا مەنزىرىسىنى كۆرسە، تونجى قېتىم كەلگەن كىشى قەدىمكى دەۋردىكى ئەرەب يېرىم ئارىلى ۋە ئىلگىرىكى جىددەنى ئەسلەپ قېلىشى مۇمكىن. نېفىت بايقىلىشتىن بۇرۇن، جىددە ئەرەب دۇنياسىدىكى نۇقتىلىق پورت ۋە مۇقەددەس شەھەرگە ئۆتىدىغان ئېغىز ئىدى.

ساياھەت يېتەكچىسى شەرقىي جەنۇب تەرەپتىن مەسچىتكە كىرىشىم كېرەكلىكىنى ئېيتتى. لېكىن، كىرىشتىن ئىلگىرى، ئالدى بىلەن ئۆزۈم ئورۇنلىماقچى بولغان ئۆمرە ھەج ئارزۇيۇمنى جاكارلىشىم، يەنى ساياھەتچىلىك كاساتلاشقان پەسىلدە مەككىگە بېرىشتىكى بىر خىل ھەج ـ تاۋاپنى ئادا قىلىشىم، يەنە ئېھرام (ھەج كىيىمى) باغلىشىم كېرەك ئىدى. بۇ تەلەپنى ئادا قىلىش ئۈچۈن، بىر سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىتتا غەنىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتىم. سەئۇدىلىق نۇرغۇن ياشلارغا ئوخشاش، ئۇمۇ سەئۇدى دۆلەت كىيىمى ــ ئاق ئىمچە كىيىۋالغان، ئەمما بېشىدا ياغلىق يوق ئىدى. ئۇنىڭ تەق ـ تۇرقى كېلىشكەن بولۇپ، ئېڭىكى ۋە مەڭىز سۆڭىكى كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇراتتى. سەل ئاراش چىشلىرى ئۇنى قوپالراق كۆرسىتىپ، قىزغىن، دوستانە مىجەزىگە تازا ماس كەلمىگەندەك قىلاتتى. ئۇ ھېلىلا بانكىدىن ئىشتىن چۈشكەنىكەن، ماڭا مەككىگە بېرىشتىن ئىلگىرى بىرنەچچە يەرگە بېرىشىم زۆرۈرلۈكىنى ئېيتتى.

بىرىنچى بېكەت ئۇنىڭ ئۆيى بولۇپ، باشقا ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئۆيلىرى بىلەن بىرلىكتە بىر مەھەللىنى تەشكىل قىلغان، بۇ بىر قەۋەتلىك پاكار ئۆيلەر كەڭرى چىملىققا تارقالغانىدى. غەنىنىڭ بوۋىسى قاراڭغۇ، كەڭ بىر ئېغىزلىق ئۆيدە تۇرىدىكەن، مېھمانخانىدىكى ئائىلە جابدۇقلىرى شالاڭ قويۇلغان، دېرىزىسى ناھايىتى چوڭ، سىرتتىكى گۈللۈكنى كۆرگىلى بولاتتى. ئۆي ياسانغانلار تۇرالغۇسىنىڭ ئۇسلۇبى بىلەن راسلانغان، ئۆينىڭ

بېزىلىشى، ئائىلە جابدۇقلىرى ۋە سۈرەت رامكىلىرىنىڭ ھەممىسى كونا پاسوندا ئىدى.

ئۆيدە ئادەم يوق ئىدى، بىز غەنىنىڭ ناماز ئوقۇۋېلىشى ئۈچۈنلا ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلگەنىدۇق. مەن غەنىنىڭ بەلگىلەنگەن ۋاقىت بويىچە ناماز ئوقۇش تەلىپىگە بۇ قەدەر رىئايە قىلىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدىم. ئۇ تېخى بايىلا يانچۇقىدىن ئىككى تال سىگارنى چىقارغانىدى. بىز مەككىگە ماڭماقچى، بىراق مېنىڭ دىنىي سالاھىيىتىم تېخى مۇزاكىرە قىلىنمىغانىدى، يەنە كېلىپ، مەن پەرھىزلەرگە بويسۇنىدىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ بىللە ناماز ئوقۇيدىغان بولسام، ئۇنىڭغا تولىمۇ غەلىتە بىلىنگەن بولاتتى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۆزۈمنىڭ ماسلىشىپ كېتەلەيدىغانلىقىمغا ئانچە ئىشەنچىم يوق، باشقا كىشىلەر ھەمراھ بولمىغان ئەھۋالدا تېخىمۇ شۇنداق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاستا مېڭىپ غەنىنىڭ بوۋىسىنىڭ كىتابخانىسىغا يېتىپ باردىم. ئۆي يورۇق، راھەت بولۇپ تۆت تېمى كىتابلار بىلەن توسۇلغان، نۇرغۇن كىتاب سىياسىي، ئېنېرگىيە ۋە دىنغا ئائىت ئىدى. ئىشىك يوچۇقىدىن غەنىنى كۆردۈم، بۇ قاۋۇل يىگىتنىڭ چىرايىدا ئەرەب خاسلىقى گەۋدىلىك ئىدى، شۇ تاپتا ئۇ يۈكۈنگىنىچە ئۈنسىز ئايەت ئوقۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ ناماز ۋاقتىدىكى قىياپىتى، مۇراسىم خاراكتېرلىك دىنىي تىلىنى ئىشلىتىشى تەبىئىي بولۇپ، مېنىڭ خاملىقىم بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلغانىدى. يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان ھەجنى ئويلىغىنىمدا، ئىختىيارسىز يەكلىنىشتىن پەيدا بولىدىغان بىر خىل ئىچى سىقىلىش مېنى ئارامىمدا قويمىدى.

ئېھرام بىر دەستە ئاق لۆڭگە بولۇپ، ماشىنىغا قويۇقلۇق ئىدى. غەنى ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ماشىنىنى ھەيدەپ ئۇنىڭ دوستى كەرىمنىڭ ئۆيىگە باردۇق، ئاندىن ئېھرام باغلىدۇق. بۇ ئىككىنچى ئاينىڭ بىر كېچىسى بولۇپ، ئىنتايىن سالقىن ئىدى.

كەرىم تولىمۇ قامەتلىك بولۇپ، بۇنداق قامەت بىر خىل تاتىراڭغۇلۇق ۋە رەھىمسىز خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى نۇرلۇق، چىپچىمۇ بەك پارقىراق ئىدى. ئۇ گەپ قىلغاندا پات ـ پات رېئاللىققا بولغان غەزىپى ئىپادىلىنىپ تۇراتتى، تەبەسسۇمىدا مەسخىرە تۇسى كەتمەيتتى. ئۆينىڭ تېمى قىزغۇچ رەڭدە ئاقارتىلغانىدى. ئۆينىڭ لايىھەلىنىشى ئىسپانىيە قورۇقلىرىغا تەقلىد قىلىنغان بولۇپ، تاش ئەگمە ئىشىكى ۋە سۇ ئۈزۈش كۆلچىكى بار ئىدى. كەرىمنىڭ ئۇكىسى ئۆيدە ئىكەن، ئۇ كالتە ئىشتان ۋە تەنھەرىكەت مايكىسى كىيىۋېلىپ كۆز ئالدىمىزدىن ئىرغاڭلاپ ئۆتۈپ كەتتى. بۇ دۆلەتتىكى بارلىق ئارامبەخش ئەسلىھەلەر — تۈز كەڭ ئېكرانلىق تېلېۋىزور، چوڭ توڭلاتقۇ، پاكار پۇتلۇق سافا — بۇ ئۆيدە تەل ئىدى. بىز بىرنەچچە ئۆيدىن ئۆتۈپ، كەرىمنىڭ ھۇجرىسىغا كەلدۇق، ئىچىدىكى سەرەمجانلار ئۇنىڭ بالىلىق ۋاقتىدىكىدىن ئۆزگەرمىگەندەك قىلاتتى.

— بىز ئاخىرقى قېتىم بىر تالدىن چېكىشىۋالايلىمۇ؟ — دەپ سورىدى كەرىم.

بىزنىڭ ئەمدى كىرىدىغان ھالىتىمىز «ئېھرام باغلاش» دەپ ئاتىلاتتى. بۇنداق ھالەتكە كىرگەن ھامان، بىرقاتار ھەرىكەتلەر قائىدىگە خىلاپلىق قىلىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلەتتى. مەن تاماكا چېكىشنىمۇ مۇشۇلارنىڭ بىرى دەپ قارىغانىدىم، بىراق خاتالىشىپتىمەن. كەرىم بەرگەن بىر تال مارلبورونى چېكىپ بولغاندىن كېيىن، ياشلىق مەزگىلىمدىكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل غەلىتە تۇيغۇ پەيدا بولدى. بۇ تۇيغۇنىڭ ئوغرىلىقچە چەككەن تاماكىنىڭ ھۇزۇرىدىن پەيدا بولدىمۇ ياكى تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلامدىن ئېيتقاندا، ئېتىقاد قەلبىمدە قوزغىغان بىر خىل قېرىنداشلىق مېھرىدىن پەيدا بولدىمۇ، بىلەلمىدىم. بۇ ئەرلەر ئارىسىدىكى بىر خىل سەپداشلارچە دوستلۇق ۋە يېقىنچىلىق تۇيغۇسى ئىدى، ئىلگىرى مەندە بۇنداق ئۇرغۇپ

چىققان تۇيغۇ بولۇپ باقمىغانىدى، لېكىن مەن مۇسۇلمانلار بىلەن بىللە بولغان چاغلىرىمدا ئىختىيارسىز مۇشۇنداق تۇيغۇغا پېتىپ قالاتتىم. مەيلى نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەن بىلەن ئەزەلدىن كۆرۈشۈپ باقمىغان بۇ ئىككى ئەر كىشىنىڭ مەردلىكىدە بۇنداق قېرىنداشلارچە تۇيغۇ كۈچىيىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار مېنى ئۆيىگە باشلاپ كىردى، ئەمدى مەككىگە باشلاپ بارماقچىدى.

مېنىڭ قولاشمىغان ھەرىكەتلىرىم ياشلىق مەزگىلىدىكى ھېسسىياتىمنى ئاشكارىلاپ قويىدى. مەن ئۆزۈمنى ئالدامچىدەك ھېس قىلدىم: ئايەتلەرنىڭ مەنىسى ۋە مۇراسىمنىڭ جەريانىنى بىلمەيمەن، قىزىقىشىمۇ ئېتىقادىمدىن كۆپ ئېشىپ كەتتى. مەن ئاشكارىلىنىپ قېلىشىمدىن ئەنسىرىدىم، ئاخىرقى نەتىجىمۇ راستلا مېنىڭدىن يۈز ئۆرۈدى. بىز كەرىمنىڭ مۇنچىسىدا تاھارەت ئالدۇق: يۈزىمىزنى، بېشىمىزنىڭ بىر قىسمىنى، قولىمىزنى بىلىكىمىزگىچە، پۇتىمىزنى ئوشۇقىمىزغىچە يۇدۇق، ئاندىن ئېھرام باغلىدۇق. بۇ ئىككى پارچە ئاق رەخت ئىدى، بۇنىڭ ئىچىگە ھېچنېمە كىيىمىدۇق. بىر پارچە ئاق رەختنى بېلىمىزگىچە ئورىدۇق، يەنە بىرىنى بوشقىنا قىلىپ سول مۈرىمىزگە ئارتىۋالدۇق. ئوڭ مۈرىمىزنى ئوچۇق قويۇش ئىنتايىن مۇھىم ئىدى، چۈنكى بۇ پەيغەمبەرنىڭ ئۆزى كۆرسەتكەن نەمۇنە ئىدى. چاتاق چىقتى، مەن ئۆسمۈرلۈك چېغىمدا ھىندىستاندىكى گوۋادا تۇرغاندا، ئوڭ بىلىكىمگە ئىلاھ شىۋانىڭ رەسىمىنى چەكتۈرگەنىدىم، ئۇ ھىندى دىنىنىڭ ھالاكەت ئىلاھى ئىدى. كەرىم بىلەن غەنى كۆرگەندىن كېيىن ئىختىيارسىز چۆچۈپ كەتتى، كېيىن قىزىق تۇيۇلدى. ئىسلام دىنىدا بەدەنگە شەكىل چەكتۈرۈش مەنئى قىلىنغانىدى، «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەرەبىستاندىكى ئۇممەتلىرىنىڭ ئاياللارنىڭ قولىغا يىڭنە سانجىشىنى، شۇنداقلا بۇ تۆشۈكچىلەرگە كۆك رەڭ ياكى باشقا رەڭلەرنى سۈركەشنى مەنئى

قىلغان.» بىز ھەج قىلغىلى بارغاندا ئىككىنچى پارچە ئاق رەخت بىلەن ئىككى مۆرەمنى يېپىۋېلىشنى قارار قىلدۇق، نەتىجىدە مەن پەيغەمبەرگە ئەمەس، يېپىنچا ئارتىۋالغان مومايغا ئوخشاپ قالدىم.

ئېھرام باغلاپ بولغاندىن كېيىن، بىز بىللە ناماز ئوقۇپ، ئۆمرە ھەج قىلىش ئىرادىمىزنى جاكارلىدۇق. مەن بىر خىل ئاددىي رىتىمغا غەرق بولۇپ كېتىپ، ھەربىر تىنىقىمنىڭ باشقىلارنىڭكىگە ماس كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىگە تازا دىققەت قىلىپ كېتەلمىدىم. سەجدە قىلغاندا، ئىمكانقەدەر ۋاقىتنى سوزدۇم، مەن بۇ جەرياننى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم.

بىز غەنىنىڭ «لېكسۇس» ماركىلىق ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ كۆتۈرمە يولدىن مېڭىپ جىددەدىن ئايرىلدۇق. تۆۋەن تەرەپ شەھەرنىڭ نامراتلار رايونى ئىدى، ئېلېكتىرون لامپىلار يورۇقىدا يېشىل مۇنار قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. تاشيول جىددەدىن چىققاندىن كېيىن كەڭ، يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولغا ئۆزگەردى. يول بويىدا قاراڭغۇلۇقتىكى قوم تاغلار بىلەن ئامېرىكا زەنجىرسىمان ئاشخانىلىرىنىڭ بىرىكمە كەتكەنلىكىنى كۆرگىلى بولاتتى. پادىشاھلىق دۆلەتتە بۇنداق مەنزىرىنى كۆرۈش ئەقىلگە سىغمايتتى. يولدا ماشىنىلار يوق دېگۈدەك ئىدى، ماشىنا ئۇچقاندەك كېتىۋاتاتتى، تېخى ھاۋا تەڭشىگۈچمۇ بار.

يولدا كەرىم مېنىڭدىن بەدىنىمگە شەكىل چەكتۈرگەنلىكىم توغرىسىدىكى ئىشنى سورىدى. مەن غەنى ئىككىسىگە بۇ ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى، جۇملىدىن شۇ كۈنى پىۋا ئىچكەنلىكىمنى، مۇسۇلمان شامىلىنىڭ گوۋادىكى ياتىقىمدا چۆرگۈلەپ يۈرگەنلىكى ھەمدە ئاللىبۇرۇن تۈگەپ كەتكەن زەھەر خۇمارى بار شەكىل چەككۈچى ھەققىدە سۆزلەپ بەردىم. ئارقىدىن، بۇ قېتىمقى سەپەرنىڭ جىددىيلىكى ئارىلىشىۋېلىپ، بىئارام بولۇشقا باشلىدىم. مەندە نۇرغۇن جەھەتتىن غەنى بىلەن كەرىمگە يېقىنچىلىق تۇيغۇسى بار ئىدى، بىراق بەزى دىنىي مەزمۇنلار مەدەنىيەت رامكىسىغا

ئويۇلغانىدى، مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىش دەل بۇنىڭ بىر مىسالى. يەكلىنىش ھېسسىياتىمنىڭ كۆچىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۆزۈمنىڭ ئۇلارغا ناخۇشلۇقۇمدىن بېشارەت بېرىۋاتقانلىقىمنى سېزىپ قالدىم. مېنىڭ سۇئىيلىكىم چوقۇم بەك ئېنىق بولۇپ كەتتى بولغاي، كەرىم سەپەرنىڭ باشلىنىشىدىدا ھەل قىلىنماي تاشلاپ قويۇلغان مەسىلىنى دەرھال ئوتتۇرىغا قويدى:

— ئەمىسە، سىز ئۆزىڭىزنى مۇسۇلمان دەپ قارامسىز؟

ئۇنىڭ روھلۇق ۋە چىرايلىق تەبەسسۇمى بۇ مەسىلىنىڭ كەسكىنلىكىنى يېپىۋەتتى.

— ھە، مەن ھازىر بۇنى مۇلاھىزە قىلىشنىڭ ۋاقتى ئەمەسلىكىنى بىلمەيمەن.

— ۋاقتى ئەمەس؟ نېمە ئۈچۈن؟

— ھە، مەن مەلۇم دەرىجىدە مۇسۇلمان، — دېدىم پەس ئاۋازدا، — مەدەنىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا.

مەدەنىيەتلىك مۇسۇلمان، بۇ دادام سوئاللىرىمغا جاۋاب بەرگەندە ئىشلەتكەن ئاتالغۇ ئىدى. مەن شۇ تاپتا بۇ سۆزنى ئىشلەتكەندە، ئۇنىڭ مەنىسىنى راستلا تولۇق چۈشەنمەيتتىم، تولىراق ئۇنى بىر خىل سەمىمىي جاۋاب سۈپىتىدە كەرىمنىڭ سوئالى ئىچىدىن بىر چىقىش يولى تېپىشنى ئويلىغانىدىم. بۇنىڭدىن ئىلگىرى دادام بىلەن ئۇچرىشىش جەريانىدا بۇ سۆزنىڭ بىلدۈرىدىغىنى ھەرگىز دىن بىلەن ئۇچرىشىشنىڭ بىر خىل تەمكىن ئۇسۇلى ئەمەسلىكىنى بىلگەنىدىم: ئۇنىڭ سىياسىي ۋە تارىخىي جەھەتتىكى مەنىسى باشقا مۇسۇلمانلارغا سادىق بولۇشنى بىلدۈرەتتى. پادىشاھلىق دۆلەتتە تۇرۇۋاتقىنىمدا، مەن سۇب چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى مەدەنىي ئىسلام دىنىنىڭ ئىلگىرىكى بىر چاغدىكى ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ئىسلام دىنى بىلەن زور پەرقى بارلىقىنى بىلگەن، بىراق ئوخشاشلا ئۆزگىرىش ئىچىدە تۇرغان بىر خىل تەكپۇڭلۇقنى ھېس قىلغانىدىم. يەرلىكلىك ۋە خاسلىق ئىلگىرىكىدەك گەۋدىلىك بولمىغان مۇھىتتا، ئۇ تېخىمۇ يەر

شارىلىشىۋاتاتتى، تېخىمۇ بىر دەكلىشىۋاتاتتى: بىستونلۇقلار بىلەن ئىستانبۇللۇقلار ئارىسىدىكى پەرق ئانچە روشەن بولماي قالغانىدى.

مەككىگە بېرىشقا بىر ەر سائەتمۇ قالمىغاندا، شەھەر سىرتىغا يېتىپ كەلدۇق. تېز سۈرئەتلىك تاشيول ئىككىگە بۆلۈنگەنىدى: بىرى، «مۇسۇلمان ئەمەس» لەر يۈرىدىغان يول بولۇپ، خىرىستىيانلار يان يولى دەپ ئاتىلاتتى، يەنە بىرى بىز ماڭىدىغان يول بولۇپ، «مۇسۇلمانلار مەخسۇس يولى» ئىدى، ئۇ مەخسۇس مۇسۇلمانلار ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان چىقىش ئېغىزى ئىدى.

— يەنە بىر يول نەگە بارىدۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— ماڭىنىڭ تېگىگە، — دېدى كەرىم قاقاھلاپ كۈلۈپ.

ماشىنا گىرەلەشكەن ئىككى پارچە چوڭ سېمونت تاختىنىڭ ئاستىدىن ئۆتتى.

— ئۇ نېمە؟

— هە، ئۇ سەپەردىكى كىشىلەر ئۈچۈن ئورنىتىلغان، — دېدى كەرىم.

سېمونت تاختىلاردىن ياسالغان كىرېستتىن نەچچە يۈز مېتىر نېرىگە بارغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ شەكلىنى ئېنىق كۆردۈم: ئۇ ناھايىتى چوڭ «قۇرئان كەرىم»نىڭ رېھلى ئىكەن.

مەككىدىكى تاغ ۋە ئاسمان ـ پەلەك ئىمارەتلەر تېزلا كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بىز بىر ئەگرى ـ بۈگرى يول بىلەن شەھەرگە كىردۇق، سۈرئىتىمىز مۆلچەردىكىدىنمۇ تېز ئىدى. مەن كۆرگەن ئۇپۇق سىزىقى تەسەۋۋۇرۇمدىكىسى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشىمايتتى. گەرچە مەن بىر قەدىمكى شەھەرنى كۆرۈشنى ئۈمىد قىلغان بولساممۇ، بىراق تەسەۋۋۇرۇمدىكى قىياپىتى كۆز ئالدىمكىسىگە ئوخشىمايتتى. ھالبۇكى، بىز كىرگەن بۇ شەھەر خەلقئارالىق مەركىزىي شەھەرلەرنىڭ پۈل مۇئامىلە رايونى بىلەن ئوخشاش ئىدى. بۇ يەردە سىلىندىر شەكىللىك، كونسېرۋا قۇتىسى شەكىللىك ئاسمان ـ پەلەك ئىمارەتلەر، قەۋەتمۇقەۋەت

كىچىك بالكونلار بار ئىدى؛ ئاق رەڭلىك سارايلارنىڭ قەۋەت سانى ناھايىتى كۆپ ئىدى؛ نۇر قايتۇرغۇچ ئەينەك ئورنىتىلغان مېھمانخانىلار، يەنە قوش مۇنارلىق ئىشخانا بىنالىرى بار ئىدى. مەن بىر توپ سودا ئەربابلىرىنىڭ مېھمانخانىنىڭ يورۇشلۇق ياتىقىدا تور بېتىنى كۆرگەچ، جامەئى ئەكبەر مەسچىتىگە نەزەر تاشلاۋاتقانلىقى ياكى مەككىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ چۆرگۈلىمە ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ تەرەققىيات پىلانىنى لايىھەلىگەچ، ھەج قىلىش، ئېكسكۇرسىيە، ساياھەت لىنىيەسىنى — ساياھەتچىلەرنىڭ يېمەك - ئىچمىكى، تۇرالغۇسى، ئوخشىمايدىغان ھەج نۇقتىلىرىغا بارىدىغان ئاپتوبۇس ھەمدە ناشتىلىق ئۈچۈن بىر تال ئالما ۋە بىر ئىستاكان ئىچىملىك بىلەن تەمىنلەش قاتارلىق ئىشلارنى تەشكىللەۋاتقانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلدىم. بىز بىر تاغدىن ئۆتتۇق، تاغنىڭ ھەممە يېرى پاكار ياتاقلار بىلەن تولغان، كېپىلەر تاغ باغرىدىن يۇقىرىغا — تاغ چوققىسىغىچە سوزۇلغانىدى.

— بۇ يەردىكى نۇرغۇن ئۆي بەزى شىركەتلەر تەرىپىدىن چېقىۋېتىلدى، — دەپ ئاشكارىلىدى كەرىم، — بۇ تاغنىڭ پۈتكۈل يان تەرىپى سېتىۋېلىنغان. مەككىنىڭ تەرەققىياتى بارغانسېرى مەسىلىلەرگە دۇچ كەلمەكتە.

شەھەر مەركىزىگە كىرىشىمىزگە ئەگىشىپ، مەككىنىڭ سودىسىدىكى قالايمىقان بازار كۆرۈنۈشى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولدى. نەچچە ئون كىچىك مېھمانخانا، دىنىي كىتابخانا، كىيىم - كېچەك دۇكىنى، دۇكاننىڭ سىرتىدا ھېچ ئىش قىلماي ئولتۇرغان دۇكان غوجايىنى، ئاۋىياتسىيە شىركىتىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنى، يەنە پاكىستان خەلقئارا ئاۋىياتسىيە شىركىتىنىڭ بەلگىسى دېگەنلەر كۆزگە چېلىقاتتى. بىر قىسىم قۇرۇلۇشلار ئىسلام ئۇسلۇبىنى ساقلاپ قالغان بولۇپ، گەۋدىلىنىپ تۇرىدىغان ئەگمە ئىشىك تۇتاشتۇرۇلغان تاش تۇۋرۇكلەر ياكى ئالدى تەرىپى گېئومېترىيەلىك شەكىللەر بىلەن زىننەتلەنگەن ئىمارەتلەر بار

ئىدى. باشقا ئىمارەتلەر ھەشەمەتلىك مېھمانخانا ئۇسلۇبىنى قوللانغان، كۆك رەڭلىك دېرىزە ۋە ئاچ سېرىق رەڭلىك تاشلار ئىشلىتىلگەنىدى. كۆپىنچە ئىمارەتلەر 70 ـ، 80 ـ يىللاردا سېلىنغان كېلەڭسىز، چاسا ئىمارەتلەر ئىدى، نەملەشكەن گىلەملەرنىڭ پۇرىقى ئەتراپقا تارقىلىپ تۇراتتى، ئۆيلىرى غۇۋا، ئۆي جابدۇقلىرىنىڭ ھەممىسى پەنەركىدىن ياسالغانىدى. ھازىر ساياھەتچىلىك كاسات پەسىل بولسىمۇ، كەچتە بۆلەكچە جانلىنىپ كېتەتتى، چىراغلار چاقناپ تۇراتتى. ئەرلەر كوچىدا بىمالال ئاستا مېڭىپ يۈرەتتى، سېرىق ۋە قىزىل رەڭلىك بەلگىسى بار بىر ئاشخانىدا نىمچە كىيگەن كىشىلەر ئۇزۇن ئۆچرەت بولۇپ كېتىشكەنىدى. مەككە قەدىمكى شەھىرىدىمۇ مۇشۇنداق ئېگىز ئىمارەتلەر توپلانغان قالايمىقان كۆرۈنۈش بار ئىدى، ئەمما ھەممىسى تاش بىلەن قوپۇرۇلغان، ئۇسلۇبىمۇ جىددەدىكى كونا ئۆيلەرگە بەكرەك ئوخشاپ كېتەتتى، كەڭ ئەمەس، دېرىزىلىرىمۇ كىچىك ئىدى. مەن سەل مەيۈسلىنىپ قالدىم، چۈنكى ئاشۇ قەدىمكى شەھەر بىزنىڭ مەنزىلگاھىمىزنىڭ — شەھەرنىڭ مەركىزى ۋە ئەڭ ئاساسىي جامائەت رايونىنىڭ — ئەتراپىنى ئوراپ تۇرمايدىكەن.

مېنى ھەيران قالدۇرغان يەنە بىر ئىش مەككىدىكى ئافرىقا ئېلېمېنتى بولدى. ھەرقانداق سورۇندا ئاق كىيىم كىيىۋالغان ئافرىقىلىقلارنى كۆرگىلى بولاتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاق بۆك كىيىۋالغان، شالاڭ، بۇجغۇر ساقال قويۇۋالغانىدى. ئۇلارنىڭ مەككىدە كۆرۈنەرلىك پەيدا بولۇشى مېنىڭ ئەرەب دۇنياسىغا بولغان چۈشەنچەمنى كېڭەيتىپ، بىر دەريا ئايرىپ تۇرغان دۆلەتلەر، مەسىلەن، چاد، ماۋرىتانىيە ۋە سۇداننى ئېسىمگە سالدى. مەن ئۆزۈمنى ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلدىم. بۇ رايوننىڭ ئۇدۇلى ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقى ئەمەس، بەلكى ئافرىقا ئىدى. دەل مۇشۇنداق يېقىن ئارىلىق بولغانلىقتىن، پەيغەمبەر جەمەتىنىڭ بىر قىسىم

ئەزىلىرى ۋە دەسلەپكى مەزگىللىدىكى مۇسۇلمانلار ئېفىيوپىيەگە قېچىپ بېرىپ، مەككىدىكى مۇشرىكلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن پاناھلانغان. ئەتراپىمىزدىكى ئافرىقىلىقلار بەك كۆپ ئىدى، ئاخىر مەن يەنىلا ئۆزۈمنى بېسىۋالالماي، كەرىمدىن سورىدىم.

— بۇ بىر چوڭ مەسىلە، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ، — ئۇلارنىڭ ھەممىسى غەربىي ئافرىقىدىن مەككىگە ھەج قىلغىلى كەلگەنلەر. بۇ يەردىكى مالايلارنىڭ يېرىمى دېگۈدەك ھەج قىلغۇچىلار.

بىز ماشىنا بىلەن چوڭ بىر مەيدانغا كەلدۇق، ئاق رەڭلىك چىراغ نۇرى مەرمەر يېپىتىلغان يەر يۈزىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. ئارقىمىزدا يېرىمى قوپۇرۇلغان مۇنارنىڭ ئۈستىدە كىران ئېسىلىپ تۇراتتى، مۇنارنىڭ تېخى پۈتمىگەن ئومۇمىي كۆرۈنۈشى كېچە ئاسمىنىدا غايىب بولغانىدى.

ماشىنا كەتكەندىن كېيىن، بىز بۇ مەرمەر تاشلىق مەيداندىكى كىچىككىنە كۆلەڭگىلەرگە ئايلىنىپ قالدۇق، غەنى:

— مەن ئايەتنى ئۈنلۈك ئوقۇيمەن، سىز ماڭا ئەگىشىپ تەكرارلاڭ، — دېدى.

※ ※ ※

ئىسلام دىنىنىڭ پەيغەمبىرى ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستاندا تۇغۇلۇپ، پۈتكۈل ئۆمرىنى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزگەن. بۇ پادىشاھلىقتا ماڭا بۇ ئەمەلىيەتنى ئەسلەتكۈدەك ھېچقانداق قەدىمكى يادىكارلىق يوق دېيەرلىك ئىدى. پەيغەمبەر ھايات يىللاردا، ئۇنىڭ ئۆزى ۋە ئىسلام دىنى ئاساسەن ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن چىقالمىغانىدى. ئەمەلىيەتتە، دەسلەپكى ئىسلام دىنىنىڭ پۈتكۈل ئوربىتىسىنىڭ رادىيۇسى ھازىر مەن تۇرۇۋاتقان ئورۇندىن ھېسابلىغاندا نەچچە يۈز ئىنگلىز چاقىرىمىدىن ئېشىپ كەتمەيتتى. ئەيسا ئەلەيھىسسالام ياكى بۇددا بىلەن ئوخشىمايدىغان

يېرى، پەيغەمبەرنىڭ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار ئىنتايىن كۆپ ئىدى. ئۇ مەككىدە تۇغۇلغان، ئىلگىرى تاغىسى ئەبۇ تالىب بىلەن بىللە تىجارەت قىلغان. يىگىرمە بەش ياشقا كىرگەندە، بۇۋى خەدىچەگە ياللىنىپ ئىشلىگەن. بۇۋى خەدىچە ئىككى قېتىم توي قىلغان، بالىسىمۇ بار ئىدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ بۇۋى خەدىچە بىلەن توي قىلغان. ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرى ياشلا ئۆلۈپ كەتكەن. بۇ مەزگىلدە، ئەبۇ تالىبنىڭ ئوغلى ھەزرىتى ئەلى پەيغەمبەر ۋە بۇۋى خەدىچە بىلەن بىللە ياشىغان. ھەزرىتى ئەلى شىئە مەزھىپىنىڭ قەھرىمانى، كېيىن پەيغەمبەر ۋە بۇۋى خەدىچەنىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەن. ئۇ يەنە پەيغەمبەرنىڭ نەۋرە تۇغقىنى ئىدى، پەيغەمبەرنىڭ ئۆزىمۇ گۆدەك ۋاقتىدا ئەبۇ تالىب بىلەن بىللە ياشىغانىدى.

پەيغەمبەر قىرىق يېشىدا تۇنجى قېتىم ۋەھىيگە ئېرىشكەن. بەش يىلدىن كېيىن، ئۇ ئائىلىسىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن پەيغەمبەرگە ئايلانغان. تۇنجى قېتىملىق «قۇرئان كەرىم» نازىل بولغاندىن كېيىنكى يىگىرمە بەش يىلدا مەككىدە ياشىغان، بۇ مەزگىلدىكى ۋەھىيلەرنىڭ مەزمۇنىمۇ كېيىن مەدىنىگە كەلگەن مەزگىلدىكى ۋەھىيلەرنىڭ مەزمۇنى بىلەن ئانچە ئوخشىمايدۇ. مەدىنە نەچچە يۈز ئىنگلىز چاقىرىمى نېرىدىكى كىچىك شەھەر ئىدى. كېيىنكى مەزگىلدىكى ۋەھىيلەر تېخىمۇ كونكرېت بولۇپ، مەزمۇنىنىڭ كۆپىنچىسىدە 7 ـ ئەسىردىكى ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ كونكرېت مەسىلىلىرىگە ئېتىبار بېرىلگەن، دەسلەپكى مەزگىلدىكى ۋەھىيلەردە بولسا ئىنسانىيەت دۇچ كەلگەن ئومۇمىي مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈنگەن. بۇ ۋەھىيلەر پەيدا بولغان بىرنەچچە يىلدا، پەيغەمبەرنىڭ تۇرمۇش كەچۈرۈشى ئاسانغا چۈشمىگەن. ئۇنىڭ مۇسۇلمان «ئۇممەت» لىرى مەككە كۆپپارلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ تۇرغان، ئىقتىسادىي جەھەتتىمۇ دائىم قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان. 619 ـ يىلى

پەيغەمبەر خوتۇنى ۋە ئۆز دادىسىدەك بولۇپ قالغان تاغىسى ئەبۇ تالىبتىن ئايرىلىپ قالغان. كېيىنكى يىرنەچچە يىلدا، ئۇ بىرقاتار ۋەھىيلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن، مەككىنى غەلىبە بىلەن قايتۇرۇۋالغان ھەمدە ئەرەب ئىمپېرىيەسىنى مۇستەھكەملىگەندىن كېيىن بۇ دۇنيادىن ئايرىلغان. ئارقىدىن يېتىپ كەلگىنى دۇنيادىكى ھەرقايسى ئىمپېرىيەلەر بىلەن قارشىلىشىش ھەمدە ئارقا ـ ئارقىدىن غەلىبىگە ئېرىشكەن شاتلىق يىللار بولغان. پەيغەمبەرنىڭ ۋاقتىدا ئېتىقادنىڭ ھىمايىچىلىرى كۆزگە چېلىقمايدىغان تۆۋەن دەرىجىلىك توپ بولۇپ، تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىپ سەرسان بولۇپ كەتكەنىدى. شۇ چاغدىكى ئىسلام دىنىنىڭ پۈتكۈل دۇنياسى بوستانلىق، قۇملۇق، دەريا جىلغىسى ۋە باشقا جايلاردىكى قەبىلىلەرنىڭ ئۆزئۆكسىز سۈركىلىشى ۋە توقۇنۇشىغا ئۇچراپ تۇراتتى.

مەن ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇلارنىڭ ھەممىسى ۋەھىي ئىدى. پەيغەمبەرنىڭ ھاياتىدىكى نۇرغۇن ئەگرى ـ توقايلىق كېيىنچە «قۇرئان كەرىم» ۋە ئىسلام رىۋايەتلىرىگە كىرگۈزۈلگەنىدى. بۇ بۇنداق دىن «مۇكەممەللىكى» نىڭ بىر تەرىپى بولۇپ، تەپسىلات جەھەتتە ئۇممەتلىرىنىڭ شەخسىي ئادەتلىرىدىن تارتىپ يېمەك ـ ئىچمەكنى تاللاشقىچە بولغان ئىشلىرىنى كونترول قىلاتتى.

ئەرەب يېرىم ئارىلىدا بۇنداق پەرھىزلەر سىستېمىلىق، شۇ جاينىڭ ئەھۋالىغا مۇۋاپىق دەپ قارىلىدىغان بولۇپ، ھىندى دىنى قائىدە ـ يوسۇنلىرىنىڭ ھىندىستاندىكى مۆلچەرىگە ئوخشاپ كېتەتتى. مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەرەبلەرگە دىنىنى ئېلىپ كەلگەندە، كۆڭلىدە ئويلىغىنى ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى قەبىلىلەرنىڭ بۆلۈنۈش ھالىتىدىكى ئۆتمۈشى ئىدى، شۇڭا ئۇ بىر مەيدان ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە مەككىنى تاۋاپ قىلىش مۇراسىملىرىنى تولۇق تەكشەپ، ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ئۆزئارا توقۇنۇشۇۋاتقان

بارلىق قەبىلىلەر ئارىسىدا ئالدىنقى ئىسلام دىنىنىڭ ئادەتلىرىنى شەكىللەندۈرگەن ھەمدە ئۇزاققىچە ئەمىنلىكنى ساقلاشنىڭ سىمۋولىغا ئايلانغان.
توماس پاترىك خيۇس 19 ـ ئەسىردە مۇنداق يازغانىدى:

مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئۇلۇغ ئىشلىرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئىنتايىن روشەن بىر نۇقتا شۇكى، كەئبە تىلغا ئېلىنغان ھەرقانداق مەلۇمات يوق دېيەرلىك. ئەينى چاغدىكى ھەج يۈنلىشىنىڭ كەئبە ئەمەس، يېرۇسالېم ئىكەنلىكىدەك ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئويلىغاندا، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ بۇتلارنى چېقىشتىن ئىبارەت كۈچلۈك خاھىشى تۇپەيلى، بۇ قەدىمىي مەبۇدلەر ئىبادەتخانىسى ۋە ئۇنىڭ خۇراپات مۇراسىملىرىنى بەك كۆپ قوللاپ كەتمىگەنلىكىنى كۆرۈۋۇالغىلى بولىدۇ. مۇبادا ئۇ چاغلاردا يەھۇدىيلار يېڭى پەيغەمبەرنى كۈتۈۋالغاندا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنى قوبۇل قىلىپ، مۇسا ۋە ئەيسا ئەلەيھىسسالامنى رەت قىلغان بولسا، مۇقەددەس شەھەرگە ئايلىنىدىغىنى مەككە ئەمەس، بەلكى يېرۇسالېم بولغان، تاۋاپ قىلىدىغان ئوبيېكت كەئبە ئەمەس، بەلكى قۇبىيەسسمان ئۆگزىلىك مەسچىت بولغان بولاتتى.

لېكىن، يەھۇدىيلار ئەرەبلەرنىڭ پەيغەمبىرىنى قارشى ئالمىغان. پەيغەمبەر ھاياتىنىڭ ئاخىرقى بىرنەچچە يىلىغا كەلگەندىلا، ئاندىن مەككە ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا كىرگەن. مىلادىيە 629 ـ يىلى، مۇقەددەس جايدىكى بۇتلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈلەتتى، پەيغەمبەر مەككىلىكلەر بىلەن كېلىشىمنامە ئىمزالاپ، ئۈچ كۈنلۈك زىيارەت قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن. ئاشۇ بىرنەچچە كۈننىڭ بىر چۈشتىن كېيىنى، ئۇنىڭ ھەمراھى بىلال كەئبەگە چىقىپ، مۇسۇلمانلار نامىزىنىڭ تۇنجى ئەزىنىنى توۋلىغان. كېيىنكى يىلى پەيغەمبەر ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى مەككىنى پەتھى قىلىپ، كەئبەدىكى بۇتلارنى چېقىپ تاشلىغان. پەيغەمبەر ۋاپات

بولۇشنىڭ ئالدىدىكى ئىككى يىلىدا ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى يارلىق قەبىلىلەردە ئورتاق مەۋجۇت بولغان ھەج مۇراسىمى ئىسلام ئەندىزىسى بىلەن يېڭىباشتىن يارىتىلغان. خىيۇس پىروفېسسور پالمېرنىڭ «قۇرئان كەرىم» نى تونۇشتۇرۇشىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق يازغان:

مۇھەممەد پەيغەمبەر بۇ يەردىن بىر مۇقەددەس جاينى تاپقان، قەدىمدىن تارتىپ كىشىلەر بۇ يەرگە تاۋاپ قىلىپ كەلگەن، شۇنداقلا بۇ يەردە ئۆزىنىڭ سەجدىسىنى تەقدىم قىلىپ كەلگەنىدى. بۇ، تارقاق ئەرەب مىللىتىنىڭ ئورتاق نۇقتىلىرىنىڭ بىرى ئىدى. بۇ نۇقتا ئۇلارغا بىرلىككە كەلگەن دۆلەت تۇيغۇسىنىمۇ ئاتا قىلغانىدى؛ ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ھەتتا ئۇممەتلىرىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇش خىيالىدا بولۇش ئەسەبىيلەرچە نىيەت بولۇپ، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىمۇ ۋەيران قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان بىر ياخشى چارىنى قوللىنىپ، ئىچىدىكى بۇتلارنى يوقىتىپ، ئاندىن مۇقەددەس جاينى ئاللاغا تەقدىم قىلدى.

بۇ، مەككىنى تاۋاپ قىلىشتىكى يەنە بىر بېشارەت بولۇپ، ئۇنىڭغا زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغىنى ئەرەب يېرىم ئارىلى ئىدى. دەل مۇشۇنداق ئالدىنقى ئىسلام ئادىتى پەيغەمبەر ئارقىلىق يارىتىلغاندىن كېيىن، ئەرەب قەبىلىلىرى بىرلەشتۈرۈلدى.

بۇلاردىن باشقا، ئىسلام دىنى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا سىستېما دەپ قارالغىنىدەك، ئوخشاشلا مەزكۇر دىن سىرتقا تارقىلىپ يېتىپ بارغانلىكى جايلار يات دەپ قارالدى. ئۇ يېتىپ بارغان جايلاردا ئەرەب ئىسلام دىنى بىلەن يەرلىك مەدەنىيەتنىڭ شالغۇت مەھسۇلاتى پەيدا بولدى. بۇنداق بىرلىشىشتىن ھاسىل بولغان نەتىجە «قۇرئان كەرىم» گە سۆزمۇسۆز ئەمەل قىلىش ئەمەس، بەلكى مەدەنىي ئىسلام دىنى بولدى. بۇنداق ئىسلام دىنى مەزھىپى

سىرلىق، كەڭ قورساق بولۇپ، ئۇنىڭ مۇناجات ۋە شېئىرلىرى ھەمدە يەرلىك ئىلاھلارغا ھۆرمەت قىلىشى ئادەتتە ھىندىستان مۇسۇلمانلىرى بىلەن ھىندى دىنى مۇخلىسلىرىدا ئورتاقلىققا ئىگە. بېغىشىمدىكى تىزىق ئۇنچىنى دەل مۇشۇنداق بىر خىل دىن ئاتا قىلغان. ھالبۇكى، بۇگۈنكى سەئۇدى ئەرەبىستان مۇقەددەس كىتابقا سۆزمۇسۆز رىئايە قىلىپلا قالماي، يەنە بۇنداق تىپتىكى چوقۇنۇشنى ئوخشاشلا باشقا بىر خىل دىنغا ئايلاندۇرغان. كېچە مەنزىرىسىدىكى ھەيۋەتلىك ھەج مۇراسىمى ئۆزىنىڭ قارشى تۇرىدىغانلىقىنى غەنى بىلەن كەرىمگە ئىپنىق ئىپادىلىدى. غەنى زەئىپ ئاۋازدا:

— يەنىلا بۇنداق دېمەڭ، ئۇ تېخىمۇ ئاچچىقلىنىپ كېتىدۇ. ۋەھھابىيلار ئەھلى تەسەۋۋۇپنى ياخشى كۆرمەيدۇ.

لېكىن، ئەرەب يېرىم ئارىلىدىمۇ ئەھۋال ئىزچىل شۇنداق بولمۇۋەرمىگەنىدى. مېنىڭ بۇ دىن بىلەن ۋاقىتلىق ئالاقە قىلىشىمغا تۇرتكە بولغان تارىخىي ۋەقەلەر ئەمەلىيەتتە ئىسلام دىنى پەيدىنپەي تېخىمۇ يەرلىشىۋاتقان، تېخىمۇ ئەركىنلىشىۋاتقان ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا يۈز بەرگەنىدى.

19 – ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، ۋەھھابىيلار مەككىگە كىرگەن. ئەينى چاغدا ھىجاز رايونىنىڭ كۆپ قىسمى زېمىنى ئوسمان ئىمپېرىيەسىگە تەۋە بولۇپ، ھۆكۈمرانلار ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە تەشۋىق قىلغان دىنىي ئەقىدىلىرىدىن ئالاقزەدە بولغان. يېرىم ئەسىرنىڭ ئالدىدا مەزكۇر مەزھەپنىڭ يارىتقۇچىسى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇل ۋەھھاب يەرلىكتىكى قەبىلە ئاقساقىلى، شۇنداقلا ھازىرقى سەئۇدى جەمەتىنىڭ بوۋىسى مۇھەممەد ئىبنى سەئۇد بىلەن بىر پارچە دىنىي، سىياسىي كېلىشىمنامە ئىمزالىغان. ۋەھھابىيلار ئىسلام دىنىنى بۇلغايدۇ دەپ قارايدىغان باشقىچە يول تۇتقۇشلارغا قارشى

تۇرۇپ، ئۇلارنى ئىسلام دىنىنىڭ پەيغەمبەرنى ئۇلگە قىلغان ئاساستىكى پاكلىقىغا داغ تەگكۈزدى دەپ قارىغان. ئۇلار مەككىنى باشقۇرغان نەچچە يىلدا، مۇقەددەس جاي، خۇراپىي پائالىيەت، بۇتقا چوقۇنۇش ۋە زىبۇ ـ زىننەت بۇيۇملىرى، مەسىلەن، يىپەك، تاۋار ـ دۇردۇن ۋە پارس ۋولىنىكىسى قاتارلىقلارغا زەربە بەرگەن. مەن تىزىق ئۇنچىگە ئېرىشكەن مۇقەددەس جايلارمۇ ۋەيران قىلىنغان، بۇنىڭدىن باشقا مۇزىكا، ئۇسسۇل، تۇمار ھەمدە بىرقەدەر كەڭ قورساق، جانلىق تەلىماتلارمۇ چەتتە قالمىغان. ئاشۇ مەزگىلدە كۆپ قىسىم مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا كەلگۈسىدە ئېتىقاد دەپ قارىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئورنىنى بۇ قىلمىشلار ئىگىلىۋالغانىدى.

ۋەھھابىيلارنىڭ قاتتىق ھۆكۈمرانلىقى مەككىگە ھەج قىلغىلى كېلىدىغانلارنىڭ سانىنىڭ بىراقلا ئازىيىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلار ئىككىنچى مۇقەددەس شەھەر مەدىنەنى ئىشغال قىلىپ، ئۇ يەردە ئىسلاھاتنى شۇنداق كەسكىن يولغا قويغانكى، ھەتتا ھەشەمەتلىك قۇببەسىمان ئۆگزىسى بار پەيغەمبەر مەقبەرەسىمۇ ۋەيران قىلىنىۋېتىلگەن. ئوسمان ئىمپېرىيەسى ئاخىر قۇدرەتلىك قوشۇن ئەۋەتىپ، ئىشغال قىلىنىۋېلىنغان مۇقەددەس شەھەرلەرنى قايتۇرۇۋالغان. 1818 ـ يىلى سەئۇدىنىڭ ئەۋلادى، كېيىن ۋەھھابىيلارنىڭ داھىيسى بولغان ئابدۇللا ئىستانبۇلنىڭ بىر مەيدانىدا ئاشكارا قەتل قىلىنغان. شۇنىڭدىن كېيىن، سەئۇدى پادىشاھلىقى بىلەن ۋەھھابىيلار ئەقىدىسى بىر ئەسىرگە يېقىن غايىب بولغان. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئەنگلىيەلىك ۋىيفرىت بىرىنت «ئىسلام دىنىنىڭ كەلگۈسى» ناملىق كىتابىنى يازغاندا، ۋەھھابىيلارنى مۇنداق تەسۋىرلىگەنىدى:

مېنىڭچە، ھازىرقى مۇسۇلمانلارنىڭ ئابدۇل ۋەھھابنىڭ ئىلگىرى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا نەقەدەر ئاز قالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلمىقى

قىيىن. 18 - ئەسىر ئاخىرلىشاي دېگەندە، ئىبنى سەئۇدى جەمەتىنىڭ داھىيسى، بىر خۇداچىلىق تەرەپدارلىرىنى ھىمايە قىلغۇچى پۇتكۇل ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ شىمالىدىن ئېفرات دەرياسى رايونلىرىغىچە ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى تىكلەپ بولغان، 1808 - يىلىغا كەلگەندە (ئاپتورنىڭ ئەسلىي تېكىستى) ئۇلار مەككە بىلەن مەدىنەنى پەتھى قىلغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ۋەھھابىيلارنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرى تېخىمۇ كەڭ رايونلاردا يىلتىز تارتقانىدى. ھىندىستان بىر مەزگىل ئېتىقادقا قايتىش گىرۋىكىدە تۇرغان، مىسىر، شىمالىي ئافرىقا، ھەتتا تۇركىيەدىكى نۇرغۇن كىشى مەخپىي يوسۇندا يېڭى دىنىي ئەقىدىگە بەيئەت قىلغانىدى. ھالبۇكى، ئىككى سەۋەب ئۇمۇمىي خاراكتېرلىك ئىنقىلاب قىلىش پىلانىغا توسقۇنلۇق قىلدى، شۇنداقلا ئۇزۇل - كېسىل مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا توسالغۇ بولدى. بىرىنچىدىن، ئىنقىلابىنىڭ رادىكاللىق خاراكتېرى بەك كەسكىن بولدى. ھازىرقى زامان ئىدىيەسى بىلەن ئېرىشىلگەن ئىلگىرىلەشلەرنى تامامەن كۆزدە تۇتماي، ئەرەب يېرىم ئارىلىنى سىياسىي مۇۋەپپەقىيەت ۋە دىنىي مۇۋەپپەقىيەتلەر بولغاندىلا، ئاندىن يەڭگىلى بولىدىغان قىيىنچىلىقلارغا يۈزلەندۈرۈپ قويدى. ئەمەلىيەتتە پەيغەمبەرنىڭكىدەك تەمكىنلىكتىن ئازراق بولسىلا ئىككىنچى خاتالىقتىن ساقلىنىشقا بولاتتى، گەرچە بۇنداق تەمكىنلىككە ئۇنىڭ مۇددىئاسى ھەمراھ بولسىمۇ، بۇ خاتالىق دەل ئۇششاق - چۈششەك تەپسىلاتلارغا قارىتا ھەددىدىن زىيادە قاتتىق چىڭ تۇرۇۋېلىش ئىدى.

بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىن، ئەرەب ئارىلىدا تۇرۇپ سەئۇدى جەمەتى بىلەن ۋەھھابىيلارنىڭ غەلىبىسىنى كۆرۈش سەل غەلىتىرەك بىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرى يەنە بىر قېتىم خەلقئارا خاراكتېرلىك كەڭ تارقىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ، يەنە بىر قېتىملىق ئەرەبلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنۇش باشلاندى. ئۇنىڭ ئوبيېكتى پۈتۈن دۇنيا بولماي، يەنىلا مۇسۇلمان دۇنياسى بولسىمۇ، بىراق بۇ قېتىملىقىنىڭ

ۋاستىسى قورال كۈچى بولمىدى، بەلكى خالىغىنىچە ئىدارە قىلالايدىغان غايەت زور بايلىقتىن پايدىلىنىش بولدى. ئوخشاشلا بۇ يەردە مەن ئۇششاق ـ چۈششەك تەپسىلاتلار ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم ئەيىبلەندىم.

بىستوندىن قايتىدىغان پويىزدا مەن ئۆزۈمنىڭ ئىسلام دىنىغا بولغان تونۇشۇمنىڭ تولىمۇ يۈزە ئىكەنلىكىنى سېزىپ، ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا ئىسلام سالاھىيىتى توغرىسىدىكى تۇيغۇمنىڭ بەكلا يېتەرسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانىدىم. ھازىر مەن سەپىرىمنىڭ ئوتتۇرا نۇقتىسىدا تۇرۇۋاتىمەن، تۈركىيە بىلەن سۈرىيەنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن، دىن مۇخلىسلىرى بىلەن ئۇزاق بىللە بولغاندىن كېيىن، ئۆزۈمنى بۇ دىن توغرۇلۇق ھېچنېمىنى بىلمەيدىكەنمەن دەپ قارىمايدىغان بولدۇم. ھازىر مەن بۇ خىل ئېتىقادنىڭ پەرھىزلىرى توغرۇلۇق ئىنتايىن ئەتراپلىق چۈشەنچىگە ئىگە بولدۇم.

دىنىنىڭ كىيىم ـ كېچەك، يېمەكلىك، چوقۇنۇش، شەخسىي قىلمىش ھەمدە ئائىلە ۋە جەمئىيەتتىكى قىلمىشلارغا بولغان تەلىپى پۈتۈن بىر يۈرۈش تۇرمۇش ئۇسۇلىنى شەكىللەندۈرگەن. لېكىن، بۇنداق ئېتىقادقا بولغان چۈشەنچەم تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى... بارت ۋە ئابدۇللادەك كىشىلەر، شۇنداقلا ئابۇنودا ئۇچراتقان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بۇنداق ئېتىقادنى يېڭىباشتىن تېپىۋالغان، لېكىن ئۇلارنىڭمۇ ئويلايدىغىنىنىڭ كۆپرەكى يەنىلا «قۇرئان كەرىم» ئەمەس، بەلكى «دۇنيا قۇرۇلمىسى». ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە دادامغا ئوخشاش «قۇرئان كەرىم» دىن تولىمۇ يىراق كىشىلەرمۇ بار. ئۇنىڭ بۇ دىننى قوغداش دەرىجىسى ئوخشاشلا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. شۇڭا، مېنىڭچە ئەگەر ئىسلام دىنىنىڭ زامانىمىزدىكى ئالامەتلىرىنى چۈشىنىشكە ئۇرۇنماقچى بولسام، ئېتىقادنىڭ بېكىنمە چەمبىرىكىدىن قۇتۇلۇپ چىقىشىم كېرەك. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، مەن تېخىمۇ كەڭ نەزەر

بىلەن بۇ قېتىملىق سەپەر جەريانىدىكى جەمئىيەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقىشىم كېرەك.

مۇشۇ سەۋەب تۇپەيلىدىن مەككىگە كېلىشىمنىڭ ئۆزى بىر خاتالىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم: مەككە ئېتىقادقا ۋە ئەرەب قەبىلىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىدى. سەپىرىمنىڭ ئىككىنچى قىسمىدىن، يەنى ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن ئايرىلىپ، ئىران ۋە پاكىستاننى كېسىپ ئۆتكەن قىسمىدىن باشلاپ، مۇسۇلمان چەمبىرىكىگە يەنە كىرىشىمنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقلۇقىنى ھېس قىلدىم. تېخىمۇ قىزىقارلىق مەزمۇن ئىسلام دىنىنىڭ قانداق قىلىپ ئېتىقادتىنمۇ چوڭقۇر ئۇسۇل بىلەن كىشىلەر ۋە جەمئىيەتتە رول ئويناۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ دادامغا ئوخشاش ئادەملەرگە قارىتا قانداق رول ئوينىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئىراندەك ئىسلام ئىنقىلابىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، جەمئىيەت كارتىنىسىنى يېڭىباشتىن سىزىپ چىققان دۆلەتنى كۆرۈپ بېقىش ئىدى.

※ ※ ※

بىز «بۇۋى ھەجەرنىڭ سۇ ئىزدىشى» مۇراسىمىنى تاماملىغاندا، غەنىنىڭ «لېكسۇس» ماركىلىق ماشىنىسى بىزنى سىرتتا كۈتۈپ تۇرغانىكەن. مەككىنىڭ ساتىرىشى چىقمىش ئېغىزىدا تۇراتتى، ئۇ بىر تۇتام چېچىمنى سىمۋول خاراكتېرلىك قىرقىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن ھەج رەسمىي ئاياغلاشتى. بىزنىڭ بۇ كىچىك توپىمىزنى ھارغىنلىق تۇيغۇسى چۇلغىۋالدى، يەنە ئىشنىڭ ئويلىغىنىمدىكىدەك بولمىغانلىقىدىن ئەپسۇسلىنىشمۇ بار ئىدى. گەرچە ئۇ كېيىنكى سەپىرىمنى نۇرغۇن يىپ ئۇچى بىلەن تەمىن ئەتكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ مەزگىللىك كەچۈرمىشلىرىم كىشىنى مەيۇسلەندۈرەتتى. ئەتراپلىق

ئويلىماسلىق مەن ئۇچۇن ئېيتقاندا قەستەن خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىك ئىدى، يەنە كېلىپ، ھەممە كىشى ئوخشىيسىزلىنىپ قالاتتى. غەنى مەندىن ئەپۇ سوراپ: «بۇ قېتىملىق ئۆمرە ھەج تازا مۇكەممەل بولماي قالدى» دېدى. مەن دادامنى ئېسىمگە ئالدىم، ئۇ ئۆمرە ھەجگە قاتناشقاندا، ئېھرامىمۇ باغلىمىغان، بەلكى كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىۋالغانىكەن. ئۆزۈمنىڭ تازا مۇنتىزىم مۇسۇلمان ئەمەسلىكىمنى كۆزدە تۇتۇپ، مەنمۇ غەنىدىن ئەپۇ سورىدىم. كەرىم كېلەر يىلى ئۆزى بىلەن رەسمىي ھەجگە قاتنىشىنى خالايدىغان - خالىمايدىغانلىقىمنى سورىدى. ئەسلىدە مەن ئۇنى چاقچاق قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپتىمەن، كېيىن گېپىنى ئىنتايىن ئەستايىدىل دېگەنلىكىنى بايقاپ قالدىم. مەن ئۆزۈمنىڭ كېلىدىغان - كەلمەيدىغانلىقىمنى جەزملەشتۈرەلمىدىم، ئەمما ئۇنىڭ مەندىن شۇنداق سوئالنى سورىغانلىقىدىن خۇش بولدۇم.

باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ ماڭا بولغان قېرىنداشلارچە مۇئامىلىسىدىن تەسىرلەنمەسلىكىم مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا بۇنداق ئېيتقاندى يېتىلدۈرمىگەنلىكىم تۈپەيلى، مەندىكى بۇنداق تەسىرات تېخىمۇ روشەن بولدى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، مېنىڭ مۇسۇلمانلىق سالاھىيىتىم، مەيلى ئۇ قايسى تىپقا تەۋە بولسۇن، ئاساسلىقى دادام مۇسۇلمان بولغاچقا، ئۇلار ماڭا مۇسۇلمان سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىۋاتاتتى. داداممۇ پاكىستانلىق، بىراق بۇ مېنى ئۆزلۈكىدىن پاكىستانلىققا ئايلاندۇرالمايدۇ، پاكىستانلىقلارنىڭ نەزىرىدە شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ ھەم شۇنداق. لېكىن، بىر مۇسۇلمان بولۇش بۇنىڭغا ئوخشىمايدىكەن.

مەن ئەگرى - بۈگرى تاشيول بىلەن مېڭىپ بۇ شەھەردىن ئايرىلدىم. شۇ چاغدىكى مەككە خېلى جىمىپ قالغان، چىراغلارمۇ خىرەلىشىشكە باشلىغانىدى. شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا، ماشىنىمىزنىڭ ئىچى تېخىمۇ قاراڭغۇلىشىپ، كوچا

چىراغلىرىلا ئۆزۈكسىز چاقناپ تۇراتتى. بىز شەھەرنىڭ چېتىگە يېتىپ باراي دېگەندە، ئىككى دانە سېرىق رەڭلىك ئەگمىنى كۆرۈپ قالدىم، ئۇلاردا قىلچە ئىسلام پۇرىقى يوق ئىدى.

— ماكدونالدمۇ؟

— ھەئە، — دېدى كەرىم، — مۇسۇلمانلارلا كىرىشكە بولىدىغان ماكدونالد.

# ئىككىنچى قىسىم

# تارىخنىڭ ناتونۇش مېھمىنى

— ئەنە تېھران، — دېدى سادىق ئەپەندى، — ئەگەر مۇشۇنداق پاسكىنا ھاۋادىمۇ كۆرەلەيدىغان بولسىڭىز.

مەن كۆرەلمىدىم. ئۇپۇققا قىيسايغان قۇياش شەھەرنىڭ قوڭۇر رەڭ قېپىنى قاقلاپ تېخىمۇ قاتۇرۇۋەتكەندەك قىلاتتى. يىراقتا چوققىلىرىنى ئاپپاق قار قاپلىغان تاغ تىزمىسى شەھەرنى چۈمكىگەن نېپىز تۇمان ئىچىدە گىرۋەكلىرى پاسكىنا بولۇپ كەتكەن كارىۋات كىرلىكىگە ئوخشاپ قالغانىدى. بىز شەھەرگە جەنۇب تەرەپتىن كىردۇق، شەھەرنىڭ شىمال تەرىپىنى قورشاپ تۇرغان تاغ چوققىلىرى تېھراننى بۆشۈكتە بىنا قىلىنغان شەھەرگە ئوخشىتىپ قويغانىدى.

— ئەتە پاكىز بولۇپ كېتىدۇ. ئەتە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان خاتىرە كۈنى، — دېدى سادىق كۈلۈپ قويۇپ، — ئىسلام دىنىنىڭ پەيغەمبىرى.

بىز ناھايىتى چوڭ سىرىق گۈللۈك لاماركىيە ئوتىنىڭ يېنىدىن ئۆتتۇق، ئۇنىڭ ئۈستى تەرىپى تۇتىشىپ كەتكەن چوققىلىق مۇنار شۇ تاپتىكى قاراڭغۇلۇقتا مىس رەڭ كۆرۈنەتتى.

— ئاۋۇ نېمە؟

— ھە، ئۇ ھۆمەينىنىڭ... ئىشقىلىپ، ھۆمەينىنىڭ بىرنېمىسى، — سادىق ئەپەندىنىڭ ھارغىنلىقتىن يۇمۇلۇپ كېتىۋاتقان كۆزلىرى بىردىنلا چاقناپ كەتتى، — ئۇ ھۆمەينىنىڭ قەسرى، — دەپ قوشۇمچە قىلغاچ قاقاھلاپ كۈلدى، ئۇنىڭ ئاۋازىدىن فرانسۇزچە تەلەپپۇز بىلىنىپ

تۇراتتى.

ئوقۇش تارىخىدىن ئېيتقاندا، سادىق ئەپەندى تاكسى شوپۇرى بولماسلىقى كېرەك ئىدى. يېشىدىن قارىغاندىمۇ، شۇ كۈنى ئەتىگەندە ماشىنىسىنى ھەيدەپ تۆت يۈز كىلومېتىر يول يۈرۈپ ئىسفاھانغا مېنى ئالغىلى بېرىپ، يەنە شۇ يولى بىلەن قايتىپ كېلىشىنىڭ ئورنى يوق ئىدى. لېكىن، ئۇ ئىران ئىنقىلابى مەزگىلىدە ھىندىستاندا ئىقتىسادشۇناسلىقتا ئوقۇغانلىقىنى ئېيتقاندا، يېشىنى خاتا مۆلچەرلەپ قالغانلىقىمنى بىلدىم. يۈزىدىكى چوڭقۇر قورۇقلار، قورۇلۇپ كەتكەن ئىككى مەڭزى ۋە بوشاشقان كۆز خالتىسىغا قاراپ، ئۇنىڭ ئەللىك نەچچە يېشىغا يەنە ئون بەش ياشنى قوشۇۋەتكەنىدىم. ئىنقىلابنىڭ پارتلىشى ئۇنىڭ ئىقتىسادشۇناسلىق بويىچە ماگىستىرلىق ئوقۇشىنى ئۈزۈپ قويغان. نۇرغۇن ئىرانلىققا ئوخشاش، ئۇ ۋەتەنگە قايتىپ ئاتا - ئانىسىدىن خەۋەر ئېلىش يولىنى تاللىۋالغان. ئۇ بىر دوستى بىلەن كېيىم - كېچەك تىجارىتى قىلغان، بىراق بىرنەچچە يىل ئۆتمەيلا مەغلۇپ بولغان.

— شېرىكىم بىلەن ئارىمىزدا بەزى مەسىلىلەر يۈز بەردى، — دېدى ئۇ ئاڭلىنار - ئاڭلانماس قىلىپ، — لېكىن، بۇنى دېمىگەنىدىمۇ، ئەينى چاغدا تىجارەت قىلىش ھەقىقەتەن تەس ئىدى، ئۇرۇش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتاتتۇق.

كۆز ئالدىمىزدا رەڭگارەڭ مەنزىرە زاھىر بولدى: يورۇشلۇق ياتاق بىناسىنىڭ ئالدىغا گىلەم ئېسىلغان، گىلەمگە 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىكى ئىران - ئىراق ئۇرۇشى مەزگىلىدە كۆكنارلىقتا قۇربان بولغانلارنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەنىدى؛ بىر ئېلېكتىرون سىزغۇچ قىزىل ئىشكالىسى بىلەن بۇلغىنىش دەرىجىسىنى توغرا ئۆلچەپ تۇراتتى؛ بىر تال يېشىل رەڭلىك سولياۋ كاكتۇس ۋە بىر توپ قىزغۇچ كوكۇس پالمىسى؛ قاتناش قىستاڭچىلىقىدىكى يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول؛ ئېگىز - پەس

تۆت ياكى بەش قەۋەتلىك ئىمارەتلەر. بەزى ئىمارەتلەرنىڭ كۆك گىرۋەكلىرىگە كۈمۈش رەڭلىك نۇر قايتۇرغۇچ ئىش شەكىللەر چۈشۈرۈلگەن؛ بەزى ئىمارەتلەر بولسا چاسا شەكىللىك، ھېچقانداق رەڭ بېرىلمىگەن، پەقەت سۇر رەڭلىك ئاليۇمىن دېرىزە رامكىلىرىلا بار. دات رەڭلىك ناھايىتى چوڭ ئىمارەت يۇملاق شەكىللىك بىر پارچە يەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا قەد كۆتۈرگەن بولۇپ، بىرمۇ دېرىزىسى يوق، ھەربىر قەۋەتكە تار يوشۇرۇنۇش ئورنى قويۇلغانىدى. شەھەرنىڭ شىمال قىسمىغا يۈرۈشىمىزگە ئەگىشىپ، ئەتراپتىكى ئىمارەتلەرنىڭ بويى پەسلەشكە باشلىدى. بۇ يەردىن تېخىمۇ كۆپ نۇر قايتۇرغۇچ ئەينەكلەرنى كۆرگىلى بولاتتى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى مۇز كۆك رەڭلىك، بەزىلىرى قارا رەڭلىك ئىدى، بۇلاردىن باشقا، يەنە نۇرغۇن ئاق رەڭلىك مۇنار بار ئىدى. ھېچقانداق قەدىمكى ئىزنالار، ئالاھىدە زامانىۋى نەرسىلەر، ئۆزگىچە ئىران ئۇسلۇبىدىكى نەرسىلەر، پەۋقۇلئاددە غەربچە ئىزنالارمۇ يوق ئىدى. بۇ يەرنىڭ مەنزىرىسى تۇتۇق، پىلانلاش كەمچىل بولۇپ، بىرەر ئۆلچەملىك قۇرۇلۇشنى تاپقىلى بولمايتتى. تارىخنىڭ گىرۋىكىدە تۇرۇۋاتقان بۇ شەھەرگە ھەرقانداق مەدەنىيەت تامغىسى بېسىلمىغان، لايىھەلەش كەمچىل بولۇپ، ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلىۋاتقىنى ئىنسانلارنىڭ ئۆزۈكسىز كۆپىيىشىلا ئىدى. شەھەرلىشىش جەريانىدىكى بايلىق ۋە مەرتىۋىگە قاراپ مۇئامىلە قىلىش يەر شەكلى مەنزىرىسىدە تەسۋىرلەپ بېرىلگەنىدى. يانتۇلۇقتا بىنا قىلىنغان بۇ شەھەردە بايلار ئېگىزلىكتە، نامراتلار پەستە تۇراتتى. يەنە كېلىپ، نامراتلار رايونى ئەڭ قاتتىق بۇلغانغان جاي ئىدى.

سەپەرنىڭ بۇ مۇساپىسى كىشىنى قاتتىق مۇگدەك باستۇراتتى. زىيادە ئېشىپ كەتكەن ئاھالە قاتناش ئارىلىدىكى غول يوللاردىن كەڭرى كوچىلارغا سىڭىپ كېتەتتى، ئاندىن يەنە كىچىك كوچىلارغا كېلىپ، بۇ شەھەرنى پالەچ بولمىغان

تەقدىردىمۇ، تارتىشىپ قېلىش كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ قالغاندەك كۆرسىتەتتى. بىز قىزىل چىراغ يانغاندا خېلى تۇرۇپ قالدۇق، مەن ماشىنىنىڭ دېرىزە ئەينىكىنى چۈشۈرۈۋىدىم، ئىس - تۈتەكلىك ئىسسىق هاۋا ماشىنىغا كىردى. قارا كۆزئەينەك تاقىغان، بېشىغا قارا، سېرىق چېكىتلىك ياغلىق ئارتىۋالغان بىر قىز ئالدىمىزدىن ئۆتۈپ كەتتى. بۇنىڭدىن باشقا رەڭلىك نەرسىلەردىن پەقەت سېرىق رەڭلىك تاكسى ۋە هال رەڭ ئاپتوبۇسلارلا بار ئىدى.

مەن ئەرەب يېرىم ئارىلىدا بىرنەچچە كۈن كۆپرەك تۇرۇپ قالدىم، ئاندىن ئىككى هەپتىگە سوزۇلىدىغان ئىران نورۇز بايرىمىنى ئۆتكۈزدۈم، يەنە جەنۇبتىكى شەهەر شىرازدىن شىمالغا يۈرۈپ تېهرانغا بېرىش يولىدا بىرمۇنچە ۋاقىتنى سەرپ قىلدىم. 4 - ئاي مەزگىلى ئىدى، ساياهەت ۋىزامنىڭ ئاران بىر ئاي ۋاقتى قالغانىدى.

ئىككى ئەرەب دۆلىتى — سۈرىيە بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى بىرقەدەر ئوخشۇشلۇق بولغان كەچۈرمىشلىرىمگە ئاساسلانغاندا، بۇ يەردىكى ئىشىم ئەسلىي مۆلچەرىمدىكىدىن ئاسانراق بولۇشى كېرەك دەپ قارايتتىم. مەن ئاشۇ دۆلەتلەردە نازارەت رادارىدىن ئاسان قۇتۇلغان، سىياسىيغا چېتىشلىق ئىشلار ياكى هۆكۈمەتنىڭ چىشىغا تېگىپ قويغان كىشىلەرنى سۈرۈشتۈرمىسەملا، يېڭىلىغىلى بولىدىغان ساياهەت پاسپورتىنى ئىشلىتىش ئىنچىل ياخشى ئۇسۇلۇم بولۇپ كەلگەنىدى.

ياتاق بىناسى بىر چوڭ ئىمارەتلەر توپىغا جايلاشقانىدى، ياتاق بىناسىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن شەهەرگە نەزەر تاشلىغىلى بولاتتى: شىمال تەرىپى تاغ بولۇپ، ئاز - تولا گىياھ ۋە ئېگىزرەك ئىمارەتلەر بار ئىدى؛ جەنۇب تەرىپىدە پاكار - پاكار ئۆيلەر ۋە ئىس - تۈتەكلەر يېيىلىپ كەتكەنىدى. ئەتراپىمنى سېمونت ئۆگزىلەر قورشاپ تۇراتتى، ئۇستىگە هاۋا تەڭشىگۈچ، تىرەكلىك كوندېنساتور، تېلېۋىزور ئانتېنناسى ۋە ئېهتىيات بىلەن

جايلاشتۇرۇلغان سۇنئىي ھەمراھ ئانتېننالىرى مىجىر - مىجىر ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. قىستا - قىستاڭچىلىقتىن باشقا، تېھراندىكى شاۋقۇن، ئىس - تۈتەك ۋە سېمونتتىن ھاسىل بولغان بىر خىل ئارىلاشما سىزنىڭ تەڭپۇڭلۇقىڭىزنى ئۈزۈكسىز قالايمىقان قىلىپ تۇراتتى. بۇ سىزنى غىپپىدە قېچىپ كېتىشنى ئويلاشقا مەجبۇر قىلىدىغان شەھەر ئىدى. كۆرۈش سېزىمىنى سۇسلاشتۇرىدىغان بىردىنبىر نەرسە، شۇنداقلا بۇ يەرگە بۇ شەھەرنى بىنا قىلىشتىكى بىردىنبىر سەۋەب دەل ئاشۇ تاغلار ئىدى. چوڭقۇر سۇ رايونىدىكى ئۈچ ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان بىچارە يېشىل سۇنى ھېسابقا ئالمىغاندا، سارايىنىڭ سۇ كۆلچىكى قۇرۇق. يان تامغا «ھاياتلىق = جىنسىي قىلمىشتىن يۇققان كېسەللىك» دېگەن سۆزلەر قىزىل رەڭدە قاغا پۇتى قىلىپ يېزىلغانىدى.

※ ※ ※

مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا، دەسلەپكى بىرنەچچە كۈندە تېھران كىشىنى قىزىقتۇرىدىغان شەھەر بولدى: ھازىرقى زامان كىرىزىسىغا پاتقان شەھەر، ئېنېرگىيە تولۇق، ماراقچى كۆزلەر تىكىلىپلا تۇرغان. بۇ يەنە پىتنە - پاسات يامرىغان شەھەر ئىدى. ياز كېلىش ئالدىدا قىزلارنىڭ كىيىنىشىنىڭ لايىقىدا بولمىغانلىقى توغرىسىدىكى پىتنە - پاساتلار تەرەپ - تەرەپتىن يېغىپ كېتەتتى؛ غەرب مۇزىكىلىرىنى قويىدۇڭ، دەپ ماشىنىلار توسۇۋېلىنىدۇ، ئاندىن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ماشىنىلار مۇسادىرە قىلىنىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ھۆكۈمەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قىسىش سىياسىتىنىڭ ئالامەتلىرى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاخبارات ۋاستىلىرى قۇم شەھىرىدىكى دىنىي زاتلار پۈتۈن كۈچى بىلەن قارشى تۇرغان بولسىمۇ، ئاياللار

يەنىلا تۆنجى قېتىم تەنتەربىيە سارىيىغا كىرىش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈردى دەيتتى. خەلق داۋاملىق ھۆكۈمەتنىڭ بۇ پەلىپەتىش خەۋەرلىرىنى ئوقۇش بىلەن ئالدىراش ئىدى.

مېنىڭ ھوشيارلىقىم تېھراندا بوشاشتى، سەۋەبى بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى بەكلا ئوچۇق، ئاھايىتى ئەركىن بولۇپ، ئۇلار ماڭا بەكلا ئىشىنىدىغاندەك كۆرۈنۈپ، ئەنسىرىگۈدەك ھېچنېمە يوقتەك تۇيۇلدى. مەن سۈرىيەگە كەلگىنىمگە بىرنەچچە ھەپتە بولغان كىشى بولسامۇ، يەنىلا بەك ئېھتىيات قىلدىم، ئاممىۋى سورۇن ياكى تېلېفوندا زىيارەتنى زادىلا قوبۇل قىلمىدىم. ھالبۇكى، ئىراندا كىشىلەر كۆزقارىشىنى بايان قىلغاندا قىلچە ئەيمەنمەيلا قالماي، بەلكى نارازىلىقىنى يۇقىرى ئاۋازدا ئىپادىلەش جەريانىدا خۇشاللىقنى ئېرىشىدىكەن. شىمالغا بېرىش سەپىرىدە، مەن يەزدتىكى بىر ئالىي مەكتەپتە ئۇچراتقان بىر ئوقۇغۇچى ھوزۇرلانغان ھالدا: «بىزنىڭ ئىنقىلابىنىڭ ئاللىقاچان ۋاقتى ئۆتتى» دېدى.

بۇنداق كەيپىيات مېنىڭ نىشانىمغا ئىنتايىن ماس كېلەتتى. مەن سەپەرنىڭ بۇرۇنقى نۇقتىسىدا تۇراتتىم. مۇسۇلمانلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا سېلىشتۇرغاندا، مەن ئىسلام ئىنقىلابىنىڭ بۇ يەردە قانداق جەمئىيەتنى بەرپا قىلغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىشنى بەكرەك خالايتتىم. بارت، ئابدۇللالارنىڭ كېلەچىكىنىڭ — مانچېستېر ۋە ئىستانبۇلنىڭ دەبدەبىلىك سۆزلىرىدىلا ئەمەس — تېخىمۇ ئۇلۇغۇار، كەڭ ئارقا كۆرۈنۈشتە قانداق زاھىر بولىدىغانلىقىنى بىلگۈم بار ئىدى. مەن بۇنىڭ بىر خىل تەييارلىق ياكى بىرلىشىش نۇقتىسى ئىكەنلىكىنى، دادام خېتىدە ماڭا قويغان «پاكىستاننى تېخىمۇ ئوبدان چۈشەن» دېگەن ئىككىنچى خىرىسنى كۈتۈۋېلىشقا باشلىغانلىقىمنى ھېس قىلاتتىم. لېكىن، بۇنىڭ ئالدىدا مەن بىر كىشىنى، يەنى بۇ

ئىسلام جۇمھۇرىيىتىدىكى مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىنى كۆرۈشۈم كېرەك ئىدى.

※ ※ ※

مۇھەممەد رەھىمىنىڭ يېشى ئىسلام ئىنقىلابىنىڭكىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە تەڭ ئىدى. ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئالدىنقى يېرىمى ئىران پادىشاھلىقى ھۆكۈمرانلىقىدا ئۆتكەن، كېيىنكى يېرىمى بولسا ئىسلام جۇمھۇرىيىتىدە ئۆتۈۋاتاتتى. شوپۇرۇم سادىق بىلەن ئوخشاشلا، ئۇمۇ ھىندىستاندا بىلىم ئالغانىدى. ئۇ دېھلىدىكى ھىندىستان سانائەت پەنلىرى ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان، بۇ رىقابەت ئىنتايىن كەسكىن بولىدىغان ئالىي مەكتەپ ئىدى. شۇ چاغلار 20 - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرى بولۇپ، مۇھەممەد رەھىمىنىڭ ھىندىستاندىكى كۈنلىرى ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتۈۋاتقان، ئىراندا بولسا غايەت زور ئۆزگىرىش يۈز بەرگەنىدى. ئۇ 1979 - يىلىدىكى ئاشۇ ۋەقەلەرگە ئىنتايىن ئۆزگىچە ئۇسۇل بىلەن قاتناشقانىدى. سىياسىي پائالىيەتلەردە جۇشقۇنلۇقىنى ئىپادىلەپ، ئىران پادىشاھلىقىغا قارشى تۇرغان، ئىنقىلاب باشلانغاندا، ھىندىستاندا ئوقۇۋاتقان بىر توپ ئىرانلىق ئوقۇغۇچى بىلەن بىرلىكتە ئىران باش ئەلچىخانىسىنى ئىگىلىۋېلىپ، ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىغانىدى. تەخمىنەن چارەك ئەسىردىن كېيىن، ئۇ شەخسىي كارخانا غوجايىنىغا ئايلانغان، ئىنقىلابتىن كېيىنكى يىللاردا مەنسەپ - ئابرۇيى تېز ئۆسكەنىدى. تەرجىمىھالىدىن قارىغاندا، ئۇنى ئىسلام ئىنقىلابىدىكى ئەتىۋارلىق كىشى ھېسابلاشقا بولاتتى.

مەن تېھرانغا كەلگەن دەسلەپكى بىرقانچە كۈندە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۇم. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدىكى كەچۈرمىشلىرىدىن بىلىدىغانلىرىم بەك ئاز ئىدى. شەھەردىكى

بىر مەزگىلدە رايوندا ئۇنىڭ بىناسى بار بولۇپ، تاملىرى قىپقىزىل رەڭلىك ياغاچ بىلەن زىننەتلەنگەن مېھمانخانىسى غوجايىنىنىڭ ئىلىكىدىكى بايلىقنى ئاشكارىلاپ تۇراتتى. ئارىلىقى بىر دەك قىلىپ ئېسىلغان رەسىم رامكىلىرىدا بالى ئارىلىدىكى شالىلىق، ئارىزونادىكى قۇملۇقتا پېتىۋاتقان قۇياش ۋە باشقا مەنزىرە رەسىملىرى بار ئىدى. مۇھەممەد كىرىپ كەلدى، ئۇ قوڭۇر رەڭلىك تولستوپكا، ئىچىگە كۆك كۆڭلەك كىيىۋالغانىدى. ئۇ قاۋۇل، چىرايى تاتىراڭغۇ بولۇپ، ئۆچكە ساقال قويۇۋالغان، قىزغىن مۇئامىلىلىك، كىشىگە كۆڭۈللۈك كەيپىيات ئاتا قىلىدىغان كىشى ئىدى. ئۇنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىشى ۋە سالاپىتى، نەپىس ياسالغان ئالتۇن گىرۋەكلىك كۆزئەينىكى ۋە «بىرىنچىلىك» ماركىلىق سىڭ ئۆتمەس قول سائىتى ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىنى ئىپادىلەپ تۇراتتى. مەن بالىلىق ۋاقتىمدا ھىندىستاندىلا ئۇنى تونۇيتتۇم، بىراق سەممىيلىكى ۋە كۈلكە ئاۋازىلا ئېسىمدە قالغانىدى.

مەن تېخى ئۆزۈمنى ھېچقانچە تونۇشتۇرمايلا، گەپنىڭ تېمىسى سىياسىي ۋە ياز پەسلىدىكى ئاياللارنىڭ كۆڭلەكلىرىدىكى نەقىشلەرگە يۆتكىلىپ كەتتى. ئۇ قاپىقىنى تۈرۈپ، سۇرلۇك قىياپەتكە كىردى:

— ئىران پادىشاھلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە بىز تېخىمۇ مۆتىدىلرەك ئىدۇق، بىراق ھازىرمۇ بۇ دۆلەت يەنىلا مۆتىدىل دۆلەت، بەلكى بۇ ھاكىمىيەت ئاياغلاشقاندىن كېيىنمۇ بۇ ھالەت يەنىلا داۋاملىشىدۇ،

مەن ئۇنىڭ ئىنقىلابنى قوللايدىغانلىقىنى بىلەتتىم، شۇڭا بۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ، بۇ باھاسىغا ئازراق شەخسىي تۈس قوشۇلغاندەك، يەنى بىر ناتونۇش ئادەم ئۆزىنىڭ ئائىلىسىدىكى ئامراقلىق ۋە دۈشمەنلىكنى سۆزلەۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

— مەن بۇنداق گەپنى، يەنى بۇ ھاكىمىيەتنىڭ ئاياغلىشىش ۋاقتى دېگەن گەپنى دائىم ئاڭلاپ تۇرىمەن. سىزنىڭچە، قاچان

يوز بېرەر؟

— ياش ئەۋلادلار ئۆزگىرىش ئىلىپ كېلىدۇ، — دېدى مۇھەممەد رەھىمى، — سىلەر ناھايىتى تېز لا ھەرىكەتكە كېلىسىلەر، مەسىلەن، ھەتتا پەقەت بىر ياكى ئىككى يىلدىلا. ئالدىنقى شەرت شۇكى، ھەرقانداق چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ ئارىلىشىشى بولماسلىقى كېرەك. ئارىلىشىش بولمىسا، ناھايىتى تېز لا ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. لېكىن، ياشلار ئارىلىشىپ قالسا، بۇ ھاكىمىيەت يوقالمايدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى خەلقنى بىردەك ئىتتىپاقلاشتۇرالايدۇ. چەت ئەل كۈچلىرى بۇ يەرنى ئىراقتا ئايلاندۇرالمايدۇ.

قۇرۇق قول ئىگىلىك تىكلىگەن بۇ كىشىنىڭ ۋۇجۇدىدا بىر خىل كۈچلۈك خاراكتېر بار ئىدى، بۇنىڭغا ئۇنىڭ ئۆتمۈشتىكى سىياسىي ھاياتى قوشۇلۇپ، دادامنى ئەسلىتىپ قويدى. ئۇنىڭ سۆزلەش ئۇسۇلى نۇتۇق سۆزلەشكە بەك ئوخشاپ كېتەتتى، ئۆزىگە تولۇق ئىشەنچ بولغاچقا، كۆزقارىشىنى ئىنتايىن مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ئوتتۇرىغا قوياتتى. سۆھبەتلىشىش ئارىمىزدا بىر خىل غۇۋا يېقىنچىلىق تۇيغۇسىنى پەيدا قىلدى. بۇ چاغدا ئۇ شۇنچە جىددىي تېمىدا پاراڭلاشقانلىقى ئۈچۈن سەل ئوڭايسىزلانغاندەك بولدى. ئۇ مېنى بىر ئاشخانىغا بىرىپ چۈشلۈك غىزا يېيىشكە تەكلىپ قىلدى ۋە مېنى باشلاپ مېھمانخانىدىن ئايرىلدى. ئۇنىڭ خىزمەت رايونى تىنچ يان كوچىدا بولۇپ، ئۇ يەردىن ئۆتسەكلا شەھەرنىڭ ئەڭ ئاساسلىق كوچىسى ۋارنئاسقا يېتىپ باراتتۇق. شۇ تاپتىكى كوچىلار گۈزەل باھار مەنزىرىسى تۈسىگە كىرگەن، قۇياش نۇرى چىنار شاخلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ پەسكە چۈشۈپ تۇراتتى، بۇ چىنارلار فىرانسىيە چىنارى دەپمۇ ئاتىلاتتى. ئۇ بىر خىل كۆركەم دەرەخ بولۇپ، كەشمىر جىلغىسىدا باراقسان ئۆسۈپ، ئەتراپقا خۇش پۇراق چاچاتتى، چوققىسىدا كەڭ سايىۋىنى بار ئىدى، يوپۇرمىقىنىڭ شەكلى كىچىك باللارنىڭ ئالقىنىغا

ئوخشاپ كېتەتتى. ۋارنئاس كوچىسىنىڭ ئۇ بېشى تاغ چوققىسى بولۇپ، بىزگە بەك يېقىن ئىدى، شۇ كۈنى ئەتىگەندە ئۇ كىنو دېكىراتسىيەسىدەك كۆرۈنمەكتە ئىدى. كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدە قەھۋەخانا، ئاياللار كىيىم - كېچەك دۇكىنى، يايما، مېھمانخانا ۋە ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئەلچىخانىلىرى قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. بۇ يەردىمۇ ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ئىنتىزام قىسمىنىڭ گازارمىسى بار ئىدى. بەزى ئۆزگىچە كېچىلەردە پىكاپلار كوچا بويلاپ ئۇزۇن سەپ بولۇپ تۇراتتى، ئارقىدىنلا ماشىنىدا چاقچاق قىلىش ئويۇنى باشلىنىپ كېتەتتى. بۇ تېھراندىكى بىر تۇرلۇك پائالىيەت ئىدى، ئوغۇللار ماشىنا ھەيدەپ قىزلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىپ، ئۆزئارا كۆز بېقىشاتتى، كۇلۇمسىرىشەتتى، باغاقچە تاشلىشاتتى، ساقاللىق ئەرلەر پەيدا بولۇپ قالسا، شۇ ھامان تارقىلىپ كېتەتتى.

ئاشخانىنىڭ ئىسمى «Bistango» ئىدى. قىسقىغىنا پەلەمپەي بىلەن ماڭغاندىن كېيىن ئىچىگە كىرگىلى بولاتتى. بۇ يەرنىڭ كۆلىمى كىچىك، ئەمما ناھايىتى يورۇق، ئاق داستىخانلىرى پاكىز، ئۈستەلدە ئېسىل ئەينەك ئىستاكانلار بار ئىدى. ئاشخانا دىرېكتورى مۇھەممەدنى تونۇيدىكەن، ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن سالاملىشىپ، بىزنى ئۆينىڭ مەركىزىدىكى ئۈستەلگە باشلاپ ئولتۇرغۇزدى. مۇھەممەد دائىم تونۇش كىشىلەرنى ئۇچراتقىلى بولىدىغان ئاشخانىدا تاماق يېگەندە، ئادىتى بويىچە ئەتراپىدىكى ئۈستەللەرگە بىر قۇر تېز كۆز يۈگۈرتتى. غىزالانغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى چوڭ ياشلىق كىشىلەر ئىدى، ئۇلار قارا كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىۋالغان بولۇپ ماڭا مانخاتتان شەھەر مەركىزىدىكى بىر شىركەتنىڭ ئاشخانىسىغا كىرىپ قالغاندەك تەسىرات بەردى. بۇ يەردە كۇتكۇچىدىن بىر پارچە ھاراق تىزىملىكىنى ئېلىش ئادەتتىكى ئىش ئىكەن.

ھىندىستاندا بالىلىق دەۋرىم ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، مەن مۇھەممەدنى قايتا كۆرۈپ باقمىغانىدىم، بىراق 1980 - يىلى

ھىندىستانغا بىر قېتىم بارغانلىقىنى تىلغا ئالغاندا، ھىندىستاندا تۇرۇۋاتقان چاغدا ئەمەس، بەلكى ئۇ يەرگە توغقان يوقلاپ بارغاندا ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقانلىقىمنى بىلدىم. 1980 ـ يىلى پۇتكۈل مۇسۇلمان دۇنياسى شىددەتلىك دولقۇنلار ئىچىدە دەۋرەپ تۇراتتى: دەل ئالدىنقى يىلى نۇرغۇن ۋەقەلەر يۈز بەرگەن، يەنى سوۋېتلىكلەر ئافغانىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن، مەككىدىكى كەئبە ھۇجۇمغا ئۇچرىغان، زۇلپىقار ئەلى بۇتتوغا ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنغان...

— شۇنداق، ھەممە ئىش قالايمىقانلىشىپ كەتتى، كېيىنچۇ؟

— شۇنداق، — دېدى ئۇ كۈلۈپ، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئاشۇ ئەنسىز يىللاردىكى داۋالغۇشلاردىن تەئەججۇپلەنگەندەك قىلاتتى، — مەن ۋەتەنگە قايتىپ يەتتە كۈندىن كېيىن ئۇرۇش پارتلىدى. ئىراق بىلەن ئۇرۇش قىلىش بىر خىل قورال سۈپىتىدە، ئىسلام جۇمھۇرىيىتى تۈزۈلمىسىنى مەجبۇرىي يولغا قويۇش، بارلىق ئۆكتىچى كۈچلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلاش ئۈچۈن پايدىلىنىلغان، ئاخىرىدا ئۇرۇشنىڭ دەرىجىسى كۆتۈرۈلۈپ، بەش يۈز مىڭ ئىرانلىق ھاياتىدىن ئايرىلغانىدى. ئۇرۇشنى قوزغىغىنى سادام ھۈسەيىن، ئۇرۇشنى سوزغىنى ھۇمەينى بولدى. گەرچە ئىراقلىقلار ئامېرىكىنى ئارقا تىرەك قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا بەش يۈز مىڭ جاننى ئۈزۈپ قويغانىدى... بۇ ئۇرۇشنىڭ خەلق تۇرمۇشىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ئىنقىلابنىڭكىدىن كۆپ ئېشىپ كەتكەن.

لېكىن، 1980 ـ يىلى يەنىلا قاتمۇقات تۇمان قاپلىغان بىر يىل بولدى: ئىران پادىشاھى ۋە ساۋاك، يەنى ئۇنىڭ قىساس ئېلىش خاراكتېرلىك مەخپىي قوشۇنى بىر يىلنىڭ ئالدىدا ئۇن ـ تىنسىز يوقالدى؛ بىر قاتار سىياسىي پائالىيەتلەر يەنىلا داۋاملاشماقتا ئىدى؛ دىنىي ھاكىمىيەت تېخى كەڭ كۆلەمدە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە باشلىمىغانىدى، بەزى كىشىلەر يەنىلا ئىنقىلابنىڭ يېتىپ كېلىپ ھۇمەينىنىڭ تەختتىن چۈشۈشىگە

تۆرتكە بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

— ئەگەر شۇ چاغلاردا سىياسىيغا ئارىلاشقان بولسام، — مۇھەممەد بىر سىرنى يوشۇرۇۋاتقاندەك يەنە كۈلدى، — بىلەمسىز، هازىر مىنىستىر دەرىجىلىك ئەرباب بولۇپ قالاتتىم. هازىر دىپلوماتىيە مىنىستىرى بولۇپ تۇرۇۋاتقان ھېلىقى نەرسىمۇ ھىندىستاندا ئوقۇغان، بىراق مەن سىياسىينىڭ بىر خىل پاسكىنا سودا ئىكەنلىكىنى بۇرۇنلا تونۇپ يەتكەنىدىم، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمنى بۇلغاشنى ھەرگىز خالىمايمەن.

مۇھەممەد ئىرانغا قايتقاندا، ھىندى خوتۇنى بىلەن گۆدەك بالىسىنى بىللە ئېلىپ كەلگەن. ئىراننىڭ ئەينى چاغدىكى ئىنقىلاب ۋە ئۇرۇش ۋەزىيىتىدە، ئۇ تامامەن روناق تاپالايتتى. لېكىن، ئۇ كىچىككىنە مۇمكىنچىلىككە تايىنىپ ئىقتىسادىي ۋە شەخسىي نەتىجە جەھەتتە ئۇتۇق قازانغان، بىراق ھىندىستاندىكى چېغىدا يۇقىرى ئاۋازدا قوللىغان ئىنقىلابقا بولغان ئارزۇسى يوقىغا چىققانلىق تۇيغۇسى پەيدا بولغان. ئۇ نەپىس كۆزئەينەك ئاستىدىكى چوڭقۇر مەنىلىك كۆزلىرى بىلەن ماڭا قاراپ:

— بىزنىڭ نېمە ئۈچۈن ئىنقىلاب قىلغانلىقىمىزنى بىلەمسىز؟ — دېدى.

— نېمە ئۈچۈن؟ — دەپ سورىدىم مەن بىردەملىك سۈكۈتتىن كېيىن.

بۇ چاغدا ئۇنىڭ كەسكىن كەيپىياتى سەل پەسەيگەندەك بولدى.

— چۈنكى، كىشىلەرنىڭ يەنە قىلغۇدەك ئىشى قالمىدى، — دېدى ئۇ، — نېفىت بىزگە ئىنتايىن كۆپ بايلىق ئاتا قىلدى، ھەتتا بىر ئوقۇتقۇچىمۇ پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەرنى باشلاپ ياۋروپاغا ساياھەتكە بارالايدىغان بولدى. كىشىلەرنىڭ ھەممە نەرسىسى تەل بولدى. ھەربىر ئوقۇغۇچى ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشىپ چەت ئەلگە ئوقۇشقا بارالايدۇ. بىز بۇلارنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بارلىقىنى بىلمىدۇق! پادىشاھ دېموكراتىيەنى يولغا

قويدى. بىز دېموكراتىيەنىڭ مەنىسىنى ئۇنىڭ ئوردىسىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ، يۇقىرى ئاۋازدا: «پادىشاھ تەختتىن چۈشسۇن!» دەپ توۋلاش دەپ بىلدۇق. بىزنىڭ ئىلگىرىلىشىمىز بەك تېز بولۇپ كەتتى. پادىشاھ ئۆزىنى بىر زامانىۋى ئادەم دەپ قاراپ، بۇ دۆلەتنى تېز سۈرئەتتە ئالغا سىلجىتتى، كات زۇڭتۇڭ بولسا ئارقىدا تۇرۇپ ئۇنى تېخىمۇ تېز ئىلگىرىلەشكە ھەيدەكچىلىك قىلدى.

مۇھەممەد دەل ئوردا ئالدىدا «پادىشاھ تەختتىن چۈشسۇن» دەپ توۋلىغان كىشىلەر توپىنىڭ بىر ئەزاسى ئىدى.

— بىلەمسىز، مەن ئىران پادىشاھى ھۆكۈم سۈرگەن مەزگىلدە تۇرمىدە قىرىق بەش كۈن ياتقان، — دېدى ئۇ مېنىڭ ھەيران قالغانلىقىمنى تاماشا قىلىپ ھىجايغىنىچە، — راست دەۋاتىمەن. چۈنكى، بىز ھىندىستانغا بېرىپ ئىران ئەلچىخانىسىدا ئىسيان كۆتۈرگەن، يەنە تېخى باش ئەلچىنى گۆرۈگە تۇتۇۋالغانىدۇق. ئەينى چاغدا ئىراندىن ھىندىستانغا كەلگەن بىر نارازىلىق بىلدۈرگۈچى ئوقۇغۇچى بار ئىدى. ئىران ھۆكۈمىتى تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىپ، ھىندىستان ھۆكۈمىتىدىن ئۇنى ئىرانغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئەلچىخانىغا باستۇرۇپ كىرىپ، باش ئەلچىنى ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىدا گۆرۈگە ئېلىۋالدۇق، — مۇھەممەد تۇيۇقسىز بىردەم توختىۋالغاندىن كېيىن، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — باش ئەلچى بىزگە قەسەم قىلدى، ئۇنىڭ تەلەپپۇزى خۇددى بىر مېھرىبان ئاتىنىڭكىگە ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭدىن غۇرۇر ۋە شان-شەرەپ بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلىپىنى ھەرگىز ئۆزىنىڭ ئوتتۇرىغا قويمىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ گەپ قىلغاندىكى تەلەپپۇزى شۇنداق مۇلايىم ئىدىكى، ئاتىلارنىڭكىگە ئوخشايتتى. بىز ئۇنىڭغا ئىشىنىپ، ئۇنى قويۇۋەتتۇق. لېكىن، ئەمەلىيەتتە بىزمۇ ھېچنېمە قىلالمايتتۇق، قولىمىزدا يا مىلتىق، يا قىلىچ يوق ئىدى. ئۇنى قويۇۋەتكەندىن كېيىنلا،

بۇيرۇقنىڭ خاتىرىسىنى تاپتۇق، — ئۇ بىردەم توختىۋالدى، — دەل شۇ ئادەم قىلغانىكەن! كېيىن، مەن تېھرانىدىكى بىر قېتىملىق تەبرىكلەش پائالىيىتىدە ئۇنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇمۇ مېنى كۆردى، يەنە تېخى مېنى يېنىغا چاقىردى. مەن ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ھېلىقى كۇنى ئەلچىخانىغا باستۇرۇپ كىرگەن كىشىلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىمنى ئەسكەرتتىم. ئۇ: «بىلىمەن» دېدى. مەن: «سىز نېمە ئۇچۇن سەمىمىي قەسىمىڭىزدىن پايدىلىنىپ يالغان ئېيتتىڭىز؟» دەپ سورىدىم. ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى بىلەمسىز؟

— نېمە دېدى؟

— ئۇ: «سىياسىي ‹سەمىمىيلىك› دېگەن سۆزنى بىلمەيدۇ. بۇ گېپىمگە ئىشەنسىڭىز، كەلگۈسىڭىز پارلاق بولىدۇ، سىياسىي ساھەگە قەدەم باسماڭ» دېدى. مەن مېڭىش ئالدىدا ئۇ يەنە: «ئەگەر كەلگۈسىدە مەن يولۇققاندەك ئەھۋالغا يولۇقۇپ قالسىڭىز، دېگەنلىرىمنى ئېسىڭىزدە تۇتۇڭ» دېدى. بۇ گەپتىن بەكلا ئاچچىقىم كەلدى! — مۇھەممەد شۇ چاغدا ئۆزىنى قويۇۋېتىپ قاتتىق ۋارقىرىۋەتتى، — مەن نەگىلا بارسام، كىشىلەرگە: «بىزنىڭ داھىيمىز ھەقىقەتەن بەك ناچار ئادەم ئىكەن» دەيدىغان بولدۇم، كېيىن، — دېدى ئۇ سەل مەيۈسلەنگەندەك ئاھاڭدا، — ئىنقىلاب باشلاندى، بىز ئىران ئەلچىخانىسىنى ئوگۇتەي - توگۇتەي قىلىۋەتتۇق... مېنىڭ تەشەببۇسۇم بىلەن شۇنداق قىلدۇق، يەنە ئىنقىلابنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلىدۇق. شۇ كۇنى كەچتە ئەتراپىمدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ھاراق ئىچتى، ئولتۇرۇش قىلدى. ئەتىسى ئۇلار رەسمىي مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، ئەلچىخانىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ «قۇرئان» ئوقۇدى! دەل شۇ چاغدا مەن باش ئەلچىنىڭ ماڭا دېگەن سۆزلىرىنى يادىمغا ئالدىم.

ئۇ توختىۋېلىپ ئىنكاسىمنى كۆزەتتى. مېنى خاتا چۈشىنىپ قالدى دەپ ھېس قىلدى بولغاي، ماڭا ھومىيىپ قارىدى:

— مېنىڭ ھاراق ئىچىشكە قارشى تۇرۇش غەرىزىم يوق، لېكىن ئەتىسى ئۇلار خىجىل بولماي ئۇ يەردە تۇرۇپ «قۇرئان» ئوقۇدى ـ دە ! مېنىڭ ئۇ يەردە قېلىپ قالغۇم كەلمىدى، ئۇلارغا ئالىي مەكتەپنىڭ باشقۇرۇشى بەك قاتتىق، مەن قايتىپ كېتىشىم كېرەك، دېدىم. مەن دەل ئاشۇ چاغدا سىياسىيدىن يىراقلىشىشنى نىيەت قىلغانىدىم.

مۇھەممەد رەھىمىنى ھەيران قالدۇرغىنى ئىسلام ئىنقىلابى قالپىقىنىڭ ئارقىسىغا يەنە باشقا مەقسەتلەرنىڭ يوشۇرۇنغىنى ئىدى. مەن ئۇنىڭدەك ھەيران قالمىدىم. ئىنقىلاب باشلىنىشتىن بۇرۇن، پۈتكۈل ئىران سىرتتىن كەلگەن تەسىرنى تۈگىتىشتەك «شىددەتلىك بومباردىمان قىلىش» ۋەزىيىتىدە تۇرغان بولۇپ، تاشقى دۇنيادىن كەلگەن زەربىنىڭ ھەممىسىنى تۈگەتمەكچىدى. بەلگىلەنگەن دائىرە ناھايىتى تېز لا تېھراندىكى تۈن كۇلۇبى، تېلېۋىزىيەدىكى يېرىم يالىڭاچ ئاياللار، ئىران پادىشاھىنىڭ چەكتىن ئاشقان قىلمىشلىرى ۋە پادىشاھىنىڭ ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان غەربلەشكەن بايلار قاتلىمىغا كېڭەيدى. نېفىت ئۆز كارامىتى بىلەن ئىراننى بىر كېچىدىلا باي قىلىۋەتكەن، بىراق ئىران ھەرگىز سەئۇدى ئەرەبىستان ئەمەس ئىدى؛ ئىراندا سانى بار، كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە بار بولۇپ، تەربىيە ئالغان، كەسپىي ماھارەت ھازىرلىغانىدى؛ بۇ ھاكىمىيەتنىڭ ئاغدۇرۇلۇپ كېتىشىنى چۈشەندۈرۈش ئۈنچىلىك ئاسان ئەمەس. ئوخشاشلا چۈشىنىش قىيىن ئىشلاردىن يەنە كونا تۈزۈلمە پارچىلانغاندىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن دىنىي ئەسەبىيلىك ۋە تۆپە ـ تۆپىلەپ چېكىنىشمۇ بار.

لېكىن، مۇھەممەد سۆزلەپ بەرگەن چىن ھېكايىنى ئاڭلاپ، ئۇ تەسۋىرلىگەن باللارچە بەڭباشلىقتا ھەقىقەتەن ئىشىنىشكە بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. دەل مۇشۇنداق بەڭباشلىق بۇ دۇنيانى پارە ـ پارە قىلىۋەتكەنىدى. مۇھەممەدنىڭ ئىنقىلابتىكى ھەمراھلىرىنىڭ كېچىسى بولۇشىغا ئىچىپ، ئەتىسى «قۇرئان»

ئوقۇغانلىق ئىشىغا كەلسەك، مەن ھەرگىز ئۇنىڭدەك ھەيران قالمىدىم. لېكىن، مۇھەممەدكە كەلسەك، ئۇ راستلا بۇنداق ئېتىقاد يېڭى دۇنياغا تەرتىپ ئېلىپ كېلىدۇ، دەپ ئىشەنگەن، بۇ ھەقىقەتەن ئاچا يولغا مېڭىشنىڭ تۇنجى قەدىمى ئىدى. بۇنداق ئەھۋال خۇددى قارشى تۇرىدىغان ئوبيېكتنىڭ ئارزۇدىكى ئورنىنى ئالغۇچىدىن كۈچلۈك بولغىنىغا ئوخشايتتى. لېكىن، مۇكەممەل، كەم - كوتىسىز يەنە نېمە بار؟ ئۇنىڭ غايىپەرەسلىكى، دىنىي غايىسى مېنى ئىنقىلاب يۈز بەرگەن بۇ دۆلەتنى كۆرۈپ بېقىشقا تېخىمۇ تەقەززا قىلدى.

مۇھەممەدنىڭ قەلبىدە بۇ خىل غايىچىلىكنىڭ ئورنىنى باشقا نەرسە ئېلىپ بولغان، يەنى ئورنىنى ئالغىنى ئىسلامغا بولغان گۇمانلىنىش، گاڭگىراش، نېفىت شىركەتلىرى ۋە چەت ئەل كۈچلىرىگە تولغان دۇنيا، ئىنسانلار پائالىيىتىگە بولغان بىر خىل گۇمان ئىدى. ئىسلام ئىنقىلابى پارتلىشىنىڭ قىسمەن سەۋەبى چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ ئارىلىشىشىغا تاقابىل تۇرۇش ئىدى، بىراق شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ، ھازىر دۆلەت ئىشىكنى تاقىۋالغاندىن كېيىن، ئۇ ئىسلاھاتنىڭ پەۋقۇلئاددە ئۇزۇل - كېسىل بولغانلىقىنىمۇ ھېس قىلالمىدى. ئۇ دۆلىتىنىڭ يەنىلا باشقىلارنىڭ ئالىقىنىدا ئويۇنچۇقلىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى.

— بىلەمسىز؟ — دېدى ئۇ، — ئىلگىرى بىز ھەممىگە ئىگە ئىدۇق. لېكىن، يەزىدە مەن بىزدە نېفىت بولمىسا ياخشى بولاتتىكەن دەپ ئويلاپ قالىمەن. چۈنكى، مۇشۇ نەرسە شۇنچە كۆپ تاشقى دۇنيانىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى تارتتى... ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئەھمەد نىجادقا ئىزچىل تاقەت قىلىپ كېلىشىمۇ ئەھمەد نىجادنىڭ ئۇلارنىڭ بۇ رايوندا ھەرىكەت قىلىشىغا يول قويالايدىغانلىقىدىن بولغان.

— سىز ئەھمەد نىجادنى ئۇلارنىڭ ئادىمى دەپ قارامسىز؟ — دەپ سورىدىم مەن. مۇھەممەدنىڭ نېمىشقا ئىراننىڭ زۇڭتۇڭى ئەھمەد نىجادنىڭ، يەنى بارغانسېرى ئامېرىكىنىڭ دۈشمىنىگە

ئوخشاپ كېتىۋاتقان بۇ كىشىنى ئامېرىكىنىڭ قوشۇمچە رولىدىكى ياردەمچىسى دەپ قارايدىغانلىقىغا ھەيران بولدۇم.

— بۇنىڭدا گەپ يوق، — دەپ جاۋاب بەردى مۇھەممەد، — سىز ئۇنىڭ سىياسىي تەرجىمىھالىغا قاراپ بېقىشىڭىز كېرەك. ئۇنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق. ھېچكىم ئۇنىڭ مەيدانىنى قوللىمايدۇ. ئىسرائىلىيەنى خەرىتىدىن ئۆچۈرۈۋەتكۈدەك؟ پەلەستىنلىكلەرنىڭمۇ بۇنداق ئىقتىدارى يوق تۇرسا، ئىسرائىلىيەنى خەرىتىدىن ئۆچۈرۈۋېتىدىغانغا بىز كىم ئىدۇق؟

مۇھەممەد چىرايىمدىكى گۇمانسىراش ئالامىتىنى كۆرۈپ:

— بۇ دەل ئون ئالتە ياش چېغىمدا بىر خىرىستىيان قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغىنىمغا ئوخشايدۇ. مەن ئۇنىڭ بىلەن تونۇشماقچى بولدۇم، شۇنىڭ بىلەن بىر دوستۇم بىلەن كېلىشتىم: ئۇ ھېلىقى قىزنى ئىتتىرىۋەتمەكچى بولدى. پىلانىمىز بويىچە بولغاندا، دوستۇم ئۇنى ئىتتىرىۋەتكەندە، مەن ئېتىلىپ بېرىپ دوستۇمنى بىر تەستەك سالماقچىدىم. بۇنداق بولغاندا، ئۇنىڭغا يېقىنلىشالايتتىم. شۇنداق قىلىپ، دوستۇم ئۇنى ئىتتىرىۋەتكەن چاغدا، مەن راستلا ئۇنى كېلىشتۇرۇپ بىر تەستەك سالدىم، ئاندىن ھېلىقى قىز بىلەن دوست بولۇپ قالدىم، — دېدى.

ھېكايىدىكى دوست نىجادقا، مۇھەممەد ئامېرىكىغا، قىز بولسا ئىرانغا ۋەكىللىك قىلاتتى.

— بۇ دەل ئامېرىكىنىڭ پېرسوناژى، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى مۇھەممەد، — ئۇلار بۇ دۆلەتتىن بىر مەسىلە تېپىشقا ئېھتىياجلىق، شۇنداق بولغاندا ئۇلار ئارىلىشالايدۇ.

— لېكىن، ئىراننىڭ زوڭتۇڭى ئىسلامنىڭ كۈچى ئەمەسمۇ؟

— شۇنداق، ئەمما ئۇ يەنە ئامېرىكىلىقلار بىلەن بىر، — دەپ جاۋاب بەردى مۇھەممەد.

— سىزنىڭچە، ھۆمەينىچۇ؟

— مۇتلەق شۇ. بولمىسا، ئۇ قانداق بولۇپ خۇسۇسىي

ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ پارىژدىن بۇ دۆلەتكە كېلەلەيدۇ؟ بىزنىڭ دۆلىتىمىز بەك ئۇلۇغ، — ئۇ دىمىقىنى قېقىپ قويدى، — لېكىن، دەل ئۆلگۈر سىياسىي تۇپەيلى...

بۇ باھا بىزنىڭ بۇ ئىسلام دۇنياسىدىكى سۆھبىتىمىزگە ئازراق قۇرۇق پەرەزنى قوشقاندەك قىلاتتى.

كۇتۇلمىگەندە، مۇھەممەد مەندىن رىۋايەتتىكى پېرسىيە پادىشاھى كۇرۇسنى بىلىدىغان - بىلمەيدىغانلىقىمنى سورىدى. يېڭى ھۆكۇمەت كىشىگە ئۆتمۈش تارىختىكى ئازابلارنى ئەسلىتەتتى، ئۇنىڭ دەرىجىسىنىڭ كۈچلۈكلۈكى بۇ سۆھبەتتىكى بۇرۇلۇشتا گەۋدىلەندى.

— ئاخىمىنىدلارنىڭ پادىشاھىمۇ؟ بىلىمەن.

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 6 - ئەسىردىكى ئىمپېراتور كۇرۇس كېيىن پۈتۈن يەر شارىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان تارىختىكى بىرىنچى ئىمپېرىيەنى قۇرغان، كېيىنكى كېڭەيمىچىلىك رىۋايەتلەردە سۆزلىنىدىغان يۇنان بىلەن بولغان ئۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

— كۇرۇس ئىككى مىڭ بەش يۈز يىل ئىلگىرىلا ھازىر بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كۆز - كۆز قىلىۋاتقان قانۇنىنى تۈزگەن ! — دېدى مۇھەممەد يېرىلغۇدەك بولۇپ، — ئۇ ئىنسان ھوقۇقىنى بەلگىلەپ، ھېچكىمنىڭ ھېچكىمنى قۇل قىلىش ھوقۇقى يوقلۇقىنى تەشەببۇس قىلغان. بۇ دېگەن ئىككى مىڭ بەش يۈز يىل بۇرۇنقى گەپ ! لېكىن، بۇ موللىلار بىزگە ئەگەر ئەرەبلەر كەلمىگەن ۋە بىزنى قۇتقۇزمىغان بولسا، بۈگۈنكى كۈندە بىز يەنىلا چۇمۇلە يېگەن بولاتتۇق دېمەكچى.

مۇھەممەدنىڭ بۇ چاغدا سۆزلىگەنلىرى سىياسىيدىن بەكلا ھالقىپ كەتكەنىدى. مېنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرغىنى، ئىرانىنىڭ ئىسلام ئىنقىلابى بىر مىڭ بەش يۈز يىللىق تارىخنى تولۇق شەرھلىگەنلىكىنى كىم ئويلىغان دەيسىز. ئىران مۇسۇلمانلىرىدىكى ئالدىنقى ئىسلام مەزگىلى ۋە ئىمان ئېيتىشقا

بولغان تونۇش سۇب چوڭ قۇرۇقلۇقتىكى مۇسۇلمانلاردا يوق. مۇھەممەد ئۇزاق قەدىمكى تارىخنىڭ گىپىنى قىلغاندا بەكمۇ ھاياجانلىنىپ كەتتى، شۇنداقلا ئۇنىڭ سۆزىدە بەزىبىر يوشۇرۇن مەنىلەر باردەك قىلاتتى. «Bistango» ئاشخانىسىنىڭ ھاۋا تەڭشىگۈچلۈك ئايرىمخانىسىدا ئۇنىڭ تەلەپپۇزى، شۇنداقلا سۆزلەرنى ئىنتايىن كونكرېت تاللاپ ئىشلىتىشى تېخىمۇ ھەقىقىي، تېخىمۇ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان بىر خىل تەھدىتنى ئاشكارىلاپ قويدى.

— ھالبۇكى، سىز ئەڭ يامان بولغىنىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ — دېدى مۇھەممەد ئۇنلۇك ئاۋازدا، — ئۇلار بىزنىڭ كۇتۇپخانىلىرىمىز ۋە كىتابلىرىمىزنى كۆيدۈردى. ئۇلار پارس تىلىنى يوقاتماقچى! ئىبىن سىنانىڭ «دورانامە» سى ئەرەب تىلىدا يېزىلغان پارس ئەسىرى!

پاراڭنىڭ تېمىسى ئاخىر ھاكىمىيەتكە قايتىپ كەلدى. ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ دەرسلىكلەردىن ئىران تارىخىنىڭ ئالدىنقى ئىسلام مەزگىلىگە ئائىت قىسمىنى قىسقارتىۋەتكەنلىكىنى ئېيتتى.

— مانا بۇ مەن دائىم دەيدىغىنىم، — ئۇ ئاۋازىنى پەسەيتىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ھازىرقى ياشلار ئۆزلىرىنىڭ تارىخى بىلەن بەكلا ناتونۇش. مەن ھامان بىر كۈنى ھۆكۈمەتنىڭ بىر ئادىمى بىلەن ئۇچرىشىپ قالسام — ئۇلار مېنى خۇسۇسىي تىجارەت تۈپەيلىنىڭ ۋەكىلى بولۇشقا تەكلىپ قىلىۋاتىدۇ — ئۇنىڭغا سىلەر ياشلارنى تارىخنىڭ ناتونۇش مېھمانلىرىغا ئايلاندۇرۇپ قويساڭلار بولمايدۇ، دەيمەن.

ئۇ بىرمۇنچە سۆزلەپ، ئاخىر ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قالدى. لېكىن، ئۇنىڭ دەسلەپكى جىددىيلىكى ۋە تەلەپپۇزىدىكى ئەسەبىيلىك يەنىلا داۋاملاشتى. ئۇلار ئۇنىڭ ئاخىرقى بىر كۆز قارىشىنى — يىراقتىكى تارىختىن مېھرىنى ئۈزەلمەسلىكىنى — كونترول قىلىۋالغانىدى. لېكىن، مەن ئېگىز بوي، خۇشخۇي بۇ ئەر كىشىنىڭ ۋۇجۇدىدىن خىيالىمغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان شۇنچە مەۋھۇم، شۇنچە يىغانلىق ئۆكسۈپ يىغلاۋاتقىنىنى ئاڭلىدىم.

# ئادا ـ جۇدا بولۇش

ئاتا ـ ئانامنىڭ مۇناسىۋىتى ۋەدىلەشكىنى بويىچە مەخپىيەتلىكنى ساقلاش شەرتى ئاستىدا داۋاملىشىپتۇ، بىراق ئۇلار دۇبەيگە بېرىپ، مېنى دېھلىدىكى بوۋام ـ مومامغا تاپشۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن، بۇ ۋەدە تېزلا بۇزۇلۇشقا باشلاپتۇ. مېنىڭ تۇغۇلۇشۇمغا مۇناسىۋەتلىك خەۋەرلەر تەرەپكە ـ تەرەپكە تارقىلىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن دۇبەيدە بىر ئورۇنسىز ئەنسىزلىك يۈز بېرىپتۇ. شۇ چاغدا دادام كەچلىك تاماققا تەييارلىق قىلىۋاتقانىكەن، تۇيۇقسىز يېزىنىسى يېنىغا كېلىپ:

— ئاتىش قانداق؟ — دەپ سوراپتۇ. دادام چۆچۈپ كېتىپ، قولىدىكى قازان يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. كېيىن ئۇ يېزىنىسىنىڭ مېنىڭ مەۋجۇتلۇقۇمنى ھەرگىز بىلمەيدىغانلىقىنى، ئىسمىمنى ئاتىغانلىقى پەقەت ئوچاقنىڭ ئوتىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈنلا ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ — «ئاتىش» قەدىمىي پارسچە ئىسىم بولۇپ ئادەتتە ئىشلىتىلمەيتتى، «ئوت» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى.

لېكىن، ئۇزاق ئۆتمەي بۇ خەۋەر راستلا تارقىلىشقا باشلاپتۇ. ئاپامنىڭ تاغىلىرى ئىلگىرى ئۇلارنىڭ مۇراسىمىغا قاتناشقانىكەن. كېيىن ئۇلار لاھوردىكى ئاچىسىنىڭ ئىنىستىتۇتىغا بېرىپ، ساۋاقداشلار يىغىلىشىغا قاتناشقاندا، بىر سىنىپتىكىلەر تارقىلىپ يۈرگەن مىش ـ مىش پاراڭلاردىكى ئاپام تەگكەن ھېلىقى پاكىستانلىقنى بەس ـ بەس بىلەن سۈرۈشتۈرۈپتۇ. دادامنىڭ چوڭ قىزى شۇ چاغدا ئون نەچچە ياشقا كىرىپ قالغانىكەن، ئۇ بىر ھاممىسىدىن مېنىڭ ھېكايەمنى ئاڭلاپتۇ، ئارقىدىن دادام بىلەن زىددىيەتلىشىپ قاپتۇ. ئۇنىڭدىن بۇرۇن،

دادام ئۆزىنى ئىككى ئۇلۇش تۇرمۇش كەچۈرسەم بولىدۇ دەپ قاراپ كەلگەنىكەن. ئۇ ئاپامغا ــ ئۇ چاغلاردا تېخى يان تېلېفون ۋە ئېلخەت يوق ئىكەن ــ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا شۇنچە ئۇزاقتىن بۇيان ھېچقانداق ئالاقە بولۇپ باقمىدى، ئەمدى قانداقمۇ بولسۇن، دېگەنىكەن. ھالبۇكى، خەۋەرنىڭ تېخىمۇ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، دادام جاسارىتىنى يوقىتىشقا باشلاپتۇ، ئەينى چاغدا ئۇنىڭ پاكىستاندا ھاكىمىيەتكە قاتنىشىشتەك قەتئىي ئىرادىسى بار ئىكەن، بىراق بىر ھىندى خوتۇنى ۋە ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان ئارغۇن ئوغلىنىڭ بولۇشى ئۇنىڭ غايىسىنى خام خىيالغا ئايلاندۇرۇپ قويۇپتۇ.

ئۇلار ۋاقىتلىق بىر مەزگىل ئايرىلىپ تۇرغاندىن كېيىن، ئاپام لوندوندا دادام بىلەن يەنە جەم بوپتۇ، مەنمۇ يېنىدا ئىكەنمەن. ئاپام دادامنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى بايقاپتۇ. ئۇ سوغۇق مۇئامىلىلىك، پەرۋاسىز بولۇپ قالغانىكەن. ئاپام ئۇلارنىڭ باكېر كوچىسىدىكى ياتىقىدا مېڭىپ يۈرگەندە، ئۇ يەر ـ بۇ يەردە چېچىلىپ ياتقان قارا چاچلاردىن دادامنىڭ ئاشنىسى بارلىقىنى بايقاپ قاپتۇ. بۇ قېتىمقى ئاشنىدارچىلىقى ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالەتتە بولۇپ، قارشى تەرەپ داڭلىق ھىندىستانلىق ئارتىس ئىكەن... كۆپ يىللاردىن كېيىن، دادامنىڭ ئاچىسى ماڭا ئۆزىنىڭ گېزىتخانىغا خەت يېزىپ بۇ ئاشنىدارچىلىقنى ئاشكارىلىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. دادامنىڭ مەقسىتى ئۆزىنى ئۇجمە كۆڭۈل پاكىستانلىق، قۇرۇق سۆلەت بەگزادە، ئاپامنى پەقەت كولدۇرلىتىش ئوبيېكتلىرىنىڭ بىرى قىلىپ كۆرسىتىپ، ھىندىستانلىق ئايال بىلەن بىر مەزگىللىك مۇناسىۋىتىنىڭ ئەستايىدىل مۇناسىۋەت ئەمەس ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەكچىكەن. ئۇنىڭ پىلانى دەل جايىدا بوپتۇ: ھىندىستانلىق ئارتىس بىلەن بولغان ئاشنىدارچىلىقى ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپتۇ.

دادام كېتىپتۇ، ئاپام ئىككىمىز باكېر كوچىسىدىكى ياتاق

بىناسىدا بىر نەچچە ئاي تۇرۇپتۇق. ئۇلار شۇنىڭدىن كېيىن بىر نەچچە قېتىملا ئۇچرىشىپتۇ. بىر قېتىم ئۇلار مېنىڭ مەسىلەمنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا جىددىي مۇزاكىرىلىشىپتۇ. دادام: «بىر بولسا، ئۇنى سىز ئېلىپ كېتىڭ، بىر بولسا، مەن ئېلىپ كېتەي، ئەمما ئارىمىزدىكى مۇناسىۋەت پاك ـ پاكىز ئۈزۈلسۇن» دېگەن تەكلىپنى بېرىپتۇ. ئاپامغا ئۆزىنىڭ مېنى ئېلىپ كېتىشكە توغرا كېلىدىغانلىقى ئىنتايىن ئېنىق ئىكەن، بىراق كۈتۈلمىگەن ئىش شۇ بوپتۇكى، پۇل مەسىلىسىگە چېتىلغاندا، ئىش بەكلا سەتلىشىپ كېتىپتۇ. دادام ئۇنىڭغا مىڭ فوند ستېرلىڭ بېرىپتۇ، كېيىن ئاپام خەت يېزىپ پۇل سورىغاندا، ئۇ ئاپامنى «ئوپقان» دەپ ھاقارەتلەپتۇ.

1982 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئاپام يەنىلا لوندوندا تۇرۇۋاتقان، دوستلىرىدىن پۇل قەرز ئېلىپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغانىكەن. ئۇ مومىسى بەرگەن ئالماس كۆزلۈك ھالقىسىنى پوند كوچىسىدىكى بىر دۇكانغا ئاپىرىپ سېتىۋېتىپتۇ. بۇ، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنىڭ 1947 ـ يىلىدىكى بۆلۈپ ئىدارە قىلىش جەريانىدا ساقلاپ قالغان ئائىلە تەۋەررۇكلىرىنىڭ بىرى ئىكەن. شۇ يىلى يازدا، دادام بىر دوستى ئارقىلىق ئاپامغا باكېر كوچىسىدىكى ياتاق بىناسىدىن ئايرىلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىپتۇ.

— نەگە كۆچىمەن؟ — دەپ سوراپتۇ ئاپام.

— بۇنى بىلمەيمەن، — دەپتۇ دادامنىڭ ھېلىقى دوستى، — بىراق، سىز كېتىشىڭىز شەرت ئىكەن.

دادام بۇرۇن ئاپامغا ھېلىقى ياتاقنى مەن ئۈچۈن سېتىۋالغانلىقىنى ئېيتقانىكەن. ئاپام دەسلەپتە ئايرىلىشتى رەت قىپتۇ، ھەتتا قۇلۇپنى ئالماشتۇرۇۋېتىپتۇ، بىراق دادام تېخىمۇ تەھدىت سېلىپ، ئەنگلىيە كۆچمەنلەر ئىدارىسىگە ئۇنى قانۇنسىز ۋىزا ئىشلەتكەن دەپ مەلۇم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، ئاپام ئىلاجسىز قاپتۇ.

ياز كەلگەندە، ئاپام دېھلىغا كۆچۈپ بېرىپتۇ، دادام پاكىستانغا كېتىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي، دادام يەنە توي قىپتۇ ھەمدە كېيىنكى يىلى باشقا ئۈچ بالىسىنىڭ تۇنجىسى تۇغۇلۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىنكى يىگىرمە يىلدا، دادامغا مۇناسىۋەتلىك خەۋەرلەرنى ئاپامنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاپ تۇردۇم. ئاپام ھىندىستاندا سىياسىي مۇخبىرلىق قىلىپ ئائىلىمىزنى باقتى. ئۇ بۆلگۈنچىلىك تەرەپدارلىرىنىڭ ھەرىكەتلىرى ۋە تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنى ئىز قوغلاپ خەۋەر قىلىش ئۈچۈن، دەسلەپتە پەنجاپقا، كېيىن كەشمىرگە باردى. ئۇنىڭ سىياسىي مۇخبىرلىق مۇناسىۋىتى بولغانلىقتىن، بىز چېگرانىڭ ئۇ يېقىدىكى دادامنىڭ دەسلەپكى خەۋىرىگە، 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرى نەزەربەند قىلىنغانلىقىدىن تارتىپ، 1988 ـ يىلى دېموكراتىيەنىڭ ئەسلىگە كەلگەنلىكى ۋە بېنازىر بۇتتونىڭ ئۈستۈنلۈك بىلەن غەلىبە قىلغانلىقى، يەنە 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرى ھۆكۈمەتنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن مەغلۇپ بولغانلىقى ۋە دادامنىڭ سىياسىي سەھنىدىن مەڭگۈلۈك چېكىنگەنلىكىگە ئائىت خەۋەرلەرنى داۋاملىق ئاڭلاپ تۇردۇق. ئۇ مېنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزىنىڭ سىياسىي ئىستىقبالىغا زىيان يەتكۈزۈشىدىن ئەندىشە قىلاتتى، بۇنداق ئەنسىرەش ئېھتىمال راست بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، بىز ئىككى يەرگە ئايرىۋېتىلگەن بولساقمۇ، ئۇنىڭ رەقىبلىرى يەنىلا ھەممىلا يەردە تۇغۇلۇش ئىسپاتىمنى تارقىتىپ، دادامنىڭ سايلامدا غەلىبە قىلىش نىسبىتىگە زەربە بېرەتتى.

دادام توغرىسىدىكى سوئاللىرىم مەن دېھلىدا چوڭ بولۇۋاتقان يىللاردا پەيدا بولدى، بىراق دادام قارىسىنى كۆرسەتمىگەنلىكىدىن پەيدا بولغان گۆدەكلەرچە گاڭگىراشلىرىمغا ئوخشاش، بۇ سوئاللارمۇ ئىسەنگىرەش ۋە كۆلكە سادالىرى ئىچىدە غايىب بولاتتى. بىر كۈنى ئىككىنچى يىللىقتىكى مۇئەللىمىم ئاپامغا تېلېفون بېرىپ، مېنىڭ ھېسسىيات جەھەتتە بەزى توسالغۇلارغا

ئۆچرىغانلىقىمدىن بەك ئەنسىرەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئاپام ئۇنىڭدىن نېمىشقا بۇنداق ئويلايدىغانلىقىنى سورىۋىدى، ئۇ مەندە بىر خىل چېكى يوق، ئەركىن تەپەككۇر قىلغان ھالدا ھېكايە توقۇش خاھىشىنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى. ئاپام داۋاملىق سۈرۈشتۈرۈۋىدى، مۇئەللىم سىنىپتىكى ساۋاقداشلاردىن دادىسىنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى سورىغاندا، مېنىڭ «دادام تۈرمىدە» دەپ جاۋاب بەرگەنلىكىمنى ئېيتتى.

«بۇ جاۋاب راست» دېدى ئاپام، بۇ ئىش شۇنىڭ بىلەن تۈگىگەن بولدى. يەنە بىر قېتىملىقى يەتتە ياش ۋاقتىم ئىدى، مەن ئاپامنىڭ بىر دوستى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ سالمان ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ، مېنىڭ دادام ياكى ئەمەسلىكىنى سورىۋىدىم، بىر چەتتە تۇرغان ئاپام بەك ئوڭايسىزلىنىپ كەتتى.

ئاپام ئىككىمىز دەسلەپتە ياتاق بىناسىدىكى بىر ئېغىزلىق كىچىك ئۆيدە تۇردۇق، ئىجارىسىنى مومام تۆلىدى، كېيىن مومام بىلەن بىللە بىر كىچىك بىنادا تۇردۇق، مەن دائىم ئۇ يەردىكى ئۆتۈشمە كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، يەنە بىر تەرەپتىكى نيۇئېن پاسونىدىكى دېھلى داچىسىغا باراتتىم، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ئازادى دەرەخلىرى بار ئىدى.

كىچىك چېغىمدا، ئاپام ماڭا ئۆزىنىڭ دادام بىلەن ئۆي ئايرىپ چىققانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرگەندە، دوستلىرىنىڭ قېيىدىشىپ قالغانلىقىدەك تەلەپپۇزدا چۈشەندۈرەتتى، بۇنىڭ مەن بىلەن دوستلىرىم ئارىسىدىكى قېيىدىشىپ قېلىشتىن ھېچقانداق پەرقى يوقتەك قىلاتتى. كېيىن سوئاللىرىمنىڭ بارغانسېرى مۇرەككەپلىشىشى، چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئۇ دادامنىڭ سىياسىي ھاياتىنى سۆزلەپ بەردى... گەرچە مەندە دادامغا نىسبەتەن ياخشى تەسىرات بولمىسىمۇ، يەنىلا ئۇنى ئەسكى ئادەم دەپ قارىمايتتىم. ئۇنىڭ كىملىكى ئاپامغا ناھايىتى ئېنىق ئىدى. دادام بىلەن كۆرۈشۈش ئارزۇيۇمنى قوللايتتى، ھەر قېتىم ئۇلارنىڭ پاكىستانلىق بىرەر دوستى ھىندىستانغا كېلىپ قالسا، ئاپام ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشۈمگە كاپالەتلىك قىلاتتى. شۇنچە

كۆپ يىللاردىن بۇيان، ئۆزۈمنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئويلايدىغىنىم ماڭا ئېنىق ئەمەس، ئاپام دادامنى يەنىلا داۋاملىق ياخشى كۆرىدىغاندەك ياكى ھېچبولمىسا ئۆزلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئەسلەيدىغاندەك، ئۆزىنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ كۆڭۈللۈك مۇھەببەت دەپ قارايدىغاندەك بىلىنەتتى. ئۇ پات ـ پات: «بەزى چاغلاردا كىشىلەر مەلۇم سەۋەب تۈپەيلى ئۈچرىشىپ، نېمىدۇر ياكى كىمنىمدۇر يارىتىپ قالىدۇ، ئاندىن يەنە ئايرىلىپ ئۆز يولىغا راۋان بولۇشىدۇ» دەيتتى. بۇ گەپ ماڭا تېخى بالا ۋاقتىمدا دادامنىڭ ئايرىلىپ كېتىشىنىڭ ساقلانغىلى بولمايدىغان ئىش ئىكەنلىكىنى، ھېچكىمنىڭ ئەيىبلەنمەسلىكى كېرەكلىكىنى ھېس قىلدۇراتتى. ئەلۋەتتە، بوۋام بۇ ئەھۋالنى ئۆز ھاياتىدىكى ھېلىقى بۆلۈپ ئىدارە قىلىش رىۋايىتىنىڭ بىر بابى دەپ قارايتتى.

سەككىز ـ توققۇز ياش ۋاقتىمدا، مەن دادامغا بىر پارچە خەت يېزىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئارزۇيۇمنى بىلدۈردۈم. خېتىمنى سايلامنى خەۋەر قىلغىلى پاكىستانغا بارماقچى بولغان ئاپامغا بېرىپ، دادامغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى ئۆتۈندۈم.

— ئەگەر كۆرۈشەلەيدىغانلا بولسام، خېتىڭنى داداڭغا بېرىمەن، — دېدى ئاپام، — بىراق روھىي جەھەتتە تەييارلىق قىلىپ قوي، ئۇ خېتىڭگە جاۋاب خەت يازماسلىقى مۇمكىن. ئەگەر جاۋاب خەت يازمىسا، قانداق قىلىسەن؟

— بولدى قىلىمەن، ئۇنىڭ بىلەن مەڭگۈ ئالاقىلەشمەيمەن.

توغرا كېلىپ قالغىنى شۇكى، ئاپام سايلام رىقابىتىنى ئىز قوغلاپ خەۋەر قىلىدىغانلىقى، دادامنىڭ بولسا سايلامغا قاتناشقانلىقى تۈپەيلى، ئۇلار راستلا ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ئاپام خېتىمنى ئۇنىڭغا بېرىپتۇ. ئۇ خەتنى ئاپتۇ ۋە ماڭا جاۋاب خەت يازىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ، بىراق كېيىن زادىلا جاۋاب خەت يازمىدى. شۇنىڭ بىلەن كۆپ يىللارغىچە دادام بىلەن ئالاقىلەشمىدىم.

# ئۇچرىشىش

ئىرانغا يېتىپ بارغاندىن كېيىنكى ئۈچىنچى ھەپتىگە قەدەم قويغىنىمدا، مەن مۇھەممەدنىڭ ئوغلى پايامۇ بىلەن بىللە بىر سودا سارايىنىڭ يېمەك - ئىچمەكخانىسىدا ئولتۇردۇم. ھۆكۈمەت ئۇنىڭ بىر دوستىنى تۇتۇۋالغانىكەن.

— يوقاپ كەتتىمۇ؟

— ھەئە، يوقاپ كەتكىلى بىر يىل بولدى.

بۇ سودا سارىيى «بىرلىشىش» نى ئىلگىرى سۈرگەنلىكى تۈپەيلى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بىر مەزگىل تاقىۋېتىلگەن، بىراق يېقىندا يەنە تىجارەت باشلىغانىدى. تاملىرى پارقىراق سىر بىلەن سىرلانغان، تۇتۇق ئەينەك بىلەن ياسالغان ئورۇندۇقلار قويۇلغان بولۇپ، سىرتقا قارىسا ئېگىزدىن بىر باغچە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. بۇ يەرنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇشىنىڭ سەۋەبى دەل دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىنىڭ ناچار يېمەك - ئىچمەكلىرى بىلەن تەمىن ئەتكەنلىكىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى، لېكىن بۇ يەرگە يەنە بۇ ئىسلام جۇمھۇرىيىتى كۆرۈشنى خالىمايدىغان نەرسىلەرنىڭ جەلپ قىلىنغانلىقىنى تېزلا بايقاپ قالدىم. بىز ئىشىكتىن كىرگەندىن كېيىن، ئايال مىجەز بىر ئوغۇل بالىنى كۆردۇق، ئۇ پادىچى ئىشتىنى، قارا ئاسما مايكا كىيىۋالغان، چاچلىرى تىكەندەك قاتتىق، قۇلىقىغا ئون نەچچە تال ھالقا تاقىۋالغانىدى، كۆك رەڭدە بويىۋالغان قاشلىرى چاقناپ تۇراتتى. ئۇ بىرەيلەننى ئۈچ قېتىم سۆيدى، ئۇ كىشى سەل مۇتەئەسسىپرەك كىيىنىۋالغان، مايلىشاڭغۇ چىچىنى تۇرمەكلىۋالغانىدى. ئۇلار كىرىش ئېغىزىدا بىرنەچچە مىنۇت

قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ، ئارقىدىنلا بىر دەھلىزدە غايىب بولدى. ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ھەمجىنسلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىدۇ، مۇنداقلا قاراپ قويۇشقىمۇ ئەرزىمەيدىغان ئىشلار — قارامتۇل گۈللۈك باش ياغلىقتىن تارتىپ، شوپۇرۇم ھۇسەيىنىنىڭ مىنىڭ iPod تىن پايدىلىنىپ ئەڭ يۇقىرى ئاۋازدا «بىر دۇئاگۇيغا ئوخشاش» نى قويۇپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلىپ چىڭ تۇرۇۋالغانلىقىغىچە — مەن تېھراننىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا كۆرگەن قارشىلىقلار ئىدى.

— شۇنداق، ئەينى چاغدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر قېتىملىق قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى بولغان، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى پايامۇ، — ئۇ شۇ چاغدا شۇ يەردە بار ئىدى. ئۇ ھەرگىز قاتناشقۇچى ئەمەس، پەقەت يېقىن ئەتراپتا نەرسە سېتىۋالغىلى كوچىغا چىققان. ئۇلار ئوقۇغۇچىلارنى قورشاپ تۇتقىلى باشلىغاندا، ئۇ شۇ يەردە بولغاچقا، بىللە ئېلىپ كېتىلگەن. ئائىلىسىدىكىلەر ۋە دوستلىرىدىن بىرىمۇ ئۇنىڭ نەدىلىكىنى بىلمەيدۇ.

يىگىرمە ياشتىن ئاشقان پايامۇ قۇرۇلۇش باشقۇرۇش فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىدى. دادىسى بىلەن ئوخشىمايدىغان يېرى، ئۇ ئېغىر - بېسىق، ئاۋازى مۇلايىم ئىدى. ئۇنىڭ يوغان كۆزلىرى ھەسرەتكە تولغاندى، تېرىسى بەكلا قارا، بۇ ئۇنىڭ ھىندى ئانىسىدىن ئىرسىيەت قالغانىدى. قارىماققا ئۇ تولىمۇ ياشتەك، ھەممە كىشىنىڭ خەۋەر ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولۇۋاتقاندەك ھالەتتە ئىدى.

— كېيىن بىر يىل ئۆتكەندە، ئۇلار ئۇنى كوچىنىڭ مەلۇم بىر يېرىگە ئاپىرىپ قويۇپ بېرىپتۇ. ھازىر ئۇ ۋەھىمە ئىچىدە ياشايدۇ، كەچ سائەت يەتتىدىن كېيىن ئۆيىدىن چىقىشقا پېتىنالمايدۇ. ئۇ ھەممە نەرسىدىن قاتتىق قورقىدۇ. ئۇ بىزگە ئۇلارنىڭ ئۆزىگە قانداق مۇئامىلە قىلغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

— نېمە؟

— ئۇلار ئۇنى باشقىلار بىلەن بىللە يېرىمىغىچە سۇ توشتۇرۇلغان كۆلچەكتە تۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ، سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى بەلگىچە كېلىدىكەن. كېيىن ئۇلار يۇقىرىغا بىر سۇۋۇتۇش ماشىنىسىنى، يەنى هاۋا تەڭشىگۈچنى قويۇپتۇ. ئەگەر بىرەر كىشى هاۋا تەڭشىگۈچتىن نېرى بولۇشقا ئۇرۇنسا، ئۇلار ئۇرىدىكەن... — پايامۇنىڭ ئىنگلىز تىلى سەۋىيەسى تازا ياخشى بولمىغاچقا، ئۇ بىرەر مۇۋاپىق سۆزنى تېپىش ئۈچۈن قاتتىق باش قاتۇردى ۋە تازا جەزم قىلالمىغان هالدا قوشۇپ قويدى، — زەنجىر بىلەن.

— ئۇ هازىر قەيەردە؟

— تەبرىزدە. ئۇ هەممە نەرسىدىن قورقىدۇ. قايتىپ كەلگەندە بەك ئورۇقلاپ كېتىپتىكەن. ئىلگىرى ئۇنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى ئالدىنقى قاتاردا ئىدى، هازىر مانا بۇنداق قېلىنلىقتىكى كۆزئەينەكنى تاقايدۇ.

پايامۇ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن باشمالتىقىنى كۆرسىتىپ يېرىم ئىنگلىز سۆزى قېلىنلىقىنى كۆرسەتتى. مەن ئۇنىڭ دوستى بىلەن كۆرۈشكىلى بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى سورىۋىدىم، ئۇنىڭغا دەپ باقىدىغانلىقىنى، ئەمما مۇمكىنچىلىكى ئىنتايىن ئاز ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ قۇرۇق خىيال مەستانىسىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. مەن پايامۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاۋېتىپ، بۇنداق ۋەقەلەرنىڭ ئۇنىڭدەك كىشىلەرنىڭ ئەتراپىدا يۈز بەرگەنلىكىدىن ئىنتايىن هەيران بولدۇم. باشقا بىر دۆلەتتە بولغان بولسا، ئۇنىڭدەك كىشىلەر كىتابپەرەس، هەتتا ئانىسىنىڭ ياخشى بالىسى دەپ قارالغان بولاتتى.

سۈرىيەدە مەن هەر قېتىم بۇنداق ئېتىقادنىڭ ئۆزىنىڭ «مۇكەممەللىك» بىنىڭ سىرتىدىكى مەزمۇنلارنى چۈشەندۈرۈشكە ئىشلىتىلگەندە، ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنى، مەسىلەن، هازىرقى جەمئىيەتتە هوقۇق - مەنپەئەت ۋە ئەدلىيەنى قاتتىق يۇرۇشتۇرۇش دېگەنلەرنى چۈشەندۈرۈشكە مەجبۇرلىنىدىغانلىقىنى

ھېس قىلدىم. مەن يەنە بۇنداق ئېتىقادنىڭ ساختىپەزلىك قىلىشقا زورلىنىۋاتقانلىقىنىمۇ سەزدىم. لېكىن، مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم ئوخشاش بىر مەسىلە: ئېتىقاد ئۆزىنىڭ قۇربى يېتىدىغان دائىرىدىن ھالقىغان دۇنيانى چۈشىنىش ئۈچۈن پايدىلىنىلغاندا، ئاشۇ دۇنيا مەلۇم ئېتىقادنىڭ سىرتىدىكى سەۋەبلەر تۈپەيلى مەلۇم خىل دەخلى ـ تەرۇزنى پەيدا قىلغاندا، بۇنداق ئېتىقاد ئۆزىنىڭ ئىخچام قائىدىلىرىنىڭ مەجبۇرىي يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ئاخىرقى نەتىجە ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن ئېغىر چوڭ خاتالىقنى سادىر قىلىش بولىدۇ.

ھالبۇكى، تۈركىيەلىك ئابدۇللا پەقەت بىر ئادەم، سۈرىيەدىكى ئابۇنو پەقەت بىر مەسچىت، لېكىن بۇ دۆلەتتە ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارنى تەكىتلەش تۇزۇلمىلەشتۈرۈلدى ۋە بىر خىل ئەندىزىگە ئايلىنىپ، جۇمھۇرىيەتكە ئەڭ زور تەھدىت پەيدا قىلىش ئېھتىمالى بولغان كىشىلەر توپىنى، يەنى ياش ئەۋلادلارنى تىزگىنلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مەن ئۈمىدۋار بولغاچقا، ناھايىتى مۇھىم بىر نۇقتىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. مەن ئىرانلىقلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مەسىلىلىرىنى دىنىنىڭ ھەل قىلىپ بېرىشىدىن يەنە ئۈمىد كۈتمەيدىغانلىقىنى كۆرگىنىمدە، ئۇلارنى ئۆزۈم بارغان باشقا مۇسۇلمان ئەللىرىنىڭكىدىنمۇ ساغلام يولغا ماڭىدىغان بولدى، دەپ بىلجىرلاپتىمەن. ھالبۇكى، تېھراندىكى مەسچىتلەر قۇرۇق تۇرغان، ناماز قوڭغۇرىقىنىڭ ئاۋازىنى زادىلا ئاڭلاپ باقمىغان، تولۇق چۈمبەل سالغان ئايال ياكى ساقال قويغان ئەر كىشىنى (ئۇ ھۆكۈمەت ئەمەلدارى بولمىسىلا) كۆرۈپ باقمىغان بولسامۇ، بۇ ئىنقىلاب ھەرگىز دوستانە ئەمەس ئىدى؛ ئىنقىلاب بۇ دۆلەتنىڭ پەرزەنتلىرىنى نابۇت قىلغانىدى. دىنىي كەيپىيات تاراپ كەتكەن ساھەلەرگە بىر خىل يېڭى پسىخىكىلىق ھالەت يوشۇرۇن كىرىپ بولغانىدى. خەلق باشقا ياققا

بۇرۇۋېتىلگەنىدى. مەن شىمالغا بېرىش جەريانىدا بەزى كىچىك سىگناللارنى بايقىغانىدىم، بىراق تېھراننى ۋە ئۇ يەردە پەيدا بولغان ۋەھىمىنى كۆرگەندىن كېيىن، بۇ ئىنقىلابنىڭ نەقەدەر پالاكەت ياسقان ئىنقىلاب ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتىم.

※ ※ ※

ئەمىر داۋاملىق قارا رەڭلىك كىيىم كىيەتتى. ئۇ كەڭ ـ كۆشادە قارا ئىشتان ۋە ياقىسىز قارا مايكا كىيىۋالغانىدى. ئۇزۇن چاچ ـ ساقال قويۇۋالغان ئەمىر يالاڭ ئاياغ پېتى ھەممە يەردە لاغايلاپ يۈرەتتى. بىز بىر قېتىم تاكسىغا ئولتۇرغاندا، شوپۇر ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن قارا كىيىم كىيىدىغانلىقىنى سورىدى.

— مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھەربىر كۈن ئاشۇرا بايرىمى، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ. بۇ شىئە مەزھىپىدىكىلەرنىڭ ئونىنچى مۇسىبەت كۈنى ئىدى.

ئەمىر كىنو رېژىسسورى ، خوتۇنى ئاننايىتا چىرايلىق ئارتىس ئىدى. ئۇلار تېھراننىڭ شىمالىدىكى بىر ئاھالىلەر رايونىدىكى بىر كىچىك ئۆيدە تۇراتتى.

بۇ ئەر ـ خوتۇنلار بۇ دۆلەتتە ئاۋازى ئەڭ ياڭراق، پىكرى ئۆزگىچە كوللېكتىپ، يەنى كىنو ساھەسىگە تەۋە ئىدى. ئىلگىرىكى يىگىرمە يىلدا، ئىراننىڭ كىنوچىلىق ساھەسىدە دۇنيا بويىچە ئەڭ رادىكال كىنولاردىن بىرمۇنچىسى ئىشلەنىدى. لېكىن، بۇ زوڭتۇڭ خاتەمى دۆلەتنى ئىدارە قىلغان چاغدىكى قىسقىغىنا باھاردا قولغا كەلتۈرۈلگەن ساھە بولۇپ، ھازىر بېسىمغا ئۇچراۋاتاتتى. ھۆكۈمەت ئۆتكەن بىر يىلدا تارقىتىشنى تەستىقلىغان فىلىم ئىككى ـ ئۈچتىن ئاشمايتتى، ئاننايىتانىڭ يېقىنقىدىكى فىلىممۇ ئىجازەتكە ئېرىشمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، كۇردىستاندا مەخپىي قويۇلغانىدى.

— مەن ئۆزۈمنى تەكشۇرۇشنى باشلىغاندەك تۇرىمەن، — ئۇ سۆزلەۋاتقاندا، ئۇرۇكتەك كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى، — مېنىڭ ئوي - پىكىرلىرىم ئۆزگىرىۋاتىدۇ. مەن تەكشۈرۈش دائىرەمنىڭ سىرتىدىكى ئىشلارنى ئويلىمايمەن، چۈنكى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلىمەن. بۇنداق ئەھۋال بەك چاتاق، چۈنكى ئۇلارغا كېرىكى دەل مۇشۇ ئىكەنلىكىنى بىلىمەن.

بىز ئۇلارنىڭ كىچىك، قالايمىقان ئاشخانىسىدا ئولتۇراتتۇق. رەڭدار قاچا - قومۇچ ئىشكاپى، كىچىك مەش، بىرلا ئۇستەل ھەمدە لامپۇچكا ۋە شام چىقارغان خىرە نۇر بۇ يەردە بىر خىل بىخەتەرلىك كەيپىياتىنى پەيدا قىلغانىدى. بىر قاناتلىق ئىشىك بالكونغا تۇتىشاتتى، قويۇق، قارا چاچلىرىنى ئۆرۈۋالغان ئانايىتا بىز بىلەن پاراڭلاشقاچ، قېتىق، كاۋاپ، سالات ۋە ئىران دۆلىتىنىسى راسلاۋاتاتتى.

ئەمىر بىزگە قىزىل ئۈزۈم ھارىقى ۋە يېڭى ئىختىرا قىلىنغان بىر خىل كوكتېيىل ھارىقىنى، يەنى «Albaloo» دەپ ئاتىلىدىغان ۋىسكىنى قويۇپ بەردى. ھاراق ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتىدە مەنئى قىلىنغان، ئەمما مىلىچمال دۇكىنىدىكى ئەتكەسچى ئېلىپساتار بىلەن تونۇشۇۋالغاندىن كېيىن ئاسانلا قولغا كەلتۈرگىلى بولاتتى.

— خەلق بىر خىل ئېلىشىپ قېلىش كېسىلىنىڭ ئازابىغا دۇچار بولۇۋاتىدۇ، — دېدى ئەمىر، — چۈنكى كۈندۈزى بىر كىچىك قىزچاق بولغان تەقدىردىمۇ، مەكتەپتە ياغلىق سېلىپ يۈرۈشى، دىنىي تەربىيەنى قوبۇل قىلىشى كېرەك، بىراق ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دىن غايىب بولىدۇ، باش ياغلىقىنى ئېلىۋېتىدۇ.

مەن بۇ سۆزنىڭ ئابدۇللا ئىستانبۇلدا دېگەن سۆزنىڭ دەل ئەكسىچە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. شۇ چاغدا ئۇ: «مەسىلەن، مەن مەكتەپكە بارسام، مۇستافا كامال پەقەت مەكتەپتىلا مەۋجۇت بولىدۇ، مەكتەپتىن باشقا يەردە مۇستافا كامال يوق» دېگەنىدى.

— ھېلىقى مەسچىتلەرنى كۆردىڭىزمۇ؟ — دېدى ئەمىر، — كىرگەن ئازغىنا كىشى ۋە بارسكى خەلق ئەسكەرلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا قۇپقۇرۇق.

بارسكى — خەلق ئەسكەرلىرى قوشۇنى بولۇپ، ئىرانلىق ياش يىگىتلەردىن تەشكىللەنگەن، ھۆكۈمەت دىنىي ئەخلاقنى مەجبۇرىي يولغا قويۇش ئۈچۈن پايدىلىنىدىغان قورال ئىدى.

— ئۇلار گويا ئوخشىمايدىغان تۇرگە تەۋە بىر توپ كىشىلەردەك قىلىدۇ، — دېدى ئەمىر، — مۇبادا ئۇلارنىڭ كۆزىنى ئىنچىكە كۆزەتسىڭىز، باشقا تۇرگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىسىز.

ئانايىتانىڭ دادىسى تىياتىر رىژىسسورى ئىكەن، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىمۇ ھۆكۈمەتنىڭ تەكشۈرۈشى ۋە چەكلىشىگە ئۇچراپ تۇرىدىكەن. بىر قېتىم، تەكشۈرگۈچىلەر بىر دىراما باشلىنىشقا ئۈچ سائەت قالغاندا تىياتىرخانىغا كېلىپ، ئۇنىڭ بۇ دىرامىنىڭ مەزمۇنىنى بىر قېتىم كۆرسىتىپ بېقىشنى بۇيرۇپتۇ، كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، بەزى كۆرۈنۈشلەرنى چىقىرىۋېتىش ۋە ئۆزگەرتىش تەلەپلىرىنى قويۇپتۇ. ئۇ بۇ دىراما قويۇلۇش ئالدىدا تۇرغاندا، ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى ئارتىسلارغا يەتكۈزۈشكە ئامالسىز ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. ئۇلار: «سېنىڭ باشقا تاللىشىڭ يوق، بىر بولسا بۇيرۇق بويىچە ئىش قىلىسەن، بىر بولسا دىرامىنى قويمايسەن» دەپتۇ. ئارتىسلارمۇ ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ بېقىپتۇ، بىراق ھۆكۈمەتنىڭ تەكشۈرۈش ئەمەلدارلىرى يەنىلا رازى بولماپتۇ. پەردە ئارىلىقىدىكى دەم ئېلىش ۋاقتىدا، تىياتىرخانىنى باشقۇرغۇچى تەرەپنىڭ ئادىمى كېلىپ، ھېلىلا توكنىڭ ئۈزۈۋېتىلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. رىژىسسور تاماشىبىنلاردىن ئارتىسلارنىڭ شام ۋە مەشئەلنىڭ يورۇقىدا ئويۇننىڭ قالغان قىسمىنى ئوينىشىنى كۆڭلىگە ئالىدىغان - ئالمايدىغانلىقىنى سوراپتۇ. پەستە چاۋاك ساداسى ياڭراپتۇ. ئەمما، باشقۇرغۇچى تەرەپ رەت قىلىپ، يوشۇرۇن خەۋپ

پەيدا بولىدۇ دېگەن سەۋەبنى كۆرسىتىپتۇ. ئۇ تاماشىبىنلارنى باشلاپ كوچىغا چىققاندا، ئاشۇ تىياتىرخانىدىن باشقا، مەھەللە چىراغلىرىنىڭ ھەممىسى يورۇق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ.

ئەمىر بىلەن ئانانىيىتاننىڭ بايانلىرىغا ئەگىشىپ شام يورۇقىدىكى ھەسرەتلىك كەيپىيات ئۆي ئىچىنى بىر ئالدى. خىياللىرىم قاناتلىنىپ مەن كۆرگەن ئىرانلىق ياشلارنىڭ قېشىغا ئۇچۇپ كەتتى. ئانانىيىتا ئىراننى ئۆزىنىڭ تىرىشىپ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا ئۇزۇكسىز دەككىسىنى يەيدىغان جاي دەپ تەسۋىرلەپ:

— بۇ يەردە قىلغانلىرىمنىڭ ھەممىسى زوقلىنىشقا ئېرىشەلمەيدۇ، مەندىن زوق ئالىدىغان ھېچكىم يوق، شۇڭا مەن ھامان بىر كۈنى بۇ يەردىن كېتىمەن، — دېدى.

مېنىڭچە، ئۇ بۇ يەردىن كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشى بىر خىل خۇمارغا ئايلانغان، باشقا يەرگە بارسا بۇنداق قىممەت تۇيغۇسىنى تېپىشى تولىمۇ قىيىنغا چۈشىدۇ. شۇنداقلا، گېپىمىزگە قايتىپ كەلسەك، ئۇ جەزمەن مەلۇم خىل زوق ئېلىشقا ئېرىشكەن، چۈنكى ھەممە كىشى ئۇنىڭ ئىسمىنى بىلىدۇ. چىقىش يولى يوق ئادەم ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇ يەنە باشقا بىر ئىش.

※ ※ ※

مەن تېھراندا يەنە رىزانى ئۇچرىتىپ قالدىم. ئۇ مال دوختۇرى ئىدى، شىمالغا بېرىش سەپىرىمدە ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدىم. ئۇ ئوچۇق - يورۇق، قارا چاچلىرى بەكلا يۇمشاق، چىشلىرى رەتسىز ئىدى، بىراق ھازىرقى ئەھۋالنى سۆزلىگەندە، ئۇنىڭ خۇشاللىقى شۇ ھامان غايىب بولدى.

— بۇنداق بولسا دىنىنىڭ ماڭىدىغان يولى قالمايدۇ، ھېچبولمىغاندا ئىراندا شۇنداق بولىدۇ. راست دەۋاتىمەن، ئەگەر

ئۇلار يەنىلا مۇشۇنداق داۋاملاشتۇرۇپ كېتىۋېرىدىغان بولسا، دىن بۇ دۆلەتتە تۈگىشىدۇ. سىز ھازىر قانچىلىك مەنىۋى توپىنىڭ پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى بىلەمسىز؟ كىرىشنا دىنى شۇلارنىڭ بىرى، يەنى «ماخابخاراتا» دىن دەرس بېرىدىغان ھېلىقى كىشىلەر... يەنە سەيىاباننىڭ ئۈچ يۈز مۇرىتى بار. كىشىلەر بۇ ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى يۆلەنچۈككە موھتاج بولغانلىقىدىن ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، بىراق ئۇلار بۇنداق دىنىي ھېسسىياتتىن يىرگىنىدۇ.

كىرىشنا دىنى! مېنىڭ زادىلا ئىشەنگۈم كەلمىدى. ئىسلام جۇمھۇرىيىتىدە، شۇنداقلا ئىسلام دىنىدا، ئۆز دىنىدىن ئايرىلىپ باشقا دىنغا ئىشىنىش دىنغا ئاسىيلىق قىلمىشى ھېسابلىنىدۇ، بۇنىڭغا بېرىلىدىغان جازا دەل ئۆلۈم جازاسى. مەن كىشىلەرنىڭ مۇشۇنداق خەتەرگە ماڭغانلىقىغا ئىشىنىشكە جۈرئەت قىلالمىدىم. مېنى قىزىقتۇرغىنى ئۇلارنىڭ بۇنداق ئېتىقادنى رەت قىلىشى ئەمەس — مەن ئېتىقادى يوق نۇرغۇن مۇسۇلماننى ئۇچراتقان — بەلكى، بۇنداق ئېتىقادنىڭ سىياسىي ۋە تارىخىي رولىنى يوشۇرۇن رەت قىلىشى بولدى.

كىرىشنا مۇخلىسلىرىنى كۆرۈپ باققۇم بارلىقىنى ئېيتقىنىمدا، رىزا تۇيۇقسىز قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى، بۇ ماڭا كۆڭۈل قويۇپ قىلىنغان چاقچاق تەرىپىدىن ئالدىنىپ قالغاندەك تۇيغۇ بەردى. لېكىن، ئۇ دەرھال ماڭا كىرىشنا دىنىنىڭ ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت ئەمەسلىكى توغرۇلۇق كاپالەت بەردى، يەنە دوستى ناجىسنى ئىزدەپ باقىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ مېنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىسى گۈلبادىنى ئالدامچى دەپ قارايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— ئۇنىڭ ئۆگىتىدىغىنى بويتاقچىلىق! — دەپ ۋارقىرىدى رىزا، — پۈتكۈل دۆلەت جىنسىي چەكلىمە تۈپەيلى پارتلاپ كېتەي دەپ قالدى. ئۇ خىجىل بولماي بويتاقچىلىق بىلەن قاپتۇ.

بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن ئۇ يەنىلا ناجىسغا تېلېفون

تۇرۇپ، ئۇنىڭغا مېنىڭ تېلېفونۇمنى ساقلىشنى ئېيتتى.

تېلېفوندىكى ئاۋاز خېلى ياشانغان كىشىنىڭ ئاۋازىدەك قىلاتتى. ناجىسى مېنىڭ نېمىلەرنى ئىگىلىمەكچى بولغانلىقىمنى بىلمەكچى بولدى. ئۇنىڭغا بۇنى خۇشاللىق بىلەن ئېيتىپ بەرگۈم بولسىمۇ، لېكىن تېلېفوندا سۆزلىشىش بەكلا جىددىيلەشتۇرۇپ قويغاچقا، بۇنداق شەكىلنىڭ ئۇنىڭغىمۇ، ماڭىمۇ ياخشى ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم. ئاخىر مەن يەنىلا كۆرۈشۈشكە كېلىشتىم، ئورنى ئۇنىڭ ئۆيى، ۋاقتى ئەتىسى ئەتىگەن بولدى. ئۇ ۋاقتى كەلگەندە تاكسى شوپۇرىغا قاياققا مېڭىشنى دەپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر كۈندە خۇراپىيلىقتەك بىر خىل خاتىرجەمسىزلىك ئىچىدە قالدىم. ناجىسى بىلەن تېلېفوندا پاراڭلاشمىغىنىم توغرا قارار بولغاندەك قىلاتتى. بۇنداق تۇيغۇ چۇشتە ۋالايىتى بىللە بىلەن غىزالانغان چاغدىن تارتىپ پەيدا بولدى. ئۇ ئىلگىرى مۇخبىر بولۇپ، تومۇرلىرىدا گېرمانىيەلىكنىڭمۇ، ئىرانلىقنىڭمۇ قېنى بار ئىدى، رەھىمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئارقىلىق ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدىم. مەن تۈركىيە ياكى سۈرىيەدە ماڭا ياردەم بەرگەن ئەييۇب ياكى نادىردەك ئوقۇغۇچىلارنى ئىراندا ئۇچراتمىدىم، ئەمدى كىشىلەردىن تەلەپ قىلىشقا موھتاج ئىدىم، چۈنكى كېيىنكى بىرنەچچە ھەپتىدە دىنىي شەھەر قۇم بىلەن مەشھەدكە بېرىشنى پىلانلىغانىدىم. ۋالايىتى ئىلگىرى غەربنىڭ بىر گېزىتىنىڭ مۇخبىرى بولغان، ئىراندا نۇرغۇن يىل ئىشلىگەنىدى. مېنىڭچە، ئۇ ماڭا بىخەتەر، ئىشەنچلىك بىر نامزاتنى كۆرسىتىپ بېرەلىشى مۇمكىن ئىدى.

بىز ئۇنىڭ ئۆيىدە كۆرۈشۈشكە كېلىشتۇق. بىز قېلىن گىلەم سېلىنغان غۇۋا ئۆيدە پاراڭلاشتۇق. تاتىراڭغۇ، ئېھتىياتچان بۇ قىز بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ئىزچىل كېسەل ئازابى ۋە ئۆلۈمنىڭ قورشاۋىدا تۇرۇپ كەلگەنىكەن. ئۇ ۋە

گېرمانىيەلىك ئانىسى ئىرانلىق كېسەلچان دادىسىدىن خەۋەر ئېلىپ كەلگەنىكەن. دادىسى بىرنەچچە ئاي ئاغرىپ، يېقىندا تۈگەپ كەتكەنىكەن. ۋالايتى يەنىلا ئۆزىنى تەڭشەش جەريانىدا تۇرغان بولۇپ، سەكراتقا چۈشۈپ قالغان بىماردىن خەۋەر ئېلىشتىن ئىبارەت مەسئۇلىيەت ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر خىل تەسەللىدەك قىلاتتى. ئۇ خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپتۇ، بىر كىتاب يېزىش خىيالى بار ئىكەن، بىراق ئۆزىنى بەك چارچاپ كەتكەندەك، «كۆيۈپ تۈگىگەن» دەك ھېس قىلىپ، قولىغا قەلەم ئالالماپتۇ. ئۇ بايان قىلماقچى بولغان ھېكايىنىڭ يېرىمى تەرجىمىھال خاراكتېرلىك، شۇنداقلا باشقا ئىرانلىق ئاياللارنىڭ ھېكايىلىرى بىلەن ئالاقىدار ئىكەن، بىراق بۇنداق تېما سەزگۈر تېمىغا چېتىلىدىغان بولغاچقا، ئۇ داۋاملاشتۇرۇشقا ئامالسىز ئىكەن. ئىستېپا بېرىشىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى، «11 ـ سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن، گېزىتخانا ئۇنى ئالاھىدە بەلگىلەنگەن نۇقتىدا تۇرۇپ، ئىران ئىسلام رادىكالىزمىنىڭ خەتىرىنى مۇبالىغە قىلىدىغان ماقالىلەرنى يېزىشقا زورلاپتۇ. بۇنداق بېسىم بەك چوڭ ئىدى. مەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن كۆرگىنىم ھارغىنلىقلا بولمىدى: پاكار، غوۋا ئۆيدە يېقىنقى ئۆلۈمنىڭ پۇرىقى تېخى تارقاپ كەتمىگەنىدى، مەن ئۇنىڭدا سەل ئېلىشىپ قالغاندەك ئالامەتلەرنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدىم.

بىز تاكسىغا ئولتۇرۇپ چۈشلۈك تاماق يېگىلى باردۇق، ئۇ يول بويى مېنى گەپ قىلغىلى قويمىدى، بولمىسا، ئۇنىڭ كۆڭلى ئېلىشىپ كېتىدىكەن. ئۇ يېنىدىكى دېرىزىنى چۈشۈرۈپ سىرتقا قارىدى. بىز ھۆنېكىر مەيدانىدىن ئۆتتۇق، مەيدان ئاممىۋى ئاپتوبۇس، تاكسى ۋە يولۇچىلارغا تولغانىدى. ۋالايتى مەيدان مەركىزىدىكى بىر پارچە يېشىل يەرگە شۇبھىلىك نەزەر تاشلىدى، ئاندىن ماڭا دەسلەپ ئۇ يەردە يۈز بەرگەن ئاشكارا دەررە ئۇرۇش جازاسىنىڭ مەنزىرىسىنى يەنىلا ئەسلىيەلەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. خاتامى ھۆكۈمرانلىقى مەزگىلىدە دەررە ئۇرۇش جازاسى

بىكار قىلىنغانىدى. بۇ مەيداندا ئىلگىرى مۇشۇنداق كۆرۈنۈشنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تولىمۇ قىيىن: ئاددىي، قىستا - قىستاڭ بۇ يەر ئاخىرقى ئاپتوبۇس بېكىتىگىلا ئوخشايتتى. بۇنداق بوشلۇقنىڭ يۈتكىلىپ تۇرۇشى كىشىنى شۈركۈندۈرەتتى. ئادەتتە قاقاس شەھەر ئەتراپىدا ئويىنىلىدىغان رەھىمسىز جازا ھۆنبكىردىن ئىبارەت شەھەر مەيدانىغا يۆتكەپ كېلىنگەن، ئەتراپىنى كىشىلەر توپى ۋە ماشىنىلار بىر ئالغانىدى.

بىز ھاۋا تەڭشىگۈچى بار بىر ئاشخانىغا باردۇق، بۇ يەردە دېرىزە يوق، سىنئەينەك ۋە پارس ئۇسلۇبىدا زىننەتلەنگەن، تاملىرىغا زىياپەت ۋە ئوۋ ئوۋلاش رەسىملىرى سىزىلغانىدى. بىز ئولتۇرغاندىن كېيىن، ۋالايتى خېلى ئازادە بولۇپ قالدى. ئۇ بەزى كىشىلەرنى تونۇيدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ تېھراندىكى خىزمىتىمگە ياردەم بېرەلەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ ئىلگىرى گېزىتخانىدا بىللە ئىشلىگەن ئىرانلىق يىگىت ياشۇنى تەۋسىيە قىلدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ياشۇ يېقىندىن ئىشقا كىرگەندە بەكلا كونسېرۋاتىپ بولۇپ، دىنىي ئېڭى كۈچلۈك ئىكەن، كېيىن خىزمەت جەريانىدا بارا - بارا پىكرى ئېچىلىپتۇ، ئىنگلىز تىلىدىمۇ ئىلگىرىلەپتۇ. ئۇ ھازىر يەنىلا يەنە بىر گېزىتخانىدا كېچىلىك ئىسمىنىدا ئىشلەيدىكەن. ۋالايتى ئۇنى ماڭا كۆڭۈلدىكىدەك يول باشلىغۇچى بولالايدۇ دەپ قارايدىكەن.

ۋالايتى ماڭا ئىراندىكى مۇخبىرلىق كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ بىر پۈتى ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتىگە، يەنە بىر پۈتى چېگرا سىرتىغا دەسسەپ تۇرىدىكەن. خاتىرىسىدىكى ئاياللارغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇ ئۇچرىغان زىيانكەشلىك ئەڭ كۆپ ئىكەن. ئۇ تاشقى دۇنياغا زىيادە ئاشكارىلىنىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ يېزىقچىلىقتا نېمە ئۈچۈن قىيىنچىلىققا يولۇققانلىقىنى بىلىمەن. ئۇ خۇددى بىر سەنئەتكاردەك بىر پارچە ئەسەردىن ئۆزىگە ئۇزۇكسىز قۇۋۋەت

ئېلىپ، ئاخىر بەك چوڭقۇرلاپ كېتىپ، يېزىقچىلىقنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئامالسىز قالغانىدى. 1999 ـ يىلى ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ قارشىلىق ھەرىكىتىنى خەۋەر قىلغان، شۇ قېتىملىق ھەرىكەت باستۇرۇلغانىدى. شۇ كۈنى ئەتىگەندە مەن دەسلەپ قارشىلىق ھەرىكىتى پارتلىغان ياتاق بىناسىنىڭ يېنىدىن ماشىنا ھەيدەپ ئۆتتۇم. ئۇ يەردە توختاپ كۆرۈپ باقماقچى بولدۇم، بىراق بۇنداق قىلىش چەكلىنىپتۇ. ئەينى چاغدا ئوقۇغۇچىلار دېرىزىلەردىن سەكرەپ قېچىشقا مەجبۇر بولغان، ھازىر بۇ يەر ئۆلگەنلەرنى خاتىرىلەيدىغان بەلگىسىز جايغا ئايلىنىپ قالغان.

— ئوقۇغۇچىلار ئىنقىلابنى قوزغاشقا بولىدۇ دەپ قارىدى، — دېدى ۋالايتى، — بىراق ھېچقانداق رولى بولمىدى. ئۇلار خاتامىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ قوللىشىدىن ئۈمىد كۈتتى، بىراق ئۇنىڭ ئىشخانىسىدىن ئەۋەتكەن بىتەرەپ ئىپادىسىنى تاپشۇرۇۋالدى. بۇ، كىشىلەرنى بەكلا ئۈمىدسىزلەندۈردى، — ۋالايتى يەنە مۇنۇلارنى قوشۇپ قويدى، — نۇرغۇن كىشى خاتامىنىڭ ئىسلاھاتىنى يېتەرلىك ئۈزۈل ـ كېسىل بولمىدى دەپ قارىسىمۇ، لېكىن ئاشۇ يىللاردا نۇرغۇن مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەنىدى، بولۇپمۇ ئاخبارات ئەركىنلىكى ۋە شەخسىي ئەركىنلىك ساھەسىدە شۇنداق بولغانىدى.

تېخى چۈشلۈك غىزانى يەپ بولمىغانىدۇق، ياشۇدىن تېلېفون كېلىپ قالدى. ۋالايتى ئۇچرىشىشقا بولىدىغان بىرنەچچە قەھۋەخانا ۋە ئاشخانىنى تەۋسىيە قىلدى، بىراق بىر باغچىغا بېرىشتا چىڭ تۇردى. بىز ھېساباتىنى ئۈزۈپ ئاشخانىدىن ئايرىلدۇق. تاكسى بىزنى ئېلىپ چوڭ يولنى بويلاپ ئىلگىرىلەپ، بىر تىنچ كوچىغا كەلدى، ئاندىن باغچىغا يېتىپ باردى. بىز بىر كىچىك شىپاڭنىڭ ئالدىدا توختىدۇق، ئۇ يەردە تور كارتىسى، شاكىلات، ئىچىملىك ۋە ژۇرناللار سېتىلىدىكەن. چۈشتىن كېيىنكى باغچە ئىنتايىن تىنچ ئىدى، تاش ياتقۇزۇلغان كىچىك

يولدا بىرنەچچە كىشىلا مىڭىپ يۈرەتتى. ئەمدىلا بىخ سۈرگەن يۇمران يوپۇرماقلار دەرەخ شاخلىرىدا كىشىگە تولىمۇ چىرايلىق كۆرۈنەتتى.

مەن شىپاڭغا بېرىپ بىر پارچە ئىران ژۇرنىلىنى ئوقۇدۇم، مۇقاۋىسىدا ئىرانلىق بىر كىنو چولپىنىنىڭ سۈرىتى بار ئىدى — بوللىۋودنىڭ يېتىپ كېلىشى كىشى قەلبىنى زىلزىلىگە سالىدۇ — بۇ چاغدا ۋالايتى مېنى ئۇيىاقتا بىرىشقا ئىشارەت قىلدى. ۋېلىسىپىتلىك بىر كىشى ياشۇنى ۋېلىسىپىتتىن چۈشۈرۈپ قويۇپ، گەپ - سۆز قىلماي كېتىپ قالدى. ياشۇ ئېگىز بوي، دوستانە، قاۋۇل، ئېڭىكى كەڭ يىگىت ئىدى، بىراق سەل جىددىيلىشىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ كۇلۇمسىرەپ قويۇپ ئارقىسىغا قارىدى؛ كۆلۈۋېتىپ يەنە كوچا، باغچە ۋە شىپاڭغا كۆز يۈگۈرتتى. ئۇ ۋالايتى بىلەن پارس تىلىدا سالاملاشتى، ئەمما مەن بىلەن سالاملاشقاندا زېھنىنى مەركەزلەشتۈرەلمىدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش خىيالىدا قولۇمنى ئۇزارتتىم، شۇنىڭ بىلەن ئۇ قولىنى قولۇمغا قويدى. ئۇ باشمالتىقىنى تىكلەپ سەل تىترەپ كەتتى: ئۇنىڭ قولى قان ئىدى. چۈشتىن كېيىنكى خاتىرجەملىك قانغا بويالغان ئاشۇ كۆرۈنۈش تەرىپىدىن بۇزۇۋېتىلدى. مەن ئارقىمغا داجىپ، ئۇنىڭ باشمالتىقىغا تىكىلدىم. دەسلەپتە مەن ۋېلىسىپىتتە تىلىنىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، دەپ قارىغانىدىم، بىراق هازىر يېقىن ئارىلىقتىن كۆزەتكىنىمدە، سىرغىپ ئېقىۋاتقان قاننىڭ هەرگىز پاكىز يارا ئېغىزىدىن ئەمەس، بەلكى تىرناقنىڭ تېگىدىكى مۇڭگۈز قەۋىتىدىن چىقىۋاتقانلىقىنى بايقىدىم. مەن بۇنداق قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈشنى ئەسلا كۆرۈپ باقمىغانىدىم. يېرىلغان مۇڭگۈز قەۋىتىنىڭ بىر مىللىمېتىر قېلىنلىق، بىر مىللىمېتىر كەڭلىكتىكى بىر پارچىسى بايىلا چىشلەپ ئۈزۈۋېتىلگەنىدى.

ئۇ جىددىيلىشىپ كەتكىنىدىن زېھنىنى يىغالماي، بىردەم -

بىر دەم بىكاردىن ـ بىكارلا قاتتىق كۈلەتتى. مەن بۇنىڭدىن بەكلا بىئارام بولدۇم. يەنە تېخى ئۇ ئىنگلىزچىنى ياخشى سۆزلىيەلمەيدىكەن، ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشىنەلمىدىم. ئۇ مېنىڭ گېپىمنى ئاساسەن چۈشىنەلمىگەن بولسىمۇ، يەنىلا چۈشەنگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، دەممۇدەم بىرەر جۈملە سۆزنى دەپ باقاتتى، بىر دەم بېشىنى لىڭشىتسا، بىر دەم كۈلەتتى ياكى ۋالايتىغا بىرەر جۈملە پارسچە سۆز قىلاتتى.

ۋالايتى جىددىي قىياپەتتە ئۇنىڭغا قارىدى. ئۇ مېنىڭدىن ئەدەپ يۈزىسىدىن ئۇنى ياشۇ ئەپەندى دەپ چاقىرىشىمنى تەلەپ قىلغانىدى.

— ياشۇ ئەپەندى، — ئۇنىڭ ئۆزىمۇ شۇنداق دېدى، — سىز ئىنگلىز تىلىنى مەشىق قىلىشنى داۋاملاشتۇرماپسىز، ئىلگىرى خېلى ياخشى سۆزلەيتتىڭىز.

— ياق ! — ئۇ بۇ سۆزنى ناھايىتى راۋان ئېيتتى، ئاندىن ھاماقەتلەرچە كۈلۈشكە باشلىدى ۋە سۆزلەرنى ئېھتىيات بىلەن دېدى، — ئىلگىرى... ياخشى... ئەمەس ئىدى.

ئۇنىڭ كالاپىپاي بەدىنى كۈلكىسىگە ئەگىشىپ بىر خىلدا لىڭشىپ كەتتى.

— توغرا ئەمەس، ئىلگىرى ھازىرقىدىن ياخشى ئىدى ! — دەپ كايىدى ۋالايتى، — شۇڭا مەن سىزنى بۇ ئىشنى قىلىشقا كۆرسەتكەنىدىم.

بۇ سۆز ئۇنىڭغا ئەمەس، ماڭا ئېيتىلغاندەك قىلاتتى.

— مەن ئىنگلىزچە سەۋىيەم ياخشى دەپ كاپالەت بېرىپ باققىنىم يوق ! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ.

— ياق، مەن خاتالىشىپتىمەن. مەن سىزنى كۆپ ئىلگىرىلىدى دەپ قاپتىمەن. لېكىن، سىز داۋاملىق مەشىق قىلماپسىز، ياشۇ ئەپەندى، — دېدى ئۇ يەنە بىر قېتىم، تەلەپپۇزىدا ئايال غوجايىنلارغا خاس ئەيىبلەش ئالامىتى بار ئىدى.

ۋالايىتى ماڭا قايرىلىپ قاراپ، ياشۆنىڭ ئىنگلىزچىسىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىدىن ئەپسۇسلانغانلىقىنى ئىپادىلىدى، چۈنكى ياشۆنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋىتى ناھايىتى ياخشى ئىكەن، بولۇپمۇ قۇمدا شۇنداق ئىكەن. مەن ئاخىرقى قېتىم يەنە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئۇنىڭغا نېمە ئۈچۈن قۇمغا، يەنى ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ بۇ مەركىزىگە قىزىقىدىغانلىقىمنى چۈشەندۈردۈم. لېكىن، ئۇنىڭ قولاق سالمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، گېپىمنى توختاتتىم.

— ناھايىتى خىجىلمەن، — دېدى ياشۇ تەكشۈرۈشنامە يېزىشقا تەييارلىنىۋاتقان بالىدەك غودۇڭشىپ، — مەن ئىنگلىزچىنى مەشىق قىلمىغانلىقىم ئۈچۈن بەك خىجىل.

قايتىپ كېلىۋاتقاندا، مەن ۋالايىتىغا ياشۇ بىلەن ھەمكارلىشىشنى ئۈمىد قىلغانلىقىمنى، چۈنكى ئۇنىڭ ناھايىتى مۇۋاپىق كېلىدىغاندەك كۆرۈنگەنلىكىنى ئېيتتىم. بۇنداق دېيىشىم كۆپرەك ئەدەپ يۈزىسىدىن بولۇپ، ئەمەلىيەتتە بۇنداق ئويلىمىغانىدىم.

ۋالايىتىنىڭ تاتىراڭغۇ چىرايى جىددىي تۈس ئالدى:

— بىلەمسىز؟ — دېدى ئۇ، — ئەمدى مەن ئۇنى ھەرگىز لايىق كەلمەيدىغاندەك ھېس قىلىپ قالدىم. مېنىڭچە، ھەمكارلىق بولمىغان ئەھۋالدا ئۇتتۇق قازىنىش بىر ياخشى ئىش.

— نېمە ئۈچۈن؟

— سىز بۇ كىشىلەرنى ئىنچىكە كۆزىتىپ، گېزىتخانىغا كىرگەندىن كېيىن ئۇلاردا بىرەر ئۆزگىرىش بولغان - بولمىغانلىقىغا قاراپ بېقىشىڭىز كېرەك. ھەر قېتىم ھۆكۈمەت بىرەر كىشىنىڭ چەت ئەل ئاخبارات ئاگېنتلىقىدا ئىشلىگەنلىكىنى بىلگەندە، ئۇنى ئىزدەپ ئەھۋالنى سورۇشتۇرىدۇ. سىز دىققەت قىلدىڭىزمىكىن، ئۇنىڭ يان تېلېفونىغا نومۇرىڭىزنى كىرگۈزۈۋاتقاندا، ئۇ تويۇقسىز قاتتىق ئاچچىقلىنىپ كەتتى.

مەن تازا ئېسىمگە ئالالمىدىم. ئۇ مېنىڭ نومۇرۇمنى خاتىرىلەۋاتقاندا خاتا يېزىپ قويۇۋىدى، ئۆزۈم توغرىلاپ بەرگەنىدىم. شۇ چاغدا ئۇ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتكەن ۋە: «سىز نېمە قىلىۋاتىسىز!» دەپ بەكلا ئاچچىقلاپ كەتكەنىدى.

— يەنە ئۇ باغچىدا كۆرۈشەيلى دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى، بۇمۇ بەك غەلىتە. قاراڭ، ھۆكۈمەت چەت ئەللىك مۇخبىرلارغا يېقىنلىشالمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاشۇلار ئارقىلىق مەقسىتىگە يېتىدۇ.

مەن ھېچ چۈشىنەلمىدىم، ئەگەر ۋالىيتى بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىدىغان بولسا، نېمە ئۈچۈن دەسلەپتىلا مېنى ئاگاھلاندۇرمايدۇ ياكى ئاۋۋال ئۆزى ياشۇ بىلەن كۆرۈشۈپ باقمايدۇ؟

بۇ چاغدا قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانىدى. مەن بەزى كىشىلەر بىلەن كەچلىك غىزادا بىللە بولۇشۇم كېرەك ئىدى، يەنە تېخى يېڭىلا قاتناشقان بەدەن چېنىقتۇرۇش مەركىزىدە ھەرىكەت قىلماقچىدىم. مەن تاكسىدىن چۈشۈپ، يەنە بىر تاكسى بىلەن شىراز كوچىسىغا ماڭدىم. ۋالىيتى تاكسى شوپۇرىغا قايسى يول بىلەن ماڭسا ئۇ يەرگە بارغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېنىق دەپ بەردى. شوپۇر ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاچ بېشىنى لىڭشىتتى، ئاندىن بېشىنى بۇراپ ئارقىدىكى شاۋقۇنلۇق كوچىغا قارىدى، ئۇنىڭ نىشانسىز كۆزلىرى ئىنتايىن سۇرلۇك كۆرۈنەتتى. يىگىرمە ياشلاردىن ئاشقان بۇ ئورۇق يىگىت كەڭتاشا كۆڭلەك كىيىۋالغان بولۇپ، ئورۇق، مىختا بەدىنى بىلىنىپ تۇراتتى. پۈلتىيىپ چىققان ئوقۇرەك سۆڭىكى ئېگىلىپ تۇرغان بەدىنىنىڭ ئۈستىدە ساڭگىلاپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. كىچىك ئورا كۆزلىرى خۇددى مارجان پاتۇرۇپ قويۇلغاندەك، ساقال - بۇرۇتى تېرىسىنىڭ رەڭگىدەك قارا ئىدى. ئۇ ماڭا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، گويا مېنى بۇرۇن تونۇيدىغاندەكلا نېپىز كالپۇكلىرىنى يۇمۇشلاپ كۈلۈپ قويدى.

ماشىنا قوزغالغاندىن كېيىن، ئۇ ئىنگلىزچە:

— مەن شىراز كوچىسىنىڭ نەدىلىكىنى بىلمەيمەن، — دېدى، ئاندىن كۈلۈپ كەتتى، — بۇ ئاياللار مېنى ساراڭ قىلىۋەتمەكچى.

مەن مەلۇم سەۋەبلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى خۇسۇسىي ئائىلە ئىشىنى سۆزلەۋاتىدۇ دەپ قاپتىمەن، بىراق ئۇنىڭ كۆزدە تۇتۇۋاتقىنى تېهرانلىق ئايالالار ئىكەنلىكىنى تېزلا بايقىۋالدىم. چوڭ يولدىكى قاتناش بەك قىستاڭ ئىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى يېنىمىزدىكى ماشىنىدا ئولتۇرغان، پەرداز قىلغان گۈزەل بىر قىزدا توختاپ قالدى، بۇ قىزنىڭ چىرايىنى هال رەڭ ياغلىق يېپىپ تۇراتتى. قاتناش قىستاڭچىلىقى ئۇنى قىيناپ هالىدىن كەتكۈزۈۋەتكەنىدى. ئۇ بېشىنى ماشىنا ئىشىكىگە يۆلەپ، چىرايلىق بىلىكىنى ماشىنا سىرتىغا چىقىرىپ ئارام ئالماقتا ئىدى. ماشىنا ئېقىمى سەل بوشىۋىدى، شوپۇرۇم ماشىنىنى هېلىقى ئايالنىڭ ماشىنىسىغا يانداشتۇرۇپ، تورمۇز قىلغاندا چىققان سەت ئاۋازنى ئاڭلاپ قىز بېشىنى كۆتۈردى.

شوپۇرۇم ئۇنىڭدىن شىراز كوچىسىغا قانداق بارغىلى بولىدىغانلىقىنى سورىۋىدى، ئۇ ئويلىنىۋېلىپ چۈشەندۈرمەكچى بولغاندا، شوپۇرۇم ئۇنىڭغا قاش ئاتتى - دە، ماشىنىنى ئوت ئالدۇرۇپ ماڭدى، ئارقىدىنلا ماشىنىنى ناهايىتى تېز هەيدەپ، خۇددى ئوۋۋچىدەك ئۇدۇل كەلگەن يەرگە ئېتىلدى، ئۆزىنىڭ قاراملىقىدىن بىرەر ۋەقەنىڭ يۈز بەرمىگەنلىكىنى كۆرۈپ سەل ئۈمىدسىزلەنگەنىدەك بولدى. بىرىنچى ئايال ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئىككىنچى ئايالغا، ئاندىن ئۈچىنچى ئايالغا ساقال تاشلىدى، ئۇ ماشىنىنى شۇنچە تېز هەيدەپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ نەگە كېتىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدىغاندەكلا قىلاتتى. مەن ئۇنىڭدىن نەگە بارىدىغانلىقىمنى سورىدىم، ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇۋېلا گەپ قىلمىدى. ئارقىدىن كۆڭلى بىر يەردە بولمىغان هالدا يولغا كۆز يۈگۈرتتى، ئاندىن ئۆزىنىڭ ماشىنا يولى كۆپ

يوقىرى سۈرئەتلىك تاشيولنىڭ ئېغىزىغا كېلىپ قالغانلىقىنى بايقىدى.

قىيپاش يېشىل رەڭلىك قاتناش سۈپىسى كۆز ئالدىمىزدا پەيدا بولۇپ، كوچىلاردىكى تونۇش ئېگىز بىنالار غايىب بولدى، ئالدىمىزدىكى يول ئايلانما ئىدى. بۇ چاغدا مەن مېڭىش يۆنىلىشىمىزنىڭ خاتا بولغانلىقىنى بىلىپ، ئۈنلۈك گەپ قىلدىم. ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ ماشىنىنى توختىتىۋىدى، ئارقىدىكى ماشىنا ئاچچىق بىلەن سىگنال بەردى. بۇ چاغدا چىقىش يولىغا ئەللىك مېتىرچە كىرىپ بولغانىدۇق، ئۇ ماشىنىنى ئارقىغا ياندۇرۇشقا باشلىدى. بۇ چاغدا باشقا ماشىنىلار يەنىلا ئۇلىشىپ كېلىۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭغا ۋارقىراشقا باشلىدىم، بىراق ئۇنىڭ چىرايىدا ئازراقمۇ ئىپادە يوق ئىدى. ئۇ ماشىنىلار توپىدىن مۇشەققەتتە كېسىپ ئۆتتى، باشقا ماشىنىلارمۇ توختىماي سىگنال بەرگەچ، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ ئايلىنىپ ئۆتتى. كىشىلەر ماشىنا ئەينىكىنى چۈشۈرۈپ، ماشىنىمىز ئۆتۈۋاتقاندا شوپۇرۇمنى كەينى – كەينىدىن تىللاپ ئۈلگۈردى، بىراق ئۇنىڭدا كىشىلەرنىڭ غەزىپىگە قارىتا يەنىلا ھېچقانداق ئىنكاس يوق، چىرايىدىن بىر خىل خاتىرجەملىك چىقىپ تۇراتتى. ئاچا يولغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇ ماشىنىنى چوڭ يولغا قايتۇردى.

مەن بىر ئىرانلىق دوستۇمغا تېلېفون ئۇرۇپ، بايا يۈز بەرگەن ئىشنى چۈشەندۈردۈم، ئاندىن تېلېفوننى شوپۇرغا سۇندۇم. ئۇ دوستۇم بىلەن تېلېفونلاشقاندىن كېيىن، ماشىنىنى قاياققا ھەيدەشنى بىلىۋالغاندەك قىلدى. ئۇ بىرنەچچە ئايلانمىدىن ئۆتۈپ، بىر كوچىدا بىردەم سىلكىنىپ ماڭغاندىن كېيىن، ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي، ماڭا تونۇش كۆك ئەينەكلىك مۇنارسىمان بىنا كۆرۈندى. قاتار - قاتار تاغ تىزمىلىرىدىن ئوڭغا ئايلىنىپ، ئارقىدىن شىراز كوچىسىدىكى ھېلىقى تازىلىق بۇيۇملىرى ماگىزىنىنىڭ ئالدىدىن ئۆتتۇق. بىز دوستۇم تۇرىدىغان كۆپ

قەۋەتلىك بىناغا يېتىپ كەلگەندە، شوپۇرمۇ مەندىن كۆپ پۇل ئالمىدى، مەن يەنىلا كېلىشكىنىمىز بويىچە پۇل تۆلىدىم. پۇل تۆلەۋاتقاندا، ئۇ بىر قولىنى رولغا ئارتقىنىچە قاراپلا تۇردى. ئەتراپىمىزدىكى قاتناشقا ئوخشاشلا، ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ پاراكەندە ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.

مەن دوستۇمنىڭ تۇرالغۇسىغا كېلىپ، ئەمدىلا ئېلېكتىرونلۇق يوللانمىلارنى كۆرۈشكە باشلىغىنىمدا، تېلېفون جىرىڭلاپ قالدى. تېلېفون ياشۇنىڭ بىر دوستىدىن كەلگەنىدى. ئۇ ئىنگلىزچىنى ئامېرىكا تەلەپپۇزىدا ناھايىتى راۋان سۆزلەيتتى. ئۇ ئۆزىنى ئالدىراشلا تونۇشتۇردى، يەنە ئۆزىنىڭ ABC ئاگېنتلىقىنىڭ ئىراندىكى ئالاھىدە تەكلىپلىك رەسمىي مۇخبىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

— مەن ئىلاھىيەتشۇناسلىقنى تەتقىق قىلغان، — دېدى ئۇ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ، — شۇڭا بەزى سەزگۈر تېمىلارنى ئىگىلەشكە ئېپىم بار. مېنىڭچە، سىز دىنغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى يازماقچى بولغاچقا، ياشۇ ئەپەندى مېنى تەۋسىيە قىلغان بولسا كېرەك.

ئۇنىڭ جۈملە قۇرۇلمىسى پارسچىدىن كەلگەندەك قىلاتتى، بىراق ئىنگلىزچە سۆزلەرنى ئىشلىتىشى تولىمۇ راۋان ئىدى.

— سىز ئىنگلىزچىنى نەدە ئۆگەنگەن؟ سىز چەت ئەلدە تۇرۇپ باققانمۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— ياق، — ئۇ كۈلۈپ كەتتى، كۈلكە ئاۋازى ئامېرىكىنىڭ مەنىسىز تىياتىرلىرىدىكى ھېلىقى غەلىتە كۈلكە ئاۋازىغا ئوخشاپ كېتەتتى، — ماڭا زادىلا چەت ئەلگە چىقىش پۇرسىتى بولۇپ باقمىغان. مەن ئىنگلىزچىنى تېھراندا ئۆگەنگەن.

— قانچە ياشقا كىردىڭىز؟

— ئوتتۇز ئالتىگە.

مەن ئاۋۋال ۋالايىتىنى ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشتۇرۇپ بېقىشىم كېرەك، دەپ قارىدىم. ئۇ ۋالايىتىغا تېلېفون بېرىپ، ئاندىن مەن

بىلەن ئالاقىلىشىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن چىنىقىش ئۆيىگە بېرىپ، ياتقىمىغا قايتقان چېغىمدا، سىرتتا كۆكۈم پەردىسى يېپىلىپ، شەھەر چىراغلىرى يورۇپ كەتكەنىدى.

تېلېفون يەنە بىر قېتىم جىرىڭلىغاندا، مەن سىمسىز تېلېفوننى كارىۋاتقا تاشلاپ قويۇپ يۇيۇنۇۋاتاتتىم. مۇنچىدىن چىقىپ تېلېفوننى ئالدىم. تېلېفوننى تەرجىمان ئۇرغانىكەن. ئۇ ۋالايتى بىلەن سۆزلىشىپ بولغانلىقىنى ئېيتتى، ئاندىن بىللە ئىشلىگەن بىرمۇنچە كىشىنىڭ ئىسمىنى ئېيتىشقا باشلىدى. ئۇ جېرېمىنى تىلغا ئالدى، ئۇمۇ بىر ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ مۇخبىرى ئىكەن. ئۇ يەنە دانىئىل پېئارلىنىمۇ تىلغا ئالدى.

— دانىيېل پېئارل؟ — يۈرىكىم جىغغىدە قىلىپ قالدى.

— ھەئە، — دېدى تەرجىمان يەنىلا ئامېرىكا تەلەپپۇزىدا پەس ئاۋازدا سۆزلەپ، — كېيىن ئۇ پاكىستانغا قېچىپ بارغان، ئاندىن كېيىن ئۇ يەردە ئۆلتۈرۈلگەن، بەك ئېچىنىشلىق - ھە!

دانىيېل پېئارل «ۋال - ستىرېت كوچىسى گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى ئىدى. ئۇ پاكىستاندا بىر يىپ ئۇچىنى ئىزدەۋاتقاندا كاللىسى ئېلىنغانىدى. ئۇنىڭ كەچۈرمىشى يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئەڭ قورقۇنچلۇق بىر ۋەقە ئىدى. تېھراندا ئاڭلاۋاتقان تېلېفوندىكى ئاۋازنىڭ بۇ ئىسىمنى شۇنچە بىمالال تىلغا ئېلىشىدىن قاتتىق ئەندىشىگە چۈشتۈم. بۇ ئۆزۈمنىڭ تەجرىبىسىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقىدىن پەيدا بولغان ئەندىشە ئىدى. مەن تونۇۋاتقان مۇھىتتا چەت ئەللىك مۇخبىر ۋە ئىختىيارى مۇخبىرلارغا ئائىت نۇرغۇن ئارىيەلەر ئويناالغان، بىراق بۇلار توغرۇلۇق ھېچنېمىنى بىلمەيتتىم. مەن تېلېفوننى قويۇپ قويماقچى بولدۇم. بۇ مۇخبىرنىڭ قورقۇنچلۇق سەرگۈزەشتىلىرىگە پۈتۈنلەي قىزىقمايتتىم، ھەتتا بۇ تېمىغا لايىق يېزىقچىلىق شەكلىنىمۇ تاپالمايتتىم. ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ تېلېفوننى قويۇپ قويدۇم. مەن تېھرانغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ تۇرالغۇدا تۇنجى قېتىم تەنھالىقنى، چىقىپ -

چۈشۈۋاتقان لىفىتنىڭ ئالىدىكى ئاۋازنىڭ تىمتاسلىقىنى بۇزۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم.

مەن ۋالايىتىغا تېلېفون ئۇردۇم.

— بىلەمسىز، مېنىڭچە، ئۇ ھەرقانداق كىشى ئۇچۇن خىزمەت قىلىشقا بولمايدىكەن، — دېدى ئۇ. روشەنكى، ئۇ بىر ئاگېنتلىقنىڭ سابىق باش مۇھەررىرى ئۇچۇن خىزمەت قىلغان، كېيىن بۇ باش مۇھەررىر ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى بۇ دۆلەتتىن قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغانىكەن. كېيىن ئۇ بىر كىتاب يازغان، كىتابنىڭ كۆپ يېرىدە تېھرانىدىكى دىنىي زاتلارنى تىللىغانىكەن. ھازىر ئۇنىڭ ABC ئاگېنتلىقىدىن باشقا ھەرقانداق كىشىگە خىزمەت قىلىشى چەكلەنگەنىكەن، ۋالايىتىمۇ ئۇنىڭ نازارەت ئاستىدا ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى.

ۋالايىتى مېنى بىئارام قىلىپ قويغانلىقىنى بىلىپ، ئۆزىنىڭكىگە يېگۇدەك ئازراق نەرسە ئېلىپ قايتىشنى خالايدىغان-خالىمايدىغانلىقىمنى سورىدى. مەن باشقا پىلانلىرىمنى بىكار قىلىپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە باردىم، چۈنكى كېيىنكى ۋاقىتتا ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولسام سەل ئازادە بولۇپ قېلىشىم مۇمكىن دەپ ئويلىدىم. شۇ كۈنى مەن خەۋپ-خەتەر ۋە چۈشىنىكسىز بېشارەتنى غۇۋا ھېس قىلغانىدىم.

شۇ ئاخشىمى ۋالايىتى ماڭا بالىلىق ۋاقتىدا تېھراندا يۈز بەرگەن بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بەردى.

ۋەقە مۇنداق ئىدى: ئاتا-ئانىسى ۋالايىتى بىلەن ئۇنىڭ سىڭلىسىنى ئۆيدە قويۇپ، سىرتقا غىزالانغىلى چىقىپ كەتكەن. ئىككى قىزچاق غەربىي قىسمىدىكى ئېگىزلىكتە ياشايدىغان ئاق پىستەنى باققان ۋە «ئېمىلىي» دېگەن ئىسىمنى قويۇۋالغانىكەن. ئاتا-ئانىسى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلار ئېمىلىينى ئەگەشتۈرۈپ سەيلە قىلغىلى چىققان. ئۆيىنىڭ ئەتراپىدىكى كوچىلار ئىنتايىن تىنچ بولۇپ، ھەممىسى ئاھالىلەر رايونى ئىكەن. بۇ كوچىلار ۋالايىتىغا ناھايىتى تونۇشلۇق بولۇپ، ئىتنى

سەيلە قىلدۇرۇش ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەر كۈنى كەچتىكى بىر ئادىتى ئىكەن، بۇنداق چاغلاردا قوشنىلار بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشىمۇ ئېھتىمال ئىكەن. لېكىن، شۇ كۈنى كەچتە كوچىدا چارلاۋاتقان ئەخلاق ساقچىلىرى ۋالايىتلارنى كۆرۈپ قاپتۇ.

ئۇلار ۋالايىتنى كۆرۈپ ماشىنىسىنى توختىتىپتۇ. ماشىنىدىن بىر نەچچە ئادەم چۈشۈپتۇ. ئىسلام ئەنئەنىسىگە ئاساسەن، ئىت پاسكىنا ھايۋانلارغا تەۋە ئىكەن، بىراق ئەنئەنىدە ئىت ئىشلەتكەن قاچىنى بىر نەچچە قېتىم يۇيۇشلا بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، ئىسلام جۇمھۇرىيىتى بۇ ئەنئەنىنى راۋاجلاندۇرۇپ چوڭايتىپ بىنورمال مۇرەككەپ نەرسىگە ئايلاندۇرۇۋەتكەنىكەن. بۇ كىشىلەر قىزلارنىڭ يىغلاپ يالۋۇرغىنىغا قارىماي، ئېمىلىينى تۇتۇۋاپتۇ. ۋالايىتى ماشىنىنى ماڭغىلى قويماپتۇ. ھېلىقى كىشىلەرنىڭ بىرى: «يا سېنى قولغا ئالىمىز، يا بۇ ئىتنى ئېلىپ كېتىمىز» دەپتۇ. ئۇلار ئېمىلىينى ئېلىپ كەتسە، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. قىزلار ئېمىلىينى ئۇلارغا بېرىشكە مەجبۇر بولۇپ تۇرغاندا، بىر كىشى پەيدا بوپتۇ، ئۇ بەلكىم ئائىلىسىنىڭ دوستى بولۇشى مۇمكىن. ئۇ بۇ كىشىلەر بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىشنى بىلىدىكەن. ئۇ ھېلىقى كىشىلەرگە پارا بېرىپ، ئىتنىڭ جېنىنى قۇتقۇزدۇرۇپ قاپتۇ. مىشىلداپ يىغلاۋاتقان قىزچاقلار ئېمىلىينى ئەگەشتۈرۈپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. شۇ كۈنى كەچتە، ۋالايىتى:

— مەن خاتىرەمگە: «بۈگۈن مەن چىرىكلىككە مۇناسىۋەتلىك تۇنجى دەرسنى ئاڭلىدىم» دەپ يازدىم، — دېدى. شۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا، ئۇنىڭ كاللىسىدا ئويلىغىنى ھەرگىز ئۆزى ئەمەس، بەلكى پەقەت ئاشۇ قېتىملىق پارا بېرىش بولۇشى مۇمكىن.

ئەتىسى ئەتىگەندە ناجىسىنى كۆرگىلى باردىم. سىرتتا شارقىراپ يامغۇر يېغىۋاتاتتى، باھار يامغۇرى شەھەرنىڭ ئىس - تۈتەك ۋە چاڭ - توزان قاپلىغان ھاۋاسى ۋە قارىيىپ كەتكەن

بىنالارنى پاكىزلىغان، ئىس ـ تۈتەك ۋە چاڭ ـ توزانلار نىپىز تۇمان قاينىمىدا غايىب بولغانىدى. قاتناش ئەھۋالى ئادەتتىكى چاغلاردىكىدىنمۇ ئوسال ئىدى، مەن يېشىل رەڭلىك بىر يۈك ماشىنىسىنىڭ كەينىدە بىرنەچچە مىنۇت توسۇلۇپ تۇردۇم، يۈك ماشىنىسىنىڭ ئارقىسىغا «ئاھ، ئاللا !» دېگەن خەتلەر يېزىلغانىدى. بىز تۇرۇۋاتقان بۇ كوچىنىڭ ھەممىلا يېرى سىياسىي شوئارلار بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى.

تېگى قارا، خېتى ئاق بىر شوئارغا: «ھۆكۈمەتنىڭ قوللىغۇچىلىرى ئىزچىل ھالدا پەلەستىنلىكلەرنىڭمۇ قوللىغۇچىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ دۈشمەنگە ئورتاق قارشى تۇرۇشىغا ياردەم بېرىدۇ» دەپ يېزىلغان، ئۇنىڭ يېنىدا ئامېرىكىنىڭ دۆلەت بايرىقى بىلەن يەھۇدىي دىنىنىڭ ئالتە بۇرجەكلىك كۆك رەڭلىك يۇلتۇزى بار ئىدى. ئارقىدىن بىز ئۇدۇل يۈزىگە كۆك رەڭلىك ئەينەك كاتەكچىلەر ئورنىتىلغان كۆل رەڭ بىنانىڭ ئالدىدىن ئۆتتۇق، ئۇنىڭ يان تەرىپىگە سۇس كۆل رەڭلىك تام رەسىمى سىزىلغانىدى. رەسىمدە قىسقا بۇرۇت قويۇۋالغان ئون نەچچە يىگىتنىڭ چىرايى سىزىلغانىدى، ئۇلارنىڭ بىرنەچچىسى كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى، بىرنەچچىسىنىڭ چىرايى ئۈمىدۋارلىق ئىپادىسىگە تولغانىدى، يەنە بىرەيلەن كۆزئەينەك تاقىۋالغان، كوچىغا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. ئېگىزلىكى نەچچە ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان بىر پارچە چوڭ كۆرگەزمە تاختىيىنىڭ ئۈستىگە مەشھۇر بىر پەلەستىنلىك ئانىنىڭ رەسىمى سىزىلغانىدى، ئۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ھۇجۇمى قىلغۇچى بولۇپ، ئارقىسىدىكىسى يۇلتۇزلۇق ئارقا كۆرۈنۈش ئىدى، بۇ، ئۇنى ئالەم ئۇچقۇچىسىغا بەكرەك ئوخشىتىپ قويغانىدى. ئاستىغا بىر قۇر خەت يېزىلغانىدى: «مەن پەرزەنتلىرىمنى سۆيىمەن، ئەمما ئېتىقاد يولىدا جان پىدا قىلىشنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى تېخىمۇ سۆيىمەن.»

ناجىسى بىر كىچىك يۇرۇشلۇك ياتاق بىناسىدا تۇراتتى، بۇ

ئاق رەڭلىك بىنا بولۇپ، بەش - ئالتە قەۋەت ئېگىزلىكتە ئىدى. بىنا بىر تار كوچىغا جايلاشقان، بۇ كوچىدا بىرەر ماشىنىمۇ كۆرۈنمەيتتى، بىنانىڭ ئۈستى تەرىپىگە ناھايىتى چوڭ سايىۋەن ئېسىلغانىدى. ناجىسى پەلەمپەيىنىڭ سۇپىسىدا مېنىڭ چىقىشىمنى ساقلاپ تۇرغانىكەن. ئۇ قارىماققا يىگىرمە ياشلاردىن ئاشقان، ناھايىتى چىرايلىق ئىدى، قويۇق قارا چاچلىرى ئۆرۈمە قىلىپ چىڭ ئۆرۈلگەنىدى، تېرىسى مىس رەڭلىك، يۇمىلاق كۆزلىرى سەل پۇلتىيىپ تۇراتتى، بويى زىلۋا، كۆكسى تولغانىدى. ئۇ ئاق پوپايكا ۋە بىنەپشە رەڭلىك كۆڭلەك كىيىۋالغان، قۇلىقىدا بىرنەچچە تال يېشىل ياقۇت ساڭگىلاپ تۇراتتى.

بۇ چاغ تېخى ئەتىگەن ئىدى، ياتاق بىناسى ئىچىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مېنى سەل گاڭگىرىتىپ قويدى. ئۆي سۇسسۇن، سۇس كۆل رەڭ ۋە ئاچ سېرىق رەڭدە سىرلانغان، يەنە كۆجىنىڭ تۇتۇنى يۇقىرىدا لەرزان لەيلىمەكتە ئىدى. ئۆينىڭ ھەممە يېرىدە ھىندىستاندىن كەلتۈرۈلگەن نەرسىلەر — رەڭگارەڭ ئويۇنچۇق قۇش، پۇرۇچ قونچاق، تىزما قوڭغۇراق، ئىلاھ كىرىشنا سىزىلغان ئورۇندۇق قېپى، ئېسىقلىق بىر قاتار كىيىم، يەنە ئەينەك بۇيۇم ۋە كەشتىلەر بار ئىدى. ھىندى تىلى دائىم ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەر قوللانمىسى بىلەن «تەنھا يۇلتۇز ھىندىستان» دېگەن كىتاب بىر چەتكە تاشلاپ قويۇلغانىدى؛ كىچىك ئاشخانىنىڭ يېنىغا ئىلاھ كىرىشنانىڭ نەزىر - چىراغ مېھرابى ياسالغانىدى. ئارقىمىزدا قويۇلۇۋاتقان ئېلېكترونلۇق مۇزىكىنىڭ زېرىكەرلىك مېلودىيەسى توختىماي ئاڭلىنىۋاتاتتى. ناجىسى ئاشخانىغا كىرىپ چەينەككە چاي دەملىدى.

ئۇنىڭ ياتىقىنى كۆڭۈللۈك ماكانغا ئايلاندۇرۇش كويىدا بۇ يەرگە كۆپ ئەجىر قىلغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس ئىدى. ناجىسى قانداق ياشاشنى ناھايىتى ئېنىق بىلىدىغان كىشىلەردىن ئىكەن. ئۇ بۇ كىچىك بوشلۇقتا ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە

قىلىدىغىنىنى قىلغان، جۈملىدىن ياتاقنىڭ رەڭگى، ئۆي جابدۇقلىرى، ئاشخانىدىكى ئوچاق سۇپىسىنىڭ تېشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى نەزەرگە ئالغانىدى. ئۇنىڭ تەرتىپ ۋە تەپسىلاتقا ئەھمىيەت بېرىشى كىشىنى تەسىرلەندۈرەتتى، ھىندىستاندىن كەلتۈرۈلگەن بۇيۇملار قوشۇلۇپ، بۇ يەرنى ئۇنىڭ شەخسىي تۈسىگە تولدۇرغانىدى. مېنىڭچە، بۇ يەرنىڭ يېقىندىلا قۇرۇقداپ قويۇلغانلىقىنى ئاڭلىغانلىقىم چوقۇم مەندە بۇنداق تەسىراتنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى بىر سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. بۇ كىچىك ياتاقتىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆرۈۋېتىلگەنلىكى، نەزىر - چىراغ مېھرابىنىڭ چېقىۋېتىلگەنلىكى، كىيىم - كېچەكلەرنىڭ يەرگە چېچىۋېتىلگەنلىكى، شۇنداقلا يېڭى ئەسىر مۇزىكىسى ئېھتىيات بىلەن ياراتقان ساپ گۈزەللىك ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلغىنىمدىلا، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قايتىدىن يارىتىشتەك ئۈمىدۋار بىر خىل روھىي ھالەتتىن تەسىرلەندىم.

— ئۇلار سۇنئىي ھەمراھ قوبۇللىغۇچ ئورناتقانلىقىمىزدىن نارازى بولدى، ئاندىن كېيىن ئۆيگە ئۇسۇپ كىردى، — ناجىسىنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ كەلگەنلىكىگە ئۇ يەنىلا بەكلا ھەيران ئىدى. سۇنئىي ھەمراھ قوبۇللىغۇچ تېھرانىنىڭ ھەممىلا يېرىدە بار بولۇپ، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش قىلمىشى ھەرگىز ئۇسكۇنىنىڭ تارقىلىپ كېتىشىنى ھەقىقىي كۆزدە تۇتۇش ئەمەس، بەلكى پۇل تېپىشنىڭ باھانىسى ئىدى، — ئۇلار بېسىپ كىرىپ بۇ يەردىكى ھەممە نەرسىنى ۋەيران قىلىۋەتتى، — گويا ئۆزى دەۋاتقان «ھەممە نەرسە» نېمىلەرنى ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ئېنىقلاۋاتقاندەك، ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرغاچ ئۆي ئىچىگە كۆز يۈگۈرتتى، — ئۇلار ياتاقنى ئاختۇرۇۋاتقاندا، مەن: «ئەگەر سىلەر بۇ قوبۇللىغۇچنى ئەكەتمەكچى بولساڭلار، ئەكېتىۋېرىڭلار، مانا بۇ يەردە» دېدىم. لېكىن، ئۇلار: «سىلەر قورال - ياراغ يوشۇرغان بولۇشۇڭلارمۇ

مۆمكىن» دېدى. ئاندىن ئۇلار ئېرىمنى ئەكېتىپ، شۇ كۈنى كەچتە تۈرمىگە تاشلىدى. بىز ئۇنىڭ ئۈچۈن دەررە سېتىۋېلىشقا مەجبۇر بولدۇق. قىرىق دەررە دەڭا.

ناجىسى بىر دىنىي ئائىلىدە چوڭ بولغانىكەن. ئۇنىڭ ئانىسى مۇسۇلمان، ھامىمىسى بولسا بۇ دۆلەتتىكى ئەڭ مۇقەددەس مەسچىتلەرنىڭ بىرىنىڭ خىزمەتچىسى ئىكەن.

بۇ مەسچىت مەشھەدتىكى بىر جايغا جايلاشقانىكەن. ناجىسنىڭ ئىسلام دىنىنى رەت قىلىشى ئاسانغا چۈشمىگەن.

— ئۇ مەن ئۈچۈن قاتتىق يىغلىدى، — ناجىسى ئاپىسىنىڭ گېپىنى قىلىۋېتىپ كۈلۈپ كەتتى، — ئۇ مېنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ نەزىرىدىكى بىر دۆزە ياغاچقا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىمنى چۈشەنمەيتتى. ئۇ مەن ئۈچۈن دۇئا قىلىپ، دوزاخقا چۈشمەسلىكىمنى تىلەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— ھىندى دىنى نېمە ئۈچۈن سىزنى جەلپ قىلىۋالدى؟ — مەن شۇنداق دەپ سورىغاچ، بولاق چاينى قايناق سۇ تولدۇرۇلغان چەينەككە سېلىشىغا قارىدىم.

— ئىلگىرى بىز زوروئاستېر دىنىنىڭ مۇخلىسلىرى ئىدۇق، — دېدى ئۇ، — بۇ دىن بىلەن كىرىشنا دىنى ناھايىتى ئوخشاپ كېتىدۇ، بىراق ئىسلام دىنى بىلەن پەرقى بەك چوڭ. بۇ ئىككىلا مەزھەپ تەبىئەتتىكى ھەممە مەۋجۇداتلاردىن پايدىلىنىدۇ. كىرىشنا دىنى يېمەك - ئىچمەك ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە تەبىئىيلىككە تېخىمۇ مايىلراق. ئۇ قۇياش ۋە ئايدىن پايدىلىنىدۇ، مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇنداق دىنىي ئەقىدە كۆپ راھەت بىلىنىدۇ، ھۆكۈمەت نۇسخىسىدىكى ئىسلام دىنىغا تامامەن ئوخشىمايدۇ، ئۇلار نېمە قىلماقچى بولسا، ئۇنى ئىسلام دىنىدا بەلگىلەنگەن دەۋالىدىكەن.

راست گەپنى قىلغاندا، ناجىسى ئىنتايىن تەرەققىيپەرۋەر، دىنىي ھېسسىياتىمۇ كۈچلۈك ئىكەن، ھەرقانداق ئېتىقادنى ھاقارەتلىمەيدىكەن، بىراق جۇمھۇرىيەت دىنىنىڭ ئالدىدا بۇنىڭدا

چىڭ تۇرۇشقا ئامالسىز ئىكەن. چاي دەملەپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ نەزىرىنى ئىستاكانغا تىككىنىچە، دولىسىنى قىسىپ قويۇپ سۆزلىدى:

— ھەقىقىي ئىسلام دىنى بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. بۇ يەردە ئاساسلىقى شىئە مەزھىپى ئىسلامى بار، پەيغەمبەردىن كېيىن راۋاجلانغان، ھەقىقىي ئىسلام دىنى بىلەن تامامەن ئوخشىمايدۇ. ھەر قېتىم مۇھەررەم ئېيى (شىئە مەزھىپىنىڭ روزى ئېيى) دا مۇسۇلمانلارنىڭ يېرىمى تەبرىكلەيدۇ، قالغان يېرىمى ئۆزىنى قامچىلاپ يىغلايدۇ. مەن زادىلا چۈشىنەلمىدىم. بىر مىڭ بەش يۈز يىل ئىلگىرى بەزى كىشىلەر قىلغان بەزى ئىشلارنى بىزنىڭ دوراۋېرىشىمىزنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى. شىئە مەزھىپى خۇشال بولۇشنى خالىمايدۇ، ئۇلار غەزەپلىنىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

مېنىڭ ھەيران قالغانلىقىمنى كۆرۈپ ناجىسى كۈلۈۋەتتى. شىئە مەزھىپىدىكى بىر مۇسۇلماننىڭ بۇنداق گەپلىرىنى راستىلا ئاڭلاپ بېقىش كېرەك ئىكەن. ئۆزىنىڭ ئېتىقادى توغرىسىدىكى بۇنداق قايتا ئويلىنىش، باشقا دىنلار ئۈستىدە ئىزدىنىش قابىلىيىتىنى — ئەقىل بىلەن قىلىنغان بۇنداق ئوچۇق پىكىرلىكىنى — مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئايلىنىپ چىقسام، ئاندىن تاپالىشىم مۇمكىن دەپ ئويلىغانىدىم، لېكىن تا ھازىرغىچە ئارزۇيۇمغا يېتەلمىگەنىدىم، مۇشۇ چاغقا كەلگەندە ئاخىر ئۇنى تېپىۋالدىم. بۇنداق قابىلىيەت ناجىسىنى ئۆزىنىڭ ئەجدادلىرىنى زوروئاستېر دىندارلىرى دەپ قارايدىغان قىلغانىدى؛ بۇنداق قابىلىيەت ئۇنى ئەلى ۋە ھۈسەيىن ئۆلگەندە غەزىپىنى باسالايدىغان قىلغانىدى؛ بۇنداق قابىلىيەت ئۇنى ھۆكۈم چىقارغاندا ئېتىقاد مۇددىئاسىنىڭ ئاسارىتىگە چۈشۈپ قالمايدىغان قىلغانىدى.

ئوقۇتقۇچىسى گۇلباد پەرھىزچىلىك (گۆش يېمەسلىك مەسلىكى) دەرسىنى ئۆتۈش ئارقىلىق ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ قالغانىكەن. ئۇ چەكتىن ئاشقان پەرھىزچىلىككە ئائىت دەرس

ئۆتكەن، ئۇنىڭدا تۇخۇم بىلەن غول پىياز گۆش تۇردىكىلەرگە ئوخشاشلا چەكلىنەتتى. گەرچە ناجىسى بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنمەيدىغاندەك قىلسىمۇ، بىراق ئەمەلىيەتتە بۇ جەينا دىنىنىڭ كىلاسسىك تاماق رىسالىسى ئىدى. جەينا دىنىنىڭ مەنبەسى هىندى دىنى بولۇپ، چىكىدىن ئاشقان ساخاۋەتلىك ئىش ۋە تىنچلىقنى تەشەببۇس قىلاتتى. هۆكۈمەتتىن قورققانلىقتىن، گۇلباد پەم - پاراسەت بىلەن بىر خىل دەرس ئۆتۈش ئۇسۇلىنى ئويلاپ تاپقانىدى. بۇنداق ئۇسۇلدىكى پەم - پاراسەت يېمەكلىك قىلىنىدىغان گۆش تۇردىكىلەر، بولۇپمۇ قوي گۆشى ئىسلام ئېتىقاد مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمى، شۇنداقلا قارىماققا چەكسىز كۆرۈنىدىغان كاتېگورىيەنىڭ بىر قىسمى ئىدى. هالبۇكى، پەرھىزچىلىك مەنئى قىلىنىشقا ئۇچرىمىغان، پەقەت مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئۇنى دائىم ئۇچراتقىلى بولمايتتى، خالاس. ئېھتىمال دىققەت - ئېتىبار بەرگەنلىكتىن بولسا كېرەك ياكى ئۇنداق ئەمەستۇر، گۇلباد ئېتىقادتىكى پەرھىزلەر بىلەن مەدەنىيەتنىڭ ئارىسىدا ئەڭ ئورۇنلۇق بىر يولنى تاللىۋالغانىدى. ئۇنىڭ دەرسىنى ئاڭلىغىلى كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئورتاق تونۇشى بار ئىدى، ئۇ بولسىمۇ، ئەگەر ئۇلار پەرھىزچىلىكنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ باقماقچى بولسا، ئىسلام دىنىغا قارىتا گۇمانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى.

— دىنغا ئاسىيلىق قىلغانلار قانداق جازاغا ئۇچرايدۇ؟ — دەپ سورىدىم ناجىسىدىن. بۇ چاغدا ئۇ گۇللىرىگە سۇ قۇيۇۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭ بىلەن «كىرىشنا دىنى»غا كىرىشنىڭ پەيدا قىلىدىغان خېيىم - خەتىرى توغرۇلۇق سۆزلىشىشكە ئۇرۇنۇپ باقتىم.

ئۇ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، كۆزىنىڭ ئېقىنى كۆرسەتتى. گويا مەن مۇشۇ يولغا مېڭىپ قالىدىغاندەك، ئىشىنىشكە پېتىنالمىغاندەك هالەتتە ماڭا قارىدى. ئۇ بىر تەشتەكتىكى مانگىر اسنىڭ ئارىسىدىن ماڭا قاراپ، پەس ئاۋازدا:

— ئەگەر مۇسۇلمانلار ئۆزىنىڭ دىنىنى ئۆزگەرتمەكچى بولسا

قاتتىق جازالىنىدۇ، — دېدى ۋە سىپايىلىك بىلەن چۈشەندۈرۈپ قوشۇمچە قىلدى، — ئىسلام دىنى ئاخىرقى دىنىي ئەھكام، شۇڭا سىز مۇسۇلمان بولسىڭىز، ئەڭ ياخشى دىنغا ئىگە بولغان بولىسىز، بۇ دەل بىزنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلىمىز.

ناجىسى ئاق پاختا رەختتىن تىكىلگەن «خالات» كىيىۋالغان، بۇ ئۇزۇن كەمزۇل ئىدى، ئالدى تەرىپىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە تۈگمىسى بار ئىدى. ئۇ يەنە يۇمشاق قارا چاچلىرىنىڭ ئۈستىگە بىنەپشە رەڭ شارپا چىگىۋالغانىدى. ئۇ ئەمدى مېنى كىرىشنا دىنىنىڭ بىر مۇخلىسى بىلەن كۆرۈشتۈرمەكچى بولدى. بىز كىچىك لىفىتقا ئولتۇرۇپ ئاستىنقى قەۋەتكە چۈشتۇق، ئاندىن يامغۇرغا قارىماي بىر سېمونت يولدىن يۈگۈرۈپ ئۆتتۇق. ناجىسىنىڭ جىپ ماشىنىسى كوچىدا توختىتىقلىق ئىكەن. ناجىسى رولنىڭ ئالدىغا ئولتۇرغاندىن كېيىن، ھۆل بولۇپ بەدىنىگە چاپلىشىپ كەتكەن ئاق خالىتى، ئۆرۈمە قارا چاچلىرى كۆتۈرۈپ تۇرغان باش ياغلىقىغا قاراپ، ئىككىمىز نېمىگىدۇر بىر نەرسىگە دەخلى - تەرۇز قىلىپ قويدۇقمۇ، قانداق دەپ ئويلاپ قالدىم. نۇرغۇن ماشىنا بۇنىڭدىنمۇ بەكرەك كۆزگە چېلىقمايدىغان سەۋەبلەر تۈپەيلى توختىتىۋېلىناتتى.

يامغۇردىكى قاتناش تېخىمۇ ئوسال ئىدى، مەنمۇ قاياققا كېتىۋاتقانلىقىمىزغا يەنە سەپسېلىپ يۈرمىدىم. ئاۋات بىر ئاساسىي كوچىغا كەلگەندە، ناجىسى سولغا قايرىلدى، ئاندىن ماشىنىنى يول بويىدا توختاتتى. سۇ كۆۋەجەپ ئېقىپ تۇرغان ئوچۇق ئېرىق ئاساسلىق غول يول بىلەن تار يولنى ئايرىپ تۇراتتى. ناجىسى يولدىن غىپپىدە ئۆتتى، مەن ئۇنىڭغا يېقىن ئەگەشتىم. بىز بىر قارا دەرۋازىدىن ئۆتۈپ، بىر ماشىنا يولىغا، ئاندىن ئىككى قەۋەتلىك داچىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدۇق. پاكارراق بۇ بىناغا رەڭلىك سىيرىلما ئىشىك ئورنىتىلغانىدى. يامغۇر تامچىلىرى يېنىمىزدىن يېنىك لەيلەپ ئۆتكەندەك بولاتتى، ئەتراپتا ھېچقانداق ئاۋاز يوق ئىدى. ۋاقىت يەتتە

ناھايىتى ئەتىگەن، ئۆيدىكى كىشىلەر تېخى ئويغانمىغاندەك قىلاتتى. بىز گۈللۈكتىكى قۇرۇق سۇ ئۈزۈش كۆلچىكىنى يانداپ ئۆتۈپ، سىيرىلما ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلدۇق. ئىشىك سىرتىدا بىر كارىدور بار ئىدى، بۇ يەردىن بۇ ئۆيدىكىلەرنىڭ ئۇيقۇدا ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدىغان تۇنجى ئالامەتنى كۆردۇق: ئىشىك ئالدىغا ئون نەچچە جۈپ ئاياغ قالايمىقان قويۇقلۇق ئىدى.

ناجىسى ئالدىغا مېڭىشىغا ئىشىك ئېچىلدى. بىر ئەر كىشى بىزنى قاراڭغۇ دالانغا باشلاپ كىردى. ئېگىز بوي، كۈلۈپ تۇرىدىغان بۇ كىشى كۈل رەڭ قىسقا ساقال قويۇۋالغانىدى. بەكلا تىقما - تىقماق بولۇپ كەتكەن بۇ كىچىككىنە ئۆيگە كىرىپ، سىرتنىڭ جىمجىتلىقى بىلەن خوشلاشقىنىمدا، ئۆزۈمنىڭ ئۆيلىرى كۆپ، سىرلىق ئورۇندىدەك بىر يەردە تۇرغاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالدىم. ھەممىلا يەردە پىچىرلىغان، تىلاۋەت قىلىۋاتقان ۋە تاقىلدىغان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كۆزۈم تېخى كۆنمىگەچكە، ناجىسىنى تاپالماي قالدىم. بىزنى باشلاپ كىرگەن كىشى بىلىكىمدىن تارتىپ، كۆك رەڭلىك بىر ئۆيگە باشلاپ كىردى، ئۆيدە خىرە يورۇپ تۇرغان بىر زىننەت چىرىغى بار ئىدى. ئۆيدە ئولتۇرغان قىرىق - ئەللىك ئادەم كۆك رەڭلىك بىر رەسىمنى رىتىملىق ئايلىنىۋاتاتتى، رەسىمدىكىسى كۆك رەڭلىك بىر ئىلاھ بولۇپ، بېشى بىر ياققا سەل قىيسىيىپ تۇراتتى، تاجىغا بىر تال توز پېيى قىستۇرۇقلۇق ئىدى. ئۆينىڭ بىر تەرىپىدە ئاق كىيىملىك ئىككى ئايالنىڭ بىرى بوينىغا بىر دۇمباقنى ئېسىۋالغانىدى. ئۇلار دۇئا - تىلاۋەت قىلغاچ پۇتىنى يەرگە يەڭگىل ئۇرۇپ ئالدى - كەينىگە تەۋرىنەتتى. «Hare krixshna, hare rama» دېگەن سۆزلەر ئۆي ئىچىنى بىر ئالغانىدى. بەزى كىشىلەر بۇ ئىككى ئايالغا قاراپ ئەس - ھوشىنى يوقاتقان، يەنە بەزى كىشىلەر گۈلبادقا قاراشماقتا ئىدى. بۇ پاكار ئەر كىشى كۆزئەينەك تاقىۋالغان، قىسقا قىرقىلما چاچلىرى سەل - پەل كۈل رەڭگە ئۆزگەرگەندەك قىلاتتى. چىرايىدىن ناھايىتى

ياش كۆرۈنىدىغان بۇ كىشى شىرەنىڭ كەينىدە ئولتۇرۇپ تىلاۋەت قىلىۋاتاتتى، شىرەگە بىر كىتاب قويۇلغانىدى. رەڭلىك ئىشكتىن تالاغا قارىسىڭىز، گۈللۈك ئاۋۋالقىدەكلا تىمتاس، نەمخۇش، بۇ يەردىكى ئاۋاتلىق ۋە قىستا ـ قىستاڭچىلىقنى كۆرسىتىدىغان ھېچقانداق ئالامەت يوق ئىدى.

ناجىسىنىڭ ماڭا بەرگەن تەسىرى توپەيلى، مەن ئەسلىدە كىرىشتا مۇخلىسلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا ئوخشايدۇ، ياش، ئاسىي، يېڭى ئەسىر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە دەپ قالغانىدىم. ھالبۇكى، كۆك رەڭلىك بۇ ئۆيدە كۆرگەن چىرايلار مۆلچەرىمدىكىگە زادىلا ئوخشىمايتتى. بۇ يەردە بىرمۇنچە ياشلار بولسىمۇ، بىراق يېشى چوڭ ئاياللار، ئانىلار ۋە خوتۇنلار تېخىمۇ كۆپ بولۇپ، بەزىلىرى پۈتۈن بەدىنىنى چۈمكىۋالغانىدى. ئۆينىڭ يەنە بىر تەرىپىدە، نۇرغۇن تاقىرباش ئەرلەرنى كۆردۈم، ئۇلار ئاچ سېرىق ئىشتان ۋە شەتلەڭگە كۆڭلەك كىيىۋالغان، بارمىقىغا ئالتۇن ئۈزۈك سېلىۋالغان، بانكىر ياكى دۇكان غوجايىنلىرىغا ئوخشايتتى. بۇ ئەر كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى قىرىق ياشنىڭ ئۈستىدە ئىدى. نېمە سەۋەبتىنكىنتاڭ، توپتىكى بۇ ئوتتۇرا ياشلىق ئەرلەر ۋە ئوتتۇرا بۇرژۇئازلاردىن باشقا، يەنە چىرايىدىن سەل موھتاجلىق بىلىنىپ تۇرغان ئەرلەرمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى تېزلىشىۋاتقان مۇناجات رىتىمىغا ئەگىشىپ، مەلۇم يوشۇرۇن ئارزۇغا ئىتائەت قىلىۋاتقاندەك، شۇنىڭ بىلەن بىللە بىر خىل سەزگۈ توغرىلىقنى تەڭشەشكە تىرىشىۋاتقاندەك، ئەمما يەنە خاتا نەرسىنى كۆرۈۋاتقاندەك قىلاتتى. بىر ـ ئىككى كىشى ماڭا گۇمانلىنىش نەزىرى بىلەن قارىدى. ئېنېرگىيە گۈلبادىنىڭ مۇناجىتى ۋە ئىككى قەسىدىچىنىڭ ئارىسىدا تەدرىجى جۇغلانماقتا ئىدى.

ئۆينىڭ ھەممىلا يېرىگە رەسىم ۋە سۈرەتلەر چاپلىنىپ كەتكەن، شوخ رەڭ بىلەن سىزىلغان سىۋام پابۇپاد (كىرىشتا دىنىنىڭ 20 ـ ئەسىردىكى ياراتقۇچىسى) نىڭ رەسىملىرى ئىدى.

يەنە كىرىشنانىڭ تۈرلۈك رەسىملىرىمۇ بار ئىدى: بالىلىق دەۋرىدىكى كىرىشنا سىرىق مايىنى ئوينىماقتا؛ بولىۋۇدىنىڭ مۇھەببەت فىلىملىرىدىكىگە ئوخشاش، كىرىشنا بىلەن قىز دوستى لادا بىللە تۇراتتى؛ كىرىشنا ۋە ئۇنىڭ نېيى؛ كىرىشنانىڭ چوڭ رەسىمى؛ سىرتى سىرىق يالغان گۈل بىلەن زىننەتلەنگەن كىرىشنانىڭ كىچىك نەزىر ـ چىراغ مېھرابى. بۇلاردىن باشقا، كۆزگە ئەڭ چېلىقىدىغىنى ناراسىمخانىڭ رەسىمى ئىدى. ئۇ ۋىشنۇنىڭ ئۆزگەرمە گەۋدىسى بولۇپ، سىفىنكىس (ئاسلان ئادەم) بىر پادىشاھنى پارە ـ پارە قىلماقتا ئىدى، سەۋەبى ئۇ ئۆز ئوغلىنىڭ ئىلاھقا ئەركىن تاۋاپ قىلىشىنى چەكلىگەنىدى. ھىندىستاندا بولسامۇ، بۇ رەسىمنى دائىم كۆرەلمەيتتىم. مەن ئۇنىڭ تېھراندا مەۋجۇت بولۇشى چوقۇم گۇلبادىنىڭ ئىسلام جۇمھۇرىيىتىگە بولغان نارازىلىقىنى ۋەكىللىك قىلىدۇ، دېگەننى ئىختىيارسىز ئويلاپ قالدىم.

شۇ تاپتا مۇناجاتقا ئەسەبىيلىك بىلەن غەرق بولغان گۇلباد سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئۇزۇك تاۋۇشنى پەرقلەندۈرگۈدەك ھەپسىلىسى قالمىغانىدى. بۇ كۆك رەڭلىك ئىلاھنىڭ ئىسمى ئەمدى ھاسىراش ئارىلاشقان زەئىپ سۆزگە ئايلىنىپ كەتكەنىدى: «كىرىش ـ نا، كىرىش ـ نا، كىرىش ـ نا، راما، راما، راما». دەل مۇشۇ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئۆزۈلۈپ قالىدىغاندەك بولغاندا، تۇيۇقسىز تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. مەن گۇلبادنى كۆزىتىۋاتقىنىمدا، بىر كىشى كىرىپ ئارقىمدا تۇردى. مەن ئارقىمغا بۇرالغىنىمدا، ئۇنىڭ چىرايىنىڭ ۋەھىمە ۋە مەجبۇرىي ئىتائەتمەنلىك ئىپادىسىگە تولغانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. ئېگىز بوي، دومچەك، چار ساقاللىق بۇ ئەر كىشى ئۆيگە كىرىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن گۇلباد خېلىلا جىددىيلىشىپ ئاۋازى پەسلەپ كەتتى: «كىرىش ـ نا، كىرىش ـ نا، كىرىش ـ نا، راما، راما، راما، ئەلى، ئەلى، ئاللا، ئاللا، ئاللا.»

نېمە؟

شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە ئەھۋالنى چۈشەنمەيتتىمەن، بىراق

كىرگەن ھېلىقى كىشى جاسۇس ئىكەن. گۈلبادىنىڭ يىغىلىشى ئىلگىرى قامال قىلىنغان، ئۇ تۈرمىدە ياتقان، سوراق قىلىنغان، بىراق ئىزچىل ۋاز كەچمىگەنىكەن. ئەمىر نىڭ ئىپتىقىنىدەك، دۆلەت ئاخىر ئۇنىڭ ئاۋازىنى بېسىشنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى قارار قىپتۇ.

ھېلىقى كىشى كىرىپ ئۇزاق ئۆتمەي، مۇناجات ئاستا ـ ئاستا توختاپ، گۈلباد پارس تىلىدا دۇئا قىلىشقا باشلىدى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ناجىسىنى ئىزدىدىم. بىرمۇنچە كىشى توخلاتقۇنىڭ يېنىدىكى تاماق ئۈستىلىنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ دۇئانى ئاڭلاۋاتاتتى. بۇ يەر ئىبادەتخانا بولمىغان چاغدا، ئاددىي بىر ئۆيگە ئايلىنىپ قالىدىكەن. ناجىسى ئۆيىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ دۇئاغا قۇلاق سېلىۋاتاتتى. دۇئا ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، گۈلباد سوئاللارنى قوبۇل قىلىشقا باشلىدى. ئۇ قالجى بىلەن شىئە مەھدىنى ئۆزئارا سېلىشتۇردى، ئالدىنقىسى ۋىشنۇنىڭ ئاخىرقى ئۆزگەرمە گەۋدىسى بولۇپ، ئاق ئاتقا مىنىپ يېڭى دەۋرنى ئېلىپ كېلەتتى، كېيىنكىسى رىۋايەتتە ئاخىر زامان بولغاندا ئاق ئاتقا مىنىپ پەيدا بولاتتى. بىر مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئۇلارنىڭ بالدۇرراق كېلەلەيدىغان ـ كېلەلمەيدىغانلىقىنى سورىدى.

ــ كېلەلمەيدۇ، ــ دېدى گۈلباد، ناجىسى بىر چەتتە تۇرۇپ ماڭا تەرجىمە قىلىپ بەردى، ــ ئۇ تەمكىنلىكنى ساقلىشى كېرەك.

شۇ يەرگە كەلگەندە، يىغىلىش ئاياغلاشتى، ھەممەيلەن تاماق ئۈستىلىگە كەلتۇرۇلگەن قەنت ـ گېزەكلەردىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشتى. ناجىسى شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مېنى گۈلبادقا تونۇشتۇردى.

ئۇ بەك جىددىيلىشىپ كەتتى، ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق سۆزلەپ، ئۆزىنىڭ ئىسلام دىنىغا قارشى تۈرمىغانلىقىنى ئىزھار قىلدى.

ــ ھىندىستاندىكى كىشىلەر مەندىن باشقا دىنغا قايتىدىن ئېتىقاد قىلغان ـ قىلمىغانلىقىمنى سوراشتى، ــ دېدى ئۇ، ــ لېكىن، پابۇپاد ھېكمەتلىرى ئىلاھىنىڭ مېھرىبانلىقىدىن

ئىبارەت، پابۇپادىنىڭمۇ نۇرغۇن ئىسمى بار. مەن بىر مۇسۇلمان، مەن ئاللا ۋە پەيغەمبەر مۇھەممەدنى ئىززەتلەيمەن. بىر دىن تۇپەيلى باشقا بىر دىنغا قارشى چىقمايمەن، مەن ھەممە ئېتىقادلارنى قوبۇل قىلىمەن، — ئارقىدىنلا كۆڭلىدىكى راست گېپىنى دېدى، — ئۇ بىر سوتنىڭ سودىيەسى، — دەپ پىچىرلىدى ئۇ كېيىن كىرگەن ھېلىقى كىشىگە قاراپ قويۇپ، — ئۇ بىر ھەققىي مۇسۇلمان. ئۇ بىزنىڭ دەرسىمىزگە قىزىقىپ قاپتۇ. سوت مېنىڭ دېلويىمغا قارىغان چاغدا، ئۇ شەپقەت قىلىپ باشقا ئەمەلدارلار بىلەن سۆزلىشىپ بىزنى قۇتقۇزۇپ قالغانىدى.

گۇلىيادىنىڭ گۆشسىز غىزالار ئاشخانىسىغا كېتىۋاتقاندا، ناجىسى ماڭا ھېلىقى سودىيەنىڭ دائىم گۇلبادىنىڭ ۋاھىزلىقىنى ئۇزۇپ تاشلاپ، ئىسلام دىنىنىڭ كىرىشنا ئەقىدىلىرىدىن ئۇستۇن تۇرىدىغانلىقىنى ھەمدە «قۇرئان كەرىم» نىڭ «بەگەۋەتگىتا» دىنمۇ قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدىغان كىتابلارنى تەۋسىيە قىلىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ شۇ كۈنى ئەتىگەندە كېلىشى گۇلبادنى ھىندى دىنى تىلىدىن پايدىلىنىپ ھېسسىيات ئۇرغۇپ تۇرغان تەرغىباتنى ئېلان قىلىپ، دېموكراتىيە، ئامېرىكا ۋە ماددىي دۇنيانى سۆكۈشكە مەجبۇر قىلغانىدى.

— ئۇلارنىڭ دۆلىتىدە دېموكراتىيە يوق تۇرسا، قانداق قىلىپ بىزگە دېموكراتىيەنى ئېلىپ كېلەلەيدۇ، — دەپ سورىدى ئۇ، — ئۇلار ئامېرىكىنىڭ كەيپىياتىنى ئۇرغۇتۇش ۋە ئۇلارنى غەزەپلەندۈرۈش ئارقىلىق ئۇرۇشنى قوزغايدۇ. بۇ دەل نېمە ئۈچۈن ئامېرىكىنىڭ ئافغانىستان ۋە ئىراققا قارشى ئۇرۇش قوزغىماقچى بولغانلىقىنىڭ سەۋەبى.

گۇلبادىنىڭ گۆشسىز غىزالار ئاشخانىسى قىزىل خىشلىق چىرايلىق بىر ئىمارەتنىڭ كارىدورىغا جايلاشقان، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ باش ئەلچىخانىلىرىغا يېقىن ئىدى. كونا شەھەر رايونىدا دەرەخ سايە تاشلاپ تۇرغان يوللار ۋە ئەمەلدارلارنىڭ پاكار

قەسىرلىرى بار ئىدى. سىلىنغىنىغا نەچچە يىللار بولغان ئامېرىكا باش ئەلچىخانىسى ئاشخانىنىڭ يېنىدىلا بولۇپ، پاسىل تېمى ئامېرىكىغا قارشى ھەر خىل جانلىق تام رەسىملىرى ۋە شوئارلار بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى، ئىشىكتىكى ئۇپرىتىۋېتىلگەن دۆلەت گېربى تۇتۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. خۇشماند بىزگە قوشۇلدى، ئۇ ناجىسىنىڭ دوستى ئىدى. بۇ ئوقۇغۇچى ئورۇق، پاكار، تەق - تۇرقى كېلىشكەن، قېنىق رەڭلىك كۆزلىرىدىن ناھايىتى ئەقىللىك ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.

— گۇلبادىنىڭ «ئەلى» دەپ ئوقۇشقا باشلىغىنى ھېلىقى كىشىنىڭ كىرگەنلىكى سەۋەبىدىنمۇ؟

— شۇنىڭغا باغلىسىڭىز بولىدۇ، — دېدى ناجىسى كۈلۈپ.

خۇشماند ماڭا زەن سېلىپ قارىدى. نەچچە مىنۇتنىڭ ئالدىدا ئۇمۇ كۈلگەنىدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئاكىسى ئەكېتىلىپتۇ، ئاندىن سەكسەن دەررە ئۇرۇلۇپتۇ، چۈنكى ئۇلار ئۇنىڭ ماشىنىسىنىڭ جابدۇق ساندۇقىدىن ئۇ بىر يىلنىڭ ئالدىدا قاتناشقان ئولتۇرۇشنىڭ بىر پارچە سۈرىتىنى بايقاپ قالغانىكەن. شۇ گەپنى قىلىۋاتقاندا، ئۇ جىددىي قىياپەتتە:

— سىز ھەقىقىي ئىسلام دىنىنى چۈشىنىشىڭىز كېرەك. بارلىق دىنلار سىز ئۇچۇن كۆڭۈل خاتىرجەملىكىنى بەخش ئېتىشكە تىرىشىدۇ، بىراق ئاز ساندىكى ئەقىللىق كىشىلەرلا ھەقىقىي ئىسلام دىنىنى چۈشىنىدۇ. ھىندى دىنى مۇخلىسلىرىنىڭ ئىچىدىمۇ يامان ئادەملەر بار، ئۇلار مېنى ئىبادەتخانىسىدىن قوغلىۋەتتى، بىراق مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىدا كۆپ مەسىلىلەر مەۋجۇت، — دېدى.

— نېمە ئۇچۇن؟

خۇشماند بىردەم تۇرۇۋېلىپ يەنە ئېغىز ئاچتى:

— مېنىڭچە، مۇسۇلمانلار تېخىمۇ تەلەپچان، چۈنكى ئۇلار باشقا دىنلاردىن كەلگەن تەھدىتنى ھېس قىلدى، بۇنىڭ قايسى

چاغدىن باشلانغانلىقىنى ئۇقمايمەن، ئېھتىمال ئۈچ ـ تۆت يۈز يىللار ئىلگىرى باشلانغان بولسا كېرەك. ئاتا ئوغلىغا سەن باشقا دىنلار بىلەن كۈرەش قىلىشىڭ كېرەك دېگەن، ئاندىن ئوغلى ئۆزىنىڭ ئوغلىغا ئوخشاش گەپنى قىلغان. ھازىرغا كەلگەندە، بىز بۇنىڭغا يولۇقتۇق.

ئۇ قولىنى سوزۇپ ئەتراپىمىزدىكى شەھەرنى كۆرسەتتى، ئەتىگەنكى قاتتىق يامغۇر ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئەتراپ تىپتىچ تولۇق قۇرۇپ كەتمىگەنىدى.

ئۇنىڭ «باشقا دىنلار» دېگىنى غەربنىڭ قۇدرەت تېپىۋاتقانلىقىنى كۆرسەتتى، تەھدىتىنىڭ باشلانغان ۋاقتىمۇ ئاساسەن توغرا ئىدى: ئىككى ـ ئۈچ يۈز يىللار ئىلگىرى، ياۋروپا كۈچلىرى يېڭى بىلىملەرگە تايىنىپ ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىشقا، ھەرقايسى جايلاردىكى مۇسۇلمان ئىمپېرىيەلىرى خارابىلىششقا باشلىغانىدى. بۇ خىل ئېتىقادنىڭ جاۋاب قايتۇرۇش ئۇسۇلى «قۇرئان كەرىم» ۋە ئىسلام ئەنئەنىسىنىڭ ساپلىقىنىڭ كەينىگە دالدىلىنىش ئارقىلىق، تېخىمۇ قاتتىق چارىلەر بىلەن ئۆزىنىڭ ئاددىي ـ ساددا تەرتىپىنى يولغا قويۇشتىن ئىبارەت بولدى. ۋېيفرىت بىرىنت «ۋەھھابىيلارنىڭ ئاخىرلىششندىن تارتىپ 20 ـ ئەسىردە قايتا باش كۆتۈرگۈچە بولغان ئۆتكۈنچى مەزگىلدە، ئۇلاردا ئەمرىمەرۇپلارنىڭ سۆز مەنىسى بويىچە ئەمەل قىلىشقا نىسبەتەن بىر خىل ئىسلاھات روھى زاھىر بولدى» دەپ يازغانىدى. ئۇ يەنە ئۇلارنىڭ ئىككى خاتالىقى (ئەمەلىيەتتە ئوخشاش بىر خاتالىق) نى بايقىغانىدى، ئۇ بولسىمۇ، «قۇرئان كەرىم» نىڭ سۆز ـ جۈملىلىرىنىڭ زىر ـ زەۋەرلىرىگىچە زىيادە قاتتىق تەلەپ قويۇش ھەمدە دۇنيانى ئەرەبلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنۇش ئىدى. ھالبۇكى، بىرىنتنىڭ دەۋرىدىن بىر ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن، زىر ـ زەۋەرلەر مەسىلىسى مۇۋاپىق ھەل قىلىنمايلا قالماستىن، سۆز مەنىسىگە قاتتىق ئەمەل قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىسلام دىنىنىڭ

كېڭىيىشىدىن ساقلانغىلى بولمايلا قالماستىن، ئەكسىچە، خەلقنى تىزگىنلەشتە پايدىلىنىلىدىغان قورالغا ئايلاندۇرۇلغانىدى.

※ ※ ※

ناجىسى مېنى دېسىرىپ ئىسىملىك يەنە بىر دوستى بىلەن كۆرۈشتۈرمەكچى بولدى. شۇ كۈنى كەچتە بىز ماشىنا بىلەن ئۇنىڭ تۇرالغۇسىغا باردۇق. دېسىرىپ هۆكۈمەتنىڭ ئاۋارە قىلىشىغا ئۇچراپ كەلگەنىكەن، بىرنەچچە مىنۇت ئۆتمەيلا بۇنىڭ نېمە ئۇچۇنلۇكىنى بىلدىم: ئۇنىڭ هەرىكەتلىرى غەلىتە، گەپ ـ سۆزلىرى بەكلا ئوچۇق ئىكەن. ئۆي قاراڭغۇ بولۇپ، ئۇنىڭ تۇرقىنى ئېنىق كۆرەلمىدىم. هەممە يەرنى بىر تال خىرە فىلۇئورېسسېنسىيەلىك چىراغلا يورۇتۇپ تۇراتتى. تاملار ئاق ۋە سۆسۈن رەڭدە سىرلانغانىدى. ئولتۇرغىلى بولىدىغان رجاي بىرنەچچە دانە رەڭلىك سېلىنچا ئىدى. تامغا بىر پارچە چوڭ رەسىم ئېسىلغان، ئۇنىڭدا شاهزادە ئارجۇننىڭ جەڭ هارۋىسىغا ئولتۇرۇپ جەڭ مەيدانىغا ئۇچقاندەك كېتىۋاتقانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك رىۋايەت تەسۋىرلەنگەنىدى. تام مەشتە ئىسرىق كۆيۈۋاتاتتى. ئۆينىڭ بىر تەرىپىدىكى قاراڭغۇ يەردە كەڭ ئېكرانلىق «پاناسونىك» ماركىلىق تېلېۋىزور بار ئىدى، دېسىرىپ قىزىل ئاسما مايكا ۋە ئاچ سېرىق رەڭلىك تەنھەرىكەت ئىشتىنى كىيىۋالغانىدى. باشقا دۆلەتتە بولغان بولسا، ئۇ مۇزىكا بايرىمىغا بېرىپ نەرە تارتقان ياكى گوئادىكى دېڭىز ساھىلىغا بېرىپ لاغايلاپ يۈرگەن، «ئوت ئادەم بايرىمى» (ئامېرىكىنىڭ ئەمگەكچىلەر بايرىمى، هەر يىلى 9 ـ ئاينىڭ تۇنجى دۈشەنبە كۈنى ئۆتكۈزۈلىدۇ — تەرجىماندىن)غا قاتناشقان ۋە ياكى بالى ئارىلىدىكى مەشهۇر تولۇن ئاي يىغىلىشىغا قاتناشقان بولاتتى، بىراق بۇ يەردە ئۇ ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلىرىمۇ قاتتىق

باشقۇرۇلىدىغان نىشان ئىكەن. ئۇلار ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۇنى ئەكېتىدىكەن، بەزىدە ئۇ ئاممىۋى سورۇندا قاتتىق كۈلگەنلىكى ئۈچۈنمۇ ئەكېتىلىدىكەن. لېكىن، يېقىندا يۈز بەرگەن بىر قېتىملىقى ئەڭ ئېغىر ئىكەن.

— تالاي قېتىم! تالاي قېتىم! مەن سىزگە سۆزلەپ بېرەي! — ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئەكېتىلىپ باققان ـ باقمىغانلىقىنى سورىغىنىمدا، ئۇ ئۈنلۈك ئاۋازدا سۆزلەپ كەتتى، — لېكىن، مەسىلە مېنىڭ قانداق قىلىپ قۇتۇلۇشنى بىلگەنلىكىمدە. مەن قارىماققا چەت ئەللىككە ئوخشايمەن، ئىرانلىققا ئانچە ئوخشىمايمەن، شۇڭا نۇرغۇن قېتىم يالغاندىن فىرانسىيەلىك ياكى ھىندىستانلىق بولۇۋالدىم. مەن ئۇلارغا قانداق پارا بېرىشنى، ئۇلار بىلەن قانداق سۆزلىشىشنى بىلىمەن، بىراق بۇ قېتىم پاراڭلاشقۇدەكمۇ ئىمكانىيەت قالمىدى.

— ئۇلار نېمىشقا كەپتۇ؟

— چۈنكى، مەن دوستۇم بىلەن شىمشاكقا بېرىپ ئويناپ كەلمەكچىدۇق، — ئۇ گېپىنى قىلغان جاي تېھراننىڭ شىمالىدىكى قار تېيىلىش ئارامگاھى ئىدى، — دوستلىرىم بىرمۇنچە دورىغا ئېھتىياجلىق ئىدى، بۇنى سىزمۇ بىلىسىز. بىر كىشى ئۇنىڭغا نەرسىنى بەرگىلى كەپتۇ، ئۇ ئىلگىرى دائىم كېلىپ تۇراتتى. لېكىن، بۇ قېتىم ساقچىلار ئۇنى دوستۇمنىڭ ئۆيىگە يالاپ كەپتۇ، ئۇ تۇتۇلۇپ قاپتۇ.

— ھېلىقى زەھەر ساتقۇچىمۇ؟

— ھەئە، ئۇلار زەھەر ساتقۇچىنى تۇتقاندىن كېيىن دوستۇمنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. مەن ئۇ يەرگە بارغاندا، ئۇلار كۈتۈپ تۇرغان، ئۆزلىرىنىڭ پارتىيىنى قىلىشقاچ، دوستۇم بىلەن سۆزلىشىۋاتقانىكەن. مەن كېلىشتىن ئىلگىرى دوستۇم تېلېفون بېرىپ: «ماشىناڭنى ھەيدەپ كېلىپ مېنى ئېلىپ كەتكىن، بىز شىمشاكقا بېرىپ تۇغۇلغان كۈنۈمنى تەبرىكلەيلى» دېگەن، شۇنىڭ بىلەن ماشىنامنى ھەيدەپ ئۇنى ئالغىلى بارغانىدىم.

ئىشىكتىن كىرىشىمگە، تۇيۇقسىز بىر ئەبلەخ تاپانچىسىنى پېشانەمگە تەڭلىدى.

— دوستىڭىزمۇ ئۆيدە بارمىكەن؟

— ھەئە، ئىشىك قوڭغۇرىقىنى باسقان چېغىمدا، ئۇلار ئۇنىڭ تورالغۇسىنى ئاختۇرۇۋاتقانىكەن.

— ئۇ سىزگە كەلمىگىن دەپ تېلېفون بەرمىگەنمىدى؟

— ئۇنىڭغا ئامال يوق - دە! ئۇنداق قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس! ئۇلار ئۇنىڭ ھەرقانداق ئىشنى قىلىشىغا رۇخسەت قىلماپتۇ. ئىشقىلىپ، ئۇلار ئۇ يەردە تۇرۇۋېلىپ، ھەرقانداق قوپال ئىشنى قىپتۇ... ئۇلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئاياللارنى ئۇرۇشمۇ ئادەتتىكى ئىش. تېخى كىچىك چېغىمدىلا، دادام: «ئاپاڭنىڭ ئەدىپىنى بېرىمەن» دەيتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاپىسىنى، ئاچا - سىڭىللىرىنى، ھەممىمىزنى ئۇرۇشقا باشلايتتى. شۇڭا، دەيمەن، بىزنى ئۇرۇش ئۇلار ئۇچۇن ھېچقانچە ئىش ئەمەس.

— ئۇلار سىزنى ئۇرۇپ باققانمۇ؟

— ئەلۋەتتە ئۇرغان! — دېدى ئۇ تەنتەنە قىلىۋاتقاندەك تەلەپپۇزدا، — بىر قېتىم بىز شىمشاكقا بارغاندۇق، ناجىسىمۇ شۇ يەردە بار ئىدى، — زەپە رەڭلىك سىپلىنچىدا ئولتۇرغان ناجىسى بۇياققا قارىدى، — بىز يولدا كېتىۋاتاتتۇق، — دېسىرى سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — شۇ چاغ كەچقۇرۇن ئىدى، بىز ئۆيۈمدىن ناجىسىنىڭكىگە كېتىۋاتاتتۇق. مېنىڭ ماشىنام بار، ئەمما پىيادە ماڭغۇم بار ئىدى. بۇ چاغدا بىر ماشىنا بىزگە قاراپ كەلدى، ئۇ ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ ماشىنىسى ياكى ساقچى ماشىنىسىمۇ ئەمەس، ئاق رەڭلىك «پىرىدې» ئىدى. بىز ئۇلارنى كۆرۈپ، قىزلارغا قاش - كۆز ئوينىتىدىغان ھېلىقى كىشىلەرغۇ دەپ قاپتۇق. تۇيۇقسىز ئېگىز بويلۇق تۆت كىشىنىڭ ماشىنىدىن چۈشۈپ بىزنى تۇتماقچى بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدۇق. ئۇلار بىر دوستۇمنى تۇتۇۋېلىپ، ماشىنىسىغا ئىتتىرىپ

چىقارماقچى بولدى. شۇ چاغدا دوستۇم قارشىلىق كۆرسىتىش نىيىتى يوقلۇقىنى بىلدۈرۈپ، قىز بالىلارغا خاس «ھىم، ھىم» دېگەن بۇرۇن تاۋۇشىنى چىقاردى. لېكىن، مەن ئۇنداق قىلمىدىم... مەن: «مەندىن يىراق تۇرۇش! ماڭا قول تەگكۈزۈشمە! ماڭا قول تەگكۈزۈشمە!» دېدىم. مەن باشقا كىشىلەردىن ياردەم تەلەپ قىلماقچى بولدۇم، چۈنكى شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ساقچى ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىم.

— ئۇلار بارسكى خەلق ئەسكەرلىرىمىكەن؟

— ياق، ياق! ئۇلار ناھايىتى پاكىز، ئاق كۆڭلەك كىيگەن، ئادەتتىكى ئادەملەردەك قىلاتتى. سىزگە دېسەم، شۇ كۈنى كەچتىن كېيىن مەن ھەممە كىشىدىن قاتتىق قورقىدىغان بولۇپ قالدىم، چۈنكى ھېلىقى كىشىلەر قارىماققا بەك ئادەتتىكىچە ئىدى. ھەتتا ئۇلارنىڭ ئالدىدا يىغىلىش ئۆتكۈزىشىڭىزمۇ بولىدىغاندەك قىلاتتى، — گويا دۇنيانى يېرىمى يىغىلىش ئۆتكۈزىدىغان كىشىلەرنىڭ، يېرىمى يىغىلىش ئۆتكۈزمەيدىغان كىشىلەرنىڭ قىلىپ ئىككىگە بۆلگىلى بولىدىغاندەك، دېسىرى «يىغىلىش» دېگەن سۆزنى سوزۇپ ئۇرغۇ بىلەن ئېيتتى، — بىز بۇ كىشىلەرنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى بىلمەيتتۇق! مەن بۇ كىشىلەرنىڭ بىزنى تۇتۇپ كېتىشىدىن، بىزگە باسقۇنچىلىق قىلىشىدىن قورقتۇق. سىز قانداق بولىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەشكە ئامالسىز - دە! مەن چىرقىرىدىم، «گۇۋاھنامەڭلارنى چىقىرىڭلار، ماڭا كۆرسىتىڭلار» دېدىم. ئاقىۋەتتە ئۇلار ناھايىتى يوغان ساقچى كالتىكى بىلەن بىزنى ئۇرۇپ كەتتى! ناجىسى بەك قىزىق دەڭا، — ئۇ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى، — سىزگە مەلۇم، ئۇنىڭ بەدىنى چوڭراق، شۇڭا ئۇلار ئۇنى ماشىنىغا ئىتتىرىپ كىرگۈزمەكچى بولغاندا، مەن: «ناجىسى، كىرمە، كىرمە!» دەپ توۋلىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قولىنى كۆتۈرۈۋالدى، ئۇلار ھەرقانچە ئىتتىرىپمۇ ماشىنىغا كىرگۈزەلمىدى، — دېدى دېسىرى كۈلۈپ، ئۇنىڭ ئاۋازى ياڭراق

ئىدى، شۇ چاغدىلا مەن ئۇنىڭ بەش ئەزاسى، چىرايلىق ئېڭىكى، قىزىل لەۋ سۇرۇخى، يەنە پارقىراپ تۇرىدىغان قوڭۇر تېرىسىنى ئېنىق كۆردۇم. ئۇنىڭ دېگىنى خاتا ئەمەس ئىدى، ئۇ ئۆزىنى ھەرقانداق دۆلەتنىڭ ئادىمى دېسە بولىۋېرىدىكەن.

— ئۇلار مېنى ئۇرۇپ چالا ئۆلۈك قىلىپ قويۇشتى! — ئۇ بۇ گەپنى قىلغاندا، روھى كۆتۈرەڭگۈ، تەلەپپۇزى يەڭگىل بولۇپ، ئاڭلىماققا بۇ گېپى راستتەك قىلمايتتى.

— ساقچى كالتىكى بىلەن؟

— شۇنداق، ساقچى كالتىكى بىلەن. قەسەم قىلىمەن، ئەگەر مەن شۇنداق قىلمىغان بولسام، — ئۇ سۆزلىگەچ، قولىنى بېشىنىڭ ئۇستىگىچە كۆتۈردى، — جەزمەن جېنىمدىن ئايرىلاتتىم، چۈنكى مېنىڭ قوللىرىم قارا. تۇيۇقسىز ناجىسىنىڭ قېچىۋاتقانلىقىنى، ساقچى كالتىكى كۆتۈرۈۋالغان بىر ئەبلەخنىڭ ئۇنىڭ بېشىغا ئۇرماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ: «ئۇنىڭغا چېقىلما، ئۇنى ئۇرما» دەپ ۋارقىرىدىم، ئاندىن يەنە كومىتېتتىكى ھېلىقى كىشىلەرنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ باردىم. ناجىسى بەك ئەقىللىك، ئۇ مۇشۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ قېچىشقا باشلىدى. مەن: «قاچ، ناجىسى، تېز قاچ، ناجىسى !» دەپ توۋلىدىم. ئاندىن، ھەي، ناجىسى دېگەن بۇ ھاماقەتنى دېمەمسىز! قاچقاندىن كېيىن يەنە قايتىپ كەلدى ! ئارقىغا قاراپ يۈگۈرۈپ كەلدى ! مەن بۇ ھاماقەت نېمە قىلىۋاتقاندۇ؟ قايتىپ كەلدىغۇ؟! دەپ ئويلىدىم، — دېسىرى ئەينى چاغدىكى ھەربىر سېكۇنتنى ئەسلەۋاتقاندا، توڭلاتقۇنىڭ ئالدىدىكى مۇز قوشۇلغان ۋوتكىنى ئوتلاپ قوياتتى، — ئۇ ماڭا قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋېتىپ: «گېپىمگە قۇلاق سال، گېپىمگە قۇلاق سال، ماشىنانىڭ بۇ يەردە ئىكەن، مەن ماشىناڭنى كۆردۈم» دېدى. مەن: «ماشىنا دېگەن قۇرۇپ كەتسۇن، تېز قاچ، ئاھ خۇدا، تېز قاچ دەيمەن !» دېدىم. ئۇ تېخى ماشىنامدىن ئەنسىرەپ كېتىپتۇ!

دېسىرېنىڭ بۇنداق ئۇسۇلدا سۆزلىشى ئادەمنى بەك تىت - تىت قىلىۋېتەتتى. ئۇنىڭدا رەھىمسىزلىك، ھاڭۋاقتىلىكتەك بىر خىل ئالامەت بار ئىدى. ئۇنىڭ كۆچەپ ۋارقىراپ سۆزلىشى ماختىنىۋاتقانغا ئوخشاپ كېتەتتى؛ كۆزلىرىدىن ھارغىنلىق بىلىنىپ تۇراتتى.

ناجىسى قېچىپ قۇتۇلغان، دېسىرې سېزىمىنى يوقاتقان...

— ھوشۇمغا كەلگەندە، مېنى قاتتىق دۇمباللىغان ئادەمگە: «سېنىڭ ئاپاڭ بارمۇ؟ ئاچا - سىڭىللىرىڭ بارمۇ؟ بىر ئايال كىشىنى بۇنداق ئۇرساڭ قانچىلىك ئاغرىيدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟ بولدى، ئۇرما، ئۆتۈنۈپ قالاي، رەھىم قىل!» دېدىم. ئۇ رەھىم قىلمىدى. مەن بەدىنىم قانغا مىلەنگەن ھالدا يەرگە يىقىلدىم.

— ئۇلارنىڭ چوقۇم بىر سەۋەبى باردۇ؟ سىزنىڭچە، ئۇلار نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلىدۇ؟

— سەۋەب يوق. ئۇلارنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق. ئۇلارنىڭ ئەزەلدىن سەۋەبى بولۇپ باقمىغان.

— ئەگەر سىزنىڭ سەۋەب كۆرسىتىشىڭىز زۆرۈر بولسا...

— ئۇلار: «بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسىلەر؟ بۇ يەر ياۋروپاغا ئوخشامدىكەن؟ قانداق ئىش بۇ؟ بۇ نېمە؟ قىز بالا بىلەن ئوغۇل بالا بىللە كوچىدا لاغايلاپ يۈرسە تازا قاملاشمىغان ئىشقۇ، كىشىلەرنىڭ خۇشاللىقتىن بەھرىمەن بولۇشى چەكلەنگەن. سەن داۋاملىق قاتتىق يىغلىشىڭ، ئۆزۈڭنى ئۆلگۈچە ئۇرۇشۇڭ، ئازاب - ئوقۇبەت تارتىشىڭ كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ئۇلار سېنى ياخشى كۆرىدۇ» دېگەننى بىلدۈرمەكچى. سىز ھەتتا چىرايلىقراق ياسانسىڭىزمۇ بولمايدۇ. بۇرۇن مېنىڭ بىر پارچە چىرايلىق سۈرىتىم بار ئىدى، ئۇنى پاسپورت ئىشلەشكە ئاپىرىپ بەرگەنىدىم، ئۇلار سۈرىتىمنى قايتۇرۇۋەتتى! ئۇلار: «بۇ سۈرەت ناھايىتى چىرايلىق تارتىلىپتۇ، بىز قوبۇل قىلمايمىز» دېيىشتى. ئاندىن، شۇنداق سەت بىر پارچە سۈرىتىمنى

تاللىۋېلىپ پاسپورتۇمغا چاپلىدى، — دېدى دېسىرى قاقاھلاپ كۈلۈپ.

دېسىرېنىڭ تۇرمۇشىدا ھۆكۈمەت غايەت زور مەخلۇق بولۇپ، ئۇنى يەۋېتىدىغاندەكلا قىلىدىكەن.

— سىزگە سۆزلەپ بېرەي، — دېدى ئۇ، — ئۇلار مېنى ئۇرغاندىن كېيىن، سۆرەپ مېڭىشتى، چۈنكى مېنىڭ ماڭغۇدەك ھالىم قالمىغانىدى. ئۇلار قولۇمدىن تارتىپ سۆرەشتى، ئاندىن ماشىنىسىغا سېلىشتى. ئۇ بىر مىنىبۇس بولۇپ، ئىچىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ھۆركىرەپ يىغلاۋاتقان ياشلار ئىكەن.

ئۇلار يولغا توسۇق قويۇپ ماشىنىلارنى توختىتىپ، كىشىلەرنى ماشىنىلاردىن چۈشۈرۈپتۇ، ئۆيمۇئۆي يۈرۈپ ئىشىك ئۇرۇپ، ئۆيلەرنى بىرمۇبىر ئاختۇرۇپتۇ. ناجىسى بىلەن دېسىرېنىڭ دېيىشىچە، ئاشۇ ئاخشىمى ساقچىلار ئوتتۇز نەچچە ماشىنا ئادەمنى تېھرانغا ئاپىرىپتۇ. دېسىرېنىڭ شىمشاكتىكى تونۇشلىرى ئۇنى ماشىنىدىن چۈشۈرۈۋاپتۇ. يەنە بىر ئىشنى ئاڭلىغىنىمدا، چوقۇم چىرايىمنى قورقۇنچ قاپلاپ كەتتىغۇ دەيمەن، چۈنكى ئۇ ئاچچىقى بىلەن:

— مەن ياش ئەمەس. نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىشىدۇ؟ سىز مېنى قانچە ياشتا دەپ قالغانىدىڭىز؟ — دېدى.

مەن خىرە يورۇقتا ئۇنىڭ چىرايىنى تېخىمۇ ئېنىقراق كۆرۈپ بېقىشقا تىرىشتىم. ئەسلىدە ئۇنى يىگىرمە نەچچە ياشلاردا، ئوتتۇز ياشقا يېقىنلىشىپ قالغان دەپ ئويلىغانىدىم. بۇ چاغدا مەن تېخىمۇ يېقىنلىشىپ، تېرىسىنىڭ مەن دەسلەپتە ئويلىغىنىمغا قارىغاندا بوشاپ كەتكەنلىكىنى، يەنە قورۇقلىرىمۇ بارلىقىنى بايقىدىم. ئۇ قىرىق ياشقا كىرگەن بولۇپ، يىگىرمە ياشلىق ئوغلى بار ئىكەن. ئۇ ھەقىقەتەن غەلىتە ئايال ئىكەن، ياسىنىشى ۋە يۈرۈش - تۇرۇشى ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭكى بىلەن ئوخشاش ئىكەن. ئۇ يىغىلىش ئۆتكۈزۈش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر تىرىشىپ كەپتۇ.

دەسلەپكى ھېكايىگە قايتىپ كەلگەندە، ئۇنىڭدىن پېشانىسىگە تەگلەنگەن تاپانچىنى ئىتتىرىۋەتكەندىن كېيىن قانداق ئىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى سورىدىم.

— ئۇلار سىزنى تۇتۇپ تۈرمىگە ئاپاردىمۇ؟

— ياق، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ، — ئۇلار بەزى كىشىلەرنىڭ ئىسمىنى دەپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلدى. ئۇلاردا يەنە ناھايىتى قورقۇنچلۇق توكلۇق بىرنەرسە بار ئىكەن. ئۇلار ئۇنى ماڭا تەگلەپ، ئىسىملارنى ئېيتىپ بېرىشكە زورلىدى. مەن ھېچقانداق ئىسىمنى بىلمەيدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇلار قوقاق سېلىپ: «بىلمەيسەن؟ بىزنىڭ قويۇۋېتىشىمىزنى خالىساڭ، شۇ كىشىلەرنىڭ ئىسمىنى دە» دېدى.

دېسىرې ھېچكىمنىڭ ئىسمىنى دېيەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن، ئۇلار ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ ئۆيىنى ئاختۇرۇپتۇ.

— ئۇلار بىرەر نەرسە تاپالىدىمۇ؟

— ئەلۋەتتە تاپتى، — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ، بۇ چاغدا كەيپىياتى خېلى ياخشىلىنىپ قالغانىدى، — رومكا، ھاراق، سۇنئىي ھەمراھ ئانتېنناسى. ۋاي خۇدايىمەي، مېنىڭ ئۆيۈم ياخشى ئەمەس! سوتتىكى چېغىمدا، بىر ئەبلەخ سودىيەگە: «سودىيە ئالىيلىرى، سىز ئۇنىڭ ئۆيىنى كۆرۈپ بېقىشىڭىز كېرەك. مەن ئۇنىڭ ئۆيىدىكى كۆرۈنۈشلەرنى سىنئالغۇغا ئېلىپ سىزگە كۆرسەتمەي قويىمايمەن. ئەگەر سىز ئۇنىڭ ئۆيىنى كۆرگەن بولسىڭىز، چوقۇم ئايۋانزغا ئالتە ئاي قاماپ قويغان بولاتتىڭىز» دېدى.

ئۇنىڭ دېگىنى ئايۋانىز تۈرمىسى ئىدى. ئارقىدىن بىر قېتىملىق ئاتالمىش سوت بوپتۇ، بۇ مەزگىلدە ھەم دېسىرېنىڭ ئادۋوكات تەكلىپ قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنماپتۇ، ھەم ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ سوتقا بېرىشى چەكلىنىپتۇ. دادىسى ئۇنى يوقلىغىلى كەلگەندە، يالغاندىن سوت ئاياغلىشىپ بولدى، قىزىڭ ئايۋانز تۈرمىسىدە ئالتە ئاي جازا مۇددىتىنى ئۆتەيدۇ دېيىلىپتۇ.

سوتتا دېسىرىغا يۈكلەنگەن جىنايەت شەھۋانىي بۇيۇملارنى سۈرەتكە ئېلىپ ئىشلەش دېگەنلەردىن ئىبارەت ئىكەن. ئۇنى ئەيىبلىگۈچى ئۇنىڭغا بولغان چوڭقۇر ئۆچ ـ ئاداۋىتىنى ئاشكارىلا ئىپادىلىگەنلىكتىن، ھەتتا سودىيەنىمۇ گۇمانلاندۇرۇپ قويۇپتۇ.

ــ سىز نېمە قىلماقچى، ــ دەپتۇ سودىيە ئاخىر، ــ ماڭا ئۇنى چالما ـ كېسەك قىلدۇرماقچىمۇ؟ سىز ئۇنىڭغا شۇنچە ئۆچمۇ؟

بەش مىنۇتتىن كېيىن، دېسىرىنىڭ دادىسى سوتنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتۈپ قېلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە يالغان سۆزلىگەنلىكىنى بىلىپ قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ. بۇ چاغدا دېسىرىنىڭ تۈرمىگە ئېلىپ كېتىلگىنىگە تۆت كۈن بولغانىكەن.

ــ ئۇلار ئامال تېپىپ سىزنى بالدۇرراق قۇتقۇزۇپ چىقمىدىمۇ؟

ــ ئۇنداق قىلالمايدۇ، ــ دېدى ئۇ، ــ تۆت كۈن دېگەن ھېچنېمە ئەمەس. بۇ دېگەن تەييارلىق دەرىجىسىدىكى قاماش. ھەقىقىي تۈرمە ئايۋانى.

ــ بۇ تۆت كۈندىكى كەچۈرمىشلىرىڭىز قانداق بولدى؟

ــ ھە، ماقۇل، سۆزلەپ بېرەي، ــ دېدى ئۇ، ــ ئىچى بەك پاسكىنا، دورا يەيدىغان، خىروئىن چېكىدىغانلار بار ئىدى، ئۇلار ئۇدۇل كەلگەن يەرگە تۈكۈرەتتى. ھەممىمىز بىر كىچىك ئۆيدە تۇردۇق، بىللە ئۇخلىدۇق. كارىۋات كىرلىكلىرى پاسكىنا ھەم سېسىق، ھەممەيلەن پاسكىنا ھەم سېسىق ئىدى. مەن بىر پارچە رەختنى ئېلىۋالغانىدىم ــ ياپونچە كىيىمگە ئوخشايتتى ــ كەچتە ئۇنىڭغا يۆگىنىۋالاتتىم، بۇنداق قىلسام ھېچنېمە ماڭا تېگەلمەيتتى.

ئۇ تۈرمىدىن چىققاندا، بىرەر دوستىمۇ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى خالىماپتۇ، ئۇ بەرگەن تېلېفوننىمۇ ئالماپتۇ.

ــ نېمىشقا؟

ــ ئۇلار بەك قورقۇپ كېتىپتۇ.

ــ نېمىدىن قورقىدۇ؟

— ئۇلارنىڭ ئىسمىنى دەپ قويۇشۇمدىن قورقىدۇ. چۈنكى، مېنىڭ يېقىن دوستۇم ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە ئۇنىڭ ئىسمىنى دەپ قويىدىغانلىقىمنى ئېيتىپتۇ. ئۇ چەت ئەلگە قېچىش ئۈچۈن بىر باھانە تېپىشقا موھتاج ئىكەن. كېيىن ئۇنىڭغا: «سەن نېمىنى ئويلاۋاتىسەن؟ ماڭا بۇنداق ئىشنى قىلساڭ قانداق بولىدۇ؟» دېسەم، ئۇ: «مەن سېنى بەربىر گۇناھكار بولۇپ بولدى، يەنە بىر ئاز قوشۇۋەتسەممۇ كارايىتى چاغلىق دەپ ئويلاپتىمەن» دېدى. مەن: «نېمە؟ سېنىڭ ئاشۇ قوشۇۋەتكىنىڭ چاتاق بوپتۇ ئەمەسمۇ؟ سەن ئۆلمەكىنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك ئىش قىلماي، مېنىڭ ئازابىمنى يەڭگىللىتىشىڭ كېرەك ئىدى!» دەپ ۋارقىراپ كەتتىم. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۆيدە تۇردۇم. ھەرقانداق كىشىگە تېلېفون بەرمەيدىغان، ھېچ يەرگىمۇ بارمايدىغان بولدۇم، چۈنكى مەن بارغانلىكى يەردە، كىشىلەر ئۆزىنى بىمالال ھېس قىلالمايتتى. ئۇلار مېنى ھۆكۈمەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلايتتى. چۈنكى، كۆپىنچە ئەھۋالدا، ھەر قېتىم ھۆكۈمەت سىزنى ئېلىپ كەتكەن، جازامۇ ئېغىر بولغان چاغلاردا، باشقىلار سىزنى ئاخبارات يەتكۈزگۈچى بولۇپ قالدىمىكىن دەپ گۇمان قىلاتتى. سىز ھەربىر ئادەمدىن پەخەس بولۇشىڭىز كېرەك ئىدى.

دېسىرې بۇ نۇقتىنى ئەڭ ئۇسال قىسمى دەپ تەسۋىرلەۋاتقاندا، ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ راستلىقىغا ئىشەندىم، بىراق ئۇنىڭ دوستلىرىغىمۇ ئىختىيارسىز ھېسداشلىق قىلدىم. ھەممىلا كىشى دېسىرېغا ئوخشاش قەھرىمانلىق جاسارىتىگە ئىگە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئەڭ قىممەتلىك نۇقتا شۇكى، قەھرىمانلىق جاسارىتى بولمىغان تەقدىردىمۇ، خەلق غۇرۇرى بىلەن ياشىيالايدۇ، شۇنداقلا قورقۇش تۈپەيلى دوستلىرىغا ئاسىيلىق قىلىپ قويۇپ ئازابلىنىدىغان ئىشنى قىلمايدۇ. قەھرىمان مۆرىتى كەلگەندە كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ھەقىقىي قەھرىمانلىق بۇرچىنى ئادا قىلىدۇ. دېسىرېنىڭ

قەھرىمانلىقى راست دېيىلگەن تەقدىردىمۇ، ئەركىن «يىغىلىش ئۆتكۈزۈش» نى قوغلىشىش جەريانىدا ئىسراپ قىلىنىۋېتىلگەنىدى.

— نېمە ئۈچۈن بۇ يەردە قالدىڭىز؟

— بۇ مېنىڭ زېمىنىم، — دەپ پىچىرلىدى دېسىرې، — بىلمىدىم، مەيلى نەگە باراي، ھامان بۇ يەرنى سېغىنىمەن. فىرانسۇزچە، ئىنگلىزچە سۆزلىيەلەيمەن، مەن ئەنگلىيە پۇقراسى. ئېرىم بار، ئوغلۇم ئەنگلىيەدە، يەنە ئائىلەمدىكىلەرنىڭ بەزىلىرى ئۇ يەردە. ھەممە كىشى مەندىن: «نېمە ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلدىڭ؟» دەپ سورىشىدۇ. ھەر قېتىم بىر يەرگە بارسام، شۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرىمەن، — ئۇ ماڭا بىر چوڭ مەخپىيەتلىكنى ئېيتىپ بېرىدىغاندەك، قۇلىقىمغا پىچىرلىدى، — لېكىن، كېيىن قايتىپ كەلگۈم كېلىپ قالىدۇ. كىرىشىنا دائىم: «سەن نەدە تۇغۇلغان بولساڭ، شۇ يەر سېنىڭ يىلتىزىڭ؛ مەيلى نەگىلا بارغىن يەنىلا قايتىپ كېلىسەن» دەيدۇ، — ئۇ سۆزدىن توختىۋالدى، ھارغىن كۆزلىرىدە ياش يالتىرىدى، — نېمە ئۈچۈنلۈكىنى بىلمەيمەن. شورى قۇرۇغۇر، مەن بۇنداق بولۇشىدىن بىزار، ئەمما بۇ يەردە بىمالال ياشايمەن، — ئارقىدىن ئۇ كۆلۈۋېرىپ سۆزلىيەلمەي قالدى.

※ ※ ※

دېسىرې مېنىڭ ئالدىمدا «ئىسلام دىنى» دېگەن سۆزنى بىر قېتىملا ئېغىزغا ئالدى. ئۇ سوتلانغان چاغدا: «سىلەر مېنى قىلچە چۈشەنمەي تۇرۇپ، ماڭا قانداقمۇ باھا بېرەلەيسىلەر؟ ئىسلام دىنى باشقىلارغا مۇشۇنداق باھا بېرىدىغان نەرسىمۇ؟» دەپ سورىغانىكەن. ھەقىقەتەن مەن ئاددىي كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى ئارقىلىق بۇ ئىسلام جۇمھۇرىيىتى بىلەن ئۇچراشتىم، بۇ جەرياندا جۇمھۇرىيەتنىڭ ئىسلام دىنى بىلەن «ھەقىقىي ئېتىقاد» نى ئايرىۋەتمىدىم. جۇمھۇرىيەتنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ «ھەقىقىي

ئىسلام دىنى» بولۇش ـ بولماسلىقى ھەقىقەتەن شۇنچە مۇھىممىدۇ؟

نېفىت تۇيۇقسىز ئېلىپ كەلگەن بايلىق قىيانى «بۇ دۆلەتنىڭ ئىلگىرىلىشىنى بەك تېزلىتىۋەتتى»، مۇقىمسىزلىق، دېموكراتىيە بولماسلىق، چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ تىزگىنلەش قەستىدە بولۇشى دېگەنلەر ئىسلام ئىنقىلابىنىڭ تەركىبىي قىسمى...

مەن ھېكايە ئاڭلاۋاتقاندا، ئۆزۈمنىڭ تەلىيىمۇ تەدرىجىي ھالدا تۈگەپ كېتىۋاتاتتى. بىزنىڭ ئۇچرىشىشىمىزمۇ ئىلگىرى بىلمەيدىغان ھۆكۈمەت ئارقىلىقلا ئىشقا ئاشىدىغاندەك قىلاتتى.

# تېلېفون بوتكىسى

مەن ئون يەتتە ياشقا كىرگۈچە، دادام بىلەن يەنە ئالاقىلىشىش نىيىتىدە بولۇپ باقمىغانىدىم. ئۇ چاغدا ھىندىستاننىڭ جەنۇبىدىكى تاغلىق رايوندىكى ياتاقلىق مەكتەپتە ئوقۇپ، ئامېرىكىغا بېرىپ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتاتتىم.

مەن ئوقۇۋاتقان مەكتەپنى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئامېرىكىلىق مىسسىيونېرلار قۇرغان، كېيىن «خىرىستىيان دىنى خەلقئارا مەكتىپى» گە ئايلىنىپ، ھىندىستاننىڭ ئوتتۇرا، غەربىي قىسمىغا كەلمەكچى بولغان خىلمۇخىل مىسسىيونېر ۋە ھىپپى①لارنى جەلپ قىلغان. مەكتەپنىڭ داۋالغۇچىسى ياشىنىپ قالغان ئامېرىكىلىق ھىپپى ئايال بولۇپ، ئۇ تەشكىللىگەن ھەمراھلار يېتەكچىلىك تورىگە قاتناشقانىدىم. ئۇ بىزنى يەكشەنبىلىك مەشىقلەندۈرەتتى، ئورنى كىچىك چېركاۋ يېنىدىكى كۆن نۇرى چۈشۈپ تۇرىدىغان ئىشخانىسى ئىدى. بىز بىرلىكتە تەسەۋۋۇردىكى مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاندىن تەقلىد قىلىش، ئۆزگەرتىپ بايان قىلىش، ئاشكارا مەسىلىنى ھەل قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ تەسەۋۋۇردىكى ھەل قىلىش لايىھەسىنى تېپىشقا ئۇرۇناتتۇق. ئۇ ئېگىز بوي، سېرىق چاچلىق ئايال ئىدى، پۇلتىيىپ تۇرىدىغان زەڭگەر كۆزلىرىنى قېلىن كۆزئەينەك توسۇپ تۇراتتى. ئۇ مەن ئېيتقان ھەربىر سۆزنى زەن قويۇپ ئاڭلايتتى.

---

① ھىپپى — غەرب دۆلەتلىرى 1960 - يىلى ۋە 1979 - يىللىرى ئۆرپ - ئادەت ھەم شۇ چاغدىكى سىياسەتكە قارشى تۇرغان ياشلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، بىز روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرى بىلەن بىمارنىڭ رولىنى ئوينىغاندا، ئۆزۈمنىڭ ھەقىقىي تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرىمنى داۋالىغۇچىغا بىرمۇبىر سۆزلەپ بەردىم، ئارقىدىنلا ئوڭايسىزلىنىپ قالغاندەك بولدۇم، بىراق تۇرمۇشۇمدىن يىراق بىر كىشىگە دەردىمنى تۆكۈشۈمنىڭ ئۆزى تەسەللى تاپىدىغان ئىش ئىكەنلىكىنى سەزدىم. بۇرۇن مەن دادامغا قىلغان سوغۇق مۇئامىلەمنىڭ كىشىلەرنى نەقەدەر ھەيران قالدۇرىدىغانلىقى بىلەن ماختىنىشنى ياخشى كۆرەتتىم.

— لېكىن، ئانىڭىزنىڭ بىر پاكىستانلىققا ياتلىق بولۇشى ھەرگىز ئاسانغا چۈشمىگەندۇ؟

— ھەئە، شۇنداق، ئاسانغا چۈشمىگەن. ئاپام پۈتۈنلەي بىر سەرگەردانغا ئايلىنىپ قالغان، — دېدىم پو ئېتىپ.

— كىچىككىنە تۇرۇپ بۇنچە ئېغىر ئىجتىمائىي بېسىمغا دۇچ كەلگەندە چوقۇم بەك جاپا تارتقانسىز؟

— ھەئە، توغرا دېدىڭىز، بىراق نۇرغۇن كىشى مېنى قوللىدى. سىزگە مەلۇم، ھىندىستاننىڭ ئائىلە سىستېمىسى ئىنتايىن كۈچلۈك، ئىنتايىن ئىتتىپاق.

— ھىندىستان جەمئىيىتىدە دادىسىز مۇھىتتا ئۆسۈپ يېتىلىش قانداق كەچۈرمىش؟

— ھىم، ئاپامنىڭ ئېيتقىنىدەك، بۇ دادامنىڭ بىزگە بەخش ئەتكەن ئەڭ كاتتا شاپائىتى.

— كىم؟ سىزنىڭ دادىڭىزمۇ؟ ئاپىڭىز نېمىشقا بۇنداق دەيدۇ؟

— ئاپام پەقەت چاقچاق قىلغانىكەن.

— ھە، بىلدىم. سىزدە دادىڭىزغا نىسبەتەن ھېچقانداق ئەسلىمە يوقمۇ؟

— يوق، ئازراقمۇ يوق. ئىككى ياش چېغىمدىلا دادام پېشىنى قېقىپ كېتىپ قالغانىكەن.

— ئىككى ياش ۋاقتىڭىزدا؟ سىز دادىڭىز توغرۇلۇق بىرەر

خەۋەرمۇ ئاڭلىمىدىڭىزمۇ؟ خېتىمۇ يوق، تېلېفونىمۇ يوق، شۇنداقمۇ؟

— مېنىڭچە، ئۇ مۇناسىۋەتنى پاك ـ پاكىز ئۈزمەكچى بولغان.

— بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟

— ھېچقىسى يوق. قاراڭ، ئەسلىدە دادىسى بار، كېيىن ئۇنىڭدىن مەھرۇم بولغان نۇرغۇن بالا قالايمىقانچىلىق ئىچىدىكى مۇشكۇل ئەھۋالدا قېلىشى مۇمكىن. لېكىن، مەن ئۇچۇن ئېيتقاندا، دادا دېگەن ئۇقۇم باشتىن ـ ئاخىر يىلتىز تارتىپ باقمىغان. بۇلار جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ بىر قىسمى بولغانلىقتىن، سىز باشقا تەرەپتىن غەمخورلۇققا ئېرىشەلىسىڭىزلا، مەسىلىنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنالىشىڭىز مۇمكىن.

— مۇنداق دەڭ. ئەمىسە، تۇرمۇشىڭىزدىكى بۇ كىشىلەر كىم؟

— ۋاي ـ ۋۇي، ئۇلار بەك كۆپ.

— بوۋا ـ مومىلىرىڭىزمۇ؟

— ھەئە. بوۋام، مومام، ھاممىلىرىم، تاغىلىرىم، نەۋرە تۇغقانلىرىم. شۇڭا، سىز مەڭگۈ تەنھا قالمايدىكەنسىز.

— مۇنداق دەڭ. ئەمىسە، ھازىرچۇ؟

— نېمە ھازىر؟

— ھازىر سىز دادىڭىزغا قانداق قاراشتا؟

— ھېچقانداق قارىشىم يوق. دېمەكچى بولغىنىم، بۇ ئادەم بىر ئەبلەخ. ئۇ ئاپامنى تاشلىۋەتكەن، بىر بوۋاقنى ئۆزۈڭ بېقىپ چوڭ قىل دېگەندەك ئاپامغا تاشلاپ بەرگەن. كىشىلەر تۇرمۇشىدا مۇتتەھەملەرگە يولۇقۇپ تۇرىدۇ. بەزىلەر مۇتتەھەم ئانا ياكى مۇتتەھەم مومىغا يولۇقىدۇ، يەنە بەزىلەر ھەتتا مۇتتەھەم پەرزەنتلەرگە يولۇقىدۇ. ياخشى ئادەملەر سىزگە ياردەم بېرەلەيدۇ، ئەسكى ئادەملەرگە كەلسەك، ئۇلار ئۆز خىلى بىلەن ئۆتمۈەرسۇن.

— قارىغاندا، سىزنىڭ پىكرىڭىز بەك قەتئىيدەك قىلىدۇ. قانداق بولۇپ سىزدە بۇنداق پىكىر پەيدا بولۇشقا باشلىغان؟

داۋالىغۇچىنىڭ بۇ ۋاستىسى تولىمۇ قورقۇنچلۇق بولۇپ، ھەرقانداق شەخسىي كەچۈرمىشنىڭ ئۆزگىچىلىكىنى يوقىتىۋېتەلەيتتى. ئۇنىڭ سوئاللىرىدىكى ھەممىنى باراۋەرلەشتۈرۈۋېتىدىغان ئالاھىدىلىكتىن قورقۇپ قالدىم. شۇ چاغدا مەن ئۆزۈمنىڭ كەچۈرمىشلىرىمنىڭ ئۆزگىچىلىكى ئىچىدىن ئىزچىل پاناھلىق ئىزدەپ يۈرگەنلىكىمنى تونۇپ يەتتىم. مەن ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەرگەن مەزمۇنلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاپامنىڭ كېيىن ئىزدەپ تاپقان خاتىرجەملىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. بۇنداق خاتىرجەملىك ئەينى چاغدا يۈز بەرگەن خىلمۇخىل ئېگىز - پەسلىكلەردىن كەلگەنىدى: دۆلەت ھالقىغان رومانتىكىلىق مۇھەببەت، مۇھەببەتنىڭ مېۋىسى، خىرىس، غەيرىي ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئۇسۇلى دېگەندەك. ئۇ ئۆتمۈشتىكى بۇ ئەسلىمىلەرگە تايىنىپ بەرداشلىق بېرەلەيتتى، بىراق مەن بۇلارنى ئۇنتۇپ كېتەلمەيتتىم. چۈنكى، بۇلار بەربىر مېنىڭ كەچۈرمىشلىرىم ئەمەس ئىدى. بۇ ئىشلار مېنى تىنچلاندۇرمايلا قالماستىن، ئەكسىچە، ھاياتىمدىكى بۇ بىر قىسىم كەمتۈكلۈكنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈپ، بۇنى مېنىڭ تۇرمۇشۇم ئەمەس، بەلكى باشقىلارنىڭ تۇرمۇشىدەك قىلىپ قوياتتى.

داۋالىغۇچى قوللانغان ئۇسۇل غەلىبىگە ئېرىشتى؛ ئۇنىڭ ئىشخانىسىدىكى ئايرىمچىلىق مۇھىتى بەك كۈچىيىپ كەتتى؛ قەلبىمنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ساقلاپ كېلىۋاتقان جاۋابنى تۇغۇلغاندىن بۇيان تۇنجى قېتىم ئاشكارىلىدىم.

— ئەمىسە، نېمە ئۈچۈن؟ — ئۇ سوئال سوراشنى داۋاملاشتۇردى، — ئاپىڭىز بىلەن دادىڭىزنىڭ ئارىسىدىكى مەسىلىنىڭ گېپىنى قىلىشماي تۇرايلى. سىز بۇرۇن دادىڭىز بىلەن ئالاقىلىشىشكە ئۇرۇنۇپ باقتىڭىزمۇ؟

— راست گەپنى قىلسام، ئاپام مېنىڭ بۇنداق قىلىشىمنى خالىمايدۇ دەپ قارايتتىم.

— شۇنداق، لېكىن ئاتىش... — ئۇ گېپىنى توختىتىۋالدى.
— نېمە؟
— بولدى، دېسەم بولمايدۇ. سىز ئېرىشكەن تەڭپۇڭلۇق قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەن ئۇنى بۇزۇۋېتىشنى خالىمايمەن. سىزنىڭ قارارىڭىزنى ئاڭلاپ ئىنتايىن تەسىرلەندىم، بۇ كەچۈرمىشلەر چوقۇم تورمۇشىڭىزنىڭ ئەڭ ئازابلىق بىر قىسمى، بىراق دادىڭىزغا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى قارار قىلىدىغان چاغدا، ئۆزىڭىزنىمۇ ئويلاپ بېقىشىڭىز كېرەك دەپ قارايمەن. دادىڭىزنى ئىزدىشىڭىز ھەرگىز ئاپىڭىزغا ئاسىيلىق قىلغانلىقىڭىزنى بىلدۈرمەيدۇ.
— ۋاي، ئۆتۈنۈپ قالاي، بولدى سۆزلىمەڭ. بۇ ئامېرىكا ئەمەس، شۇنچە كۆپ يىل ئۆتۈپ كەتتى، مەن قانداق قىلىشىم كېرەك؟ ئۇنىڭغا مۇنداقلا تېلېفون بېرىپ: «ياخشىمۇسىز، مەن ئاتىش» دېيىشىم كېرەكمۇ؟
— ياق، قانداق ئۇسۇلنى تاللاش باشقا ئىش. ئالدى بىلەن، سىزدە بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىش ئارزۇسى بولۇشى كېرەك.
شۇ كۈنى ئۇنىڭ ئىشخانىسىدىن ئايرىلىدىغان چاغدا، قانداق قىلىشىم كېرەكلىكىنى بىلىۋالدىم. ئۇنىڭ سۆزلىرى بىر خىل تىزگىنلەش كۈچىگە ئىگە ئىدى؛ ئۇنىڭ گېپىنى رەت قىلىش ئىنتايىن تەسكە توختايتتى.
ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىنكى بوش ۋاقتىمدىن پايدىلىنىپ ياتاققا باردىم. ماڭا ھەممە يېپيېڭى نەرسىگە ئايلانغاندەك تۇيۇلۇپ جانلىنىپ كەتتىم: قويۇق دەل - دەرەخلەرنىڭ سايە تاشلاپ تۇرغان، ياتاققا بارىدىغان چىغىر يولدا كېتىۋاتقىنىمدا، يايپېشىل ئېۋكالىپىت دەرەخلىرىگە تولغان كىچىك تاغ چوققىسى غىل - پال كۆرۈنۈپ قالاتتى. يەنە مۇستەملىكە دەۋرىدىن قالغان كۆلۈبمۇ بار بولۇپ، كەچ بولغاندا دائىم ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن ئوفىتسېرلار يىغىلىپ بىنگو ئويۇنى ئوينايتتى. ھىندىستاننىڭ ئەڭ جەنۇبىغا جايلاشقان،

ھەممىلا يېرىدە ھىپپىلار ۋە خىرىستىيانلارنىڭ كىچىك پونكىتلىرى بار بولغان بۇ تاغلىق رايون نېمە ئۈچۈن ھاياتىمدىكى ئەڭ مۇھىم قارارنى چىقىرىدىغان جاي بولۇپ قالغاندۇ؟ مەن ئايال ياتاق باشقۇرغۇچىنىڭ نەزىرى ئاستىدا ياتاق بىناسىغا كىرىپ، ئۆزۈمنىڭ ياتىقىغا قايتىپ كەلدىم. ئالاقىلىشىش دەپتىرىمنى بىرمۇبىر ۋاراقلاۋاتقىنىمدا ئازراق خىجىللىق ھېس قىلدىم. مەن ئاپامنىڭ بىر كونا دوستىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى ئىزدىدىم، ئۇنى بۇرۇنقى دوستى دېگىنىم تۈزۈك، چۈنكى ئۇ دادام ـ ئاپاملار ئايرىلغاندىن كېيىن يەنىلا دادام بىلەن دوستلۇقىنى ئىزچىل ساقلاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ دەل ئاپامنى باكىر كوچىسىدىكى سارايدىن كەتكۈزۈۋەتكەن ھېلىقى كىشى ئىدى. ئۇنى تاللىشىمدىكى سەۋەب، شۇنداق قىلسام ئاپام سېزىپ قالمايتتى. مەن تېلېفون نومۇرىنى تېپىپ، تېلېفون دەپتىرىمگە ئالدىراش يازدىم. ئاندىن يەنە بىر قېتىم قايتىپ كېلىش ئاۋارىچىلىكىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، «ئۇرۇلىدىغان تېلېفون سانى» نى بىر قېتىمدىن ئىككى قېتىمغا ئۆزگەرتتىم، دادامنىڭ تېلېفون نومۇرى يېزىلىدىغان يەرگە پاكىستاننىڭ دۆلەت ۋاكالەت نومۇرىنى يازدىم. ئۇنىڭ نەدە تۇرىدىغانلىقى توغرۇلۇق بىلىدىغىنىم شۇنچىلىكلا ئىدى. ئايال ياتاق باشقۇرغۇچىنى ئىزدەپ تاپتىم، ئۇ بىرقانچە مىنۇت ھەپىلىشىپ كۆزئەينىكىنى تاپتى، ئاندىن تېلېفون دەپتىرىنى تەكشۈرۈشكە باشلىدى.

— بىرىنچى تېلېفون ئەنگلىيەنىڭ ئىكەن. ئېيتىڭا، ئىككىنچى تېلېفوننى نەگە ئۇرماقچى؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— ئۇ ئاپامنىڭ يان تېلېفون نومۇرى، خانىم؟

— يان تېلېفون نومۇرى؟

— شۇنداق، خانىم.

— يان تېلېفون ئۇرغاندا خەلقئارا ئۆلچەم بويىچە نومۇر بېسىش كېرەكمۇ؟

— شوْنداق، خانىم، — دەپ يالغان ئېيتتىم مەن.
— ئاھ خۇدا، بىزنىڭ بۇ يەرنى يېڭى پەن - تېخنىكىدىن قۇتقۇزغايسەن، — دېدى ئۇ، ئاندىن باغاقچىگە ئىمزا قويۇپ بەردى.

مەن يول بويى كىچىك تاغ يانباغرىغا يامىشىپ، چىركاۋ ۋە داۋالغۇچىنىڭ ئىشخانىسىدىن ئۆتۈپ، مەكتەپ مەمۇرىي باش بۆلۈمىنىڭ تېلېفون ئۇلاپ بېرىش زالىغا كەلدىم. شۇ چاغدا سائەت ئوندىكى بىر يىغىلىش بار بولۇپ، ئادەتتىكى كۈنلەردىكى تىپتىنچ يولدا كىشىلەرنىڭ ئاۋازى بىر ئالغانىدى. بۇ يەردە ئىككى تېلېفون بوتكىسى بار ئىدى: بىرى تولىمۇ كىچىك، ياغاچ دېرىزىسىگە قاغا پۇتى خەتلەر يېزىلغان، ئىچىدە بىر لامپۇچكىلا بار ئىدى؛ يەنە بىرى يېڭى ياسالغان، دېرىزە - ئىشىكلىرى يوق ئىدى.

مەن ئىمزا قويۇلغان تېلېفون دەپتىرىنى تېلېفونىستقا سۇنۇپ، تېلېفوننى ياغاچ تېلېفون بوتكىسىغا ئۇلاپ بېرىشنى ئۆتۈندۈم. تېلېفون جىرىڭلىغاندا مەن ھېلىقى قاغا پۇتى خەتلەرنى ئوقۇۋاتاتتىم. تېلېفوننى ئېلىۋىدىم، ئۇنىڭدىن تېلېفونىستنىڭ جىددىي ئاۋازى ئاڭلاندى: «ھىندىستاندىن كەلگەن ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون. نات ئەپەندى بارمۇ؟ نات ئەپەندى بارمۇ؟»
بىر كىمنىڭ ئۇيقۇسىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:
— مەن.
تۇيۇقسىز بىلدىمكى، ھاياجانلانغانلىقىم تۈپەيلى، ۋاقىت پەرقى ئامىلىنى ئويلاشماپتىمەن.
ئاۋازىمنى ئاڭلاپ ناھايىتى ھەيران بولغان بولسىمۇ، تېلېفوندىكى بۇ ئادەم يەنىلا ئىنتايىن دوستانە بولدى ۋە ھېچقانچە سورۇشتۇرمەيلا دادامنىڭ تېلېفون نومۇرىنى دەپ بەردى، ئۇ مەندىن تېلېفون كېلىشىنى كۆپ يىللاردىن بۇيان كۈتۈۋاتقاندەكلا قىلاتتى. مەن تېلېفون نومۇرىنى خاتىرىلىۋېلىپ، ئويغىتىۋەتكەنلىكىم ئۈچۈن ئەپۇ سورىدىم.

تېلېفون بوتكىسىدىن ئايرىلغان چاغدا يىغىلىش يەنىلا داۋاملىشىۋاتاتتى. مەن داۋالىغۇچىنى تېپىش ئۈمىدىدە، ئۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. ئۇنىڭ يىراقتىكى بىر بۇلۇڭدا تۇۋرۇككە يۆلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. يىغىلىش ئاخىرلىشىشقا، ئۇچقاندەك بېرىپ، ئۇنىڭدىن بىردەمدىن كېيىنكى بىر سائەتلىك دەرستە مېنىڭ بىلەن كۆرۈشكۈدەك ۋاقتى بار - يوقلۇقىنى سورىدىم. مەن ھىندى تىلى دەرسىدىن قېچىپ چىقىشىم كېرەك، بۇنىڭ ئۈچۈن كۆز بوياپ ئۆتۈپ كېتىشكە ئىشەنچىم بار ئىدى. بىز ئون مىنۇتتىن كېيىن ئۇنىڭ ئىشخانىسىدا ئۇچرىشىشقا كېلىشتۇق.

بۇ قېتىممۇ بۇرۇنقىدەكلا ئۇنىڭ ئىشخانىسىدىكى سافادا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ئوخشاش بىر مەسىلىنى سورىدىم، بىراق مەقسىتىم يېڭى ئىدى:

— ئەمىسە، قانداق قىلىشىم كېرەك؟ تېلېفوننى بېرىپلا، ئاندىن: «سالام، دادا، مەن ئاتىش» دەمدىمەن؟

— ياق، ئاۋۋال، — ئۇ جاۋاب بېرىشكە باشلىدى، — ئاۋۋال ئۇنىڭ سىز بىلەن پاراڭلىشىشقا قولايلىق شارائىتتا تۇرغانلىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشىڭىز كېرەك. ئۇنىڭ يېڭى خوتۇنى، يەنە باشقا باللىرى بار، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق.

— ئۇلار سىزنىڭ ئىشىڭىزنى بىلەمدۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

بۇ سوئال يۈرىكىمنى ئېچىشتۇردى، ئەمما ئۇنىڭ ھەرگىز قەستەن سورىمىغانلىقىنى بىلەتتىم.

— بىلمەيمەن، ئېھتىمال بىلىدىغاندۇ.

— بولىدۇ، ئەمىسە، سىز مۇۋاپىق پەيتنى تاللاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشىڭىز كېرەك. ئۇ ئەمدىلا خوتۇنى بىلەن قاتتىق سوقۇشقاندىن كېيىن، سىز تېلېفون ئۇرۇپ، تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭغا: «ياخشىمۇسىز، بۇ مەن، سىز ئايرىلىپ قالغىلى ئۇزاق بولغان ئوغلىڭىز» دېيىشنى خالىمايدىغانسىز.

مەن ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ئىشخانىدىن ئايرىلدىم. بىردىنبىر نىيىتىم دەل شۇ كۈنى كەچرەك دادامغا تېلېفون بېرىش، شۇنداقلا تېلېفونىستنى تېلېفوننى ياتىقىمغا ئۇلاپ بېرىشكە قايىل قىلىشىم كېرەك ئىدى. مەن دادامنىڭ ئاپامغا ئوخشاش، مۇھىم ئىشلارنى كەچتە بىر تەرەپ قىلىشنى بەكرەك خالايدىغان بولۇشىنى ئۈمىد قىلدىم.

تېلېفونىست خىزمەتدىشىنىڭ كېچىلىك ئىسمېنىنى ئۆتكۈزۈۋالغىلى كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى، بىراق مېنىڭ ئۆتۈنۈشۈمنى سائەت توققۇزدىن ئون بەش مىنۇتقا ئالدىن بېكىتىپ قويۇشقا ماقۇل بولدى.

— تېلېفونىست، يەنە بىر ئىش بار، — دېدىم مەن، — سىز تېلېفوننى ئۇلىغاندا، نەدىن ئۇرۇلغانلىقىنى دېمىگەن بولسىڭىز، بولامدۇ؟ مەن كىشىنى ھەم خۇشال قىلىۋېتىدىغان، ھەم ھەيران قالدۇرۇۋېتىدىغان تېلېفون ئۇرماقچىدىم.

تېلېفونىست ماقۇل بولدى. شۇنىڭ بىلەن باغاقچىنى ئۇنىڭغا بەردىم، ئاندىن دەرسكە كەتتىم.

بۇ كۈن تولىمۇ ئاستا ئۆتتى، چۈشتىن كېيىن ئىككى سائەت تەبىئىي پەن دەرسى بار ئىدى، بۇ مەزگىلدىكى ئوي - پىكرىم باشتىن - ئاخىر كەچتىكى ئاشۇ تېلېفوندىلا قالغانىدى. مېنى ئەڭ چۈلغىۋالغىنى بەزى رېئال ئەھۋاللارغا ئاساسەن ئويلىنىش ئىدى. قانداق قىلسام ئايال ياتاق نازارەتچىسى ياكى دوستلىرىمنىڭ كاشىلىسىغا ئۇچرىماسلىقىقا كاپالەتلىك قىلالارمەن؟ كارىدوردا تېلېفون بېرىشىم كېرەكمۇ ياكى ئايال ياتاق نازارەتچىسىنىڭ تۇرالغۇسىدىمۇ؟ ئەگەر تېلېفوننى ئالغۇچى خىزمەتكار بولۇپ قالسا، ئۆزۈمنى كىم دېيىشىم كېرەك؟ دادامنى نېمە دەپ ئاتىشىم كېرەك؟ ئەلۋەتتە، ئۇنى «دادا» دەپ چاقىرسام بولمايدۇ، ئۇنىڭ فامىلىسىنى چاقىرسام بولارمۇ؟ بىراق، مەن ئىلگىرى ھىندىستانلىق قۇرامىغا يەتكەنلەرنى زادىلا بۇنداق چاقىرىپ باقمىغانىدىم.

مەن ياتاققا بالدۇرراق قايتىپ، ئاۋۋال بەزى تاپشۇرۇقلىرىمنى ئىشلىۋېتىشنى قارار قىلدىم، چۈنكى سائەت توققۇزدىن ئون بەش دېگەن ۋاقىت يېقىنلاشقانسېرى، تاپشۇرۇق ئىشلەشكە رايىم قالمايتتى. يولدا ئايال ياتاق نازارەتچىسىنى ئۇچرىتىپ، ئۇنىڭغا كەچتە بىر ئۇزۇن يوللۇق تېلېفوننى كۈتىدىغانلىقىمنى، ئاپامنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە خۇشاللىق تىلەيدىغانلىقىمنى ئېيتتىم.

— بۈگۈن ئاپىڭىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنىمۇ؟ — دېدى ئۇ كۈلۈپ.

— شۇنداق، خانىم.

— ياخشى، ياخشى. ماڭا ۋاكالىتەن ئۇنىڭغا ياخشى تىلەكلىرىمنى يەتكۈزۈپ قويۇڭ. ئۆيۈمگە كىرىپ تېلېفون ئۇرامسىز، ئۆزىڭىزنىڭ ئىختىيارى.

— رەھمەت سىزگە خانىم، — دېدىم مەن، ئاندىن ئۆيۈمگە كىرىپ كەتتىم.

دەرس تەكرارلاش ۋاقتى بولدى، مەن ئىككى سىنىپدىشىم بىلەن سىنىپقا كىردىم. مەن بايا ئۆتكۈزگەن خاتالىقىمنى ئۇلارغا ئېيتقۇم كەلدى، داۋالغۇچىنىڭ بەرگەن تەكلىپىدىن تازا خاتىرجەم ئەمەس ئىدىم. ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەن تەقدىردىمۇ، يەنىلا ئىشىنىشنى خالايتتىم ھەم ئىنتايىن ھاياجانلانغانىدىم. مېنىڭ جىددىيلىشىپ كېتىشىم ئۈمىدسىزلىكنىڭ يېتىپ كېلىشىدىن ئەنسىرەپ قالغانلىقىمدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

سائەت توققۇزدا دەرس تەكرارلاش ۋاقتى توشتى، مەن ۋاراڭ-چۇرۇڭلۇق كارىدوردىن تېزلا چىقىپ، ئايال ياتاق نازارەتچىسىنىڭ جىمجىت ئۆيىگە كەلدىم. تېلېفوننىڭ يېنىدا كۈتۈپ ئولتۇرغان ئون بەش مىنۇت ئىچىدە، ئۆيدىكى ھەربىر تەپسىلاتنى، ياتاق نازارەتچىسىنىڭ بۇت تەكچىسىدىن تارتىپ، ئالەمدىن ئۆتكەن خانىش دىئانانىڭ سۈرىتى، يەنە دىنىي مەزمۇنلار يېزىلغان سەھرا كەشتىسىگىچە ئېسىمدە تۇتۇۋالدىم.

سائەت توققۇزدىن ئون مىنۇت ئۆتكەندە، خۇددى ئىمتىھان بەرگەندە ئىمتىھان قەغىزىنى ئاخىرقى بىر مىنۇتتا

تەكشۈرۈۋاتقاندەك، پۈتۈن زېھنىمنى بىر يەرگە مەركەزلەشتۈردۈم. تېلېفونىست ئاددىي بىر بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، پىروگراممىا راۋان يۈرۈشۈپ تېلېفون جىرىڭلىدى، تۇرۇپكىنى قولۇمغا ئالدىم. ئەسلىدە، بىۋاسىتە دادام بىلەن سۆزلىشەلەيمەن دېگەنىدىم، بىراق ئاڭلىغىنىم تېلېفونىستنىڭ ئاۋازى بولدى:

— پاكىستاننىڭ لاھورىغا ئۇرۇلدى. ئۇلاپ بېرەيمۇ؟

— ھەئە، ئۇلاپ بېرىڭ، — دېدىم، ئۇنىڭ پاكىستاننى تىلغا ئالغىنىنى ئاڭلاپ يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. ئارقىدىنلا، ئاجايىپ بىر سېھىرگەرلىك ئوينالغاندەك، تېلېفونىستنىڭ ئاۋازى يوقاپ، بوغۇق ئاۋاز ئاڭلاندى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — ئاپامنىڭ بىر مۇسۇلمان دوستى ماڭا ئۆگىتىپ قويغان سالاملىشىش سۆزى ئېسىمگە كەلدى، — سالمان تاسىر ئەپەندىنىڭ ئۆيىمۇ؟

— شۇنداق، — بوغۇق ئاۋاز سەل شۈبھىلەنگەندەك تەلەپپۇزدا جاۋاب بەردى، — سىز كىم بولىسىز؟

— تېلېفوننى ئۇنىڭغا بېرەلەمسىز؟ — دېدىم مەن جۈرئەتىمگە ئېلىپ.

— قېنى، سۆزلەڭ، — ھېلىقى ئاۋاز ئىنگلىزچە جاۋاب بەردى.

— مەن ئاتىش تاسىر، — دېدىم مەن ۋە ئۆزۈمنىڭ باتۇرلۇقۇم ئۇچۈن قولاقلىرىمغىچە قىزىرىپ كەتتىم.

ھېلىقى ئاۋاز جاۋابەن سۆز قىلمىدى. مەن بۇ ئائىلىنىڭ تىنچ كېچىسىنىڭ بۇزۇۋېتىلگەن ھالىتىنى تەسەۋۋۇر قىلدىم. بۇ چاغدا مەن داۋالغۇچىنىڭ تەكلىپىنى ئېسىمگە ئېلىپ:

— ھازىر سۆزلىشىشكە قولايلىقمۇ؟ — دېدىم، شۇ تاپتا ئۆزۈمنىڭ ئاۋازىدىكى جىددىيلىشىشتىن يەنىلا قۇتۇلالمىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم.

— قولايسىز، — ئۇ تەرەپتىكى ئاۋاز جاۋاب بەردى.

ئارقىدىنلا كىچىك بالىغا قىيىن ئۇقۇمنى چۈشەندۈرگەندەك، — ھازىر سۆزلىشىشكە تازا مۇۋاپىق ئەمەس، — دېدى.

— ئەتە ئەتىگەن قولايلىق بولارمۇ؟ — مەن تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەكلىپ بەردىم.

— بولىدۇ، ئۇ چاغ قولايلىقراق.

— ئىشخانىڭىزدىكى تېلېفونغا ئۇرۇپ باقايمۇ؟

— بولىدۇ، ئىشخانىغا ئۇرۇڭ. سىز قەيەردە؟ — تويۇقسىز ئۇ ئاۋاز سەل مۇلايىملىشىپ قالدى.

— ھىندىستاندا، ھىندىستاننىڭ جەنۇبىدىكى بىر ياتاقلىق مەكتەپتە. تەمىل نەدۇ ئىشتاتىدا.

— ھە، — دېدى ئۇ خۇشياقمىغاندەك ئاھاڭدا.

مەن «خوش» دېدىم، ئاندىن تۇرۇپكىنى قويدۇم.

ئەتىسى ئەتىگەندە داۋالىغۇچىنىڭ ئىشخانىسىغا كىردىم، ئىشىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغانلىقى ئۈچۈن تازا ئاچچىقىم كەلگەندى. ئۇ بىر يىلەننى يەكمۈيەك مەشىق قىلدۇرۇۋاتقانىكەن، بىراق ئۇنى ھازىرچە كېتىپ تۇرۇشقا بۇيرۇدى. ئۇ ھەربىر تەپسىلاتنى، دادامنىڭ ئاۋازى، سۆز ئىشلىتىشى، يەنە خوشلىشىش ئۇسۇلىنى زەن قويۇپ ئاڭلىدى. ئاندىن ئايەت ئوقۇۋاتقاندەك تەرزدە سورىدى:

— قانداق ھېس قىلدىڭىز؟

— ئىنتايىن ئۈمىدسىزلەندىم.

— نېمە ئۈچۈنلۈكىنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟

— ھەئە، مەن چوڭ بولۇپ تا ھازىرغىچە بۇ ئادەمنى ئىزچىل ئويلاپ كەلدىم، جۈرئىتىمگە ئېلىپ ئۇنىڭغا تېلېفون بەردىم، بىراق ئۇنىڭدىن ئاڭلىغىنىم ھازىر پاراڭلىشىش ئەپسىز دېگەن بىر ئېغىز سۆز بولدى.

— ئېھتىمال راستىلا ئەپسىزدۇ، — دېدى ئۇ جاھىللىق بىلەن.

— نېمە؟ سىز ئۇنى راست گەپ قىلدى دېمەكچىمۇ؟

— ئېھتىمال ئۇنداق ئەمەستۇ، بىراق بىز باشقىلار دېگەن سۆزگە ئىشىنىش يولىنى تاللىشىمىز كېرەك.

— سىزنىڭچە، مەن يەنە تېلېفون ئۇرۇشۇم كېرەكمۇ؟

— بۇنىڭ نېمە يامان يېرى بار؟ باشقىسىنى دېمەي تۇرايلى، سىز ئۇنىڭ ئاۋازىنى يەنە بىر قېتىم ئاڭلاپ باقسىڭىز بولىدۇ، بۇ ئۇنىڭ ھەددىدىن زىيادە ئەپسانىۋىلەشتۈرۈۋېتىلگەن ئەمەس، جانلىق ئادەم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىشى مۇمكىن.

داۋالىغۇچى بىلەن مەخپىيەتلىكتىن تەڭ بەھرىمەن بولۇش ئادەمنىڭ غەزىپىنى ئۆرلىتىدىغان بىر ئىش، ئەمما ئۇنىڭدا بىر خىل ئالاھىدىلىك بار ئىدى: نەتىجە بىلەن مۆلچەرنىڭ پەرقى قانچىلىك يىراق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ قانائەتلىنىش قالمايتتى، شۇ كۈنى كەچرەك، مەن ھېلىقى ياغاچ تېلېفون بوتكىسىغا قايتىپ كېلىپ، تېلېفوننىڭ دادامنىڭ ئىشخانىسىغا ئۇلاپ بېرىلىشىنى كۈتتۈم. ئەينى چاغدىكى كەيپىياتىمنىڭ ئۇچۇر لىنىيەسىگە ئۇنىنچى قېتىم تېلېفون ئۇرغان ياكى IT دىن ياردەم تەلەپ قىلىش تېلېفونىغا تېلېفون ئۇرغان ئادەمنىڭكىدىن ھېچقانداق پەرقى يوق ئىدى. ئاخىر تېلېفون جىرىڭلىغاندا، مەن تېلېفونىستنىڭ يەنىلا لىنىيەدە ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلىدىم. ئۇ قويۇق جەنۇبىي ھىندىستان تەلەپپۇزىدا:

— ۋەي، ۋەي، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفوننى ئېلىشنى كۈتۈڭ، — دېدى.

قارشى تەرەپتىن ئاۋاز چىقمىدى.

— ۋەي، سىز سالمان تاسىرمۇ؟ — دېدىم.

— سىز كىم؟ — دېدى ھېلىقى ئاۋاز. مەن بۇنىڭ دادامنىڭ بوغۇق ئاۋازى ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

— ئۇنىڭ ئوغلى، — دېدىم مەن قەتئىيلىك بىلەن.

ئاۋاز شۇ ھامان ئۆزگەردى. بوغۇق ئاۋاز يوقىلىپ، تەلەپپۇزى خۇددى بىر مالاينىڭ تەلەپپۇزىدەك مۇلايىملاشتى.

— ئۇ يوق، — ئەمدى ھېلىقى ئاۋاز ئوردۇچە سۆزلىدى.

مەندە روھىي جەھەتتىن ئازراقمۇ تەييارلىق يوق ئىدى.
— نىمە؟ — دېدىم مەن، ھېلىقى ئاۋازنىڭ ئاخىرلىماقتا دادامنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەندىم، بىراق گەپنى قانداق داۋاملاشتۇرۇشنى بىلەلمەي قالدىم.
— ئۇ چىقىپ كەتتى، — ھېلىقى ئاۋاز يەنىلا تەكەللۇپ بىلەن بۇ گەپنى قايتىلىدى.
بۇنداق توخۇ يۈرەكلىكتىن بەكلا ئاچچىقىم كەلدى، بۇنداق ئاۋازنى ئاڭلاپ، مەندە بىر خىل غەلىتە كۈچ پەيدا بولدى. مەن داۋاملىق سوئال سوراش بىلەن ۋاز كېچىشنىڭ ئارىلىقىدا ئارىسالدى بولدۇم. ئارقىدىن، بىر خىل ھارغىنلىق تۇيغۇسى يوپۇرۇلۇپ كەلدى. مەن ھېلىقى ئاۋازنى چىقارغان كىشىگە تېلېفون نومۇرۇمنى يېزىۋېلىشقا بۇيرۇپ، ئاندىن تۇرۇبكىنى قويدۇم.
مەن ئۇنىڭ دادام ياكى دادام ئەمەسلىكىنى زادىلا ئۇقالمىدىم.

# ۋىزا

بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم. ساياھەتچىلەر ئىسلام دۆلىتىگە كېلىدىغانلا بولسا، ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە بىمالاللىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش مەسئۇلىيىتى بولىدۇ. ئەگەر بىرەر ساياھەتچى ئىسلام دۆلىتىدە پۇل ۋە مېلىنى يوقىتىپ قويسا، ھۆكۈمەت ئۇنىڭ يوقاتقان نەرسىسىنى تېپىشىغا ياردەم بېرىشى كېرەك.

— ئىمام ئەلى، مەلۇم ساياھەت ۋاكالەتچىلىكى ئىشخانىسىدىكى شوئاردىن ئېلىندى

ئەسلىدە مەن شەھەردىن چىقىپ ۋىزامنى يېڭىلىۋېلىشنى ئويلىغانىدىم، لېكىن ئىناۋەتلىك ۋاقتى يېقىنلىشىپ قالغانلىقتىن، تېھراندا بېجىرىشكە مەجبۇر بولدۇم، باشقا تاللاش يولۇم يوق ئىدى. مېنىڭ ئىراندا قىلىدىغان يەنە نۇرغۇن ئىشىم بار ئىدى. مەن كۇردىستانغا، يەنە مۇقەددەس شەھەر قۇم ۋە مەشھەدكە بارماقچىدىم. مەن مال دوختۇرى دوستۇم رىزا بىلەن تېھراننىڭ جەنۇبىدىكى بىر ساياھەت كوپىراتىپىدا مەشھەدكە بارىدىغان پويىزنىڭ بېلىتىنى ئالدۇق. ئارقىدىن، ۋىزامنى يېڭىلىماقچى بولۇپ، تاكسىغا ئولتۇرۇپ شىمالغا قاراپ ماڭدۇق. ئۇ يەرنىڭ ھاۋاسى قۇرغاقراق ئىدى، چوڭ كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدە چىنارلار قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى، يەنە ئالدى تەرىپى ئەينەكلىك كىچىك دۇكانلار ۋە قەھۋەخانىلار بار ئىدى.

چۈشلۈك تاماق ۋاقتى يېقىنلاشقاندا، ئىشخانىدا بىرمۇ ئادەم قالمىدى. مەن رىزاغا ئەگىشىپ كېتىۋېتىپ، بىر قوغدىغۇچىنىڭ يېنىدىن ئۆتتۇق. بىز مېھمانلارنى تىزىملاش دەپتىرىگە

ئىسمىمىزنى يېزىپ، بىرمۇنچە جەدۋەلنى تولدۇردۇق. مەن مۆھلەتنى بىر ئاي ئۇزارتىشنى ئىلتىماس قىلماقچىدىم، ئەگەر ئىككى ھەپتىگە ئۇزارتقىلى بولسىمۇ مەيلى ئىدى. جەدۋەللەرنى تاپشۇرۇۋالغان ئەر كىشى ماڭا شەنبە كۈنى، يەنى بىز ئالدىن بېكىتكەن مەشھەدكە بېرىش كۈنىمىزنىڭ ئالدىنقى ئاخشىمى كېلىپ پاسپورتۇمنى ئالسام بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. قارىماققا، ھەممە ئىش ناھايىتى راۋان ئىدى.

شەنبە كۈنى، مەن ئۇقتۇرۇشقا بىنائەن يېشىل دەرەخلىك كوچىدىكى ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ئىنتىزام قىسمىغا باردىم. بۇ قېتىم ئىشخانا ئىنتايىن قىستاڭ بولۇپ، شامالمۇ ئۆتۈشمەيتتى. ئاساسىي زالغا توشۇپ كەتكەن ئافرىقىلىق، جەنۇبىي ئاسىيالىق ۋە ئاسىيالىقلار تۈرلۈك كونسۇل مۇلازىمەتلىرى، مەسىلەن، ۋىزىنىڭ ۋاقتىنى ئۇزارتىش، ئېلىش ۋە يەتكۈزۈپ بېرىش مۇلازىمەتلىرىنىڭ بېجىرىلىشىنى كۈتۈۋاتاتتى. تۈگىمەس كۈتۈشلەر نۇرغۇن كىشىنىڭ چىرايىدا گاڭگىراش ئىپادىسىنى پەيدا قىلغانىدى. تاملارغا دائىم كۆرگىلى بولىدىغان دىنىي بېزەك بۇيۇم ۋە پىلاكاتلار ئېسىقلىق ئىدى: «مۆھتەرەم چەت ئەللىك دوستلار، ئىسلام ھەجى پۇرسىتىنى ئۆتكۈزۈۋېتىشكە بولمايدۇ.» ئالتۇن رەڭدە يېزىلغان «ئاھ فاتىمە» دېگەن خەت ۋە ئەلىنىڭ ئوغلىنىڭ رەسىمىنىڭ ئۇسلۇبى ئىنتايىن رومانتىكلىق تۈسكە ئىگە ئىدى.

ئۆينىڭ نېرىقى بۇلۇڭىدىكى ئەينەك توسۇقنىڭ كەينىدە «ۋىزا ئېلىش ۋە يۇزتۇرا سىناق ئېلىش ئىشخانىسى» دېگەن خەتلەر يېزىلغان بىر بەلگىنى كۆردۈم. بىرنەچچە چەت ئەللىك ئۇنىڭ ئەتراپىدا تۇراتتى، مەنمۇ شۇياققا قاراپ ماڭدىم. توسۇقنىڭ كەينىدىكى خىزمەتچى خادىم ئىككى يۇلتۇز ئورنىتىلغان پاگون تاقىۋالغان، تاقىرباش، بۇرۇتىنىڭ تېگىدە سوغۇق، سۇرلۇك كۆرۈنىدىغان ئېغىزى بار ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ دىققەت نەزىرى ئادەمدىن ئارخىپقا، ئارخىپتىن ئادەمگە يۆتكىلەتتى، بىردەم

كۈتكەندىن كېيىن ماڭا نۆۋەت كەلدى. ئۇقتۇرۇشنامىنى ئۇنىڭغا سۇندۇم. ئۇ بىرنەچچە ئارخىپنى ۋاراقلىدى، ئاندىن يەنە بىر ئىشكاپنىڭ ئالدىغا باردى... قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم ماتېرىيالىمنى ئىزدىدى. ئۇ ماتېرىيالنى ئېلىپ، تېزلىك بىلەن ۋاراقلاپ چىقتى، ئاندىن نەزىرى ماتېرىيالدىكى بىر ئورۇندا توختاپ قالدى.

— مەن سىزگە ئىككى كۈن ۋاقىت بېرەلەيمەن، — دېدى ئۇ چىرايى ئىپادىسىز هالدا.

— ئىككى كۈن؟ — دەۋەتتىم مەن.

— ئىككى كۈن، — دەپ تەكرارلىدى ئۇ، مېنىڭ تەكىتلەش تەلەپپۇزۇمغا ئەسلا پەرۋا قىلماي.

— لېكىن، مەن بىر ئايغا ئىلتىماس قىلغان.

— كەچۈرۈڭ، بۇنىڭغا قوربىم يەتمەيدۇ.

— لېكىن، مەن بۇ يەردىن ئىككى كۈندىن كېيىن ئايرىلىدىغانغا قاتناشنىمۇ ئۇقۇشمىغان تۇرسام.

— كەچۈرۈڭ، مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ، ئاندىن يەنە بىر كىشىنى چاقىردى.

مەن كىشىنى هەيران قالدۇرىدىغان تۇرلۇك ئاقىۋەتلەرنى ئويلاپ بۇرۇنلا كاللامدا تەييارلىق قىلىپ قويغانىدىم، بىراق ئىككى كۈن مۆلچەرىمدىكى ئەڭ تۆۋەن قەرەلدىنمۇ تۆۋەن ئىدى. بۇنچىلىك ۋاقىت ئەسلىدىكى پىلانىمدىكى قورۇقلۇق ئارقىلىق پاكىستانغا بېرىشقا يەتمەيتتى، دىنىي شەهەر قۇم ۋە مەشهەدكە بېرىشتىن سۆز ئاچقىلىمۇ بولمايتتى. بۇ ۋىزامدا ئەسلى ئېشىپ قالغان ۋاقىتتىن هېچقانچە كۆپ ئەمەس بولۇپ، ۋىزامنى بۇنداق ئىككى كۈن ئۇزارتىش ئۈچۈن كېلىپ يۈرۈشۈمنىڭ ئەسلا زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى.

كۆڭلۈم ساراسىمىگە چۈشتى. ئىراندا قىلىدىغان ئىشلىرىم شۇنچە كۆپ تۇرسا ! ئاۋۇ تاقىرباش ئەرنىڭ جاۋابى پىلانىمنى قالايمىقان قىلىۋېتىپلا قالماي، مېنىمۇ پاراكەندە قىلىۋەتتى، مەن

كىشىلەر توپىدىن قىسىلىپ چىقىپ، دېرىزىسىز بۇ ئىشخانىدىن ئايرىلىپ كوچىغا چىقتىم.

مەن ئەگرى ـ توقاي، ئېگىز ـ پەس كوچىدا مېڭىپ، بىر پېچىنە ـ پىرەنىك دۇكىنىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ، سۈزۈك سۇ ئېقىپ تۇرغان ئېرىقنىڭ قارا رەڭلىك مېتال رېشاتكىسىدىن ئاتلاپ ئۆتتۈم. چىنار دەرەخلىرى ئارىسىدىن چۈشۈپ تۇرغان قۇياش نۇرى سۇ يۈزىنى يورۇتۇپ تېخىمۇ چىرايلىق قىلىۋەتكەنىدى. باشقا بىر يۆنىلىشكە نەزەر تاشلىسا، يانتۇلۇقنى بويلىغان كەڭ كوچا، يەنە يىراقتا ئاق قار قاپلىغان تاغ چوققىسى كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

مەن ئاۋۋالقىدەكلا ۋىزىنى ئىككى كۈن ئۇزارتىپ بېرىش بيۇروكراتلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاقىۋەت، بۇ دۆلەتنى ۋە ئۇنىڭ تىلىنى بىلىدىغان ئادەمنى تاپسىملا مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ دەپ ئويلىدىم. مەن كىمگە تېلېفون ئۇرۇشۇم كېرەكلىكىنى بىلمىدىم. ئىراندا تونۇشقان كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ناھايىتى ياش، ھېچقانداق تەسىر كۆچى يوق ئىدى. خىيالىمغا كەلتۈرەلەيدىغان بىردىنبىر سالاھىيەتلىك كىشى دەل مۇھەممەد رەھىمى ۋە ئۇنىڭ ھىندىستانلىق خوتۇنى كوستا ئىدى. مەن تېھرانغا كەلگەندە، كوستا دۆلەت ئىچىدە يوق بولۇپ، بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدىلا قايتىپ كەلگەنىدى، قانداقلا بولسۇن، بىز كۆرۈشۈشىمىز كېرەك ئىدى.

— تېلېفون ئۇرۇپ سىلەرنى ئاۋارە قىلغانلىقىمدىن خىجىلمەن، كوستا، — دېدىم مەن، — كىچىككىنە مەسىلىگە يولۇقۇپ قالدىم. ئۇلار مېنى قىرىق سەككىز سائەت ئىچىدە چېگرادىن ئايرىلىسەن دەيدۇ. مېنىڭ يەنە قىلىدىغان نۇرغۇن ئىشىم بار ئىدى. سىزنىڭ ماڭا ياردەم بەرگۈدەك بىرەر ئامالىڭىز بارمۇ؟

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئۇ مېنىڭ تىت ـ تىت بولغىنىمدىن سەل ناخۇش بولغاندەك، — مۇھەممەدنىڭ ئىشخانىسى

شىركەتنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى ئۇچۇن ۋىزا ۋاقتىنى ئۇزارتىشنى ئىلتىماس قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. سىز بېرىشتىن ئاۋۋال بىزگە دەپ قويۇشىڭىز كېرەك ئىدى. مەن ئۇنىڭغا تېلېفون بېرىپ، ئاندىن سىزگە تېلېفون قايتۇراي.

نەچچە مىنۇتتىن كېيىن كوستا تېلېفون قايتۇردى، تەلەپپۇزى ئادەمنى خاتىرجەم قىلاتتى. ئۇ مېنىڭ قەيەردىلىكىمنى سورىدى، ئاندىن ئوغلى پايامۇنى مېنى ئېلىپ مۇھەممەدنىڭ ۋەلىئاس كوچىسىدىكى ئىشخانىسىغا ئاپىرىشقا بۇيرۇيدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن پايامۇ بىلەن بۇرۇنلا تونۇشۇپ بولغانىدىم.

كېلەڭسىز ھەم مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغان ھۆكۈمەت سىستېمىسى بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن، پايامۇنىڭ كېلىشى ماڭا بىر ئاز تەسەللى بولدى، بىراق كوستادىن سېزىپ قالغان تەشۋىشلىنىش ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرىۋالغاندەك قىلاتتى: مەن ئىككى كۈنلۈك ۋىزا ۋاقتىنى ئۇزارتىش بىيۇروكراتلىق ئاستىدىكى كىچىك سەۋەنلىكمۇ ياكى ھۆكۈمەت ماڭا ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرمەكچىمۇ؟ ئەگەر بىرىنچى سەۋەب بولسا، بۇ قارارغا رەددىيە بېرىش ئەقىلگە مۇۋاپىق؛ مۇبادا ئىككىنچى سەۋەب بولسا، دەل ئاقىۋەتنى بىلەن ھېسابلاشماي قىلىنغان تەۋەككۈلچىلىك بولاتتى.

مۇھەممەد تاختاي تاملىق تەپىس ئىشخانىسىدا ئولتۇراتتى، ئۇ ئالتۇن گىرۋەكلىك كۆزئەينىكىدىن كۆزىنى چىمچىقلىتىپ قاراپ، مەن يولۇققان ئىشلارنى ئىنچىكە سۈرۈشتۈردى ۋە ھەم دېسىلا مەن تۇرىدىغان سارايىنى سورىدى. ئۇ مېنىڭ گېزىتخانىدىكى دوستلىرىم تۇپەيلى، ئاللىقاچان كۆزىتىلىۋاتقانلىقىمنى جەزملەشتۈردى.

— دوستىڭىز ئىرانلىقمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— شۇنداق.

— ئۇنداق بولسا، ئۇ چوقۇم مەخپىي مەلۇمات بەرگۈچى، —

دېدى مۇھەممەد بېشىنى چايقاپ.

بىز بىرلىكتە ۋالېرى ئەپەندىنىڭ كېلىشىنى كۈتتۇق. ئۇ مۇھەممەدنىڭ چەت ئەللىك ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى ئۈچۈن سودا ۋىزىسى بېجىرىۋاتقانىكەن. مۇھەممەد ئۇنى «كىشىلەر بىلەن قانداق سۆزلىشىشنى بىلىدىغان ئادەم» دەپ تەرىپلىدى. مەن بۇنداق تەرىپلەشنى ياقتۇراتتىم، بۇ دەل مەندە كەمچىل بولۇۋاتقان بىر خىل بىلىم دەپ قارايتتىم. ۋالېرى قايتىپ كەلگەندە، كۆڭلۈم تېخىمۇ تەسكىن تاپتى. ئۇ ئېگىز، ساغلام، پاكىستان خەلق ئەسكەرلىرىنىڭكىدەك كالتە بۇرۇت قويۇۋالغان كىشى بولۇپ، كەم سۆز ئىدى، ئەمما كىشىنىڭ دىققىتىنى بەك تارتاتتى. قارىماققا ئۇ ئىچكى قىسىمدىكى ئادەمگە ئوخشايتتى. بىز ئۇنىڭغا ئەتىگەن يۈز بەرگەن ئىشلارنى قايتا سۆزلەپ بەردۇق، ئۇ بىزگە ئۇدۇل ئىش بېجىرىش ئورنىغا قايتىپ بېرىپ ئۇلار بىلەن سۆزلىشىش تەكلىپىنى بەردى. بىز تېزلىك بىلەن ماشىنىغا ئولتۇرۇپ، ۋەلىئاس كوچىسىنى بويلاپ كۆپلىگەن ماشىنىلار ئارىسىدا مېڭىپ، چىقىش ئېغىزىنى ئىزدىدۇق.

ئارقا كوچا، كىچىك يوللاردىن مېڭىپ، يول بويى ماشىنىلاردىن يانداپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىنتىزام ھەربىي قىسمىغا يېتىپ باردۇق. ئالدىنقى قېتىمدىكىگە ئوخشاش، ئۇدۇل ساقاللىق قاراۋۇلدىن ئۆتۈپ، ئاساسىي زالغا كەلدۇق. مەن ھېلىقى تاقىرباش، كاج ئەرنى كۆرۈپلا ۋالېرىغا كۆرسەتتىم. ۋالېرى مېنى كەينىمدە تۇرۇشقا بۇيرۇپ، قەدىمىنى تېزلىتىپ ۋە ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان قاۋۇل بەدىنى بىلەن ئىلگىرىلەپ ئالدىغا باردى. شۇ تاپتا ھېلىقى كىشى ئۆرە تۇراتتى، ئەمما كۆزلىرىنى يەردىن ئۈزمەيتتى. ۋالېرى يېقىنلاشقاندا، ئۇنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى.

ۋالېرى مەقسىتىنى ئېيتتى، ئاندىن:

— ئازراق ۋاقتىڭىزنى ئالسام بولارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ۋاقتىم يوق، — دېدى ھېلىقى كىشى ۋە بېشىنى بۇراپ ئىشىغا كىرىشتى.

— زادى قانداق مەسىلە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەرسىزمۇ؟

— بولمايدۇ، مەندىن سورىماڭ.

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا ئۈستىلىدىن ئايرىلدى. شۇ چاغدا، ۋالېرى ئۇنى يەنە بىر قېتىم چاقىردى. ئۇ جاۋاب قايتۇرمىدى، ئەمما توۋلىغان ئاۋاز يەنە بىر قېتىم ياڭرىغاندا، قاتتىق ئاۋازدا:

— ئىككى كۈندىن كېيىن... سەۋەبىنى سورىماڭلار، — دېدى. ئۇنىڭ ئاۋازى ناھايىتى جاراڭلىق بولۇپ، ھەممە ئىشداشلىرى ئاڭلىدى.

بىر ئايال ئۈستەلنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئەپۇ سورىغىلى كەلگەن خوتۇندەك ئەدەپ بىلەن راشىد ئەپەندىنىڭ ۋىزامىنى تەستىقلاشنى رەت قىلغانلىقىنى، ئۇنى تېپىپ سۆزلىشىپ بېقىشىمىز كېرەكلىكىنى چۈشەندۈردى. ۋالېرى راشىد ئەپەندىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى سورىغاندا، ئۇلار: بۈگۈن يوق» دەپ جاۋاب بەردى.

ۋالېرى ئەزەلدىن بۇنداق مۇئامىلىگە ئۇچراپ باقمىغان بولسا كېرەك، سەل ئېغىر كەلگەنلىكى چىرايىدىن بىلىنىپ تۇراتتى، شۇنداقلا ئوخشاش بىر مىللەتتىن چىققان بىر ئەر ياكى تۇغقىنى تەرىپىدىن ھاقارەتلەنگەندەك ھېسسىياتتا كۆرۈنەتتى. ئۇ بىزنىڭ ۋاقتىنچە ئۆزگەرتىلگەن ئىككى كۈنلۈك مۇددەتنى قوبۇل قىلىپ تۇرۇپ، ئەتە پاسپورتنى ئالغىلى كەلگەندە بىرنەچچە كۈننى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ بېقىشىمىزنى تەكلىپ قىلدى. مۇددەت ئۆزگەرتىش ھەققىنى تۆلەپ بولغاندۇق، بۇ ئىككى كۈن ۋىزامىنىڭ ئىناۋەتلىك ۋاقتىدىن ئاز دېگەندە بىر كۈن ئارتۇق ئىدى. مەن ماقۇل بولدۇم. ۋالېرى باغاقچىنى ئېلىپ پۇكەيگە قايتىپ باردى. بۇ قېتىم ئۇنى باشقا ئەر كىشى كۈتۈۋالدى.

كىشىنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان ھۆكۈمەت ئىش بېجىرىش

ئورنى بىلەن بىۋاسىتە ئالاقە قىلمىغانلىقىم ئۈچۈن يېنىك تىندىم. بۇنىڭدىن ئىلگىرى بەك ھودۇقۇپ كەتكەنىدىم، مۇشۇ چاغقا كەلگەندىلا، ئاندىن نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى ئاڭقىرىپ يەتتىم. مەن ھۆسەيىن بىلەن چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە كۆرۈشۈشكە ۋەدىلەشتىم. ئۇ تېھران ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك مەمۇرىي ئەمەلدار بولۇپ، يېقىندىلا ئامېرىكىدىن قايتىپ كەلگەنىدى. ئەسلىدە ئۇ مۇقەددەس شەھەر مەشھەد ۋە قۇمدىكى ئىشلىرىمغا ياردەملەشمەكچىدى. ھازىر ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنىڭ ئەھمىيىتى بار ياكى يوقلۇقىنى جەزملەشتۈرەلمىدىم. مەن يەنىلا يەر يۈزىدە مېڭىپ سەپىرىمنى تاماملىيالىشىمنى ئۈمىد قىلاتتىم ھەمدە پاكىستان چېگراسىغا يېتىپ بېرىشىمغا قانچىلىك ۋاقىت كېتىدىغانلىقىنى ھېسابلاشقا باشلىغانىدىم. جەنۇبىي بالۇچىستان رايونىغا جايلاشقان پاكىستان - ئىران چېگراسىدا ئېغىر ئەتكەسچىلىك مەۋجۇت بولۇپ، مىش - مىش پاراڭلاردىن قارىغاندا، ئۇ يەر چاتاق چىقىدىغان يەر ئىدى. بۇ، پۈتۈن سەپىرىمدىكى ئەڭ خەتەرلىك بۆلەك ھېسابلىناتتى، شۇنداقلا نورمال ئەھۋالدا چېگرادىن ئۆتۈشكە جاسارىتىم بار دېگەندىمۇ، ئاللىبۇرۇن ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويغان ئەھۋال ئاستىدا بېرىشنى خالايدىغان - خالىمايدىغانلىقىمغا بىرنېمە دېيەلمەيتتىم. مەن ھۆسەيىنگە تېلېفون بېرىپ، يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئېيتتىم.

— مەن سىزگە ياردەم بېرىشىم كېرەك، — دېدى ئۇ، — بىز يەنىلا كېلىشكەن ۋاقىتتا كۆرۈشەيلى، مېھمانخانىدا.

ھوما مېھمانخانىسى ئىلگىرى شېراتون قەھۋەخانىسى ئىدى. نۇرغۇن ئىران مېھمانخانىلىرىغا ئوخشاش، ئۇنىڭ بىر مەزگىللىك تاقىۋېتىلىش ئۆتمۈشى بولغان، ئاشۇ مەزگىلنىڭ دەسلىپىدە غەيرىيلىك بولمىغان، ئەمما بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بارا - بارا قالاق تەرىپى بىلىنىپ قالغان. مېھمانخانىنىڭ زالى

خىرە يورۇقلۇق ۋە سېسىق پۇرىقى بىلەن چەت ئەللىك مېھمانلارغا بولغان قىزغىنلىقىنى ئىپادىلەپ تۇراتتى. شىراتون مەزگىلىدىكى كونا چىنە ـ قاچىلار يەنىلا بار بولۇپ، بىراق ئىلگىرىكى قەھۋەخانا بۇفېتقا ئايلىنىپ قالغانىدى.

زالنىڭ ھەممىلا يېرىدە خىزمەتچى خادىملار بار، ئەمما مۇلازىمىتىنىڭ ماختىغۇچىلىكى يوق ئىدى. مەن كىرگەن چاغدا، مۇلازىمەت پۇكىيىنىڭ ئالدىدىكى سافالار نۆۋەت كۈتۈۋاتقان كىشىلەر بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. ھۇسەيىن ئۆلارنىڭ ئارىسىدا يوق ئىدى، شۇڭا سول تەرەپتىكى كىتابخانىغا قايرىلدىم. كىتابخانىدا يۇمشاق، ئاددىي مۇقاۋىلىق كىتابلار، ۋاقتى ئۆتكەن ئىران قىبلىنامەسى، ئايرودرۇم ھەققىدىكى ۋەھىمىلىك ھېكايىلەر، جامېس بورۋېنىنىڭ «باشقا بىر دۆلەت» ناملىق كىتابى، بۇلاردىن باشقا يەنە «تاماشا كۆرگۈچى» ژۇرنىلى قاتارلىقلار بار ئىدى. بۇ ژۇرنال جامېسنى «ئەڭ ئۇلۇغ قارا تەنلىك يازغۇچى» دەپ ئاتىغانىدى. ئەگەر ھىندىستاننىڭ 20 ـ ئەسىردىكى بېكىنمىچىلىك ۋاقتىنى بېشىمدىن كەچۈرمىگەن بولسام، ئىراننىڭ زادى قايسى يىلى ئىلگىرىلەش قەدىمىدىن توختاپ قالغانلىقىنى بىلمىدىغان ـ بىلمەيدىغانلىقىمغا بىرنېمە دېيەلمىگەن بولاتتىم. توغرا كېلىپ قالغىنى، بۇ يەرنىڭ مۇھىتى ماڭا تونۇشلۇق بولغان ئۆتكەن ئىشلارنى ئېسىمگە سالدى.

مەن زالغا قايتىپ كەلگەندە، ياشىنىپ قالغان ۋېجىك بىر ئەر كىشىنىڭ بىر پۈتىنى سوزۇپ بۇلۇڭدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۇم. بىر ـ بىرىمىزنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇ تەسلىكتە ئورنىدىن تۇردى، ئاندىن پۈتىنى سۆرىگىنىچە ماڭا قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ ساقال ـ بۇرۇتى پاكىز قىرىلغان، ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىدەك كۆرۈنەتتى، ھۆكۈمەت ئەمەلدارىغا ئوخشىمايتتى. لېكىن، ئۇ تېھران ئۇنىۋېرسىتېتىدا مۇھىم ۋەزىپە ئۆتەيدىغان، شۇنداقلا بۇ مەكتەپ يېقىندىلا بىر موللىنىڭ مەكتەپ مۇدىرى بولۇشىغا ماقۇل بولغاچقا، ئۇنىڭ سالاھىيىتىنى ئىختىيارسىز قىياس

قىلىپ قالدىم. گەرچە باشقا ئىسلام دۆلەتلىرىدە بۇنداق ھۆكۈمنى چىقىرىش بارغانسېرى تەس بولۇپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ — نەزىرىڭىزدە ئىسلام بىلەن مۇتلەق باغلىنىشى يوق كىشى دائىم ئۆزىنىڭ تەقۋادارلىقى بىلەن سىزنى قاتتىق چۆچۈتۈۋېتەتتى — ئىراندا بۇنداق سالاھىيەتنىڭ پەرقى بارغانسېرى روشەنلىشىپ كېتىۋاتاتتى. كېيىنكى يىگىرمە تۆت سائەت ئىچىدە بىر ئىشنى چۈشىنىۋالدىم، ئۇ بولسىمۇ، ئىراندا ئىسلام دىنى دىن ئەمەس، بەلكى سىياسىي ئىكەن. مەن بۇ ئىككىسىنى ئايرىلاشتۇرۇۋېتىپ ئۆزۈمگە ئاۋارىچىلىك كەلتۈرۈۋاپتىمەن.

مەن ھۇسەيىن بىلەن بىرنەچچە سائەت بىللە بولدۇم. ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ مەخسۇس تېھران ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تاشقى خەلقئارا مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىشقا تەيىنلەنگەنلىكىنى، مېنى ھۆكۈمەتنىڭ ئادەملىرىگە ئىلگىرىكى بىر ئوقۇغۇچىمىز، ھازىر ئىراندا ئىلمىي تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ دېيەلەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— لېكىن، مېنىڭ ئۇنداق ۋىزام يوق، — دېدىم مەن، — مېنىڭدىكىسى ساياھەت ۋىزىسى.

— ھېچقىسى يوق، لېكىن دىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى تىلغا ئالماڭ. شەرقىي ئاسىيا مەدەنىيىتى توغرىسىدا ئىلمىي ماقالە يېزىۋاتىمەن دەڭ.

ماڭا بۇ گەپنىڭ مەنىسى تۇتۇق بىلىندى، ئەمما بۇ ئۇنىڭ ئامالى ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلدىم. بۇ چاغدا كەچ كىرىپ كەتكەنىدى، ھۇسەيىن مېنى شىراز كوچىسىغا ئۇزىتىپ چىققاندا، تېھراننىڭ ئاساسىي كوچىلىرىدا قىستاڭچىلىق باشلىنىپ كەتكەنىدى. كېتىۋېتىپ ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن ئىلگىرى ئىراندىن ئايرىلغانلىقىنى سورىدىم.

— مەن پەرزەنتلىرىمنىڭ بىر ئەركىن دۆلەتتە ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى ئۇ، — بىرسى خارۋاردقا، بىرسى ستانفوردقا باردى، ئوغلۇم شەرقىي شىمالدا

ئىنژېنېرلىق قىلىۋاتىدۇ. بۇ يەردە ئۇلارغا بۇنداق پۇرسەت يوق. مەن سۆز ئەركىنلىكى ۋە ئىدىيە ئەركىنلىكىنى ئىنتايىن مۇھىم بىلىمەن. مېنىڭچە، بۇلار ئىنتايىن مۇھىم.

ھۆسەيىن جەمەتىنىڭ ئىلگىرى بىر قۇرۇلۇش شىركىتى بولغانىكەن، 1979 ـ يىلىدىكى ئىنقىلابتىن كېيىن يوق بوپتۇ. ئۇ ئامېرىكىدا نۇرغۇن يىل ياشاپتۇ، يېقىندا بىر ئالىي مەكتەپ تەرىپىدىن يۇقىرى ۋەزىپىگە تەكلىپ قىلىنغاندىن كېيىن ئىرانغا قايتىپ كەپتۇ. باشقا نۇرغۇن ئىرانلىققا ئوخشاش، بىر خىل تەنھالىق تۇيغۇسى ۋە ۋەتەن مۇھەببىتى ئۇنى قايتۇرۇپ كەپتۇ. ئۇنىڭ دېيىشىچە، بالىلىرىنى ئويلىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ بۇ يەردە چوڭ بولسا چەكلىمىگە ئۇچرايدىغانلىقى ئۇنىڭ ئىراندىن ئايرىلىشىغا تۈرتكە بولغان ئاساسىي سەۋەب ئىكەن.

— سىز ئىلگىرىكى ئىراننىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ — دېدى ئۇ، — ئۇ چاغدا ھۆكۈمەت دىنىدىن خالىي بولسىمۇ، كىشىلەرنىڭ دىن بىلەن ئالاقىسى زىچ ئىدى، — ئاندىن ئۇ نېمىشىدۇر قوشۇمچە قىلماقچى بولغاندەك، — بىز ئىستىبداتلىق، قىزغىن ھېسسىياتقا تولغان مىللەت ئىدۇق، بىراق ھازىر ئەھۋالىمىز بەك ئوسال، — دېدى.

بىز ئەتىسى ئەتىگەن سائەت توققۇزدىن ئون بەش مىنۇت ئۆتكەندە، ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ئىنتىزام ئەترىتىنىڭ ئىش بېجىرىش باشقارمىسىنىڭ دەرۋازىسى سىرتىدا كۆرۈشۈشكە كېلىشتۇق.

شۇ كۈنى كەچتە سىرتقا بەكلا چىققۇم كەلدى. تېھراننىڭ كېچىلىك تۇرمۇشى شەخسىي تۇرالغۇلار ئىچىدە بولاتتى. كۆپىنچە ۋاقىتتا مەن بەك ئالدىراش ياكى بەزى ئىشلارغا روھىي جەھەتتىن تەييارلىقىم يوق ئىدى، لېكىن نۇرغۇن تېھرانلىق ياشلارغا ئوخشاش، ئۆزۈمنى ئەركىن تۇتۇشقا موھتاج ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلاتتىم.

مەن ئەمىرگە تېلېفون ئۇرۇپ، يۈز بەرگەن ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىۋىدىم، ئۇ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. مەن يەنىلا ھۇسەيىننىڭ مۆجىزە يارىتالىشىدىن ئۈمىد كۈتۈۋاتاتتىم، بىراق ئەمىر ئاۋارىچىلىكنى سېزىپ قالغاندەك ئىدى.

— يەنە بىر خىل ئېھتىماللىق بار، — دېدى ئەمىر بىرپەس سۈكۈتتىن كېيىن، — بەك ئالدىرىتىۋەتمەڭ.

بىز يەنە باشقا بەزى ئىشلارنى سۆزلەشتۇق، ئاندىن ئەتىسى مەجبۇرىي چېگرادىن چىقىرىۋېتىلىشىمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكۈم بارلىقىنى ئېيتتىم.

— بولىدۇ، — دېدى ئەمىر، — ئەسلىدە مەن سىزنى بىر يىغىلىشقا ئاپارماقچىدىم. ئۇ بىر ئارتىس دوستىمىزنىڭ تۇغۇلغان كۈن يىغىلىشى، مېنىڭچە، بەك قىزىقارلىق بولىدۇ.

مەن خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولدۇم، ئۇ بىرنەچچە سائەت ئىچىدە مېنى ئالغىلى كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەمىر بىلەن تېلېفونلىشىۋاتقاندا مەن بالكوندا ئىدىم، شەھەردىكى چىراغلارنىڭ ئاستا ـ ئاستا يورۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۆتكەن بىر ئايدا بۇ مەنزىرىگە كۆپ قېتىم تىكىلىپ قارىغان، مەندە ھېچقانداق گۈزەللىك تۇيغۇسى پەيدا قىلمىغان بولسىمۇ، بىراق بۇ يەنىلا كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان شەھەرنىڭ كېچىلىك مەنزىرىسى ئىدى.

ئەمىر بىلەن ئاننايىتا روھى كۆتۈرەڭگۈ ھالدا يېتىپ كەلدى. ئۇلار 20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرى پاسونىدىكى «پېيكىن» ماركىلىق چىرايلىق پىكاپنى ھەيدەپ كەلگەنىدى — پېيكىن ئىراننىڭ «ھەممىباب» ئاپتوموبىلىغا تەڭ — ئاننايىتا بىر داپنىمۇ كۆتۈرۈۋالغانىدى. يىغىلىش باشقا بىر قەۋەتلىك بىنادا ئۆتكۈزۈلدى، بۇ بىنا مەن تۇرۇۋاتقان بىناغا ئوخشاشلا ئىران پادىشاھلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە سېلىنغانىدى.

يىغىلىشتا گىرىم قىلغان چىرايلىق قىزلار سىرتقى كىيىمى ۋە باش ياغلىقىنى سېلىۋېتىپ، نەپىس كۆڭلەك، يېپىلىپ تۇرغان

ئۇزۇن سۇمبۇل چاچلىرىنى ئاشكارا قىلدى. ئۆي ناھايىتى قاراڭغۇ، ئىراننىڭ بىر مەشھۇر ناخشىسى ياڭرىماقتا ئىدى. چىراغ نۇرى ئاشخانا تەرەپتىن يورۇتۇپ تۇراتتى، ئۈستەلدە نەچچە خىل كۈچلۈك ھاراق ۋە ئاق ھاراق تىزىقلىق ئىدى.

ئۆيدىكى كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى كىنو ساھاسىدىكىلەر ئىدى. مەن ھىندىستانلىق ئىكەنلىكىمنى ئېيتقاندا، ئۇلار بوللىۋۇدنى مەسخىرە قىلىشقا باشلىدى. قىزىل - ئاق رەڭلىك يىپەك كۆڭلەك كىيگەن بىر قىز ئۇسسۇل ئوينىغاچ ماڭا يېقىنلاشتى، بىر ئەر كىشى بالكوندا سىگار چەكتى، ئاننايىتا داپ چېلىۋاتاتتى، باشقىلار، جۈملىدىن ساقال قويۇۋالغان، زەڭگەر كۆزلۈك ئۆي ئىگىسى ئۇنى چۆرىدەپ ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتى. تېھراندا ئەۋج ئالغان بۇنداق تۈردىكى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىدە ھامان ئۆزىگە كۆڭۈلسىزلىك تېپىۋېلىشتىن ساقلىنالمايتتى. سورۇندىكى كىشىلەر قانۇن بىلەن توقۇنۇشۇپ باققان؛ ئۇلار يېرىم يولدا توختاپ قالىدىغان بۇنداق يىغىلىشقا قاتنىشىپ باققان؛ نۇرغۇن قىزلار قانۇندا بەلگىلەنگەن ھەرىكەت ئۆلچىمىدىن ھالقىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن قولغا ئېلىنىپ كەتكەنىدى. شەھەردىكى پۈتكۈل بىر ئەۋلاد ياشلار قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش قالپىقىنى كىيىپ ئۈلگۈرگەنىدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشى ئىسلام ئىنقىلابى بىلەن تەڭتۇش ياكى سەل چوڭراق ئىدى. ئۇلار ياشاۋاتقان دەۋردە، T شەكىللىك مايكا، غەرب مۇزىكىسى، ئۆزگىچە چاچ پاسونى، ئىككى جىنس ئالاقىسى، ئۇسسۇل، جۈملىدىن ھاراق ئىچىپ مەست بولۇش دېگەنلەر سىزنى تۈرمىگە كىرگۈزۈپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى. ھالبۇكى، ئۇلار يەنىلا تەۋەككۈل قىلاتتى، ئەمەلىيەتتە ناھايىتى كۆپ كىشى شۇنداق قىلىۋاتاتتى؛ ئۇلار باشقىچە كۆزقاراشتىكىلەر بىلەن باغلىنىپ كەتكەنىدى.

يىغىلىشتىن ئايرىلغان چاغدا، ئىككى قىز سەنتۈرۈلۈپ ماڭغىنىچە ئالدىمىزدىن ئۆتتى، ئۇلار يىغىلىشتىن ئالغاچ چىققان

چوڭ بىر ساندۇقچىنى كۆتۈرۈۋالغانىدى. ئۇلار دەلدەڭشىپ ماڭغاندا باش ياغلىقىمۇ چۇشۇپ كەتتى. بىر قىز ماشىنىمىزغا مەست ھالەتتە ئۆمىلەپ چىقتى. ئاننايىتا پۇتۇن بىر ئاخشام ھاراق ئىچتى، ھازىر ماشىنا ھەيدىگەچ ناخشا ئېيتماقتا ئىدى. ئۇ ماشىنىنى تېز سۈرئەتلىك يولدا ئۇچقاندەك ھەيدەپ، ماشىنىنىڭ بېشىنى قاتناش ئارىلىغا بۇراپ، ئاخىرقى دەقىقىدە ئەسەبىيلەرچە كۈلگىنىچە ماشىنىنى قايتۇردى. ئەمىر ئىنتايىن خاتىرجەم كۆرۈنەتتى. بۇنداق قىلمىشنى سادىر قىلغانلار تېھراندىلا ئەمەس، لوندوندىمۇ قولغا ئېلىناتتى.

بىز ئاخىر بىر ئۆينىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدۇق ۋە يەردە ئولتۇرۇپ، سولياۋ ئىستاكاندا ئەرزان باھالىق ۋوتكا ئىچتۇق. ئەمىرنىڭ ساقال قويمىغان بىر رەسسام دوستى بىر ھېكايىنى سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇ ئالاھىدە قىلىپ:

— ئىلگىرى مېنىڭ دىنىي ئېڭىم بەك كۈچلۈك ئىدى. لېكىن، مەكتەپتىكى بارلىق مېڭە يۇيۇش تەشۋىقاتلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن، دىنغا يەنە ئىشەنمەيدىغان بولدۇم. مەن قاچان پىكىر يۈرگۈزۈشكە باشلىغان بولسام، شۇ كۈنى ئېتىقادىمنى توختاتتىم، — دېدى ماڭا.

— نېمە ئىش بولغانىدى؟

— شۇ كۈنى مەن ماشىنا ھەيدەپ بىر دوستۇم بىلەن كېتىۋاتاتتىم، بىر «قۇرئان كەرىم» نى... ماشىنىدىكى ئاپتاپنى توسىدىغان ھېلىقى نېمىنى سىلەر نېمە دەيتتىڭلار؟

— ئاپتاپتوسقۇ.

— توغرا، ئاپتاپتوسقۇنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويغانىدىم. يول بەك ئېگىز - پەس ئىكەن، «قۇرئان كەرىم» چۈشۈپ كەتتى. مەن ئۇنى ئېلىپ سۆيدۇم. دوستۇم ماڭا قارىدى، ئاندىن: «ھوي، قۇرئاننىڭ چۈشۈپ كەتتى. مەنمۇ سۆيۈپ قوياي» دېدى.

ئۇنىڭ ھېكايىسى ماڭا مۇھەممەد رەھىمنىڭ ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىنى ئەسلەتتى. دىندىن غالىب كەلگەندىن كېيىن، رەسسام

بىر خىل خاتىرجەملىككە ئېرىشكەن؛ ئۆزىنى مۇسۇلمانچىلىقتىن يىكىر يۈرگۈزگۈچىگە ئايلىنىش جەريانىدا ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولدۇم، دەپ قارىغان. ئۇ ئىلگىرىكى غەزىپىنى دىنىنىڭ تارىختا مۇئامىلە قىلىش مەۋقەسىدىن سۈرۈشتۈرگەن. بۇ سەپەر جەريانىدا مەن ئاڭلىغان ئەھمىيىتى ئەڭ زور كۆزقاراش ئىدى. بۇ كۆزقاراش مەن بىلەن دادامنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەسىلىنىڭ مەركىزىگە بېرىپ تاقالدى. دىندىن باشقا، مەن بىلەن دادامنى ئوخشاش بىر مەزگىللىك تارىختا ئورتاق ئىگە دېيىشكە بولاتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە، مەن ئالدىنقى كۈنى كەچتىكى پائالىيەتنىڭ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا باشلىغانلىقىنى بايقاپ قالدىم. پايامۇ سائەت سەككىزدىن ئون بەش مىنۇت ئۆتكەندە بىنانىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ ئاق كۆڭلەك كىيىۋالغان، چىرايىدىن ناھايىتى ئېھتىيات قىلىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول قىستاڭچىلىق بولۇپ كەتتى، چىقىش ئېغىزىغىمۇ قۇلۇلىدەك مېڭىۋاتقان ماشىنىلار تىقىلىپ كەتتى. بىز مۇھەممەدنىڭ ئىشخانىسىغا يېتىپ بارغاندا، ۋالېرى كېلىپ بولغانىكەن، لېكىن بېجىرىدىغان ئىشى چىقىپ قېلىپ، نەچچە مىنۇتتىن كېيىن بىنادىن چۈشتى. مەن بەك تىت ـ تىت بولۇپ كېتىۋاتاتتىم، ھوسەيىننى ساقلىتىپ قويغۇم يوق ئىدى، بىراق ئۇنىڭغا تېلېفون ئۇرغىنىمدا، ئاللىقاچان ھۆكۈمەت ئىشخانىسىدا ئەمەس ئىكەن. بىز ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندە ئون بەش مىنۇت كېچىكىپ قالغانىدۇق.

بۇ قېتىم ھوسەيىن يەنىلا ھۆرمىتىمىزنى قىلىپ بىزنى ئىشخانىغا باشلاپ كىردى. بۇ يەر بىرىنچى كۈنىدىكىدەك قىستاڭچىلىق ئىدى. مەن دەسلەپ بىز بىلەن مۇئامىلە قىلغان ھېلىقى ئەرنى كۆردۈم. ئۇنى ھوسەيىنگە كۆرسەتتىم، ئۇ مېنى ئارقىدا ساقلاپ تۇرۇشقا بۇيرۇدى. ھېلىقى ئەرنىڭ ۋالېرىنى

بايقىغانلىقىنى يىراقتىن كۆرەلەيتتىم، ئۇ روھسىز قىياپەتتە ھوسەيىننىڭ كەينىدە تۇراتتى. قارىماققا ھېلىقى كىشى قاتتىق ئاچچىقلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى، لېكىن ھوسەيىن ئالدىغا بىرىپ ئۆزىنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ مۇئامىلىسى دەرھال ئەدەپلىك، قىزغىن بولۇشقا ئۆزگەردى. بۇ مۇشۇ چاغقىچە كىشىگە ئىلھام بېرىدىغان تۇنجى سىگنال ئىدى.

ھېلىقى كىشى ماتېرىياللىرىنى ئېلىپ تېز ۋاراقلاۋاتقاندا، ھوسەيىن ئۇنىڭ ئالدىدا تۇردى، بەزىدە ماڭا قاراپ قوياتتى. ھېلىقى كىشى ماتېرىيالنى ئەستايىدىل كۆرگەندىن كېيىن، ھوسەيىن ئىككىسى قىسقىلا پاراڭلاشتى. ئاندىن، ھوسەيىن بېشىنى لىڭشىتىپ، ئاقساقلىغىنىچە قايتىپ كەلدى.

— سىزنىڭ ئىلتىماسىڭىزدا مەسىلە يوق ئىكەن، — دېدى ئۇ، — ئۇنىڭ دېيىشىچە، ھازىر سىزگە مۇددەت ئۇزارتىش ھوقۇقىنى بېرىشكە بولىدىكەن. لېكىن، راشىد ئەپەندى رەت قىلىش تەستىقىنى سالغانلىقتىن، بىز ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ، بۇنىڭ زادى نېمە ئۈچۈنلۈكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشىمىز كېرەك ئىكەن. ئۇ باشقا ئاپپاراتتا ئىشلەيدىكەن.

— راشىد قەيەردە؟

— ھازىر يوق، لېكىن تېزلا يېتىپ كېلىدىكەن.

بىر ئاز ۋاقىت ئۆتتى، ۋالېرى يېنىمىزغا كەلدى. ئۇ سۈرۈشتۈرۈپ، راشىدنىڭ سائەت ئون بىردە قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئۇقۇپتۇ. شۇ چاغدا سائەت ئون بولغانىدى، بىز بىر سائەت ئارام ئېلىپ، سائەت ئون بىردە ئۇچراشماقچى بولدۇق. مەن تېخى ناشتا قىلمىغانىدىم. پايامۇ مېنى بىر مېھمانخانىغا باشلاپ باردى، بۇ ئىلگىرى مىئامى مېھمانخانىسى ئىكەن. بىز ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى ناشتىلىقخانىغا چىقتۇق، مەن بىر تەخسە تۇخۇم پوشكىلى، ھولبە ۋە سوغۇق باجونىنى ئاچ بۆرىدەك يېيىشكە باشلىدىم. ئىككى ئىستاكان قەھۋەنى ئىچكەندىن كېيىن، ئۆزۈمنى خېلى ياخشى ھېس قىلدىم.

سائەت ئون بىردە ھۆسەيىن بىلەن يەنە ئۇچراشقىنىمىزدا، راشىد يەنىلا كەلمەپتۇ. بىز تالادا كۈتمەكچى بولدۇق. قارا نىمچە كىيىۋالغان بىرنەچچە پاكىستانلىق ئايال ئىشىكنى تىرىگىنىچە ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى، ئۇلار بەك غەمكىن كۆرۈنەتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا تۇرغان پاكىستانىنىڭ سارى كەمزۇلىنى كىيىۋالغان قاۋۇل ئەر بىرمۇنچە جەدۋەلگە چەكچىيىپ قارىغىنىچە نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇراتتى. ھۆسەيىن بىلەن ۋالېرى قاتتىق پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەنىدى. ھۆسەيىن:

— ئىلگىرى بىر ئادەمنى ئەۋەتىپمۇ سىزگە ۋاكالىتەن ئامېرىكا ياكى ئەنگلىيەنىڭ ۋىزىسىنى ئالغىلى بولاتتى، لېكىن ئىسلاھاتتىن كېيىن ئەھۋال ئۆزگىرىپ كەتتى: ئەگەر ئىسلام جۇمھۇرىيىتىدە تۇرىدىغان ۋاقتىڭىز ئۇزاق بولمىسا، ھۆكۈمەت بىلەن ئالاقە قىلغاندا تەمكىنلىكىڭىزنى يوقىتىپ قويماسلىققا چوقۇم دىققەت قىلىشىڭىز كېرەك، — دېدى.

ئارقىدىن ئۇ تاقەتسىزلىنىشكە باشلاپ، يەنە بىر قېتىم ئىش بېجىرىش ئورنىغا قاراپ ماڭدى. ئەسلىدە مەن سىرتتا ساقلاپ تۇرماقچىدىم، بىراق، كاللامدا ئىشخانىنىڭ تەسىراتىنى قالدۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەگەشتىم. ئىچى سەل بوشىغاندەك قىلغىنى بىلەن، ئەمما دېرىزىسىز بۇ ئۆي يەنىلا ئادەمگە تۇشۇق ئىدى. مەن ئەتراپىمنى بىر قۇر كۆزىتىشكە ئۈلگۈرمەيلا، نەچچە ئون ئادەم قىستىلىشىپ ئۆتتى. مەن ئەينەكلىك توسۇقنىڭ كەينىدە بىر ئادەمنىڭ بارلىقىنى كۆردۈم، ئۇ دەل راشىد بولۇشى كېرەك. «ئۇ باشقا ئاپپاراتتا ئىشلەيدۇ» دېگەن سۆز ئېسىمگە كەلدى ـ دە، ئۇنىڭ قايسى ئاپپاراتتا ئىشلەيدىغانلىقىنى قىياس قىلىپ، يۈرىكىمدە بىر خىل مۇدھىش ۋەھىمە پەيدا بولدى.

مەن ئەقىل ـ پاراسەتكە تولغان كىشىنى پەقەت بىر قېتىم كۆرگەنىدىم. بۇ دەمەشقتە بولغان ئىش. ئاشۇ خىل قەتئىي ئىشىنىدىغان كىملىك تۇيغۇسى مېنى قاتتىق زىلزىلىگە سالغانىدى. راشىدمۇ ئوخشاش بولۇپ، ئىشخانىدىكى باشقا

خىزمەتچى خادىملارغا سېلىشتۇرغاندا، مۇتلەق ئوخشىمايدىغان تىپقا مەنسۇپ ئىدى. ئۇ كىيىم - كېچەكلىرى ئىنتايىن ئاددىي، قېنىق زەڭگەر رەڭلىك كۆڭلىكىنىڭ سىرتىغا قېنىق كۆك رەڭلىك تولىستوپكا كىيگەن، چار ساقىلى قىسقا، كۈمۈش رەڭلىك كۆزئەينىكىنىڭ ئاستىدىكى كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدىغان كىشى ئىدى. خاراكتېرى ئۆزگىچە بۇ ئادەم ئارتۇقچە بىر يۇرۇش قانۇن - تۈزۈمگە ۋەكىللىك قىلىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ بۇ ئاپپاراتنى باشقۇرۇشقا ئەۋەتىلگەندە، مەسىلىلەرگە تېزلىك بىلەن ئاخىرقى قارارنى چىقىرالايتتى. ئۇ يان تېلېفونغا قاراپ تېزلىك بىلەن نېمىلەرنىدۇر دەيتتى، گەرچە شۇ تاپتا نەزىرىم ئۇنىڭغا چۈشمىگەن بولسىمۇ، بىراق مېنى كۆرگەن ئاشۇ دەقىقىدە، ئۇ مېنىڭ كىملىكىمنى بىلىپ بولدى. ئۇنىڭ نەزىرى ئۆتكۈر ئىدى. ئۇ قولىنى شىلتىپ بىر قوپال قول ئىشارىتى بىلەن مېنى ئالدىغا كېلىشكە بۇيرۇدى. ئارقىمىغا ئەگەشكەن پايامۇ بۇ قول ئىشارىتىنى كۆردى. مەن پايامۇنىڭ چىرايىدىكى قورقۇنچنى بايقىدىم، يۈرىكىم جىغىدە قىلىپ كەتتى.

مەن ھۈسەيىندىن ياردەم كۈتتۈم. ئۇمۇ ھېلىقى قول ئىشارىتىنى كۆرۈپ، ئالدىمدا سالماق قەدەم بىلەن ئالغا قاراپ ماڭدى. ھۈسەيىننىڭ بارلىقى ماڭا پاناھ بولدى، راشىدمۇ ماڭا تاقابىل تۇرۇشقا تەييارلىنىپ بولغانىدى. ئۇ يېنىمدىكى ۋىجىك بوۋاينى كۆرگەن چېغىدا ناھايىتى ئۈمىدسىزلەنگەنلىكىنى ئىپادىلەپ، ئۆزىنى بېسىۋالدى. بىز بىرلىكتە دېرىزە تەكچىسىگە قاراپ ماڭدۇق. ھۈسەيىن بىلەن راشىد پارسچە جىددىي پاراڭلىششقا باشلىدى. مەن ئوردۇچە بىلەن ئوخشايدىغان «Saval» (سوئال)، «jawab» (جاۋاب)، «ئافغانىستان»، «پاكىستان» دېگەن بەزى سۆزلەرنى ئاڭلىدىم. ئۇلار خېلى ئۇزاق سۆزلەشتى، راشىد بېشىنى قاتتىق چايقاپ، ھۈسەيىنگە ھەيۋە كۆرسىتىپ قىلچە يول قويمىدى. ئاخىرىدا ئۇلار قاتمال ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. ھۈسەيىن ماڭا:

— ئۇ تەستىقلىمايدىكەن، چۈنكى سىزنىڭ ۋىزا ئىلتىماس جەدۋىلىڭىز خاتا تولدۇرۇلۇپتۇ. ئىلتىماس قىلىشتىن ئاۋۋال يېڭىباشتىن تەكشۈرۈپ چىقىشىڭىز كېرەك ئىكەن، — دېدى.

راشىدنىڭ مەسخىرىسى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا سىلىقلاشتۇرۇۋېتىلدى، لېكىن مېنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنىم يەنىلا ۋىزا مۇددىتىنى ئۇزارتىش ئىدى. مەن پاسپورتۇمنى ئېلىپ دەرھال كەتمەكچى بولدۇم. ھۈسەيىن:

— مەن ئۇنىڭغا سىزنىڭ ئوقۇغۇچۇم ئىكەنلىكىڭىزنى ئېيتتىم، — دېدى.

بۇ ناھايىتى ئاسان ئېچىپ تاشلىنىدىغان يالغان گەپ ئىدى. مەن تېخىمۇ قورقۇپ كەتتىم.

— مېنىڭ بۇرۇندىنلا ئۇلار بىلەن ئالاقەم بار، — دېدى ھۈسەيىن، — مەن تېھران ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خەلقئارا مۇناسىۋەت بۆلۈمىگە ۋەكىللىك قىلىمەن. ئۇ گۇمانىتارلىق تۆردىكى ئىلمىي ماقالە يېزىۋاتقان، شەرقلىكلەر ئۇستىدە ئازراق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلماقچىدى.

راشىد بۇ پېشقەدەم پىروفېسسورغا سوغۇق تىكىلىپ ئاندىن تېلېفون ئۇردى. ئۇ تۇرۇپكىنى قويۇپ، ماش رەڭ فورما كىيگەن ئىككى يېڭى ئەسكەرگە بىزنى بىر يەرگە ئاپىرىشقا يوليورۇق بەردى. ئۇلار بىز تەرەپكە قاراپ كەلدى، ئىككىسىلا ئورا كۆز، ساقاللىق ئىدى. ئۇلار ھۈسەيىن ئىككىمىزنىلا ئېلىپ مېڭىشتى. بىز ئۇلارغا ئەگىشىپ ئىش بىجىرىش ئورنىدىن چىقىپ، بىر كىچىك لىفىتقا كىردۇق. يېڭى ئەسكەرلەر بەشىنچى قەۋەتنىڭ كۇنۇپكىسىنى باستى، لىفىت ئاستا ئۆرلەشكە باشلىدى. ئىشىك ئېچىلىۋىدى، ئالدىمىزدا يېشىل رەڭلىك بىرنەچچە كۆرسەتكۈچ بەلگە كۆرۈندى. ئۇلارنىڭ تۆتى ئوڭ تەرەپنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. يېنىغا «قائىدىگە خىلاپ قىلمىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش» دېگەن خەتلەر يېزىلغان بەلگە سېلىنغانىدى. ھۈسەيىن ماڭا لەپپىدە قاراپ قويۇپ دولىسىنى قىستى.

بىز زالغا ئوخشايدىغان بىر يەرگە ئېلىپ كىرىلدۇق، ئەتراپى نۇرغۇن ئۆيگە تۇتىشاتتى. بىز ئىككى ياۋروپالىق ئەرنىڭ قېشىدا ئولتۇردۇق. بىز يەنە بىر قېتىم بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلماي كۈتۈشكە باشلىدۇق. نەچچە مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن، پۇقراچە كىيىنگەن ئۈچ ئەر كەلدى، ئۇلار ھەربىر كىشىگە مۇسۇلمانچە سالام بەردى، ئاندىن بۇ يەردىن ئايرىلىپ، ئوخشىمىغان ئۆيلەرگە كىردى. بىر ياۋروپالىق ئۆيگە چاقىرىلدى. ئۇلار پاراڭلىشىشقا باشلىدى، مەن فوتو ئاپپاراتقا مۇناسىۋەتلىك بەزى ئىشلارنى ئاڭلاپ قالدىم. بۇ يەردە خاتا ئورۇندا سۈرەتكە تارتىش ئېغىر ئاۋارىچىلىك كەلتۈرۈشى ئېھتىمال ئىدى. تۇيۇقسىز قولۇم يانچۇقۇمدىكى خاتىرە دەپتەرگە تېگىپ كېتىۋىدى، ئىنتايىن جىددىيلىشىپ كەتتىم. ئەگەر ئۇلار بىر قۇر ۋاراقلايدىغان بولسا، ئېرىشمەكچى بولغان ھەممە نەرسىنى تېپىۋالاتتى. مەن پەس ئاۋازدا ھۇسەيىنگە بۇ خاتىرە دەپتەرنى بىر ياقلىق قىلىۋەتمىسەم بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتىم. ئۇ بېشىنى لىڭشىتتى، مەن ئىشىككە قارىدىم، ئۇ يەردە قاراۋۇل يوق ئىدى. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يۈگۈرۈپ چىقتىم ـ دە، بەش قەۋەتنىڭ پەلەمپەيدىن چۈشۈپ، دەرۋازىدىكى قوغدىغۇچىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ ئۇدۇل كوچىغا چىقتىم. پايامۇ بىلەن ۋالېرى سىرتتا مېنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇلارغا ماڭا ئەگىشىپ يان كوچىغا كىرىشنى ئىشارەت قىلدىم.

— نېمە ئىش يۈز بەردى؟ — دەپ سورىدى پايامۇ جىددىي تەلەپپۇزدا.

— بىلمەيمەن. مەن يەنە قايتىپ بېرىشىم كېرەك، بۇنى ئوبدان ساقلاپ بېرىڭلار، — مەن خاتىرە دەپتەرنى ئۇنىڭغا بەردىم ۋە كۆڭلۈمدە ماشىنىغا ئولتۇرۇپلا تىكىۋېتىش نىيىتىمدىن يانىدىم.

پەلەمپەيدە راشىد بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ ماڭا گۇمان بىلەن قاراپ قويدى. مەن بېشىمنى لىڭشىتىپ قويۇپ داۋاملىق

يۇقىرىغا ماڭدىم. ئۆيگە قايتىپ كەلگەن چېغىمدا، ھۇسەيىن يەنىلا بايىقى يەردە مېنى ساقلاپ تۇراتتى. ئۇ بۇ يەردىكى غەلىتە كەيپىياتنى ھېس قىلىپ، قاتتىق جىددىيلىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. نەچچە مىنۇتتىن كېيىن، ئىككى كىشى كەلدى. بىرسى ھەم قارا، ھەم پاكار بولۇپ، كۆزلىرى نۇرلۇق، شالاڭ، كۈل رەڭ بۇرۇت قويۇۋالغانىدى. يەنە بىرسى سەل قامەتلىك، ئېگىزرەك، يۈزى كەڭ بولۇپ، سۇرلۇك كۆرۈنەتتى. ئۇلار بىزنى تەكشۈرىدىغان خادىملار ئىكەن. ئۇلار قوللىرىنى شىلتىپ، ئۆيگە ئۇستەل قويۇۋاتقان قارا يەكتەكلىك ئىككى ئايالنى قوغلاپ چىقاردى، ئاندىن ھۇسەيىننى چاقىرىپ ئۆيگە ئەكىرىپ كەتتى. ئىچىدە نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىيالمىدىم، ئەمما سۆزلىشىش ۋاقتى ئۇزاق بولمىدى، نەچچە مىنۇت ئۆتمەيلا ھۇسەيىن قايتىپ چىقتى. ھېلىقى قارا، ۋىجىك ئەر كىشى ماڭا كۈلۈمسىرەپ قويدى ـ دە، ئۆيگە چاقىردى.

ئېگىز، قامەتلىك ئەر كىشى تەكشۈرگۈچى ئىكەن، ئۇ ئۇزۇن ئۇستەلنىڭ ئارقىسىدا، پىرقىرىما ئورۇندۇقتا مەمنۇنلۇق بىلەن كېرىلىپ ئولتۇراتتى. ھېلىقى ۋىجىك ئەر كىشى تەرجىمان ئىكەن. ئېگىز ئەر سوئاللىرىنى تەرجىمانغا پارسچە ئېيتاتتى. ئۇ تەرجىمە قىلىۋاتقاندا، مارجاندەك بىر جۈپ كۆزى ماڭا تىكىلىپ تۇراتتى. ئېگىز ئەر ئورۇندۇققا يۆلەنگىنىچە مېنى كۆزەتمەكتە ئىدى. بۇنداق ئەگىتىپ سوئال سوراش ئۇسۇلى مېنى بەكلا بىئارام قىلدى. مەن ئىختىيارسىز ئاشۇ ئېگىز ئەر كىشىنى ئەمەلىيەتتە ئىنگلىزچىنى راۋان سۆزلىيەلەيدۇ، يەنە بىر كىشىنىڭ بار ئىكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ مېنىڭ قىسمەن تەدبىرلىرىمنى بىتچىت قىلماقچى دەپ ئويلاپ قالدىم. ئۇلار مېنى ئولتۇرغۇزۇپ قويغان تىك يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇق سارغۇچ تامغا تىرەپ قويۇلغانىدى.

مېنى بۇ يەرگە باشلاپ كىرگەنلىكى توغرىسىدا ھېچقانچە چۈشەنچە بېرىلمەيلا، سوئال سوراش باشلاندى:

— سىز بىلەن بىللە كەلگەن ئىككىيلەن قەيەردە؟ — ئۇ سوئالنى پارسچە سورىدى، ئاندىن تەرجىمە قىلىنىشىنى كۈتتى، ئاخىرىدا تەرجىمىسىنى ئاڭلىدى.

— بىرى ئائىلىمىزنىڭ بىر دوستىنىڭ ئوغلى، — دېدىم مەن، — يەنە بىرى ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئىشخانا خادىمى.

— ئۇلارنىڭ ئىسمى نېمە؟

— پايامۇ ۋە ۋالېرى ئەپەندى.

— تولۇق ئىسىم - فامىلىسى؟

— پايامۇ رەھىمى.

— رە؟

— رەھىمى.

— ئۇلارنىڭ سىز بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار؟

— ئۇنىڭ دادىسى ئائىلىمىزنىڭ دوستى.

— دادىسىنىڭ ئىسمى نېمە؟

— مۇھەممەد رەھىمى.

— رە؟

— رەھىمى، ئوغلىنىڭكىگە ئوخشاش.

— سىز مېھمانخانىدا تۇرامسىز؟

— ياق، بىر دوستۇمنىڭ تۇرالغۇسىدا تۇرىمەن.

— قەيەردە؟

— شىراز كوچىسىدا.

— قانچىنچى نومۇر؟

— 719.

— ئۇ كىمنىڭ تۇرالغۇسى؟

— باھادۇرنىڭ، — دەپ جاۋاب بەردىم مەن. راست گەپ قىلىمەن دەپ ئۆزۈمگە قەسەم بەرگەنىدىم، ئەمما ئۇچۇرنى يوشۇرالايدىغان يەرلەردە يەنىلا ئىمكانقەدەر يوشۇردۇم.

— ئافۇق ھامى؟ — ئېگىز بويلۇق تەكشۈرگۈچى تۇيۇقسىز گېپىمنى ئۈزدى ۋە چىرايىمدىكى ھەيرانلىقنى كۆرۈپ كېرىلىپ

كەتتى.
— شۇنداق.
— باھادۇر بۇ يەردىمۇ؟
— ياق، لوندوندا.
— لېكىن، سىز ئۇنىڭكىدە تۇرىمەن دېدىڭىزغۇ؟ — پاكار بويلۇقى كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ سورىدى.
— توغرا، ئۇ مېنى بۇ يەردىكى چېغىمدا تۇرۇشۇمنى ئېيتقان.
— سىز باھادۇر ئەپەندىنى قانداق تونۇيسىز؟
— لوندوندا تونۇشقان.
— تۇنجى قېتىم يۈز كۆرۈشكەندىكى ئەھۋالنى تەپسىلىي سۆزلەپ بېرەلەمسىز؟
— بولىدۇ، بىز لوندوندا بىر ۋاق چۈشلۈك تاماق يېگەن.
— سىز قانداق يول ئارقىلىق ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقان.
— بىر ئورتاق دوستىمىز ئارقىلىق.
— سىز تۇنجى قېتىم باھادۇر ئەپەندى بىلەن قانداق تونۇشۇپ قالغانلىقىڭىزنى سۆزلەپ بېرەلەمسىز؟
مەن سۆھبەتنىڭ قايسى يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىنى بىلەلمىدىم، بىراق سوئاللارنىڭ ئارقا - ئارقىدىن ئۇتتۇرىغا قويۇلۇشىدىن راست گەپنىڭمۇ دەسلەپ ئويلىغىنىمدىن بارغانسېرى مۇرەككەپلىشىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، راست گەپ قىلىشقا تايىنىشىم كېرەكلىكىنى ھېس قىلىپ قالدىم.
— ھىندونېزىيەدە، — دەپ جاۋاب بەردىم مەن بۇ سوئالنىڭ سورىلىشىدىن سەل ئەجەبلىنىپ.
— ئۇنىڭ ئىراندا نېمە خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟
— بىلمەيمەن، ئۇنىڭ بۇ يەردە خىزمەت قىلىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيمەن.

باھادىر مېنىڭ ھېچقانداق مۇناسىۋەت تۇرۇمدا يوق ئىدى، ئۇنىڭ ئىراندىكى خىزمىتىنى ئانچە چۈشىنىپ كەتمىگەچكە، ھېچنېمىنى بىلمەيدىغانلىقىمنى ئىپادىلەش ئارقىلىق بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ كېتىشنى ئويلىدىم.

— بىلمەيسىز؟ — دېدى پاكار كىشى مەسخىرىلىك تەلەپپۇزدا.

— بىلمەيمەن.

— ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقىنىڭىزغا بەش يىل بوپتۇ، ئاتىش ئەپەندى، ئۇ سىزنى ئۆزىنىڭ ئۆيىدە تۇرغۇزۇپتۇ، لېكىن سىز ئۇنىڭ نېمە خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيسىز؟

— بۇنى چۈشەندۈرمەك بەك قىيىن، — دېدىم ئىختىيارسىز ھالدا، — ئۇنىڭ نېمە خىزمەت قىلىدىغانلىقىغا بىر نېمە دېيەلمەيمەن.

ئۇلار ئۆزئارا كۆز ئېقىشتۇرۇشۇالدى. پاكار ئەرنىڭ كۆز قارىچۇقى چۆرگىلەپ كەتتى، ئېگىز بويلۇق بولسا ئورۇندۇق يۆلەنچۈكىگە يۆلىنىپ، «ئۆزىگە ياردەم بېرىشكە ئۇنىمايدىغان كىشىگە بىز قانداق ياردەم بېرەلەيمىز؟» دېگەندەك قىلىپ دولىسىنى قىستى.

— ئۇنداق بولسا، ئۇ قانداق تىرىكچىلىك قىلىدۇ؟ — دەپ سورىدى پاكار بويلۇق تەشەببۇسكارلىق بىلەن.

— ئۇنىڭ پۇلى جىق بولسا كېرەك.

— نېمە؟

— ئائىلىسىنىڭ جىق پۇلى بولسا كېرەك.

ئىككىسى يىرگەنگەندەك بېشىنى بۇرىدى.

— ئېيتىڭا، باھادىر ئەپەندى دۆلەت ئىچىدە يوق تۇرسا، سىز ئۇنىڭ تۇرالغۇسىغا قانداق كىردىڭىز؟

— ئۇ شوپۇرنى ئاچقۇچنى ئىسپاھانغا ئاپىرىپ بېرىشكە بۇيرۇپتىكەن.

— ئۇ شوپۇر كىم؟

— سادىق ئەپەندى، — دەپ جاۋاب بەردىم مەن ۋە ئۇنىمۇ

سۆرەپ كىرگەنلىكىمدىن بەك ئازابلىنىپ كەتتىم.

— ئۇنىڭ تېلېفون نومۇرى قانچە؟

— كەچۈرسىز، ئېسىمدە ساقلىۋالمىغان، نومۇرى ئۆيدە.

— ئۇ ئىسپاھاندا تۇرامدۇ؟

— ياق، تېهراندا.

— بايا ئۇنىڭ سىزنى ئىسپاھاندا كۈتۈۋالغانلىقىنى ئېيتتىڭىز.

— شۇنداق. ئۇ تېهراندىن ئىسپاھانغا كېلىپ مېنى كۈتۈۋالغان.

— ئاتىش ئەپەندى، ئىراندا سىزنىڭ بىر يان تېلېفونىڭىز بار.

بۇنى سوئال دېگىلى بولمايتتى.

— شۇنداق، مەن ئارىيەتكە ئالغان.

— نومۇرى قانچە؟

— ئېنىق دېيەلمەيمەن، مېنىڭچە... — بۇ گەپنى قىلىپلا، ئۆزۈمنىڭ كەتكۈزۈپ قويغانلىقىمنى بىلدىم. بايا ئۇلارغا ئۆزگەرتىلگەن بىر پاسپورت نومۇرىنى بەرگەن، نومۇرنىڭ بېشى مەن گېپىنى قىلغان يان تېلېفوننىڭ نومۇرى بىلەن ئوخشاش ئىدى، بىراق ئېغىز خاتالىقىمنى تۈزىتىشكە ئامالسىز ئىدىم.

ئۇ تېلېفون نومۇرىنى خاتىرىلىۋېلىپ، سىنچىلاپ قاراپ چىقتى.

— سىز بۇ تېلېفوننى نەدىن ئالغان؟

— ئۇمۇ باھادۇر ئەپەندىنىڭ.

— ئۇ يان تېلېفوننى سىزگە بەردى؟ — دەپ سورىدى پاكار بويلۇق سەل گۇمانلانغاندەك ئاھاڭدا.

— سادىق ئەپەندى ئىسپاھانغا ئالغاچ بېرىپتۇ.

— تېلېفون سادىق ئەپەندىنىمۇ؟

— هەئە.

— سادىق ئەپەندىنىڭ تېلېفون نومۇرى قانچە؟

— مەن دېدىمغۇ، يادلىۋالمىغان، نومۇرى ئۆيدە.

— سىز ئۇنىڭغا قانچە پۇل تۆلىدىڭىز؟

— بىلمەيمەن... تەخمىنەن ئاتمىش ئامېرىكا دوللىرىغۇ دەيمەن، — تەلەپپۇزۇمدا سەل ئاچچىقلىنىش ئىپادىلەندى، ئۇلار خۇددى «دىققەت قىل» دېگەندەك ماڭا قارىدى.

— ئاتىش ئەپەندى، سىزنىڭ ئىرانغا كېلىشتىكى مەقسىتىڭىز نېمە؟

— مەن بىر ساياھەت كىتابى يېزىۋاتىمەن. سەپىرنى ئىستانبۇلدىن باشلاپ پۈتۈنلەي قۇرۇقلۇقتا مېڭىپ، ھىندىستاندا ئاخىرلاشتۇرۇش ئۈمىدىدىمەن.

— بۇ كىتاب نېمە توغرىسىدا؟

— كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىمنى ئاساس قىلىدىغان ساياھەتچىلىك كىتابى، — دەپ جاۋاب بەردىم مەن، — مەن دىن بىلەن مەدەنىيەتكە بەك قىزىقىمەن.

— ئىراندا تەرجىمانىڭىز بارمۇ؟

— يوق، — جاۋاب بېرىۋاتقان چېغىمدا، كاللامدا تەرجىمانىم بولۇشقا تاسلا قالغان كىشىلەرنى خىيالىمغا كەلتۈردۈم.

— سىز تەرجىمانغا ئېھتىياجلىق ئەمەسمۇ؟

— شۇنداق، ئېھتىياجلىق ئەمەس.

— نېمە ئۈچۈن؟ سىز پارسچىنى بىلەمسىز؟ — پاكار بويلۇقنىڭ چىرايى ئېچىلىپ كەتتى.

— بىلمەيمەن، ئەمما مەن پەقەت ساياھەت قىلىپ، كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىمنىلا خاتىرىلىۋالىمەن، پىكىر ئالماشتۇرۇشقا بولىدىغان بەزى كىشىلەر بىلەن پاراڭلىشىمەن. زىيارەت قىلىپ باققىنىم يوق.

— ئاتىش ئەپەندى، — پاكار بويلۇق ئەر جىددىي تەرزدە سۆزلەشكە باشلىدى، — ئاڭلىشىمىزچە، سىز دىندىكى ئۆزگىرىشلەرنى سۈرۈشتە قىلىپسىز، مەلۇم دەرىجىدە يەنە سىياسىيمۇ بار ئىكەن.

مەن كۈلۈۋەتكىلى تاس قالدىم: بۇنداق تەرىپلەش ھەقىقەتەن دەبدەبىلىك، تولىمۇ نازۇك، مۇكەممەل ھالدا دىن بىلەن

سىياسىيىنىڭ ئىسلام جۇمھۇرىيىتىدىكى يېقىنلىق خاراكتېرىنى يىغىنچاقلىغان بولۇپ، ئۇ مېنى ئارىلاشتۇرۇۋېتەرمىكىن دەپ ئەنسىرىگەندەك قىلاتتى.

— مەن بەزى دىنىي مەسىلىلەرنىلا سوراپ باققان، بۇلارنىڭ سىياسىي بىلەن مۇناسىۋىتى يوق، — دەپ جاۋاب بەردىم، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىشەنمىگەنلىكى ئېنىق ئىدى.

— سىز رافسانجانى ئەپەندى رىياسەتچىلىك قىلغان جۇمە نامىزىغا قاتنىشىپسىز.

مەن بارمىغان، ئەمما ئۇنىڭ دېگىنى ئاساسەن ئەمەلىيەتكە يېقىن ئىدى. مەن پايامۇنىڭ بىر دوستىدىن مېنى تېھران ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى جۇمە نامىزىغا باشلاپ بېرىشىنى ئۆتۈنگەنىدىم. ئەگەر تەكشۈرگۈچى خادىم بۇ ئىشنى بىلىدىغان بولسا، ئۇنداقتا، ئۇلار تېلېفونتى نازارەت قىلىپ ئاڭلىغان. ئەگەر ئۇلار تېلېفونۇمنى نازارەت قىلىپ ئاڭلىغان بولسا، بىلىدىغان ئىشلىرى كۆپ.

بۇ چاغدا مەن بۇنى قىسقا تەكشۈرۈش دەپ قارىمايدىغان بولدۇم، قارىغاندا بۇ بىر قېتىملىق ئۇزاق تەكشۈرۈشنىڭ تۇنجى باسقۇچىدەك قىلاتتى.

— ياق، مەن جۇمە نامىزىغا قاتناشمىدىم.

— سىزنى ئۇ يەردە كۆرگەنلەر بار.

— بۇ مۇمكىن ئەمەس، — دېدىم ئىشەنچلىك هالدا، — مەن ئۇ يەرگە بارمىدىم.

— سىز قايسى مۇقەددەس شەھەرلەرگە بېرىپ باققان؟ مەسىلەن مەشھەد ياكى قۇمغا باردىڭىزمۇ؟

بۇ چاغدا تېخىمۇ ئېغىر بىر تەشۋىش ماڭا هۇجۇم قىلىپ كەلدى. ئۇلار رىزا بىلەن سۆزلەشكەندىمۇ؟

— بارمىغان.

— ئەمىسە، بارغۇڭىز بارمۇ؟ — پاكار بويلۇق ئەر ئەپچىللىك بىلەن سورىدى.

— شۇنداق، بارغـۇم بار، — دېدىم مـەن يالغان سـۆزلـەشنىـڭ زۇرۇرىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ، — ئەسلىدە مەن ئەتە كەچتە مەشھەدكە بارالىسام دېگەن ئۈمىدتـە ئىدىم. لېكىن، مـەن يەنە باشقا بەزى جايلارغا بارغان.

— قەيەرگە؟

— شىراز، يەزىد، ئىسپاھان...

— تېھراندىن بارغانمۇ؟

— ياق، ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ شىرازغا باردىم، ئاندىن يـول بويى ئىشلىگەچ كەلدىم.

ئېگىز بويلۇق ئەر ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كـەتتى. پاكـار بويلۇق تەكشۈرگۈچىنىڭ تـەلەپپۇزى تـۇيۇقسىـز دوستانىلىققا ئۆزگەردى.

— سىز قايسى شەھەرنى ئەڭ ياقتۇردىڭىز؟

— يەزىدنى، — دېدىم كۈلۈمسىرەپ.

— نېمە ئۈچۈن يەزىدنى؟ — دەپ سورىدى ئۇ قىزىقىپ بىلەن.

— مەن ئۇ يەرنىڭ ئەتراپىدىكى قۇملۇقنى، ئىمارەتلىرىنىڭ رەڭگىنى، يەنە جۈمە مەسچىتىنى ياقتۇرۇپ قالدىم.

بىر كىشى ئۆيگە كىردى. ئۇ پاكـار بـويلۇق ئـەرگـە نېمىلەرنىدۇر دېۋىدى، ئۇ بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئاتىش ئەپەندى، سىز بىرەر كىشىنىڭ سەپەر ئىشلىرىڭىزغا ياردەم بېرىشىگە ئېھتىياجلىق ئەمەسمۇ؟ مەسىلەن، بىلەت سېتىۋېلىشقا.

بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ رىزانىڭ ئىشىنى بىلىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈردۈم.

— ئېھتىياجلىق ئەمەس، ھەممىسىنى ئۆزۈم قىلىمەن.

— ھەممىنى؟

— شۇنداق، نېمىشقا بولمىغۇدەك؟ مەسىلەن، دۇبەيدە شىرازغا بېرىشنىڭ بېلىتىنى سېتىۋالدىم. شىرازدىكى مېھمانخانا يەزىدقا بېرىشقا ماشىنا ئورۇنلاشتۇرۇپ بەردى.

— قانچە پۇل تۆلـــدىڭــز؟ — دەپ ســورىدى ئـۇ. ئـاغـزى بىســـقماي ســورىغان سوئـالـلار داۋاملـىـق ئـاساسـي تـېمـنـى ئاجىزلاشتۇرماقتا ئىدى.

— ۋاي، بۇنى ئۇقمايمەن! باشقىلارنىڭكى بىلەن ئـوخشاشقـۇ دەيمەن. قىرىق ياكى ئەللىك ئامېرىكا دوللىرىغۇ دەيمەن؟

ئۇلار ئۆزئارا كۆز بېقىشتى، ئۇلارنىڭ ئەلپازى يامان، چىــراي ئىپادىسىدىن ئىنتايىن نارازى بولغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

— ئاتىش ئەپەندى، — دېدى پاكـار بويلۇق ئـەر ئۆزىگە خـاس مەسخىرە تەلـەپپۇزى بىـلەن، — بىلـەمسىز، بـىزگە راست گــەپ قىلىشىڭىز كېرەك.

ئۇنىڭ تەلەپپۇزى ئۆزۈمنى دىككىنىسنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى دارىلئىيتامدا تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلدۇردى.

— مەن راست گەپ قىلىۋاتىمەن، — دەپ ۋارقىراپ كەتتىم.

— شۇنداق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز، — دېدى پاكار بويلۇق ئەر، ئۇ قەلەمنى قويۇپ بىرمۇنچە قەغەزلەرنى ۋاراقلىدى، ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ قوشۇپ قويدى، — بۇمۇ سىزگە ياخشى بولۇشى ئۈچۈن.

مەن ئاخىر باش ئەگدىم. ئەمدى يېڭى سوئاللار باشلاندى.

— ئاتـىش ئەپەندى، سـەپەر قىلـغىنــىڭىزغـا قـانچە ۋاقــىت بولدى؟

— 11 - ئايدا باشلىغان، ئالتە - يەتتە ئاي بولۇپ قالدى.

— سەپەر خىراجىتىڭىز نەدىن كېلىدۇ؟

— ئۆزۈمنىڭ پۇلى.

— يـاخشى، لېكىن كـىم بەرگەن؟ گـېـزىتخـانـىمۇ، بـىـرەر ئورگانمۇ ياكى سىزنىڭ «پۇلىڭىز بەك كۆپمۇ؟»

— شۇنداق، پۇلنى ئائىلەمدىكىلەر بـەرگەن، — دەپ يالغـان ئېيتتىم مەن.

— دادىڭىزمۇ؟

— ئاپام.

— ئاتا ـ ئانىڭىز قەيەرلىك؟
— ئاپام ھىندىستانلىق، دادام پاكىستانلىق.
— دادىڭىز نېمە خىزمەت قىلىدۇ؟
— سودىگەر.
— نېمە سودا قىلىدۇ؟
— ئالاقىلىشىش كەسپى.
— ئەمىسە، ئاپىڭىزچۇ؟
— ئۇ يازغۇچى.
— ھىندىستاندىمۇ؟
— ھەئە.

مېنى بىر خىل ھارغىنلىق باستى، ئىككى تەكشۈرگۈچىنىڭ خاپا بولۇۋاتقانلىقى بىلىنىپلا تۇراتتى.

— ئاتىش ئەپەندى، بۇ قېتىملىق سەپىرىڭىزدە نېمە ئۈچۈن ئىرانغا كەلمەكچى بولدىڭىز؟

— مەن دادامنىڭ دىنى بار زېمىنلارنى كېزىۋاتىمەن، — بۇ گەپنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزۈمدىن ھەيران قالدىم.

— سىز مۇسۇلمانمۇ؟
— شۇنداق! — مەن ئۇمىدكە تولغان ھالدا جاۋاب بەردىم.
— سۈننىي مەزھىپىدىمۇ ياكى شىئە مەزھىپىدىمۇ؟

— سۈننىي مەزھىپىدە، — بۇ گەپ ئاغزىمدىن يوسۇقىمدە چىقىپ كەتتى، ئارقىدىنلا بۇنىڭ ياردىمى تەگمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم، ئەمما كېچىككەنىدىم.

— ئاتىش ئەپەندى، سىزگە مەلۇم، قولىڭىزدىكى ساياھەت ۋىزىسى. بۇ يەردە كىتاب يازماسلىقىڭىز ۋە سوئال سوراپ يۈرمەسلىكىڭىز كېرەك. ساياھەتچى بولغاندىكىن، بۇ يەردە ساياھەت قىلىپ، ئاندىن قايتىپ كېتىشىڭىز كېرەك. بۇ يەردە قىلغان ـ ئەتكەنلىرىڭىزنىڭ قانۇنغا خىلاپ ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟

— ياق، بىلمەيمەن. مەن پەقەت يولدا ئۇچرىشىپ قالغان

كىشىلەر بىلەنلا پاراڭلاشتىم.

ئۇلار ماڭا ئىچ ئاغرىتقاندەك قاراشتى. مەن ئۇلارنىڭ قورسىقىدا نېمە جىن بارلىقىنى بىلەلمىدىم. ئۇلار مېنى بىر دەم چىقىپ تۇرۇشقا بۇيرۇدى، ئاندىن ھۇسەيىننى چاقىرىپ ئەكىرىپ كەتتى.

ھۇسەيىن ئۇ يەردە نەچچە مىنۇت ھايال بولدى، چىققان چېغىدا بەك قورقۇپ كەتكەنىدى. «بىچارە ئادەم بۇنچە ياشنىپ قالغاندا، بۇلارغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ ـ دە» دېگەنلەرنى ئويلىدىم. ئۇ يالغاندىن ھېچ ئىش يوق دېدى.

ــ ئۇلار مېنى كېتىشكە بۇيرۇدى، ــ دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا، ــ سىزدىن يەنە بەزى مەسىلىلەرنى سورايدىكەن. ھېچقىسى يوق، مەن پەستە سىزنى ساقلاپ تۇرايمۇ؟

ــ ھە، مېنى سەل ساقلاپ تۇرۇڭ.

مەن راستىلا «ھېچ ئىش» يوق بولۇشىنى ئۈمىد قىلدىم. ئۇلار مېنى تۆتۈق ئەينەك سېلىنغان دېرىزىلىك ھېلىقى ئۆيگە يەنە چاقىرىپ كىردى. تەخمىنەن ئىككى سائەت ئىلگىرى، قارا نىمچە كىيگەن ئايال ئۈستەل يېنىدا قۇشتەك ئالدىراپ يۈرگەن بولسا، مانا ئەمدى ئۈستەلنىڭ كەينىدە ئىككى ئەر كىشى مېنىڭ تام يېنىدىكى يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇققا ئولتۇرغىنىمغا قاراپ تۇراتتى.

ــ ئاتىش ئەپەندى، ــ دېدى پاكار بويلۇق ئەر ئۇھ تارتىپ قويۇپ، ــ بىزنىڭچە سىز قانداق جاۋاب بېرىشنى ئويلىنىپ بولدىڭىز، ئەمدى بىزگە ئېيتىپ بېرىدىغان بولدىڭىز ـ دە. سىزدە ئېيتىپ بەرگۇدەك يېڭى نەرسە باردۇ؟

ــ يوق، ــ دېدىم مەن كەسكىنلىك بىلەن، ــ مەن ساياھەتكە ئائىت كىتاب يېزىۋاتىمەن. ئىستانبۇلدىن ھىندىستانغىچە سەپەر قىلىپ، يولدا ئۇچرىغان كىشىلەر بىلەن پاراڭلاشماقچى. دەيدىغىنىم مۇشۇ.

ــ ئاتىش ئەپەندى، ۋالايىتىنى تونۇمسىز؟

ئەلۋەتتە تونۇيمەن ـ دە ! مانا بۇنىڭ ئۆزى ئۇلارنىڭ بىلمەكچى بولغىنى. ۋالايتى مېنى ياشۇغا تونۇشتۇرغان گېزىت مۇخبىرى ئىدى.

— تونۇيمەن، — دېدىم مەن سەل ھودۇقۇپ.

— ئۇنى قانداق تونۇيسىز؟

— شىرازدىكى بىر ئائىلە ماڭا تونۇشتۇرغان.

— كىم تونۇشتۇرغان؟

— ئىرانلىق دوستۇم،

— ئۇلار سىزنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇردى؟

— ھەئە.

— ئىككىڭلارنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار؟

— مەن ئۇنى بىرنەچچە قېتىملا كۆردۈم.

— قايسى ۋاقىتتا؟

— بىللە كەچلىك تاماق ۋە چۈشلۈك تاماق يېگەندە.

— ئۇنى ئاخىرقى قېتىم قاچان كۆردىڭىز؟

— نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا.

— قايسى ۋاقىتتا؟

— ئىككى ـ ئۈچ كۈننىڭ ئالدىدا.

— كونكرېت قايسى ۋاقىتتا؟

— جەزملەشتۈرەلمەيمەن، چۈش ۋاقتىدىغۇ دەيمەن.

— ئاران نەچچە كۈننىڭ ئالدىدىكى ئىش ئىكەنغۇ، ئويلىنىپ بېقىڭ.

— جۈمە كۈنى چۈشتىن كېيىنمىكىن.

— شۇ چاغدا ئەھۋال قانداق ئىدى؟

— بىز ئۇنىڭ بىرنەچچە دوستى بىلەن كۆرۈشتۇق.

— ئۇلار كىم؟

— زۇمىرە بىلەن ئۇنىڭ ئېرى.

— ئۇلارنىڭ تولۇق ئىسمى؟

— بىلمەيمەن.

ــــ ئۇلار سەنئەتكار.

شۇ كۈنكى چۈشلۈك تاماق ۋاقتى تولىمۇ غەلىتە بولغانىدى، سورۇندىكىلەر چەت ئەللەرگە كۆچمەن بولۇپ ئولتۇراقلاشقان، يېقىندىلا ۋەتىنىگە قايتىپ كەلگەن ئىرانلىقلار ئىدى. ھەممىسى ئىنگلىزچە ياكى فىرانسۇزچە سۆزلىيەلەيتتى. ئۇلار بىردەمدىلا مەست بولۇشۇپ كەتتى. ئاشخانىدا مادوننانىڭ مۇزىكىسى قويۇلۇۋاتاتتى. گۈل بېسىلغان مايكا كىيىۋالغان بىر ھەمجىنىس ئەر ئوماق ھەم گۈزەل بىر قىزغا چاپلىشىپ تانسا ئويناۋاتاتتى. تېھراندا مادوننا بىر خىل گۆدەكلەرچە قوغدىلاتتى، بولۇپمۇ چۈشتىن كېيىن شۇنداق بولاتتى. ھېلىقى ھەمجىنىس ئەر: «مەن بۇ ئىنقىلابقا ئۆچ، ئاناڭنى، نېمىشقا بىزدە شۇنداق بولىدىكەن؟ بۇ ئادالەتسىزلىك. نېمە ئۈچۈن تۈركىيەدە بولمايدۇ؟ بىز بىر تال ئەسكى چەكنى تارتىپ قالغان ـ دە» دېگەنىدى. ئۇ مەن بىلەن چاقچاقلىشىشقا ئامراق ئىدى.

ــــ شۇ قېتىمنىڭ ئالدىدىچۇ؟ ــــ تەكشۈرگۈچى يەنە سورىدى.

ــــ مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە چۈشلۈك تاماق يېدىم.

ــــ ئىككىڭلار بىرەرسى بىلەن كۆرۈشۈپ باقتىڭلارمۇ؟

بۇ «پاياندازا» نىڭ نېمە ئۈچۈن سېلىنغانلىقىنى ئەمدى بىلدىم.

ــــ شۇنداق. بىز ئۇنىڭ بىر دوستى بىلەن كۆرۈشتۇق، ئۇ بۇ دوستىنى تېھراندا ماڭا يول باشلىغۇچى بولالايدۇ دەپ ئويلىغانىكەن.

ــــ ياشۇ! ــــ ھېلىقى ئېگىز بويلۇق ئەر خۇددى دەسلەپتە باھادۇرنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغان چاغدىكىدەك توۋلىۋەتتى.

ــــ شۇ، ــــ دەپ جاۋاب بەردىم مەن.

ئۇ مەمنۇنلۇق بىلەن دىمىقىنى قېقىپ قويدى.

ــــ ئاتىش ئەپەندى، سىز باشقا شەھەرلەردە مەسىلىگە يولۇقۇپ باقمىغان تۇرسىڭىز، نېمە ئۈچۈن بۇ يەردە بىر يول باشلىغۇچىغا ھاجەتمەن بولۇپ قالدىڭىز؟

— توغرا، مەسىلىگە يولۇقۇپ باقمىدىم، — ئۇنىڭ گېپىنى چۈشىنەلمىگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ شۇنداق جاۋاب بەردىم.

— شۇنداق، ئەمىسە نېمە ئۈچۈن بۇ يەردە يول باشلىغۇچىغا ئېھتىياجلىق بولۇپ قالدىڭىز؟

— باشقا جايلار كىچىك شەھەرلەر بولغاچقا، ئورۇنلاشتۇرۇش ئاسانراق ئىكەن. تېھران بەك چوڭ، شۇڭا بىرەر ياردەمگە موھتاج بولۇپ قالارمەن دەپ ئويلىدىم.

ئۇلار بۇ جاۋابتىن ناھايىتى رازى بولغاندەك قىلاتتى.

— شۇڭا، ئۇ سىزنىڭ يول باشلىغۇچىڭىز بولدى؟

— ياق، ئۇ ئىنگلىزچىنى ياخشى سۆزلىيەلمەيدىكەن، ئۇنى شۇ قېتىملا كۆردۈم.

— ئاتىش ئەپەندى، سىز تېھرانغا قاچان كەلگەن؟

— ئون بەشىنچى چېسلا.

— دېمەك، ئىككى ھەپتە بۇرۇن؟

— ھەئە، شۇنداقراق.

— تېھراندا ئىككى ھەپتە تۇردىڭىز! نېمە ئىش سىزنىڭ شۇنچە ئۇزاق تۇرۇشىڭىزغا سەۋەب بولدى؟

— ئائىلەمنىڭ بىرمۇنچە دوستلىرىنى زىيارەت قىلماقچى، شەھەرنى تاماشا قىلىپ، بۇ يەرنىڭ تەبىئىي شارائىت ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىنى كۆرمەكچىدىم.

— ئىككى ھەپتە! سىز نېمىلەرنى كۆردىڭىز؟

— سىلەرنىڭ خان سارىيىڭلارنى، گۈلىستان قەسرى، سەئىد ئاباد قەسرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدىم، — مەن سۆزلىگەچ كاللامدىن باشقا ساياھەت نۇقتىلىرىنى ئاختۇردۇم، — پادىشاھنىڭ تاجى ۋە جاۋاھىراتلىرىنى، دۆلەتلىك مۇزېي، ھازىرقى زامان سەنئەت سارىيىنى...

— ئۇلاردىن باشقا يەنە نېمىلەرنى كۆردىڭىز؟

مەن ئۇلارنىڭ چىرايىدىكى زېرىكىش ئالامىتىدىن ئېرىشمەكچى بولغىنىغا ئېرىشىپ بولغانلىقىنى بىلدىم.

— بىز يان تېلېفونىڭىزنى كۆرۈپ باقساق بولامدۇ؟
مەن يان تېلېفونۇمنى بەردىم. بۇ تەكشۈرۈش جەريانىدىكى ئەڭ ئوسال ۋاقىت ئىدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ مېنى تەلتۆكۈس چۈشىنىپ بولغانلىقىنى، ئەمدى ماڭا ياردەم بەرگەن كىشىلەرنى ئىزدەيدىغانلىقىنى بىلگەنىدىم.
— بۇنىڭدىكى ئۇرغۇن نومۇرنىڭ ئىگىسىنى تونۇمايمەن، — دېدىم مەن يان تېلېفونۇمنى ئۇلارغا بەرگەنلىكتەك ئەخمىقانە ئىشىمنىڭ ئورنىنى تولۇقلىماقچى بولۇپ، — بەزىلىرى بۇرۇنلا بۇنىڭ ئىچىدە بار ئىدى.
تەلىيىمگە، بارلىق ئىسىملارنىڭ فامىلىسى يوق بولغاچقا، ئۇلارنى تونۇمىغان قىياپەتكە كىرىۋالسام بولاتتى.
— بۇ يەردە بىر نومۇر تۇرىدۇ، باھادۇرنىڭ تۇرالغۇسى دەپ يېزىلىپتۇ، — دېدى تەكشۈرگۈچى، — لېكىن بۇ يان تېلېفون نومۇرى ئىكەن.
مەن يان تېلېفونۇمنى قايتۇرۇۋېلىپ قاراپ باقتىم ـ دە، ئۆزۈمنىڭ تېلېفون نومۇرۇم ئىكەنلىكىنى بىلدىم.
— بۇ مېنىڭ يان تېلېفونۇمنىڭ نومۇرى.
ئىككىز بويلۇق ئەر جەدۋەلگە سىنچىلاپ قارىدى، ئاندىن بېشىنى چايقىدى. پاكار بويلۇق تەكشۈرگۈچى:
— لېكىن، بۇنىڭ بىلەن سىزنىڭ بىزگە ئېيتقىنىڭىز ئوخشىمايدىكەن، — دېدى ۋە ھېلىقى نومۇرنى ئوقۇدى.
— توغرا ئەمەس، ئۇ خاتا، — دېدىم مەن دۇدۇقلاپ، — مەن جەزملەشتۈرەلمەيمەن دېدىمغۇ. بۇ يان تېلېفونىمنىڭ نومۇرى. خالىساڭلار سىناپ كۆرسەڭلار بولىدۇ.
بۇ چاغدا ھەممە نەرسە قېتىپ قالغاندەكلا بىلىندى. ئارقىدىن ئۇلار يەنە تېلېفون دەپتىرىگە قاراپ، ھەممە ئىسىم ۋە نومۇرلارنى خاتىرىلىۋالدى.
خاتىرىلەپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قارىدى، ئۆي ئىچىنى بىردەملىك جىمجىتلىق قاپلىدى،

ئەھۋالىنىڭ ياخشى ياكى يامان ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى.

— سىز ئۆزارتماقچىمۇ؟ — دېدى ھېلىقى ئەر ئاخىر.

— شۇنداق، مەن مۇددەتنى ئۆزارتىشنى ئىلتىماس قىلماقچى. يەنە بىر مەزگىل ساياھەت قىلماقچىدىم.

— نېمە ئۈچۈن ۋىزىڭىزغا دەمەشقتە ئىمزا قويۇلغان؟

— شۇنىڭغا ئېھتىياجلىق بولغان چېغىمدا دەل شۇ يەردە ئىدىم.

— پاكىستانغا بېرىش ۋىزىسىنى بۇ يەردىن ئالغانمىدىڭىز؟

— بۇرۇنلا بار ئىدى. دادام پاكىستانلىق.

— سىز ئىراننى قانداق يازماقچى؟

— ناھايىتى ئىجابىي مەزمۇندا يازىمەن - دە. مەن بۇ يەرنى بەك ياخشى كۆرىمەن، — مېنىڭ يەنە «ھازىرغا قەدەر!» دەپ قوشۇمچە قىلغۇم كەلدى، — مەن يەنە سىلەرنىڭ قايتىپ كېلىشىمگە يول قويۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

— سىز خاتىرە قالدۇردىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ بۇ گېپىمگە قىلچە پىسەنت قىلماي.

— ھەئە.

— قەغەزگىمۇ ياكى كومپيۇتېرغىمۇ؟

— كومپيۇتېرغا.

مەن يېنىك تىنىدىم، ھېلىمۇ ياخشى، بايا خاتىرە دەپتىرىمنى ماگدۇرۇۋېتىپتىكەنمەن.

— ئىران توغرۇلۇق قانچە بەت يازدىڭىز؟

— ئېنىق بىرنېمە دېيەلمەيمەن، سەككىز - ئون بەتچە دەيمەن.

— ئىراننى قانداق يازدىڭىز؟

— بەزى ناھايىتى ياخشى تەرەپلىرىنى يازدىم. مەن بۇ يەردىكى كەچۈرمىشلىرىمنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن، يەنە بىر مەزگىل تۇرالىسام بولاتتى دېگەن ئۈمىدتىمەن.

— سادىق ئەپەندىنىڭ نومۇرى ئۆيىڭىزدە، شۇنداقمۇ؟ — ئۇلار يەنە بىر قېتىم سورىدى. بۇ مېنى ئۇلار ھەم نومۇرنى، ھەم

خاتىرە دەپتىرىمنى ئالماقچى دېگەن خىيالغا كەلتۈردى.

— شۈنداق.

— سىز ئەمدى نەگە بارماقچى؟

— پاكىستانغا.

— قاچان؟

— ھە، ئەتە ماڭارمەن، ئىككى كۈنلا ۋاقتىم بار.

— سەپىرىڭىز ھىندىستانغىچە بولماقچىمۇ؟

— ھەئە.

ئۇلار يان تېلېفوننى ماڭا قايتۇرۇپ بېرىپ:

— سەپىرىڭىزنىڭ كۆڭۈللۈك بولۇشىغا تىلەكداشمىز، — دېدى.

— شۈنداق بولىدۇ، — مەن كۈلۈمسىرەپ شۈنداق دېدىم - دە، ئۆيدىن چىقتىم. كېتىۋېتىپ دەرۋازىغا يېتىپ بارغاندا توسۇۋېلىنىشىمدىن يەنىلا ئەنسىرىدىم.

※ ※ ※

شۇ كۈنى كەچ ماشىنا ھەيدەپ ئايرودۇرۇمغا ماڭغان چېغىمدا، ئىراندىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرغانلىقىمدىن بىر خىل بالىلارچە ھاياجانغا چۆمدۈم. ئاخىرقى بىرنەچچە سائەت قالغاندا ئىسلام جۇمھۇرىيىتىدىن مەجبۇرىي ئايرىلىشتەك ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىمدىن مەندە غەيرىي تىنىچسىزلىنىش خىيالى پەيدا بولغانىدى. مەن ئۆزۈمنىڭ دۇبەي خەلقئارا ئايرودۇرۇمىدىكى باجسىز ماللار ماگىزىنىدىكى ئەركىنلىككە شۇ قەدەر ئىنتىلىدىغان بولۇپ قالىدىغانلىقىمنى زادىلا ئويلاپ باقمىغانىدىم.

ئايرودۇرۇمغا مېڭىشىمنىڭ ئالدىدا ئاخىرقى قېتىم ياتىقىمغا باردىم. ئىلگىرىكىگە ئوخشاش، ئۆي ناھايىتى تىنچ ئىدى، دېرىزە سىرتىغا قارىسا، يەنە بىر قېتىملىق گۈلدۈرمامىلىق باھار

يامغۇرنىڭ تاغ ئۈستىگە يېغىلىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. مەن ھەممە نەرسەمنى تېگىپ، پايامۇنىڭ ئۆيىگە باردىم. چۈشتىن كېيىن گۈلدۈرماملىق يامغۇر چېلەكلەپ قۇيۇۋەتتى. رىزادىن تېلېفون كەلدى، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە قەھۋە ئىچىشكە ماقۇل بولدۇم. تېزلا قاراڭغۇ چۈشتى، مەن پايامۇنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى ئاۋات بازارنى كېسىپ ئۆتتۇم. شامال دەرەخلەرنىڭ يېڭى يوپۇرماقلىرىنى شاخلارغا چىڭ چاپلاشتۇرۇۋەتكەنىدى.

قەھۋەخانا ئەگمە تورۇسلۇق كوچىدا ئىدى. رىزا كەلدى، ئۇ تىت - تىت بولۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى، بايا ماشىنا بېلىتىنى قايتۇرۇۋەتكەنلىكىنى، مېنىڭ كېتىشىمدىن تولىمۇ ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى، قايسى ئايروپىلان بىلەن ماڭىدىغانلىقىمنى سورىدى. ئۇنىڭغا ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى ئاۋىياتسىيە شىركىتىنىڭ كەچتە دۇبەيگە ئۇچىدىغان نۆۋەتچى ئايروپىلانىنىڭ بېلىتىنى زاكاز قىلغانلىقىمنى دېمىدىم. مېنىڭ ھېچكىمگە ئىشەنگۈم كەلمەيتتى: يەنىلا ئۇلارنىڭ كېلىپ مەندىن خاتىرە دەپتىرىمنى سورىشىدىن ئەندىشە قىلىۋاتاتتىم.

ئۈچ سائەتكە سوزۇلغان تەكشۈرۈش مېنىڭ ئىراندا تۇرغان ۋاقتىم بىلەن تەڭ دېگۈدەك بولدى. بۇ دۆلەتتىن ئەمدىلا ئايرىلغاندا، تەكشۈرۈش خاتىرىسى خىيالىمغا كەلدى، ئارقىمغا بۇرۇلۇپ قارىغىنىمدا، تەكشۈرۈشلەرنىڭ تولىمۇ تەپسىلىي ۋە ئىنچىكە بولغانلىقى مېنى چۆچۈتتى. تەكشۈرۈش ئىشخانىسىدىكى ئادەمنى بىزار قىلىدىغان، دەممۇدەم سورالغان ۋەھىمىلىك سوئاللار شۇ تاپتا مېنىڭ ئىراندىكى پۈتكۈل كەچۈرمىشىمنى خاتىرىلەشنىڭ ئۇنۇملۇك ئۇسۇلى بولۇپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. مەن ئىجارىگە ئالغان ھەربىر ماشىنا، ماڭغان ھەر چاقىرىم يول، ئۇچراشقان ھەربىر ئادەم تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ خاتىرىسىگە كىرىپ بولغانىدى. ئۇلار تېلېفون دەپتىرىمنى ئېلىۋېلىپ، ھەربىر

ئىسمم ۋە نومۇرنى خاتىرىلىۋېلىپ، مېنى ماڭا ياردەم قىلغان كىشىلەردىن ئىنتايىن ئەنسىرەيدىغان هالغا چۈشۈرۈپ قويدى. بىر زىيارەتچىگە كۆرسەتكەن دوستانىلىقى ئۇلارنى مەن يولۇقىقاندىنمۇ ئېغىر ئاۋارىچىلىكلەرگە دۇچار قىلاتتى. مەن دېگەنلىرىمنىڭ راستلىقىغا قەسەم قىلدىم، بىراق تۈركىيەدىن ئىرانغىچە بولغان سەپىرىمنىڭ يەتتە ئاي داۋاملاشقانلىقى ئاڭلىماققا ھەقىقەتەن ئەقىلگە سىغمايتتى. بۇ بېكىنمە دۇنيادا، گۇمانىنى قوزغايدىغان بۇ غەلىتە يىپ ئۇچلىرى تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ قاتتىق گۇمانىنى قوزغىغانىدەك قىلاتتى. تالاي قېتىم، جۇملىدىن تەكشۈرۈش داۋاملىشىۋاتقان جەريانىدا، مەن بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتىن مىننەتدار بولغان، تەكشۈرۈشنىڭ ئىراندىن ئايرىلىدىغان چاغدا تەييارلىق قىلىۋېلىشىمغا ئىمكان بەرگەنلىكىدىن، شۇنداقلا مەن ياقتۇرۇپ قالغان ھېلىقى كىشىلەر ياشاۋاتقان جاينىڭ ھەرقانداق يېرىدە بۇ ھاكىمىيەتنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى تونۇتقانلىقىدىن مىننەتدار بولدۇم.

ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان ھېلىقى گەپ يەنە خىيالىمغا كەلدى: «ئاتىش ئەپەندى، سىز دىننى، دىندىكى ئۆزگىرىشلەرنى سۈرۈشتە قىلىپسىز، يەنە تېخى مەلۇم دەرىجىدە سىياسىيمۇ بار ئىكەن.» يەنە تېخى مەلۇم دەرىجىدە سىياسىيمۇ بار ئىكەن! ئېتىقادنىڭ ھازىرقى جەمئىيەتتە دۇچ كەلگەن بارلىق ئىقتىدارسىزلىقى مانا شۇ «مەلۇم دەرىجە» گە يىغىلغانىدى.

ئىس ـ تۈتەك قاپلىغان، ئاق قۇ پېيىدەك كىچە مەنزىرىسىدە، بىز ماشىنىنى ھەيدەپ ناھايىتى چوڭ ئاق رەڭلىك ئەگمە دەرۋازىدىن ئۆتتۇق، ئۇنىڭ ئۇلى شامالغا سانجىپ قويۇلغاندەك، يەلپۈنۈۋاتقان خالاتتەك كۆرۈنەتتى. شوپۇر ماڭا ئۇنىڭ ئەركىنلىك خاتىرە مۇنارى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. «azadi» — «ئەركىنلىك». بۇ، پارس ۋە ئوردۇ تىللىرىدىكى ئۆزئارا

ئالاقىلىشىش سۆزلۈكلىرىنىڭ بىرى ئىدى.

شۇ تاپتىكى ئىمام ھۇمەينى ئايرودرومى بەكلا جىمجىت ئىدى. ئىمام ھۇمەينى مەن كۆرگەن بۇ ھالەتنى ناھايىتى ياقتۇرۇشى كېرەك ئىدى: سۆرۈن ئايرودروم، ئاق رەڭلىك چىراغلار، بىنەپشە رەڭ ئورۇندۇقلار، قىزىل جىلىتكە كىيگەن ھامماللار سىلىق يەر يۈزىدە موكىدەك ئۇياق - بۇياققا ئۆتۈشمەكتە ياكى جەننەت ھۇزۇرىنى سۇرۇۋاتقاندەك قول ھارۋىسىغا يۆلىنىپ ئۇگدىمەكتە.

بۇ يەر ھەقىقىي ئايرودروم ئەمەس، بەلكى كۆرگەزمە زالى ئىدى. ھەقىقىي ئايرودروم يولىنىڭ يەنە بىر بېشىدا بولۇپ، تېھراننىڭ كۆپ قىسىم نۆۋەتچى ئايروپىلانلىرى شۇ يەرگە كىرىپ - چىقاتتى. باشقا ئايرودروملار شاۋقۇن، چاڭ - توزان، ئۇزاقتىن - ئۇزاق ئۆچرەت ۋە قالايمىقانچىلىقتا تولغانىدى. ئىمام ھۇمەينى ئايرودرومى جىمجىت، چىراغلىرى چاقناپ تۇراتتى. ئۇ بىر سىمۋول بولۇپ، ئايرودرومغا سېلىشتۇرغاندا، بىر قەسىرگە بەكرەك ئوخشاپ كېتەتتى. ئۇ ناھايىتى چوڭ، ناھايىتى زامانىۋى بولۇپ، يالتىراق لامپىلار تولۇق يورۇتۇپ تۇراتتى، ھەممىلا يېرى يېپيېڭى ئىدى. بۇ يەر ئۆزىنىڭ غايىسىنى، يەنى ساپلىق، خاتىر - جەملىك، قائىدە - يوسۇنلۇق بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان جاي بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا ئۇنداق جاي يوق ئىدى. بۇنداق غايە، يەنى ئىسلامنىڭ مۇكەممەللىكى ۋە ساپلىقى بىلەن ئايرودرومنىڭ قۇرۇلۇش جەريانى قىلچە مۇناسىۋەتسىز بولسىمۇ، بىراق بۇمۇ بەربىر ئىدى. مەن پاسپورتۇم ۋە ۋىزامنى چېگرادىن چىقىش باشقارمىسىغا تاپشۇرغاندا، سېرىق تۈكلىرىم تىك تۇرۇپ كەتتى. ئۈستى تەرەپتىكى قىزىل بەلگە مېنىڭ بۇ دۆلەتتىن ئايرىلىشىمغا ئىككى كۈنلا قالغانلىقىنى قوپاللىق بىلەن جاكارلاپ تۇراتتى. لېكىن، ماتېرىياللارنى تەكشۈرىدىغان ياش قىز ئالدىرىماي - تېنىمەي قىزىل رەڭلىك، يېرىم شار شەكىللىك قىزىل

تامغىسىنى يىگىرمە كۈن ئىلگىرى مېنى شىرازغا كىرگۈزگەن كۆك تامغىنىڭ ئۈستىگە باستى. رادىيودىن ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى ئاۋىياتسىيەسىنىڭ نۆۋەتچى ئايروپىلانغا چىقىش ئۇقتۇرۇشى ئاڭلىتىلدى. مەن بىر توپ يولۇچىغا ئەگىشىپ ئايروپىلانغا چىقىش يولىنىڭ كارىدورىغا كىرگەندە، تېھران بىلەن دۇبەي ئارىلىقىدا قاتنايدىغان بىرمۇنچە ياش ئاياللارنى كۆردۈم، ئۇلارنىڭ باش ياغلىقلىرى بېشىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتكەنىدى.

# داۋاملاشتۇرۇش

2002 ـ يىلى 7 ـ ئاي، دېھلى. مەن پاكىستانغا بېرىشقا تۇنجى قېتىم بەل باغلىدىم. يامغۇر توختىدى، ھاۋا بىردەم تىنچىق بولدى. تومۇزغىلار كامارلاردىن ھە دەپ سىرتقا ئۆمىلەيتتى. ئازادى دەرەخلىرىنىڭ ئۈزۈلۈپ چۈشكەن مېۋىلىرى لايدا ياتاتتى، بۇ مېۋىلەر بالىلىق ۋاقتىمدىكىدەك ئەتلىك ئىدى.

پۈتۈن يازدا ھىندىستان بىلەن پاكىستان نۇرغۇن قوشۇن ئەۋەتىپ چېگرادا تۇرغۇزدى، ئىككى تەرەپ ئەلچىلىرىنى قايتۇرۇپ كەتكەن، يادرو توقۇنۇشىغا دائىر خەۋەرلەر ئەتراپنى بىر ئالغان بولسىمۇ، بىراق شۇ يىلقى يامغۇر پەسلى بۆلەكچە كۆڭۈللۈك، ئارامبەخش بولۇپ، ئۇرۇش خەۋەرلىرىنىڭ كاشىلىسىغا قىلچە ئۇچرىمىدى. ئاشۇ قېتىم دادام بىلەن تېلېفونلىشىش دەسلەپتىلا ئوڭۇشسىز بولغاندىن كېيىن، ئۆزۈم بېرىپ كۆرۈشۈشنى كۆپ قېتىم ئويلىغان بولسامۇ، بىراق ئامېرىكىدا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان، شۇنداقلا ھىندىستان ـ پاكىستان مۇناسىۋىتى كۈنسېرى يامانلىشىۋاتقان بولغاچقا، سەپەرگە چىقىشقا زادىلا ئامال بولمىدى. بۇ قېتىم جىددىي ۋەزىيەت ئارىلىقتا بىر مەزگىل تىنچىپ قالغاندا، كېلەر قېتىم تېخىمۇ چوڭقۇر «جىلغا» غا چۈشۈپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇشنى قارار قىلدىم.

ئاشۇ مەزگىلدە ھىندىستاندىن پاكىستانغا بارماقچى بولسام، نۇرغۇن ئەمەلىي مەسىلىگە دۇچ كېلەتتىم، تۇنجى قېتىم دادام بىلەن كۆرۈشۈش ھېسسىيات جەھەتتىكى بىر خىل خىرىستىن پىلانلىق ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىر خىل خىرىسقا ئايلىنىپ

قالاتتى. ئىككى دۆلەت ئارىسىدا نۆۋەتچى ئايروپىلان، پويىز ياكى ئاپتوبۇس دېگەنلەر يوق، مەن پەقەت ئايروپىلان بىلەن دۇبەيگە بېرىپ، ئاندىن لاھورغا بارالايدىغاندەك قىلاتتىم. بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇش بەك ئاۋارىچىلىك، شۇنداقلا تەننەرخىمۇ يۇقىرى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن دېھلىدىكى پاكىستان ئالىي ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ ۋاكالەتچى ئەمەلدارىنىڭ يېنىغا بېرىپ مەسلىھەت سورىدىم. ئالىي ئىش بېجىرىش ئورنى كۆك قۇببەسىمان ئۆگزىلىك بىنادا ئىدى. ئالىي ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ ۋاكالەتچى ئەمەلدارى ھالىمغا يېتىپ ماڭا ھېسداشلىق قىلدى.

— سىز نېمىشقا ماشىنىڭىزنى ھەيدەپ بارمايسىز؟ — دېدى ئۇ تەكلىپ بېرىپ.

— چېگرا ئېتىكقۇ؟

— ھىندىستان بىلەن پاكىستاننىڭ پۇقرالىرىغىلا ئوچۇق. قولىڭىزدا ئەنگلىيە پاسپورتى بار ئىكەن. مەن سىزگە ۋىزا بەرسەم بولىدۇ، سىز ۋاگاغا بېرىپ قۇرۇقلۇق ئارقىلىق چېگرادىن كىرسىڭىز بولىدۇ.

قۇرۇقلۇق ئارقىلىق؟ مەن ئويلىنىپ قالدىم. ئاشۇ خەتەرلىك چېگرادىن ـ ھە! بۇ ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. مەن ئەزەلدىن ئاشۇ چېگرانى يەر يۈزى ئۇزۇلمە قاتلىمى، ۋولقان چوڭقۇرلۇقىدىن ئېتىلىپ تۇرىدىغان جاي دەپ قاراپ كەلگەنىدىم. مەن ماشىنامنى ھەيدەپ ئاشۇ چېگرادىن ئۆتەلەمدىمەن؟

— ياق، ماشىنا ھەيدەپ ئەمەس، — دېدى ۋاكالەتچى ئەمەلدار، — پىيادە ئۆتىسىز.

ئۇنىڭ دېمەكچى بولغىنى ناھايىتى ئېنىق ئىدى: مەن چېگراغا ماشىنىلىق بېرىپ، چېگرادىن پىيادە ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ تەرەپتە مەلۇم بىرسى بىلەن ئۇچرىشىدىكەنمەن. پىكىردە بىردەكلىككە كەلگەندىن كېيىن، ھېلىقى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار پاسپورتۇمغا كۆكۈچ رەڭلىك چاسا قەغەزنى چاپلاپ، ئۈستىگە: «پاكىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى، يىگىرمە

سەككىز كۈن، كۆپ قېتىم چېگرادىن كىرىدۇ» دېگەن سۆزلەرنى يازدى.

— دادىڭىزغا مېنىڭدىن سالام ئېيتىڭ، مەن ئۇنى تونۇيمەن، — ئۇ ماڭا پاسپورتۇمنى قايتۇرۇپ بەرگەچ، قىزىقىپ قۇۋۇلۇق بىلەن سۆزلىدى، — ئۇلار لاھورغا يېقىن ئېسىل بىر دېھقانچىلىق مەيدانىدا تۇرىدۇ.

شۇ چاغدا ئاپام دېھلىدا يوق ئىدى، لېكىن ئۇ سەپىرىمنى بار كۈچى بىلەن قوللىدى. تېلېفون ئارقىلىق پاكىستاندىكى بىر دوستى بىلەن ئالاقىلەشتى، يەنى دادامنىڭ بىر دوستى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇنىڭ يېنىغا بارسام بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىمنى سورىدى. ئۇ دوستى ئۆزىنى ئىزدەپ بارسام، ناھايىتى خۇشال بولىدىغانلىقىنى، يەنە تېخى مېنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئۇغلىنى چېگراغا ئەۋەتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئاپامنىڭ ھەم بىخەتەرلىكىمدىن ئەندىشە قىلغانلىقىنى، ھەم ئۆزىنىڭ بىر مەزگىللىك ئۆتمۈشىدىن خاتىرجەملىككە ئېرىشكەنلىكىدىنمۇ ئىشقىلىپ، سەپەرگە چىقىشىمدىن ئەنسىرەۋاتقانلىقىنى بىلدىم.

«قەدىرلىكىم، — دېگەنىدى ئاپام، — سەن دادائىڭنىڭ ئىنتايىن جەلپكار، قىزىقارلىق، يۇمۇرلۇق ئىكەنلىكىنى بىلدىڭ، بىراق ئۇ سېنى ئىزچىل ئۇمىدسىزلەندۈرۈپ كەلدى.»

شۇ كۈنى سەھەردە دېھلىدىكى ياتىقىم بەكلا قاراڭغۇ ۋە جىمجىت، ھاۋا تەڭشىگۈچلا ۋىڭىلداپ تۇراتتى. سۈبھى يېتىپ كەلدى. ئاشخانا ئۆيگە سۇس يورۇق چۈشتى، خىزمەتكارىم ساتى دائىم ھەرقانداق كىشىدىن بۇرۇن تۇراتتى، شۇ تاپتىمۇ ئۇ پايپېتەك بولۇپ يۈرەتتى. تاماق ئۈستىلىگە مەن ئۈچۈن بىر تېرموس قەھۋە ھازىرلاپ قويۇلغان، تېخى ئېچىلمىغان گېزىتمۇ يەرگە تاشلاقلىق تۇراتتى.

ساتى ئاياغ تىۋشىمنى ئاڭلاپ ئاشخانىدىن چىقتى. مەن ئالىي مەكتەپتە نەچچە ئاي تۇرغاچقا، ئۇنى كۆرمىگىلى ئۇزاق

بولغانىدى. ئۇ مېنى كۆرگەندە كۈلۈپلا تۇراتتى. ئۇ ماڭا كۆك رەڭلىك بىر نىلون سومكىنى ئۇزارتتى، ئىچىدە مېنىڭ ناشتىلىقىم بار ئىدى.

— كايۋو ئورنىدىن تۇردىمۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— ھەئە، ئۇ ماشىنىدا.

بىنانىڭ ئالدى پاكىز، چىرايلىق چىملىق ئىدى. يامغۇر توختىغىلى خېلى بولغان، تاڭ سۇزۇلۇشكە باشلىغان بولسىمۇ، ئۆيگە يورۇقلۇق تېخى چۈشمىگەنىدى. ئاسمان ئاستا ـ ئاستا يورۇدى، كۆزلىرىم بۇ يورۇقتا كۆنمەكتە ئىدى. كايۋو ماشىنىدا ئولتۇرۇپ تاماكا چېكىۋاتاتتى. ئۇ ئىشىكتىن چىققىنىمنى كۆرۈپ، ماشىنىنى ھەيدەپ كەلدى. خۇددى مېنى مەكتەپكە ئۇزىتىپ قويىدىغاندەك، چىرايىدا ھېچقانداق ھەيرانلىق ئالامىتى يوق ئىدى.

— ماڭايلى، پاكىستانغا بارىمىز، — دېدىم مەن گويا بىز 1947 ـ يىلىدىكى مۇساپىرلاردەك.

— ماڭايلى، پاكىستانغا بارايلى! — دېدى ئۇ قاقاھلاپ كۈلۈپ.

بىز دېھلىنىڭ ئايلانما يول، ئۇزۇن كوچا يولى ۋە مۇستەملىكە مەزگىلىدىكى ئاق رەڭلىك بىر قەۋەتلىك ئۆيلەر رايونىدىن ئۆتتۇق. غۇۋا، كەڭتاشا يولدا ئالدى چىراغلىرىنى ياندۇرغان يۈك ئاپتوموبىللىرى كېتىۋاتاتتى، يولنىڭ قاتناش چىراغلىرى يانمىغانىدى. كايۋو داۋاملىق سۈرئەتنى تېزلىتىپ، ئالدىدىكى ماشىنىغا يېقىنلىشىپ كېلەتتى ۋە ماشىنىنىڭ رەڭگى ئېنىق كۆرۈنگەن چاغدىلا، ئوڭغا يانداپ بىخەتەر ئۆتۈپ كەتكىلى بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىغا قاراپ باقاتتى. بەزىدە ئۇ يىراقتىن يېقىنلىشىپ يانداپ ئۆتمەكچى بولغان ماشىنىلارنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ، سېرىق چىراغ يانغان ئارىلىقتا يۈك ماشىنىلىرىنىڭ ئارىلىقىدىن غۇيۇلداپ ئۆتەتتى. بىز زاۋۇت ۋە ئىسكىلاتلارنىڭ يېنىدىن ئۆتتۇق، بوش يەرلەردە ھەر خىل

زىرائەتلەر پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەندەك بولۇق ئۆسۈپ كەتكەنىدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، ماشىنىمىز قىزىل رەڭلىك تاش سېپىلدىن ئەمدىلا ئۆتكەندە ئۇخلاپ قالدىم.

مەن ئويغانغاندا، ھال رەڭ قۇياش تېز سۈرئەتتە ئاقارماقتا ئىدى. قىزغۇچ سېرىق، سېرىق رەڭ، زەپەر رەڭ نۇرلار بىرلىكتە ئىسسىق تۇمانغا سىڭىپ، سۇ كۆلچەكلىرى تارقالغان يېشىل ئېتىزنىڭ ئۈستىدە يوقالماقتا ئىدى. بىز بارىدىغان بازار لۇدىيانا ئىدى. بۇ كىچىك بازاردا توقۇلما بۇيۇم دۇكانلىرى قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇراتتى، ھەممىلا يەردە بۇ گۈللەنگەن ئىگىلىكنىڭ ئىزنالىرى بار ئىدى. توقۇمىچىلىق كەسپى ئىچكىرى كوچىلارغىچە سىڭىپ كىرگەنىدى. ھەربىر دۇكاننىڭ سىرتىغا رەختلەر خالىغانچە تاغدەك دۆۋىلەپ قويۇلغان، دۇكان تىجارىتى توپ سېتىش ئارقىلىقلا بولىدىغاندەك قىلاتتى. پاختا بېسىلىپ بىرېزىنت يېپىلغان يۈك ئاپتوموبىللىرى بازارنىڭ تار قاتناش يولىغا تىقىلىشىپ كەتكەنىدى. يان يولنىڭ رېمونت قىلىنىۋاتقانلىقى تېز سۈرئەتلىك تاشيولنى تىقما ـ تىقماق قىلىۋەتكەن، ئادەتتىكى كۈنلەردە راۋان ئىلگىرىلەيدىغان ماشىنا ئېقىمى شۇ تاپتا تاقەتسىزلەنگەن ھالدا يۈك ماشىنىلىرىنىڭ كەينىدىن قۇلۇلىدەك ئاستا ماڭماقتا ئىدى. ۋېلىسىپىت، ئىككى چاقلىق ياكى ئۈچ چاقلىق توكلۇق ھارۋىلار ئالدى چاقىنى ھەرقانداق يوچۇققا تىقىپ، كىچىككىنە بوشلۇقنىمۇ قويمايتتى. ئۈستى ئوچۇق سۇ سىڭىش ئېرىقى ئىنشائاتى — شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇشىنىڭ بىردىنبىر ئىزناسى — كۆچەيتىلمىگەن بولسا، كوچىلار بۇزۇلۇپ كەتكەن بولاتتى. لۇدىيانانىڭ ھەممىلا يېرى كۆرگۈسىز بولۇپ كەتكەن بازارچاقلار ئىدى، شەھەر مەركىزىدە زاۋۇتلار ۋە يۇقىرى سۈرئەتلىك تاش يوللار كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇراتتى، ئاھالىلەر بولسا ئۇنىڭ سىرتىدا تۇراتتى.

بۇ پەنجابتىكى بىز بېسىپ ئۆتكەن تۇنجى بازار. مۇرەككەپ

كەچۈرمىشلىرىمىدىن ئېيتقاندا، پەنجاب مېنىڭ دۆلەت تەۋەلىكى ۋە دىنغا بولغان گاڭگىراشلىرىمغا سىڭىپ كەتكەنىدى. دادام پەنجابتىن كېلىپ، چېگرانى كېسىپ ئۆتۈپ ھىندىستانغا كەلگەن، ئاپامنىڭ شىك ئائىلىسىمۇ ھەم شۇنداق. ھىندىستاندا پەنجاپ بار، پاكىستاندىمۇ پەنجاب بار. ئۇ ئىككى تەرەپكە تونۇشلۇق مەدەنىيەت تورىغا ئوخشاش، دۆشمەنلىشىۋاتقان ئىككى دۆلەتكە يېيىلغان. بۇ تورنى تىل، مۇزىكا، ناخشا، دىنىي مۇناسىۋەت ھەمدە دەپىنە مۇراسىمىدىكى تىراگېدىيەلىك رومانتىزمغا بولغان مەلۇم خىل مەپتۇنلۇق قاتارلىقلار توقۇپ چىققان. بۆلۈپ ئىدارە قىلىنىشقا نەچچە ئون يىل بولۇپ كەتتى، بىراق ئۇ يەنىلا داۋاملاشماقتا ئىدى، خۇددى ئۈزۈلۈش ئالدىدا تۇرغان ئۆينىڭ تۈۋرۈكىگە ئوخشاش ئېگىلىپ كەتكەن، بۇزۇلغان بولسىمۇ، نېمىشقىدۇر يەنىلا مەزمۇت ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا ئىدى. پاكىستاننىڭ قۇرۇلۇشى ھىندىستاننىڭ پارچىلىنىشىنىلا ئەمەس، پەنجابنىڭ پارچىلىنىشىنىمۇ ئاساس قىلغان، ئۇنىڭ ئازابىنى چېگرانىڭ ئىككى تەرىپىدىكىلەر ئېنىق ھېس قىلالايتتى.

مەن دېھلىدىن يولغا چىققاندىن كېيىن بېسىپ ئۆتكەن ھەممە جاي تارىخنىڭ مەلۇم مەزگىلىدە ئەسلىدە پەنجابقا تەۋە ئىدى. ھالبۇكى، ھىندىستان بىلەن پاكىستان بۆلۈپ ئىدارە قىلىنغاندىن كېيىن، ھىندىستان چېگراسى ئىچىدە قالغان رايون يەنە ئۈچ ئىشتاتقا بۆلۈۋېتىلدى. شۇڭا، ئىلگىرى دېھلىدىن كابۇلغىچە سوزۇلغان ئىشتاتنىڭ ھازىر ئازغىنا يېرى ھىندىستاندا قېلىپ، پەنجاب دېگەن نامنى ساقلاپ قالدى.

ئەينى چاغ دەل پەسىل شامىلى مەزگىلى بولۇپ، دەريا ـ ئېقىنلىق بۇ دۆلەتتىكى ھەربىر ئۆستەڭ ۋە قانال شوخلۇق بىلەن مەۋج ئۇرۇپ، خۇددى لىققىدە سۇ توشتۇرۇلغان ئىستاكانغا ئوخشاش، دەممۇدەم ئېتىزلارغا سۇ چاچرىتىپ تۇراتتى. بىز ئۆتكەن ھەربىر كەنتتە بىر قەۋەتلىك ئېگىز خىش ئۆيلەر بار

ئىدى، ماشىنا ۋە دورىخانىلارنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكى كىشىنى هەيران قالدۇراتتى. كۆكتات ساتقۇچىلار، چايچىلار ۋە ئۈستى ئوچۇق يېمەك - ئىچمەك دۇكانلىرى ئۆزئارا ئورۇن تالاشماقتا ئىدى. لاغايلاپ يۈرگەن سېيىر ۋە سۇ كالىلىرىمۇ ئىنسانلارغا تەسىر قىلغان بولسا كېرەك، نۇرغۇن كىشى ئاسما كارىۋاتتا يېتىپ هۇرۇنلۇق بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزۈۋاتاتتى.

بۇ چاغدا مەن مۇساپە بەلگىسىگە كۆزگە چېلىقىدىغان قىلىپ ئاق ۋە سېرىق رەڭدە «جالاندىهار» دەپ يېزىپ قويۇلغانلىقىنى كۆردۈم. بىز بىر يان يول بىلەن بازاردىن ئۆتتۇق، يەنە بىر سېمونت كۆۋرۈك بىلەن لاي - لاتقا يېيىلىپ ئېقىۋاتقان كەڭ دەريادىن ئۆتتۇق. بۇ دەل بىئاس دەرياسى ئىدى. ئۇ پەنجاپتىكى بەش ئېقىنىنىڭ بىرسى بولۇپ، باشقا ئىككىسى هىندىستان چېگراسى ئىچىدە قالغانىدى. Punjab (پەنجاب) دېگەن ناممۇ مۇشۇ بەش ئېقىنغا قارىتىلغان پارسچە سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، «punj» بەش، «ab» ئېقىن ، پەنجاب بەش ئېقىن دېگەننى بىلدۈرەتتى.

تۆيۈقسىز ئېتىز، تىراكتور، قانال ۋە قىزىل خىشلىق ئۆيلەردىن تەركىب تاپقان بۇ مەنزىرە ئىچىدە بىر يول تاختىسى پەيدا بولۇپ قالدى: «لاهۇر 43 كىلومېتىر».

— قىرىق ئۈچ كىلومېتىر قاپتۇ! — خۇشاللىق بىلەن توۋلىۋەتتى كايۇ، — مەن بىر سائەتكە قالماي يېتىپ بارالايمەن!

هازىرغىچە بىز چېگراغا يېقىنلاشقانلىقىنىڭ هېچقانداق ئالامىتىنى كۆرمىگەنىدۇق. ئەسلىدە مەن هېچبولمىغاندا ئامرىتسارغا بارغاندىلا چېگرانىڭ بەلگىسىنى كۆرەلەيمىز دەپ ئويلىغانىدىم.

دېرىزە سىرتىدىكى يول باشقا بىر مەنزىرە بىلەن ئالماشقاندا، كايۇ يەنىلا بېشىنى چايقاپ، چىشىنى غۇچۇرلىتىپ هەسرەتلىنىۋاتاتتى. كۆز ئالدىمىزدىكى يول ئەمدى ئامرىتسارغا بارىدىغان ۋەيرانە تېز سۈرئەتلىك تاشيولغا ئەمەس، بەلكى بۇك -

باراقسانلىق، ماشىنىلار شالاڭ، قوش لىنىيەلىك ماشىنا يولىغا ئۆزگەردى. يولنىڭ ياسىلىش ۋە ئاسرىلىش ئەھۋالىغا بىر قاراپلا، بۇنىڭ ھەربىي ئىشلار ئۇنۇمىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلغىلى بولاتتى. ئارمىيەنىڭ ئالامەتلىرى تېزلا زاھىر بولدى: ھەربىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ياش يېڭى ئەسكەرلەر ماش رەڭ ئاپتوموبىلنىڭ كەينى تەرىپىدىن باشلىرىنى چىقىرىشتى؛ چېگرا بىخەتەرلىك قىسمىنىڭ بازىسى كۆزۈمگە چېلىقتى، بىرمۇنچە ھەربىي ئاپتوموبىللار كېتىۋاتاتتى... بەزىدە بىرونېۋىكلار پەيدا بولۇپ قالاتتى، لېكىن ئېغىر چاقلار ئاستىدا ھېچقانداق تەھدىت يوق ئىدى. پۈتكۈل رايون بۇرۇنقى ۋاقىتتىكى قارارگاھقا ئوخشايتتى، ئۇ يەردە مەززىلىك يېمەكلىكلەر بار ئىدى، يەنە ئوفىتسېرلار كېچىلىكىمۇ ئۆتكۈزۈلۈپ تۇراتتى.

تەبىئىي بولمىغان بىردىنبىر نەرسە دەل ئېتىز ئىدى: كەڭ، بىپايان ئېتىزلىقتا مەكتەپ بىلەن بازا ھېلىملا يالمىۋېتىلىدىغاندەك، بۆلەكچە كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. بۇ شاللىقنىڭ ئەتراپىدا ھېچنېمە يوق، مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان نىشان قىلىنغانلىقى تولىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىدى. كايۋو ۋە مەن تىمىسقىلاپ يۇرۇپ بۇ يولدا ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتىمىز. مۇنبەت زېمىننى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئاخىر ۋەزىيىتى تۇراقسىز چېگراغا يېتىپ كەلدۇق. سېتىقچىلار ماشىنىمىزنى ئورىۋېلىپ، ئىچىملىك ۋە چېگرا بايراق چۈشۈرۈش مۇراسىمىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئاتكرىتكىلارنى ساتماقچى بولۇشتى.

بۇ كايۋو ئىككىمىزنى بىئارام قىلغان ۋاقىت بولدى. مېنى يەنە سەل قورقۇنچ باستى، چۈنكى مەن پاكىستاننىڭ قانداقلىقىنى كۆرۈپ باقمىغان، يەنە كېلىپ، ئاپامنىڭ دوستىنىڭ ئوغلى مېنى ئالغىلى كېلەمدۇ، يوق، بۇنىڭغا كۆڭۈل توختىتالمىدىم. كايۋو جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكىمنى كۆرۈپ:

— ئەنسىرىمەڭ، مەن بۇ يەردە سىزنى بىر سائەت ساقلاپ، ئۆتۈپ كەتكەنلىكىڭىز ئېنىق بولغاندىن كېيىن قايتىمەن، —

دېدى.

سېتىقچىلارنى كەتكۈزۈۋەتكەندىن كېيىن، ئۇ مېنى باشلاپ ماشىنا توختىتىش مەيدانى ۋە ئارام ئېلىش ئۆيى، يەنە بىر قاناتلىق قارا ئىشىكتىن ئۆتتى. بۇ يەردە بىر خىزمەتچى خادىم پاسپورتىمىزنى سورىدى. كايۋۇ مېنى چىڭ قۇچاقلىدى، ئاندىن ئۇزىتىپ قويدى.

دەرۋازىدىن ئۆتكەندە، ھۆكۈمەتنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچىنىڭ بۇ يەردە خالىغىنىچە جارى قىلدۇرۇلغانلىقىنى بىلدىم. يۇمىلاق شەكىللىك ھال رەڭ مۇنبەر ھەر كۈنى بايراق چۈشۈرۈش مۇراسىمىنى كۆرگىلى كەلگەن تاماشىبىنلارنى ئولتۇرىدىغان ئورۇن بىلەن تەمىن ئېتىدىكەن. بايراق چۈشۈرۈش مۇراسىمىنىڭ مەزمۇنى ھىندىستان بىلەن پاكىستان ئىككى تەرەپ سىممېترىيەلىك ھالەتتە ئورۇنلايدىغان بىر قاتار شوئار ۋە ھۆرمەت بىلدۈرۈش ھەرىكەتلىرى ئىكەن. مۇراسىم ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئىككى تەرەپ بايراقتەك سىرلانغان تۆمۈر دەرۋازىنى سۈرەن - چۇقان قىلىشىۋاتقان كىشىلەر توپىنىڭ ئالدىدا مەھكەم ئېتىدىكەن. بۇ ھۆكۈمەت سورۇنىدىكى بىر مەيدان ئۇسسۇل نومۇرى بولۇپ، بىيۇروكراتلارنىڭ ئارمىيە ئارقىلىق نامايان قىلىدىغان ئەسەبىيلىكى ئىدى. ئىككى ئەگمە ئىشىك ئارىلىقىدىكى ئىككى تەرەپتە بىردىن ئادەم تىزىملاش دەپتىرىنى تىزىغا قويغىنىچە ئولتۇراتتى.

مەن ھىندىستان تەرەپتە بىر قاراڭغۇ ئۆيگە باشلاپ كىرىلدىم، ئۆيدە بىر ئەر مېنىڭ پاسپورتۇمنى تەكشۈردى. ئارقىدىن كۆك كۆڭلەك ۋە كەڭرى ئاق ئىشتان كىيگەن قارا ئىشچى سومكامنى رېنتگېنلىق توشۇش تاسمىسىغا ئىتتىرىپ چىقاردى، لېكىن ماشىنا ئېتىك ئىدى. مەن يەنە سومكامنى ئالدىم، ئاندىن ئىشخانىدىن باشلاپ چىقىلىپ، ئەگمە ئىشىككە تۇتىشىدىغان جىمجىت يولغا كەلدىم. يولنىڭ ئىككى يېقىغا سۇب چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى چىرايلىق دەرەخلەر، يەنى قېنىق يېشىل

رەڭلىك مانگو دەرىخى، گۈل قەمبەر، تۇتۇق رەڭلىك ئېۋكالىپىت
دەرىخى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك، مۇقەددەسلىك تۇيغۇسى ئۇرغۇپ
تۇرىدىغان فىكۇس دەرىخى قاتارلىقلار تىكىلگەنىدى. دەرەخلەرنىڭ
ئارىلىقىدىن داتلىشىپ چېكىم - چېكىم بولۇپ كەتكەن ئېلان
تاختىلىرى تۇرۇپلا كۆرۈنۈپ قالاتتى. قارا ئىشچىنىڭ كەينىدىن
ئەگىشىپ كېتىۋېتىپ، ئېتىزلىقنى يەنە كۆرۈپ قالدىم. ئېگىز،
قارا رەڭلىك، ئىككى قەۋەتلىك رېشاتكا ئېتىزلىقنى نەچچە
كىلومېتىر ئارىلىقچە ئوراپ تۇراتتى، قويۇق سىم تورنىڭ
ئارقا تەرىپى ئېگىلىپ كەتكەنىدى. سىم تورنىڭ يەنە بىر
تەرىپىدە ئېتىزلىق يىراق - يىراقلارغا سوزۇلۇپ ياتاتتى. بىر
سېغىزخاننىڭ ئەنسىز سايرىشى جىمجىتلىقنى بۇزدى.

بىز ھىندىستان چېگراسىدىكى ئەگمە ئىشىككە يېتىپ
بارغاندا، تىزىملاش دەپتىرىدىن چېگرادىن ئۆتكەن بىر
نىگېرىيەلىكنىڭ ئىسمىنى كۆرۈپ قالدىم، ۋاقتى بىرنەچچە
ھەپتە ئىلگىرى ئىدى. قارا ئىشچى يەنە بىردەم مېڭىپ، ئەگمە
ئىشىك تاشلىغان سايىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، يەنە بىر قارا
ئىشچىغا قاراپ ماڭدى. ئۇمۇ ئوخشاش ئاق ئىشتان كىيگەن،
كۆڭلىكىلا يېشىل ئىدى. ئۇ سومكامنى ئالدى. ئۆتكۈزۈپ بېرىش
ۋە تاپشۇرۇۋېلىش جەريانىدا ئاساسەن ھېچقانداق قائىدە - يوسۇن
بولمىدى، ئىككى ئىشچىنىڭ چىرايى بەكلا ئوخشاپ كېتەتتى،
ئۇلارنى ھارغىنلىق، يۈزىنى قورۇق باسقان، رەڭگى
ئوخشىمايدىغان ئىككى كۆڭلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا،
ئوخشاشلىق دەرىجىسى بۇ كۆرۈنۈشنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەكلا
قىلاتتى. بىر قاتار قائىدە - رەسمىيەتلەر تۈگىدى، ئەمدى
ئالدىمغا ماڭسام پاكىستان زېمىنىغا قەدەم قوياتتىم.

يەنە بىر تەرەپتىكى دەرۋازا دات رەڭ خىشتىن سېلىنغان، ئاق
ماي رەڭگىدىكى كۈنگۈرىسى ۋە مۇنارىسىمان بىنا بار ئىدى.
سېرىق رەڭ شەرتلىك بەلگىگە ئوردۇ تىلىدا ھۆسنخەت بىلەن
«ئەركىنلىك دەرۋازىسى» دەپ يېزىلغانىدى. دەرۋازىنىڭ ئۈستىدە

يېشىل رەڭ — بارلىق يېشىل رەڭلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ قېنىق بىر خىلى — ۋە ئاق رەڭدىن تەركىب تاپقان پاكىستان بايرىقى شامالدا لەپىلدەپ تۇراتتى.

يەنە بىر تەرەپتىكى ئىشخانا يەنىلا مۇستەملىكە دەۋرىدىكى پاسوندا ئىكەن. مەن قىزغىن كۈتۈۋېلىشقا سازاۋەر بولدۇم. ئۇلار پاسپورتۇمدىكى ئىسمىمنى كۆرۈپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن:

— خەلق پارتىيەسىدىكى سالمان تاسىر بىلەن بىر فامىلىلىكمۇ؟ — دەپ سوراشتى.

— ھەئە، — دەپ جاۋاب بەردىم مەن.

— يېنىڭىزدا ھاراق يوقتۇ؟

— يوق.

دادامنىڭ پاكىستاندىكى نام ـ شۆھرىتىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى ئىكەنلىكىنى، بۇ دەسلەپتە ئۇنىڭ سىياسىي رولى، كېيىن تىجارىتى تۈپەيلىدىن بولغانلىقىنى، ئەمما ھەرگىز تىجارىتىنىڭ كۆلىمى تۈپەيلىدىن ئەمەسلىكىنى بىلەتتىم. سالقىن ئىشخانىدا ئولتۇرۇۋاتىمەن، ئۆينىڭ سىرتىدا ئىسسىق ھاۋا ۋە قويۇق ئورمانلىق. مەن ھاياتىمدىكى ئەڭ زور قاراردىن بىرنى چىقىرىشىم كېرەكلىكىنى بىلدىم.

ئارقىدىن يۇز بەرگىنى كىشىنى خاتىرجەمسىزلەندۈرىدىغان سۆھبەت بولدى. ئەسلىدە قىزغىنلىقى ئۇرغۇپ تۇرغان بىر ئەر كىشى ئوردۇچە سورىدى:

— بۇ قېتىم نېمە ئۈچۈن قايتىپ كەلدىڭىز؟

ئوردۇ تىلى بىلەن ھىندى تىلىنى پەرقلەندۈرۈش تولىمۇ قىيىن، شۇڭا مەن بىمالال جاۋاب بەردىم:

— ھېچ ئىش يوق، باشلىق. بىر دوستۇمنىڭ تۇغۇلغان كۈنى بولماقچى شۇ.

دوستانە كەيپىيات غايىب بولدى، ئۇلار بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي ماڭا تىكىلىشتى. ئۇلاردىن بىرى مەن ئېيتقان «تۇغۇلغان كۈن» دېگەن سۆزنى تەكرارلىدى، ئاندىن باشقا بىر خىل

چۈشەندۈرۈش تەكلىپىنى بەردى. ئارقىدىنلا ئۇ:

— ھە، سىز ھىندىستاندىن كەلگەنمۇ؟ — دېدى.

بۇ ئىككى خىل تىلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئىنتايىن كىچىك بولۇپ، مەن دېھلىدا چوڭ بولغان، تىلىم يەنە ئوردۇ تىلىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان، بىراق مەن ھىندىستاندا چوڭ بولغان كىشىلەرلا ئىشلىتىشنى بىلىدىغان سۆزنى ئىشلەتكەنىدىم.

دەرۋەقە، مەن پاكىستانغا تۇنجى قەدىمىمنى باسقان چاغدىلا، ئۆزۈم ۋارىسلىق قىلغان ئۆزگىچە خاراكتېر، تونۇشلۇق تۇيغۇسى ۋە ناتونۇشلۇق تۇيغۇسىنىڭ ماڭا تەڭلا يوپۇرۇلۇپ كەلگەنلىكىنى بىلدىم.

# گۈللەنگىن، بۈگۈن

پاكىستان كاراچى. مەن پاكىستانغا تۇيۇقسىز كېلىپ، پىلانىمدىن ھالقىپ كەتتىم. پىلانىمدىكى ۋاقىتتا يەنە ئىككى ھەپتە بار ئىدى، مەن ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى ئاۋىياتسىيە شىركىتىنىڭ نۆۋەتچى ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ، دۇبەيدىن كاراچىغا قاراپ ئۇچتۇم. بىزنىڭ ئايروپىلانىمىز كىچىك ئايروپىلان بولۇپ، يەر يۈزىگە ناھايىتى يېقىن ئۇچاتتى، بەزىدە پارقىراپ تۇرغان زەڭگەر رەڭلىك سۇ دائىرىسىدىن، بەزىدە قۇملۇقتىن ئۆتۈپ، كېيىن ھىندى دەرياسىنىڭ تۈزلۈق كۆل ئېغىزى ۋە سىند ئۆلكىسىنىڭ سېرىق توپىلىق زېمىنىغا قاراپ پەسلىدى.

مېنىڭ لاھورنى ئەمەس، كاراچىنى تاللىشىمدىكى سەۋەب دادام بىلەن كۆرۈشۈشكە تېخى تەييارلىنىپ بولمىغانلىقىم ئىدى. مەن يەنە ئۇنىڭ ھېلىقى خېتىنى ئويلاپ، شىمالغا بېرىپ ئۇنى ئىزدەشتىن بۇرۇن دۆلىتىنى ساياھەت قىلماقچى بولدۇم.

بۇ مېنىڭ تۇنجى قېتىم كاراچىغا كېلىشىم ئىدى. يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول بىلەن شەھەر ئىچىگە كىرىدىغان مۇساپە قىسقا، بۇ مېنىڭ بۇ شەھەرگە قارىتا ھېسسىي بىلىشكە ئىگە بولۇشۇم ئۈچۈن يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. ئەسلىدە بومباي ياكى تېھرانغا ئوخشاش تېخىمۇ قايناق، تېخىمۇ تىقما ـ تىقماق بىر شەھەرنى كۆرۈشنى ئويلىغانىدىم، بىراق بىز كىرگەن شەھەر سىرتقا كېڭەيگەن، ئاھالە كوچىلىرى ئازادە ئىدى. دەل ـ دەرەخسىز ئۇزۇن كوچا كىچىك بازار، ئىشخانا بىناسى ۋە كالىفورنىيە ئۇسلۇبىدىكى سۇس قوڭۇر رەڭلىك بىر قەۋەتلىك

ئۆيلەر رايوننى تۇتاشتۇرۇپ تۇراتتى. بىر قەۋەتلىك ئۆيلەرنىڭ دېرىزىلىرىگە يېشىل رەڭلىك نۇر قايتۇرغۇچ ئەينەك سېلىنغانىدى. ئىسسىق شامال ھاردۇق يەتكەن مەھەللە ۋە ئازادە بالكونلىرى بار بىر قەۋەتلىك ئۆيلەرنى سىيپاپ ئۆتەتتى. شەمشاد دەرەخلىرى كوچىغا قورۇنغان ھالدا سايە تاشلاپ تۇراتتى. ئۆيلەرنىڭ سىرتىدىكى پاسىل تاملار ئىنتايىن ئېگىز، ئىشىكتە قوراللىق ئامانلىق ساقلىغۇچىلار تىك تۇراتتى. ئاق رەڭلىك ماشىنىغا رەڭلىك ئەينەك ئورنىتىلغان، ئەينەكتىن قوغدىغۇچىلارنى پەرق ئەتكىلى بولاتتى. بۇلار جەمئىيەت ئامانلىقىنى بۇزىدىغان جىنايەتلەرنىڭ قۇتراپ كەتكەنلىكىنىڭ ئالامەتلىرى ئىدى.

ئەسلىدە مەن دادامنىڭ كاراچىدىكى ياتىقىغا بېرىپ تۇرۇشۇم كېرەك ئىدى، بىراق دادا بىر، ئانا باشقا ئاكام — بۇ قېرىنداشىمنى ئانچە تونۇپ كەتمىسەممۇ — مېنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە تۇرۇشۇمدا چىڭ تۇرۇۋالدى. ئۇ كاراچىدىكى يېڭى تىپتىكى بىر قەۋەتلىك ئۆيدە تۇرىدىكەن. ئۆينىڭ كۆلىمى چوڭ ئەمەس، ئەسلىھەلىرى تولۇق، يەنە ئازادە بالكونمۇ بار ئىدى. كۈندۈزدىكى كۆپىنچە ۋاقىتتا ئۆي ئىنتايىن تىنچ بولۇپ، ھاۋا تەڭشىگۈچنىڭ ۋىڭىلدىغان ئاۋازىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ھىندىچە چوڭ پەنجىرە قۇياش نۇرىنى توسۇپ تۇراتتى، ئۆينىڭ ئىچى دائىم باھار كۈنلىرىنىڭ چۈشتىن كېيىنكىدەك تۇراتتى. بۇ يەر بويتاق ئاكامنىڭ ئۆيى، بىرلا خىزمەتكار بار ئىدى. ئۇ قاتلىما شىرەگە پىۋا، ئۇسسۇلۇق ۋە گۆش كەلتۈردى. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۆيدە تۇرىدىغان بولدۇم، تار كارىۋات ئاكامنىڭ كارىۋىتىنىڭ يېنىغا قويۇلدى. مەن ئىزچىل يالغۇز پەرزەنت بولۇپ كەلگەنلىكتىن، بۇ كۆرۈنۈش ماڭا قېرىنداشلار بىر ئۆيدە تۇرغان چاغدىكى ئىللىقلىقنى ھېس قىلدۇردى.

مەندە ئاكامغا نىسبەتەن ئېنىق ئېيتىپ بەرگىلى بولمايدىغان بىر خىل غەمخورلۇق ۋە ئامراقلىق بار ئىدى. دادام بىلەن ئۇنىڭ

مۇناسىۋىتى ئىزچىل مۇرەككەپ بولۇپ كەلگەن، ئادەتتە بۇنىڭ ھەممىسىگە دادامنىڭ ئۇ ۋەدىلەشكەن قىزلارنى قوبۇل قىلمىغانلىقى سەۋەب بولغانىدى. مەن ئاكام زىيانكەشلىككە، يەنى ئاتا ـ ئانىسى بەك ھوقۇقلۇق ياكى زىيادە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان باللارنىڭ ئۇچراش ئېھتىماللىقى بولغان زىيانكەشلىككە ئوخشاپ كېتىدىغان زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقىنى ھېس قىلالايتتىم. ئۇ دادامنىڭ ۋارىسى ئىدى، كۆپ يىللاردىن بۇيان ئۇنىڭغا كىم بىلەن توي قىلىش، كىم بىلەن توي قىلماسلىق توغرىسىدا ئىزچىل تەلەپ قويۇلۇپ كېلىنىۋاتقانىدى. ئۇ ياۋروپادىكى ئەڭ ياخشى مەكتەپ ۋە ئالىي مەكتەپلەردە تەربىيە ئالغان، ئوتتۇز بەش ياشقا بېرىپ قالغانىدى. بىراق، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇناسىۋەت ۋە ھوقۇق يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدىغان بىر دۆلەتتە ياشاشقا باشلايدىغانلىقىنى بايقىغانىدى. مەن تۇنجى قېتىم پاكىستانغا بېرىشتىن نەچچە يىل بۇرۇن، مېنى ئاگاھلاندۇرغانىكەن. ئېھتىمال ئىككىمىزنىڭلا دادام بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزدە چاتاق بولغانلىقتىن بولسا كېرەك، ئارىمىزدا بىر خىل تەقدىرداشلىقتىن ئىبارەت ئۆزگىچە ھېسسىيات پەيدا بولۇپ قالغانىدى.

ئىراندىن ئايرىلىپ پاكىستانغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، مەن ئاخىر ئارام ئېلىۋالغۇدەك بىرنەچچە كۈن ۋاقتىمنىڭ بولغانلىقىدىن ئىنتايىن خۇشال بولدۇم. كېچىلىك نۆۋەتچى ئايروپىلاندىكى چارچاش، ئالاقىلىشىپ ئادەم ئىزدەش ۋە ۋاقىت پەرقى ئېلىپ كەلگەن ھارغىنلىق تېخى تۈگىمىگەنىدى. مەن سەپەرنى، دادام بىلەن ئالاقىلىشىش، ھەتتا پاكىستانغا ئائىت نۇرغۇن ئىشلار ئۈستىدە ئويلىنىشنى كېچىكتۈرمەكچى بولدۇم. لېكىن، تۇنجى ئاخشىمى بىر توپ پاكىستانلىق زىيالىيلار ئارىسىدا «قوش بىسلىق خەنجەر» گە ئوخشايدىغان بىر خىل جىددىي كەيپىياتنى سەزدىم. ھىندىستاننىڭ ماڭا بولغان تەسىرى، يەنى بەزىدە ئىجتىمائىي تەبىقە تۈزۈمى، بەزىدە

بولىنۇۋد دېگەنلەر دەمەۇدەم باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، خۇددى تۆت يىل ئىلگىرى چېگرادا يۈز بەرگەن كۆتۈلمىگەن كەچۈرمىشىمگە ئوخشاش، ئۆزۈمنىڭ پاكىستاندا بىر ناتونۇش ئادەم ئىكەنلىكىمنى ئەسكەرتىپ تۇردى.

مەن پاكىستانغا كەلگەن تۇنجى كۈنى كەچتە، ئاكام كەسپىي يىغىنىن ئاچتى. يىغىندا شۇ ھەپتىلىك خەۋەرلەرگە باھا بېرىلىدىغان «پىچاق بىسى» ناملىق يېرىم سائەتلىك يۇمۇرلۇق پىروگراممىسى سۈرەتكە ئېلىنىۋاتقانىكەن. ئاكام بۇ پىروگراممىغا بەك قىزىقىدىكەن. يىغىنغا ئىككى رىياسەتچى، يەنى چىرايلىق، ئوتتۇز نەچچە ياشلاردىكى بىر تەنھا ئانا، يەنە قورسىقى تومپايغان، يېشى چوڭراق بىر ئەر كىشى قاتناشتى. ئۇ پىروگراممىدىكى چولپان شەخس ئىكەن. ئۇلاردىن باشقا، ئامېرىكا تەلەپپۇزىدا سۆزلەيدىغان چىرايلىق بىر قىزمۇ بار ئىدى. كىشىلەر ئۇنى «مەلىكە» دەپ ئاتىشاتتى. ئاخىرقى بىرى قارىمۇتۇق، پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن ئايال مىجەزلىكى چىقىپ تۇرىدىغان ئەر كىشى ئىدى. ئۇ بايىلا ئىشىكتىن كىرىپ ئولتۇرغانىدى. پىروگراممىنىڭ مەسخىرە ئوبيېكتى خەۋەرلەردىكى شەخسلەردىن باشقا، يەنە بۇش بىلەن ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى ئىدى.

شۇ كۈنكى خەۋەرنىڭ بىر تېمىسى ئامېرىكا ئەقىل - پاراسەت ئامبىرى قىلغان بىر تۈرلۈك تەكشۈرۈش ئىدى. بۇ دوكلات پاكىستاننى دۇنيادىكى مەغلۇپ بولغان ئون دۆلەتنىڭ توققۇزىنچىسى قىلىپ تىزغانىدى. تەكشۈرۈش نەتىجىسى بىر قاتار كۆرسەتكۈچ سانلارنى ئاساس قىلغان ھالدا چىقىرىلغان بولۇپ، «ئاھالىنىڭ سىرتقا ئېقىشىنىڭ ئاستا خاراكتېرلىك سىجىللىقى» دىن تارتىپ «ئاممىۋى مۇلازىمەتنىڭ داۋاملىق ياماnلىشىشى» ھەمدە «سەرخىللار توپىدا بۆلۈنۈشنىڭ پەيدا بولۇشى» غىچە ھەممىسى بار ئىدى. ئالدىنقى يىلىدىكى بۇنىڭغا ئوخشاش دوكلاتنىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە پاكىستان ئوتتۇز

تۆتىنچى ئورۇنغا تىزىلغانىكەن. يىغىن گۇرۇپپىسى ھازىر قانداق قىلىپ دوكلاتنى پىروگىراما جەريانىدا يىرتىپ تاشلاشنى تەتقىق قىلماقچىدى.

— بىز بىرىنچىلىكنى تالىشىشىمىز كېرەك، — دېدى قارىمۇتۇق ئايال مىجەز ئەر غودۇڭشىپ، — مەن رىقابەتلىشىشتىن بىزار.

يەنە بىر كىشى ھىندىستاننىڭ قانچىنچى ئورۇنغا قويۇلغانلىقىنى سورىدى. ئايال مىجەز ئەر كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، ئاستىنقى كالپۇكىنى چىشلىدى.

— بىز نېمە ئۈچۈن ئۆلارنىڭ تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ ئۆلۈغ دۆلەت ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلالمايمىز؟

ھەممەيلەن قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى ۋە ماڭا قاراشتى.

— بۇ مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمىمۇ؟ — دېدى ئاكام، — ياكى ھىندىستاندا سەت ئادەملەر تېخىمۇ كۆپ دېمەكچىمۇ؟

— توغرا! — دېدى ئايال مىجەز ئەر.

يىغىن مەيدانىدا ھىندىستانلىقلارنىڭ نەقەدەر سەت ئىكەنلىكى توغرىسىدا قىسقا ۋاقىت غۇلغۇلا بولدى، بۇ غۇلغۇلا بولۇپمۇ ھىندىستاننىڭ جەنۇبىغا قارىتىلغانىدى. مەن بىردەم ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھىندىستاندىكى ئەڭ چىرايلىق مودېل ۋە ئارتىسلارنىڭ جەنۇبتىن كەلگەنلىكىنى ئېيتتىم.

— ئۇ دېگەن پەرداز قىلغانلىقىدىن، — دېدى ئايال مىجەز ئەر قۇۋلۇق بىلەن، — چىرايلىقلىقىدىن ئەمەس.

تۇيۇقسىز ئۇ مېنىڭ ئاچچىقىم كېلىپ قېلىشى ئېھتىمالىنى ئويلىدى بولغاي، ئۆزىنىڭ ھىندىستاننى نەقەدەر سۆيىدىغانلىقى، يېقىندىلا بارغانلىقىنى ئېيتتى.

— لېكىن، ئۇلارنىڭ ئامېرىكىلىقلارنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ يۈرىدىغانلىقى راستىلا كۆزۈمگە سىغمايدۇ، — دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ ۋە قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، ئىتتىنىڭ ھاسىرىغان ئاۋازىنى دورىدى. ئۇ ئامېرىكا بىلەن ھىندىستاننىڭ يادرو پىلانىنى

تۇرۇۋاتقانلىقىغا دارىتىملاۋاتاتتى.

يەنە بىر خەۋەردە ئەسلىيەتچىلەرنىڭ ئېلىپ كەلگەن تەھدىتى سۆزلىنىپ، ئۇلار يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ ئەركىنلىككە ئىنتىلىدىغان ياشلارنى جەلپ قىلماقتا، مەقسىتى ئۇلارنى پارتلىتىش ھۇجۇمى قىلىشتا پايدىلىنىش دېيىلگەنىدى.

— ئۇلار بىزنىڭ ئەجەللىك يېرىمىزگە زەربە بەرمەكتە، — دېدى چىرايلىق رىياسەتچى.

— بىز ئۇ يىغىلىشلارغا بېرىپ باققان، — دېدى ئاكام بېشىنى لىڭشىتىپ، — ئەھۋال ئىنتايىن ئېغىر.

ئۇلار ئۆز ھۆكۈمىنى بەك ئېغىر بولۇپ كەتتى دەپ ھېس قىلدى بولغاي، يەنە مەسخىرە قىلىش كويىدا بولمىدى. ئۇلار كۆپ دېگەندىمۇ مۇنداق بىر ئېغىز گەپنى قىلالايتتى: «ئىسلامئاباد، سەن ئەندىشە قىلما، بىراق كاراچى بىلەن لاھور پەخەس بولۇشى كېرەك.»

يەنە بىر خەۋەردە ئافغانىستاندا ئون ئامېرىكىلىقنىڭ ئۆلگەنلىكى دېيىلگەنىدى.

— بۇنداق دېسەم سىياسىي جەھەتتە توغرا ئەمەسلىكىنى بىلىمەن، — دېدى ئاكام، — بىراق ناھايىتى ياخشى بوپتۇ!

كۆلكە ئاۋازىدىن كېيىن، گۇرۇپپا قانداق قىلىپ ئامېرىكىنىڭ ئىراق بىلەن ئافغانىستاننى «ئىشغال» قىلىۋالغانلىقىنى مەسخىرە قىلىشنى تەتقىق قىلىشقا باشلىدى. ئوتتۇرا ياشلىق رىياسەتچى گېئورگې بۇشقا قارشى بىر قېتىملىق سىجىل ھەرىكەتنى داۋاملاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەكلىكىنى ئېيتتى. ئۇلار يەنە بىر ناخشىنى لايىھەلىدى. ناخشا «بۇ دۆلەت زېمىنى» غا تەقلىد قىلىنىپ، «بۇ دۆلەت زېمىنى مېنىڭ زېمىنىم، بۇ دۆلەت زېمىنى سېنىڭكى ئەمەس... ئىراقتىن گىۋانتانامۇغىچە» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئۆزگەرتىلدى.

ئاكام بۇ پىروگراممىنىڭ غۇلغۇلا قوزغاۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنى خۇشال قىلىدىغىنى پىروگراممىدىكى نۇرغۇن لەتىپىلەرنىڭ

مەزمۇنى يوشۇرۇن بولۇپ، تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى چۈشىنەلمەيدىكەن. مەسىلەن، ھېلىقى چىرايلىق رىياسەتچى يۇقىرى ئاۋازدا:

«كېلىمەن، كېلىمەن، كېلىمەن، مەن كەلمەكچىمەن !» دەپ ۋارقىرايدىكەن، ئارقىدىن تېلېۋىزور ئېكرانىدا يالغاندىن روھلۇق قىياپەتكە كىرىۋالىدىكەن.

— لېكىن، سىز مۇۋاپىق ئۇسۇل قوللىنىشىڭىز كېرەك، — دېدى بىر كىشى، — سىز شۇنداق قىلالامسىز؟

ئايال رىياسەتچى يالغان كۆلۈپ بېشىنى لىڭشىتتى. قارىغاندا ئۇ بىر ئۇلۇغ ئايال ئارتىستەك، ئويۇن ئېھتىياجلىق بولسىلا، ئوتقا كىرىشتىنمۇ يانمايدىغاندەك قىلاتتى. پىروگراممىدىكى نۇرغۇن چاقچاقنىڭ مەنىسى چوڭقۇر بولغاچقا، مەن چۈشىنەلمىدىم، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىگە پىروگراممىا ئىجادىيەتچىلىرى ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا ئالىي مەكتەپلىرىدە ئۆگىنىپ كەلگەن ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى ئىشلەتكەنىدى. ئاكام پىروگراممىنىڭ باشقا رايونلاردىمۇ كۆرسىتىلىشىنى ئۈمىد قىلىدىكەن. روشەنكى، ئۇ ھىندىستاننىڭ تېلېۋىزىيە ئۇلاپ كۆرسىتىش تورىغا قىزىقىپ قالغانىدى. ئۇ قانداق قارايدىغانلىقىمىنى سورىدى. مەن بۇنىڭ ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقىنى ئېيتتىم. نۇرغۇن كىشى چۈشىنەلمەيدىغان پىروگراممىنى تارقىتىش تولىمۇ قىيىن ئىدى.

— شۇنداق، لېكىن سەندەك ئاز قىسىم تاماشىبىنچۇ؟ — دەپ سورىدى ئاكام.

— بۇ يەردىكىنىڭ تەسىر كۈچى زور بولمايدۇ.

ھەممەيلەن كېتىپ بولغاندىن كېيىن، كۆتكۈچى بىرنەچچە رومكا پىۋا كەلتۈردى، ئاكام ئىككىمىز بىردەم بىللە ئولتۇردۇق. يېقىندا كاراچىدا بومبا پارتلاش ۋەقەسى يۈز بەرگەنىكەن. بومبا پارتلاش كاراچىدا دائىملىق ئىش ئىكەن، بىراق بۇ قېتىمقىسى تېخىمۇ ئېغىر بوپتۇ. پەيغەمبەرنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئۆزىنى

ئۆلتۈرۈۋېلىش تىپىدىكى ھۇجۇم قىلغۇچى بىر سۈننىي مەزھىپى سىياسىي تەشكىلاتنىڭ دۇئا ـ تىلاۋەت يىغىلىشىغا بېسىپ كىرىپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەشكىلاتنىڭ رەھبىرى بىلەن ئاتمىشقا يېقىن كىشىنى پارتلىتىپ ئۆلتۈرۈپتۇ. پارتلىتىش ۋەقەسى پەيدا قىلغان جىددىي ۋەزىيەت پاكىستاندىكى دىنىي مەزھەپ، تىل ۋە ئېقىم جەھەتتىكى ئىختىلاپ ۋە ئىككىلەمچى ئىختىلاپلارنى ئاشكارىلاپ بېرىپتۇ. ئۇنىڭ مۇرەككەپلىك دەرىجىسىنى ھەتتا پاكىستانلىقلارنىڭ بىلىشىمۇ ئىنتايىن قىيىن ئىكەن. سۈننىي مەزھىپى بىلەن شىئە مەزھىپىنىڭ مەزھەپكە بۆلۈنۈشىدىن باشقا، ھەر خىل سالاھىيەت تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلاملىق سالاھىيەتنى ھەممە شۇنىڭغا مۇناسىپ شەكىللەنگەن سىياسىي پارتىيەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىند ئۆلكىسىنىڭ ئەسلىي ئاھالىلىرى بىلەن مۇھاجىرلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتمۇ ئىنتايىن جىددىي ئىكەن. مۇھاجىرلار ھىندىستاندىن كەلگەن مۇسۇلمان كۆچمەنلەر بولۇپ، 1947 ـ يىلى بۇ يەرگە كېلىپ ھىندىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئارزۇسىدىكى يۇرتىنى ئىزدىگەنىكەن.

※ ※ ※

كاراچى ئىلگىرى ئەنگلىيەگە قاراشلىق شەھەر ئىدى، تارىخى بىر يۈز ئەللىك يىلغا يەتمەيتتى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، ئۇ سۇب چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى ئەڭ پاكىز، ئولتۇراقلىشىشقا ئەڭ مۇۋاپىق شەھەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالغانىدى. شەھەردىكى ياشىنىپ قالغان ئاھالىلەر كوچىلارنىڭ ئەتىگەندە تازىلانغاندىن كېيىنكى قىياپىتىنى ھېلىمۇ ئەسلىيەلەيدۇ. لېكىن، كۆچمەنلەرنىڭ كېلىشى، شۇنداقلا پايتەختنىڭ كاراچىدىن ئىسلامئابادقا كۆچۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، بۈگۈنكى كۈندە بۇ شەھەر قورالىلىق جىنايەت ئۆتكۈزۈش، مەزھەپلەر توقۇنۇشى بىلەن تولۇپ كەتكەن، كونا زاماندىكى

ئەنگلىيە كوچىلىرىمۇ خاراپلىشىقا ئايلانغان. ئەڭ قىستاڭ شەھەر رايونلىرىنىڭ ھەممىلا يېرىدە ۋەيرانە، ئەمما ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان كىچىك تېپتىكى ئېلان تاختىلىرى، دورا دۇكىنى، ئاياغ دۇكىنى، ئېلېكتىر ئەسۋابلار ۋە بوزۇۋېتىلگەن سىم تور دېگەنلەر بار؛ كونا زاماندىكى ئەڭ چىرايلىق بىنالاردىن بۇگۈنكى كۈندە ئۇلارنىڭ قالدۇقلىرىلا قالغان.

سۇس سېرىق رەڭلىك ئالدى تېمىلا قالغان بىر بىنانىڭ ئالدىدا، تۇۋرۇكلەرنى، چىرايلىق يانتۇ پېشايۋاننى، قارىداپ كەتكەن چىش شەكىللىك بېزەك ۋە سالاسۇنلارنى كۆرگىلى بولىدۇ، بىراق كەينىدىكى ھەقىقىي قۇرۇلۇش گەۋدىسى ئاللىقاچان ئۆرۈلۈپ كەتكەن. ئالدى تام خۇددى نىقابقا ئوخشايدۇ، تامدىكى يېرىم يۇمىلاق شەكىللىك دېرىزىدىن قارىغاندا، كاراچىنىڭ ئاسمىنىنى كۆرگىلى بولاتتى. نەپىس قۇرۇلۇشلار ئورۇنلاشقان چوڭ كوچىدا قۇببەلىك ئىمارەت ۋە قوڭغۇراق مۇنارلىرى كۆزگە ناھايىتى ئاز چېلىقىدۇ. نۇرغۇن ئۆيلەرنىڭ ئىككىنچى قەۋىتى يېرىلىپ كەتكەن پەنەركىلەر بىلەن بېكىتىۋېتىلگەن. ئەنگلىيەگە بېقىندى بولغان دەۋردىكى شەھەر رايونىنىڭ ئەتراپىغا كاراچىنىڭ مەمۇرىيەت بىنالىرى ۋە مېھمانخانىلار تارقالغان، بۇ ئىمارەتلەر ھەممىسى دېگۇدەك قوپال ھەم پاكار، نۇرغۇنلىرىدا 20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىنىڭ ئۇسلۇبىدىكى بېتون تاملار ساقلىنىپ قالغان، قارىماققا قەۋەتنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى، دېرىزىلىرىمۇ يوق ئىدى.

سىند كۆلۈبى شەھەرنىڭ مۇشۇ رايونىغا جايلاشقانىكەن، ئاياللارنىڭ كۇلۇبتىكى بىليارتخانا ۋە مەيخانىغا كىرىشىگە رۇخسەت قىلىنمايدىكەن، بۇنىڭغا ھەرگىز ئىسلام دىنى سەۋەبچى ئەمەس، بەلكى مۇستەملىكە مەزگىلدىكى كونا بەلگىلىمىگە رىئايە قىلىنىدىكەن. ئۆينىڭ تورۇسى بەك ئېگىز بولۇپ، يورۇقلۇق ساڭگىلاپ تۇرغان پەردىدىن شۇڭغۇپ كىرىپ، يېشىل رەڭلىك ئۇستەلنى يورۇتۇپ تۇراتتى. فورما كىيگەن كۈتكۈچىلەر ئۆيدە

موكىدەك چېپىپ يۈرەتتى. ئۇلار كۆلۈپ ئەزالىرىغا ۋىسكى ۋە سودا سۈيى ئەكېلىپ بېرەتتى، تامغا ئوۋ غەنىيمەتلىرى ئېسىپ قويۇلغانىدى. هاۋادىن كاۋاپنىڭ هىدى تارقىلاتتى. گۈللۈكتىكى چىراغ يورۇقىدا شارقىراتمىغا ئوخشايدىغان قىزىل رەڭلىك راۋاقنى كۆرۈپ قالدىم.

مەن كاراچىغا كەلگەندىن كېيىن ئۇ يەرگە ئاكام بىلەن نەچچە قېتىم بارغانىدىم. بىز بىرنەچچە تىجارەتچى بىلەن بىللە ئۆينىڭ سىرتىدا بىر يۇمىلاق ئۈستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇردۇق.

— مەن بىر كۈنى سىنى ئايرودرومدا كۆرۈپ قالدىم، — دېدى يىپەك كۆڭلەك كىيگەن قاۋۇل بىر ئەر يېنىدىكى ئەرگە.

— مەن ئۇ يەرگە بېرىپ باقمىغان، — دېدى هېلىقى كىشى. ئۇ ئېگىزرەك، تەمكىنرەك ئىدى.

— شۇ چاغدا سەن ئايروپىلاننىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك بۆلمىگە ئولتۇرۇپ دۇبەيگە مېڭىپتىكەنسەن.

— ياق.

— سەن ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ يىراققا سەپەر قىلغىنىڭدىن ئاغرىنىدىك، يەنە هېساباتىڭدا توققۇز يۈز مىليون بارلىقىنى ئېيتتىڭ، — گەپ تەشكەن ئەركىشى ئۇنىڭ گاڭگىراپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ قاقاهلاپ كۈلدى، — چاقچاق قىلىپ قويدۇم، بۇرادەر! — دېدى، ئاندىن مەخپىيەتلىكنى ساقلايدىغان قىياپەتكە كىرىۋالدى. ئۇلار تىجارەتنىڭ گېپىنى قىلىشقا باشلىدى. مەن ئۇنىڭ: «سەن مېنى ئىزدەپ كەلگەندە غەرق مەست بولۇپ كەتكەنىدىم، بىراق سەن ئەستايىدىل بولساڭ، ئون ئۈچ مىليوندىن پۇتۇشسەك بولىدۇ» دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم.

بىرنەچچە ئاخشامدا كۈلۈپ تېخىمۇ قىزىق پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇردى. ئۇلار بىر مەيدان كاسابلانكا تانسا كېچىلىكى ئۆتكۈزدى. قاراڭغۇ ئۆيدە سەھنە چىرىغى تاملارغا قىزىل، يېشىل ۋە هال رەڭلىك تورلۇك شەكىللەرنى چۈشۈرۈپ تۇراتتى. ئاق كىيىم، قىزىل بۆك كىيگەن مۇلازىملار ئۇياقتىن - بۇياققا

چىپىپ يۇرۇپ، قارا يوپكا كىيگەن قىزلار ۋە قورساق سالغان ئەرلەرگە مۇلازىمەت قىلماقتا ئىدى. تورۇسقا يېقىن بىر قەۋەت ئەينەك توسۇقتىن كۇتۇپخانىغا ئوخشايدىغان بىر يەرنى كۆرگىلى بولاتتى. ئۇ چوڭ كۇتۇپخانىغا ئەمەس، بەلكى مەكتەپنىڭ كۇتۇپخانىسىغا ئوخشايدىغان بولۇپ، ماڭا ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تانسا يىغىلىشىغا كىلىپ قالغاندەك تۇيغۇ بەردى. بولۇۋاتقان مودا بولۇۋاتقان بىر ناخشىسى تەكرار ـ تەكرار قويۇلماقتا ئىدى، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئورنىدىن تۇرغان كىشىلەر ھەر قېتىمدا تانسا سورۇنىغا لىققىدە تولۇپ تۇراتتى.

مەن يېقىندا كۆرۈشكەن بىر نەۋرە سىڭلىم مۇزىكىغا كەلتۇرۇپ تووۋلىماقتا ئىدى: «قىز ئۇنىڭغا قىلدى ئۈچ قېتىم ھۇجۇم، بىر قېتىم ئۇنىڭ كۆڭلىكىنى يىرتىۋەتتى، يەنە تېخى يولگارى زەنجىرىنى ئېگىۋەتتى. ئۇلارنىڭ ئائىلىسى choodas!» ئۇنىڭ دەۋاتقىنى ئاكىسىنىڭ خوتۇنى ئىدى، بىراق مەن «choodas» دېگەن سۆزگە قىزىقىپ قالدىم، بۇ سۆزنىڭ «قارا ئالۋاستى» دېگەندەك مەنىسى بولۇپ، تۆۋەن سالاھىيەتلىك سىنىپ دېگەننى بىلدۈرەتتى. لېكىن، ئىسلام دىنىدا تائىپە پەرقى بولمايدۇ. قېرىنداشلىرىمغا ئوخشاشلا، بۇ نەۋرە سىڭلىم تەرىپىدىن خالىغىنىچە ئىشلىتىلگەن بۇ سۆز ئۇلارنىڭ پۈتكۈل ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىغا ھەمراھ بولغانىدى. بارلىق پاكىستانلىقلارنىڭ بۇ سۆزگە قارىتا ھېسداشلىقى بار ئىدى، بىراق نۇرغۇن كىشى ئۇنىڭ كېلىش مەنبەسىنى، تائىپە تۈزۈمىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ھىندىستاندىن كەلگەن دەپ قارالمايدىغان بارلىق نەرسىلەرنىڭ ئىچىدە، بۇ سۆز شۇلارنىڭ پەقەت بىرىلا ئىدى. ھەممەيلەننى تانسا سورۇنىغا باشلاپ كەلگەن ھېلىقى ناخشىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ئىدى.

ھالبۇكى، پاكىستانلىقلارغا بۇ ئورتاقلىقلار ۋە كۆپ مەنبەلىك ھىندىستانغا مۇناسىۋەتلىك ئەسلىمىلەرنى قوبۇل قىلدۇرۇش ھەرگىز ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. بۇ ئورتاقلىقلار بىلىنەر ـ

بىلىنمەس ھالدا مەھرۇم بولغان بەزى نەرسىلەردىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى. پاكىستاننىڭ ئىسلام سالاھىيىتىنى تەرغىب قىلىش ئۇسۇلى ئىراننىڭ سىياسىيسىغا ئوخشىمايدۇ. غەيرىي مۇسۇلمانلارنى ساپلاشتۇرۇش ۋە ئاھالە يۆتكەش بۇ يېڭى دۆلەتنىڭ غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولى، ئۇلۇغ مومام شۇ كىشىلەرنىڭ بىرى. ھالبۇكى، يەنە بىر تەرەپتە، ھىندىستان يەنىلا بۇرۇنقىدەك كۆپ مەنبەلىكلىكنى ساقلاپ كەلمەكتە، ئۇ پاكىستانغا مۇتاناسىپ ھىندى دىنى مۇخلىسلىرى توپىغا چۇشۇپ قالمىدى، ھىندىستاندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ سانىمۇ پاكىستاننىڭكى بىلەن تەڭ، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك ئىدى.

بومباينىڭ كىنوچىلىقى ھىندىستان كۆپ مەنبەلىكىنىڭ كۈچلۈك پاكىتى. كىنوچىلىق كەسپىدە نۇرغۇن مۇسۇلمان كىنو چولپانلىرى بار، بۇ ساھەنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ساقلاۋاتقان ھىندى تىلىمۇ نۇرغۇن ئوردۇچە سۆزلۈكلەرنى قوبۇل قىلغان. پاكىستان ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بۇنداق كىنولارنى چەكلەپ تۇرسىمۇ، بىراق «غەيرىي ھۆكۈمەت يوللىرى» بار. ئاكامنىڭ ھېلىقى ئايال مىجەز دوستى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى:

ــ ھىندى تىلىدىكى كىنولار جۈمە كۈنى ھىندىستاندا قويۇلسا، شەخسىي يوللار ئارقىلىق شۇ كۈنى كەچتە كاراچىدا كۆرگىلى بولىدۇ، شۇ كۈنى كەچتە!

بۇ پاكىستانلىقلارنىڭ ھەر كۈنى ئۆيىدە ھىندىستان كىنولىرىدىن بەھرە ئالالايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. پاكىستاننىڭ ئىلگىرىدىكى شانلىق كىنوچىلىقى ئاللىقاچان غايىب بولدى. بىر قاتار دۆلەت ئىراگىيدىيەلىرى ئۇنى ۋەيران قىلدى: شەرقىي پاكىستان بۆلۈنۈپ بېنگال دۆلىتىگە ئايلانغاندا تاماشىبىنلارنىڭ يېرىمى يوقاپ كەتتى، 20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرى ئىگىلىكنى دۆلەت ئىختىيارىغا ئېلىش يولغا قويۇلدى، يەنە 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىكى ئىسلام تەكشۈرۈش تۈزۈمىمۇ بار ئىدى.

— بۇرۇن بىرىمىزنىڭ بىر مىڭ بەش يۈز كىشىلىك كىنوخانىلىرىمىز بار ئىدى، — دېدى ئاكامنىڭ دوستى قاتتىق غەزەپلىنىپ، — ھازىر ئاران ئىككى يۈز كىشىلىك ئورۇنلا قالدى.

ئۇ دىنىنىڭ پاكىستاننى بارغانسېرى قىسىۋېتىشىدىن قاتتىق ئەنسىرەيدىكەن.

— پەنجاب بىلەن سىندتا، — دېدى ئۇ، — تەسەۋۋۇپچىلىق مەدەنىيىتىمىز بىزنى قۇتقۇزۇۋېلىشى مۇمكىن، بىراق مەن غەربىي شىمال چېگرادىكى ئۆلكىلەر ۋە بەلۇچىستان ئۆلكىسىدىكىلەردىن ئەنسىرەيمەن. ئۇلار بۇ يەرگە يامراپ كېلىشى مۇمكىن. ئەگەر ئۇلارنىڭ زەربىسى بولمايدىغان بولسا، تەسەۋۋۇپچىلىق مەدەنىيىتى بىزگە چوڭقۇر يۇقqan، بۇ يەردىكى مەدەنىيەتنىڭ كۆپ خىللىق خاراكتېرىمۇ بىزنى قۇتقۇزغان بولاتتى.

— سىز مۇسۇلمانمۇ؟

— بۇ كىمنىڭ ئېنىقلىما بېرىشىگە باغلىق.

— سىزنىڭ ئېنىقلىمىڭىزغا ئاساسلانغاندىچۇ؟

— ھە، مەن ئۆزۈمنىڭ دۇئاسىنى ئوقۇيمەن، ئاللادىن ماڭا لاتارىيەدە ئۇتۇشۇمغا ئىمكانىيەت بېرىشىنى تىلەيمەن. كىشىلەر بۇنى قىمار دەيدۇ، بىراق مەن: «ئاللاغا رەھمەت» دەيمەن، — ئۇ بايا دېگەنلىرىنى يادىغا ئالغاندەك قوشۇپ قويدى، — مەن بۇنى ئۇلارنىڭ LMC بولغانلىقى، نۇرغۇن گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكىدىن دەپ بىلىمەن.

«LMC» ئوتتۇرا، تۆۋەن قاتلامنى كۆرسىتىدۇ، پاكىستاندىكى بايلار دائىم مۇشۇ سۆز بىلەن مەركۇر دۆلەتتە باش كۆتۈرۈۋاتقان، دىنىي ئېڭى قويۇق بىر توپنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرى ئۆتكۈرلەشتى. گەپنى كەسكىن قىلىشى ئۇنىڭ ئەقىللىقلىكى بىلەن بىللە، رەھىمسىزلىكىنىمۇ ئاشكارىلاپ بەردى.

— جىنايەت، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئۇ، —

كىشىلەرنىڭ دىنىدىن ياردەم ئىزدىشىدىكى سەۋەب. نۇرغۇن باينىڭ پۇلى قانۇنسىز يوللار بىلەن جۇغلانغان، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا گۇناھ بار.

پاكىستاندا چىرىكلىك توغرىسىدىكى گەپ ـ سۆزلەرنى دائىم ئاڭلىغىلى بولىدىكەن، ئىلگىرى مەن چىرىكلىك دىنىي تەسەۋۋۇرنىڭ پايدىلىنىدىغان ئوبيېكتقا ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى زادىلا ئويلاپ باقماپتىكەنمەن. كېيىنكى سەپىرىمدە يەنە بۇ ئىككىسىنى بىرلەشتۈرۈۋالىدىغان نۇرغۇن ياشلارنى ئۇچراتتىم.

— سىزنىڭ ئاپىڭىز شىئە دىنى مۇرىتى، — دېدى ھېلىقى ئايال مىجەز ئەر سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — لېكىن شىئە دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «گۇرۇ گرانت ساھىب» نىڭ ئاتمىش پىرسەنت مەزمۇنىنى بابا فارىدنىڭ يازغانلىقىنى بىلەمسىز؟

فارىد 12 ـ ئەسىردىكى بىر سوپىزم مىسسىيونېرى ئىدى، ئۇنىڭ ماقالىلىرى شىئە دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن، لېكىن ئاكامنىڭ دوستى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ سان نىسبىتىنى كۆپتۈرۈۋەتتى.

— سەۋر ـ تاقەت قىلىش! — ئايال مىجەز ئەر ئۇشقىرتىپ قويدى، — سەۋر ـ تاقەت قىلىش! ئاشۇ مەزگىلدە ئەسلىدە بىر قېتىملىق گۇللىنىشنىڭ شاھىتى بولغىلى بولاتتى، ھەممىسى مۇشۇ ئاق تەنلىكلەر تۈپەيلىدىن، ھەممىسى ئۇلارنىڭ سەۋەبىدىن بولدى.

بۇ ئاق تەنلىكلەر بىزگە ياخشىلىق ئەكەلمەپتۇ. «بۇ ئاق تەنلىكلەر» نىڭ كەتكىنىگە ئاتمىش يىلچە بولغاندىن كېيىن، ئۆزى ئۈستىدە قايتا ئويلىنىش ئارقىلىق بۇنداق ئاجىز سەۋرچانلىقنى بايقاپتۇ. لېكىن، بۇنىڭ ئۆزى ئاشۇ ئاق تەنلىكلەرنى ئەيىبلەشنىڭ يېتەرلىك سەۋەبى بولالمايتتى. ئۇ بۇ ئاق تەنلىكلەر دۇنياسىنىڭ ھىندىستان مۇسۇلمانلىرىغا شۇ قەدەر

قاتتىق دەخلى - تەرۆز قىلغانلىقىنى، غەيرىي مۇسۇلمانلارغا بولسا تېگىپمۇ قويمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيتتى. بۆلۈنۈشتىن ئىلگىرىكى ھىندىستانغا ئالاھىدە ھېسسىياتىم بولغاچقا، ئۇ تەسۋىرلەپ بەرگەن، «گۈللىنىش» نىڭ شاھىتى بولالايدىغان ئاشۇ مەزگىل مېنىڭمۇ ئىنتىلىشىم ئىدى — قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئىككى ئوخشىمايدىغان ئاھالىنىڭ ئاغزىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ قاتتىق ئەجەبلەندىم — لېكىن ئاكامدەك ئادەممۇ دىنىي مەكتەپتە ئاغزىدىلا شەھەر ئالسا، خىيالىدىكى گۈللىنىشنى قانداقمۇ ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ؟

يىغىلىش ئاخىرلاشتى. كۆك ۋە قوڭۇر رەڭلىك فورما كىيگەن ئەر كىشىلەر ئۆيگە كىرىپ خۇددى ئادەملەرنى نازارەت قىلغاندەك تازىلىق ئىشىنى نازارەت قىلدى. قورساقى تومپىيىپ چىققان پاكار ئەرلەر — «بۇ دۆلەتنىڭ بۆلۈنۈشىدىكى سەرخىللار توپى» قارا يوپكا كىيگەن قىزلارنى قولتۇقلاپ سەنتۇرۇلگىنىچە ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى. بىرنەچچە مۇلازىم ئاق كىيىمىنى سېلىۋېتىپ، قولىغا لاتىنى ئالدى، ئۇلار باياتىن تاقىر بېشىنى يېپىپ تۇرغان قالپاقلىرىنى ئەمدى قولىغا ئېلىۋېلىشقانىدى. خۇددى كىچىك ۋاقىتىمدىكى تۇغۇلغان كۈن يىغىلىشى ئاخىرلاشقان چاغدىكىدەك، بىر خىل غۇۋا مەيۈسلۈك ۋۇجۇدۇمغا يامراشقا باشلىدى. ھەممەيلەن كەتكەندىن كېيىن، ئاق سارى كەمزۇل كىيگەن بىرنەچچە دۇمچەك موماي كىرىپ كەلدى. ئەتراپنى كېچە قاراڭغۇلۇقى قاپلىغانىدى. چىرايىدىن ھارغىنلىق چىقىپ تۇرغان مومايلار شازا ۋە كىچىك سۈپۈرگىلەرنى كۆتۈرۈپ كىرىپ چېقىلغان ئەينەك ۋە تاماكا قالدۇقلىرىنى تازىلىدى.

※ ※ ※

مەن كاراچىغا كەلگەندىن كېيىن، تېزلا ئۆگەي ئاپامغا تېلېفون ئۇردۇم. ئۇ مېنى ئىلگىرىكىدەكلا قىزغىن قارشى

ئالدى، يەنە سىند ئۆلكىسىنىڭ ھاۋا تېمپېراتۇرىسى يۇقىرىراق بولغىنىدىن باشقا، تولىمۇ رومانتىكىلىق جاي ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. بىز بەزى يەرلەرنىڭ بازارلىرى ۋە مەن ئېكسكۇرسىيە قىلماقچى بولغان دۇئا ـ تىلاۋەتخانىلارنىڭ گېپىنى قىلىشقاندىن كېيىن، ئۇ:

— دادىڭىزغا تېلېفون قىلىڭ، — دېدى.

— ماقۇل، — دەپ جاۋاب بەردىم مەن، بىراق شۇ ھامان ئەنسىرەشكە باشلىدىم.

— ئۇنداق قىلماڭ، ئۇنىڭغا تېلېفون قىلىڭ، — دەپ چىڭ تۇردى ئۆگەي ئاپام.

سۆزلىشىشتىن ئىلگىرى نېمىلەرنى دەيدىغانلىقىمنى كۆڭلۈمگە پۈكۈۋېلىپ ئاندىن دادامنىڭ تېلېفون نومۇرىنى باستىم. ئۇ ھېچقانداق گەپ قىلمىدى، دوستانىلىقىنىمۇ ئىپادىلىمىدى. مەن ئۇنىڭغا ئىراندىكى كەچۈرمىشلىرىمنى ھەمدە پاكىستاندىكى ساياھىتىمنىڭ پىلانىنى ئېيتتىم.

بۇلتۇر دادامنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالغاندا، پاكىستان توغرۇلۇق ھېچنېمىنى بىلمەيتتىم، ئىسلام دىنى ھەققىدە بىلىدىغانلىرىم بەكلا ئاز ئىدى. ھازىر پاكىستاننى ساياھەت قىلىش ئارقىلىق دادام خېتىدە ئوتتۇرىغا قويغان ئىككىنچى خىرىسقا جاۋاب بەرمەكچى بولدۇم، گەرچە بۇ ئىككى خىل خىرىسنىڭ «پاكىستاننىڭ مىللىي روھى» نى چۈشىنىشتىن ئىبارەت ئىنتايىن مۇھىم بىرلىشىش نۇقتىسى بولسىمۇ. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر ئاي ئىچىدە، مەن جەنۇبتىن شىمالغا سەپەر قىلىپ، پاكىستاننى چۈشىنىش ئۈمىدىدە بولدۇم. بۇنداق قىلسام، ئۆزۈم بىلەن دادامنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى چۈشىنىشىمگە ياردىمى تېگىدۇ دەپ بىلەتتىم. مەن ھىندىستاندىكى ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىم ۋە بۇ يەتتە ئايدىكى ئىسلام دۇنياسىدا سەپەر قىلىش جەريانىدا بىر ۋىيىن دىياگراممىسى، مەسىلىلەر توغرىسىدا بىر توپلامنى ۋۇجۇدقا

چىقارغانىدىم. بۇ مەسىلىلەر ئىچىدە، 1947 ـ يىلى ھىندىستاندىن بۆلۈنۈپ چىققان پاكىستان دەل ھىندى تىلىدىكى ئىسلام دىنىنىڭ كۆپەيتمە تىپلىمى ئىدى.

دادام ساياھەت پىلانىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھەم سوئال سورىمىدى، ھەم باھامۇ بەرمىدى. تېلېفوننى قويۇۋېتىشنىڭ ئالدىدا، ئۇ:

ـــ ياردىمىمگە ئېھتىياجلىق بولۇپ قالساڭ، ماڭا تېلېفون بەرگىن، ـــ دېدى.

مانا بۇ دادام بىلەن قىلىشقان گەپلەرنىڭ ھەممىسى.

تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەندىن كېيىن تۆت يىل ئۆتتى ـــ ئاشۇ خەتتىن كېيىن، ئۇ يەنىلا جىم بولۇۋېلىشنى تاللىۋالدى ـــ مەن ئاخىر ئاتا ـ بالا مۇناسىۋىتىمىزنىڭ سوسلۇقىنى ھېس قىلىپ يەتتىم.

# قارىغۇلارچە باتۇرلۇق

2002 ـ يىلى يازدا مەن چېگرادىن ئۆتكەندە ئاپامنىڭ دوستىنىڭ ئوغلى يەنە بىر تەرەپتە كۈتۈۋالدى. مەن ئۇنى تونۇۋالدىم، ئۇ ماشىنىسىنىڭ يېنىدا تۇراتتى، بەدىنىگە چاپلىشىپ تۇرىدىغان پادىچى ئىشتىنى ۋە كۆڭلەك كىيىۋالغان، بېشىغا چاچ يېپىلىمى سورگەن، نۇر قايتۇرغۇچ كۆزئەينەك تاقىۋالغانىدى. بىز ئۇنىڭ ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ چېگرادىن ئايرىلدۇق، ماشىنىنىڭ هاۋا تەڭشىگۈچى ئوچۇق ئىدى. كۆز ئالدىمىزدا يېيىلىپ ياتقان بۇ دۆلەت ئۆتمۈشتە هىندىستاندىكى مۇسۇلمان ئاهالىلەر رايونى بولۇشى مۇمكىن: لايدىن ياسالغان تۇرخۇن، قانالدىكى سۇدا ئويناۋاتقان باللار، كۆجۈم مەھەللىلەر، تاملارغا ئوچۇق رەڭدە يېزىلغان ئوردۇچە خەتلەر. بۇ كۆرۈنۈشلەر بەكلا تونۇشلۇق بولۇپ، كىشىنى ئىختىيارسىز هىندىستان چېگراسى ئىچىدە كۆپ خىل كۆرۈنۈشلەرنى كۆرۈشكە ئىنتىزار قىلاتتى. لېكىن، ئىنتىزار قىلغان كۆرۈنۈشلەر خېلىغىچە پەيدا بولمىغانلىقتىن، كۆڭلۈمدە بىر خىل تەشۋىش پەيدا بولدى. دەرهەقىقەت، بۇ يەر پەقەت مۇسۇلمانلار ئۇچۇنلا تەسىس قىلىنغان هىندىستان ئىدى.

كۆرۈش سېزىمىمنى تەڭلىكتە قويغان يەنە بىر ئامىل ئاياللارنىڭ يوقلۇقى بولدى. چېگرانىڭ يەنە بىر تەرىپىدە ئاياللار ۋېلىسىپىت مىنەلەيتتى ــ پەنجابتا يەنە ئۇزۇن چاچلىق ئاياللار سكوتېرس ياكى ئاپتوماتىك ۋېلىسىپىت مىنەتتى ــ بۇ يەر قەتئىي ئوخشىمايدىكەن، كىشىلەر توپلاشقان قىستا ـ قىستاڭ يەرلەردە يۈزلىگەن، مىڭلىغان ئەرلەرنى كۆردۈم، نۇرغۇنى چېگرا

ئەمەلدارلىرىنىڭكىدەك سارى كەمزۇل كىيىدىكەن، ئەرلىك جاسارىتىمۇ كۈچلۈك ئىكەن، لېكىن ئاياللارنى ناھايىتى ئاز كۆرگىلى بولىدىكەن. كۆرگىلى بولغان تەقدىردىمۇ، باشقا ئاياللار بىلەن ھەمراھ بولۇپ، بىردەم توختىمىغۇدەك بوش ۋاقتى يوقتەك، مەقسەتلىك ھالدا مەلۇم بىر يەرگە ماڭغان ياكى ئېرى بىلەن بىللە سىرتقا چىققان ئاياللارنى كۆرگىلى بولىدىكەن. ئاپتوبۇس بېكىتىدە ئاپتوبۇس ساقلاۋاتقان ياكى ئىشقا كېتىۋاتقان ئاياللار يوق ئىكەن. باغچىدا ئەركىشىلەر بىلەن قۇچاقلىشىپ سۆيۈشۈۋاتقان ياكى بىكارچىلىقتا ياخشى ھاۋادىن بەھرە ئېلىۋاتقان ئاياللارمۇ يوق ئىكەن. ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇق تۇيغۇسى ئىنتايىن ئاجىز ئىكەن.

ماشىنا ھىندىستان بىلەن پاكىستان بۆلۈپ ئىدارە قىلىنغاندىن كېيىن بەرپا بولغان لاھور شەھەر رايونىغا كىردى. مەن بۇ يەرنىڭ دېھلى بىلەن نۇرغۇن ئوخشاشلىق تەرەپلىرىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدىم: ئوت - چۆپ ۋە دەل - دەرەخلەرنى چاڭ - توزان باسقان، سوزۇلۇپ ياتقان ئاسما كۆۋرۈكلەر جىمجىت ئاھالىلەر رايونلىرىنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان بولۇپ، دېھلىنىڭ ئىزنالىرى ھەممە يەردە كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى.

ئەمدى مەن نۇسبېنىڭكىگە بېرىشىم كېرەك ئىدى، ئۇ ھەم ئاپامنىڭ، ھەم دادامنىڭ دوستى ئىدى. ئۇنىڭ ئۆيى بىر ئاساسىي كوچىدا، ئاقارتىلغان چوڭ ئۆي ئىدى. ئۆينىڭ باشقۇرۇلۇش ئۇسۇلى ھىندىستاندىكى نۇرغۇن شەھەر - بازارلاردىكى يەرلىكلەرنىڭكىگە ئوخشاش، نۇرغۇن خىزمەتكارى بار ئىدى، كېچە - كۈندۈز يېمەك - ئىچمەك بىلەن تەمىن ئېتىلەتتى، چۈشتىن كېيىنكى دەم ئېلىش ۋاقتى بەك ئۇزاق بولاتتى، ئومۇمەن ئۆيدىكىلەر كىرىپ - چىقىپ تۇراتتى. نۇسبېنى كۆرگىنىمدە، ئۇنىڭ قىزغىن، مېھماندوست ئايال، لېكىن كۆڭلىدىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان ئايال ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. ئۇنىڭ تېرىسى سىلىق، زەڭگەر كۆزلىرى چاقناپ تۇراتتى.

يۈزىدىكى قورۇقلار ئۇنىڭ پەيدىنپەي چارلىشىۋاتقان چاچلىرىغا ئوخشاش، ئىلگىرىكى گۈزەللىكىنى تەكىتلەپ تۇراتتى. ئۇ دادام ئارقىلىق ئاپامنى تونۇغانىكەن، ئەمما ئۇلار ئايرىلغاندىن كېيىن، دوستلۇقى ئۈزۈلۈپ قالماپتۇ. ئۇنىڭ مېنى دادام بىلەن كۆرۈشتۈرگۈسى بار ئىكەن، يەنە ماڭا ئەگەر دادام ئۆزىنىڭ ماڭا ياردەم بەرگەنلىكىنى بىلىپ قالسا، چوقۇم قاتتىق خاپا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— ئالدى بىلەن مېنىڭ ئۇنىڭغا تېلېفون بېرىشىمنى خالامسىز؟ — دېدى نۇسىپ. ئۇ چاينى بىر ئوتلىدى، كۆزلىرىدە ھاياجان ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇراتتى.

— ياق، ياق، ياق، نۇسىپ، ھەرگىز ئۇنداق قىلماڭ. بۇ ئىش تۇيۇقسىز ھۇجۇم بولۇشى كېرەك، بولمىسا ئۇنىڭ كەينىگە يېنىۋېلىش پۇرسىتى بولۇپ قالىدۇ. بۇ بەك مۇھىم، مەن ئۇچۇن ياخشى.

— توغرا، مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان.

مەن ئەسلىدە دادامنىڭ ئۆيىگە ئۇدۇل بېرىشنى، ئاندىن ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇشنى كۆڭلۈمگە پۈككەنىدىم، ئەمدى بۇ نىيىتىمدىن ۋاز كەچتىم. بۇ پۈتۈنلەي مۇۋاپىق بولمايتتى: ئۆيدە نۇرغۇن خىزمەتكار، مېھمان ۋە ئائىلە ئەزالىرى بار، مەن ئېرىشمەكچى بولغان نەتىجىگە يېتىشىم تولىمۇ قىيىن ئىدى. مەن دادامنىڭ ئۆيىگە كىرگەن تەقدىردىمۇ، ئۆيىگە لىق تولغان كىشىلەر ئالدىدا ئېيتالايدىغان بىردىنبىر تونۇشتۇرۇش سۆزۈم دۇدۇقلاپ تۇرۇپ دەيدىغان «مەن ئاتىش تاسىر» دېگەن بىر جۈملە سۆز. ئەسلىدە مەن تېخى ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ ئىسمىمنى يوشۇرۇپ دادامنىڭ بىر كەچلىك زىياپىتىگە قاتنىشىشنىمۇ نىيەت قىلغانىدىم. مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاق سۆزلىشىمەن، ئاندىن ئۇ مېنىڭ ئۆز ئوغلى ئىكەنلىكىمنى بىلىدۇ دەپ ئويلىغانىدىم. بۇ خىيالىم دەسلەپتە بەك غەلىتە بىلىنىدى، لېكىن شۇنداق بولسىمۇ بۇلار مېنىڭ بالا ۋاقتىمدىن تارتىپ تۈنجى

قېتىم دادام بىلەن كۆرۈشكەندىكى ئەھۋاللار ھەققىدە قىلغان تەسەۋۋۇرلىرىم بولۇپ، خۇددى ئاجايىپ - غارايىپ كىنوغىلا ئوخشايتتى.

رېئاللىق بىلەن تەسەۋۋۇر ئۆزئارا زىت بولۇپ قالدىكەن، ئاخىر مەن ئۆزۈمنىڭ دادامغا يەنە بىر قېتىم تېلېفون ئۇرۇشۇم كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتتىم، بۇ قېتىممۇ ئاۋۋالقىدەكلا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىشىمدىن قورقاتتىم. تېلېفون ئۇرۇشنى ئويلىغىنىمدا، مېنى بىر خىل چوڭقۇر ئۈمىدسىزلىك تۇيغۇسى چۇلغىۋالدى. مەندە بىر خىل خۇراپىي خىيال بار بولۇپ، ئالدىنقى قېتىم ئۇچرىغان تەلەيسىزلىكىم بۇ قېتىملىق ھەرىكىتىمگە توسالغۇ بولۇپ قالىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. لېكىن، بۇنىڭدىن باشقا ئامالىم يوق ئىدى. بىر قارارغا كەلگەندىن كېيىن، ياقا يۇرتتىكى ناتونۇشلۇق تۇيغۇسى مېنى يەنە بىر قېتىم ئۇرىۋالدى. ئۇن تۆت سائەتلىك سەپەرنى بېشىمدىن ئۆتكۈزۈپ، زادىلا كۆرۈشۈپ باقمىغان بىر كىشىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ تېلېفون ئۇرماقچى بولۇۋاتىمەن، بەلكىم كىشىنى مەيۈسلەندۈرىدىغان ئاقىۋەتكە قېلىشىم مۇمكىن.

مەن قەتئىي نىيەتكە كەلگەندىن كېيىن، بىۋاسىتە سەزگۈم ماڭا ئىمكانقەدەر تېز ھەرىكەت قىلىشىمنى، ئىمكانقەدەر بارلىق توسالغۇلاردىن ئۆزۈمنى چەتكە ئېلىشىم كېرەكلىكىنى ئېيتتى.

مەن بىر باھانە تېپىپ، ئۆي ئىگىسىدىن ئۆيگە قايتىپ ئارام ئېلىپ تۇرسام بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى سورىدىم.

— ھە، ئەلۋەتتە بولىدۇ، سىز چوقۇم ھېرىپ كەتتىڭىز، بېرىپ ئارام ئېلىڭ. بۈگۈن كەچتە بىز كونا شەھەرگە بېرىپ كەچلىك غىزا يەيمىز. ئۇ يەردە نۇرغۇن ياخشى جايلار بار.

مەن ئازراقمۇ ھارمىغان، ئەمما قورقۇۋاتقانىدىم. قورسىقىمنى ئازراق گۆشنان ۋە چاي بىلەن ئەستەرلىۋېلىپلا، ئۆيدىن چىقتىم. ئىشىكنى ئەمدىلا تاقىشىمغا، تېلېفون ئۈمىدسىزلىكىمنى يوقىتىدىغان شىپالىق دورا بولىدىغاندەك، كۆزلىرىم ئۇنى

ئىزدەشكە باشلىدى. مەن ئاۋۋال «سەھنە سۆزۈم» نى ئوبدان تەكرارلىدىم، ئەمما ئۇنىڭ مەزمۇنى بىلەن كارىم بولمىدى، سۆزلىگەندە ئاۋازىمنىڭ تىترەپ كەتمەسلىكىنىلا ئۆيلىدىم. «مەن چۈشىنىمەن... نېمە ئۈچۈن سىزنىڭ خالىمايدىغانلىقىڭىزنى...» مەن قىزىل رەڭلىك ئەسۋابقا قارىغىنىمچە ئاۋازىمنى چىقارماي ئېغىز ئىشارىتى قىلدىم. نومۇرنى بىر باغاقچىگە خاتىرىلىۋالغانىدىم، شۇ تاپتا ئۇنى ئىككى بارمىقىم بىلەن چىڭ قىسىپ تۇرۇپتىمەن. تېلېفون مېھمانخانا بىلەن ئاشخانىنىڭ ئارىلىقىدىكى بىر بۇلۇڭدا ئىدى. مەن تىت - تىت بولغىنىمدىن ئولتۇرالمايلا قالدىم، شۇنىڭ بىلەن ئورنۇمدىن تۇردۇم - دە، دالاننىڭ تېمىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ جىددىيلەشكەن ھالدا ئەسنىدىم. مەن نومۇرنى باستىم، بۇ قېتىممۇ نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئايال ياتاق نازارەتچىسىنىڭ ياتىقىدىكىدەك، يەنىلا تېلېفوننى ئالدىغان ئادەم بولماسلىقىنى ئۈمىد قىلدىم.

بۇ قېتىمقىسى يان تېلېفون نومۇرى بولۇپ، ئۇنى نۇسې بەرگەنىدى. مەن يۇقىرى پەن - تېخنىكا تەمىن ئەتكەن شەخسىي ئالاقە يولىدىن پايدىلىنىپ، ئۇياقتىن ئاۋاز ئاڭلىنىشىغا ئۆزلۈكۈمدىن سۆزلەشكە باشلىدىم.

— ياخشىمۇسىز، سالمان. مەن ئاتىش تاسىر، مەن ھازىر لاھوردا، سىز بىلەن كۆرۈشسەم.

بىرپەس جىمجىتلىقتىن كېيىن، كۆپ يىللاردىن بېرى تەييارلىق كۆرۈپ قويغاندەك:

— سېنىڭ نېمە مەقسىتىڭ بار؟ — دېدى دادام.

بۇ سۆزنىڭ ماڭا ئاچچىق بىلىنگىنىدىن مىننەتدار بولدۇم. مېنىڭ غەزەپلىنىشىمگە سەۋەب تېپىلدى. مەن ئەقلىمدىن مەھرۇم بولمىسام، قوپاللىق بىلەن سوقۇلمىسامىلا، باشتىن - ئاخىر پايدىلىق ئورۇندا تۇرالايتتىم. بۇ ئايرىلغىنىغا ئۇزاق يىل بولغان ئاتىلىق مېھرى بىلەن قايتا ئۇچراشقانغا ئوخشىمايتتى، بەلكى رىم ئەپسانىلىرىدىكى سادۇئېن بىلەن يۇپىتېرنىڭ

ئاخىرغىچە ئېلىشقىنىمغا ئوخشاش، بىر مەيدان ئېلىشىشقا ئوخشايتتى.

— مەن چۈشىنىمەن، — دېدىم مەن دانىمۇدانە سۆزلەپ، — نېمە ئۈچۈن مەن بىلەن كۆرۈشۈشنى خالىمايدىغانلىقىڭىزنى، — ئاۋازىم قىلچە تىترىمىدى، — لېكىن سىز بىلەن كۆرۈشۈش مەن ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم، قىسقا ۋاقىت بولسىمۇ مەيلى.

ئۇ جاۋاب قايتۇرمىدى.

— بولامدۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن، ئاۋازىم تېخىمۇ تەمكىن چىقتى.

— ئويلىنىپ باقاي، — دېدى دادام، — ئويلىنىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن مەسىلە بار.

ئۇ تېلېفوننى قويۇۋەتتى.

دادام بىلەن كۆرۈشۈش ئىشىم ئۇتۇقلۇق بولمىدى. مېنى ئاگاھلاندۇرغان ئۈمىدسىزلىك يەنە پەيدا بولدى، بۇنداق تۇيغۇ ھەتتا تەسەۋۋۇر قىلغىنىمدىنمۇ بەكرەك ئوسال ئىدى. مەن ئاپامنىڭ: «ئېسىڭدە بولسۇن، ئۇ ھامان ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويىدۇ» دېگەن گېپىنى يادىمغا ئالدىم. ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكى باشقا كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىدىغانلىقىمنى ئويلىغىنىمدا، مېنى سەل قورقۇنچ باستى.

لېكىن، شۇ كۈنى كەچتە ئاتا بىر، ئانا باشقا ئاچام بۇ ئىشقا ئارىلىشىپ قالدى. نۇسخىنىڭ ئوغلى مېنى بىر قېتىملىق GT غا — بۇ، لاھۇردىكى بىر خىل ئاتىلىش بولۇپ، مەنىسى كىچىك يىغىلىش مەنىسىدە ئىدى — ئېلىپ باردى. ئاچامنى شۇ يەردە ئۇچرىتىپ قالدىم. غۇۋا مېھمانخانىدا مودا ياسانغان ياشلار بىر-بىرىگە چاپلىشىپ تانسا ئويناۋاتاتتى، بىز كىشىلەر توپى ئىچىدە بىر - بىرىمىزنى بايقاپ قالدۇق. مەن بۇرۇن ئۇنى لوندوندا كۆرگەنىدىم. شۇ چاغ 2000 - يىلى بولۇپ، ئۇ مېنىڭ بىر دوستى بىلەن بىر ئالىي مەكتەپتە ئىكەنلىكىمنى بىلگەندىن كېيىن ماڭا ئېلخەت ئەۋەتكەنىدى. نەچچە ئايدىن كېيىن بىز

كۆرۈشتۇق، بىر - بىرىمىزگە قالدۇرغان تەسىراتىمىز يامان ئەمەس بولدى. لېكىن، دادام بۇ ئىشنى ئۇققاندىن كېيىن قاتتىق ئاچچىقلىنىپ كەتتى. ئاچام ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ئۈچۈن پاكىستانغا قايتىشى كېرەك ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭغا قارشى تەرەپتە تۇرۇشنى تاللىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. كېيىن بىز قايتا ئالاقىلەشمىدۇق.

لېكىن، ئۇ مېنى لاھوردا تاسادىپىي كۆرۈپ قالغاندا، يەنىلا قىزغىن ۋە سەمىمىي بولدى. ئۇ: «بىز بىرنەچچە كۈندىن كېيىن كۆرۈشسەك بولىدۇ، خۇپىيانە ئورۇنلاشتۇرۇش زۆرۈر بولسىمۇ هېچقىسى يوق» دېدى. مەن ئۇنىڭغا دادام بىلەن تېلېفوندا سۆزلەشكەنلىكىمنى ئېيتتىم، ئۇ ماڭا ياردەم بېرىدىغانلىقىنى، ئەمما دادامنىڭ قانداق ئىنكاس قايتۇرىدىغانلىقىنى قىياس قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

لاھورغا كېلىپ ئىككى كۈندىن كېيىن، ئاچام تېلېفون ئۇرۇپ، دادامنىڭ مەن بىلەن كۆرۈشۈشكە ماقۇل بولغانلىقىنى ئېيتتى. ئەتىسى ئۇ ماشىنىسىنى ھەيدەپ كېلىپ مېنى دادام بىلەن كۆرۈشتۈرگىلى ئاپاردى.

※ ※ ※

ئېسىمنى بىلگەندىن بۇيان، مەن تۇنجى قېتىم دادامنى كۆردۈم، ئورنى لاھور ھەربىي رايونىدىكى قىزىل خىشلىق ئۆيى ئىدى. ئۆينىڭ ئالدىدا چوڭ چىملىق بار ئىدى، ئالدى ئىشىكنىڭ سىرتىدا دالا ماشىنىسى «كولراندروئاد» تۇراتتى. ئاچام مېنى ئۆيگە باشلاپ كىردى، ئاندىن چىرايىغا بىلىنەر بىلىنمەس كۈلكە يۈگۈرتتى ۋە قول ئىشارىتى قىلىپ قويۇپلا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. مەن بىر سىيدام سىزما رەسىمنىڭ ئالدىدا توختىدىم، رەسىمدىكى كىشى ياش ۋاقتىدىكى دادام ئىدى. بۇ رەسىمنى كۆرۈپ، ئۆزۈمنىڭ دادامنىڭ ئۆيىگە كەلگەنلىكىمنى تۇنجى

قېتىم ھېس قىلدىم. ئېسىپ قويۇلغىنىغا خېلى يىللار بولغان بۇ رەسىم مېنىڭ ئۇنىڭ ھاياتىدىكى بوش ئورنۇمنى ئەسكەرتىپ تۇراتتى. سارغىيىپ كەتكەن بۇ كونا رەسىم بىلەن ئۇنىڭ قولۇمدىكى سۈرىتىنىڭ يىلى يېقىن بولۇپ، ئۇنى كۆرسەم دادامنىڭ تۇرمۇشىنىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى، ئەمما ئۆزۈمنىڭ باشقا يەردە تاشلاپ قويۇلغانلىقىمنى ئېسىمگە سالاتتى.

بىردەمدىن كېيىن، بىر خىزمەتكار مېنى ئۇنىڭ كۇتۇپخانىسىغا باشلاپ كىردى. ئۆيدىكى كىتابلار يەردىن تارتىپ تورۇسقىچە تىزىلىپ كەتكەنىدى. پەس دېرىزىدىن سۇ ئۈزۈش كۆلچىكىنى كۆرگىلى بولاتتى. چوڭ مەرمەر تاشتىن ياسالغان ئۆزۈن ئۈستەلگە نەپىس كۈمۈش رەڭلىك رامكىغا ئېلىنغان ئائىلە سۈرىتى قويۇقلۇق ئىدى. سۈرەتتىكى كىشىلەرنىڭ تاشقى قىياپەتتىكى ئوخشاشلىق تەرەپلىرى ئۇنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئورنۇمنىڭ بوشلۇقىنى ماڭا يەنە بىر قېتىم ئەسكەرتتى. زامان ۋە ماكاندىكى بىر بۆرمىلاش مېنى يوققا چىقىرىۋەتكەندەكلا قىلاتتى.

مەندە كۆڭلى يېرىم بولۇش، ھەتتا جىددىيلىشىش بولمىدى، شۇ تاپتىكى غەيرىي رېئاللىق مېنى يۇتۇۋېتكەنىدى. پەتنۇستىكى چاي بىلەن ساندۇۋىچ مېنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى.

نەچچە مىنۇتتىن كېيىن، دادام ياش خوتۇنىنى باشلاپ كىرىپ كەلدى. خوتۇنىنىڭ چېچىغا پاسون چىقىرىلغان، قولىقىغا بىرىلليانت ھالقا تاقىۋالغانىدى. دادام كۆك كىيىم، پۇتىغا يۇمشاق ئۆتۈك كىيىۋالغانىدى...

دادامنىڭ تەق - تۇرقىدىن كۆزۈمنى ئالالماي قالدىم. مېنىڭ كۈمۈش رەڭلىك رامكامدىكى ئەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۆيگە كىرگەن بۇ كىشى سەمرىپ كەتكەن، تاقىر باش ئىدى. مېنىڭ ئۇنى ئاخىرقى قېتىم كۆرگىنىمگە تېخى ئون سەككىز ئايمۇ بولمىغاچقا، كونا سۈرىتىنى كۆرگىنىمدىن باشقا، كاللامدا ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھېچقانداق تەسىرات يوق ئىدى. ئاپام ماڭا

سۇرەتلەپ بەرگەن نۇرلۇق، زەڭگەر كۆزلىرىگە، مېنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان جاۋىغىيىدىكى ئىزغا، ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇش شەكلىگە زەن قويۇپ قارىدىم. ئۇنىڭ بەدىنىدىكى پۇراقنىمۇ بىلگۈم كەلدى.

ۋۇجۇدۇم قاتتىق زىلزىلىگە كەلدى بولغاي، ئەينى چاغدا نېمىلەرنى دېگەنلىكىمنى ئازراقمۇ ئېسىمگە ئالالمايمەن. ئېسىمدە قالغىنى شۇكى، مەن تاقەتسىزلىك بىلەن ئۆي - خىياللىرىمنى ئىپادىلەپ، ئۇنىڭ مەندىن ئايرىلىپ سىياسىي ھاياتىدا مۇۋەپپەقىيەت قازانماقچى بولغانلىقىنى قانداق چۈشەنگەنلىكىمنى ئېيتتىم، ئۇ شۇ ھامان گەپلىرىمنى قوبۇل قىلدى. مەن يەنە بىر پىكرىمنى ، يەنى بىز ئەنئەنىۋى مەنىدىكى ئاتا - بالىلىق مۇناسىۋەتكە ئىگە بولالمىساقمۇ، لېكىن ئۇ ھازىر سىياسىي ساھەدىن ئايرىلىپ بولغانىكەن، بىزنىڭ ئەمدى يۈز كۆرۈشۈشىمىزنىڭ ئاسانراق بولىدىغانلىقىنى ئېيتتىم. ئۇ بۇنىمۇ قوبۇل قىلدى. ئارقىدىن بىز مېنىڭ سەپىرىم، ھىندىستان بىلەن پاكىستاننىڭ پەرقى، بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ قانچىلىك ئوخشايدىغان يەرلىرى بارلىقى دېگەندەك ئىشلار توغرۇلۇق پاراڭلاشتۇق. ماڭا بۇ پاراڭلىشىش زورمۇزور بولۇۋاتقاندەك بىلىندى، ئەمما ئالدىنقى قېتىم تېلېفوندا سۆزلىشىشكە سېلىشتۇرغاندا خېلى ئەركىن بولغانلىقىنى بىلدىم. دادام ئاپامنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى، يەنە ئۆزىنىڭ ئاپامدىن كۆڭلى ئاغرىغان يەرلىرى يوق ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. بىز سۆزلىشىش جەريانىدا، ئۆزىنى كۆرگەنلىكىمنى ئېتىراپ قىلدى. ئاخىر مەنمۇ شۇ تاپتا پۈت تىرەپ تۇرغۇدەك ئورۇننى تېپىۋالدىم.

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتمەكچى بولۇۋاتقىنىمدا، دادام يەنە سورايدىغان سوئالىمنىڭ بار - يوقلۇقىنى سورىدى. مېنىڭ نۇرغۇن سوئالىم بار ئىدى، بىراق ئۇچرىشىشىمىزنىڭ ھەرھالدا ئوڭۇشلۇق بولغانلىقىنى ئويلاپ قالدىم، ئۇمۇ يەنە بىر قېتىم

كۆرۈشۈشكە ماقۇل بولغانىدى. شۇڭا، سوئاللىرىمنى يەنىلا كېلەر قېتىمغا ئېلىپ قوياي دېدىم. لېكىن، دادامنىڭ لاھۇردىكى تۇرمۇشى — مەن يېنىدا بولمىغان ئاشۇ تۇرمۇشى — مەنسىز ئىكەن، ئىككىمىز جەم بولساقمۇ، ئۇ ئانچە خۇش بولۇپ كەتمىدى..

# «مانگو پادىشاھى»

— مەن ئۆزۈمنىڭ پاكىستانغا تۇتقان پوزىتسىيەم خاتا بوپتۇ دەپ ئويلاپ قالدىم، — دېدىم مەن نەشرىياتچىغا، — بۇ يەرگە كەلگەن چېغىمدا ئۇنى باشقا بىر دۆلەت دەپلا قارىغانىدىم. يەنە تۈركىيە، سۈرىيە ۋە ئىراننى خىيالىمغا كەلتۈرگەنىدىم. لېكىن، ھازىر پاكىستانغا ئىلگىرى ئويلىغىنىمدىنمۇ بەكرەك ئىچكىرىلەپ كىرمىسەم بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدىم. مەن بۇ يەرنى كۆپرەك چۈشەنسەم بولغۇدەك.

ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈۋېدى، ئىككى قېشى كۆزلىرىنىڭ ئۈستىدە بىر يەرگە يىغىلىپ قالدى. ئۇ ئاق سارى كەمزۇل كىيىۋالغان، ئاقۇچ قىسقا چاچ ۋە ساقال قويۇۋالغان قاۋۇل كىشى ئىدى. ئۇنىڭ يۈزى سەل قىزىل، كۆزلىرى ئىنتايىن سۈرلۈك. ئۇ پاكىستاندىكى بىر ئاساسىي گېزىتنىڭ غوجايىنى ئىدى. بىز ئاپام ئارقىلىق مۇناسىۋەت باغلىغانىدۇق، گەرچە ئۇ مېنىڭ نېمە يېزىشىمنى جەزم قىلالمىسىمۇ، بىراق جىددىيلىك ئىچىدىكى كەيپىياتىمنى چۈشىنىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ مەن دادامدىن ئۈمىد قىلغان ئىشنى قىلدى: مەن بىلەن پاكىستاندىن ئىبارەت بۇ زېمىننىڭ مۇناسىۋىتى ھىندىستان بىلەن پاكىستاننى بۆلۈۋەتكەن چېگرادىنمۇ چوڭقۇر دېگەن قاراشتا چىڭ تۇردى. بۇ ھەرگىز ئۇنىڭ مەقسەتلىك قىلغىنى ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ بوۋام، يەنى بۆلۈپ ئىدارە قىلىنىشتىن ئىلگىرىكى بىر ئوردۇ شائىرى توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگەنلىرى ئىككى دۆلەتتە مەۋجۇت بولغان مەدەنىيەت رىشتىسىگە بولغان قىزىقىشىمنى ئويغاتتى. ئەڭ مۇھىمى، ئۇ يەنە مېنىڭ ئەھۋالىمنى ئوبدان چۈشىنىدىغانلىقىنى

ئېيتتى، بۇلار ماڭا ئاشۇ بىرلىككە كەلگەن ھىندىستاننىڭ ئۆزگىچە رومانتىكىلىقىنى كۆرسەتتى، بوۋام ۋە مومام دەل ئاشۇ زېمىندا مېنى بېقىپ چوڭ قىلغانىدى. مانا بۇ پاكىستان، مەن بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان، ئەمما زادىلا ئىزدىنىپ باقمىغان دۆلەت. مەن ئىشنى نەدىن باشلىشىم كېرەك؟

ئەسلىدە مەن كاراچىنى پاكىستاننىڭ ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە شەھىرى دەپ قارىغانىدىم، بىراق ئۇ تۈركىيەدىكى ئىستانبۇلغىمۇ، ئىراندىكى تېھرانغىمۇ ئوخشىمايتتى. ئۇ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ بەشتىن بىر ياكى ئالتىدىن بىر ئاھالىسى ئولتۇراقلاشقان شەھەر ئەمەس ئىدى. ئېنىق سانىنى بىلىدىغان ئادەم يوق، ئەمما تەخمىنەن مۆلچەرلىگەندە، بىر يۈز ئاتمىش مىليون نوپۇسلۇق بۇ دۆلەتتە بۇ شەھەرنىڭ نوپۇسى تەخمىنەن ئون ئالتە مىليون ئىدى. پاكىستان مەن ھازىرغىچە بېرىپ باققان كۆپ قىسىم دۆلەتلەرگە ئوخشىمايتتى، ئۇ يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلىدىغان دۆلەت ئىدى. كىشىلەر ماڭا: «سىز فېئوداللىق تۈزۈمدىكى پاكىستاننى چۈشەنمەي تۇرۇپ، پاكىستاننىڭ روھىنى چۈشىنەلمەيسىز» دېگەنىدى. كۆڭلۈمدە بۇنداق فېئوداللىق تۇرمۇشنىڭ تەمىنى تېتىپ بېقىش ئىستىكى پەيدا بولدى. مەن نەشرىياتچىدىن ماڭا ياردەم بېرەلەيدىغان - بېرەلمەيدىغانلىقىنى سورىدىم.

بىز ئۇنىڭ كاراچىدىكى كونا پاسوندىكى كاتتا ئۆيىدە ئولتۇراتتۇق. ئۇ ناھايىتى ئېگىز بىر كارىۋاتتا يېتىپ تاماكا چەككىنىچە مەنزىلىنىڭ گېپىنى قىلغاچ، ماڭا ياردەم بېرەلەيدىغان كىشىلەر بىلەن تېلېفوندا ئالاقىلىشىۋاتاتتى. ئۆينىڭ تاملىرى ھىندىستان بىلەن پاكىستاننىڭ 20 - ئەسىردىكى ئەڭ داڭلىق رەسساملىرىنىڭ سىزغان رەسىملىرى بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى، پولدا ساندۇقلار ۋە ئۆرۈلۈپ كېتەيلا دەپ قالغان كىتابلار دۆۋىسى تۇراتتى. ھەم ئۇزۇن، ھەم قاراڭغۇ كارىدورنىڭ ئىككى يېنىدىكى ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئېتىك ئىدى. نەچچە سائەت

ئۆتتى، نەشرىياتچى ئۇچۇر قالدۇرىدىغانلارغا ئۇچۇر قالدۇردى، تېلېفون قايتۇرىدىغانلارغا تېلېفون قايتۇردى، ئىزىنىلىك تۇزدى، يۇقىرى تېمپېراتۇرا ۋە بىخەتەرلىك مەسىلىسىنى تەكشۈرۈپ، ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ مەندىن سورىدى:

— سىز بۇگۈن كەچ يولغا چىقالامسىز؟

— بۈگۈن كەچ؟

ئۇنىڭ قىزارغان يۈزى تارتىشىپ كەتتى، بۇ ئىشلارنى بېكىتىشكە ئادەتلەنگەن ئەركىشىنىڭ يۈزى ئىدى. ئۇ ماڭا تىكىلىپ قارىغاندا، بىر يەرلىرى تارتىشقاندەك بولدى. ئۇ مېنى ۋاقتىمنى ئىسراپ قىلدى، ئىچچام تەسۋىرلەپ بەرگەن سەپەر تەسەۋۋۇرۇمنى يەردە قويدى دەپ قېلىپ، سەل ئۇمىدسىزلەنگەن ۋە رەنجىپ قالغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ سەپەر تەسەۋۋۇرىدا ھىندى دەرياسى، مۇخېنجودارو قەدىمىي شەھىرى، سوپىلارنىڭ دۇئا - تىلاۋەتخانىسى ۋە ئەڭ قەدىمكى ھىندى مەدەنىيىتى بار ئىدى.

— ھەئە، — دېدىم مەن دۇدۇقلاپ، — بۈگۈن كەچ يولغا چىقسام بولىدۇ.

— ناھايىتى ياخشى.

ئەمدىلا قاراڭغۇ چۈشكەنىدى، مەن ئاكامنىڭ تۇرار جايىغا بېرىپ يۈك - تاقنى تەييارلىدىم. يېرىم كېچىدە قوزغىلىپ، «مانگو پادىشاھى» بىللەن ئۇنىڭ سىنىد ئۆلكىسىدىكى تەۋەلىكىگە ئاتلاندىم.

※ ※ ※

«مانگو پادىشاھى» تېلېفون ئۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ بولغانلىقىنى ئېيتقاندا، مەن ئاكامنىڭ پۈرچاق قاچىلانغان تۆشىكىگە يانپاشلاپ ئۇخلاۋاتاتتىم. سائىتىمگە قارىسام، ئەمدىلا تۇن نىسپىدىن ئۆتۈپتۇ. مەن يۈك - تاقنى ئېلىپ بىنادىن چۈشتۈم. تالادا ئىللىق شامال چىقىۋاتاتتى،

جىمجىت كوچىنى چاقناپ تۇرغان يول چىراغلىرى يورۇتۇپ تۇراتتى. ئاق رەڭلىك بىر ماشىنا ئىشىك ئالدىدا تۇراتتى، ماشىنىنىڭ دېرىزە ئەينەكلىرىنىڭ رەڭگى بەك قېنىق ئىدى. مەن ئالدىغا بېرىۋىدىم، كەينى ئىشىكى ئېچىلدى، ئەمما بىركىم چىقمىدى. كوزۇپىتىن ھاۋا تەڭشىگۈچىنىڭ سۇس تاماكا پۇرىقى قوشۇلغان سالقىن شامىلى چىقىپ تۇراتتى. مەن بېشىمنى كوزۇپقا تىقىپ، كەينى ئورۇندۇقتا ياش بىر ئەرنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ ئاقپىشماق، چىرايلىق يۈزى سەل سېمىز بولۇپ، ساقال قويۇۋالغانىدى. ئۇ قويۇق ئىس - تۈتەك ئىچىدىن ماڭا تىكىلىپ قارىدى، ئاندىن كىرىپ ئولتۇرۇشۇمغا قول ئىشارىتى قىلدى.

ئىشىكنى يېپىشىمغا، شوپۇر ماشىنىنى قوزغىدى. بۇ چاغدا مەن «مانگو پادىشاھى» غا قايرىلىپ قارىدىم، ئۇ يەنە بىر تال تاماكىنى تۇتاشتۇردى. ماشىنىدا ئىس - تۈتەك لەيلەيتتى، تېمپېراتۇرا بەكلا تۆۋەن، نەپەسمۇ ئالغىلى بولمايدىغاندەك قىلاتتى. ماشىنىنىڭ قارا رەڭلىك دېرىزە ئەينىكى كۆتۈرۈۋېتىلگەنىدى، «مانگو پادىشاھى» يەنىلا ئۈندىمىدى، مېنىڭ نارازىلىقىمنى بىلگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭدا ھېچقانداق ئىنكاسنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلدىم. ئۇ توختىماي تاماكا چېكىپ، ئىسنى ئاستا، كۆچەپ سۈمۈرمەكتە ئىدى، كۆزلىرى دېرىزە سىرتىدىكى جىمجىت كوچىغا تىكىلگەنىدى. قاراشلىرى ۋە بوغۇق ئاۋازىدىن ھاراق ئىچىۋالغانلىقىنى جەزم قىلدىم.

— مەن شەھەردە بىر ئادەم، — دېدى ئۇ تۇيۇقسىز، — سەل تۇرۇپ كۆرۈپ قالىسىز، سەھراغا بارغاندىن كېيىن باشقا بىر ئادەم بولۇپ قالىمەن. ئادەم ئۆزىنى تەڭشەپ تۇرۇشى كېرەك. رېئاللىق ئىنتايىن ئېپلاس، — ئۇ تۇيۇقسىز يەنە مۇنداق دېدى، — مەن سۇ ئوغرىلايدىغان ئادەم. تېپىك ۋادېرا.

«ۋادېرا» پومېشچىك دېگەن مەنىدە بولۇپ، «مانگو پادىشاھى» نىڭ دادىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ پومېشچىك بولۇپ

قالغانىدى. ئۇنىڭ جەمەتى بۇ دۆلەتتىكى ئەڭ چوڭ مانگو ئۆستۈرگۈچىلەرنىڭ بىرى ئىدى.

— لېكىن، رېئاللىق ئۆزگەرمەيدۇ.

— نېمە ئۈچۈن؟

— ئەللىك يىل ئىچىدە ئۆزگەرمەيدۇ. فېئودالىزم يەنىلا بۇ يەردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

مەن بېشىمنى لىڭشىتىۋاتقىنىمدا، ئۇنىڭ كىچىك ياپىلاق هاراق بوتۇلكىسىنى ئېلىپ هاراق ئىچكەنلىكىنى كۆرۈپ قالدىم.

— سىز سىنىد جەمئىيىتىنىڭ نېمە ئۈچۈن مەغلۇپ بولغانلىقىنى بىلەمسىز؟ — «مانگو پادىشاھى» تۇيۇقسىز مەندىن سوراپ قالدى.

— بىلمەيمەن.

— ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيەنىڭ يوق بولغانلىقىدىن. بىز بۇياقتا، ئۇلار ئۇياقتا. ئىلگىرى بىزدە ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە بار ئىدى، لېكىن ئۇلار تەرەققىي قىلىپ كەتتى. بۇنىڭ قايسى چاغدىكى ئىش ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟

مەن بۇنى بىر قايتۇرما سوئال دەپ بىلىپ جاۋاب بەرمىدىم، ئەمما «مانگو پادىشاھى» ماڭا تىكىلىپ قاراپ، جاۋابىمنى كۈتۈۋاتاتتى.

— بۆلۈپ ئىدارە قىلىشتىن بۇرۇن، — دەپ جاۋاب بەردىم مەن راستچىللىق بىلەن.

— تامامەن توغرا. لېكىن، سىزگە مەلۇم، تۇرمۇش داۋاملىشىۋاتىدۇ، كۈنلەر، يىللار ئۆتۈۋاتىدۇ. دادام مېنى دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ غوجايىنى قىلىپ يېتىشتۈردى، — «مانگو پادىشاھى» نىڭ سۆزلىرى بىر ئۈزۈلۈپ بىر داۋام قىلاتتى، خىيالى ۋە سۆزلىرىمۇ ئۇلاشمايتتى. ئۇزاق جىمجىتلىقتىن كېيىن، — سىز دىنىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئىختىرا قىلىنغانلىقىنى بىلەمسىز؟ — دەپ سورىدى.

— نېمە ئۈچۈن؟ — مەن ئۇنى بۇ قېتىمقى سەپىرىمنىڭ

مەقسىتىنى ئاساسەن چۈشەنگەن بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم.
— ئادەم ئۆلۈمدىن باشقا ھەرقانداق مەسىلىنى ھەل قىلالايدۇ.
«مانگو پادىشاھى» يەنە بىر تال تاماكىنى تۇتاشتۇردى، بىراق بۇ قېتىم نەزىرىم مېنى بىئارام قىلىدىغان باشقا نەرسىگە چۈشۈپ قالدى: AK—47 تىپلىق بىر ئاپتومات ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا تاشلاقلىق تۇراتتى، «مانگو پادىشاھى» بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي ھاراق ئىچىش، تاماكا چېكىشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى. ماشىنا ئىچىدىكى مۇزدەك بەتبۇي پۇراقتىن ئىچىم ئېلىشىپ كەتتى.
— سىزدە ئىشەنگىلى بولىدىغان ئۈچ نەرسە، يەنى قېرىندىشىڭىز، خوتۇنىڭىز ۋە قورالىڭىز بولۇشى زۆرۈر، — دېدى «مانگو پادىشاھى»، — سىز بۇ ئاپتوماتنى ئىشلەتسىڭىز، توسۇلۇپ قالمايسىز. ھەربىر كىشى ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئوت ئاچالايدۇ، زادىلا كاشىلا چىقمايدۇ.
مەن قاچان ئۇخلاپ قالغانلىقىمنى بىلمەيمەن، بىر قېتىم ئويغانغىنىمدا، «مانگو پادىشاھى» نىڭ يەنىلا تاماكا چېكىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئىككىنچى قېتىم ئويغانغاندا، ئۇ بېشىنى يەنە بىر ياققا قىيسايتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ، ئاپتومات يەنىلا كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.
مەن يەنە ئۇخلاپ قالدىم، بۇ قېتىم تېخىمۇ قاتتىق ئۇخلاپتىمەن، قولۇم نېمىگىدۇر بىر نەرسىگە تېگىپ كەتكەندىلا، ئويغىنىپ كەتتىم. بۇ تاڭ يورۇغان ۋاقىت بولۇپ، بىز جىمجىت يېزا يولىدا كېتىۋاتاتتۇق، ئەتراپ بىر ـ بىرىگە ئۇلىشىپ كەتكەن كەڭرى ئېتىزلار ئىدى.
— مېنىڭ زېمىنىم مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ، — دېدى ئۇ، ماشىنا سولغا بۇرۇلدى، — ئىككى تەرەپتىكىسىنىڭ ھەممىسى مېنىڭ زېمىنىم.
مەن ئەتراپقا كۆز تاشلاپ، بۇ يەردە چاتقال ۋە كىچىك

دەرەخلىكنىڭلا بارلىقىنى بايقىدىم، تاڭ تېخى ئانچە يورۇپ كەتمىگەن بولسىمۇ، سىرتتىكى قۇرۇپ قاغجىراپ كەتكەن مەنزىرىنى كۆرگىلى بولاتتى.

— بۇلار مەن تېرىقچىلىق قىلمايدىغان يەرلەر.

— نېمە ئۈچۈن؟

— سۇ يوق.

— بۇ يەر قانچىلىك بار؟

— ئالتە مىڭ ئىنگلىز موسى.

سۇب چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ ئۆلچىمىدىن قارىغاندا، بۇ كىچىك سان ئەمەس ئىدى.

بىر دەملىك سۈكۈتتىن كېيىن، ئۇ تۇز ئولتۇرۇپ، جىددىي تەلەپپۇزدا چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ:

— بۇ مېنىڭ تېررىتورىيەم، — دېدى.

بىز قويۇق، پاكار زىرائەتلەر ئۆسكەن بىرنەچچە مو ئېتىزدىن ئۆتۈپ بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كەلگەندە، مانگو دەرەخلىرىنى كۆردۇق. مانگو دەرەخلىرى بۇ قاقاس دالادا قەد كۆتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتىگە قاراپ تەبەسسۇم قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. «مانگو پادىشاھى» ھاڭۋاقتىلىق نەزىرى بىلەن قارامتۇل يېشىللىقتا سەپسالماقتا ئىدى، مېۋىلەرنىڭ ۋەزنىدىن ئېگىلىپ كەتكەن شاخلار كۆپكۆك ئاسماننىڭ ئاستىدا چوڭ سەپ تۈزۈپ تىزلىنىپ سالام بېرىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

بىز مانگو دەرەخلىرىگە يېقىنلاشقاندىن كېيىن، قىسقا دەرەخ شاخلىرىنى يېپىپ تۇرغانلار ئەسلىدە غۇژمەك - غۇژمەك بولۇۋالغان ئۇزۇن يوپۇرماقلار ئىكەنلىكىنى بايقىدىم، ئۇلار ئىسسىقنىڭ تەپتىدىن تۈگۈلۈۋالغاندەك قىلاتتى. مېۋىلەر تېخى كىچىك بولۇپ، كۆپىنچىسى تېخى پىشمىغانىدى، ئەمما تۈۋى سارغايغان بولۇپ، بېسىپ كىرگەن ئىسسىق بەلباغنىڭ بىر خىل زەھىرى ھەممە مېۋىلەرنى ئاستا - ئاستا يالماپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى.

ماشىنىدىن چۈشكەندىن كېيىن، مەن «مانگو پادىشاھى» نىڭ ئېگىز، قاۋۇل قەددىنى ئېنىق كۆردۈم. ئاق ماي رەڭلىك سارى كەمزۇل ئۇنىڭ تومپايغان قورسىقىنى ئاران يېپىپ تۇراتتى، بۇ ئۇنىڭ سەل سېمىز يۈزىگە ئوخشاش، ئۇنىڭكىدەك چىرايى بار كىشىلەر ئۈچۈن بىر نۇقسان ھېسابلىناتتى.

بىزنى بىرنەچچەيلەن تەزىم بىلەن كۈتۈۋالدى. «مانگو پادىشاھى» ئۇلارغا قولىنى پۇلاڭلىتىپ قويدى، ئاندىن دەلدەڭشىگىنىچە بىر ئىشىكتىن ئۆتتى. بىز پاسىل تېمى بار بىر باغچىغا كەلدۇق، باغچىدا يوپيۇرماقلىرى ساڭگىلاپ تۇرىدىغان پىكۇس ۋە باراقسان كاۋچۇك دەرەخلىرى ئۆستۈرۈلگەنىدى. خىزمەتكار ئىككىمىز «مانگو پادىشاھى» غا ئەگىشىپ كېتىۋاتاتتۇق، ئۇنىڭ ئاق ماي رەڭدىكى سارى كەمزۇلى لەپىلدەيتتى، ئۇ تار پىيادىلەر يولىدا سەنتۈرۈلگىنىچە داۋاملىق ئالغا كېتىۋاتاتتى. پىيادىلەر يولى بىر قەۋەتلىك پاكار ئاق ئۆي ئالدىدا ئاياغلاشتى. ئىشىكتىن كىرىشىمىزگە، بىزنى غۇۋا يورۇقلۇقتىن باشقا، ھال رەڭ قېلىن گىلەمدىن چىقىۋاتقان ئېچىغان پۇراق كۈتۈۋالدى. سەھەرنىڭ خىرە ـ شىرە يورۇقىدا، مەن ئۆيدىكى كۆرۈنۈشلەرنى ئانچە پەرق ئېتەلمىدىم. ئۆينىڭ ئۇ بېشىغا چاسا شەكىللىك پاكار سافالار قويۇلغانىدى.

«مانگو پادىشاھى» سافاغا ئۆزىنى ئاتتى ـ دە، گويا مېنى ئەمدىلا كۆرگەندەك، ئىپادىسىز كۆزلىرى بىلەن تىكىلدى. ماڭا ئۇ ئۆزىدىن نېمىگە ئېرىشمەكچى ئىكەنلىكىم توغرۇلۇق ئويلاۋاتقاندەك بىلىندى. ئۆيگە نۇرغۇن ئائىلە كىشىلىرىنىڭ سۈرەتلىرى قويۇلغانىدى، بىر پارچىسىدا سېرىق گالستۇك تاقىۋالغان «مانگو پادىشاھى» بار ئىدى، رامكىنىڭ يېنىغا نۇرغۇن كىتاب، يەنى گىنتلېرنىڭ رەسىملىك تەرجىمىھالى، «دۆلەت جۇغراپىيەسى ژۇرنىلى»، «يانېس ئايروپىلان يىلنامىسى»، «كامىرادىكى ھايۋانلار»، يەنە ساياھەت تۇرىدىكى ئون نەچچە پارچە كىتاب قويۇلغانىدى.

— دادىڭىز نۇرغۇن كىتاب ئوقۇغانمۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن كىتاب جاۋىنىدىكى كىتابلارغا كۆز يۈگۈرتكەچ.

— ھەئە، — دەپ جاۋاب بەردى «مانگو پادىشاھى»، — ئۇ سىز بىلەن ھەرقانداق ئىش توغرۇلۇق سۆزلىشەلەيدىغان كىشىلەردىن، يەنە كېلىپ، ھامان توغرا جاۋاب بېرەلەيدىغانلاردىن.

بۇ تەسۋىر كىشىنى يۈرەكئالدى قىلىۋېتىدىغان بىر ئەربابنى سۈرەتلەپ بەردى، بىراق «مانگو پادىشاھى» نىڭ ئەسلىي ئارزۇسى بۇنداق ئەمەس ئىدى.

— مەنمۇ بۇرۇن كىتاب ئوقۇيتتۇم، — دېدى ئۇ يەنە، — لېكىن كېيىن پۇرسەت بولمىدى.

ئۇ ماڭا يېقىندا سېتىۋالغان بىر كىتابنى كۆرسەتتى. بۇ كىتابتا قانداق قىلغاندا مۆتىۋەر بولغىلى بولىدىغانلىقى سۆزلەنگەنىدى.

— كىتابتا دېيىلىشىچە، مۆتىۋەرلەر ئاممىۋى سورۇنلاردا ئىشتىنىنىڭ ئېغى بىلەن ھەپىلەشمەيدىكەن، — «مانگو پادىشاھى» پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى. ئاندىن ئىككىمىز گەپ - سۆز قىلمىدۇق. ئۇ يا ماڭا، يا خىزمەتكارلىرىغا قارىماي جايىدا ئولتۇراتتى، خۇددى ھازىرلا ۋەيران بولغان ئەركىشىدەك، ئالدىغا تىكىلىپ قارىغىنىچە، قاراڭغۇلۇق ئىچىگە غەرق بولغانىدى. بىر خىزمەتكار ئۇنىڭغا سۇ ۋە يېڭى «AK — 47» نى ئەكېلىپ بەردى. بۇ قېتىم يەنە بىر ئوقدانمۇ بار ئىدى. ئۇ ئاپتوماتنى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۇقىغا يۆلەپ قويۇپ، ھازىر يۈزدىن ئوشۇق دۆلەت بۇنداق قورالنى ئىشلەپچىقىرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ مەندىن بىرەر پاي ئېتىپ باققۇم بار - يوقلۇقىنى سورىدى.

— بولىدۇ، — بۇ گەپنى قىلىپ قويۇپ قورقۇپ كەتتىم.

— ئۇ ئاغزىنى ئاچىدىغانلا بولسا، شۇ ھامان بىرمۇنچە نەرسىنى ۋەيران قىلىدۇ، — دېدى ئۇ ئاچچىق كۈلۈپ.

ئۇ گەپ قىلغاندا ئۆيۈن كۆرسىتىۋاتقاندەك بەكلا مۇبالىغە قىلىۋېتەتتى، يەنە «ئۆزۈڭگە راۋا كۆرمىگەننى باشقىلارغا تاڭما»

ياكى «جاھاننى ئۆزگەرتمەك ئاسان، خۇي ـ مىجەزنى ئۆزگەرتمەك قىيىن» دېگەندەك كونا گەپلەرنى قىلاتتى، شۇنداقلا بۇ گەپلەرنى ئەزەلدىن باشقىلار دەپ باقمىغاندەك ئېيتاتتى. ئۇ ماڭا بىر پاي ئوق ئاتقۇزۇپ بېقىش تەكلىپىنى ۋاقتىنچە ئۇنتۇپ قالدى.

«مانگو پادىشاھى» ئىككىنچى قېتىم قورۇق گەپ قىلىشقا باشلىغاندا، مەن چارچاپ قالغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. ئۇ بىر بوتۇلكا ئۈزۈم ھارىقى ئەكەلدۈرۈپ، ئارراق كەچلىك تاماق يېگۈم بار ـ يوقلۇقىنى سورىدى. ئۈزۈم ھارىقىنى سۈپ چوڭ قورۇقلۇقىدا دائىم ئۇچراتقىلى بولمايتتى، كىشىلەرنىڭ ئادەتتە ئىچىدىغىنى ۋىسكى بىلەن سودا سۈيى ئىدى. ئارقىدىن ئۇ سىگار ۋە بىراندى ئەكەلدۈردى، بۇ ھاراق ـ تاماكىلار ھېلىقى مۇتىۋەرلىك قىبلىنەماسى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، فېئودال ھوقۇقدارلاردا يېقىندىن بۇيان مودا بولغاندەك قىلاتتى.

ئۇنىڭ كەچلىك تاماقتا تەكلىپ قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ كۆلۈپ كەتتىم، چۈنكى بۇ چاغدا تاڭ يورۇشقا ئاز قالغانىدى. ئۇ ماڭا چەكچىيىپ قارىدى.

— بولدى، رەھمەت، — دېدىم مەن ئۈزۈمنى بېسىۋېلىپ.

— ئاجايىپ مەززىلىك ئىدى ـ دە، — دېدى ئۇ ئالدىمىزغا تىزىپ قويۇلغان نازۇنېمەتلەرگە قاراپ. ئۈستەلدە نەچچە خىل گۆش تورى، يېپىسى پۇرچاق، بولكا، يەنە بىرنەچچە بوتۇلكا ئۈزۈم ھارىقى بار ئىدى.

«مانگو پادىشاھى» يېڭىنى شىمايلاپ غىزالىنىشقا باشلىدى، مەن ئۇنىڭ بىلىكىدە تاماكا كۆتىكىنىڭ كۆيدۈرۈشىدىن قالغان تاتۇقنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. ئىسسىققا چىداملىق فارفۇر قاچىلار ۋە تەخسىلەر ئارىسىدا كىرىستوف چىنە ـ قاچىلىرى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى.

ئىككى مىنۇتتىن كېيىن ئۇ يەنە بىر قېتىم سورىدى. مەن يەنە بىر قېتىم تەكلىپىنى رەت قىلىپ، ئۇيقۇم كەلگەنلىكىنى ئېيتتىم. ئۇ بىرەيلەننى ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قويۇشقا بۇيرۇدى. مەن

مېڭىشقا ھازىرلانغاندا، ئۇ كەچلىك تاماق يېگۈم بار ـ يوقلۇقىنى يەنە بىر قېتىم سورىدى.

※ ※ ※

بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن ئويغانغىنىمدا، باش تەرىپىمدە ياغاچتىن ياسالغان بىر شامالدۇرغۇچ، بىر ئام چىراغ، بىر ئاسما چىراغنىڭ بارلىقىنى كۆردۈم. كارىۋىتىمنىڭ يېنىغا بىر «دەۋر» ژۇرنىلى بىلەن تايلاندنىڭ بىر پارچە كېچىلىك تۇرمۇش قىبلىنەماسى تۇراتتى. بۇ كىچىك ئۆيگە ھاۋا تەڭشىگۈچ ئورنىتىلغان بولسىمۇ، يەنىلا تىنچىق ئىدى. چىڭ يېپىلغان دېرىزە پەردىسىنىڭ يوچۇقىدىن سۇس يورۇقلۇق چۈشۈپ تۇراتتى. بۇ چاغ سائەت ئون ئەتراپىدا بولۇپ، ئۆي بەك تىنچ ئىدى. مەن مېھمانخانىغا كىرگەندە، بىر خىل ئىسسىقلىق ماڭا گۈپپىدە ئۇرۇلغاندەك بولدى. قارا سىيرىلما ئىشىكنىڭ سىرتىدىكى ئىسسىق ھاۋاغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ ئۆينىڭ لايىھەلىنىشى ھەقىقەتەن بەكلا ناچار ئىدى. ئۆينىڭ پاكار ئۆگزىسى ئىسكىلاتنىڭكىگىلا ئوخشايتتى، گىلەم ۋە ئاق قۇ ماموقى بىلەن قاپلانغان سافا كىشىگە بىر خىل يېقىمسىز تۇيغۇ بېرەتتى، ئۆينىڭ ھاۋا ئۆتۈشۈش ئەسلىھەسىمۇ يوق ئىدى. مەن ئۆيدىن چىقىپ، ئاق چاقچۇق يېپىشتىلغان كىچىك ھويلىغا كەلدىم، لېكىن تېزلا ئارقىمغا ياندىم. ئۆينىڭ سىرتىدىكى يۇقىرى تېمپېراتۇرا بەكلا كۈچلۈك، دىمىق، ئازراقمۇ دالدىلانغىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە بولۇپ، بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن يۇقىرى تېمپېراتۇرىلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ قورقۇنچلۇقى ئىدى. ئەگەر قوغدىنىش تەدبىرلىرىنى ئىشلەتمەي سىرتقا چىقىدىغان بولسا، كىشىدە ماسلىشالماسلىق تۇيغۇسى پەيدا بولاتتى. لېكىن، ئۆي ئىچىمۇ ئۇنىڭدىن ئانچە قېلىشمايتتى. تالادا سۇ كالىلىرى دەرەخ سايىسىدا ياتاتتى؛ شال تېرىلغان كىچىك مەھەللە

قاشالانغان بولۇپ، «مانگو پادىشاھى» نىڭ يېرىنى ئانچە ـ مۇنچە زىنىنەتلەپ تۇراتتى؛ زىلۋا، تېرىسى قارا، رەڭگارەڭ كىيىملەرنى كىيىشۋالغان، بىلەكلىرىگە ئاق بىلەزۈك تاقىۋالغان ئاياللار سېغىز توپىلىق چىغىر يولدا كېتىشۋاتاتتى.

ناشتا قىلىپ بولۇپ يۇيۇنۇۋالغاندىن كېيىن، چوڭ مېھمانخانا ئۆيگە كىرگىنىمدە، ئالىنقاچان ئورنىدىن تۇرۇپ بولغان «مانگو پادىشاھى» نىڭ قوراللارنى تەتقىق قىلىشۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

— گۇۋاھىنامىڭىز بولمىسا بۇ نەرسىنى قولغا چۇشۇرەلمەيسىز، — دېدى ئۇ خۇشال ھالدا بىر ئاپتوماتنى قولىغا ئېلىپ.

بايىلا يۇيۇنۇۋالغان «مانگو پادىشاھى» نىڭ كۆزلىرى چاقناپ تۇراتتى، ئۆزى تولىمۇ ئازادە ئىدى. مەن بۇ ھالەتنى تۇنۇگۇن ئاخشام ئەسلا تەسەۋۋۇر قىلالمايتتىم. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى خىرەلىك يوقالغان، پىكىر يۇرگۇزۇشتە قىلچە قىينالمايتتى. ئۇ چىرايىمدىكى ئېيادىنى چۈشەنگەندەك، شۇنداقلا چۇشلۇك تاماقتىن بۇرۇنقى بۇ قورال ـ ياراغنى كۆزدىن كەچۈرۈشتىن سەل ھەيران بولغانلىقىمنى سەزگەندەك بولدى.

— كاراچىدىكى نۇرغۇن كىشى دېھقانچىلىق مەيدانى غوجايىنلىرىنى ياخشى كۆرمەيدۇ، — دېدى ئۇ، — ئۇلار دېھقانچىلىق مەيدانى غوجايىنلىرى فېئوداللىق تۇزۇمنىڭ مەھسۇلاتى دەيدۇ. لېكىن، مېنىڭچە ھەربىر ساھەدە ياخشى ئادەملەرمۇ، يامان ئادەملەرمۇ بولىدۇ.

ئۇ داۋاملىق ئوقدانىنى سىناپ، قورۇلىنى تەكشىدى، ئاندىن ئاپتوماتنى ئارقىسىدىكى كىشىگە بېرىپ:

— سىز تەسەۋۋۇر قىلالامسىز؟ مەن تۇتقۇن قىلىنىپمۇ باققان، — دېدى.

ماڭا ئۇ رەڭۋازلىق قىلىپ ئۆزىنىڭ چۆچۈشىنى يوشۇرماقچى بولۇۋاتقاندەك بىلىندى. مەن ئىشەنگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ سورىدىم:

— شۇ چاغدا سىز قانچە ياشتا ئىدىڭىز؟

— ئون ئىككى ياشتا. ئون ئۈچ ياشقا كىرگەندە قايتىپ كەلدىم. ئەينى چاغ 1984 ـ يىلىدىن 1985 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئالتە ئاي ۋاقىت. ئاخىرقى ئىككى ئايدا مەن زەنجىرلەپ قويۇلدۇم. دادام قايتۇرۇۋېلىش پۇلىنى تۆلىگىلى ئۇنىمىدى. ئۇلار تېلېفون بەرگەندە، ئۇ ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىغاچقا، ئۇلار مېنى بىر قېتىم قاتتىق ئۇردى. كېيىن ئۇلار تاغامنى ئىزدەپ تاپتى.

تۇتقۇن قىلغۇچىلار ئۇنى ھەيدەر ئابادتا — مەكتىپىنىڭ سىرتىدا تۇتقۇن قىپتۇدەك.

«مانگو پادىشاھى» يەنىلا ئۆزىنىڭ ئۇزۇپ ـ ئۇزۇپ، ئويلانمايلا گەپ قىلىدىغان ئادىتىنى ئۆزگەرتمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىدىكى زوراۋانلىقنى تەكىتلىمەكچى ئەمەس، بەلكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ شەخسىي تىرىشچانلىقى ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرماقچىدى. ئۇنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش ھېكايىسىنىڭ ھەرقانداق بىر قىسمىنى چۈشۈرۈپ قويۇشقا بولمايتتى. «مانگو پادىشاھى» ھاراقنى بەك كۆپ ئىچەتتى، بىلىكىدە تاماكا كۆيدۈرگەنلىكنىڭ كۆيۈك ئىزلىرى بار ئىدى. ئۇ قورال ئوينايتتى. ئۇنىڭ دادىسى، يەنى ھەممىدىن خەۋەردار كىشى ئاڭلىماققا ئاسان چىقىشىپ ئۆتكىلى بولمايدىغان ئادەمدەك قىلاتتى. ئۇ يەنە ئەسلىدە بولۇشقا تېگىشلىك ھوشيارلىقنى فېئوداللىق تۇرمۇشنىڭ سىمۋولى دەۋالاتتى. ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرى بەلكىم تىڭلىغان زورلۇق بولۇپ، مۇراسىم شەكلىدىكى ھايات يولىغا ئۆزگىرىپ كەتكەندەك قىلاتتى.

— ئاشۇ كەچۈرمىشىڭىزدىن جاراھەت قالدىمۇ؟

— قالدى، — دەپ جاۋاب بەردى «مانگو پادىشاھى»، — لېكىن ئادەم ھەرقانداق ئىشقا كۆنىدىكەن.

ئۇنىڭ جاۋابى دادامنى ئېسىمگە سالدى، ئۇ ماڭا پاكىستان تۈرمىسىدە يېتىۋاتقان چېغىدىكى بىر ھېكايىنى سۆزلەپ

بەرگەندى. گۈندىپايلار ئۇنى تۆمۈر قەپەسكە سولاپ قويۇپتۇ، ئەتراپىنىڭ تېمپېراتۇرىسى مەن بايا تۇرغان ھويلىنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىكەن. كېيىن گۈندىپايلار قەپەسنىڭ ئۈستىگە تېرە پالاسنى يېپىپ، ئۈستىگە سۇ چېچىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن نەم ھاۋادا نەپەس ئالالمىغۇدەك ھالەت شەكىللىنىپتۇ. ئۇلار دادامغا بىر جىنايەتنى ئېتىراپ قىلدۇرماقچىكەن، لېكىن بىرنەچچە سائەتكىچە ئىقرار قىلدۇرالماپتۇ، ئاخىر ئۇلار دادامنى مەجبۇرلاپ ئېتىراپ قىلدۇرغان بوپتۇ، بىراق دادام ئىمزا قويۇشنى رەت قىپتۇ. ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، قىيناش ۋاقتى بەك ئۇزۇن ئىكەن، ئەگەر ۋاقىت قىسقىراق بولغان بولسا، ئىمزا قويۇۋېتىشىمۇ ئېھتىمال ئىكەن، لېكىن ئۆزىنىڭ نەپەس ئالالمىغۇدەك دەرىجىدىكى ھاۋادا بەرداشلىق بېرەلىگەنلىكى ئۇنىڭغا بىر خىل يېڭى ئىرادە ۋە قەيسەرلىكنى ئاتا قىپتۇدەك.

«مانگو پادىشاھى» نىڭ ھېكايىسىگە ئوخشاشلا، دادامنىڭ ھېكايىسىدىنمۇ باتۇرلۇقنىڭ ئىزنالىرىنى تېپىش قىيىن ئىدى. ئەڭ كۆپ بولغاندا، دادامنىڭ بۇ ھېكايىنى سۆزلىشىدىكى قىسمەن سەۋەب سىياسىي ساھەگە كىرىش ئۈچۈن ئازراق دەسمايە تەييارلاش دەپ يەكۈن چىقىرىش مۇمكىن ئىدى. لېكىن، ئۇنداق قەيسەرلىكنى ھەممىلا ئادەمنىڭ ھازىرلىيالىشى مۇمكىن ئەمەس. ھۆكۈمەت بۇنى «ئەمەلىي گەپ قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىش» تەك تەلەپلەر قاتارىغا كىرگۈزەلمەيدۇ. تۈرمىگە تاشلىنىش بىردەملىكلا ئىش بولغانلىقتىن، كۆپ قىسىم كىشىلەر تېز پۈكىدۇ. ئاخىرىدا بۇنداق ھېكايىلەر چوڭ ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىغىلا قويۇلۇپ، پاكىستاننىڭ خوببىسچە سىياسىي تۇرمۇشىنىڭ قىستۇرمىسى دەپ قارىلىدۇ. جىنايەتنى ئىقرار قىلىپ بارماق بېسىشنى رەت قىلىش، پۇل تۆلەشنى رەت قىلىش دېگەندەك قارشىلىق كۆرسىتىشنى ئىپادىلەيدىغان يۇقىرى چەكتىكى ئويۇنلار باتۇرلۇق دەپ قارىلىشى مۇمكىن، لېكىن قاتناشقۇچىلار ئۇنى جىنايەتكە قارشى تۇرۇش ئەمەس، ئۆزىنى

چىنىقتۇرۇش دەپ قارايدىغان بولسا، ئۇنى تېرە تاراقشىتىش دېگەن تۇزۇك.

شۇ ئاخشىمى «مانگو پادىشاھى» مېنى ئۆزى بىلەن بىللە يېقىن ئەتراپتىكى بىر بازارغا بېرىشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ دەۋا ئىشىغا ياردەم قىلىۋاتقان مىرپۇر خاس دېگەن ئادۋوكات بىلەن كۆرۈشمەكچىكەن. قۇياش ئاخىر تەپتىدىن ياندى، نەچچە سائەتتىن ھوشسىز، سۈكۈتتە ياتقان زېمىن ھاياتى كۈچىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. قۇشلار سايراشقا، ھايۋانلارمۇ ئۇۋىسىدىن چىقىپ ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى. كېچە قاراڭغۇلۇقى ئەتراپنى ئىلكىگە ئېلىشقا باشلىدى، قۇياش تاغنىڭ كەينىگە پېتىپ كېتىۋاتاتتى.

ماشىنا «مانگو پادىشاھى» تۇرالغۇسىنىڭ دەرۋازىسىدىن چىقىۋاتقاندا، ئىلگىرى دىققەت قىلمىغان بىر قۇر خەتكە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى: قورۇق نامىنىڭ ئاستىغا «Veni, Vedi Vici» دېگەن سۆزلەر يېزىلغانىدى.

— بۇرۇن مانگولىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى ئەنگلىيەنىڭ ئايال پادىشاھىغا سېتىپ بېرەتتۇق، — دېدى «مانگو پادىشاھى» مەغرۇر قىياپەتتە.

— سىز قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىشىڭىز كېرەك ئىكەن.

— بۇنداق بولمايدۇ، — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ، — ئەمما ھازىر مۇشەررەفكە سوۋغا قىلىۋاتىمىز.

ماشىنىدا «مانگو پادىشاھى» بىلەن ئۇنىڭ ئورۇق، ئۇزۇنتۇرا كونۋويى فېئوداللىق قىساس ئېلىش توغرۇلۇق سۆزلەشتى. كونۋوي مۇھاجىر ئىدى، ئۇنى ھىندىستانلىق كۆچمەن دېيىشكىمۇ بولاتتى. بۆلۈپ ئىدارە قىلىشتىن كېيىن، ئۇ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن راجەستان ئىشتاتىدىكى جودھپۇردىن پاكىستانغا كۆچمەن بولۇپ كەلگەنىكەن. فېئوداللىق تۇرمۇش كونۋويغا ئوخشاش كىشىلەرگە ئېھتىياجلىق ئىدى. قايقارا،

تاقىر باش بۇ ئادەم سەل ـ پەل پىشقەدەم دىنىي زات سالاپىتىگە ئىگە بولۇپ، «مانگو پادىشاھى» نىڭ دادىسى تۇگەپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ سادىق مەسلىھەتچىسى بولۇپ قالغانىكەن. ئۇلار يەنە بىر فېئودالنىڭ گېپىنى قىلىشىۋاتتى. ئۇ كىشى ئۈچ يۈز ئەللىك ئىنگلىز موسى يەر ئۇچۇن، «مانگو پادىشاھى» نىڭ بىر دوستىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنىكەن. «مانگو پادىشاھى» نىڭ دېيىشىچە، باشقا پومېشچىكلار ھازىرغىچە ھېلىقى ئۆلگۈچىنىڭ ئوغلىنى دادىسىنىڭ قىساسىنى ئالالمىدى دەپ مەسخىرە قىلىدىكەن ۋە پەس كۆرىدىكەن.

— ئۇ نېمە قىلالىشى مۇمكىن؟ — دېدى «مانگو پادىشاھى» قاتتىق كۇلۇپ، — دادىسىنىڭ قاتىلى ئۆزىنى قاتتىق قوغداش ئۇچۇن بولسا كېرەك، دۆلەت ئىچىدە تۇزۇك تۇرمايدۇ. سىندىلىقلارنىڭ بىر كونا گېپى ياخشى ئېيتىلغان: «مۇھەببەت ۋە قىساسنىڭ مەڭگۇ ۋاقتى ئۆتمەيدۇ.»

— ساقچىلار ئارىلاشمىدىمۇ؟

— ئۇلارنىڭ بۇنداق ئىشلار بىلەن كارى يوق. كىشىلەر مەندىن ئۆزلىرىنىڭ قېيىنچىلىق ۋە ئائىلە ماجىرالىرىنى ھەل قىلىپ بېرىشىمنى ئۆتۈنۈشىدۇ. ئەگەر سىز پومېشچىك بولسىڭىز، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سىياسەتچى ھەم ساقچىلىقنى زىممىڭىزگە ئېلىشىڭىز كېرەك. پومېشچىكنىڭ سۆزى قانۇن، — ئۇ بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، يەر ـ زېمىنمۇ ھەقىقىي سەۋەب بولالمايدۇ، ھالقىلىق مەسىلە ھوقۇقنىڭ كىمنىڭ قولىدا بولۇشىدا.

ماڭا ئۇنىڭ گېپى تولىمۇ ئورۇنلۇق بىلىندى، يەر مەسىلىسى ھامىنى ئاخىرقى قارارنى چىقىرىدۇ، «مانگو پادىشاھى» نىڭ قۇدرىتى يەتمەيدۇ دېگەن تەقدىردىمۇ، ئاچقۇچلۇق مەسىلە يەنىلا ھوقۇق.

«مانگو پادىشاھى» نىڭ كونۇۋىيى كېيىن 1990 ـ يىلى

جـودھـپۇرغـا ئـاخـىرقـى قـېـتـىـم بـارغـانـىـكـەن. ئـۇ مـېـنـىـڭ ھـىـنـدىسـتـانـلـىق ئـىـكـەنلـىـكـىـمـنـى ئاڭـلاپ، بـىـرلا تـېـمـىـدا پاراڭلاشـماقچـى بـولـدى. ئۇ ئـۇزۇن بـويـنـىـنـى سوزۇپ، مـەنـدىـن ھـىندىسـتان بىلەن پاكىستانـنـىـڭ ئارىسـىـدا ناھايـىتى چوڭ پـەرق بار دەپ ھېس قىلـىدىغان ـ قىلمايدىغانلىقىمنى سورىدى.

ـــ پـەرق بـەك چـوڭ ئـەمـەس، ـــ دەپ جـاۋاب بـەردىـم مـەن ئەدەپلىكرەك ئىپادىدە بولۇشقا تىرىشىپ، ـــ بۇ يەردە فېئوداللىق تۈزۈم تۈسى بەكرەك قويۇق ئىكەن.

ـــ كىشىلەر قاتلىمىدىن سۆزلەپ باققان بولسىڭىز، كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا قانداق پەرق بار ئىكەن؟

ـــ يوق، ھېچقانداق ماھىيەتلىك پەرق يوق.

ـــ لېكىن، پەرق بار! ـــ دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ.

ـــ قانداق پەرق؟

ـــ پاكىستاندا كىشىلەرنىڭ كىيىدىغان كىيىمى ياخشىراق. بۇ يەر ئۇنداق نامرات ئەمەس. ھىندىستان نۇرغۇن نەرسىنى ئۆزى ياسايدۇ، ئۆزىنىڭ مـاشىنىسىمۇ بـار، بىراق «كرېيسېر» نى سېتىۋالالمايسىز. ھىندىستاندا سىزنىڭ ئىشلىتىدىغىنىڭىز ھىندىستاننىڭ يىڭنىسى، بىزنىڭ ئىشلىتىدىغىنىمىز ياپونىيەنىڭ!

ھازىر ياپونىيەنىڭ يىڭنىسىنى ھىندىستاندىمۇ سېتىۋالغىلى بولىدۇ. كـونۋوي ھـىـنـدىسـتـانـغا بارغـان چـاغدا، ئـىـقـتىسـادىـي ئىسلاھات تېخى باشلانمىغانىدى، بىراق بۇ مەسىلىنىڭ ئاچقۇچى ئەمەس ئىدى. مېنى تەئەججۈپلەندۈرگىنى شۇ بولدىكى، مەڭگۇ ئۆزىنىڭ «كرېيسېر» ماشىنىسى بولمايدىغان بۇ ئادەم بۇ نەرسىنى ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ ماھىيەتلىك پەرقى دەپ قارايدىكەن. ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان نامـراتلىق مـەن شۇ چاغقىچە كۆرگـەن ئەڭ قورقۇنچلۇق ئىش ئىدى، بىراق ئۇ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ئېسىل مـاشىنىنىڭ گېپىنى قىلىدىكەن. ئۇ كۆرۈنۈشتىكى پەرقنىلا ئىسپاتلىماقچى بولۇۋاتقاندەك، بۇنداق پەرقلەرنىڭ

نىمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقى بىلەن كارى يوقتەك قىلاتتى.
— سىزنىڭچە، يەنە قانداق پەرقلەر بار؟ — دەپ سورىدى ئۇ.
— بۇنى بىر نېمە دېمەك قىيىن، ھىندىستاندىكى ئۆزگىرىش بەك چوڭ. ھىندىستاننىڭ شىمالىي قىسمى بىلەن جەنۇبىي قىسمىنىڭ پەرقى ھىندىستاننىڭ شىمالىي قىسمى بىلەن پاكىستاننىڭ پەرقىدىن چوڭ.
كونۋوي قوللاشقا ئېرىشەلمىگەنلىكىدىن ناخۇش بولدى. ئۇنىڭ دەيدىغان يەنە بىر گېپى باردەك قىلاتتى.
— يەنە بىر پەرق، — دەپ گېپىنى باشلىدى ئۇ، — دەل بۇ يەردىكى ئەركىشىلەر ئاق كىيىملەرنى كىيىدۇ، لېكىن ئۇياقتىكى ئەر كىشىلەر ئالا - بۇلىماچ كىيىملەرنى كىيىشنى ياخشى كۆرىدۇ، يەنى ئاياللارنىڭ كىيىمىنى دەڭا.
ھىندىستانلىقلار ئاجىز، ئايال مىجەز، مۇسۇلمانلار كۈچلۈك، جەسۇر — بۇ دەل كونۋوينىڭ دېمەكچى بولغىنى ئىدى. ئۇ چىرايىدا تولۇق رازىمەنلىكىنى ئىپادىلىگەن ھالدا سۆزلىدى. ئۇ شۇ ئارقىلىق ئۆزىنى ئىسلامنىڭ پارلاق تارىخى بىلەن باغلىماقچى بولدى. ئۇ كۆزدە تۇتۇۋاتقان ئاشۇ يىللار «ئېتىقاد مەدەنىيىتى» مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان يىللار بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئارمىيەسى «مەككار ھىندى دىنى مۇخلىسلىرى» غا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتاتتى. بايا بارار يېرى يوقتەك بىلىنگەن ئىسسىق دولقۇن مۆجىزىدەكلا غايىب بولۇپ، ھاشاراتلار غوڭۇلداپ كوزۇپقا كىردى. ئەتراپىمىزدىكى زېمىن قاراڭغۇلۇققا پاتقانىدى، دالادا بىرنەچچە تال نوغۇچ چىراغ كىچىك تېرەكلەرگە ئېسىقلىق تۇراتتى.
— ئۇلار سىزنى تۇتقۇن قىلغاندا قورقتىڭىزمۇ؟ — ھېكايىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاپ باقماقچى بولۇپ «مانگو پادىشاھى» دىن سورىدىم.
— دەسلەپكى ئون بەش مىنۇتتا قورقتۇم، كېيىن ئوڭشىلىپ قالدىم، — نەچچە مىنۇتلۇق سوكۇتتىن كېيىن، «مانگو

پادىشاھى» ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى، ئاۋازىمۇ مۇلايىملاشتى، — ئۇلار: «OK، ھازىر ئاخىرقى دۇئايىڭنى قىلىۋالساڭ بولىدۇ» دېيىشتى. لېكىن، تەلىيىمگە ئۇلار مېنى ئۆلتۈرمىدى، — دېدى ئۇ خىرىلداپ كۈلۈپ.

تۆت ئايدىن كېيىن، ئۇ بىر بۇلاڭچىنىڭ قورالىنى ئوغرىلاپ، ئىككى بۇلاڭچىنى ئۆلتۈرۈپتۇ، لېكىن قورالنى كۆتۈرۈشكە، ئۈچىنچى بۇلاڭچى بۇرۇلۇپ كېلىپ قورالنى تارتىۋاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئۇنى زەنجىر بىلەن باغلاپ قويۇپتۇ.

كۆز ئالدىمدىكى قەيسەر «مانگو پادىشاھى» نىڭ شۇنچە پارچەمسىز ھالەتتە قالغانلىقىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۇچۇن قايغۇردۇم.

ئۇنىڭ ماڭا يەنە دەيدىغانلىرى باردەك بىلىندى، بىراق كونۋوي قوشۇق سالدى:

— ئېيتىڭا، سىز نېمە ئۇچۇن بىلەزۈك سالىسىز؟ — دېدى ئۇ بېغىشىمدىكى بىلەزۈكنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

— چۈنكى، بوۋام، يەنى ئاپامنىڭ دادىسى شىك، ئۇ مەندىن بۇنى سېلىۋېلىشنى تەلەپ قىلغان.

— ئاپىڭىز شىك، ئەمما سىز مۇسۇلمان؟

ئۇنىڭ چىشىغا تەگكۈم كەلمىدى، شۇڭا:

— ياق، — دېدىم مەن، — ئاپام شىك، دادام مۇسۇلمان.

— توغرا، توغرا، شۇڭا سىزمۇ مۇسۇلمان.

— مەن ھېچنېمە ئەمەس.

كونۋوي ئەڭ تۇپ مەسىلىدىن بىرىنى سورىماقچى بولدى. ئۇ يۇرۇش - تۇرۇشنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى بىلىۋالايتتى، بىراق دادام مۇسۇلمان ئىكەن، مېنىڭمۇ مەلۇم مەنىدە مۇسۇلمان ھېسابلىنىدىغان - ھېسابلانمايدىغانلىقىمنى بىلگۈسى بار ئىدى. دادام بىلەن بولغان ئالاقەم ۋە كەچۈرمىشلىرىم بۇنداق مۇجمەل مەنە ئىچىدە مەن ھازىرلىمىغان بىر خىل قايناق ھېسسىياتنىڭ بارلىقىنى ئىپادىلىگەنىدى،

شۇڭا ۋاقتى كەلگەندە چۈشەندۈرمەن دەپ ئاۋارە بولۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بۇرۇنراق ئىنكار قىلىشنى قارار قىلغانىدىم.

— سىز مۇسۇلمان ئىكەنسىز. ئەگەر دادىڭىز مۇسۇلمان بولسا، سىزمۇ مۇسۇلمان.

— بۇنداق دېيىلىدىغان بولسا، مۇسۇلمان بولۇش ئۈچۈن بىرەر ئېتىقاد كېرەك ئەمەسمۇ؟ ئەگەر مەندە ئېتىقاد بولمىسا، يەنىلا مۇسۇلمان بولىۋېرەمدىم؟

ئۇ ھارغىن ھالدا ماڭا قارىدى. ئۇنىڭ ئۇدۇللا گەپ قىلغۇسى بار ئىدى. بۇنداق سالاھىيەت ھىندىستاندىكى تائىپە تۈزۈمى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئېتىقادقا ۋارىسلىق قىلىشتىن كەلگەن، بۇنىڭغا كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئېرىشىپلا قالسا، ئاجرىغىلى بولمايتتى. مەن ھەقىقەتەن شۇنى ھېس قىلدىمكى، ئۇنىڭ نەزىرىدە مۇسۇلمانلار ھىندىستاندىن ئىبارەت غەيرىي مۇسۇلمان دۆلىتىدىن ئايرىمچە تۇرىدىكەن، بۇنداق پەرق ھەمدە ئۇنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى مۇقەددەسلىككە ئىگە ئىكەن؛ ئەگەر بۇنداق ئوي - پىكىرنى چۈشىنەلىسەم، ئۇنىڭغا ئوخشاش مۇسۇلمان بولالايدىكەنمەن.

— بۇنى ئۆزى بەلگىلىشى كېرەك؟ — دېدى «مانگو پادىشاھى» كۈلۈپ.

كۆڭلى بىئارام بولغان كونۋوي ئۇندىمەي جىم تۇردى.

— ھىندىستاننىڭ ھاۋاسى پاكىستاننىڭكىدىن ئىسسىق، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ — ئۇ يەنە ئېغىز ئاچتى.

«مانگو پادىشاھى» غەزەپ بىلەن ئىڭراپ قويدى.

— ياق، ئوخشاش! — دېدىم مەن، — سىزنىڭ نەزىرىڭىزدىكى پەرقلەر چەكتىن ئېشىپ كېتىپتۇ.

ئۇ مېھماننىڭ رەنجىگەنلىكىنى سەزدى بولغاي:

— شىكلارنىڭ گەپ قىلغاندىكى تەلەپپۇزى بەك يېقىملىق، — دېدى.

— ئۇلارنىڭ گەپ قىلىشى بىزنىڭكى بىلەن ئوخشاش! —

«مانگو پادىشاھى» ئۇنىڭ كېيىنى ئۇزۇۋەتتى. كونىۋوي قاتتىق ئاغرىقتىن ئازابلانغاندەك ئىپادىدە تۇگۇلۇپ قالدى.

پاكىستاننىڭ ئىقتىسادىي ئەۋزەللىكى، مۇسۇلمان ئەرلەرنىڭ ئەركەكلىك جاسارىتى، «كرىپىسپر»، ياپونىيەدە ئىشلەنگەن يىڭنە، ھەتتا تەسەۋۋۇردىكى ھاۋا دېگەندەك ئۇششاق - چۈششەك كۇندىلىك ئالامەتلەر بىر يەرگە جۇغلىنىپ، ھىندىستانغا قارىتىلغان بىر خىل تىپخىمۇ كۈچلۈك چەتكە قېقىشنى شەكىللەندۈرگەن، شۇنداقلا كونىۋوينىڭ پاكىستانغا كۆچمەن بولۇپ كەلگەنلىكىنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرغانىدى. «مانگو پادىشاھى» كونىۋوينىڭ ئىككىنچى خىل تەسىراتىنى ھېس قىلالمايتتى. ئۇنىڭ جەمەتى مۇشۇ يەرلىك، ئۇنىڭ ھەرقانداق باشقىچە پىكرى بار دېگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ ھىندىستان ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيەسىنىڭ كەملىكى مۇكەممەللەشكەن جەمئىيەتتە قاتلام ئۆزۈكچىلىكى پەيدا قىلغانلىقىغا ئىشىنەتتى. مەن پاكىستانلىق بىر كىچىك ئاپامنىڭ ھېكايىسىنى ئېسىمگە ئالدىم: ئۇ بالا ۋاقتىدا مۇسۇلمانلارنىڭ ھىندىستاندىن كۆچمەن بولۇپ كېلىش دولقۇنىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىكەن. شۇ چاغدا ئۇ: «ئوھوي، قاراڭلار، پاكىستانلىقلار كەلدى!» دېگەنىكەن. «مانگو پادىشاھى» بىلەن ئۇنىڭ كونىۋويى ئوخشىمايتتى، ئۇ تېخىمۇ كەڭ مۇسۇلمانلار دۆلىتىنى ئىزدەش ئۈچۈن كۆچۈپ كەلمىگەن، ئاتمىش يىلدىن كېيىنمۇ يەنىلا ئۆزىگە كۆچمەنلىك سالاھىيىتى بىلەن قارىمايتتى.

كىچىك بازارنىڭ يولىدا كېتىۋاتقىنىمىزدا، «مانگو پادىشاھى» ماڭا ھېلىقى زوكۇنلىششىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈردى. بۇ بىر مۇرەككەپ دەۋا بولۇپ، پاكىستان ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئەنگلىيە قانۇنى ئۇنىڭ جەمەتىدىكى فېئوداللىق قائىدىلەر بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغانىكەن. «مانگو پادىشاھى» نىڭ كىچىك ئاپىلىرى كىچىك بىر پارچە زېمىنغا مىراسخورلۇق قىلغانىكەن، بىراق ئۇلار «مانگو پادىشاھى» نى بۇ زېمىنغا مىراسخور قىلماقچىكەن،

نەتىجىدە بىرنەچچە نەۋرە تۇغقىنىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپتۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ بىلەن نەۋرە تۇغقانلىرى قوراللىق تۇتۇشۇپمۇ قاپتۇ. بىر قاتار ساختا ئېلىپ - سېتىشلار ئارقىلىق، زېمىن ئاخىر ۋاستىلىك ھالدا «مانگو پادىشاھى» نىڭ قولىغا چۈشۈپتۇ. نەۋرە تۇغقانلىرى بۇ ساختا سودا سەۋەبىدىن دەۋاغا چۈشۈپتۇ. «مانگو پادىشاھى» ئامال تېپىپ مۇشكۈل ئەھۋالدىن قۇتۇلماقچىكەن.

بازار ئاي نۇرىغا چۈمگەندى، بىز كىرگەن مەھەللىدە كونا پاسوندىكى نۇرغۇن ئىمارەت بار بولۇپ، تاملىرى ھاك بىلەن ئاقارتىلغانىدى، يولنى كوچا چىراغلىرى يورۇتۇپ تۇراتتى. ئادۋوكات ئىشخانىسىنىڭ سىرتىدا ئۈستى ئوچۇق ئېرىق، ئېرىق بويىدا ناھايىتى چوڭ پىكۇس دەرىخى بار ئىدى، يەرنى مەھكەم قاماللىغان يىلتىزلىرى كوچا ۋە ئىمارەتلەرنىڭ ئۇلىغا يىرتقۇچلاردەك خىرىس قىلاتتى. پىكۇس دەرىخىنىڭ يوپۇرماق سېپى ئۇزۇن، يوپۇرماقلىرى يېسسى، ئۇچى ئۇچلۇق بولۇپ، مەيىن شامالدا كۈمۈش ياپراقچىلاردەك تەۋرىنىپ شىلدىرلايتتى. دەرەخ ئاستىدا بىر ئەر كىشى ئۇششاق يېمەكلىك سېتىۋاتاتتى، چوڭ قازاندا ماي پورۇقلاپ قايناۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىگە چېلىشىش مۇسابىقىسىنىڭ رەڭلىك ئېلانى چاپلاپ قويۇلغانىدى. بىر ئوت ئۆچۈرۈش ماشىنىسى ئادۋوكاتنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىش ئېغىزىنى توسۇۋالغانىدى. قىزىل رەڭلىك بۇ ماشىنىغا ئاق رەڭ بىلەن ئوردۇچە خەتلەر يېزىلغانىدى.

سۇس يېشىل رەڭلىك ئىشخانىدا ئولتۇرغان كىشى كىچىك بازاردىكى ئادۋوكات تەسۋىرلەنگەن ھەجۋىي رەسىمدىكى پېرسوناژغا ئوخشايتتى. بۇ دىقماق ئادەمنىڭ كۈلكىگە تولۇپ تۇرغان يۈزىدە زىنىخ ۋە تاتۇقلىرى بار ئىدى، مايلىشىپ تۇرىدىغان چاچلىرى بويالغانىدى. ئۇ كۈلگەندە كۆزلىرى يوقاپلا كېتەتتى، يۈزى ۋە بوينىدا سۇس مەڭلەر بار ئىدى. ئىشخانىدا قارا رەڭلىك ھۆججەت سومكىسى، ئۈستىگە ئەينەك قويۇلغان

ئۇستەل، يېشىل رەڭلىك مېتال ھۆججەت ئىشكاپى ۋە «پاكىستان قانۇنىي كېسىملىرى» ئارخىپلىرى بىلەن تولغان كىتاب ئىشكاپى بار ئىدى.

دېلونىڭ جەريانىنى ئاللىقاچان چۈشىنىپ بولغان ئادۋوكات بىزگە چاي ۋە ئىچىملىك كەلتۈرگەندىن كېيىن، دەرھال رەسمىي تېمىدىن سۆز ئاچتى:

— سىزگە ئىككى خىل تاللاش بار، بىرى، ھەقىقىي ئەھۋالنى سۆزلەش، يەنە بىرى... مەن ئاڭلىدىم، ئەپەندى، — ئۇ مەككارلىق بىلەن كۈلۈمسىرىدى، — يالغان سۆزلىسىڭىز، ئىش بەك قىيىنغا چۈشىدۇ.

«مانگو پادىشاھى» ئۇنىڭغا جىددىي تەرزدە قارىدى.

— ياق، بۇنداق ئىش يوق.

— يەنە بىر خىل ئەھۋال شۇكى، بىز راست سۆزلىشىمىز كېرەك، — ئادۋوكات بېشىنى ئەلەملىك چايقىدى، ئۇ قانۇنسىز ۋاستە بىلەن «مانگو پادىشاھى» غا ئالاھىدە خۇشاللىق ئاتا قىلماقچى بولغاندەك قىلاتتى.

— راست ياكى يالغان گەپ بولۇشى بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن، — دېدى «مانگو پادىشاھى»، — بىزگە پايدىلىق ئىشنىلا قىلىڭ.

ئادۋوكات ئېڭىشىپ تەزىم قىلىپ كۈلدى:

— ئىككى ئايال تەربىيە ئالغانمۇ؟

— ھەئە، ئازراق تەربىيە ئالغان.

— ئىنگلىزچە سۆزلەشنى بىلەمدۇ؟

— بىلىدۇ.

ئادۋوكات ئەندىشە قىلغان قىياپەتتە كىرىۋېلىپ، ئەپسۇسلانغان ھالدا بېشىنى چايقىدى.

— بۇنىڭ نېمە پەرقى؟ — دەپ ھۆركىرىدى «مانگو پادىشاھى».

— چۈنكى، بىز بۇ سودىنى يالغان دېيەلەيمىز، — ئادۋوكات

تۇيۇقسىز تېز - تېز سۆزلەشكە باشلىدى، — ئايااللار ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ. بىز ئۇلار ھۆججەتكە ئىمزا قويغاندا ئۇنىڭ مەزمۇنىنى بىلمەيتتى دەپ چۈشەندۈرەلەيمىز.

— لېكىن، بۇنداق قىلىدىغان بولساق، ئاخىرىدا ئالدامچىغا ئايلىنىپ قالىدىغىنى مەن بولمامدىمەن؟

— ياق، ياق، — ئادۋوكات يەنە ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، ئۇنى خاتىرجەم قىلماقچى بولدى، — سىز ئەينى چاغدا نەق مەيداندا يوق. بىز ئاياللار ئەزەلدىن يەر سېتىپ باقمىغان دېسەك بولىدۇ. ئۇلار بىر تىيىنمۇ پۇل ئېلىپ باقمىغان.

— لېكىن، بۇنداق قىلسىڭىز، مېنى ئالدامچىغا ئايلاندۇرۇپ قويىسىز.

— ئالدىرىماڭ، — ئادۋوكاتنىڭ جاۋىغىيىدا قۇۋلۇق ئالامىتى ئويناپ تۇرغان تەبەسسۇم پەيدا بولدى، — بۇ ئاياللار ئۈچۈن تەييارلانغان ئاقلاش سۆزى، سوت قوبۇل قىلىدۇ. بىزنىڭمۇ ئاقلاش سۆزىمىز بار، بىراق يالغان سۆزلىشىمىز كېرەك.

— يالغان سۆزلەش - سۆزلىمەسلىك بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن، — «مانگو پادىشاھى» ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋەتتى، — پەقەت بىزگە پايدىلىق بولسىلا بولدى.

— مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىمنى چۈشەندىڭىزمۇ؟ ئاياللار بۇ ئاقلاش سۆزى ئارقىلىق بىزنى قوللىسا بولىدۇ. بىز ئاياللارنى بۇ ئىشتىن قىلچە خەۋىرى يوق، ئۇلار خاتا يېتەكلەنگەن دېسەك بولىدۇ، — دېدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بىز دەسلەپ بۇرۇن ئاياللار بىلەن ئوبدان سۆزلىشىۋېلىپ تەييارلىق قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. مېنىڭچە، بۇنداق بىر تەرەپ قىلىش ياخشىراق، ھەقىقىي ئەھۋال ئاملى تېخىمۇ كۆپرەك بولىدۇ.

— ھەقىقىي ئەھۋال بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن...

— ياق، ئۇنداق ئەمەس. بىر يالغان گەپ يەنە بىر يالغان گەپنىڭ چىقىشىغا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. ئىنتايىن ئەقىللىك

كىشى بولغان تەقدىردىمۇ، چاندۇرۇپ قويۇشى تۇرغان گەپ.
— لېكىن، قارشى تەرەپمۇ يالغان گەپ قىلىۋاتىدۇ.
قارىغاندا، «مانگو پادىشاھى» مۇ ماڭا ئوخشاشلا گاڭگىراپ قالغاندەك قىلاتتى.
— سودىيەمۇ پارا ئالامدۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ، — بىز ئۇنىڭغا پارا بەرسەك بولامدۇ؟
— بەزى دېلولاردا ئالىدۇ، بەزى دېلولاردا قوبۇل قىلمايدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ئادۋوكات خۇددى ھۆكۈمەتنىڭ ھۆججىتىنى جاكارلاۋاتقاندەك، — لېكىن يەنە بىر تەرەپمۇ پارا بېرىشى مۇمكىن، شۇڭا پايدىسى يوق.
— شۇنداق، بىراق ئۇلارنىڭ سودىيەگە پارا بېرىشكە ئىمكان بېرىشكە بولمايدۇ، ئاندىن بۇ ئىشنى شۇنىڭ بىلەن تۈگىتىش كېرەك. مەيلى قانداقلا بولسۇن، سىز بايا دېگەنلىرىڭىزنى بىرقەدەر ياخشى لايىھە دەپ قارامسىز؟
— توغرا، چۈنكى ئاياللار راست گەپ قىلسا بولىدۇ.
— راست گەپ بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن! — دەپ غەزەپلىنىپ ھۆركىرىدى «مانگو پادىشاھى»، — ماڭا پەقەت بىزگە پايدىلىق چارە كېرەك.
ئادۋوكات قوشۇمىسىنى تۈردى، ئەمما چىرايىدا كۈلكە ئويناپ تۇراتتى. لېكىن، مەن ئۇنىڭ ھازىر قىزىقىدىغىنى پەقەت ھەقىقىي ئەھۋاللا ئىكەنلىكىنى بىلدىم، چۈنكى بۇنداق بولغاندا ھېلىقى بىرنەچچە موماي ئانچە ـ مۇنچە ئاددىيراق ھېكايىنى تەييارلىۋالالايتتى.
— توغرا، شۇنداق، — دېدى ئۇ، — بۇنداق دېيىلسە ئاسانراق ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ.
— بولىدۇ، — دېدى «مانگو پادىشاھى» بېشىنى لىڭشىتىپ.
كونۋوي بىر تەرەپتە ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان پارىڭىنى ئىشتىياق بىلەن ئاڭلاۋاتاتتى.
— ئۇنچە كۆپ ئىش بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن، بۇ دېلونى

ئارقىغا سۆرەش كېرەك. ۋاقتى كەلگەندە سىزمۇ قىرىپ بولىسىز، — دېدى ئۇ.

— بىز ئۇلارغا كالتەك - توقماقنىڭ تەمىنى ئانچە - مۇنچە تېتىتىپ قويساق بولامدۇ؟ — دېدى «مانگو پادىشاھى»، ئۇنىڭ دېمەكچى بولغىنى ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ قويۇش ئىدى.

ئادۋوكات گەپ قىلماي كۈلۈپ تۇرۇۋالدى.

— دېلو ھەققىدە داۋاملىق نارازىلىق ئەرزى سۇنۇشنى، — دېدى كونۋوي، — ئاز دېگەندە ئون يىلغا سوزۇش كېرەك.

— ئەگەر يىگىرمە يىلغا سوزساق، — دېدى «مانگو پادىشاھى»، — سوت يەنە ئۇلارنى دەۋادا ئۇتتى دەپ ھۆكۈم قىلسا، ئۇلار بۇ بىر پارچە يەرنى قانداق تارتىۋېلىشى مۇمكىن؟

— ساقچىلار سوتنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن ئارىلىشىدۇ، — دېدى ئادۋوكات ئۆزىگە پايدىلىق تۈزۈمنى قوغداپ.

— ئەگەر مەن قارشىلىق كۆرسەتسەمچۇ؟ — دەپ سورىدى «مانگو پادىشاھى» ئادۋوكاتقا تەھدىت سالماقچى بولۇۋاتقاندەك.

— سىز دەۋاغا قالىسىز، جىنايى ئىشلار بويىچە شىكايەت قىلىنىسىز.

— بۇ بىر پارچە زېمىننى ئاپامنىڭ نامىغا ئالغىلى بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى «مانگو پادىشاھى»، ئارقىدىن ئانىسىنىڭ گېرمانىيە پۇقراسى ئىكەنلىكىنى، شۇ تۈپەيلى باشقا مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتتى.

— سىز نېمىشقا توي قىلمايسىز؟ — دېدى ئادۋوكات تەكلىپ بېرىۋاتقاندەك.

— مەن ئۆزۈمگە لايىق كېلىدىغان قىزنى تېپىشىم كېرەك، — دېدى «مانگو پادىشاھى» قاقاھلاپ كۈلۈپ، — ئاندىن توي قىلىشىم مۇمكىن.

بىز ئورنىمىزدىن تۇرۇپ خوشلاشتۇق، ئادۋوكاتمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا بىزگە تەزىم قىلدى.

ئىشىكتىن چىققاندا، «مانگو پادىشاھى» تاماكا تۇتاشتۇردى. ئۇ ماڭا بۇرۇلۇپ قاراپ، ئەلەم بىلەن:

— قارغىش تەگكۇر فېئودال جەمەت ماجىراسى، — دېدى.

ئۇ سەل ئۇمىدسىزلەنگەندەك، غېرىبسىنىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى.

قايتىپ كېلىۋاتقىنىمىزدا، كونۋوي ئۇنىڭغا توي قىلىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلماقچى بولدى. ئۇ توي قىلسا، پۇل ـ پۇچەكلىرىنى كۆپەيتەلەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— ئەگەر بىز دەۋادا ئۇتتۇرۇپ قويساق، ئۇلار قانچىلىك ۋاقىتتا بۇ پارچە يەرنى قولىغا ئالالايدۇ؟ — «مانگو پادىشاھى» كۆڭلىدىكى گەپنى ئېيتتى.

— بىز دېلونى بىر دەرىجە يۇقىرى سوتقا سۇنىمىز، — دېدى كونۋوي ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ.

— ئەگەر بىر دەرىجە يۇقىرى سوتتىمۇ ئۇتتۇرۇپ قويساقچۇ؟

— ئۇلار بۇ بىر پارچە يەرنى تارتىۋالالايدۇ، ئەمما بىز سەۋەب تېپىپ يەنە تۆۋەن قاتلامدىكى سوتقا دەۋا قىلىپ بارىمىز. بىر ئۆمۈر مۇشۇنداق ئۆتىمىز، ئىش يەنىلا ھەل بولمايدۇ. سىزگە مەلۇم، سىز ئەزەلدىن قانۇنغا خىلاپ ئىش قىلىپ باقمىغان. قانۇنغا خىلاپلىق قىلمىسىڭىزلا، ئاللا سىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ.

— ئۇلار تۇرلۇك ئاماللارنى ئىشقا سېلىپ مېنى تىمىز پۇكتۇرمەكچى، — دېدى «مانگو پادىشاھى».

— سىز تېززەك توي قىلىۋالسىڭىز ياخشى بولاتتى، — دېدى كونۋوي «مانگو پادىشاھى» نىڭ كۆڭلىدە پەيدا بولۇۋاتقان چۈشكۈنلۈكنى تۈگەتمەكچى بولۇپ، — توي قىلسىڭىز، سىزنىڭ خوتۇنىڭىز ۋە ۋارىسىڭىز بولىدۇ، ئاز دېگەندىمۇ قارشى تەرەپ يەنە «ھەممىسى مېنىڭ» دېيەلمەيدۇ. سىزنىڭ كۈچىڭىزمۇ زور دەرىجىدە كۈچىيىدۇ.

«كۆچ» بىر ئورۇنلۇق سۆز: «مانگو پادىشاھى» نىڭ ئەتراپىدىكى ھەممە نەرسە كۆچى بولغانلىقتىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى. ھۆكۈمەت ئىشەنچلىك بولمىغانلىقتىن، ھەرقايسى جايلارغا تارقالغان ئىپتىدائىي ھوقۇقلار بىردىنبىر ئۈمىد بولۇپ قالغاندى.

— ئاۋۋال مۇۋاپىق ئادەمنى تاپايلى، ئاندىن تويىڭىزنى قىلايلى. توغرا دېدىممۇ؟ — دەپ سورىدى كونۋوي مەندىن.

— توغرا، — دېدىم مەن.

— كىشىلەر مېنىڭ تۇرالغۇمدىن قورقىدۇ، — دېدى «مانگو پادىشاھى»، — قىزبالىلارنىڭ ھەممىسى ئايلىنىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ.

— نېمە ئۈچۈن؟

— سىز مېنىڭ كاراچىدىكى سۇ ئۈزۈش كۆلچىكىمنى بىلەمسىز؟

— بىلىمەن، — مەن تېخى ئۇنى كۆلچەكنىڭ سۈيىنى ئالماشتۇرۇۋاتىمىز دېمەكچى ئوخشايدۇ دەپ قاپتىمەن.

— مۇنداق ئىش، مەن بىر ئۆلتۈرۈش قىلغان، — دېدى ئۇ، — كۆلچەكتە بىر ئادەم ئۆلۈپ قالدى. نەۋرە تۇغقانلىرىم مېنى ساقچىلار ۋە ئۆلگۈچىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە پۇل سۇغۇتتى دېيىشتى. سىز تەسەۋۋۇر قىلالامسىز؟ ئۆلتۈرۈش قىلغانمىدىم، نەتىجىدە سۇ ئۈزۈش كۆلچىكىدە ئادەم ئۆلۈپ قالدى، راستىلا قورقۇنچلۇق. ئۇلار بۇ ئىشنى مېنىڭ فېئودال بولغانلىقىمدىن دېيىشتى. مېنىڭچە، ئۇ ئادەم زەھەر چەككەن بولۇشى ياكى باشقا سەۋەبتىن ئۆلگەن بولۇشى مۇمكىن.

※ ※ ※

شۇ ئاخشىمى «مانگو پادىشاھى» ئىككىمىز ئۇنىڭ بالكونىدا ئولتۇرۇپ ۋىسكى ئىچكەچ پاراڭلاشتۇق. مەن بەزىدە ئۇنىڭ دەرد ـ ئەلەملىرىنى ھېس قىلالايدىغان بولساممۇ، بىراق ئۇنىڭ

دۇنياسىنى چۈشەنمەيتتىم، ئىلگىرى ئاسارەت كۆرمىگەن ئادەم بۇ دۇنيانى چۈشىنىشكە ئامالسىز ئىدى، بۇ دۇنيا يەككە ـ يېگانە ئىدى. «مانگو پادىشاھى» ھەممە نەرسىنىڭ ئۆزگەرمەيدىغانلىقى، فېئودالىزمنىڭ يەنە داۋاملىشىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ يەنە 1947 ـ يىلى ھىندىستاننىڭ ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيەسى بۇ يەردىن ئايرىلغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ، ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە فېئوداللىق ھىندىستاننى ئۆزگەرتكەن ھالقىلىق سەۋەب، بىراق پاكىستان پۇرسەتتىن مەھرۇم قالدى، دەپ كۆرسەتتى.

ئىككى دۆلەتنىڭ ئۆزى خالىغان يولغا مېڭىشى باشقا سەۋەبتىن ئەمەس، بەلكى ھىندىستان ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيەسىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە كۈچ ـ قۇدرىتىدىن بولغانىدى. ھىندىستان ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيەسىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى كونا فېئوداللىق تۈزۈلمىنى پاچاقلىۋەتكەنىدى. سىندتا ساپ ھىندى مۇسۇلمانلىرى ئىشتاتىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن تۆلەنگەن بەدەل سىندتىكى ھىندىستان ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيەسىنىڭ مۇقەررەر ئايرىلىشى بولدى. بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەن مۇھاجىرلار توپى بۇ يەرنىڭ ئىجتىمائىي سىستېمىسىنى ھەرگىز ئۆزگەرتەلمەيتتى. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بۇ بىر توپ كىشى ئىسلام دىنى بىلەن ھىندى دىنى ئايرىلىشىپ كەتكەن ئۇنداق كۆپ مەنبەلىك جەمئىيەتنى يارىتالمايتتى. بۇلاردىن سىرت، ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە كەم بولغانلىقتىن، 1947 ـ يىلىدىن بۇيان، سىندتا ئاساسەن ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولماي، فېئوداللىق تۈزۈم يەنىلا مەۋجۇت بولۇپلا قالماستىن، يەنە نۇرغۇن باشقا ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقتى، مەسىلەن، قانۇن ـ تۈزۈمنىڭ كەمتۈكلۈكى، بۆلۈنمىچىلىك، شەھەر ـ بازارلار بىلەن دۆلەت ئايرىلىپ تۇرۇش، ئەقىل خەزىنىسىنىڭ دوكلاتىدا تەسۋىرلەنگەندەك بۇ يەردە «بۆلۈنگەن سەرخىللار توپى» پەيدا بولۇش دېگەندەك. ھەتتا «مانگو پادىشاھى» دەك كىشىلەردىمۇ خەتەرلىك تۇيغۇسى بار ئىدى. بۇ بىر چاك ـ چېكىدىن بۆسۈلۈپ كەتكەن جەمئىيەت ئىدى.

كونۇوي بالكوننىڭ بوْلوْگىدا تىنچ ئولتۇراتتى، تۇيۇقسىز مەككارلارچە ھىجىيىپ، ماڭا ئۆزىنىڭ بىر راجپۇت ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. بۇمۇ ھىندىستاننىڭ تائىپە تۇزۇمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئېنىق ئېيتقاندا، ئۇ يۇقىرى قاتلامدىكى تائىپە تۇزۇمىنى كۆرسىتەتتى. پاكىستاندا تائىپە تۇزۇمى كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ئىسلام دىنىدىنمۇ چوڭقۇرراق ئورۇن ئالغانىدى. لېكىن، كونۋوي ئۆزىنىڭ تائىپە تۇزۇمى ھەققىدە سۆزلەۋاتقانلىقىنى تونۇپ يەتمىگەنىدى. مەن ئۇنىڭغا ئىسلام دىنىنىڭ باراۋەرلىككە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقى، تائىپە قارىشىنى چەكلەيدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرگىنىمدە، تۇيۇقسىز سەگەكلىشىپ، بۇنىڭ ياخشى ئائىلە بىلەن يامان ئائىلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. «مانگو پادىشاھى» بۇنى قەبىلە تۇزۇمى دەپ قارىدى، بىراق بۇ ھەقىقەتەن تائىپە تۇزۇمى ئىدى.

— ئەگەر سىلەردە راجپۇت بار بولسا، ئۇنداقتا choodas مۇ بار دېگەن گەپ، — مەن «تۆۋەن قاتلاملىق تائىپە» نى كۆرسىتىدىغان سەلبىي مەنىلىك سۆزنى ئىشلەتتىم. كاسابلانكىدىكى ھېلىقى كەچتە، بىر نەۋرە ئاچام مۇشۇنداق ئىشلەتكەنىدى.

— ئەلۋەتتە choodas بار، — دەپ جاۋاب بەردى كونۋوي.

— سىز قىزىڭىزنى بىر choodas قا ياتلىق قىلىشىڭىز مۇمكىنمۇ؟

مۇمكىن ئەمەس.

— ئۇ مۇسۇلمان بولغان تەقدىردىمۇ؟

— ئۇ مۇسۇلمان بولغان تەقدىردىمۇ.

بىر تەرەپتىن، پاكىستاننىڭ مەۋجۇتلۇقى ھىندىستاننى چەتكە قېقىش ئاساسىدا بەرپا بولغان، يەنە بىر تەرەپتىن، ھىندىستان پاكىستانلىقلارنىڭ چوڭقۇر قاتلامدىكى تەۋەلىك مۇناسىۋىتىدە توسۇۋالغىلى بولمايدىغان تەسىرگە ئىگە. بىراق، پاكىستانلىقلار بەزىدە بۇ تەسىرنى زادىلا تونۇپ يېتەلمەيدۇ.

پاكىستاننىڭ بۇنداق بىر دۆلەتكە ئايلىنىپ قېلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۆتمۈشتە مەۋجۇت بولغان ھەممە نەرسە داۋاملىق مەۋجۇت بولماقتا، بەزىدە ساقلانغىلى بولمايدىغان ئۆزگىرىشلەر پەيدا قىلغان ئۇپۇرۇتۇشلارغىمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇ دۆلەتنىڭ يىلتىزلىرى خۇددى قورقۇنچلۇق تۇرۇبا يولى تورىغا ئوخشاش، سىز ئۇنىڭ نىمە ئۈچۈن شەكىلدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقى، نىمە ئۈچۈن نەچچە ئەسىردىن كېيىنمۇ، كونىۋوي يەنىلا ئۆزىنى بىر راجپۇت دەپ قارايدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى زادىلا تەكشۈرۈپ ئېنىقلىيالمايسىز. مېنىڭ ئىككى تەرەپ بىلەن چوڭقۇر مۇناسىۋىتىم بار، ئىككىسىنىڭ ئورتاقلىقلىرىنى كۆرەلەيدىغان بولسامۇ، بىراق بۇ ئورتاقلىقلار ئېتىبارغا ئېرىشەلمىدى: بىز ئىككىسىنىڭ پەرقى توغرۇلۇق سۆزلىشىۋاتاتتۇق. سىز شۇنى تەسەۋۋۇر قىلىشىڭىز مۇمكىنكى، كەلگۈسى كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بۇ دۆلەتتىكى ھەممە نەرسىنىڭ مەنبەسىنى بىلىدىغان ئادەم قالمايدۇ.

مەن ئۇخلاشقا تەييارلىق قىلىشتىن بۇرۇن، «مانگو پادىشاھى» ئاخىر تۈتقۇن قىلىنغانلىقى ھەققىدىكى ھېكايىنىڭ ئاخىرىنى سۆزلەپ تۈگەتتى.

— ئۇلار سىزگە زىيانكەشلىك قىلغاندا قورقتىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

— ئىككى قېتىم قورقتۇم، — دېدى ئۇ، — بىرىنچى قېتىم قېچىشقا ئۇرۇنغاندا، ئىككىنچى قېتىم دادام ئۇلارنى تىللىغاندا، ئۇلارنىڭ: «بىز ئۇنىڭ جەسىتىنى كۆمۈۋېتەيلىمۇ ياكى دەرياغا تاشلىۋېتەيلىمۇ؟» دېيىشكەنلىكىنى ئاڭلاپ قالدىم. شۇ چاغدا ئۆز-ئۆزۈمگە: «تېخى ھايات ئىكەنمەن» دېدىم. ئاشۇ چاغ بەك قورقۇنچلۇق ئىدى.

ئاخىر ئالتە ئاي ئۆتكەندە، بۇلاڭچى باندىتلار ئۇنىڭغا بىر تال ئاپتوبۇس بېلىتىنى بېرىپ، سىندنىڭ سۇككۇر شەھىرىدە قويۇۋېتىپتۇ. ئۇ شۇ يەردىن يولغا چىقىپ دادىسىنىڭ

ھەيدەرئابادتىكى ئۆيىنى تېپىپتۇ. ئۇ چاچلىرى ئۆسۈپ كەتكەن ھالەتتە ئۆيىگە كەلگەندە، ئىشىك باقار تونۇيالماي قاپتۇ. «مانگو پادىشاھى» دادىسىنىڭ بىر تىيىنمۇ قايتۇرۇۋېلىش پۇلى تاپشۇرمىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كىشىلەر كەنتتە ئۇسسۇل ئويناپ تەبرىكلىشىپتۇ. ئۇ پاسپورتقا ئىشلىتىدىغان بىر پارچە سۈرەتكە چۈشۈپتۇ، دۇكاندىكى بولكىچى ئۇنىڭغا تورت پىشۇرۇپ بېرىپتۇ. ئاردىن يىگىرمە يىل ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ بۇلارنى يەنىلا ئۇششاق تەپسىلاتلىرىغىچە ئېسىدە ساقلىغانىدى. ۋىسكى ئۆزىنىڭ كۈچىنى كۆرسىتىشكە باشلىغۇدى، «مانگو پادىشاھى» نىڭ كۆزلىرى خىرەلىشىپ، ھەقىقىي كەيپىياتى ئاشكارىلاندى. ئۇنىڭ پاسپورت سۈرىتىگە چۈشۈشى ئانىسىنى كۆرگىلى گېرمانىيەگە بېرىش ئۈچۈن بولۇپ، بۇ ئون تۆت يىلدىن بۇيان تۇنجى قېتىملىقى ئىكەن. ئانىسىدىن ئايرىلىش «مانگو پادىشاھى» نىڭ باشقا بىر كىشىلىك ھايات مەخپىيىتى ئىدى، بىراق مەن بۇنىڭ چوقۇم ھەممىنى بىلىپ تۇرىدىغان دادىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

ئەتىسى ئەتىگەندە، مەن «مانگو پادىشاھى» نىڭ زېمىنىدىن ئايرىلىپ ھەيدەرئابادقا قاراپ يولغا چىقتىم. ئىشىكتىن چىقىدىغان چاغدا، ئۇ تېخى ئورنىدىن تۇرمىغانىدى. بۇ بىر كۈن ئىچىدىكى شۇنچە بالدۇر ۋاقىت بولسىمۇ، كۆكىرىپ كەتكەن نەرسىنىڭ پۇرىقى تارقىلىۋاتقان كىچىك ئۆيگىمۇ ئىسسىقلىق يېغىلغانىدى.

# فوتو سۈرەت بېسىش قەغىزى

دادام بىلەن تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەندە ئاشۇ مەسىلىلەرنى سورىسام، مېنىڭ دۇنيانى ئارقىمۇئارقا ئۆلىۋېلىشىمغا ياردەم بېرىشى مۇمكىن دەپ ئويلىغانىدىم. مەن 1982 ـ يىلىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، دادام ئاپامدىن ئايرىلغان چاغدىكى دۇنيا بىلەن مەن دادام بىلەن كۆرۈشكەن چاغدىكى دۇنيانى ئۆلاپ، ئىزدەپ تاپقان بارلىق ئەسلىمىلەردىن پايدىلىنىپ بۇ ھاكنى تىندۇرماقچى بولغانىدىم. مەن ئىككى دۆلەتتىكى ئىككى ئائىلە ئارىسىدا داۋاملىق بېرىپ ـ كېلىشكە تەييارلىنىپ بولغانىدىم. لېكىن، بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ ئىلگىرى بىرلىككە كەلگەن دۆلەت بولغانلىقىنى بىلگەنگە ئوخشاش، ئۆلارنىڭ يەنە بىر تەرەپتە يېڭى تۇرمۇشنى باشلىغانلىقىنى بىلىشىمنىڭ روھىي ھالىتىمگە نىسبەتەن ياردىمى تېگەتتى. بۇ خۇددى بىر فوتو سۈرەت بېسىش قەغىزىنى يەنە بىر قەغەزنىڭ ئۈستىگە چاپلىغاندەك ئىش ئىدى. ھەربىر پارچە قەغەزدە قىسمەن نۇسخىلار بار بولۇپ، ئۇلارنى دەستىلىسە مۇكەممەل رەسىمنى ھاسىل قىلغىلى بولاتتى. مەن پىششىق بىلىدىغان ئاشۇ دۇنيا ئارقىلىق ئەمدىلا تاپقان يېڭى دۇنيانى تىنچلاندۇرماقچى بولغانىدىم.

گەرچە بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىزدە ياخشىلىنىش بولغىنى بىلەن، دادام ئاۋۋالقىدەكلا ئىككى دۇنيانى ئۇلاش يولىدىكى تىرىشچانلىقىمنى چەكلەۋاتقاندەك قىلاتتى. تۇنجى قېتىم يوقلاپ بارغىنىمدىن كېيىن نەچچە ھەپتە ئۆتكەندە، دادام مېنى ئۆيىگە بېرىپ تۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى، ئىككىنچى قېتىم بارغىنىمدا، ئىككىمىز ئوبدانلا يېقىنلىشىپ قالغانىدۇق. قاچان ئاپام بىلەن

تونۇشقانلىقىنى سورىغانىدىم، ئۇ: «تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەندە مەندىن سورايدىغان سوئالىڭ بار - يوقلۇقىنى سورىغانىدىم» دېدى.

بىر قېتىم ئۇ مۇتازا بۇتتونىڭ ئايروپىلانىنىڭ بۇلانغانلىقىنى ھەمدە شۇ قېتىمقى ۋەقەدە ئۆزىنىڭ BBC دا ئوبزور ئېلان قىلغانلىقىنى تىلغا ئالدى. ئاشۇ چاغدا دادامنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغانلىرىم مەندە بالىلارغا خاس قىزىقىش پەيدا قىلغانىدى. بۇ خۇددى سىز تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن ئاتا - ئانىڭىزنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان چاغدىكى ئەھۋالغا ئوخشاپ كېتەتتى. مەن ئۇلار ئىككىسىنىڭ بايان قىلغانلىرىنى بىرلەشتۈرمەكچى بولدۇم، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىن بۇ ئىش يۈز بەرگەن چاغدا ئاپام ئىككىمىزنىڭ نەدە ئىكەنلىكىمىزنى سورىدىم. دادامنىڭ چىرايى تۇتۇلدى.

— ئۇ چاغدا باشقىلار مېنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىمنى زادىلا بىلمەيتتى. مەن ساڭا ئۆزۈمنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىمنى ئېيتىپ بېرەلەيمەن. مەن ساقچىلارنىڭ قوغلاپ تۇتۇشىدىن قېچىپ يۈرەتتىم، ئۇلار مېنى تۈرمىگە سولىماقچىدى.

ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا يەنىلا ئارازلىق بولغانلىقتىن، ھەمىشە سۈكۈت قىلاتتۇق، بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز كېيىنكى نەچچە يىلدا ئۆزۈكسىز ياخشىلاندى. شۇ يىللاردا مەن لاھۇرنىڭ دائىملىق مېھمىنى بولۇپ قالغانىدىم. بېرىش قېتىم سانىم قانچە كۆپەيگەنسېرى، بۇ دۆلەت، ھەتتا بۇ شەھەرنى كۆزىتىشىم شۇنچە ئازىيىپ باردى. دادامنىڭ ئۆيى مېنىڭ پاكىستاندىكى پۈتكۈل دۇنيايىمغا ئايلاندى. تۇنجى قېتىم بارغىنىمدا ئۈچ قېرىندىشىمنى — دادامنىڭ تۇنجى خوتۇنى تۇغقان ئاچامنى، ھازىرقى خوتۇنى تۇغقان ئۇكام ۋە سىڭلىمنى كۆردۈم. كېيىنكى نەچچە ئايدا، مەن يەنە باشقا ئۈچ قېرىندىشىم بىلەن تونۇشتۇم. بۇ قېرىنداشلىرىم ۋە دادامنىڭ ياش، چىرايلىق خوتۇنى ماڭا ئىنتايىن دوستانە بولدى، بەكمۇ غەمخورلۇق قىلدى. مەن كىچىكىمدىن يالغۇز پەرزەنت ئىدىم، بىردىنلا بۇنچە كۆپ

قېرىنداشلىرىم بولۇۋىدى، يېتىشەلمەيلا قالدىم. لاھوردىكى بىرمۇنچە ۋاقتىم ئۇلار بىلەن تونۇشۇشقا سەرپ بولدى. مەن بىر ئامال قىلىپ ئۆيدىن چىقىپ كونا شەھەردىكى بىرمۇنچە كىچىك، ئەمما نەپىس مەسچىتلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش، مۇھىم خاتىرە مۇنارى، مۇزېيلارنى ۋە قىزىل خىشتا سېلىنغان ئەنگلىيە پاسونىدىكى ئىمارەتلەرنى كۆرۈشنى ئويلىغانىدىم، بىراق قېرىنداشلار بىلەن بىللە بولۇشتىن باشقا ئىشىم يوق بولۇپ قالدى. ئاچام مېنى بىرنەچچە مەيدان GT يىغىلىشىغا ئاپاردى. مەن كىيىم لايىھەلىگۈچىلەر، لاھورنىڭ گۈزەللىرى بىلەن ئۇچراشتىم، يەنە كونا شەھەردە قىزىق كاۋاپ يېگەچ، سەھەردە كۆتۈرۈلۈۋاتقان قىزغۇچ سېرىق قۇياشنى تاماشا قىلدىم. يازدا بىز دادامنىڭ مانگو شەكىللىك سۇ ئۈزۈش كۆلچىكىنى مالىمان قىلاتتۇق، تىلاۋەتچىلەرنىڭ ۋاڭ - چۇڭلىرى چىملىقتىكى دەرەخلىكتىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى. شۇ يىللاردا مەن لاھورغا ھەر يىلى ئىككى قېتىم بېرىپ تۇردۇم، ئۇ يەر ماڭا ھەم ئۆز ئۆيۈمدەك، ھەم ئۆيۈم ئەمەستەك، ئىلگىرى مەن تۇرغان، كېيىن ئېسىمگە ئالالمىغان جايدەك تۇيۇلاتتى.

ئامېرىكىدا ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، مەن «دەۋر ھەپتىلىك ژۇرنىلى» دا مۇخبىر بولۇپ، دەسلەپتە نيۇيوركتا ئىشلىدىم، كېيىن لوندونغا باردىم. شۇ مەزگىللەردە، دادام ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر تۇيۇقسىز مېنى يوقلاپ نيۇيوركقا كەلدى، كېيىن لوندوندا ئۇلارنى پات - پات كۆرۈپ تۇرىدىغان بولدۇم. مۇشەررەفنىڭ زامانىدا بىنازىر بۇتتو چەت ئەلدە سەرگەردان بولۇپ، داداممۇ سايلام رىقابىتىدە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان، شۇنىڭدىن كېيىن سىياسىي تۇرمۇشتىن يىراقلاشقانىدى. گەرچە ئۇنىڭ سىياسىيغا بولغان قىزغىنلىقى بۇرۇنقىدەكلا يۇقىرى بولسىمۇ، تىجارەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتى سىياسىي جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتتىن كۆپ ئېشىپ كەتكەنىدى. بىر ھىندىستانلىق پەرزەنتىنىڭ ئۇنى

مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇشى ھازىرمۇ يەنىلا مەۋجۇت ئىدى. ئۇ چەت ئەلدە مەن بىلەن كۆرۈشكەن چاغدا پاكىستاندىكى چاغدىكىگە قارىغاندا ئۆزىنى كۆپ ئازادە ھېس قىلاتتى.

پاكىستاندا ئۇنىڭ مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشى ھامان ئۇشاق، ئەمما روشەن شەكىللەردە ئىپادىلىنەتتى. ئۇ قېرىنداشلىرىم مەن ئۈچۈن پىلانلاپ بولغان يىغىلىشلارنى ئۆتكۈزۈشنى توسۇيتتى؛ ئىجتىمائىي سورۇنلاردا مەن بىلەن ناھايىتى ئاز پاراڭلىشاتتى، شۇنداقلا مېنى باشقىلارغا زادىلا تونۇشتۇرمايتتى. ئەسلىدە مەن بۇنى ئۇنىڭ مېنى يەنە كۆرگۈسى يوقلۇقىنىڭ بېشارىتى دەپ قارىغانىدىم. لېكىن، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بۇ پەقەت ئۇنىڭ ئادىتى، ئەمەلىيەتتە مېنىڭ ئۆزىنى يوقلاپ كېلىشىمنى ئىنتايىن خالايدۇ دەپ كاپالەت بېرىشتى. مەن مېھمانخانىدىكى كونىراپ كەتكەن سافادا ئولتۇرىمەن، باللار ۋە خىزمەتكارلار كىرىپ ـ چىقىپ تۇرىدۇ، ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىغا بىر ئىچىملىك ماشىنىسى توختىتىپ قويۇلغان، ئۇنىڭ ئۈستىدە بىر مۇز كۆپى قويۇقلۇق. شۇ ئەسنادا مەن دادام ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر خىل يېقىنلىق تۇيغۇسىنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى ھېس قىلىمەن. دادام دائىم مەن بىلەن لاھورىدىكى ئوردۇ تىللىق شائىرلىرى توغرۇلۇق پاراڭلىشاتتى، بىر پاراڭغا چۈشسەك، ناھايىتى ئۇزاق سۆزلىشەتتۇق. ئۇنىڭ دادىسى دەل شۇلارنىڭ بىرى ئىدى، ئەمما كىچىك چېغىدىلا تۇگەپ كەتكەنىكەن. زادىلا كوچىلاپ باقمىغان بولسامۇ، بىراق ئىككىمىزنىڭ كىچىك چېغىمىزدا دادىمىزنىڭ بولمىغانلىقىدەك ئورتاق كەچۈرمىشكە بىر خىل مەسخىرە يوشۇرۇنغانىدى. ئۇمۇ مېنىڭ ئۆزىنىڭ بالىسىغا ئوخشاش كىتاب، سىياسىي ۋە تارىخقا قىزىقىدىغان بىردىنبىر پەرزەنت ئىكەنلىكىمنى بىلدۈرگەنىدى. گەرچە بۇنىڭ ئىچىدە مەسخىرىلىك تەرەپلەر بولسىمۇ، مەن يەنىلا ئىنتايىن خۇشال بولغانىدىم. چۈنكى، ئاتا ئاغزىدىن ئېيتىلغان بۇنداق ماختاشنى

ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغانىدىم. ئاخىرقى بىر مەسخىرىلىك ئىش شۇكى، 2005 - يىلى بىز ئىتالىيەدە بىر قېتىم ئائىلە يىغىلىشى قىلغانىدۇق، نەچچە ھەپتىدىن كېيىن لوندوندا پارتىلىتىش ۋەقەسى يۈز بەردى، ئارقىدىنلا مېنىڭ ماقالەم ۋە دادامنىڭ جاۋاب خېتى روياپقا چىقىپ، ئارىمىزدا يەنە بىر قېتىم كىشىنى ئازابلايدىغان سۈكۈت پەيدا بولدى. ئەسلىدە، دەل ئاشۇ ئائىلە يىغىلىشىدا بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز بەكمۇ ياخشىلىنىپ كەتكەنىدى.

# ھەيدەرئاباد

ئەمگەك قىلىش ۋە ئارام ئېلىش ۋاقتى تۇراقسىز «مانگو پادىشاھى» دىن ئايرىلىپ يەنە سەپەرگە ئاتلانغىنىمدا، راھەتلىنىپ نەپەس ئالدىم. ئۇ مېنى مۇرەككەپ سىند جەمئىيىتىنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، بۇ مۇكەممەل جەمئىيەتتە ھىندى دىنى بىلەن ئىسلام دىنى بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانىدى. بۇنداق مۇكەممەللىك 1947 ـ يىلىدىكى ئاھالىنىڭ كۆچۈشى بىلەن بىللە غايىب بولدى. مەن ئۇنىڭ ئورنىنى ئالغان نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولدۇم. دادام ئىلگىرى خېتىدە «پاكىستان روھى» نى تىلغا ئالغانىدى. بۇ سۆزنى خىيالىمغا كەلتۈرۈپ، قۇملۇق شەھەر ھەيدەرئابادقا يول ئالدىم. بۇ سەپىرىم مۇشۇ چاغقىچە بولغان ھەممە كەچۈرمىشلىرىمدىن ئۆزگىچە بولدى. مەن مەلۇم توپقا دىققىتىمنى مەركەزلەشتۈرۈۋېلىشتىن ساقلىنىپ، بىر قاتار تۇرمۇش ھالەتلىرىنى كۆزىتىپ باقماقچى، تېپىك سىند شەھىرىنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشىنى كۆرۈپ باقماقچى بولدۇم. مۇشۇ مەقسەتنى چىقىش قىلىپ، ھەيدەرئابادنىڭ شەھەر ئەتراپىدا راتمان بىلەن ئۇچراشماقچى بولدۇم. ئۇ بىر نەشرىياتچىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك دىرېكتورى ئىدى. ئاكام تېرىسى قارا، ساقال باسقان، ئورا كۆز بىر شوپۇرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بەردى.

بىز چاتقاللار ئۆسۈپ كەتكەن شەھەر ئەتراپى رايونىنى كېسىپ ئۆتۈپ ھەيدەرئابادقا قاراپ ماڭدۇق. يول بويى خىلمۇخىل رەڭ ۋە پائالىيەتلەر ئۇلىشىپ كۆزگە چېلىقىپ تۇردى. شىئە

مەزھەپىدىكىلەرنىڭ روزا كۈنىنى خاتىرىلەيدىغان تېگى قارا، زەر گىرۋەكلىك تۇغى ئېگىزدە لەپىلدەپ تۇراتتى، تۇغ دەستىسىگە رەڭلىك شارلار ئېسىۋېتىلگەنىدى. ئاياللار شېكەر قومۇشى ئېتىزلىرىدا ئىشلەۋاتاتتى، سارغۇچ ۋە ھال رەڭ كىيىملىك كىشىلەر تىنىماي مىدىرلايتتى. بالىلار زۇمرەتتەك سۈزۈك كۆلچەكلەردە يۇيۇنۇۋاتاتتى. مانگو دەرەخلىرى ئاق كىيىملىك بوۋايلارنى كېلىپ سالقىنلاشقا جەلپ قىلغان، ھايۋانلارمۇ ئەگىشىپ كەلگەنىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر قوڭۇر ئېشەكنىڭ ئۈستىدىكى يۈكنىڭ جىقلىقى زادىلا ئەقىلگە سىغمايتتى. يولنىڭ ھەممىلا يېرىدە ھارۋا سۆرەپ كېتىۋاتقان تۆگە ۋە ئۆكۈزلەر موكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. يول بويىدا چوقچىيىپ تۇرغان كىچىك مەسچىتنىڭ ئۆگزىسىگە كۆل رەڭ ئاۋاز كۈچەيتكۈچ ئېسىلغانىدى.

بىز يول بويى بىردەم تېز، بىردەم ئاستا ماڭدۇق. قاتناش ئەھۋالى ئۈزۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرغاچقا، بىزنىڭ بىردەم مېڭىپ، بىردەم توختىشىمىزغا توغرا كەلدى. يولدا بىر ئۆچكىنى سوقۇۋېتتۇق، شوپۇر ئەسلىدە يولنى بوشىتالايمەن دەپ ئويلىغانىدى. مەن ئۆچكىنى ئۆلدى دېگەنىدىم، لېكىن ئۇ سەكرەپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، يولنى كېسىپ ئۆتۈپ پادىغا ئەگىشىپ كەتتى، ئۇنىڭ سۈرئىتىدە ئازراقمۇ ئۆزگىرىش بولمىدى. بىز بىر شىئە مەسچىتىنىڭ ئالدىدىن ئۆتتۇق. ئەتراپىدىكى كەپىلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا ھەشەمەتلىك كۆرۈنىدىغان بۇ مەسچىت ئىرانلىقلارنىڭ ياردەم قولىنى سۇنغانلىقىدىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى.

راتمان ھەيدەرئابادنىڭ شەھەر ئەتراپىدىكى بىر قانالنىڭ يېنىدا بىزنى ساقلاپ تۇرغانىكەن. ئۇ قويۇق چېچى ۋە قارا تېرىسى پارقىراپ تۇرىدىغان قاۋۇل، ساغلام كىشى ئىدى. ئۇنىڭ ئېمال يالىتىلغان چىشلىرى ساغلام، بۇرۇتى يىرىك ئىدى. ئۇ مەن بىلەن سالاملاشقاندا خۇددى قاچقۇن جىنايەتچىلەردەك ھودۇقۇپ

كەتتى، بىراق نەچچە مىنۇت ئۆتمەيلا مېنى دەپ ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا تۇتۇندى، تۇرۇپ تېلېفون بەرسە، تۇرۇپ شوپۇرغا تۇرلۇك ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ بىزگە ئاۋۋال سىندتىكى مۇسۇلمانلار ۋە قىلىپ قالغان ئازراق ھىندى دىنى مۇخلىسلىرى ئىبادەت قىلىدىغان بىر مۇقەددەس قەسىرگە بېرىش تەكلىپىنى بەردى. سىند شەھەر ئەتراپىنىڭ ھەممىلا يېرىدە سوپىلارنىڭ مۇقەددەس قەسىرلىرى بار ئىدى، ئىسلام دىنىمۇ بۇ يەردە كۆپ مەنبەلىك جەمئىيەتكە خىزمەت قىلغان بولۇپ، بۇنداق مۇقەددەس قەسىرلەر ئۇنىڭ ئىپادىلىرىنىڭ بىرى ئىدى. دەل بۇ خىل تىپتىكى تېۋىنىش بېغىشىمدىكى خىسلەتلىك تىزىق مەرۋايىتنى ماڭا ئاتا قىلغانىدى، ئاندىن مەككىدە ھېلىقى ھەج قىلغۇچىنىڭ خىيالغا چۆكۈپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولغانىدى.

بىر قوراللىق قوغدىغۇچى بىز بىلەن سەپەرداش بولدى، ئۇ شەھەر ئەتراپىدا گېزىتخانىدىكىلەرنى بىخەتەرلىك كاپالىتى بىلەن تەمىن ئېتىدىكەن. راتماننىڭ دېيىشىچە، بۇ يول ئاخشاملىرى پات - پات بۇلاڭچىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ تۇرىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئىشلىتىدىغان نەيزىگى يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر تال تاش ياكى بىر باغلام شال پاخىلى تاشلاپ قويۇپ، ماشىنىلار سۈرئىتىنى ئاستىلاتقان ھامان قورشىۋېلىش ئىكەن. ئۇنىڭ دېيىشىچە، يېقىندا گېزىتخانىنىڭ بىر ئادىمى بۇلىنىپتۇ. ۋەقە يۈز بېرىدىغان چاغدا، بۇلاڭچىلار ئۇنىڭ ماشىنىسىنىڭ ئالدىغا بىر ماتېرىيال سومكىسىنى ئېتىپتۇ. مەن ماتېرىيال سومكىسى چوڭ تۇسۇق ئەمەسقۇ دەپ بىلىپ، ئۇنىڭدىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىدىم.

— ئۇنىڭ نەپسانىيىتى قوزغىلىپ قاپتۇ، — راتمان قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى، — ئۇ سومكىدا پۇل بار دەپ قېلىپ ماشىنىسىنى توختىتىپتۇ.

ھەيدەرئابادنىڭ شەھەر ئەتراپىدىكى بوش يەرگە يېتىپ

بارغىنىمىزدا، چۈشتىن كېيىنكى ھاۋانىڭ تەپتى يېنىپ، ئەسلىدە ئادەمسىز تۇرغان يەر ئاۋاتلىشىشقا باشلىدى. بالىلار ئۆيلىرىدىن چىقىپ ئويناشقا، يۈك ماشىنىلىرىنىڭ شوپۇرلىرى ماشىنىسىنى توختىتىپ چاي ئىچكەچ ئارام ئېلىشقا باشلىدى، يەنە بەزى كىشىلەر يول بويىدىكى بوش يەردە چېلىشىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. يىگىرمە نەچچە كىشى قوم يەرنى چۆرىدەپ چەمبەر ھاسىل قىلىشتى، بالىلار دەرەخكە چىقىۋېلىپ تاماشا كۆردى، ئاۋاز كۈچەيتكۈچنىڭ ئاۋازى ئولىشىۋالغان كىشىلەرنىڭ كەيپىياتىنى كۆتۈرەتتى. ماھىرلارنىڭ يېشى، بەدەن تىپى ئوخشاش ئەمەس، بەزىلىرى ياش، ساغلام، قاۋۇل ئىدى، يەنە بەزىلىرىنىڭ مۇرىسى كەڭ، قورسىقى چېلەكتەك تومپىيىپ تۇراتتى. بەزى ئەرلەرنىڭ دۈمبىسىدە قېنىق قوڭۇر رەڭلىك تاتۇقلار بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ شىئە مەزھىپىدىن ئىكەنلىكى، بايىلا روزا كۈنىدە ئۆزلىرىنى قامچىلىغانلىقى ئېنىق بىلىنىپ تۇراتتى.

چېلىشچىلارنىڭ بېلىگە توم ئارغامچا ئورالغانىدى. نومۇرى چاقىرىلىپ مەيدانغا چۈشىدىغان چاغدا، ئۇلار قارشى تەرەپنى قۇچاقلايدىغاندەك بېلىنى ئېگىپ بىر - بىرىگە يېقىنلىشاتتى. ئۇلار قارشى تەرەپنىڭ بېلىدىكى ئارغامچىنى تۇتۇۋالغاندىن كېيىن، كۈچەپ تارتىشقا باشلايتتى. بەزىدە ئۇلاردىن بىرى خۇددى ئۇسسۇل ئويناۋاتقاندەك يەنە بىر ماھىرنىڭ ئەتراپىدا چۆرگىلەپ، ئۇنىڭ كۈچىنى خورىتىپ، ئاندىن بەدىنىنىڭ ئېغىرلىقى بىلەن قارشى تەرەپنى ئىتتىرىپ يىقىتماقچى بولاتتى. يەنە بەزى ئەھۋاللاردا، بەدىنى ئېغىرراق ماھىر يېنىكرەك ماھىرنى تېزلىك بىلەن تۇتۇۋېلىپ، كۈچلۈك پۇتلىرى بىلەن چىرماق سېلىپ قارشى تەرەپنى تەڭپۇڭلۇقتىن مەھرۇم قىلاتتى. يول بويى ئاسما كارىۋاتتا يېتىپ چاي ئىچىۋاتقان ئەرلەرنى، چۆپ دۆۋىسىنىڭ ئارىسىدا ئويناۋاتقان بالىلارنى كۆرگىلى بولاتتى، ئاخىر ئەتراپىدا ئېگىز دەرەخلەر ئۆسكەن بىر پارچە تۈز يەردىكى ئاق رەڭلىك

ئىبادەتخانا زاھىر پەيدا بولدى.

— سوپىلار دەۋرىدە، سىندىتىكى مۇسۇلمانلار بىلەن ھىندى دىنى مۇخلىسلىرى بىللە ئىبادەت قىلغان، مانا بۇ شۇنىڭ ئىسپاتى، — بىز ئىبادەتخانىغا قاراپ كېتىۋاتقاندا، شوپۇر شۇنداق دېدى، — مېنىڭچە، ھىندىستان كىنولىرىدىمۇ تىلغا ئېلىنغان بولسا كېرەك.

بۇ ئاق رەڭلىك ئىبادەتخانىنىڭ ئۈستىدە مۇنار، يەنە كۇنگۇرەلەرمۇ بار ئىدى. سوپىزم بىلەن ھىندى دىنىنىڭ قوشۇلۇشى دەل مۇشۇنداق جايدا ئەمەلگە ئاشقانىدى. ئىلگىرى بۇ يەردە رەھىمسىز، مۇستەبىت زالىم پادىشاھ ئۆتكەن بولۇپ، ھىندى دىنى مۇخلىسلىرى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ھېچقايسىسىنى ئارامىدا قويمىغانىكەن. كېيىن ئەۋلىيا Oderolal ئوتتۇرىغا چىقىپ بۇنىڭ ھەممىسىنى ئۆزگەرتىپتۇ: مېھرىبانلىق ۋە ئىتتىپاقلىقنى تەرغىب قىلىدىغان ئاق ساقاللىق بۇ ئەۋلىيا سۇنىڭ ئىچىدىن دۇنياغا كەلگەنىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ كۈچ - قۇدرىتى بىلەن زالىم پادىشاھىنىڭ ئىستىبدات سىياسىتىگە خاتىمە بېرىپتۇ. ئۇ مۇسۇلمانلار ۋە ھىندى دىنى مۇخلىسلىرىنىڭ ئورتاق ھۆرمىتىگە ئېرىشىپتۇ، ئۇلار ئەۋلىيا تەشەببۇس قىلغان ئىتتىپاقلىق ئىدىيەسىنى ھۆرمەت قىلىپ، ھەرقايسىسىنىڭ ئېتىقادى ئايرىم بولسىمۇ، بىراق بىرلىكتە ئىبادەت قىلىدىغان بوپتۇ.

— بۇ يەردە ئەزان ئوقۇلىدۇ، — دېدى قارا كۆز ئەينەك تاقىغان، قىزىل بۆك كىيىۋالغان ساقاللىق بوۋاي چۈشەندۈرۈپ، — سىز ھىندى دىنى مۇخلىسلىرىنىڭمۇ ئىبادەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرەلەيسىز، بۇ بىر مۆجىزە.

— ھازىرمۇ شۇنداقمۇ؟

— قېرىنداشلارغا ئوخشاش ھېسسىياتى چوڭقۇر، — ئۇ ماڭا بىر دەرەخنى كۆرسەتتى، ھېلىقى ئەۋلىيا بۇ قۇرغاق يەرگە تىككەن دەرەخ ئىكەن، — ئەنە ئاشۇ مۆجىزىنىڭ ئۆزى، — دېدى

بوۋاي خۇشاللىق بىلەن، — ئۇ سۇغىرىشقا موھتاج ئەمەس. قاراڭ! ئۇچىدىكى يوپۇرماقلىرى پىشىل تۇرىدۇ.

ئەگرى - بۈگرى ئۆسكەن بۇ دەرەخ بىر پارچە قۇرغاق يەردە ئۆسكەنىدى، مەن بۇنىڭدىن ئانچە ھەيران بولمىدىم. سىنىدنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرى بەك قۇرغاق، يەنە كېلىپ، نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا بىر بىنا بىلەن ئەۋرەز يولىنىڭ ئارىلىقىدا ئۆسكەن ناھايىتى چوڭ دەرەختنى كۆرگەنىدىم. ساقال قويۇۋالغان قەلەندەر تۇيۇقسىز پېشىمنى تارتىپ:

— ئاتىش، سىزنىڭ ئەركىن ئادەم بولۇشىڭىزنى تىلەيمەن، — دېدى، ئاندىن مەندىن پۇل تىلىدى.

راتمان ئەسەبىيلىك بىلەن ۋارقىرىدى:

— سوراڭ؟ ۋاقتى كەلدى. سوراڭ، ئەگەر سىزنىڭ سورايدىغان سوئالىڭىز بولسا! تارتىنماي سوئال سوراڭ!

دۇئا - تىلاۋەت ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاق رەڭلىك ھويلىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى بىرنەچچە مۇسۇلمان توپلىنىشتى.

— بۇ يەر ئىلگىرى دۇنيانىڭ ئۆزى ئىدى! — دەپ ۋارقىرىدى راتمان مۇبالىغە قىلىپ.

بۇ دۇئا - تىلاۋەتخانا بىلەن ئىلگىرىكى كۆپ مەنبەلىك جەمئىيەتنىڭ باغلىنىشىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس ئىدى. بۇ دۆلەتنى قۇرۇشتىكى دەسلەپكى ئىدىيە بىلەن ئوخشىمايدىغىنى شۇكى، مەدەنىيەت، تىل ۋە ئۆز زېمىنىغا بولغان ئېتىقادنىڭ بىردەكلىكى دىنىي ئەقىدە جەھەتتىكى پەرقلەردىن غالىب كەلگەنىدى. سىز بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ قانداق قىلىپ دىنىي پەرقلەرنى، ھىندىلارنىڭ تائىپە چۈشەنچىسى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مەبۇدلەرگە بولغان قورقۇنچىنى تەرك ئېتىپ تېخىمۇ يۇكسەك ئىدىيەدىكى مەدەنىيەت بىردەكلىكىگە ئەقىدە قىلغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالايسىز.

ئاق رەڭلىك ھويلىدا بىر تۈپ ئازادى دەرىخى بار ئىدى. ئائىلىسىدىكىلەرنى باشلاپ كەلگەن بىر توپ دېھقان دەرەخ تۈۋىدە

پەس ۋە جىددىي تەلەپپۇزدا نىمىلەرنىدۇر مۇزاكىرىلىشىۋاتاتتى. راتمان ئىككىمىز بىر چەتتە ئولتۇرۇپ ئۇلارنىڭ پارىڭىغا قۇلاق سالدۇق. ئۇلار سىنىد تىلىدا سۆزلىشىۋېتىپتۇ، راتمان ماڭا تەرجىمە قىلىپ بەردى. ئۇلار بەك غەمكىن كۆرۈنەتتى.

— بۇ بىرنەچچە كۈندىكى ئەھۋال بەك چاتاق، — دېدى بىر ئەركىشى، — بىز ئەمدى قانداق قىلىساق بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەيلا قالدۇق.

ئۇلار بايا پومىېشچىك بىلەن ئالاقە قىلغانلىقىنى ئېيتقانلىقى سەۋەبلىك، پارىڭىنى داۋاملىق ئاڭلاشقا بەك قىزىقتىم، بىراق راتمان ئالدىراشقا باشلىدى: كەچ كىرىپ قالغانىدى، ئۇ بۇلاڭچىلارنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ئەندىشە قىلدى. مەن ئۇنى يەنە بىردەم ئاڭلاشقا كۆندۈردۈم، ئاندىن ھېلىقى كىشىنىڭ مەسىلىسىنى ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىدىم. روھىي كەيپىياتى جىددىي ئۈچ يىگىت بىر چەتتە ئولتۇراتتى، ئۇلار بىر كەنتلىك بولۇپ، بايا پومىېشچىك بىلەن كېلىشىم تۈزۈپتۇ، مۇددىئاسى ئۇلار ئىجارىگە ئالغان يەرنى ياخشىلاش ئىكەن. ئۇلار مۇقىم خىراجەت بىلەن يەرنى ئىجارە ئالماقچىكەن، مەقسىتى زىرائەتنى يىغىۋالغاندىن كېيىن ھەممە پايدىنى ئېلىپ قېلىش ئىكەن. ھالبۇكى، شۇ يىلى ھەممە كىشىنىڭ ھوسۇلى ياخشى بولماپتۇ. ئىشنى باشلاشقا جۈرئەت قىلغان ئۈچ دېھقان پايدىغا ئېرىشىش بۇياقتا تۇرسۇن، پومىېشچىككا ئىجارە ھەققىنىمۇ تۆلىيەلمەيدىغانلىقىنى بايقاپتۇ. ئۇلار پومىېشچىكنى ئىزدەپ، ئۆزلىرىنىڭ قىسمەن قەرزىنى كەچۈرۈم قىلىۋېتىشىنى ئۆتۈنۈپتۇ. پومىېشچىك قىرىق مىڭ رۇپىيە (تۆت يۈز توقسان فوند ستېرلىڭ) نى كەچۈرۈم قىلىشقا ماقۇل بوپتۇ، يەنە ئەللىك مىڭ رۇپىيە (ئالتە يۈز فوند ستېرلىڭ) قەرز قاپتۇ. ئۇلار شۇ بويىچە قەرز تۆلەشكە تىرىشىپ، ئۆزلىرىدە بار - يوقنى تەييارلىغاندىن كېيىن، كەم قالغىنىنى ئۆتنە ئاپتۇ. لېكىن، ئۇلار پۇلنى كۆتۈرۈپ پومىېشچىكنى ئىزدەپ بارغاندا، ئۇ ئىلگىرى

كېلىشكەن ھەممە شەرتلەرنىڭ زادىلا ئېسىدە يوقلۇقىنى ئېيتىپ، ھەممە قەرزنى قايتۇرۇشنى تەلەپ قىپتۇ.

كەنتتىكى مويسىپىتلار ئىبادەتخانىنىڭ ئالدىدىكى ھويلىدا ئولتۇرۇپ ئەقىل كۆرسىتىۋاتاتتى. تېرىسى يىرىك، چار ساقاللىق بۇ كىشىلەر ئادەتتىكى كۈنلەردىمۇ دائىم ھويلىدا مۇشۇنداق ئولتۇرىدىغاندەك قىلاتتى. بالىلار گۈللۈك كىيىم كىيىۋالغان ئانىلىرىنىڭ ئۈستىگە يامىشىۋالغانىدى، ئۈچ يىگىت بىر چەتتە ئولتۇرۇپ غەمكىن ھالدا قۇلاق سېلىۋاتاتتى. ئۇلار ئەمدىلا ھەل قىلىش لايىھەسىدىن بىرنى ئوتتۇرىغا چىقارغاندا، راتمان بۇ يەردىن دەرھال كېتىشنى قەتئىي تەلەپ قىلدى. ئۇ بىردەمدىن كېيىن يىغىنىنىڭ خۇلاسىسىنى ماڭا ئېيتىپ بېرىشكە ۋەدە بەردى.

ماشىنىدا كېتىۋېتىپ ئۇ يەنە ھەيران بولغان ھالدا قاراقچىلارنىڭ ئىشى توغرۇلۇق بىردەم قايىندى. كىشىلەر كېلىپ-كېتىپ تۇرىدىغان بۇ يېزىنىڭ مەنزىرىسىدە خېيىم-خەتەرنىڭ ھىدىنى پۇراپ بىلىش تولىمۇ قىيىن ئىدى، بىراق راتمان ئىنتايىن ئىشەنچلىك ھالدا بىز ئىبادەتخانىدىن ئايرىلغان چاغدا، بىرمۇنچە كىشىلەر فوتو ئاپپارات بىلەن ماشىنىمىزنى سۈرەتكە تارتىۋالدى، ئۇلار بىزنى بۇلىماقچى، دەپ قارىدى. مەن ئۇ كىشىلەرنى كۆرمىدىم، بىراق شوپۇر ئۆزىنىڭ كۆرگەنلىكىنى ئېيتىپ، يېزا تاشيولىنى بويلاپ سۈرئەتنى تېزلەتتى. بىز ساقچى قاراۋۇلخانىسىدىن ئۆتكەندە، مەن راتمانغا قاراۋۇلخانىنى كۆرسەتتىم، لېكىن ئۇ:

— قىلچىلىك پايدىسى يوق، ساقچىلار بىلەن بۇلاڭچىلار بىرلىشىۋېلىپ ئەسكىلىك قىلىدۇ، — دېدى. شوپۇر بۇ گەپكە قوشۇلدى ۋە بىز قاراقچىلاردىن ئۆزىمىزنى قاچۇرغاندەك، ساقچىلاردىنمۇ نېرى تۇرۇشىمىز كېرەك، — دېدى. ئاتىدىن، قوغدىغۇچىمىزغا قاراپ قويۇپ، مۇلايىملىق بىلەن بىر ئېغىز سۆزنى قوشۇپ قويدى، — ئەنسىرىمە. بىز سېنى ساقچى دەپ

قارىمايمىز.

— ئۇلار دائىم ئىچكى جەھەتتە تىل بىرىكتۈرىدۇ، — دېدى راتمان چۈشەندۈرۈپ، — دەسلىپىدە بۇلاڭچىلار ساقچىلارغا بىر ئۇلۇشنى بۆلۈپ بەرگەن، كېيىن ساقچىلار تېخىمۇ كۆپرەكنى، يەنى ئىككى ئۇلۇش، ئۈچ ئۇلۇش، ھەتتە تۆت ئۇلۇشنى ئالماقچى بولغان. ئاخىرىدا بەشتە بەش ئۇلۇش بولغان. بۇ چاغدا ساقچىلار: «ئەگەر ئۆزىمىز قول سالالايدىغان بولسا، نېمە ئۈچۈن ئۇلارغا قىلدۇرىمىز؟» دېگەن. شۇڭا، ھازىر نۆۋەتچىلىكتە تۇرمايدىغان ساقچىلار بۇلاڭچىغا ئايلىنىپ كەتتى.

بىز ھەيدەرئابادقا بارىدىغان غول يولغا بىخەتەر يېتىپ بارغاندىن كېيىن، راتمان يېنىك نەپەس ئالدى، مېنىڭمۇ ئۇنىڭ ئاغزىدىن بايىقى يىغىنىنىڭ خۇلاسىسىنى ئاڭلىشىمغا مۇمكىنچىلىك تۇغۇلدى. نېمە ئۈچۈن دەسلىپىدە ئۇقالمىغانلىقىمنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى بىلدىم: بۇ ساددا يەكۈن مەنتىققە تۈپتىن خىلاپ ئىدى. مويسىپىتلارنىڭ قارارى شۇ بوپتۇكى، پومېشچىك قەرزنى كەچۈرۈم قىلىش ئىشىنى ئېسىگە ئالالمىغانىكەن، پومېشچىكنىڭ ئەينى چاغدا نەق مەيداندا بار ئىككى دوستىنى تېپىپ، بەرگەن ۋەدىسىنى ئۇنىڭ ئېسىگە سالدۇرۇش كېرەك ئىمىش. ئەگەر يەنىلا ئۇنتۇتۇلۇق بولمىسا، ھېلىقى ياشلارنىڭ قەرزنى كوللېكتىپ زىممىسىگە ئالىدىكەن. قانداق تەھلىل قىلىشتىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ چوقۇم ئۇتتۇرىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى.

ئەجەبا، ئۇلار پومېشچىك قەرزنى كەچۈرۈم قىلماقچى بولغانلىقىنى ئېسىگە ئالالمىغانلىقىنى ئېيتقاندا يالغان سۆزلىگەنلىكىنى راستلا بىلمەمدىغاندۇ؟ ئۇلار پومېشچىكنىڭ دوستلىرىنىڭمۇ ئوخشاشلا يالغان سۆزلەيدىغانلىقىنى ياكى مۇشۇنداق ۋاستىنى ئىشلىتىپ پومېشچىكنى مەجبۇرلىسا، ئۆزلىرىنىڭ دۇمبالىنىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغانمىدۇ؟ مەن

ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ كىشىنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان ئاشۇ كۆرۈنۈشنى، ئاشكارا دۇمبالىنىۋاتقان كۆرۈنۈشنىمۇ ئويلىماسلىققا تىرىشتىم...

※ ※ ※

ھەيدەرئابادنىڭ تارىخى كاراچىنىڭكىدىنمۇ ئۇزاق. شەھەرگە كىرگەن چاغدا، بىرنەچچە كاتتا قەلئەنىڭ كۆرۈنۈشى ئېسىمگە كەلدى. ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان ھىندى دەرياسىمۇ يادىمغا كەچتى. ھىندى دەرياسىنى تېخىچە كۆرەلمەپتىمەن! بۈگۈنكى كۈندە ھىندىستان چېگراسى ئىچىدە ھىندى دەرياسىنىڭ ئىنتايىن قىسقا بىر بۆلىكىلا قېلىپ، ھىندىستانلىقلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، يوقالغان بىر دەرياغا ئايلىنىپ قالغاندى. سەپىرىمىنىڭ ھىندى دەرياسى ئەتراپىدا ئاياغلىشىدىغانلىقىنى ئويلاپ، يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى.

ھەيدەرئابادنىڭ شەھەر ئەتراپىنىڭ قاتناش ئەھۋالى بۇ شەھەرنىڭ ۋەيران بولغان باشقۇرۇش سىستېمىسىنى ئاشكارىلاپ تۇراتتى. نەچچە يۈز خىل كىچىك تىپتىكى سانائەت تۇپى تاشيولنىڭ ئىككى تەرىپىنى ئىگىلەپ تۇراتتى. كالىدىن تارتىپ ئېلېكتىرلىك ئۆلچەش ئەسۋابلىرىغىچە ھەممە نەرسە بېسىلغان يۈك ئاپتوموبىللىرى ئاساسىي غول يولنى توسۇۋالغانىدى.

— نېمە ئۈچۈن ئېلېكتىرلىك ئۆلچەش ئەسۋابلىرى بېسىلىدۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن راتماندىن.

— بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇسادىرە قىلىۋېلىنغان، — دەپ جاۋاب بەردى خىيالغا پاتقان راتمان. تۈنۈگۈن ئۇ يەنە، — چۈنكى، كاراچىدا ۋەقە چىقتى، سىزنى سۈننىي مەسچىتى ياكى ئىسلام دىنى مەكتىپىگە باشلاپ بېرىش ـ بارالماسلىقىمغا بىر نېمە دېيەلمەيمەن، — دېدى ۋە جىددىيلەشكەن ھالدا قوشۇمچە قىلدى، — بۈنى MQM قىلغان.

«كاراچىدا ۋەقە چىقتى» دېگەن سۆز مەن پاكىستانغا بېرىشتىن بىرنەچچە ھەپتە بۇرۇن يۈز بەرگەن پارتىلىتىش ۋەقەسىنى كۆرسىتەتتى. ئىلگىرى ھەيدەرئاباد مۇسۇلمانلار بازىرى ئىدى، ئەمما ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ھىندى سودىگەرلەر توپى بار ئىدى. بۇ يەر ئۇ چاغلاردا «مانگو پادىشاھى» ياد ئەتكەن ھېلىقى جەمئىيەتنىڭ تىپىك ۋەكىلى بولۇپ، ھىندىستان ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيەسىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقى ئۇچۇنلا مۇكەممەل ئىدى. 1947 ـ يىلىدىن كېيىن، كۆپ قىسىم ئوتتۇرا بۇرژۇئازلار بۇ يەردىن كېتىپ، باشقا جايلاردا يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى، ھەتتا بەزى كىشىلەر غەربىي ئافرىقىغا كەتتى. مۇھاجىرلار ئوتتۇرا بۇرژۇئازلارنىڭ ئورنىنى تولۇقلىدى، بىراق ئۇلارنىڭ شەھەردىكى سىندىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى جىددىي بولدى. راتمان گېپىنى قىلغان «MQM» دەل مۇھاجىرلار (كۆچمەنلەر) پارتىيەسى ئىدى.

مەن راتماننىڭ سۆزىنىڭ قاتلاممۇقاتلام مەنىسىنى ئايرىپ چىقماقچى بولدۇم.

— نېمە ئۈچۈن سۈننىي مەزھىپىدىكىلەرنىڭ ئىسلام دىنى مەكتىپىگە بارسام چاتاق چىقىدۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن.

مەن راتماننىڭ ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتقانلىقىنى بارا ـ بارا سېزىپ قالدىم.

— ھە، ئۇلارغا ئىراندىن كەلگەنلىكىڭىزنى دېمەڭ، — دېدى ئۇ.

— مەن ئىرانلىق ئەمەس، سەپەر داۋامىدا ئىراندىن ئۆتتۇم.

— ھە، ئۇنداق بولسا چاتاق يوق، — ماڭا بولغان ھۆكمىدە ئۆزگىرىش بولغاندەك، ئۇ دەرھال شۇنداق دېدى.

كۆپ مىللەتلىك بۇ مەنزىرىنى ئېنىق كۆرۈش ئاسان ئەمەس ئىدى. ھەربىر كىشىنىڭ كۆڭلىدە ئوخشىمايدىغان دىنىي مەزھەپ، رايون ۋە سىياسىي تەۋەلىك تۇيغۇسى بار ئىدى.

راتمان مەن ئۈچۈن «ھىندى دەرياسى» مېھمانخانىسىدىن ياتاق

زاكاز قىلىپ قويغانىدى. بۇ زامانىۋى مېھمانخانا خىلۋەت بىر كوچىغا جايلاشقان بولۇپ، نۇرغۇن يالغان گۈل ۋە رەسىملەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان، رەسىمدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ھەيدەرئابادتىن سالقىن جايلار ئىدى. راتمان «سەل ـ پەل ئەسلىمىگە كېلىۋېلىشىم» ئۈچۈن ئازراق ۋاقىت بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى، لېكىن ئانچە ئۆتمەيلا، يەنە يولغا چىقىشقا ئالدىراتتى. ئۇ مېنى ئۆزى ئىشلەيدىغان گېزىتخانىنىڭ باش مۇھەررىرى بىلەن كۆرۈشتۇرگىلى ئاپارماقچىكەن. ئۇ ماڭا ئەگىشىپ پەلەمپەيدىن چۈشۈۋېتىپ، باش مۇھەررىرنى توختىماي مەدھىيىلەپ، ماڭا ئازدۇر ـ كۆپتۇر ياردەم بېرەلەيدىغانلىقىنى تەكىتلىدى. بىر لىفىت بىلەن ياتىقىمغا بارغىلى بولاتتى، بىراق، لىفىت ئىشلىمەيدىغان بولۇپ قالغانىكەن. سىرتقا قارىغاندا ئاپتوموبىل يولى ۋە ئاساسىي تاشيولنى كۆرگىلى بولاتتى. مېھمانخانىنى لايىھەلىگۈچىلەر چوقۇم لىفىتتىن كاشىلا چىقىدىغانلىقىنى ئويلاشمىغاندەك قىلاتتى، چۈنكى بىنادىكى بىردىنبىر پەلەمپەي ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ماڭىدىغان ئاددىي يول ئىدى.

ياتاقتا پەنەركىدىن ياسالغان ئاق رەڭلىك كارىۋات بار ئىدى، كارىۋاتقا يىپەك قاپلىغۇچ يېپىلغان، نېپىز گىلەمنىڭ ئۈستى كىرلىشىپ كەتكەنىدى. ياتاققا كىرگەندە، راتمان ئازراق پىۋا ئىچىدىغان ـ ئىچمەيدىغانلىقىمنى تۇيۇقسىز سوراپ قالدى.

— كېرەك ئەمەس، رەھمەت.

ئۇنىڭ بۇ سوئالىدىن سەل ئەجەبلىنىپ قالدىم، چۈنكى پاكىستاندا ھاراق ئىچىش قانۇنغا خىلاپ ئىدى.

لېكىن، ئۇ ماڭا باشقا بىر ئىشنى دېمەكچى بولغاندەك قىلاتتى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ ئېغىز ئاچتى:

— مەن ئىچىسەم ھېچ ئىش يوق، مەن ئاز سانلىقلار مەزھىپىدىن. ئىجازىتىم بار.

— ئاز سانلىقلار مەزھىپى دېگەن نېمە؟ — بۇ گەپنى ئاغزىمدىن چىقىرىپلا، ئۆزۈمنى ئەخمەقتەك ھېس قىلىپ

قالدىم. راتماننىڭ ئۆزىنى ھىندى دىنى مۇخلىسى دېمەكچى ئىكەنلىكىنى ئەلۋەتتە بىلەتتىم، بىراق كۆرۈنۈشتە، ھىندىستان بىلەن پاكىستان ھەقىقەتەن بەك ئوخشاپ كېتەتتى. ئاشۇ دەقىقىدە مەن ئۆزۈمنىڭ پاكىستاندا تۇرۇۋاتقانلىقىمنى ئۇنتۇپ قالغاندەك قىلاتتىم. ئاشۇ پەيتتە مەن ئۇنىڭ ھىندى دىنى مۇخلىسى ئىكەنلىكى، ئەمما ھىندىستان مۇسۇلمانلىرى قۇرغان دۆلەتتە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، شۇنىڭدەك، ھېلىقى ئاھالە كۆچۈشنى ئۇنتۇپ قالغانىدىم. ھالبۇكى، ئۇ ئاز سانلىقلار مەزھىپىنىڭ بىر ئەزاسى ئىكەنلىكىنى، ئىلگىرى گۈللەنگەن كۆپ مەنبەلىك بۇ شەھەرنىڭ قېلىپ قالغان پۇقراسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆزىنىڭ ئاز سانلىقلار مەزھىپىدىكى ئاز سانلىق، يەنى پاكىستاندىكى بىر ھىندى دىنى مۇخلىسى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالمىغانىدى. مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈش تۈپەيلىدىن، ئۇ يېنىدىكى ھەربىر كىشىنىڭ مەۋقەسىنى بىلمەكچى بولاتتى، شۇ تاپتا مەن پىۋا توغرىسىدىكى تەكلىپكە يەنە قاراپ باقسام، ئېھتىمال ئۇ مېنىڭ مۇسۇلمان - مۇسۇلمان ئەمەسلىكىمنى، ئەگەر شۇنداق بولسام، قانچىلىك دەرىجىدىكى مۇسۇلمان ئىكەنلىكىمنى بىلمەكچى بولۇۋاتىدۇ دەپ بىلسەم بولىدىغاندەك قىلاتتى.

— يەر ئاستىدىكى كۈچلۈك ئېقىندەك ھامان پارتلايدۇ، — دېدى ئۇ دالاندا ماڭغاچ سىرلىق قىلىپ.

— يەر ئاستىدىكى نېمە؟ — مەن سومكامنى ئاچقاچ سورىدىم، ئۇنىڭ سۆزىدىكى غەلىتىلىكتىن كۆڭلۈم بىر قىسما بولدى.

— ئۆچمەنلىك، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.

— كىم بىلەن كىمنىڭ ئارىسىدىكى ئۆچمەنلىك؟

ئۇ ماڭا قاراپ قويۇپ، گۇمانلىق نەزىرى بىلەن ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتى ۋە بىر كىمنىڭ ئوغرىلىقچە ئاڭلاۋاتقان - ئاڭلاۋاتمىغانلىقى ياكى مېنىڭ ئۆزىنى كولدۇرلىتىۋاتقان -

كولدۇرلىتىۋاتمىغانلىقىمدىن ئەندىشە قىلىشقا باشلىدى.
— سىندىلىقلار بىلەن مۇھاجىرلار.

«ھىندى دەرياسى» مېھمانخانىسىنىڭ سىرتىدىكى يولنىڭ نامى سىرد خىيابان ئىدى. راتمان مېنى ئىتتىرىپ دېگۇدەك ياتاقتىن ئاچىققاندا، بۇ كوچىنىڭ ئىككى قىسمىدىن تەركىب تاپقانلىقىنى، بۇ ئىككى قىسمىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئوردۇ تىلىدا سۆزلىشىدىغان مۇھاجىرلار بىلەن سىند تىلىدا سۆزلىشىدىغان سىندلىقلار ئۈچۈن «38 ـ پاراللېل» سىزىقى سىزىلغانلىقىنى بايقىدىم. گېزىتخانا ئىشخانىسىغا بارىدىغان يولدا، ھەيدەرئابادنىڭ ئىلگىرى كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان شەھەر ئىكەنلىكىنى غۇۋا كۆرگىلى بولاتتى: سىممېترىيەلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان كوچىلاردا ئاقارتىلغان چىرايلىق بىنالار ئاندا ـ ساندا كۆرۈنۈپ قالاتتى. ئۇلارنىڭ ئۈستىدە ھىندى دىنىدىكى ئىسىم ۋە نەقىشلەر بار ئىدى. لېكىن، كۆز ئالدىمدىكى قارا سىم تور، ئېچىرقىغان ھايۋانلار، قالايمىقان تاشلانغان قەغەز ۋە سولىياۋ خالتىلار كىشىنى ئىلگىرىكى ماسلىققا كۆز تىكىشكە مەجبۇر قىلاتتى.
بىر كونا ئىمارەتكە جايلاشقان گېزىتخانىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىش ئۈچۈن نەچچە قاراڭغۇ تاش پەلەمپەيدىن چىقىشقا توغرا كەلدى. ئىشخانىدىكى ياغاچ ۋە ئەينەك تۇسۇقلار، كونا ئۆي جابدۇقلىرى، ماشىنكا ۋە سارغىيىپ كەتكەن ھۆججەتلەرگە نەچچە ئون يىلدىن بۇيان قول تەگمىگەندەك قىلاتتى. باش مۇھەررىر ئىش ئۈستىلىنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇراتتى. ياشىنىپ قالغان بۇ كىشى قېلىن كۆزئەينەك تاقىغان، قورۇقلار يۈزىگە چوڭقۇر ئىز سالغان، ئاقۇچ چاچلىرى رەتلىك تارالغانىدى.
ئۇنىڭ چىرايى تۇتۇلغانىدى. بىز بىلەن كۆرۈشۈپ نەچچە مىنۇت بولار ـ بولمايلا، ئۇ دىن ۋە رايونلارغا بۆلۈش، چىرىكلىك، سۇ بايلىقىنىڭ ئازىيىپ كېتىشى، فېئودالىزم ۋە جىنايەت ئۆتكۈزۈش دېگەندەك خىلمۇخىل تېمىلاردا سۆزلەپ كەتتى.

— MQM سۈننىي مەزھىپى بىلەن شىئە مەزھىپى ئارىسىدا تالاش ـ تارتىش پەيدا قىلىپ، ئۆزلىرى بۇنىڭ ئارىسىدىن نەپ ئالماقچى. گېنېرال زىيائۇلھەق دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن دىنىي پارتىيەلەر ھازىر كۈچىيىپ، ياشلارغا ئەجەل يېقىنلىشىۋاتىدۇ دېگەن ئىدىيەنى سىڭدۈرۈپ، ئۇلارنى ئىسلام دىنىنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن كۈرەش قىلىشقا چاقىرماقتا. جىنايەت ئۆتكۈزۈش قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ: ھەيدەرئابادتىن چىقىپ ئون كىلومېتىر نېرى بارمايلا، بىركىملەر چوقۇم ماشىنىڭىزنىڭ ئالدىغا تاش ئاتىدۇ، ئارقىدىنلا قورالىنى تەڭلەپ پۇلىڭىزنى بۇلاپ كېتىدۇ. ئىلگىرى ئېقىپ ئۆتىدىغان ھىندى دەرياسى بۈگۈنكى كۈندە قۇرۇپ كەتتى.

— ھىندى دەرياسى قۇرۇپ كەتتى؟ — دېدىم مەن ئۇنى گەپتىن توسماقچى بولۇپ.

— شۇنداق، — دېدى ئۇ، — ھازىر دەريادا ئېقىۋاتقىنى قۇمىسىمان لاتقا.

ئۇ بىر خىل تىت ـ تىت بولۇۋاتقان ھالەتتە ئىدى، چۈنكى نەچچە كۈن ئىلگىرى MQM نىڭ رەھبىرىنىڭ سۆزىنى كىرگۈزۈش ئۈچۈن گېزىتنىڭ بېسىلىشىنى كېچىكتۈرۈش بۇيرۇقىنى چۈشۈرۈشكە مەجبۇر بولغانىكەن.

— رايون خەۋەرلىرىنىڭ ئارگىنالى سائەت ئوندىن بۇرۇن سۈيلىنىش كېرەك، — دېدى ئۇ ئۇنلۇك ئاۋازدا، — چۈنكى بەتلەر تىزىلىپ بولغان بولىدۇ. لېكىن، ھېلىقى رەھبەرنىڭ سۆزىنى كېچە سائەت ئون ئىككىدىن قىرىق بەش مىنۇت ئۆتكەندە تاپشۇرۇۋالدۇق، بىزنىڭ بۇ گېزىتنىڭ ئاشۇ ۋاقىتقىچە كۈتمەي ئامالى يوق. بىز زۇڭتۇڭنىڭ سۆزىنى كۈتمىسەكمۇ بولىدۇ، بىراق بۇنداق خەۋەرنى ساقلىمىساق بولمايدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ قولىدا «كالاشنىكوف» ماركىلىق ئاپتومات بار، بىزنىڭ قىلچە ئامالىمىز يوق. سىز بىر ئىشنى ئويلاپ باقسىڭىزلا كۇپايە. ئۇلارنىڭ رەھبىرىنىڭ گاز چىقىرىش مىقدارى 50cc لىق

ماشىنىسى بىلەن بىر كىچىك ئۆيىلا بار، بىراق هازىر ئۇ لوندوندا. نەدە تۇرسىڭىز تەننەرخىنىڭ يۇقىرى بولىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ يەنە تېخى ئۇنىڭ نۇرغۇن كاتىپى بار. بۇ پۇللار نەدىن كەلگەن؟ بۇنى سوراشقا پېتىنىدىغان ئادەم يوق.

مەن نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمىدىم.

— بۇ مەن كۆرگەن ئەڭ ئوسال دەۋر! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى ئۇ.

— نېمە ئۈچۈن؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— چۈنكى، ھېچكىمگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ. بىر كىشى سىز بىلەن دوست بولۇشى، بىرەر مىنۇت ئۆتۈپلا ئارقىڭىزدىن پىچاق ئۇرۇشى مۇمكىن. بەزى كىشىلەر پۇلى بولمىغانلىقتىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ، بۇنداق ئۇمىدسىزلىك تولىمۇ قورقۇنچلۇق.

ئۇنىڭ بىلەن بىر سائەتكە يېقىن پاراڭلىشىپ، سەپەر جەريانىدا يولۇققان بەزى ئىشلارنى سۆزلەپ بەردىم، ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن بىرنەچچە كىشىنى كېيىنكى نەچچە كۈن ئىچىدە مەن بىلەن كۆرۈشۈشكە ئورۇنلاشتۇردى. مەن ئالدىن پىلان تۈزۈۋالمىغانىدىم، شۇڭا مېنى باشلايدىغان ئادەمنىڭ بولغانلىقىدىن خۇشال بولدۇم. چۈنكى، باشقىلارنىڭ ماڭا قانداق نەرسىلەرنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى بەك خالايتتىم. بىز ئەتىسى ئەتىگەن گېزىتخانا ئىشخانىسىدا كۆرۈشۈشكە كېلىشتۇق.

راتمان ئىككىمىز غۇۋا پەلەمپەيدىن چۈشكەندە، كوچىدا قۇم - توزانلىق بوران چىقىۋاتاتتى. نەچچە سائەت ئالدىدىكى كىشىلەر توپى ۋە ماشىنىلارنىڭ ھەممىسى غايىب بولغانىدى، قوڭۇر رەڭ ئىس - تۈتەك، چاڭ - توزان پىرقىرىغىنىچە ئۇششاق قەغەز پارچىلىرىغا شىددەت بىلەن ئېتىلىپ، بوش قالغان كوچىنى سۈپۈرۈپ ئۆتەتتى. بىر قەۋەت سۆسۈن رەڭ نېپىز تۇمان بورانلى سەل ئاستىلاتقاندەك كۆرسىتەتتى. بىز ماشىنا بىلەن بىر لەيلىمە كۆۋرۈكتىن ئۆتتۇق. كۆۋرۈك ئاستىدا كەڭرى سايازلىق، قومۇشلۇق ۋە يېشىل سۇ بار ئىدى. راتمان ئېگىشىپ قاراپ

بېشىنى چايقىدى.

— ئىلگىرى ھۆكۈمەت سايازلىقتىكى ئاھالىلەرنى كەلكۈن كېلىشتىن بۇرۇن ئۆيلىرىدىن ئايرىلىشقا ئاگاھلاندۇرۇپ تۇراتتى، — دېدى ئۇ، — لېكىن ھازىرچۇ؟ قاراڭ، بۇ دەريادا باللار يەنىلا ئويناۋېتىپتۇ.

مەن ئۇنىڭ گېپىنى دەماللىققا چۈشىنەلمىدىم. ئارقىدىن، ئەجىلى يېقىنلىشىپ قالغان بىر نەرسىنى كۆرگەندىلا پەيدا بولىدىغان بىر خىل ۋەھىمە ماڭا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلدى. مەن يەنە بۇرۇلۇپ، تۆمۈر لىملاردىن تۇزۇلگەن كاتەكچىلەر ئارىسىدىن دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ دەريالاردىن بىرىنىڭ قېلىپ قالغان ئىزناسىغا تىكىلدىم.

— ئاشۇ ھىندى دەرياسىمۇ؟

راتمان بېشىنى لىڭشىتتى. مەن شوپۇرنى ماشىنىنى يول ياقىسىدا توختىتىشقا بۇيرۇدۇم. ماشىنا سولغا قايرىلىپ، بىر تۈپ پىكۇس دەرىخىنىڭ يېنىدا توختىدى، دەرەخ تېگىدە بىر ئەر كىشى شار سېتىۋاتاتتى، پىلاستىماسسا ئۇستەلنىڭ ئۇستىگە ئىچىملىك قاچىلانغان بىرمۇنچە يېشىل بوتۇلكىلار تىزىپ قويۇلغانىدى. قىيالىقتىكى قارا پەلەمپەي ھىندى دەرياسى بويىغا تۇتاشقانىدى. مەن دەريا قىرغىقىنىڭ ئېگىزلىك ۋە يانتۇلۇق دەرىجىسىگە ھۆكۈم قىلىش ئارقىلىق، بۇ دەريانىڭ ئىلگىرىكى كۆرۈنۈشىنى تەسەۋۋۇر قىلالايتتىم. پەلەمپەينىڭ يېرىمىغا بارغاندا، ھېلىقى يېشىل سۇنى ئاق رەڭلىك قۇم بارخانلىرى ۋە ئېگىز قومۇشلۇق توسۇۋالدى. مەن يەنە نەچچە مىنۇت مېڭىپ دەريا قىنىدىن ئۆتۈپ، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن قۇملۇققا قەدەم باسقاندىلا، ئاندىن سۇنى كۆردۇم. ئەينى چاغ گۇگۇم ۋاقتى بولۇپ، ئاينى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. ئاستا - ئاستا قاراڭغۇلىشىۋاتقان كېچە ئاسمىنىدا زۇمرەتتەك سۇ شامالنىڭ قارشىسىغا كۈچسىز ئېقىۋاتاتتى، ئاي بۇ مەنزىرىگە ئاداققى نۇرلىرىنى تۆكمەكتە ئىدى. نەچچە مېتىر نېرىدىكى كۆۋرۈك

ئۈستىدە بىر قاتار ماشىنىلار گۈلدۈرلەپ ئۆتۈپ كەتتى. بىر يېشىل قولۋاق بۇ تار يېشىل سۇغا كىردى، شۇ ھامان دەريا يۈزىدە باشلىنىش نۇقتىسى ۋە ئاياغلىشىش نۇقتىسى تەڭلا ھاسىل بولدى، بۇنداق ئەھۋالنى مەن ئىلگىرى زادىلا كۆرۈپ باقمىغانىدىم.

راتمان يۈتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ قېشىمغا كەلدى.

— بەك ئاجايىپ. بىز ھىندى دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇۋاتىمىز، كېمە يوق، ھېچنېمە يوق، لېكىن بىز ھىندى دەرياسىدا. كىشىلەر بۇ دەرياغا ئىلتىجا قىلىدۇ. ھىندى دەرياسى! لېكىن سۇيى قېنى؟ بۇ يەردە قۇملا بار ئىكەن.

سۇ بىر چوڭ قۇرۇقلۇقتا دەريا ـ ئېقىنلار ئېرىشكەن ھۆرمەت دىنىي مەنىگە باي. راتمان ھىندى دىنى مۇخلىسى، ئۇنىڭ بۇ دەرياغا ئوخشاشلا ئالاھىدە ھۆرمىتى بار. لېكىن، سىندتا تارقالغان ھېكايىدە دەريا سۈيىنى پەنجاب ئوغرىلىقچە ئىشلەتتى دېگەن گەپ بار. بەزى كىشىلەر پەنجابنىڭ يەنە بىر قېتىم پارچىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، سەۋەبى بۇ چوڭ ئۆلكىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا تېخىمۇ قولايلىق يارىتىش ئەمەس، بەلكى پەنجابنىڭ باشقا ئۆلكىلەرگە بولغان كونتروللۇقىنى ئاجىزلىتىشتىن ئىبارەت. ناھايىتى مەسخىرىلىك يېرى شۇكى، ھىندى دەرياسى رايون خاراكتېرلىك ئىختىلاپنى پەيدا قىلغان، بىلىش كېرەككى، ئەگەر پاكىستاندا بىر دۆلەت دەرياسى بولسا، ئۇنداقتا، ئۇ ھىندى دەرياسىدىن باشقىسى ئەمەس. ئۇنى بۇ دۆلەتنىڭ ئىتتىپاقلىقىنىڭ سىمۋولى، دۆلەت زېمىنىدا ئېقىپ تۇرغان ئارتېرىيە تومۇرى دېيىشكە بولىدۇ. پەنجاب چېگراسى ئىچىدىكى بارلىق تارماق ئېقىنلار يىغىلىپ ئۇنىڭ ئىلگىرىكى غايەت زور دولقۇنلۇق كۆرۈنۈشىنى ياراتقانىدى. سىندتىكى مىللەتچى پارتىيەلەر ئىختىلاپ مەسىلىسىنى يەنە بىر قېتىم چوڭ مەسىلە قىلىۋالغانىدى، گۇرۇھلار ئىچىدە گۇرۇھلار، پەرقلەر ئاستىدا پەرقلەر بار ئىدى. بۆلۈۋېتىشكە قارىتا بۇنداق

تەكتىلەش سىياسىي سەھنىدە كەڭ تارقالغان بولۇپ، مەن پاكىستانغا كىرگەندىن بۇيان، ئۇنىڭ رىتىمىغا زادىلا پىتىشەلمەيۋاتاتتىم.

بۇ ئىشتا يەنە تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلاملىق مەسخىرە بار ئىدى. كىشىلەر پاكىستاننىڭ دۆلەت قۇرۇش ئاساسى ئېتىقاد، شۇڭا ئېتىقاد باشقا ھەممە سالاھىيەتنى بېسىپ چۈشىدۇ دەپ قارايدۇ. سىزنىڭ قايسى خىلدىكى مۇسۇلمان بولۇشىڭىز مۇھىم ئەمەس، قانداق تىلدا سۆزلىشىڭىز، ھەتتا ھىندىستاننىڭ ئۇ چېتىدە تۇرۇشىڭىزمۇ مۇھىم ئەمەس. سىز مۇسۇلمانلا بولسىڭىز، ئىسلام دىنى ھەممە پەرقنى بىر - بىرىگە ئۇلىشى مۇمكىن. بۇ ماڭا ئابدۇللانىڭ سۆزىنى ئەسلەتتى. ئىستانبۇلدا ئۇ بۇ دۇنيادىكى بارلىق مۇسۇلمانلاردا بىر خىل ئېتىقاد بار دېگەنىدى، گەرچە ئۇ ئۇلارنى كۆرۈپ باقمىغان بولسىمۇ. «سىز ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ئارىسىدىكى توقۇنۇشنى تىلغا ئالدىڭىز، — دېگەنىدى ئۇ، — لېكىن مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، بىر مۇسۇلمان بولۇش بىر خىل ئىنتايىن ئۆزگىچە كەچۈرمىش، سىزنىڭ قەيەردە بولۇشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، شۇنداق بولىدۇ. مۇسۇلمانلىق سالاھىيىتى تارىختىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.» لېكىن، تارىخنى ئۈستۈن قويۇۋېلىشقا بولمايدىكەن، ئېتىقادنىڭ ئۆزىدە پېچەت ساقلانغان، سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە تارىخلا ئەمەس، يەنە تىل ۋە مەدەنىيەتكە جۇغلانغان تارىخمۇ ھەم شۇنداق بولىدىكەن. ئېتىقادنى بۇرمىلاش تارىخقا تۇتۇلغان بۇنداق ئەھمىيەتسىز پوزىتسىيەنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، بىراق پاكىستانلىقلار كەينىگە يېنىپ رايون، تىل ۋە دىنىي مەزھەپلەرنىڭ پارچىلىنىشىغا ئىنتىلىۋاتقاندەك قىلىدۇ.

راتمان ئۆزىنىڭ ئاز سانلىقلار مەزھىپىدىن بولۇشتەك ئالاھىدە ھوقۇقىنى يۇرگۇزۇپ، مېنىڭ ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ يېۋا ئىچىشىمدە چىڭ تۇرۇۋالدى. ماشىنىمىز ئۇنىڭ ئۆيىگە كېتىۋاتقاندا، بىز دەرۋازىسى بار شەھەر ئىچى ئاھالىلەر

رايوندىن ئۆتتۇق، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىنالار بۇزۇلغان، ئەمما رېمونت قىلىنمىغان، ئېرىقلارنىڭ ئۈستى ئوچۇق، تاملار «سۈنئىي مەزھىپىدىكى كىشىلەر، سىلەر قاچان ئويغىنىسىلەر؟» دېگەندەك ھەر خىل شوئارلار بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى.

راتمان ئاشۇ سۆزلەر تامدىن سەكرەپ چۈشۈپ ئۆزىگە ئېتىلىپ كېلىدىغاندەك ئالاقزەدە بولغان ھالدا پىچىرلاپ ئوقۇدى. بۇ شوئار كاراچىدىكى پارتلىتىش ۋەقەسىگە دارىتمىلانغانىدى، ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ شوئار قورالنى ئىشقا سېلىشقا چاقىرىۋاتاتتى. بىز بۇ تىنچ مەھەللىدىن ئايرىلدۇق. راتمان:

— كۆردىڭىزمۇ؟ كۆردىڭىزمۇ؟ ئۇلار قۇتراۋاتىدۇ. ئەگەر پىلتە بولمىسا، دەل مۇشۇ يەردىن پارتلايدۇ، — دەپ شىۋىرلىدى.

※ ※ ※

شۇ كۈنى كەچتە بىز راتماننىڭ ئۆيىدە بولدۇق، گېزىتخانا باش مۇھەررىرىدىن تېلېفون كەلدى، ئۇ دادامنىڭ ئىسمىنى بىلمەكچىكەن. مەن جىددىيلىشىپ كەتتىم. دادام پاكىستاندا داڭلىق كىشى ئىدى، ئەسلىدە مەن مەلۇم تەخەللۇس قوللىنىش ئۇسۇلى بىلەن سەپەر قىلىشنىمۇ ئويلىغان، ھازىرغىچە ھەممە ئىشلار ئوڭۇشلۇق بولۇپ كەلگەنىدى. راتمان ئۇنىڭغا دادامنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بەردى، ئاندىن تۇرۇپكىنى قويۇپ ماڭا قارىدى، چىرايى باشقىلار پېيىگە چۈشكەن ئاز سانلىقلار مەزھىپىنىڭ بىر ئەزاسىنىڭكىگە ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۆيى يالغان گۈل، توپا باسقان ئويۇنچۇق، كالىپىندار ۋە ھال رەڭ دېرىزە پەردىلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ كارىۋىتى قارا ۋە سېرىق رەڭلىك پەنەركىمدە ياسالغانىدى، ئۆيىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا بىر تۇپ سۈنئىي ئېرەن دەرىخى بار بولۇپ، يوپۇرماقلىرى ئېرەن يوپۇرمىقىنىڭ كۆزدىكى رەڭگىدە بويالغان، ئەمما ساڭگىلاپ

كەتكەنىدى.

— بۇ نېمە ئىش، راتمان؟ ئۇ نېمىشقا بۇنى سورايدۇ؟

— ھېچ ئىش يوق، ئاتىش. پەرۋەردىگارىم ھەممىگە قادىردۇر.

مەن ماشىنىمىزنىڭ نومۇرىنى خاتىرىلەيدىغان كىشىلەردىن قاچقاندا، ئۇنىڭ: «پەرۋەردىگارىم ھەممىگە قادىردۇر» دېگەنلىكىگە دىققەت قىلغانىدىم. ئۇ ھەر قېتىم خەتەر پەيدا بولغاندا مۇشۇنداق دەيدىغاندەك قىلاتتى.

— راتمان؟

— ھېچ ئىش يوق، شۇ ISI (پاكىستان ئاخبارات ئىدارىسى) دېگىلەر بايا ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا كەپتۇ. ئۇ ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ ئادىمى. ئۇلارغا ھۆججەتلەرنى تەييارلاپ بېرىدۇ، تەرجىمە قىلىپ بېرىدۇ.

— نېمە دەۋاتىسىز؟ بۇنى نېمىشقا ماڭا دېمىدىڭىز؟

— ئۇ تېلېفون بەرگەندىلا ئېسىمگە كەلدى. لېكىن، ئەنسىرىمەڭ، ئاتىش. پەرۋەردىگارىم ھەممىگە قادىردۇر.

— ئۆتۈنۈپ قالاي، ئەمدى بۇنداق دەۋەرمەڭ. مەن يەنە بىر قېتىم سوراقخانىغا بەند قىلىنىشنى راستلا خالىمايمەن، — دېدىم ۋە ئىراندىكى كەچۈرمىشىمنى سۆزلەپ بەردىم.

— ئاخبارات ئىدارىسى ئۇنىڭغا ئۇقتۇرۇش قىلىش ئېھتىمالى بارمۇ - يوق؟

— بىلمىدىم. گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ، مەن بۇنداق ئىشتىن بىزار. ئەسلىدە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى بېرىشىمىزنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى. سىز نېمىشقا مېنى ئاگاھلاندۇرمىدىڭىز؟

كاللامدا ئىككى گۇمانلىق سوئال ئايلىنىپ يۈرمەكتە ئىدى: بىرىنچى، راتمان ئىشەنچلىك بولماسلىقى مۇمكىن؛ ئىككىنچى، مەن نەشرىياتچىنىڭ مېھمىنى، نەشرىياتچى بولسا ھېلىقى باش مۇھەررىرنىڭ غوجايىنى تۇرسا، بۇنداق ئەھۋالدا باش مۇھەررىر قانداق بولۇپ ئاخبارات ئىدارىسىگە مېنىڭ ئەھۋالىمنى مەلۇم قىلىشى مۇمكىن؟ مەن ئۆزۈمنى ھەيدەرئاباد خەلقىنىڭ قاتارىغا

قوشۇلۇپ قالغانىدەك ھېس قىلدىم. شۇ تاپتىكى ئەنسىرەش دەرىجەم ئۇلارنىڭ ماڭا بولغان پوزىتسىيەسىدىن تۆۋەن ئەمەس ئىدى.

— ئەمىسە، مەن مۇنداق دېمەكچىمەن، — دېدى راتمان، — بۇگۈن كەچ مېھمانخانىدا تۇرمايلى. ئەتە ئۇنى ئىزدىمەيلى. بىز Sehwan Sharif (بىر دۇئا ـ تىلاۋەتخانا) غا بارايلى، ئۇ يەردە بىر كۈننى ئۆتكۈزۈپ، ئەھۋال پەسكويغا چۈشكەندىن كېيىن قايتىپ كېلەيلى.

— ياق، راتمان. مەن ئۇچۇن بىخەتەر ياكى خەتەرلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ بىزگە كېرەكلىك خىزمەت ئۇسۇلى ئەمەس.

— بىخەتەر بولىدۇ. پەرۋەردىگارىم ھەممىگە قادىر دۇر.

مەن نەشرىياتچىغا تېلېفون بېرىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ، راتماننىڭ كىچىك ئىشنى چوڭايتىۋەتكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىنى ئۈمىد قىلدىم، بىراق ئۇ:

— بۇ ياخشى ئامال ئىكەن، — دېدى.

مەن نەچچە قېتىم تېلېفون ئۇرۇپ، ئاخىر نەشرىياتچىنى تاپتىم. ئۇ مېنىڭ بايانىمنى ئاڭلاپ، ئاندىن قوغدىغۇچى ئىلاھدەك ھۆركىرىدى:

— ماڭا راتماننى چاقىرىپ بېرىڭ.

تۇرۇپكىنى راتمانغا بەردىم. ئۇلار نەچچە مىنۇت سۆزلەشكەندىن كېيىن تۇرۇپكىنى قويدى. ئەھۋال ئايدىڭلىشىشقا باشلىدى، راتمان ھاياجانلانغان ھالدا قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.

نەچچە مىنۇتتىن كېيىن، نەشرىياتچىدىن يەنە تېلېفون كەلدى:

— ئېسىڭىزدە بولسۇن، سىز ئەنگلىيە پۇقراسى، سىز خاتالىق ئۆتكۈزمىگەندىكەن، ئەنسىرىگۈدەك ھېچ ئىش يوق. مەن ئۇنى (باش مۇھەررىرنى دېمەكچى) خەۋەرلەندۈرۈپ قويدۇم، سىز مېنىڭ دوستۇم ئىكەنلىكىڭىزنى ئېيتسىڭىز، ئۇ سىزدىن ياخشى خەۋەر ئالىدۇ. مەن ئۇچۇق دېمىدىم، ئەمما ئۇنى قورقۇتۇۋەتتىم.

— مەن يەنە بىر قېتىم سوراق قىلىنىشقا بەرداشلىق بېرەلمەيمەن.

— پەقەت كىچىككىنە ئىش شۇ! — دېدى نەشرىياتچى پەس ئاۋازدا.

— ئەتە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەلەيمەنمۇ؟

— ھەئە، بولىدۇ. چاتاق يوق.

راتمان قاتتىق ھاياجان ئىچىدە ئىدى.

— كۆردىڭىزمۇ؟ — دېدى ئۇ، — بۇ كىشىلەرنىڭ نەقەدەر ساداقەتسىز ئىكەنلىكىنى كۆردىڭىزمۇ؟ غوجايىن ئۇلارغا قانچىلىك ياخشى مۇئامىلە قىلغان بولسۇن، ئۇلارغا كېرىكى پەقەت پۇل. بىز ئاز سانلىقلار مەزھەپپەرەسلىكلەر كۆپ ساداقەتمەن.

مېنىڭ باش مۇھەررىرگە بولغان تەسىراتىم يامان ئەمەس ئىدى، مەن ئۇنىڭ ئۆزىگە مەنسۇپ ئۇسۇل بىلەن ئاگاھلاندۇرغانلىقىمنىلا بىلەتتىم. ئۇنىڭ «بۇنداق ئۇمىدسىزلىك بەك قورقۇنچلۇق» دېگەن سۆزى كۆڭلىدىن چىققانلىقىغا ئىشىنىمەن. ھالبۇكى، بۇنداق ئۇمىدسىزلىك تۇيغۇسى ئەڭ تۈپكى بىر خىلى بولۇپ، ياشاشقا، پاكىز تۇرمۇشقا ئېرىشىشكە، بىسىم ۋە ۋەھىمىدىن قۇتۇلۇشقا ئامالسىز قېلىشنى مەنبە قىلاتتى. مېنىڭ نەشرىياتچىغا بەرگەن تېلېفونۇم باش مۇھەررىرگە تەتۈر يۆنىلىشلىك بېسىم بولغانىدى: ئۇ بىر تەرەپتىن ئاخبارات ئىدارىسىدىكىلەردىن ئەندىشە قىلاتتى، يەنە بىر تەرەپتىن ئىشسىز قېلىشتىنمۇ ئەنسىرەيتتى، بۇ كىچىك شەخس ئاخىر يەنىلا تىز پۈكتى. ھوقۇق بۇ جەمئىيەتتىكى ئويۇن قائىدىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىش تولىمۇ ئاسان ئىدى. مەن باياتىن بۇ يەرگە كەلگەندە پۈتۈن ۋۇجۇدۇم ھەققانىيەت تۇيغۇسىغا تولۇپ تۇراتتى، ماڭىدىغان چېغىمدا بولسا، ئۇنچە كۆپ دەبدەبىلىك سۆزلىرىم قالمىدى.

※ ※ ※

ئەتىسى ئەتىگەندە مەن «ھىندى دەرياسى» مېھمانخانىسىنىڭ ئاشخانىسىدا ناشتا قىلىۋاتقاندا، تېلېۋىزوردا بىر ئوغۇل بالا چىرقىراق ئاۋازى بىلەن ناخشا ئېيتتى. «تەڭرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى، ھەرگىز يالغان گەپ قىلىشقا بولمايدۇ» دېگەنلەر ناخشىنىڭ مەزمۇنى ئىدى. ئوغۇل بالا بەلباغلىق قىزىل چاپان كىيگەن، بېشىغا قارا رەڭلىك مۇسۇلمانچە باش ياغلىق چىگىۋالغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەخلاق مېلودىيەسىنى ياڭراتقاچ تەبەسسۇم قىلاتتى، ئىككى قولى رىتىمغا ئەگىشىپ ئېچىلىپ ھەم جۇپلىشىپ تۇراتتى. ئۇ بىر خىل ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، كۆزىڭىزنى ئۇنىڭدىن ئۈزەلمەي قالاتتىڭىز. مەن تولىمۇ تەملىك قەھۋەنى ئىچكەچ راتماننىڭ كېلىشىنى كۈتتۈم.

راتمان ئىككىمىز ھەيران قالارلىق ھالدا بىرىكىپ كەتكەنىدۇق: پاكىستاندىكى بىر ھىندى دىنى مۇخلىسى پاكىستانلىق بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋىتى بار بىر ھىندىستانلىقنى باشلاپ پاكىستاننى ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇرۇۋاتاتتى. بۇ، نەشرىياتچى قىلغان چاقچاقتەك قىلاتتى، بىراق كۆڭۈللۈك چاقچاق ئەمەس ئىدى. مېنىڭچە، راتماندەك يول باشلىغۇچى بولغانلىقتىن، سىندتىكى كۆپ مەنبەلىك دىنلارنىڭ تارىخى ھەمدە بۇگۈنكى ئەھۋالىنى تېخىمۇ چوڭقۇرراق چۈشەنگەن بولدۇم. راتماننىڭ باشقىلارغا ئىشەنمەسلىكى ھەرگىز دىن سەۋەبىدىن ئەمەس، بەلكى مەدەنىيەت قاتلىمى سەۋەبىدىن ئىدى. ئۇنىڭ قەلبى گۇمانغا تولغان بولۇپ، سىند مۇسۇلمانلىرىنىڭ سىندلىق ئەمەسلەرگە تۇتقان پوزىتسىيەسىدىن پەرقى يوق ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ سىندلىق مۇسۇلمانلار بىلەن بولغان ئالاقىسى قويۇق ئىدى (ھەتتا مەن ئاخىرقى ھېسابتا ئۇ دەل پەنجابلىق بولغانلىقتىن، باش مۇھەررىر بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا خىلمۇخىل باغلىنىش باردەك ھېس قىلغانىدىم). راتماننىڭ

مەۋقەسى مۇسۇلمانلارنىڭكى بىلەن قارىمۇقارشى بولغىنى بىلەن، تەپەككۇر ئۇسۇلى ئوخشاش بولۇپ، ئۇ دەل سىنىد بىرىكمە مەدەنىيىتىنىڭ جانلىق يەشمىسى ئىدى.

راتمان نەچچە مىنۇت كېچىكىپ كەلدى، ئەمما روھى كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. ئۇ مېنى بىر تويغا باشلاپ بارماقچىكەن. مەن رەت قىلىشقا ئۇرۇنۇپ، بىردەمدىن كېيىن باش مۇھەررىر بىلەن كۆرۈشكىلى بارىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. لېكىن، راتمان توي تۈگىگەندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى بارساقمۇ بولىدۇ، دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى.

مەن ئۆزۈمنىڭ قانداق ھۆكۈم قىلغانلىقىمنى جەزملەشتۈرەلمەيمەن — ئېھتىمال ھاۋا تەڭشىگۈچلۈك ئۆيدىن ئەمدىلا چىققانلىقىمدىن بولسا كېرەك — لېكىن ئۆيدىن چىقىپ سىرد خىيابان كوچىسىغا كەلگەندە، بۇ كۈننىڭ بۇگۈنگە قەدەر بولغان ئارىلىقتىكى ئەڭ ئىسسىق كۈن ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلدىم. ۋاقىت ئەمدىلا ئەتىگەن سائەت توققۇزدىن ئۆتكەنىدى.

ئىسسىق ھاۋا دەل ـ دەرەخلەرى شالاڭ بۇ قۇملۇق شەھەرنى ئۆز ئىلكىگە ئالغانىدى، بۇنىڭغا بەزى كىشىلەر ياندۇرغان گورىلكا، كۆيۈۋاتقان قىزىق ماي باكلىرى ھاۋانى ئادەم چىدىغۇسىز ئىسسىتىۋەتكەنىدى. كىشىلەر ئۆيلىرىدىن چىقىپ، ئاپتاپتا قىزىپ كەتكەن كوچىلارغا سۇ چاچماقتا ئىدى. چېچىلغان سۇ ئاقۇچ يەر يۈزىگە چۈشۈشكىمۇ ئۈلگۈرمەي تەۋرىنىپ تۇرغان نېپىز تۇمانغا ئايلىنىپ غايىب بولاتتى ـ دە، كىشىنى مۈگدەك باستۇرىدىغان ئىسسىقلىق يەنە يوپۇرۇلۇپ كېلەتتى. يول بويىدىكى لاي قۇرۇق ھەم قاتتىق بولۇپ، چېچىلغان سۇ تامچە ـ تامچە بولۇپ سىمابتەك دومىلاپ چۈشەتتى. جۇلۇقى چىقىپ كەتكەن بىرنەچچە كوچا ئاپتوبۇسى كىمگە تەۋەلىكى نائېنىق بىر بوش يەرگە تاشلاپ قويۇلغانىدى، بىرنەچچە يۈك ماشىنىسىنىڭ كوزۇپى پۇختا ياغاچ كالتەكلەر بىلەن تىرىلىپ ئىسكىلات قىلىنىۋېلىنغانىدى.

تويغا كېتىۋاتقىنىمىزدا، ھەيدەر ئابادتا ئۇچرىغان بارلىق بۇزغۇنچىلىقلار يول بويى كۆزىمىزگە چېلىقىپ تۇردى. بىز قىزغۇچ قۇم تاش ئىمارەتنىڭ ئالدىدىن ئۆتتۇق، مۇستەملىكە دەۋرىدىن قالغان بۇ ئىمارەت ئىلگىرى شەھەر باشلىقى ئالىيلىرىنىڭ سارىيى ئىكەن، ئىمارەتنىڭ ئالدىغا ئورنىتىلغان بەلگە تېشىغا «ھۆكۈمەت ئىلكىدىكى قەدىرىيە قىزلار تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى» دېگەن خەتلەر يېزىلغانىدى. مەينەت بولۇپ كەتكەن دېرىزىلەر چېقىۋېتىلگەن، كونىراپ كەتكەن پەنجىرىلەر دېرىزە گىرۋىكىدە تېرىدەك لەپەڭشىپ تۇراتتى. نۇرغۇن دېرىزە تاختاي بىلەن مىخلىۋېتىلگەنىدى. بالكوننىڭ سالاسۇنلىرى داتلىشىپ كەتكەن، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن تۈۋرۈكلىرى يېرىلغان، ئۆينىڭ سول تەرىپىگە ياسالغان زىننەت پەشتىقىمۇ ئۆرۈلۈپ ئىككى پارچە بولۇپ كەتكەنىدى.

يەنە بىر مەھەللىدىكى بىنالاردا ئىلگىرى ھىندىستانلىق سودىگەرلەر تۇراتتى. بىر بىنانىڭ تولىمۇ سىپتا ياسالغان ئۇدۇل تېمىدا ھىندىچە «Hassaram Vishindas 1924 » دەپ يېزىلغان ئىسىم خۇددى تونۇشتەكلا كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. بۇ بىنا تاشيولنىڭ جىددىي ئايلىنىش دوقمۇشىغا جايلاشقانىدى، ئۇنىڭ بالكونى بۇرۇن يېرىم يۇمىلاق شەكىللىك بولسا كېرەك، ئاقارتىلمىغان بىرمۇنچە خىشلاردىن تۈۋرۈك بويلاپ ياسالغان تاملار بالكوننى بىرنەچچە خانىغا بۆلۈۋەتكەنىدى.

— ئاۋۇ يەردە ھىندىستانلىقلار تۇرامدۇ؟

— ياق، ھازىر بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى مۇھاجىرلار، — دېدى راتمان.

— شۇنداقمۇ؟ لېكىن، ئۇلار بىنادا تۇرامدۇ؟

— ھەئە، بىرىنچى قەۋەتتە تېخى دۇكانلىرىمۇ بار.

يەنە بىرئاز ماڭدۇق، ئالدىمىزدا تۇتىشىپ كەتكەن داچىلار، بىر - بىرىگە ئۇلاشقان كوچىلار بار ئىدى. پۈتكۈل مەھەللە تاشلىۋېتىلگەنىدى. كىشىنى خورسىندۇرىدىغىنى، ئاتمىش يىل

ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئىلگىرى بۇ يەردە ئاسانلا ئىشقا ئاشقان تىنچلىقتا بىللە تۇرۇش يەنىلا ئەسلىگە كەلمىگەنىدى. پۇتكۇل شەھەر نامراتلار رايونىغا تىقىلىۋالغان بولۇپ، گويا جەمئىيەتنىڭ قالايمىقانلىقىغا، چىڭ چىگىلگەن كۆپ مەنبەلىك رىشتىنىڭ ئۈزۈلۈپ كەتكەنلىكىگە ماتەم بىلدۈرۈۋاتقاندەك قىلاتتى. مۇھاجىرلار ئۆزلىرىنىڭ كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيىتىنى ئارقىغا تاشلىۋەتكەنىدى، ئەمما ئۇلار باشقا جەمئىيەتتە ئىپادىلىگەن قىممەت، يەنى نەچچە يۈز يىللار مابەينىدە جۇغلانغان قىممەتنىڭ ئۆزلىرى كۆچۈپ كىرگەن جەمئىيەتتە غايىب بولغانلىقىنى بايقىدىم. بۇنداق يوقىتىش تۇيغۇسى ئىنتايىن زور بولۇشى كېرەك ئىدى: ئۇلار دىن دۆلىتىنى ئىزدەپ تېپىش ئارزۇسىنى قەلبىگە پۈككەن، بىراق نەتىجە يېڭى ـ كونا مۇسۇلمانلارنىڭ قارشىلىشىشى بولغان، شۇنداقلا بۇنداق ئارازلىق بارغانسېرى ئېگىز تامغا ئايلىنىپ، سىياسىي پارتىيە ۋە خەلق ئەسكەرلىرى قىسمىغا چوڭقۇرلاپ كىرگەن. ئاپامنىڭ ئائىلىسىنىڭ ھىندىستاندىكى رولى دەل مۇھاجىرلارنىڭكىگە ئوخشايدۇ، يەنى ئۇلار پاكىستاندىن ھىندىستانغا قېچىپ كەلگەن مۇساپىرلار بولۇپ، خاراكتېرى ھىندىستاندىن كۆچۈپ كەلگەن بۇ كىشىلەرنىڭكى بىلەن ئوخشاش، ئەمما ھىندىستان قارىمۇقارشى تويقا ئايرىمىدى، ئۇ يەردە بۇنداق ئۇقۇم مەۋجۇت ئەمەس.

مەزھەپلەرنىڭ غەزىپى سەۋەبىدىن بولغاندەك، ھەيدەرئابادتىكى مۇھاجىرلار قىسىلچاقتا ياشاۋاتاتتى، ئۇلار قىستا ـ قىستاڭ، ئەگرى ـ بۈگرى كوچىلاردا تۇراتتى، ئەتراپىدىكى توسۇقلار راتمانىنى ئارقىغا داجىشقا مەجبۇر قىلدى. پاسىل تامنىڭ قىزىل خىشلىرى ئۈۋىلىپ چۈشۈشكە باشلىغان، كۈنگۈرىلىرى بۇزۇلغانىدى، ئۆيلەرنىڭ دېرىزىلىرىمۇ تامنىڭ ئىچىگە چۆكۈپ كەتكەنىدى. پاسىل تامنىڭ سىرتىدا، ئاپتاپنىڭ قىزىقىغا قارىماي بىر بازار پەيدا بولغان، يېنىدا ئۈستى ئوچۇق ئەۋرەز كۆلچىكى بار ئىدى، كۆلچەكنىڭ ئۈستىگە ناھايىتى چوڭ سېمونت تاختا

قويۇلغانىدى. بالىلار پالەچ كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بىر كىشى ياغاچ هارۋىدا ئولتۇراتتى، هارۋىنىڭ ئۈستىگە كۆك رەڭلىك كىلىيونكا يېپىلغانىدى. ئۇنىڭ يېنىغا قويۇلغان تېزلىك ئۆزگەرتىش كوروپكىسى، كۆل رەڭ ماشىنا ئورۇندۇقى، سىلىقلاش مېيى، مايلانغان ئورام - ئورام پۇرژىنىلار كۆچلۈك ئاپتاپتا قاقلىنىپ تۇراتتى. بىز قاتنىشىدىغان توي مۇراسىمى ئۇچلۇق ئۆگزىلىك، چوڭ بالكونلۇق بىر چىرايلىق سېرىق ئۆينىڭ ئالدىدا ئۆتكۈزۈلمەكچى بولۇۋاتاتتى. كوچىدىكى بىر چاسا دائىرىنىڭ ئۈستىگە لاپاس سېلىنغان بولۇپ، ئىچى ئېشەك هارۋىلىرى، سېمونت خالتىلىرى بىلەن تولغان، يەنە تېلېفون بوتكىسىمۇ بار ئىدى. مېهمانلار تېخى يېتىپ كەلمىگەنىدى، بىراق ئايال ساهىبخانا يەنىلا بىزنى قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋالدى.

— بۈگۈن كەچ مەن ئىنتايىن خۇشال بولىدىغان چاغ، — دېدى ساهىبخانا، — ۋاقىت توشقاندا كىشىلەر ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئوينىشىدۇ. سىلەر قانغۇچە تاماشا قىلىسىلەر. شۇنداق، شۇنداق، مەهەللىدىكى هەممە كىشى كېلىدۇ! بىز ئۇخلىمايمىز، كېچىچە مۇبارەكلەيمىز! هەتتا بىزنىڭ خەۋەر قىلىشىمىزنىڭ هاجىتى يوق، ئۆزلىرى كېلىدۇ.

ئۇ بۇ گەپنى قىلىپ بولۇپلا ئۆيگە كىرىپ كەتتى. راتمان ماڭا ساقاللىق بىر بوۋايىنى تونۇشتۇردى. ئۇ كۆك كىيىم ، بۆك كىيگەن، پېشانىسىدە ئىبادەت قىلغۇچىلارنىڭ بەلگىسى بار ئىدى، مەن ئۇنىڭ سەجدە قىلغاندا بۇ بەلگىنى يەرگە قانداق تەگكۈزىدىغانلىقىغا قىزىقتىم. ئەسلىدە ئۇ يىگىتنىڭ دادىسى ئىكەن. ئۇ راتماننىڭ گېزىتخانىنىڭ ئادىمى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، مېنىمۇ مۇخبىر دەپ قالدى بولغاي، هۆكۈمەتتىن ئاغرىنىپ بىرىشكە باشلىدى:

— ئۇلارنىڭ تويدا غىزا تارتىشىمىزنى نېمە ئۈچۈن چەكلىگەنلىكىنى بىلەمسىز؟

— ھۆكۈمەت غىزا تارتىشنى چەكلىدىمۇ؟
— شۇنداق.
— نېمە ئۈچۈن؟
— ئاشۇنداق بەلگىلىدى شۇ.
— سەۋەبى يوقمۇ؟
— يوق.
— ھۆكۈمەتنىڭ چوقۇم بىرەر گېپى بولۇشى مۇمكىن.
— يوق، ئۇلار يەنە مەسچىتكە ئاۋاز كۈچەيتكۈچ ئورنىتىشنى چەكلىدى، باشقا جايدىكى كىشىلەر زىيارەت قىلغىلى كەلسىمۇ، ئىشلەتكىلى بولمىغۇدەك.
— ئۇلار يەنە ناخشا ئېيتىش، ئۇسسۇل ئويناشنىمۇ چەكلىدى، — دېدى راتمان.
— ياق، — دېدى بوۋاي ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈپ، — ناخشا ئېيتىش، ئۇسسۇل ئويناشقا يول قويۇلىدۇ، لېكىن بىز تويدا پەقەت بىر خىللا قورۇما تارتالايمىز.
— ئۇلار نورمىدىن سىرتقى بارلىق خىراجەتلەرنى بىكار قىلماقچى، — دېدى راتمان.
بۇنداق قانۇنلار نۇرغۇن جايدا، مەسىلەن، ئىراندا بار، گەرچە پاكىستانلىقلار ئېتىراپ قىلمىسىمۇ، بىراق ھەقىقىي مەقسىتى تويي مۇراسىملىرىدىكى بارلىق باشقا مەدەنىيەت تەركىبلىرىنى يوقىتىپ، ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىگە قاتتىق بويسۇنىدىغان تەركىبلەرنىلا ساقلاپ قېلىشتەك تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلامدىكى ئارزۇسىنى يوشۇرۇش ئىدى.
راتمان ئەتراپتىن يېگۈدەك نەرسە تاپقىلى كەتتى. كۆزلىرى كۈلۈپ تۇرىدىغان بوۋاي ماڭا بۇرۇلۇپ قارىدى.
— مەن بۇ گەپلەرنى قىلمىسام بولاتتى، — دېدى ئۇ، — مۇغەمبەرلىك بىلەن كۈلۈمسىرەپ، — لېكىن ئوغلۇم گېزىتخانىدا ئىشلەيدۇ. ئوغلۇمنىڭ ئۇ يەردىكى ئورنى ۋاقىتلىق. سىز ئۇنىڭ رەسمىيلىشىشىگە ياردەم بېرەلەرسىزمۇ؟ ئوغلۇمنىڭ

ئۇ يەردە ئىشلەۋاتقىنىغا يەتتە يىل بولدى، بىراق يەنىلا ۋاقىتلىق ئىشچى.

بىز پاراڭلىشىۋاتقاندا، ئۇنىڭ ئوغلى كەلدى. ئۇ قاپقارا، قاۋۇل، قويۇق قارا بۇرۇتلۇق يىگىت ئىكەن، ئۇنىڭ ئىبادەت بەلگىسى ئاددىيلا چېكىت ئىدى. ئەمدى مەن بۇنداق بەلگىنىڭ ھەرقانداق جايدا بىرەرىنىڭ بىر خىل قورقۇنچلۇق يېڭى كېسەلنى يۇقتۇرۇۋالغانلىقىنى كۆرگەندەكمەن، ئاددەمدە ۋەھىمە تۇيغۇسى پەيدا قىلىدىغانلىقىنى بىلدىم.

يىگىت يان تېلېفونى بىلەن تېلېفون بېرىۋاتاتتى، ئۇ بىزنى يولدىن كېسىپ ئۆتۈپ مەسچىتكە بېرىپ توي مۇراسىمىغا قاتنىشىشقا چاقىرغاندىمۇ، تېلېفون بېرىشتىن توختىمىدى.

بىر توپ ئادەم چېدىر رايونىدىن ئايرىلىپ، ئاق مەرمەردىن ياسالغان مەسچىتكە قاراپ مېڭىشتى. مەسچىتنىڭ ئىچى بەكلا قىستاڭچىلىق، بۇرۇننى ئېچىشتۇرىدىغان بىر خىل پۇراق بار ئىدى، نوغۇچ چىراغ ۋە لامپا چىراغلار يېقىلغانىدى. ئىچىدە يەنە باشقا نامازخانلارمۇ بار بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ بويالغان قىزىل ساقىلى بار ئىدى. راتمان ماڭا بۆك كىيدۈرۈپ قويماقچى بولدى، ئۇ بۆك مەخسۇس باش كىيىمى كىيمىگەن كىشىلەر ئۈچۈن تەييارلاپ قويۇلغانىدى. لېكىن، مەن ئۇنىڭ قىزىل كۆڭلەك، ئاق پىلاستىماسسا بۆك كىيگەن قىياپىتىنى كۆرۈپ، بۆكنى كىيگۈم كەلمەي قالدى. مەن بوۋاينىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئالدىمىزدىكى ئالدىراشچىلىققا قارىدىم. بۇ چاغدا، ئۇ:

— ئىلگىرى ئىمام ئۆيلىرىمىزگە باراتتى. بىزنىڭ تويلىرىمىز ئادەتتە يەتتە كۈن داۋام قىلاتتى، بىراق ھازىر نۇرغۇن ئەنئەنىمىز ئاستا - ئاستا يوقاپ كېتىۋاتىدۇ. توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈشكە بىر كۈنلا ۋاقىت بېرىلىدۇ، يەنە كېلىپ، مۇراسىمنى مەسچىتتە ئۆتكۈزۈشىمىز كېرەك. كىچىك ۋاقتىمدا تويلار خۇشال كەيپىياتتا ئۆتكۈزۈلەتتى. ھازىر كىشىلەر تويىنى قانداق ئۆتكۈزۈشنى ئۇنتۇپلا كەتتى، — دېدى!

بوۋاي ناھايىتى توغرا ئېيتقانىدى. يىتتۇرۇپ قويۇلغان تارىخنى كىتابلاردىنلا ئەمەس، بەلكى بوۋاينىڭ گېپىدىنمۇ ئېنىق ھېس قىلغىلى بولاتتى. ئۇ تەسۋىرلىگەن توي سورۇنى مەن بىلىدىغان ھىندىستان توي مۇراسىملىرىغا بەك ئوخشايتتى. ئادەتتىكى ئەھۋالدا ئوخشىمىغان دىندىكىلەرنىڭ تويدىكى پەرقلىنىدىغان قىسمى دەل مۇراسىم ئىدى، لېكىن مۇراسىم تويىنىڭ ئەڭ ئاددىي قىسمى ھېسابلىناتتى. شۇنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، سوپىلارنىڭ دۇئا - تىلاۋەتخانىلىرىدا توي مۇراسىمى ھەرقايسى مەزھەپتىكى دىنىي زاتلار بىللە قاتنىشالايدىغان پائالىيەت ئىدى. ئېتىقادى ئوخشىمايدىغان، لېكىن مەدەنىيىتى ئوخشاش بىر كىشىنىڭ توي مۇراسىمىغا قاتنىشىش ئىلگىرى ياخشى نىيەتنىڭ ئىپادىسى ئىدى. لېكىن، ھازىر مەن مەدەنىيەتتىكى ئوخشاشلىقنى قىلچە كۆرەلمىدىم: بۇ پەقەت مۇسۇلمانلار ئۆچۈنلا ئۆتكۈزۈلگەن توي مۇراسىمى ئىدى. توي مۇراسىمى بارغانسېرى جىمجىتلىشىپ، ئىسلامغا تەۋە قىسمىدىن باشقا ھېچنېمە قالمىغانىدى. بۇنداق بوغۇلغان قىسمى ھىندىستانغا بىر مەدەنىيەت ئەمەلىي گەۋدىسى سۈپىتىدە بايقۇت قىلىشنى، بىرىكمە مەدەنىيەتكە قارشى تۇرۇشنى ئىپادىلەيتتى، بىردىنبىر ساقلاپ قېلىنغىنى ئىسلامنىڭ ئاساسىلا ئىدى. بوۋاي مۇسۇلمان، ئەمما ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىنى سېغىنغانىدى. بىر خىل بىرىكمە مەدەنىيەتكە خۇسۇسىيەتداشلىقنى سىڭدۈرۈش كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان ئىش بولۇپ، خۇددى تەسەۋۋۇرىمىزدا لوندون ياكى نيۇيوركنىڭ كۆپ مەنبەلىكلىكتىن ئاجرىتىۋېتىلگەنلىكىگە ئوخشايتتى. ئۇ قىممەت قارىشىغا تەسىر كۆرسىتەتتى، دادامنىڭ ئائىلىسىدە تەسەۋۋۇردىكى بۇنداق خۇسۇسىيەتداشلىق ماڭا ئەڭ يات بىلىنگەنىدى: ئۇلار ھىندىستانلىقلارنى، يەھۇدىيلارنى، ھەمجىنس ئاشىق - مەشۇقلارنى، قارا تەنلىكلەر ۋە ئامېرىكىلىقلارنى مەسخىرە قىلاتتى، باشقىلارنى چالا - بۇلا بىلسىمۇ، يەنىلا ئۇلارغا بوھتان

چاپلايتتى.

مەن گاڭگىراش ئىچىدە زىبۇ ـ زىننەتلىرى جىلۋىلىنىپ تۇرغان كېلىننىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇردۇم. يىگىتنىڭ دادىسى ئوغلى بىرمۇنچە ھۆججەتلەرگە ئىمزا قويغاندىن كېيىن توي قىلغان ھېسابلىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن كېلىننىڭ چىقىشىنى ئالاھىدە دىققەت بىلەن كۈتۈۋاتقاچقا، بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەيران بولمىدىم. بىز چاسا چېدىر رايونىغا قايتىپ كەلگەندە، ئاياللار قاچا ـ قومۇچىلارنى چەككەچ ناخشا ئېيتىپ، قېرىنداشلىرىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىنى بايان قىلىشتى. ئۇلار يىگىتنىڭ تېلېفون ئۇرۇپ توينىڭ كەينىدە قالغانلىقى تۈپەيلى سەل توختاپ، نەچچە مىنۇتتىن كېيىن قاچا ـ قومۇچىلارنى چېكىپ، ناخشا ئېيتىشنى يەنە باشلىدى. مېھمانلار بارغانسېرى كۆپەيدى، بىرنەچچە ئەركىشىنىڭ ساقىلى ئۇچىسىدىكى جىلىتكىدەك مايلىشىپ كەتكەن، قارىماققا ئۇلار تۆمۈرچىگە ئوخشايتتى. ئۇلار چوڭ مېتال قاچىغا سېلىنغان دۇملىمە يېمەكلىكنى ئېلىپ كەلگەنىدى.

تەپتىش ئەمەلدارى ھاۋا تەڭشىگۈچلۈك ماشىنىسىنى ھەيدەپ كەلدى، ئۇ ماشىنا دېرىزىسىنى چۈشۈرۈپ يىگىت بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. راتمان ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئۇنىڭغا مېنىڭ لوندوندىن كەلگەن مۇخبىر ئىكەنلىكىمنى تونۇشتۇردى. ئۇ كۈلۈمسىرەپ قويۇپ، ماڭا ئىسىم كارتىسىنى بەردى، ئاندىن رەڭلىك دېرىزە ئەينىكىنى كۆتۈردى. بىزمۇ خوشلاشماقچى بولدۇق، چۈنكى باش مۇھەررىر بىلەن كۆرۈشۈشكە كېلىشىپ قويغاندۇق. مېڭىش ئالدىدا چېدىرنىڭ ئىچىگە قارىدىم. ئېگىز بويلۇق، خامۇش چىراي، ئىسسىق ھاۋادا قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتكەن بىرنەچچە ئەر كىشى گۆرۈچ تامىقىنى ۋە توخۇ گۆشىنى يالماپ يۇتماقتا ئىدى.

بىز گېزىتخانا ئىشخانىسىغا كەلگەندە، باش مۇھەررىر مېنى بىر كىشى بىلەن كۆرۈشۈشكە باشلاپ بارماقچى بولدى، ئۇ كىشى

بايىلا ئىشخانىدىن ئايرىلىپ ناماز ئوقۇغىلى كەتكەنىدى. تۈنۈگۈن كەچتىكى ئىش تۈپەيلى، ماڭا ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدىكى كەيپىيات سەل جىددىيدەك بىلىندى. بۇ چاغدا ئۇ ئىبغىز ئېچىپ قالدى:

— سىزگە بۇلارنى دېسەم مۇۋاپىق بولامدۇ - بولمامدۇ، بىلەلمىدىم، بىراق بۇ پەردە خىزمەت قىلغىنىمدىن بۇيان، غوجايىن يىگىرمە يىل ئىچىدە ئاران ئىككى قېتىم تېلېفون قىلغانىدى. لېكىن، كۈتۈلمىگەندە ئاخشام تېلېفون قىلىپ: «سىنىڭ ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلغىنىڭ، ماڭا شۇنداق مۇئامىلە قىلغىنىڭ» دېدى. شۇڭا، ماڭا ئاي كېرەك دېسىڭىزمۇ، سىز ئۇچۇن ھېچنېمىدىن يانمايمەن.

بۇ ھۆرمەتلىك مويسىپىتنىڭ بۇ ھالەتكە چۈشۈپ قالغىنىدىن تولىمۇ ئوڭايسىزلاندىم، بىراق راتمانىنىڭ چىرايىدىن مەمنۇنلۇق چىقىپ تۇراتتى. ئۆيگە بىر ئەركىشىنىڭ كىرىشى بىلەن تەڭ، ئوڭايسىز كەيپىيات بۇزۇۋېتىلدى. ئۇ ناھايىتى ئېگىز، تېرىسى ئاق، قويۇق قارا بۇرۇتلۇق كىشى بولۇپ، ئۇستىبېشىدا يەنە دۇئاگۇينىڭ بەلگىسى بار ئىدى.

بۇ كىشى سىند ئۆلكىلىك قانۇن تۇرغۇزۇش پارلامېنتىنىڭ ئەزاسى ئىكەن. ئۇنىڭ پاكىستان سىياسىي ساھەسىدىكى يۇقىرىغا يامىشىش يولى ھازىر ئاقمايدىغان بولۇپ قالغان. ئۇنىڭ كەسپىي ھاياتى 1971 - يىلى ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىگە قاتنىشىشتىن باشلانغان، ئەينى چاغ شەرقىي پاكىستان بۆلۈنۈپ چىقىشنىڭ ئالدىنقى يىلى ئىدى.

— ئاشۇ يىللار بەك گۈزەل ئىدى، — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ، — ئوقۇغۇچىلىق دەۋر بەك گۈزەل. بىرلەشمىمىز نۇرغۇن ئىستىبداتلىقلارنى قوبۇل قىلغان، بىراق كېيىن ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنى مەنئى قىلىش ۋە ئوقۇغۇچىلار داھىيلىرىنى قولغا ئېلىش باشلاندى. سىز بۈگۈنكى كۈندە كۆرۈۋاتقان بارلىق داڭلىق سىياسىيونلار ئاشۇ يىللاردا ئۆسۈپ يېتىلگەن، ئۇلار

جاسارەتلىك قوشۇندىكى بىر توپ كىشىلەر.

ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى كىنو كەسپىگە ئوخشاشلا قايتا ئەسلىگە كېلەلمىگەن. بوران ـ چاپقۇنغا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان بۇ تەشكىلاتنىڭ قۇرۇلۇشىغا نەچچە ئون يىل كەتكەن بىلەن، بەربات قىلىنىشىغا نەچچە ئايلا ۋاقىت كەتكەن. 1979 ـ يىلى بۇتتو ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغاندىن كېيىن، يەنى دادام بىلەن ئاپام ئۇچراشقاننىڭ ئالدىنقى يىلى، بۇ ياش سىياسىيون ئەسلىدە شۇ چاغدىكى كۆلىمى تېخىمۇ زور دەھرىي پارتىيە ـ گۇرۇھلارغا، مەسىلەن، خەلق پارتىيەسىگە كىرىشى مۇمكىن ئىكەن، بىراق ئۇ بىر دىنىي پارتىيەنى تاللىغان. ئۇ پاكىستاننىڭ دىنىي تۈس ئالمىغان ياخشى بىر ھۆكۈمىتى بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن. بىراق، ئىسلام دىنىلا ھەقىقىي دېموكراتىيەنى ئېلىپ كېلەلەيدۇ دەپ قارايدىكەن.

— ئارمىيە دېموكراتىيەنىڭ پەيدا بولۇشىغا رۇخسەت قىلمايدۇ، — دېدى ئۇ، — ئۇلار ئامېرىكىلىقلارنىڭ كېپىنى ئاڭلايدۇ. ئۇلار رۇسىيەلىكلەر بىلەن كۈرەش قىلماقچى بولغاندا تالىبان پەيدا بولدى، نېمىلا بولسا ناماز، نېمىلا بولسا ئاللا، ئاللا دەيدىغان بولۇشتى. كېيىن ئۇلار تالىباننى قوغلىۋەتمەكچى بولدى. ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ كۈچى زورىيىپ كەتتى، ئەگەر ئەركىن، ئادىل سايلام بولىدىغان بولسا، بىز چوقۇم تولۇق غەلىبە قىلىمىز. لېكىن، ھازىرقى سايلاملاردا ساختىلىق ۋە سايلام بېلىتىنى تىقىۋېتىدىغان ئىشلارلا بار. 1947 ـ يىلى ئىسلام مەكتەپلىرىدىن ئاران نەچچە يۈزى بار ئىدى، ھازىر يىگىرمە بەش مىڭى بار. ئەجەبا، دىن زورايماپتۇمۇ؟ سىز دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتناشقان كىشىلەرنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟

ئىلگىرى دىنىي پارتىيە ـ گۇرۇھلار سايلام بېلىتىنىڭ سانى جەھەتتە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىپ باققان ئەمەس، لېكىن بۇ سىياسىيون ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىگە بەك ئىشىنىدىكەن.

— كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرى بارغانسېرى ئىسلاملاشماقتا.

مۇسۇلمانلار ۋەيرىستاندا ئۆلتۈرۈلدى، بۇنىڭلىق بىلەن ئىسلامنىڭ كېيىنكىسى توختاپ قالامدۇ؟ مۇشەررەف: «ئىسلام مەدەنىيىتىنى دەرسلىكلەردىن چىقىرىۋېتىمىز» دېيۈدى، خەلق: «بوپتۇ، بىز ئىسلام مەدەنىيىتىنى ئائىلىدە ئۆگىتىمىز» دېدى. ئۇلارنىڭ مۇددىئاسى كونترول قىلىش بولغانلىقتىن، ئەكسىچە دىن ئۇزۇكسىز زورايماقتا. ئۇلار تالىباننى قوغلىۋەتتى، جىنايەتچىلەرنى باستۇردى، ئەپيۇننى مەنئى قىلدى، ئادالەتسىزلىكنى يوقاتماقچى بولدى، ئەمما نەتىجە كىشىلەرنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىسلامنىڭ قوينىغا كىرىشى بولدى.

— سىز دىنىڭ پاكىستاندا قانداق تەرەققىي قىلىشىنى ئۈمىد قىلىسىز؟

— ھەممە يېرىنى قاپلىسا دەيمەن.

— ئىسلام شەرئىتىگە ئايلانسا دېمەكچىمۇ؟

— ھەئە.

— سەئۇدى ئەرەبىستاندەك بولسا دېمەكچىمۇ؟

— ياق، سەئۇدى پادىشاھلىق دۆلەت.

— ئىرانچۇ؟

— ياق، ئىران دېگەن باشقا بىر ئىش.

— ئەمىسە، قانداق؟

— پەيغەمبەرنىڭ دەۋرىدىكىدەك. بىر ئىسلام جۇمھۇرىيىتى بولسا دەيمەن.

— لېكىن، ئۇ چاغدا جۇمھۇرىيەت يوق ئىدى.

— شۇنداق، ئەمما جۇمھۇرىيەت دېگەن زادى نېمە، دەپ بېقىڭا؟

— ياۋروپانىڭ جۇمھۇرىيەت توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى قەدىمكى يۇناندىن كەلگەن.

— خاتا، — دېدى ئۇ، — جۇمھۇرىيەت ئۇقۇمى ئىسلام دىنىدىن كەلگەن.

ئۇنىڭ كاللىسىدىكى ئۇقۇم ھەقىقىي بىر سىياسىي ئەمەلىي گەۋدە ئەمەس، پەقەت بىر خىل ئىجتىمائىي مەنزىرە ئىدى. ئۇ

خەلىپە ئۆمەرگە مۇناسىۋەتلىك بىر ھېكايىنى نەقىل كەلتۈردى، مەن بۇ ھېكايىنى بۇرۇن كۆپ ئاڭلىغانىدىم. ھېكايىدە مۇنداق ۋەقە سۆزلەنگەنىدى: جامائەت سورۇنىدا خەلىپە ئۆمەردىن بىرسى نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ كىيىمىگە ئىشلىتىلگەن رەختنىڭ باشقا مۇسۇلمانلارنىڭكىدىن كۆپ ئىكەنلىكىنى سورايدۇ. گەرچە ئۇنىڭ ھوقۇق - مەرتىۋىسى چوڭ بولسىمۇ، بۇ سوئال ئۇنى رەنجىتىپ قويمايدۇ، بەلكى ئوغلى ئۆزىگە تەئەللۇق ئۈلۈشنى ئۆزىگە بەرگەنلىكى ئۈچۈن رەختنى كۆپرەك ئىشلەتكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. مۇسۇلمانلار بۇ ھېكايە يەتكۈزگەن باراۋەرلىك ئۇقۇمى ۋە سىياسىي مەسئۇلىيەتنى ياقتۇراتتى.

— بىز مائارىپنى ياخشىلىشىمىز كېرەك. بىزگە كېرىكى ئەتراپلىق مائارىپ، يەنى ماتېماتىكا، خىمىيە، ئىقتىسادشۇناسلىق. بىز داۋالاش مۇئەسسەسەلىرى، مۇلازىمەت كەسپى ۋە جامائەت ئىشلىرىنى ياخشىلىشىمىز كېرەك. قانۇن تۈرغۇزۇش پارلامېنتى ھازىر بىزنىڭ بۇ مۇھاكىمە قىلىدىغان مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمىزنى چەكلىدى. بىز ئوتتۇرىغا قويغان ھامان، ئۇلار توسقۇنلۇق قىلىدۇ.

لېكىن، بۇ ياش سىياسىيونغا ئوخشاش كىشىلەر تۈركۈمى ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ - تەلەپلىرىگە ئەمەس، ئېتىقادقا ۋەكىللىك قىلىشنى تاللىسا، بۇ مۇھاكىمە قىلىدىغان مەسىلىلەر تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلامدا قانداقمۇ ئىشقا ئاشالىشى مۇمكىن؟ ... مەلۇم جايدىن تېپىۋالغان ئۇقۇمنى ئىسلام ئەندىزىسىگە ماس كەلتۈرۈپ قايتا يارىتىش ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئاشماسلىقىنىڭ سەۋەبى شۇكى، بۇنداق ئېتىقاد بەك كۆپ بۇرمىلانغان. ئەمدىلىكتە بولسىمۇ، ئېتىقاد ئۈچۈن قۇرۇلغان بۇ دۆلەتتە، بۇ ياش سىياسىيون چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ يەرلىك قانۇن چىقىرىش ئاپپاراتلىرىنىڭ ئۈنۈمىگە توسقۇنلۇق قىلىشىغا زەربە بەرمەكچى بولغانىدى.

— سىند قانۇن تۈرغۇزۇش پارلامېنتى ئۈچ يىلدا بىر

قانۇنىمۇ ماقۇللىغىنى يوق ! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ، — ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرى كىلەڭسىز، مالىيە كۈچى زور، تارماقلارمۇ بەك كۆپ، بىراق خەلق تىنالماي قىلىۋاتىدۇ. لېكىن، ھۆكۈمەت بىزنى ۋەزىرىستاندا ئوسامە بىن لادىننى ئىزدىگىلى سېلىۋاتىدۇ، بىزمۇ بېرىپ شۇنداق قىلدۇق. مانا بۇ نېمە ئۈچۈن مېنىڭ ھۆكۈمەت چەت ئەل كۈچلىرى تەرىپىدىن باشقۇرۇلۇۋاتىدۇ، دەپ قارايدىغانلىقىمنىڭ سەۋەبى.

— مېنىڭ بىر سايلام رايونۇم بار، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئۇ، — مەن بۇ رايوندا داۋالىنىش كاپالىتىنى قولغا كەلتۈرمەكچىدىم، ئەمما ئۇنداق قىلالمىدىم. گەرچە كومىتېت بولسىمۇ، بىراق ئۇلار بىزگە بېلەت تاشلىمىدى. سايلام ۋەكىلى ئارقىلىقلا بۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ ـ دە ! ھۆكۈمەتنىڭ ئادەملىرى خىيانەتچى، چىرىك، بۇ يەردە چىرىكلىكنىڭ پاكىتلىرى ئادىللىقنى ياقلاش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى قاقتى ـ سوقتى قىلىش ئۈچۈنلا ئىشلىتىلىدۇ. سايلام رايونۇمدىكى بىر تەرەققىيات تۈرى ئۈچۈن بەش مىليون رۇپىيە مەبلەغ ئاجرىتىلغان، بىراق ھۆكۈمەت تەرەپتىن توختام تۈزگۈچى ئادەم ئۈچ ئۆلۈشنى قايرىۋالدى. نىسبەت مۇشۇنداق بېكىتىلگەن. قول ئاستىمدىكى ئادەم تېخىمۇ كۆپ ئالماقچى بولدى. ئۇ: «بىز بەش ئۆلۈش دەپ بېكىتەيلى» دېدى.

ئاخىرىدا ياش سىياسىيون يەنە دىن مەسىلىسىگە قايتىپ كەلدى...

بۇ سىياسىيوننىڭ سەممىيلىكى ماڭا چوڭقۇر تەسىر قىلدى، مەن ئۇنىڭ ئەتراپىدا چۆرگىلەپ يۈرگەن خىيانەتچىلىك، چىرىكلىك ئۇنى ئېتىقاد پاكلىقىنىڭ پاناھگاھىغا ئىتتەرمەكتە ئىدى. ئۇ مېنى پارلامېنتقا باشلاپ بېرىشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويدى. بىز بەزى تەپسىلىي ئۇچۇرلارنى ئۆزئارا ئالماشتۇردۇق. ئىسىم ـ فامىلەمنى ئېيتقىنىمدا، ئۇ كۈلۈپ قويۇپ:

— تاسىر. ئېسىمدە تۇتىمەن. بۇ پاكىستاننىڭ بىر ئۇلۇغ داھىيسىنىڭ ئىسمى، — دېدى.

ئۇ دادامنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىۋىدى، مەن ھەيران قالدىم، بۇ خۇددى تۇنجى قېتىم پاكىستانغا كەلگەندە چېگرادا يولۇققان ئەھۋال بىلەن ئوخشاش ئىدى. شۇنچە ياش بۇ سىياسىيوننىڭ دادامنى تونۇيدىغانلىقىنى خىيالىمغا كەلتۈرمىگەنىدىم. پاكىستانلىقلارنىڭ دادامغا بولغان ھۆرمىتى ئۇنىڭغا باھا بېرىشىمنى قىيىنلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. ھەر قېتىم پۇقرالار ئۇنىڭ غەيرەت - جاسارىتىنى تىلغا ئالغاندا ياكى ياش خىزمەتچىلەر ئۇنىڭ يېشى ئەللىكتىن ئاشقاندا بەرپا قىلغان سودا ئىمپېرىيەسىدىن (بۇ دۆلەتتە قۇرۇق قول ئىگىلىك تىكلەش ھەرگىز ئاسان ئىش ئەمەس) زوقلانغاندا، ئۇلارنىڭ چىن قەلبىدىن پەخىرلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتىم. مەن نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ كۆزقارىشى ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشەلمەيدىغان مۇناسىۋەتكە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى چۈشىنەلمىدىم. مەن پەرزەنتلەر ئاتا - ئانىسى بىلەن زىچ شەخسىي مۇناسىۋەتكە ئېھتىياجلىق بولغاندىن سىرت، يەنە باشقا تەسىردىن پايدىلىنىپ ئۇلارغا مۇئامىلە قىلىشى ئانچە مۇمكىن ئەمەس دەپ قارايتتىم. مېنىڭ دادام بىلەن تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشۇمغا ئۇنىڭ ئاممىۋى ساھەدە مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقى سەۋەب بولالمايدۇ. مۇبادا ئۇ مېنىڭ دادام بولۇشنى خالىمىسا، ئۇنىڭ كۈچلۈك جەلپكارلىقتا ئىگە سىياسىيون ياكى سودىگەر بولۇشىنىڭ مەن ئۈچۈن نېمە پايدىسى؟

دادام خېتىدە «پاكىستان روھى» نى تىلغا ئالغانىدى. مەن ھەيدەرئابادتىكى كۈنلىرىمدە بۇ سۆزنى ئېسىمدە تۇتۇپ كەلدىم. ھازىرقى ۋاقىتتا، پاكىستان روھىنىڭ نامىدا بۇ قۇملۇق شەھەر ئىلگىرىكى ئىناقلىقنى يەنىلا قۇرۇلۇشلىرىغا سىڭدۈرۈپ كەلگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇ ئاللىقاچان پارچە - پارچە بولۇپ كەتكەنىدى. دۆشمەنلىشىش سېپى مەسىلىسىدە، پاكىستان بۇنداق ئەھۋالنى

تەبىئىي مۇھىتتىكى پەرق، مەدەنىيەت ۋە تىل جەھەتتىكى پەرقلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان دەپ چۈشەندۈرەتتى. لېكىن، بۇنداق چۈشەندۈرۈشنىڭ ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمايدىغاندەك قىلىدۇ، چۈنكى يېنىدىكى ھىندىستان تېخىمۇ چوڭقۇر خىلمۇخىل پەرقلەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تۇتاشتۇرۇپ بولغانىدى. ھەيدەرئابادتىن سىرت، سىندتىكى ئەھۋالمۇ ئوخشاش بولۇپ، بۇ يەردە ئەسلىدە نۇرغۇن كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت ئارىلىشىپ كەتكەنىدى، نەچچە ئەسىر مابەينىدە، سىند ئىنچىل مەدەنىيەتلىك، ئېتىقاد كۆپ مەنبەلەشكەن رايون بولۇپ كەلگەنىدى، بىرىكىش نۇقتىسىنىڭ تۇغان ئېغىزىنى ئېتىش تارىختا تېخى تۇنجى قېتىملىق ئىش ئىدى.

بىز بىنادىن چۈشۈۋاتقاندا، راتمان ئالدىرىغىنىچە يۈگۈرۈپ كەلدى.

— ھازىر بارايلى، ئۇ تەييارلىنىپ بولدى.

ئۇنىڭ دەۋاتقىنى باش مۇھەررىر ئىدى، بىز مۇخبىرلار كۇلۇبىغا بارماقچىدۇق. باش مۇھەررىر بىر پارتىيە ئىش تاشلاش ھەرىكىتىنى قوزغىغاچقا، شۇ كۈنى كوچىلارنىڭ ئادەتتىكىدىن بوش بولىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. ئەينى چاغ ئەمدىلا چۈش قىلىنغان ۋاقىت بولۇپ، ئەتىگەندىلا يىغىلغان ئىسسىقلىق تەسەۋۋۇرىمىزدىكىدىن ئېشىپ كەتكەنىدى. مىدىرلىماي تۇرغان دەرەخ يوپۇرماقلىرى، تاملارغا يېزىلغان پىچاق بىسىدەك ئوردۇچە شوئارلار، تۇرغۇن جىسىمغا ئايلىنىپ قالغاندەك قىمىرلىماي تۇرغان كۆلەڭگىلەر كۆز ئالدىمىزدىكى ھەممىگە بىر قەۋەت خىيالىي كۆرۈنۈش ئاتا قىلغاندەك قىلاتتى. يېشىل يوپۇرماقلار بەزىدە قىزىل رەڭدە كۆرۈنەتتى، پۈتكۈل مەنزىرە ئۆزگۈرۈپ كەتكەن نېگاتىپقا ئوخشايتتى. مەن ماشىنىدىن چۈشۈپ، باش مۇھەررىرنىڭ ماڭا بەرگەن ياردىمىگە رەھمەت ئېيتتىم.

مەن چۈشتىن كېيىن ھەيدەرئابادتىن ئايرىلىپ، يەنە بىر

بازاردىكى يىغىلىشقا بارماقچىدىم. باش مۇھەررىر بىلەن خوشلىشىپ، ماشىنىغا چىقاي دەپ تۇرۇشۇمغا مەندىن نەچچە ئىنگلىز چىسى نېرىدا بىر ئەركىشى پەيدا بولدى. ئۇ ھېچنېمە كىيمىگەندەك بولۇپ، ئۇستىگە پارچە - پۇرات رەختلەرنى ئارتىۋالغان، يالىڭاچ دېگۈدەك ھالەتتە تۇراتتى، مەن ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇنىڭ پۇت، قول ۋە كۆكرىكىنىڭ بىر قىسىم تېرىلىرى تىتىۋېتىلگەنىدى، بىلىكىدە كۆك سولىياۋ خالتا ساڭگىلاپ تۇراتتى. بۇ قاپقارا ئادەمنىڭ ئاجىز بەدىنى توختىماي تىترەيتتى، كۆز ياشلىرى ساقاللىق قاتاڭغۇر يۈزىدىن ئېقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ھەمراھى يوق، ئۆزىمۇ ھېچكىمگە يېقىنلاشماي، تەنھا پېتى مۇخبىرلار كۆلۈبىنىڭ يېنىدا تۇراتتى. ئۇنىڭ پۇتۇن بەدىنى جاراھەتلەرگە تولۇپ كەتكەندەك قىلاتتى، قېتىپ قالغان كۆزلىرى ئاسمانغا قارايتتى، يىغا ئاۋازى ئازراقمۇ بالىلارنىڭكىگە ئوخشىمايتتى، بەلكى پۇتۇنلەي چوڭ ئەر كىشىنىڭ يىغا ئاۋازى ئىدى. بۇ ئازابلانغان تەننىڭ ئىچ - ئىچىدىن چىققان، تىتما - تىتما قىلىنغان چاغدا چىقىدىغان ئىڭراش ئىدى.

مەن ئەزەلدىن بۇنداق قاتمال ھالەتكە چۈشۈپ باقمىغانىدىم. مەن تۈرلۈك ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى كۆرگەن، بۇنداق چاغلاردا كارىم بولماي كېتىپ قالاتتىم. لېكىن، بۇ كىشىنى كۆرگەندە ئۇنداق بولمىدى، ھاۋانىڭ ناچارلىقى، ئۇنىڭ يارىسىنىڭ ئېغىرلىقى ۋە يۈرەكنى ئەزگۈدەك يىغىسى مېنى قاراپ تۇرغىلى قويمىدى. راتمان ئىككىمىز ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈرگەچ، باش مۇھەررىرنى تۈۋلاپ توختاتتۇق، ئۇمۇ قايتىپ كەلدى. ھېلىقى كىشىنىڭ ئاغزى گەپكە كەلمەي قالغاندەك ئىدى، بىراق يەنىلا باش مۇھەررىرگە ئۆزىنىڭ كۆيدۈرۈلگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. دەرۋەقە، بۇ يارىلارنىڭ خېلى ئېغىر كۆيۈك ئىزلىرى

ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولاتتى. ئۇ كىچىك سۆزلەۋاتقاندا، سۇس ھاۋا رەڭ سارى كەمزۇل كىيگەن بىر يىگىت كەلدى. ئۇ بۇ كىشىنىڭ بىر قېتىملىق ئوت ئاپىتىدە كۆيۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. ئەسلىدە ئۇ شەھەر ئاھالىلىرى دوختۇرخانىسىنىڭ كۆيۈك كېسەلخانىسىغا ئاپىرىلغانىكەن، بىراق ئۇ ئاخبارات ۋاستىلىرىگە دوختۇرخانىنىڭ ئەتراپلىق خەۋەر ئالمىغانلىقىدىن شىكايەت قىلغانلىقتىن، دوختۇرخانا جازا تەرىقىسىدە ئۇنى داۋالىماي كارى بولمىغانىكەن.

— يىگىرمە كۈن بولدى، — دېدى يىگىت، — ئۇ داۋالماي يېتىۋاتىدۇ، بىرەر كىشى ئۇنى داۋالىمىدى.

— بۇنداق ئىش بۇ يەردە ھەر كۈنى يۈز بېرىپ تۇرىدۇ، ئاتىش غوجايىن، — دېدى باش مۇھەررىر، — ئەڭ ياخشىسى، يەنىلا كارىمىز بولمىسۇن.

— ئۇ قانداق كۆيۈپ كەتكەن؟ زاۋۇتتىمۇ ياكى ئۆيىدىمۇ؟

— بىر ئەخلەت مەيدانىدا، — دېدى يىگىت.

— ئۇ ئەخلەت مەيدانىدا نېمە قىلىدۇ؟

— ئۇ بىر بەڭگى.

— ھەيدەرئابادتا، — دېدى باش مۇھەررىر ئېنىق قىلىپ، — ئەخلەتلەر كۆيدۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

— شۇنداق، ئەمما ئۇ ئۇ يەردە نېمە قىلىدۇ؟

— ئۇ بىر بەڭگى، ھېچقانداق سېزىمى يوق، — دېدى باش مۇھەررىر، — ئەخلەت كۆيدۈرۈلۈۋاتقاندا ئۇ شۇ يەردە يېتىۋاتقانىكەن. بۇ ئىشلارنى كۆڭلىگىزگە ئېلىپ كەتمەڭ، بۇنداق ئىشلار ھەر كۈنى يۈز بېرىپ تۇرىدۇ.

پاكىستان دۇنيادىكى خىروئىن چەككۈچىلەر ئەڭ كۆپ دۆلەتلەرنىڭ بىرى، زەھەرنىڭ يامرىشى پاكىستاندىكى نۇرغۇن باشقا مەسىلىلەرگە ئوخشاشلا 1979 ـ يىلىدىن كېيىن پەيدا

بولغان.

— ئەمىسە، ئۇ قانداق قىلىدۇ؟

— مەن ئۇنى داۋالايمەن، — دېدى سۇس ھاۋا رەڭ كىيىملىك كىشى.

— سىز كىم؟

— سەئىد.

— ئۇ قانداق ئادەم؟ — دەپ سورىدىم مەن باش مۇھەررىردىن.

— ئالدامچى تېۋىپ، — دەپ جاۋاب بەردى باش مۇھەررىر، — پاكىستاندا دوختۇرغا كۆرۈنگۈدەك پۇلىڭىز بولمىسا، ئالدامچى تېۋىپقا كۆرۈنىسىز.

يارىلانغان كىشى دوختۇرخانا داۋالاشنى رەت قىلغاندا قېچىپ چىققاندىن كېيىن، سەئىد ئۇنى تاپقان. ئۇ شەخسىي مەقسەت بىلەن بۇ كىشىدىن پايدىلانماقچى بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى. سەئىد بۇ كىشىنى مۇخبىرلار كۆلۈبىنىڭ ئالدىغا باشلاپ بېرىپ، ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ بۇ ئىشقا بولغان دىققىتىنى قوزغىماقچىكەن. قارىماققا ئۇ ھاياجانلىنىۋاتقاندەك، يەنە تېخى قاتتىق خۇشال بولۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ مېنىڭ ئىسىم - فامىلەمنى سورىدى، ئاندىن مېنىڭ دىنىي سالاھىيىتىمگە ھۆكۈم قىلماقچى بولغاندەك، نېمە ئۈچۈن قولۇمغا شىك دىنىنىڭ بىلەزۈكىنى سېلىۋالغانلىقىمنى سورىدى. مەن ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىدىم.

بۇ، بەكلا چۈشىنىكسىز بىر ھېكايە. ھەربىر كىشىنىڭ يوشۇرۇن مۇددىئاسى باردەك قىلاتتى؛ ھەربىر كىشىنىڭ مەۋقەسى تولىمۇ مۇجمەل ئىدى؛ ئاخبارات ۋاستىلىرى، دوختۇرخانا، ھۆكۈمەت ۋە ساختا دوختۇرلارنىڭ ھەممىسى بۇنىڭغا چېتىلىپ قالغاندەك بولۇپ، ئېنىق پاكىتنى ئاشكارىلاش، ئېتىراپ

قىلىشنى خالايدىغان ئادەم يوق ئىدى. ھېلىقى كىشى كۆيۈپ نىمجان بولۇپ قالغان، ئەللىك گىرادۇسلۇق يۇقىرى تېمپېراتۇرىغا چىداپ كوچىدا ياش تۆكۈۋاتقان بولسىمۇ، ئارقا كۆرۈنۈشىنىڭ مۇرەككەپلىكى ھەرقانداق كىشىنى ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماسلىققا مەجبۇر قىلاتتى.

# ئىدىيە دۆلىتى

دادام خېتىدە ھىندىستان بىلەن پاكىستانغا بولغان قارىشىنى سۆزلىگەنىدى، ئەمدى نەشرىياتچى مېنى ئىزدەپ كېلىپ، بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى يازدۇرماقچى بولۇۋاتاتتى. مەن قانداق قەلەم تەۋرىتىشنى بىلەلمەي قالدىم. ئۇ مېنى سالاھىيىتى ئالاھىدە بولغاچقا، ئالاھىدە نۇقتىنى تاللىيالايدۇ دەپ قارايتتى. ئېھتىمال شۇنداق قىلالىشىم مۇمكىن. لېكىن، سىندىنىڭ پۇتكۇل مەنزىرىسىنى كۆرگەندىن كېيىن، بۇگۈنكى كۈندە يەنىلا ساقلىنىپ قالغان ئورتاق نۇقتىلار دەل خارابىلىكلەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئىككى دۆلەتنىڭ ھەرقايسىسى بۇرۇنلا ئۆزى خالىغان يولغا مېڭىشقانىدى.

دادام ئاچچىقلىنىپ كەتتى. تەربىيە ئالغان پاكىستانلىقلار بۇنداق گەپنى ياقتۇرمايتتى، ئۆتكەن ئەللىك يىلدا ئېتىقادنىڭ چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايتتى. ئۇلار پەنجاب ۋە سىندتىكى سوپىزمغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنى كۆرسىتىپ، بۇنچە كۆپ ئادەم زادىلا ئۆزگىرىپ باقمىدى، ئۇلار بۇرۇنقىدەك ئىشچان، چۈمبەل سالمايدۇ، ساقالمۇ قويمايدۇ دەيتتى. ئۇلارنىڭ دېگىنىنىڭ خاتاسى يوق ئىدى. لېكىن، سوپىلارنىڭ ئۆز خانىقالىرى، مۇناجاتلىرى بار، شۇنداقلا قەدىرلەشكە ئېرىشكەن بولسىمۇ، بىراق نۆۋەتتە پاكىستاندا تەرەققىي قىلىپ كۈچىيىۋاتقىنى ئېتىقاد ئەمەس، يەنى قەغەز يۈزىدە ئىخچاملانغان بىر خىل ئېتىقاد ئىدى. چۈمبەل سالمايدىغان، ساقال قويمايدىغان نۇرغۇن سوپىلار ئەمەلىيەتتە پاراكەندە قىلىنغانىدى. نەچچە ئون يىل ئۆتۈپ كەتتى، ھىندىستان مۇسۇلمانلىرى بەرپا قىلغان ھېلىقى زامانىي

دۆلەتنىڭ يۈز ـ كۆزى مەينەتلىشىپ كەتكەنىدى؛ دېموكراتىيە مۇستەبىتلىككە ئەگەشكەنىدى؛ بۇتتىو ئۇ ئالەمگە ماڭغاندا ئارودىنكلىقنى ئېلىپ كەتكەنىدى؛ ئېتىقادىنىڭ سىرتىدىكى بارلىق شەيئىلەر يوقالغاندىن كېيىن، پاكىستان ئېتىقاد ئۈچۈن قۇرۇلغان دەپ قارايدىغان كىشىلەر مەنتىقىسىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى مەڭگۈ تۇتۇپ تۇرالايدىغان بولغانىدى. نېمىنىڭ «پاكىستان مىللىي روھى» ئىكەنلىكىنى تەسۋىرلەش ئاسان ئەمەس ئىدى، ئەمما مەن بۇنداق روھنىڭ بىر مۇھىم قۇرۇلما ئېلېمېنتى ھىندىستاننى چەتكە قېقىش ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم. مېنىڭ بۇ ئەسەرنى يېزىشنى خالىماسلىقىم ھەرگىز ئىككى دۆلەت ئارىسىدا ئۆلىنىشچانلىق بولمىغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ پاكىستان تارىخىنىڭ بىر قىسمى بولمىغانلىقىدىن. بۇ تېمىنى يازغىنىمدا، مۇقەررەر ھالدا چۈشىنىكسىز شارائىتقا كىرىپ قالاتتىم.

ئەگەر ئىران ھازىرقى زامان ئارقا كۆرۈنۈشىدە ئىسلام سالاھىيىتىنى نامايان قىلىشنىڭ يولى ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش دېيىلىدىغان بولسا، پاكىستانمۇ ئوخشاش بولۇپ، پەقەت بۇ جۇمھۇرىيەتنىڭ خاراكتېرى (ھەتتا ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى مۇددىئا) مۇتلەق ئوخشىمايتتى. ئالدى بىلەن، ئۇ ئەسلىدە ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ئەمەس، بەلكى ھىندىستان مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن قۇرغان زامانىي دۆلەت بولۇپ، «ئىسلام» دېگەن سۆز دۆلەت قۇرۇلۇپ ئون يىلدىن كېيىن قوشۇلغانىدى. دۆلەت قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە ئۇنىڭدىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىدى: شەرىئەت قانۇنلىرى، دىن تارقاتقۇچىلار، ھاراق چەكلەش پەرمانى دېگەنلەر يوق ئىدى؛ ئىلگىرى ئاياللارنىڭ ۋېلىسىپىت مىنىپ چېپىپ يۈرگەنلىكىمۇ تېخىچە كىشىلەرنىڭ ئېسىدە. سۇب چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى ھەر يەر ـ ھەر يەرلەرگە چېچىلىپ كەتكەن، بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان مۇسۇلمانلار بىرلا خىل دۆلەتكە جەم بولغاندىن كېيىن، ئارقىسىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ

ئابدۇللانىڭ ئېتىقادىغا بەكلا ئوخشاپ كەتكەن، يەنى ئۇنىڭ بىلەن ئەزەلدىن تونۇشلۇقى يوق مۇسۇلمانلار بىر خىل ئاساسىي سالاھىيەتنى ھازىرلىغاندەك قىلاتتى.

پاكىستاننىڭ ئاساسىنى سالغۇچى دىن تارقاتقۇچىمۇ ئەمەس، شۇنداقلا دىنغا قارىغۇلارچە ئىشەنگۈچىمۇ ئەمەس، بەلكى شائىر ھەم ئەھلى دۇنيا ئىدى. بۇ دۆلەتنىڭ پرىنسىپلىرىنى ئەينى چاغدىكى تەجرىبىسى ئەڭ مول، ئەڭ سالاھىيەتكە ئىگە مۇسۇلمان تۈزگەنىدى. ئىقبال ئۇلۇغ بوۋام بىلەن زامانداش شائىر، شۇنداقلا دۆلەتنىڭ تەپەككۇر ئاساسچىسى ئىدى. ئۇ بوۋام، موماملار ئۈچۈن توي مۇراسىمى سۆزىنى يېزىپ بەرگەن ھەم تويغا رىياسەتچىلىك قىلغانىكەن. بۇ يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى ئارىسىدا بىر خىل ئىدىيە تارقالغان بولۇپ، مەن بۇنداق غەلىتە ئىدىيەنىڭ غەلىتىلىكىنى زادىلا چۈشىنەلمەي كەلگەنىدىم. ئېتىقادنىڭ دادامنىڭ سىياسىي ۋە تارىخىي قارىشىنى ئۈن - تىنسىز كونترول قىلىۋالغانلىقى ھەمدە ئۇنىڭغا يوشۇرۇنغان شوۋىنىزمنى كۆرۈپ يەتكەندىن كېيىن بىردىنلا چۈشەنگەندەك بولدۇم. بۇ ئىدىيەنىڭ ماھىيەت جەھەتتە بۆلۈپ ئىدارە قىلىنىپ، ئەللىك يىلدىن كېيىن ئابدۇللانىڭ ئىستانبۇلدا ماڭا دېگەنلىرى بىلەن قىلچە پەرقى يوق ئىدى...

كاراچىدىكى ئاخىرقى بىرنەچچە كۈندە بىر ئىسلام نەزەرىيەچىسى بىلەن ئۇچراشتىم...

— سىز ئۇنى كۆرگەندە، — دېدى سەلىم، — ئۇنىڭ ئىسلامىزمچى ئىكەنلىكىنى ھەرگىز خىيالىڭىزغا كەلتۈرمەيسىز. لېكىن، ئۇ ھەقىقەتەن تەلتۆكۈس قاتتىق قوللاردىن.

مۇخبىر سەلىم دىقماق، ساغلام، كۆزلىرىدىن ھارغىنلىق چىقىپ تۇرىدىغان كىشى ئىدى. ئۇ نەشرىياتچىنىڭ بايرىقى ئاستىدىكى بىر گېزىتنىڭ چولپان مۇخبىرى بولۇپ، تېررورلۇقنى باستۇرۇش تېمىسىغا بەكلا مەپتۇن ئىدى. ئۇنىڭ

دېيىشىچە، بۇ نەزەرىيەچى دۆلەت ئىچىدىكى ئەڭ رادىكال بەزى تەشكىلاتلارنى ئاڭ تەلىماتلىرى بىلەن تەمىن ئېتىدىكەن. ئۇ تەسۋىرلەپ بەرگەن بۇ ئادەمنىڭ سىرتقى شەكلىدە دىن بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوق ئىكەن، ئەمما سىياسىي ئىدىيەسى دىنىنىڭكىدەك كۈچكە ئىگە ئىكەن. شۇڭا، مېنىڭ بۇ نەزەرىيەچى بىلەن بەكلا كۆرۈشكۈم كەلدى.

بىز كاراچىنىڭ سىرتىدىكى «ئوسمانىيە» رېستورانىدا بىللە چۈشلۈك تاماق يېيىشكە كېلىشتۇق. شۇنىڭ بىلەن ماشىنىنى ھەيدەپ شەھەرنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ ماڭدىم. ۋەيرانە كوچىلاردىن ئايرىلىپ كاراچىنىڭ شەھەر ئەتراپىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئىككى تەرەپتىكى يول بەلگىلىرى ۋە پىيادىلەر يولى بارا ـ بارا غايىب بولدى. يېشىل چىراغنىڭ يېنىشىنى كۈتۈپ تۇرغىنىمدا، قارا، بەتبەشىرە بىرنەچچە كىشى كېلىپ سەدىقە تىلىدى. ھال رەڭ كىيىم كىيىۋالغان ئورا كۆزلۈك بۇ كىشىلەرنىڭ چىشلىرى سارغىيىپ كەتكەنىدى. بۇ تۆت كوچا ئېغىزى بەكلا چوڭ بولۇپ، دەل ـ دەرەخلەرنىڭ سايىسىمۇ يوق ئىدى، يۈك ئاپتوموبىلى ۋە باشقا كىچىك ماشىنىلار تىقىلىشىپ كەتكەنىدى.

قۇرۇلۇشلارنىڭ كۆرۈنۈشى ئىسسىق دولقۇن ۋە چاڭ ـ توزان كەينىدە تەۋرىنىپ تۇراتتى. بىر ئوغۇل بالا تاغدەك دۆۋىلەنگەن ئەخلەتلەر ئارىسىدىن قەلەم ۋە سولياۋ خالتىلارنى ئىزدەۋاتاتتى. ئەخلەت دۆۋىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يېرىمى بوش ئەخلەت تۇڭى تۇراتتى. يەرلىك پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ قىزىل، يېشىل بايراقلىرى ھەممىلا يەرگە قاداقلىق ئىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پاكىستان خەلق پارتىيەسىنىڭ يىرتىلىپ كەتكەن بىر بايرىقىمۇ بار ئىدى. ئۇ بۇتتونىڭ پارتىيەسى، دادامنىڭ پارتىيەسى بولۇپ، ئىلگىرى پاكىستاننى دېموكراتىيەلەشتۈرۈشكە بولغان چەكسىز ئىنتىلىشكە ۋەكىللىك قىلاتتى. مەركىزى پارتىيە بوگۇنكى كۈندىمۇ بۇرۇنقىدەكلا نۇرغۇن كىشىنىڭ ھىمايىسىگە (بولۇپمۇ

سىند رايونىدا) ئېرىشكەنىدى، ئۇلار بۇ پارتىيەنىڭ قايتىدىن باش كۆتۈرۈشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتاتتى.
بىز تاغدەك دۆۋىلەنگەن يەنە بىر كېرەكسىز بۇيۇملار دۆۋىسىدىن ئۆتتۇق، تالادىن توقۇلغان تاغارلار بىر يەرگە بېسىپ قويۇلغانىدى، هال ۋە كۆك رەڭلىك گىرۋەكلىرىدىكى چۇۋۇلغان يىپلىرى ئىسسىق شامالدا لەپىلدەپ ئۇچۇپ تۇراتتى. تۆۋەندىكىسى قىمىرلىماي تۇرغان قارا سۇ كۆلچىكى بولۇپ، دەمىمۇدەم مارجاندەك كۆپۈكچە ئۆرلەپ، سۇ يۈزىدە مەيىن دولقۇنلارنى پەيدا قىلاتتى. كۆلچەكنىڭ چېتىدە ئىلگىرى بىرمۇنچە تاشلار بولسا كېرەك، هازىر بۇلغانمىلار يىغىلغان دۆڭلۈككە ئايلىنىپ قالغان، ئوچۇق رەڭلىك ئوتلار كۆزگە ئانچە-مۇنچە چېلىقىپمۇ قالاتتى.
رېستوران بەك سالقىن، چىراغ نۇرى سەل خىرە، بىراق شاۋقۇنلۇق كوچىدىن يىراق ئىدى. نەزەرىيەچى زەيتۇن رەڭلىك كۆڭلەك كىيىۋالغانىدى. ئۇ قارىمۇتۇق، ساقال-بۇرۇتىنى پاكىز قىرغان، ئورا كۆز، تاماكىنى كۆپ چېكىدىغان كىشى ئىدى.
ئۇ ئۆزى توغرۇلۇق گەپ قىلىشنى خالىمىدى.
— بۇ مەسىلىلەر شەخس ئامىلنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. دىن مەسىلىسىدە مەن شەخسىي قاراشلارغا ئىشەنمەيمەن. دېمەكچى بولغان هەربىر سۆزۈم مېنىڭ كىملىكىم بىلەنمۇ، كەچۈرمىشلىرىم بىلەنمۇ مۇناسىۋەتسىز.
ئۇ كاراچىدا چوڭ بولغان، 1965-يىلى تۇغۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەي هىندىستان-پاكىستان ئۇرۇشى پارتلىغان.
— 1971-يىلى، — دېدى ئۇ ماڭا، — پاكىستان ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى، ئاشۇ مەزگىل توغرىسىدا مەندە ئەسلىمە يوق دېيەممۇ بولىدۇ، — ئۇ ئەسلىگەچ، نېپىز كالپۇكلىرىغا قىستۇرۇلغان تاماكىسىنى شورىدى، — لېكىن، مەن ئاشۇ چاغلاردا ئائىلىمىزدە بىر كۈندە ئۈچ ۋاق تاماق يېيەلمەيدىغان بولۇپ قالغانلىقىمىز ئېسىمدە. شۇنداقتىمۇ، ئائىلىمىزنىڭ

ناھايىتى ياخشى تەرەپلىرى كۆپ ئىدى، مەسىلەن، ھەر كۈنى ئىككى ـ ئۈچ پارچە ماقالە ياكى ئەدەبىي ئەسەرنى ئوقۇيالايتتۇق، يەنە تېخى سىياسىينى مۇھاكىمە قىلالايتتۇق. ئون ياش ۋاقتىمدىلا ھىندى يازغۇچى پىرىم چاندىرنىڭ ھەممە ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ بولغانىدىم. بەلكىم بىز خاتا يېتەكلەنگەندىمىز، بىراق ئەينى چاغدا ھەقىقەتەن سىياسىي ئىنتىلىشكە ئىگە ئىدۇق. بەزىدە بۇنداق ئىنتىلىش خاتا بولۇشى مۇمكىن، بىراق ئۇ ھامان مەۋجۇت، شۇنداقلا ھەرقانداق سىياسىي پارتىيە بىلەن چېتىشلىقى يوق ئىدى. ھازىرچۇ، ھەممىسى غايىب بولدى.

نەزەرىيەچى ئىنگلىز تىلىنى ئازراق بىلەتتى، ئوردۇ تىلىنى ناھايىتى راۋان سۆزلەيتتى.

— نېمە ئۈچۈن غايىب بولدى؟

— كىشىلەرنىڭ خام خىيالى بەربات بولدى. ئىلگىرى بىز پاكىستاننى قۇرۇش غايىمىزنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن دېگەنگە ئىشىنىپ كەلگەنىدۇق. كىشىلەر بۇنداق ئىشەنچتىن مەھرۇم بولدى، شۇنىڭغا ئەگىشىپ، يەنە باشقا نۇرغۇن نەرسە يوقالدى.

— يەنە نېمىلەر بار ئىدى؟

— تەقدىرگە بولغان تونۇش، كوللېكتىپ بولۇش سۈپىتىدىكى ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ. بىزنىڭ سىياسىي رامكىمىز پارچىلىنىۋېتىلدى. لېكىن، مۇسۇلمانلار جۇغراپىيەلىك ئۇقۇمنى مۇھىم بىلمەيدۇ. 1971 ـ يىلىدىن كېيىنكىسىنىڭ گېپىنى قىلساقمۇ، بىزنىڭ سەرخىل ھۆكۈمرانلىرىمىز دەككىسىنى يېدى، بۇنداق دەككىسىنى يېيىشنىڭ سەۋەبىمۇ بىزنىڭ جۇغراپىيەلىك تېررىتورىيەگە ئەزەلدىن قىلچە مېھىر باغلاپ باقمىغانلىقىمىز. بىز ئىدىيەگە مېھىر باغلىغانمىز. ئەگەر ئاشۇ چاغدا بىر خىل ئىدىيە بولغان بولسا...

نەزەرىيەچى پاكىستاننىڭ ئىدىيەسىنىڭ گېپىنى قىلىپ چوڭ بولغانىدى.

— پاكىستاننى مۇھاكىمە قىلغانلىق، — دېدى ئۇ، —

ئىسلام دىنىنى مۇھاكىمە قىلىشقا ئوخشايدۇ. پاكىستان ئىسلام دىنىنىڭ نامى ئاستىدا بەرپا بولغان. پاكىستاننىڭ باشقا ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئۈلگىسىگە ئايلىنىش مەسئۇلىيىتى بار. بىز ئۇنىڭ مەغلۇبىيىتىگە بېنگال دۆلىتىنى قۇرغۇچى مۇجىبۇل راخمان، بۇتتو، يەنە گەندى خانىملارنىڭ مەسئۇل بولۇشى كېرەكلىكىنى بىلىمىز. بىز ھامان بىر كۈنى يەنە بىر قېتىم بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلىنىمىز دەپ قارايمىز. بۇ بىر خىل ئىنتايىن ئاددىي دۇنيا قاراش. بۇ ئىدىيە بىزنى پاكىستان بىلەن چىڭ باغلاپ تۇرىدۇ. ئۇنى بىر دۆلەت دېگىنىمىز بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇ بىر خىل مەۋجۇتلۇققا تېخىمۇ ئوخشايدۇ. ئۇ مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇ جۇغراپىيەۋى ئۇقۇممۇ، سىياسىيمۇ ئەمەس. ئۇ بۇلاردىن ھالقىپ كەتكەن. ئۇ بىر خىل كوللېكتىپ ئېڭى. نۇرغۇن كىشى مۇشۇ كۆزقاراشقا ئىگە.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، نەزەرىيەچىنى رېئاللىقتىكى بىر يەرنى ئەمەس، بىر دىنىي ئۈتوپىيەنى تەسۋىرلەۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قالدىم. ساقال - بۇرۇتلىرىنى پاكىز چۈشۈرۈۋەتكەن بۇ دىندىن خالىي ئەر مۇشۇنداق چۈشەنچىلى بولمايدىغان قاراشتا ئىكەن.

ئۇ ئاۋازىنى سەل يۇمشاتقان ھالدا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— لېكىن، بۇ دۆلەت قاياققا قاراپ ئىلگىرىلىشى توغرىسىدا ھېچكىمنىڭ كۆرسەتمىسىنى قوبۇل قىلمايدۇ. شۇڭا، سىز بۈگۈنكى ۋەزىيەتنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىز. 1946 - يىلىدىكى ھىندىستانغا قاراپ بېقىڭ. ئەينى چاغدىكى ھىندىستان چاك - چېكىدىن بۆسۈلۈپ كەتكەنىدى، بىراق بىر خىل ئىدىيە پەيدا بولدى، ئارقىدىن پۈتكۈل سۇب چوڭ قۇرۇقلۇقى بۇ ئىدىيە تەرىپىدىن ئىتتىپاقلاشتۇرۇلدى. ئەگەر دەسلەپتە بىر ئېنىق قارار بولغان بولسا، مەيلى دەھرىي دۆلەت ياكى مىللىي دۆلەتكە ئايلانغان بولسۇن، بۈگۈنكى ئەھۋال ھازىرقىدىن ياخشى بولغان بولاتتى. لېكىن، بىز يا لىبېرالىزم ئەندىزىسى بويىچە يول تۇتالمىدۇق، يا ئىسلام ئەندىزىسىنى قوللىنالمىدۇق. يا ماددىي

جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمىدۇق، يا ئالاقە ئورنىتالمىدۇق. بىز نۇرغۇن كۆپ خىللىقا، مەسىلەن، تىل، مەدەنىيەت ۋە دىن جەھەتتىكى كۆپ خىللىقا ئىگە، بۇلار تولىمۇ ئەتىۋارلىق نەرسىلەر ئىدى. بۇنداق كۆپ خىللىقلىق ئەسلىدە قۇدرەتلىك كۈچ ھاسىل قىلالىغان بولاتتى، بىراق بىزنىڭ سىياسىي سەرخىللىرىمىز تەرىپىدىن سەلبىي كۈچكە ئايلاندۇرۇۋېتىلدى.

— نېمە ئۈچۈن بۇ يەردىكى ئەھۋال بۇنچە ئوسال بولۇپ كېتىدۇ؟

— چۈنكى، بىزدە مۇنداق بىر توپ ھۆكۈمرانلار بار، ئۇلار ئۆزلىرى ئېرىشىدىغان مەنپەئەتكىلا كۆڭۈل بۆلىدۇ.

سەپەر قىلغان نەچچە ئايدىن بۇيان، بۇ بىر پاكىستانلىقنىڭ ئۆز دۆلىتىنىڭ مەغلۇبىيىتىنىڭ گېپىنى قىلغاندا، چەت ئەل كۈچلىرىنى ئەمەس، پاكىستانلىقلارنى ئەيىبلىگەنلىكىنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىشىم ئىدى. ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاۋاتقاندا، ھېسسىياتىم ھەيدەرئابادتا ھېلىقى ياش سىياسىيوننى ئۇچراتقان چاغدىكى بىلەن ئوخشاش بولدى: ياخشى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئېتىقادقا يېقىنلىشىدىكەن.

— ئەمىسە، ھازىرقى ئىدىيە نېمە؟

— بۇنداق ئىدىيە ھازىرمۇ مەۋجۇت، ئۆزىنىڭ قارشىلىقىنى ئىپادىلىمەكتە، — دېدى ئۇ تەشۋىشلەنگەن ھالدا.

— ئىسلام پىرىنسىپلىرىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان بىر دۆلەتنى قۇرماقچىمۇ؟

— تامامەن توغرا.

— سىز بۇنىڭ ئىمكانىيەتلىك ئەندىزىسىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باققانمۇ؟

— ئىسلام دىنى شەكىلگە ئۇمىد باغلىمايدۇ، — دېدى ئۇ، — شەكىل مۇھىم ئەمەس، ماھىيەتلا ئاچقۇچ. ماھىيەتلا مەۋجۇت بولىدىكەن، ئۇنىڭدىن ھەرقانداق ئەندىزىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

بۇ مەن ئاڭلىغان ئەڭ رېئال بولمىغان نەزەرىيە ئىدى.

مۇقەددەسلىككە ئۈمىد باغلىغاندا، شەكىل، سىياسىي ئەندىزە ۋە سىياسىي قۇرۇلما بىلەن قىلچە كارى بولمىسا، نەتىجە مەغلۇپ بولۇشتىن ئىبارەت بولىدۇ.

— ئەگەر ھازىرقى پاكىستان ئۇتۇقلۇق بىر دەھرىي دۆلەت بولغان بولسا، سىز سىياسىي ئىسلام دىنىنى يېزىپ باققان بولاتتىم دەپ قارامسىز؟

— سىياسىي ئىسلام دىنى دېگەن نەرسە يوق، پەقەت ئىسلام دىنىلا بار، سىياسىي ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر بۆلەك. سىياسىي ئىسلام دىنى بولسا غەربنىڭ ئىسلام دىنىنى ئومۇمىي خاراكتېرلىك بۇرمىلاش ئۈچۈن يېزىپ چىققان پىكرى. بىزدىكى مەسىلە شۇ يەردىكى، — دېدى ئۇ، — بىز ئىلگىرىلەش يولىنىڭ مەلۇم نۇقتىسىدا توختاپ قېلىپ، ئىلگىرىلەۋاتقان بىر دۆلەت ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنى تۇرغۇدەك جاي بىلەن تەمىنلەيدىغان يەرگە ئايلىنىپ قالدۇق...

ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەۋاتقان تەزىرىيەچى گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە توختاپ قالدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ھەسرەتلىك ھەم ئەپسۇسلۇق گەپلەرنى قىلغانلىقىنى سېزىپ قالغاندەك قىلاتتى. نۇرغۇن يەر كىشىلەرنى ماكان بىلەن تەمىن ئېتىدىغان جايدىنلا ئىبارەت، خالاس. لېكىن، پاكىستان ئۇنداق ئەمەس، ئۇ ئىدىيە ئۈچۈن قۇرۇلغان، ئىدىيەنى دەپ تارىخ بىلەن ئادا - جۇدا بولغان، ئۇ ئىدىيەگە تايىنىپ مەۋجۇت بولىدىغان دۆلەت — ئەگەر بۇنداق ئىدىيە بولمىسا، ئۇ تىل ۋە مەدەنىيەت پەرقى بولغان مۇسۇلمان رايونىلا بولۇپ قالاتتى، خالاس.

ئۇ پاكىستان بىلەن ھىندىستاننىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە گەپ قىلغاندا:

— تارىخ ئىككى خىل بولىدۇ، يەنى ئۆلگەن تارىخ ۋە ھايات تارىخ. ئۆلگەن تارىخ رامكىغا ياكى مۇزېيغا قويۇپ قويۇلىدىغان نەرسە، ھايات تارىخ بولسا سىزنىڭ ئېڭىڭىز، سىزنىڭ تومۇرلىرىڭىزدا سىزنى ئىلھاملاندۇرۇپ تۇرىدىغان نەرسە.

— لېكىن، نېمە ئۈچۈن ئىراندا بەزى كىشىلەر يەنىلا ئىلگىرىكى ئىسلامنىڭ تارىخىنى ئېتىراپ قىلىدۇ؟

— بۇنىڭ سەۋەبى بار، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ، — ئەگەر پۈتكۈل ھىندىستان مۇسۇلمان بولغان بولسا، بىزنىڭ ھىندى دىنىنىڭ ئۆتمۈشىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز، ئازراق ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشىمىز مۇمكىن ئىدى. بىراق، ئەمەلىيەت ئۇنداق ئەمەس بولغاندىكىن، ئۆزىمىزگە ياقمايدىغان شەيئىنى قوبۇل قىلمايمىز. سىز ئۆزىڭىز ياخشى كۆرمەيدىغان T شەكىللىك مايكىنى كىيمەيسىز غۇ.

— بۇ، ئىنتايىن ئالاھىدە ئەھۋال، — ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ياۋروپانى مىسالغا ئالساق، خىرىستىيان دىنى دۇنياسى ئەسلىدە ئۆزىنىڭ يىلتىزىدىن ۋاز كېچىپ، يۇنان مەدەنىيىتىگە قاراپ رۇسلىنىشى مۇمكىن ئىدى. خىرىستىيان دىنى كونستانتىن تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، پۈتكۈل ياۋروپاغا تارقالغاندا، ئۆزىنىڭ ئالتۇن دەۋرىدىن چەتنەپ كەتتى. ئۇلار ئۆزىنىڭ يىلتىزىنى تاشلىۋېتىپ، ئۆزىنى يۇناننىڭ قوينىغا ئاتتى. يۇناندا قانۇن يوقلۇقىنى بايقىغاندا، يەنە رىمغا قاراپ بۇرۇلۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلاردا بەلگىلىمە يوق. بىزنىڭ ھەم مەنىۋى يۆلەنچۈكىمىز، ھەم قانۇنىمىز بار.

نەزەرىيەچى بۇ تارىخلارنىڭ ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەنلىكىنى بىلىدىكەن، ئەمما ئېتىقادتىن مۇستەسنا تارىخ مەنبەسىنى قوبۇل قىلمايدىكەن. قىزىقارلىقى، ئۇنىڭ تاللىغان باشلىنىش نۇقتىسى ئەيسانىڭ دەۋرى ئەمەس، بەلكى ئىمپېراتور كونستانتىن ۋە خىرىستىيان دىنىنىڭ سىياسىي غەلىبىسى ئىدى.

— «بىز» دېگىنىڭىز كىمنى كۆرسىتىدۇ؟

— مۇسۇلمانلارنى.

— بۇ گەپ ئەرەبلەرنىڭ دېگىنىگە ئوخشايدىكەن.

— بۇنىڭ ئەرەب مۇسۇلمانلىرىدىن بولۇش ـ بولماسلىق

بىلەن ئالاقىسى يوق. بۇ بىر خىل ئېتىقاد مەدەنىيىتى. بىز ھەممىمىز مۇسۇلمان.

بىر خىل «ئېتىقاد مەدەنىيىتى». بۇمۇ دادام تەۋە بولغان مەدەنىيەت ئىدى. خۇددى ئابدۇللانىڭ ئېيتقىنىدەك، ئۇ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە بىر خىل مەدەنىيەت. مەيلى مۇخلىس بولۇش ياكى بولماسلىقى، مەيلى مۆتىدىل ياكى ئېكستىرىمىست بولۇش - بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ بارلىق مۇسۇلمانلارغا ئورتاق. مەن ئۇچۇن ئېيتقاندا، بىر خىل ئېتىقاد (ھەتتا ۋارىسلىقتىن كەلگەن ئېتىقاد بولسۇن) نىڭ ئۆز مەدەنىيىتى ۋە تارىخىنى ئۆزگەرتىشى زادىلا ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىش ئىدى. چۈنكى، بۇ مېنىڭ نورۋېگىيەلىك دوستۇم ئېۋىن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولسا، ئۇنىڭ تارىخىمۇ شۇنداق ئۆزگىرىدۇ دېگەن گەپ، ماڭا بۇنداق ئويلاشمۇ ئەقىلگە سىغمايدىغاندەك بىلىنەتتى. شائىر ئىقبالنىڭ ئائىلىسىمۇ يېقىنقى دەۋردىلا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. لېكىن، مەن قانداق بولۇپ بۇ يارغا سەكرەپ قالغاندىمەن؟ بۇنداق تارىخقا ئىشىنىش ئۈچۈن قانداق شەرتنى ھازىرلاش كېرەك؟ ئېتىقاد بىلەن مۇناسىۋەتلىك قانداق كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش كېرەك؟ دادام ھېچ ئىش قىلىپ باقمىغان، بىراق بۇنداق تارىخقا ئىشىنىدۇ. ئاپام ماڭا ھېچقانداق دىنىنى قالدۇرمىغان، شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئىككى مىللەتتىن كېلىپ چىققان دادام بىلەن مەن يەنە نېمە ئۈچۈن ئىلگىرى ئوخشاش بىر دۆلەتكە تەۋە، ھەتتا ئوخشاش بىر رايونغا تەۋە بولۇپ قالغاندىمىز؟ ئېھتىمال بۇ مەلۇم ئەخلاق مىزانلىرىغا رىئايە قىلغانلىقتىن بولۇپ، ئىلاھ ياكى دىنغا ئېتىقاد قىلىش زۆرۈرىيىتىدىن بولمىسا كېرەك. ئېھتىمال بۇ ئەتراپىمىزدىكى ھەممە ئادەم ئىشەنگەنلىك تۈپەيلىدىن، بۇنداق تارىخ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولسا كېرەك.

ۋاقىت سەپەرنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىغا قەدەم قويىدى، ئەمدى مەن دادامنى كۆرگىلى شىمالغا بارماقچىمەن.

# ئەقىدە

مەن پويىزغا ئولتۇرۇپ لاھورغا باردىم. پاكىستاندىكى ۋاقتىمدا، دادام ماڭا بىرەر قېتىم تېلېفونمۇ ئۇرۇپ قويمىدى، مەن سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچراپ قېلىشتىن بەك ئەندىشە قىلدىم.

لاھور پويىز ئىستانسىسىنىڭ ئەگمە تورۇسلۇق كارىدورىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى قاراڭغۇ ئىشخانىدا خىزمەتچى خادىملار پۈتىنى ئۈستەل ئۈستىگە قويۇۋېلىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئىشخانىنىڭ ئىشىكى ۋە قوڭۇر رەڭلىك سىم تورلۇق دېرىزىسى ئوچۇق ئىدى. بىر خىزمەتچى خادىم ئىشداشلىرى بىلەن پاراڭلاشقاچ، پۈتىنىڭ بارماقلىرىنى قاشلاۋاتاتتى. ئەگمە تورۇسلۇق كارىدورنىڭ ئۈستى تەرىپى كونا پاسوندىكى قىزىل رەڭلىك مېتال ئۆگزە بولۇپ، بېكەت سۇپىسىدىكى كىشىلەرنى چۈشتىن كېيىنكى كۈچلۈك ئاپتاپتىن توسۇش ئۈچۈن ياسالغانىدى. كۆك كىيىملىك ھامماللار ئۇياق - بۇياققا ئالدىراش ئۆتۈپ تۇراتتى، ئەركىشىلەر تومپىيىپ كەتكەن سولياۋ بوغچىلارغا يۆلىنىپ يەردە ئولتۇراتتى، ئاياللار بىر يەرگە يىغىلىۋېلىپ، يەلپۈگۈچ بىلەن توختىماي يەلپۈنەتتى. بېكەت سۇپىسىغا قارىسىڭىز، ناھايىتى چوڭ بىر مىس قوڭغۇراق، كۆك رەڭلىك بىر تېلېفون بوتكىسى، بىر پىسا دۇكىنى ۋە قارا كاھىش ياتقۇزۇلغان كىچىك فونتان كۆزىڭىزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. بېسىلىپ لاپچىيىپ كەتكەن سولياۋ خالتا ۋە قەنت - گېزەك ئورىما قەغەزلىرى رېلىس ئوتتۇرىسىدىكى سۇ ئازگاللىرىدا تاشلىنىپ ياتاتتى. بۆك كىيىۋالغان ئەرلەر، ئاياللار، ئۇلۇغ - ئۇششاقلار گۇر - گۇر ئاۋاز چىقىرىۋاتقان شامالدۇرغۇچلارنىڭ

ئاستىدا پويىزنىڭ بېكەتكە كىرنىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشقانىدى، قارىماققا بۆلۈپ ئىدارە قىلىش مەزگىلىدىكى كۆرۈنۈشكىلا ئوخشاپ قالغانىدى.

بەزى كىشىلەر پويىزنىڭ بېكەتكە كىرىدىغانلىقىنىڭ گېپىنى قىلىشۇيدى، بېكەت سۈپىسىدىكى كىشىلەر ئۆرىتۆپە بولۇشۇپ كەتتى. ئۇلار قىستىلىشىپ بىر كالالەك بولۇشتى ـ يۇ، يەنە چېچىلىپ كەتتى. «Tizgam» بېكەتكە كىردى. قارامتۇل رەڭلىك پاراۋوزغا ئاچ سېرىق ۋە قىزىل رەڭلىك سىزىق سىزىلغانىدى. ئاكامنىڭ شوپۇرى ماڭا ھەمراھ بولۇپ پويىزنى ساقلاۋاتاتتى.

ــ مەيلى سىز قاياققا قاراڭ، ھەممە يەردە ئاۋام بار. نۇرغۇن كىشى ماڭا ھىندىستاننىڭ ئەھۋالى پاكىستاننىڭكىدىن ياخشى دېيىشتى، ــ دېدى.

مەن پەرققە مۇناسىۋەتلىك پاراڭ تېمىسىدىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ گېپىگە جاۋاب بەرمىدىم. ماڭا ئېنىق ئىدىكى، مەن پاكىستاننىڭ ھىندىستان بىلەن بولغان زىچ مۇناسىۋىتى، يەنە ئۇنىڭ دىن مەسىلىسىدە بىر تۇزاققا دەسسەپ قالغانلىقىنى بايقىغانىدىم. لېكىن، مەن ئۈچۈن كۈتۈلمىگەن ئىش بولدىكى، بۇ دۆلەتنى ياقتۇرۇپ قالغانىدىم.

ــ شۇنداق، بىزنىڭ بۇياقتا يەنە نۇرغۇن نەرسىنى بەرپا قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ، ــ دېدى شوپۇر ئوردۇ تىلىدا، لېكىن «بەرپا قىلىش» دېگەن سۆزنى ئىنگلىزچە ئېيتتى.

ۋاگونلارنىڭ يان تەرىپىگە ئاق بور بىلەن يېزىلغان ۋاگون نومۇرى بويىچە ئۆزۈمنىڭ ئورنىنى تاپتىم. ۋاگوننىڭ تېمىدا بىر بەلگە بولۇپ، ئۇستىگە «ئىسلامئاباد ۋاگون زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان» دېگەن خەت يېزىلغانىدى. ئايرىمخانىسىدا ھاۋا تەڭشىگۈچ، مەخسۇس تازىلىق ئۆيى بار بولۇپ، مەن ئىستانبۇلدىن ئايرىلغاندىن بۇيان ئېرىشكەن ئەڭ ئازادە جاي ھېسابلىناتتى. توق يېشىل رەڭلىك كارىۋىتى كەڭ ھەم

يۇمشاق، ئايرىمخانىنىڭ تېمى پەنەركىدىن ياسالغان، ۋاگون دېرىزىسىنىڭ ئەينىكى قېنىق رەڭدە سىرلانغانىدى. تېگى قارا، خېتى سېرىق بىر كىچىك بەلگىگە «ئۇچىنچى ۋاگون ئىككىنچى كارىۋات» دەپ يېزىلغانىدى. ئايرىمخانىدا مەنىلا تۇراتتىم. ئاكامنىڭ شوپۇرى سىنىد مۇخبىرلار كۇلۇبىنىڭ بىر ئاق قۇتىسىنى ئۇستەلگە قويدى، ئىچىدە نەشرىياتچى ماڭا سوۋغا قىلغان ساندۇۋىچ بار ئىدى. شوپۇر ۋاگونغا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى، ئاندىن

— ئەگەر مەن بىرەر ئىشنى جايىدا قىلالماي قالغان بولسام، ئەپۇ قىلارسىز، — دېدى ۋە ۋاگوندىن چۈشۈپ، پويىز قوزغالغۇچە كۈتۈپ تۇردى.

«Tizgam» كاراچىدىن ئايرىلدى، بىكەتكە كىرىش ئاغزىدىكى يۇك - تاق ئىشخانىسىنىڭ قارىسى دېرىزە سىرتىدىن «يالت» قىلىپ ئۆتتى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى تاغدەك دۆۋىلەنگەن يۇك - تاقلارنى كۆرگىلى بولاتتى. بىر ئەر كىشى سولياۋ پوسۇلكىغا يۆلەنگىنىچە ئۇخلاۋاتاتتى، بىر ساقچى ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ياتاتتى. پويىز كۆپيۈۋاتقان بىرنەچچە ئەخلەت مەيدانىدىن ئۆتتى، قويۇق ئىس - تۇتەك سېمونت تاملارنى بويلاپ كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى، تاملارغا قارا خەتلەر يېزىلغانىدى. مەن باش مۇھەررىرنىڭ «ھەيدەرئابادتا ئەخلەتلەر كۆيدۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىدۇ» دېگەن سۆزىنى ئېسىمگە ئالدىم. پويىز يول بويى يۇقىرىغا يامىشىپ، شەھەرنىڭ ئەڭ ئېگىز يېرىدىن ئۆتتى، قارامتۇل قوڭۇر رەڭلىك ئەينەكنىڭ سىرتىدا ئاخىرقى كۆرۈنۈشلەر — ئالا - بۇلىماچ ئاممىۋى ئاپتوبۇس، كىچىك تېپتىكى تۇرالغۇ بىناسىنىڭ ئۇستۇنكى قەۋىتى، قاڭالتىر ئۆگزىلەر، مانگو دەرەخلىرىنىڭ ئۇچى، كىچىككىنە ساتىراش دۇكىنى، مەسچىتنىڭ مەدىنە ئۇسلۇبىدىكى يېشىل ياكى ئاق رەڭلىك قۇببىسى، ئاسما كۆۋرۈك، رادىياتور دېگەنلەر كۆز ئالدىمدىن ئىتتىك ئۆتتى. يەنە زەر جىيەكلىك يېشىل بايراق

كۆيۈۋاتقان ئەخلەت مەيدانىنىڭ قاپقارا ئىس ـ تۈتەكلىرى ئىچىدە لەپىلدىمەكتە ئىدى. رىلىسقا يېقىن جايدا بىر دۆۋە رەخت ۋە خىش پارچىلىرى كۆرۈندى، ئەتراپى كۆك رەڭلىك سولىياۋ خالتىلار بىلەن قاپساپ قويۇلغانىدى. تىكەنلىك چاتقاللار پويىزغا تەگمەكچى بولغاندەك شاخلىرىنى سوزۇپ تۇراتتى. بىر ئەر ئۆگزىدە ئولتۇراتتى، سۇ كالىلىرى قىغ دۆۋىسىدە قىستىلىشىپ تۇراتتى، ئىسكىلاتنىڭ تېمىدىن سۇ سارقىۋاتاتتى، كۆنىپېتىشنىڭ ئالدىدا بۇ شەھەردىكى ھەممە نەرسە كەينىمدە قالدى.

گۇگۇم ۋاقتىدا پويىز مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان سىنىدتىن ئۆتتى: قۇرۇپ قاقشال بولغان تۇز يەردە ئىككى قەۋەتلىك بىنا ئېگىزلىكىدىكى گىگانت كاكتۇسلار قەد كۆتۈرگەنىدى، ئۇلارنىڭ قېلىن يوپۇرماقلىرىنىڭ ئويمان يەرلىرىدە چوڭ ھەم شالاڭ تىكەنلىرى تىكلىنىپ تۇراتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە، بىز پەنجابقا يېتىپ كەلدۇق. پويىز مولتان بېكىتىدە توختىغاندا، بىر پويىز كۈتكۈچىسى بېشىنى ئايرىمخانامغا تىقىپ ماڭا قاراپ كۈلدى. مەن چاي ئەكىلىپ بېرىشىنى سورىدىم.

— ماقۇل، ماقۇل، — دېدى ئۇ، — ھەممە نەرسە بار. مەن ئەكەلدۈرۈپ بېرەي.

يىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن، يېشىل فورما كىيگەن بىر بوۋاي بۇيرۇتما تىزىملىكىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ:

— چايلا ئىچەمسىز؟ — دەپ سورىدى ھەيرانلىق بىلەن.

— باشقا نېمە بار؟

— تۇخۇم، قاتلىما ۋە سېرىق ماي بار.

— بولىدۇ، ھەممىسىدىن بىر كىشىلىكتىن كەلتۈرۈڭ.

ئۇ بولكا، مېۋە قىيامى، چاي، سۈت، قەنت ۋە پىشۇرۇلغان تۇخۇمنى پەتنۇسقا سېلىپ كۆتۈرۈپ كەلدى، يەنە ئاق لۆڭگىمۇ بار ئىدى. پويىز يەنە بىر بېكەتكە يېتىپ باردى، بۇ چاغدا ئايرىمخانامغا بىرەيلەن كىرىپ كەلدى. ئۇ ئۇزۇن چاچ

قويۇۋالغان، بېشىنىڭ كەينى پارقىراپ تۇرىدىغان، قۇلىقىغا كۈمۈش ھالقا سېلىۋالغان يىگىت ئىدى. ئۇ تازىلىق قىلغىلى قىزىل چوتكىسىنى كۆتۈرۈپ كىرگەنىكەن، مەن كارىۋاتتا باداشقان قۇرۇپ ئولتۇردۇم. بۇ كىچىك بېكەتنىڭ كۆلىمى كاراچىنىڭكىگە يەتمىسىمۇ، مۇستەملىكە دەۋرىدىكى قېلىپ قالغان ئىزنالارغا ئوخشاش ئىدى: ئۇنىڭ قىيپاش قاتالتىر ئۆگزىسى ۋە گۈل ئويۇلغان ئىچ پەۋاز تاختىسى، ئاقارتىلغان بېكەت سۇپىسى، قارا دوسكا، «ئاككومولياتورخانا»نىڭ كۆك بىلەن ئاق ئارىلاش بەلگىسى؛ تامغا ئېسىقلىق «ئىتتىپاقلىق ـــ ئىنتىزام ـــ ئېتىقاد» دېگەن سۆزلەر يېزىلغان پىلاكات ـــ بۇلار بۇ دۆلەتنىڭ قۇرغۇچىسى قالدۇرغان ھېكمەتلىك سۆز ئىدى. بېكەتتە يەنە ھال رەڭلىك مەرمەر مەسچىتمۇ بار ئىدى، مەسچىت سىرتىدا كىشىلەر ناماز ئوقۇش ئۈچۈن تاھارەت ئېلىۋاتاتتى.

ئۇزاق ئۆتمەي، سوزۇنچاق يۈز، چىشلىرى مايماق ـ سايماق بىر ئوغۇل بالا ئىشىكنى چەكتى. ئۇ يان تېلېفوننى زەرەتلەش ئۈچۈن روزېتكا ئىزدەپ كىرگەنىكەن. مەن ئايرىمخانىدا روزېتكا يوقلۇقىنى، بىراق ئىزدەپ باقسا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتىم. ئۇ چىقىپ كەتتى، بىراق يەنە قايتىپ كىرىپ ئايرىمخانىدا ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئىسمى لىزمان ئىكەن، كاراچىدا ئېلېكتىرون قۇرۇلۇشى كەسپىدە ئوقۇيدىكەن.

ـــ سىز نەدىن كەلدىڭىز؟ ـــ دەپ سورىدى ئۇ.

ـــ كاراچىدىن.

ـــ سىز نەلىك؟

ـــ لوندونلۇق.

ـــ تەلەپپۇزىڭىزدىن ئۇققانىدىم.

ـــ بەك روشەنمىكەن؟

ـــ ئازراق. سىز مۇسۇلمانمۇ؟

ـــ شۇنداق، ـــ دەپ جاۋاب بەردىم مەن جەريانىنى ئىچكىرىلەپ چۈشەندۈرۈشنى خالىماي.

— ئەنگلىيە دۆلەت تەۋەلىكىدىمۇ؟

— ھەئە.

— مەن پەرق ئېتەلەيمەن، — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ، — ئەگەر راۋالپىندىدا مېنىڭ ھەرقانداق ياردىمىمگە ئېھتىياجىڭىز چۈشسە، ھەرقانداق چاغدا مېنى ئىزدىسىڭىز بولىدۇ. مېھمانخانىغا ياتاق زاكاز قىلىش، پويىز بېلىتى زاكاز قىلىش بولامدۇ، ھەرقانداقنى بولىۋېرىدۇ.

— رەھمەت.

ئۇ يەنە ئىككى يىل ئوقۇسا، ئاندىن ئېلېكترون قۇرۇلۇشى فاكۇلتېتىنىڭ باكلاۋۇرلۇق ئۇنۋانىنى ئالالايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— ئاندىن كېيىن نەگە بارماقچى؟

— ئوتتۇرا شەرققە. ئۇ يەرنىڭ ئېھتىياجى بەك چوڭ. ئەنگلىيەگە بېرىشىممۇ مۇمكىن.

— بۇ يىللاردا ۋىزا بېجىرىش بەك قىيىن، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، ئىنتايىن قىيىن. لېكىن، ئاللا ماڭا ياردەم قىلىدۇ، ئېھتىمال ئۆزۈممۇ سەزمىگەن چاغدا ئىشلىرىم ئوڭغا تارتىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.

— سىز ئوتتۇرا شەرقنىڭ قەيېرىگە بارماقچى؟

— دۇبەي ياكى سەئۇدىغا. بۇ ئىككى جايدا ئېھتىياج بەك چوڭ، بىراق دۇبەي بىزنىڭ دۆلىتىمىزگە بەك ئوخشايدۇ.

بۇ چاغدا كۇتكۇچى بىلەن ئاق فورما كىيگەن بىر ئەركىشى ئىشىكنى چېكىپ كىرىپ، بىلەت تەكشۈرىدىغانلىقىنى ئېيتتى، فورما كىيگەن كىشىنىڭ كۈمۈش رەڭ تۈگمىلىرى پارقىراپ تۇراتتى.

ئۇ مېنىڭ بىر كىشىلىك بېلەتنى ئۆزارتقانلىقىمنى كۆرۈپ:

— ئۇ كىم؟ — دەپ سورىدى.

— بىز پاراڭلىشىۋاتىمىز، — دېدىم مەن.

فورما كىيگەن كىشى جىددىي قىياپەتتە لىزمانىغا:

— ئۆزىڭىزنىڭ ئورنىغا بېرىپ ئولتۇرۇڭ، — دېدى.
— ھېچ ئىش يوق، بىز پەقەت...
— ئۆز ئورنىڭىزغا بېرىپ ئولتۇرۇڭ! ماڭا ئۇچراپ قالغىنىڭىز سىزنىڭ تەلىيىڭىز. باشقا بىلەت تەكشۈرگۈچى بولغان بولسا سىزگە جەرىمانە قويغان بولاتتى.

لىزمان ئورنىدىن تۇرۇپ كەتمەكچى بولغاندا، مەن يەنە بىر قېتىم ئۇنىڭ ئۇچۇن گەپ قىلدىم، بىراق بىلەت تەكشۈرگۈچى ئۆزىگە يولۇقۇپ قالغانلىقىمىز بىزنىڭ تەلىيىمىز ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئەسكەرتتى. دېرىزە سىرتىدا سارى كەمزۇل كىيگەن بىرنەچچە ئوغۇل بالا ئويناۋاتاتتى. يەنە بىر كىشى رېلىسنىڭ يېنىدا چوڭ تاھارەت قىلىۋاتاتتى، بىر دوستى ئۇنىڭغا دالدا بولۇپ بېرىۋاتاتتى. بىرنەچچە ئايال پاتقاقلىقتا بىر سۇ كالىسىغا يۆلەنگىنىچە ئارام ئېلىۋاتاتتى، ئۇلار تۆت تال بادرىدىن پايدىلىنىپ بىر سايىۋەن ياسىۋالغانىدى. پەنجابتىكى ئۆيلەرنىڭ كۆپىنچىسى قىزىل خىشتىن سېلىنغان، خېلى پۇختىدەك كۆرۈنەتتى. ئاق رەڭلىك يۇمىلاق ئۆگزە ۋە قىزىل دات رەڭلىك ئۇچلۇق مۇنارلار پەستىكى كىچىك بازاردا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. دالادا چوڭ يوپۇرماقلىق كارىكا دەرەخلىرى ئۆسكەن، يەنە پىششىقا ئاز قالغان كۆممىقوناقلىقمۇ بار ئىدى. بۇ يەرنىڭ سۈيىمۇ ئەلۋەك، ئېتىز، قۇدۇق، گىرەلىشىپ كەتكەن قاناللاردا سۇ كۆپ ئىدى. ھەربىر بېكەتتە قول بىلەن ئايلاندۇرۇلىدىغان كونا پاسوندىكى چىغىرىقنى باشقۇرىدىغان ئادەم، كەينىدە «چىراغخانا» دېگەن سۆز يېزىلغان بەلگە بار ئىدى.

تېخى دادامنىڭ ئىشكى ئالدىغا يېتىپ كەلمىگەن بولسامۇ، پەنجاب مېنى تۇرلۇك - تۈمەن خىياللارغا سالدى. مېنىڭ ئەندىشەم يوقالدى، يول بويى ئۈمىدۋار بولدۇم. ياۋروپادىن پاكىستانغىچە بولغان سەككىز ئايلىق سەپەرنى باشتىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، تۇيۇقسىز دادامنىڭ ئىشكى ئالدىدا پەيدا بولۇش ئۇنىڭ تەۋەككۈلچىلىك روھى بىلەن ئورتاقلىق پەيدا

قىلىشى مۇمكىن دەپ ئويلىدىم. مەن يەنە، ئەگەر بىز نۆۋەتتىكى مەسىلىلەردىن ھالقىپ ئالغا قاراپ بىر قەدەم تاشلىيالىساق، ئارىمىزدىكى مۇناسىۋەت يېڭى ئاساسقا ئىگە بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلىدىم. بىر كىشى بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىشنىڭ تەسىرى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ھېچبولمىغاندا ھېسسىيات ۋە پىكىرلىنىش پوزىتسىيەسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. مەن بۇ قېتىملىق سەپەر ئاتا - بالا ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىنى ماھىيەتلىك ھالەتكە قايتۇرۇپ كېلىشى كېرەك، دەپ ئويلىدىم.

كۈن پېتىۋاتقاندا، پويىز لاھورغا يېقىنلىشىپ قالدى. ئادىل ئىسىملىك كەشمىرلىك بىر ئوغۇل بالا ئىشىكىمنى چەكتى. پويىز توختىدى، ئۇ مەن بىلەن پاراڭلاشماقچىكەن. چىرايى تاتىراڭغۇ، پارقىراپ تۇرىدىغان قوڭۇر چاچلىق بۇ بالىنىڭ كۆزلىرى كەھرىۋا رەڭلىك ، تومپىيىپ چىقىپ تۇرىدىغان چىشلىرى ھال رەڭ ئىدى. ئۇ كاراچىدا دېڭىز - ئوكيان بىيولوگىيەسىنى ئۆگىنىدىغان ئوقۇغۇچى ئىكەن. ئۇنىڭ ئايرىمخانامغا ئۇسۇپ كىرىپ مەن بىلەن دوستانە پاراڭلاشماقچى بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك، سەل جىددىيلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدىم. ئۇ كەشمىرگە بېرىپ تاغىسىنىڭ مۇسىبىتىگە قاتنىشىش ئۈچۈن رۇخسەت ئاپتۇ، مەن سەپەرگە چىقىشتىن نەچچە ھەپتە ئىلگىرى ئۇ يەردە يەر تەۋرەپتۇ، ئۇنىڭ تاغىسى شۇ قېتىملىق يەر تەۋرەش ئاپىتىدە قازا قىپتۇ.

ئادىلنىڭ بىر قېرىندىشى ئابۇدەبىدە تۇرىدىكەن، بىراق ئۇ چەت ئەلگە چىقىشنى خالىمايدىكەن.

— چەت ئەلدە سىز ئۆزىڭىزنىڭ بىر مۇسۇلمان ئىكەنلىكىڭىزنى دېيەلىشىڭىز مۇمكىن، — دېدى ئۇ، — بىراق پاكىستانلىق ئىكەنلىكىڭىزنى دېيىشىڭىز بولمايدۇ، چۈنكى شۇ ھامان بەزى كىشىلەر: «ئۇ تېررورچى» دەيدۇ. دەپ بېقىڭا، ئۆزىنىڭ دۆلەت تەۋەلىكىنىمۇ دېگىلى بولمىسا، چەت ئەلگە قانداق چىققىلى بولىدۇ؟

— سىزنىڭچە، پاكىستاننىڭ نامى يامان بولۇپ كەتتىمۇ؟
— يامان بولۇپ كەتتىلا ئەمەس، نامى بۇلغىنىۋېتىلدى.
— كىم بۇلغىۋەتتى؟
— ھىندىستانلىقلار. ئۇلار چەت ئەللەردە بىزگە بەكلا تۆھمەت قىلىۋاتىدۇ.
سۆھبەت تېمىسى سۇب چوڭ قۇرۇقلۇقى يۆنىلىشىگە قاراپ ئىلگىرىلىگەنلىكتىن، مەن جىددىيلىشىشكە باشلىدىم.
— سىز مۇسۇلمانمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.
— ھەئە.
— ئۇنداق بولسا، نېمىشقا ئاۋۇ شوينىنى باغلىۋالدىڭىز؟
— بۇنى سىندتىكى بىر ئىبادەتخانىدىن ئالغان، — دەپ يالغان ئېيتتىم مەن.
— ئەمىسە بوپتۇ، نېمە ئۇچۇن بۇ بىلەزۈكنى سالىسىز؟
— بۇنى مومام بەرگەن، ئۇ شىك.
— لېكىن، سىز؟
— مۇسۇلمان. مېنىڭ دادام مۇسۇلمان.
— ئاپىڭىزچۇ؟
— ئۇ ئىلگىرى شىك ئىدى، — مەن يالغاننى توقۇشنى داۋاملاشتۇردۇم، — لېكىن كېيىن مۇسۇلمان بولغان.
— دادىڭىز نېمە ئىش قىلىدۇ؟
— تىجارەت قىلىدۇ.
— قانداق تىجارەت؟
ئاخىر مەن بۇ تېمىنى ئۈزۈۋەتمەكچى بولۇپ، ئۇنىڭدىن كاراچىنىڭ قانداق شەھەر ئىكەنلىكىنى سورىدىم.
ئۇ بۇ شەھەرنىڭ بولىدىغان شەھەر ئىكەنلىكىنى، بۇ يەردە قىزلارغا پوخورلۇق قىلىشنىڭ بەك قىزىقارلىق بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.
— ئۇلارغا قانداق پوخورلۇق قىلىسىلەر؟
— بىرنەچچە دوستۇم بىلەن ئۇلارغا يېقىنلىشىمىز، ئاندىن

كېيىن ئۇلارغا قاراپ ناخشا ئېيتىمىز.

— قانداق ناخشا؟

ئۇ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى:

— كېلىڭ، كېلىڭ، كىچىك مەلىكەم، بوگۇن كېچە مەن پادىشاھ. قۇتقۇزالماس ھېچكىم سىزنى، تۇتۇلدىڭىز ماڭا بوگۇن كەچ. تۇتۇلدىڭىز، تۇتۇلدىڭىز ماڭا بوگۇن كەچ...

ئۇ يەنە كۈلۈپ، ئاغزى بىسىقمىغان ھالدا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، بۇ ھال تاكى كۆمۈش تۇگمىلىك فورما كىيگەن ھېلىقى بىلەت تەكشۈرگۈچى كېلىپ ئۇنى قوغلاپ چىقارغۇچە داۋاملاشتى. بىلەت تەكشۈرگۈچى يەنە ئاخىرقى بىكەتنى ئېلان قىلدى.

※ ※ ※

شۇنداق قىلىپ، پويىز ئاخىر بىكەتكە كىردى. مەن يېنىك تىنىپ قويدۇم. لاھۇردىكى بۇنداق تىنچىق كېچىدە، توت يىل ئىلگىرى دادامنى ئىزدەش سەپىرىگە ئاتلانغان چاغدىكى بىلەن ئوخشاپ كېتىدىغان ھېسسىياتقا كېلىپ قالدىم. ئىرانغا كىرىپ – چىقىشتىكى قىسقا سەپەردە ئايروپىلانغا ئولتۇرغاندىن باشقا، ھەممە مۇساپىنى قۇرۇقلۇق ئارقىلىق باستىم؛ ياۋروپانى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، پويىزغا ئولتۇرۇپ ۋېنىتسىيەدىن ئىستانبۇلغا، ئاندىن دەمەشققە باردىم؛ تاشيولدا مېڭىپ ئەرەب يېرىم ئارىلىنى كېسىپ ئۆتۈپ، سۆب چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى لاھۇرغا يېتىپ كەلدىم. ھەممىدىن قالتىس بولغىنى، ئاخىرىدا دادامنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلدىم. بۇ قېتىملىق كۆرۈشۈش ئۈچۈن مەن سەككىز ئاي يول يۈردۈم، ئەمما ۋاقىت، ئارىلىق ۋە ئۈمىد گىرەلىشىپ، ماڭا بۇ ۋاقىت ئۇزارتىۋېتىلگەندەك ھېس قىلدىم.

مەن بىر ئاۋات ئۆيگە كەلگەنىدىم. سىگىلىم لاھۇردىكى

ئامېرىكا مەكتىپىنى ئەمدىلا پۈتكۈزۈپتۇ. ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللىرىم، تاغا، بوۋا ـ مومىلىرىمنىڭ ھەممىسى كېلىپ، خاتىرىلەشكە ئەرزىيدىغان بۇ ۋاقىتتىنى بىللە تەبرىكلىمەكچى بوپتۇ. بىردەمدىن كېيىن ئۇلار ئۆيدە يىغىلىش ئۆتكۈزمەكچى، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن دادامنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزمەكچى بوپتۇ. تەبرىكلەشنىڭ كۆلىمىنى بىر تويى مۇراسىمىنىڭكىگە سېلىشتۇرغىلى بولاتتى. مەن ماشىنىلىق كىرىپ كەلگىنىمدە، چىملىققا چېدىرلار تىكىلىپ بولغان، تىككۈچى، مۇلازىم ۋە شەكىل چىقىرىش ئۇستىلىرى پايپېتەك بولۇشۇپ كىرىپ ـ چىقىپ يۈرەتتى.

مەن بىر خاتالىق سادىر قىلىپ قويدۇم، دادام بىلەن كۆرۈشكىلى بارغاندا، روھىي جەھەتتىن تولۇق تەييارلىق قىلغان، پەقەت دادامنىڭ پىسەنت قىلماسلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىدىم. شۇ كۈنى كەچتە ئۇلارنىڭ پېشايۋىنىدا تۇرغىنىمدا، بىر يىللىق سۈكۈتتىن كېيىن بىز ئىلگىرى قىلىپ باقمىغان ئىشلارنى، يەنى بىللە غىزالىنىپ، ئاززاق ھاراق ئىچىمىز، ئاندىن ئۆتكەن قېتىم يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن ھەرقايسىمىزدا يۈز بەرگەن ئىشلار توغرۇلۇق پاراڭلىشىمىز، دەپ ئويلىغانىدىم.

بۇ قېتىمقى سەپەر مېنى ئۆزگەرتىۋەتكەنىدى. مەن ئىسلام دىنى توغرۇلۇق ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان ھالەتتە ئەمەس ئىدىم. سەپەرنىڭ دەسلەپىدىلا بۇ ئېتىقاد بىلەن تونۇشتۇم. كېيىن ئابدۇللادەك كىشىلەر بىلەن پاراڭلىشىش ئارقىلىق، ئۆزۈمنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشتىكى ئېتىقاد ئەمەس، بەلكى چوڭقۇر قاتلامدىكى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ۋە سىياسىي ئېھتىياجنى، شۇنداقلا ھۆكۈمرانلارنىڭ ئۇنىڭدىن قانداق پايدىلىنىپ ئىران ۋە پاكىستاندەك دۆلەتلەرنى ياراتقانلىقىنى چۈشەنمەكچى ئىكەنلىكىمنى بايقىدىم. ئىسلام دىنىنىڭ بۇ قاتلىمى ماڭا ئېنىق ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى تۈپەيلى، مەن ئاتا بىر، ئانا

بۆلەك ئاكام بىلەن ئوخشاش مۇسۇلمان بولمىساممۇ، بىراق «مەدەنىيەتنىڭ ئوخشىمىسلىقى» نى ھېس قىلغانىدىم؛ پاكىستان بىلەن ئىراندا ئېتىقادنى جانلاندۇرۇش ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ۋە دىنىي دۆلەت شەكلى بىلەن ئىپادىلىنىپ بېرىلىۋاتاتتى. ھالبۇكى، شۇ تاپتا دادامنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇرغىنىمدا، بۇ ئەندىشىلەر يىراقلاپ كەتكەندەك بولدى. شۇ ئەسنادا مەن بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز ھەققىدىلا ئويلاندىم. مەن بۇ تۇتامى يوق سىياسىي ۋە تارىخلار قانداق قىلىپ ئىككى دۆلەت خەلقى ئوتتۇرىسىدا راستلا مەۋجۇت پەرقلەرنى پەيدا قىلالىغانلىقىنىڭ زادىلا تېگىگە يېتەلمىدىم. مەن ئەزەلدىن بۇ پەرقلەر تۈپەيلى ھەرقانداق كىشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمنى بۇزۇپ باققىنىم يوق. كۆپ يىللاردىن كېيىن دادامنى تاپقىنىمدا، ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ مۇشۇ پەرقلەر تۈپەيلى توسالغۇغا ئۇچرىشىغا ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ.

نۇرغۇن جەھەتتە ئۆزۈمگە بولغان ئىشەنچىم تولۇق بولسىمۇ، بىراق پاكار، قىزىل خىشتىن سېلىنغان، ۋاراڭ - چۇرۇڭغا تولغان بۇ ئۆينىڭ ئالدىدا تۇرغىنىمدا، ھېسسىيات جەھەتتە ئۆزۈمگە بولغان ئىشەنچىمنىڭ يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ قالدىم. نېمىشقىكىن، مەن تۆت يىل ئىلگىرى ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا يۇرەكلىك ھالدا بۇسۇپ كىرگەن چاغدىكىدىنمۇ ئاجىزدەك قىلاتتىم. شۇ چاغدا مەن ئۆزۈم خالىغان ئۇسۇلدا ئۇنىڭ بىلەن بىمالال كۆرۈشەلىگەن، ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم پاراڭلاشقۇم بارلىقىنى ئېيتالىغانىدىم. شۇ تاپتا مەن دادامنىڭ بوسۇغىسىغا قەدەم باسماي تۇرۇپلا، بۇ يەردىكى قائىدە - يوسۇنلار تەرىپىدىن چۈشەپ قويۇلغاندەك ھېس قىلدىم.

مەن دادامنى تاپتىم، ئۇ ئىلگىرىكىدەكلا كارىۋاتتا ياتاتتى، ئەتراپىغا ئائىلىسىدىكىلەر ئولىشىۋالغانىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرمىدى، ئەمما بېشىنى لىڭشىتىپ سالاملاشقانلىقى ۋە ماڭا قاراپ قىلغان تەبەسسۇمىدىن ئۇنىڭ دوستانە ئىكەنلىكىگە

ھۆكۈم قىلغىلى بولاتتى. ئۇنىڭ كەيپىياتى يامان ئەمەس ئىدى. دەسلەپكى بىر مىنۇتتا ئۇ تېلېفوندا سۆزلىشىۋاتقانمىكىن ياكى بىر قىزىقارلىق قىسقا ئۇچۇرنى كۆرگەنمىكىن، قاقاھلاپ كۈلدى، كېيىنكى بىر مىنۇتتا جىددىي قىياپەتتە سىڭلىسىنىڭ ئېرى بىلەن بۆلۈشكەن پايدىنىڭ مۇۋاپىق بولغان - بولمىغانلىقى توغرۇلۇق سۆزلىدى. ئۆگەي ئاپام كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ دوستى ۋە پىلانلىغۇچى بىلەن پاراڭلاشقاچ، سىڭلىمىنىڭ تىككۈچىلىككە بولغان ئەندىشىسىنى تۆگىتىشكە تىرىشىۋاتاتتى. ئىككى ئۇكام چىملىقتا پۇتبول ئويناپ بولۇپ قايتىپ كەلدى. ئامېرىكا بانكىسىدا ئىشلەيدىغان يەنە بىر ئاچام كەچرەك كېلىدىكەن، ئېرىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېلىدىكەن. مۇشۇنداق سورۇندا تۇرغىنىڭىزدا، سىز ئۆز ئۆي - خىياللىرىڭىزغا بېرىلىپ كەتسىڭىزمۇ، ھېچكىم بۇنى سېزەلمەيدۇ.

ئۆگەي ئاپام ئىلگىرىكىدەكلا قىزغىن بولۇپ، ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلغاچ، يېقىنقى ئەھۋالىمنى سورۇشتۇردى، يەنە لاھوردا بىرەر ياردەمگە ئېھتىياجلىق - ئېھتىياجلىق ئەمەسلىكىمنى سورىدى. كېيىنكى بىرنەچچە كۈندە دادام ئىككىمىز يۈزتۇرا پاراڭلىشىشتىن پەيدا بولغان ئوڭايسىزلىقلارنى ئۇنىڭغا تايىنىپ يوقاتتۇق. بىزنىڭ پارىڭىمىزنىڭ مەزمۇنى مۆتىدىللىشىشكە باشلىدى. ئىلگىرى پارىڭىمىز تارىخ ۋە سىياسىيدىن باشلىناتتى، بىراق بۇ قېتىم بۇ تېمىلار مەنئىي قىلىنىدى. گەرچە مەن دادامنىڭ بەزى تۈزىتىشلەرنى بەرگۈسى كېلىپ تۇرغانلىقىنى سېزىپ تۇرغان بولسامۇ، بىراق ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا بىر خىل تىلسىز ئارىلىق پەيدا بولغاندەك، مەن باشقا بىر لاگېرغا كىرىپ قالغاندەك تۇيۇلدى. ماڭا غەلىتە بىلىنگىنى شۇكى، كېيىنكى بىرنەچچە كۈندە، ئۇ مەندىن مۇسۇلمان دۇنياسىغا قىلغان سەپىرىمنى ھەمدە پاكىستاندىكى كەچۈرمىشلىرىمنى زادىلا سورىمىدى. ئۇنىڭ بۇلارنى بىلگۈسى يوقتەكلا قىلاتتى.

ئاخىر مەن ئۆزۈم بۇ تېمىنى ئوتتۇرىغا قويماسام بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئۈچ - تۆت كۈندىن كېيىن، مۇشۇ مەقسەتتە ئۇنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدىم. ئۇ مېنىڭ كىرگەنلىكىمنى كۆرۈپ بەك خۇش بولغاندەك قىلدى. بىردەمدىن كېيىن ئۆيدىكىلەر چىقىپ كەتتى، مەن پاراڭلاشماقچى بولغان تېمامنى ئېيتىۋىدىم، ئۇنىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ كەتتى.

— بۇ سىنىڭ نېمىنى يېزىشىڭغا باغلىق. ئەگەر پاكىستانغا قارىتىلغان يامان نىيەتلىك بوھتان بولىدىغان بولسا، مېنىڭ بۇنىڭ بىلەن چېتىلىپ قالغۇم يوق. مەن ئىلگىرىكى بىرمۇنچە ماقالىلىرىڭنى ئوقۇدۇم، بۇلارنى توغرا دەپ قارىمايمەن.

ئۇ مېنىڭ لوندوندىكى پارتلىتىش دېلوسى توغرۇلۇق يازغان ماقالەمنى ئېلان قىلغاندا ئۆزىمنى پاكىستانلىق دېگەنلىكىمدىن نارازى بولغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇ ۋە ئۇنىڭ دادىسى ئۆمۈر بويى پاكىستاننىڭ مەشھۇر قوغدىغۇچىلىرى بولۇپ كەلگەن، شۇڭا پاكىستان ۋە ئىسلام دىنىغا ھۇجۇم قىلىدىغان ھەرقانداق نەرسە بىلەن ئالاقە قىلمايدىكەن.

ئۇ كارىۋاتتا يېتىپ سۆزلىدى، بەزىدە بېشىنى بۇراپ ماڭا قاراپ قوياتتى، بىراق يەنىلا قىسقا ئۇچۇر يوللاپ تۇردى. قارىماققا ئۇ قىلچە قىزىقمىغاندەك، ئەمما سەل ئاچچىقلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ ئېتىقادنى بىر خىل قېرىنداشلىق ھېسسىيات، تۇغۇلۇشىدىنلا مەۋجۇت بولغان بىر خىل نەرسە سۈپىتىدە تەسۋىرلىدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇ بىر قېتىم ئۇدايپۇردا بىر تامدىكى «786» دېگەن ساننى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ يول باشلىغۇچىدىن بۇنىڭ نېمە مەنىسى بارلىقىنى سورىغانىكەن، يول باشلىغۇچى بۇ دېگەن تەلەي بەلگىسى، دەپتۇ. «ياق، ئاللانىڭ نامى بىلەن شۇنداق دېيەلەيمەنكى، بۇلار ھېسداشلىق ۋە رەھىمدىللىكنى بىلدۈرىدۇ» دەپتۇ دادام شۇ چاغدا. «ھە، سىز مۇسۇلمان ئىكەنسىز» دەپتۇ يول باشلىغۇچى، ئاندىن ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپتۇ.

— شۇڭا، مانا بۇ قېرىنداشلىق مۇھەببەت، — دېدى دادام، — كىشىلەر ساڭا قىزغىن مۇئامىلە قىلىدۇ، سېنى ئارىسىغا ئالىدۇ، ساڭا دوستلۇق مېھرىنى بېرىدۇ.

مەن ئۇنىڭدىن «مەدەنىي مۇسۇلمان» نىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى سورىدىم.

— سەن ئەتراپىڭغا قارىساڭ كۆرەلەيسەن، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ، — مەن تونۇيدىغان ھەربىر كىشى مۇسۇلمان. سەن نامازنى، روزا تۇتقاننى كۆردۈڭ، مالايلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان، كىشىلەر ئىسلام دىنىغا چوڭقۇر ئېتىقاد قىلىدۇ. گەرچە مەن ئېتىقاد قىلمىساممۇ، بىراق ئىسلام دىنىنى تەنقىد قىلىشنى ئويلىمايمەن. مەن مۇسۇلمانچىلىقنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىدىغان مۇسۇلمان ئەمەس، بىراق خوتۇنۇم شۇنداق مۇسۇلمان. ئىسلام دىنىنى تەنقىد قىلىش ئۇنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدۇ، — ئۇ مىسال كەلتۈردى، — بۇ خۇددى دوستۇڭنىڭ ئالدىدا ھاراق ئىچسەڭ بولىدىغان، ئەمما موماڭنىڭ ئالدىدا ھاراق ئىچىش خىيالىدا بولساڭ، ھەرگىز بولمايدىغانلىقىغا ئوخشاش بىر ئىش. بۇنداق قىلىش باشقىلارنىڭ چىشىغا تېگىش ھېسابلىنىدۇ.

ئۇنىڭ «مەدەنىي مۇسۇلمان» نى تەسۋىرلىشى بىلەن مېنىڭ بۇرۇنقى مۇلاھىزىمنىڭ پەرقى يوق بولۇپ، بايرام، مۇراسىم ۋە تىلدىن ئىبارەت ئىدى، خالاس. لېكىن، بۇ قېتىملىق سەپەر ئارقىلىق، بۇنىڭ ئىچىدىكى تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلاملىق سەۋەبنى ھېس قىلدىم، دادامنىڭ بۇنى ئېغىزغا ئالمىغانلا يېرى بار ئىدى. مەن بايقىغان بىرىنچى يىپ ئۇچى دادامنىڭ مېنىڭ پاكىستانلىق ئەمەسلىكىمنى، مۇسۇلمانمۇ ئەمەسلىكىمنى قايتا ـ قايتا تەكىتلىگەنلىكى بولدى. ئۇ بۇ گەپنى قىلغاندا مېنىڭمۇ ئۆزىنىڭ بالىسى ئەمەسلىكىمدىن بېشارەت بېرىۋاتقاندەك، تەلەپپۇزىدىن سەل كۆرەڭلەۋاتقاندەك بىلىنىدى. ئۇ مېنىڭ مۇسۇلمان ئەمەسلىكىمنى تەكىتلىگەن چاغدىكى پوزىتسىيەسى ناھايىتى

قەتئىي بولدى. بۇ ھال سەپەرگە چىقىدىغان چاغدىكى ھېلىقى سوئالنى يەنە ئېسىمگە سالدى: ئۇ ئۆزىنى ئېتىقادسىز دېگەنىكەن، يەنە قانداق بولۇپ مۇسۇلمان بولۇپ قالىدۇ؟ بۇ بىر غەلىتە قاتماللىق ئىدى: ئۇ بۇنداق ئېتىقادنىڭ ئەڭ تۈپكى ئەمرىمەرۇپلىرىغا ئىشەنمەيدۇ، «قۇرئان كەرىم» گە ئىشەنمەيدۇ، بىراق مۇسۇلمانلىق سالاھىيىتى بىلەن ماڭا: «سەن مۇسۇلمان ئەمەس» دېيەلەيدۇ. ھالبۇكى، ئەمەلىيەتتە ئېتىقادنىڭ ئەمرىمەرۇپلىرىنىڭ ھەربىر ماددىسىدىن قارىغاندا، مەن مۇسۇلمان بولۇش سالاھىيىتىنى ھازىرلاپ بولغانمەن. ئۇنىڭ ھاياجانلىق كەيپىياتتا گەپ قىلىپ، مۇسۇلمانلىق سالاھىيىتىگە تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلامدىكى مۇھىملىق خاراكتېرىنى بېرىشى ماڭا ئىشىنىڭ ھەرگىز مەدەنىيەت ئامىلى بىلەنلا تۈگىمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇردى.

دادامنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزگەن ئاشۇ كۈنلەردە، مەن ئۇنىڭ بىلەن بەزى ئىشلارنى قىلىپ، ھېلىقى خەت كېلىشتىن ئىلگىرى مەۋجۇت بولغان ئارىمىزدىكى يېقىنلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى بەكمۇ خالىدىم. لېكىن، ھازىرقى سۆھبىتىمىز ھەمدە كۆڭۈلدىكى گەپلەرنى دېمەي جىم تۇرساقمۇ يەنىلا ئەڭ دەسلەپ دادامنى تونۇغان ئاشۇ نەچچە يىلنى ئېسىمگە سالدى. يەنىلا ئوخشاش ئوڭايسىزلىنىش ئىچىدە تۇرساقمۇ، بىر خىل پەرۋاسىزلىق بىلىنىپ تۇراتتى.

كېيىن بەزى ئائىلىۋى پائالىيەتلەرنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا ئەگىشىپ، ماڭا ياخشى پۇرسەت كەلگەندەك بولدى. مەن يۇسۇفنىڭ تېلېفونىنى ئالدىم، ئۇ دادامنىڭ نەۋرە ئۇكىسى، پاكىستاننىڭ شائىرى ئىقبالنىڭ نەۋرىسى ئىدى. يۇسۇفنىڭ ئۇلۇغ مومىسى بۇرۇن ۋابا مەزگىلىدە ئۇلۇغ بوۋامنى قۇتقۇزۇۋالغانىكەن، ئەينى چاغدا ئۇلۇغ بوۋامنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ كەتكەنىكەن. ئۇلۇغ بوۋام يۇسۇفلەرنىڭ قەسرىدە ياشىغانىكەن. مەن ئۇلۇغ بوۋامنىڭ

ھاياتى توغرۇلۇق بەزى ئەھۋاللارنى ئىگىلىمەكچى بولغاندا يۈسۈف بىلەن ئالاقىلەشكەنىدىم. ئۇ مېنىڭ نەشرىياتچىمغا ئوخشاش، مېنى پاكىستان بىلەن پەۋقۇلئاددە مۇناسىۋەتكە ئىگە دەپ قاراپ، بوۋىلىرى بىلەن كۆرۈشۈشكە ئورۇنلاشتۇرغانىدى. بۇ بىر نەچچە مويسىپىت ئاخشىمى كۈۋاس ئىچىدىغان كىشىلەر بولۇپ، ئىلگىرى ئۇلۇغ بوۋام بىلەن دوست بولۇپ ئۆتكەنىكەن. شۇ ئاخشىمى يۈسۈف ماڭا تېلېفون بېرىپ، پاكىستاننىڭ ئاتاقلىق ناخشىچىسى فەرىدە خانىمنىڭ قەسىرگە كېلىپ ناخشا ئېيتىدىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە كېلىپ ھوزۇرلىنىشنى خالايدىغان-خالىمايدىغانلىقىمنى سورىدى. مەن شۇ ھامان تەكلىپنى قوبۇل قىلدىم، ئاندىن دادامدىن بىللە بېرىشنى خالايدىغان-خالىمايدىغانلىقىنى سورىدىم. پاكىستاندا تۇرىدىغان كىشىلەرنىڭمۇ فەرىدە خانىمنىڭ نەق مەيداندىكى ناخشىسىنى ئاڭلاش پۇرسىتى تولىمۇ ئاز ئىدى.

دادامنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى:

— فەرىدە خانىم قەسىرگە بارامدىكەن؟

— ھەئە.

لېكىن، تېمىشقىدۇر ئۇنىڭ كەيپىياتى يەنە ئۆزگىرىپ، تەكلىپنى رەت قىلدى. ئىككىمىزنىڭ ئارىمىزدىكى مۇناسىۋەت دائىم شۇنداق ئىدى: ھېسسىياتنى كۆچەيتكىلى بولىدىغان نۇرغۇن ئىمكانىيەت بولۇپ تۇراتتى، ئەمما ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرگەنلىكتىن يېقىنلىشىشقا ئامال بولمايتتى.

ئاخىر شۇ ئاخشىمى يۈسۈفنىڭ قەسىرىگە يالغۇز باردىم. قەسىر كونا شەھەرنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانىدى. كۈندۈزنىڭ ئىسسىقى تېخى تارقىلىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، كونا شەھەر جانلىنىشقا باشلىغانىدى. قىستا-قىستاڭ كوچىنىڭ ياقىسىدا بىر ئېگىز دەرۋازا بار بولۇپ، قىزىل خىش يېپىتىلغان ماشىنا يولى قەسىرنىڭ ئىشىكى ئالدىغىچە سوزۇلغانىدى. بېشىڭىزنى كۆتۈرۈپ قارىسىڭىز بالكون، شاخلىرى ساڭگىلاپ

تۇرغان دەرەخلەر بار ئىدى. كونا شەھەر قۇرۇلۇشلىرى تەسۋىرلەنگەن قۇراشتۇرۇپ چاپلانغان بىر پارچە رەسىم ھويلىنىڭ مەنزىرىگە نەزەر تاشلاپ تۇراتتى. مەن تار پەلەمپەيدىن مېڭىپ، بىر ئۆيدە فەرىدە خانىمنى كۆردۈم. سارغۇچ يېشىل سارى كىيىنگەن فەرىدە خانىم پولدا ئولتۇرۇپ مانگو يەۋاتاتتى. ئۇنىڭ توق قىزىل لەۋلىرىگە ئازراق مېۋە ئېتى چاپلىشىپ قالغانىدى. ئۇ ياشىنىپ قالغان، قاۋۇل، چاچلىرىنى قارىغا بويىغان، تېرىسى بوشاپ كەتكەن ئايال ئىدى، بىراق ئۇنىڭ ھەربىر قىياپىتى ئاياللىق نازاكەتكە تولغان، ياشىنىپ قالغان بىر چولپاننىڭ ئويۇن كۆرسىتىۋاتقىنىغا ئوخشاپ كېتەتتى. ئاخىر ئۇ ناخشا ئېيتىشقا باشلىغاندا، ئەتراپىدىكى ھەممە نەرسە ئېرىپ كەتكەندەك بولدى. ئۇ يېڭىلا كەلگەن ئىززەت - ئىكرام بىلدۈرگۈچى ياشنىڭ تەسىرلەنگىنىدىن ياش تۆكەيلا دەپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ قالغان بولسا كېرەك، ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىشنى قارار قىلدى. مەن ئىشىكتىن كىرگەندە، يۈسۈف ئۇنىڭغا بوۋامنىڭ نەۋرىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتقانىدى. بۇنى بىلگەچكە، ئۇ بوۋامنىڭ بىر شېئىرىنى ناخشا قىلىپ ئېيتتى. تەرتىپلىك شېئىرىي جۈملىلەر فەرىدە خانىمنىڭ ئاغزىدىن ئېتىلىپ چىقىپ، ماڭا بوۋامنىڭ بارلىق شائىرلار ئىنتىلىدىغان ھېسسىياتقا ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇردى.

فەرىدەنىڭ ناخشىسى ئەمدىلا ئاخىرلىشىشىغا، يۈسۈف غېپىپىدە چىقىپ كەتتى، نەچچە مىنۇتتىن كېيىن يەنە قايتىپ كەلدى ۋە ماڭا بىرنەرسىنى بەرمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ ماڭا ئۇزارتقىنى بىر چىرايلىق قول سائىتى بولۇپ، سائەت يۈزى كۆل رەڭ ئىدى، كونىراپ كەتكەن قارا رەڭلىك سائەت بېغىمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، بوۋام - مومام توي قىلغاندا، بۇ سائەتنى ئەنگلىيەدىكى ئۇلۇغ بوۋام يۈسۈف جەمەتىنىڭ جەمەت باشلىقىغا سوۋغا قىلغانىكەن. بۇ سائەت كېيىن يۈسۈفكە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپتۇ، گەرچە دادام بۇنى ئۆزىگە مەنسۇپ بولۇشى

كېرەك دېگەن قاراشتا چىڭ تۇرغان بولسىمۇ، يۈسۈپ يەنىلا ئۇنى ماڭا بەردى، چۈنكى مەن تاسىر ئەپەندىنىڭ ئۇنى يوقلاپ كەلگەن بىردىنبىر نەۋرىسى ئىدىم. يۈسۈپ بۇ سائەتنىڭ ئائىلىدە ماڭا بەزى ئاۋارىچىلىكلەرنى كەلتۈرۈشى مۇمكىنلىكىنى ئاگاھلاندۇردى، لېكىن مەندىن مەۋقەيىمنىڭ قەتئىي بولۇشىنى تەلەپ قىلدى. مەن ساراسىمىگە چۈشكەن ھالدا سائەتنى قولۇمغا ئالدىم. مەن بوۋام بىلەن بولغان مەلۇم خىل ئالاقىنى سەزدىم. بۇنىڭدىكى قىسمەن سەۋەب ئۇنىڭ شائىر بولغانلىقى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر سەۋەب، ئىسمىم ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم ئەسىرىدىن ئېلىنغانلىقى ئىدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە، ئۆگەي ئاپام:

— بۇنى دادىڭىزغا ئېيتماڭ، ئۇ قاتتىق ئاچچىقلىنىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ راستىلا بۇ سائەتكە ئېرىشكۈسى بار، — دېدى.

ئۆگەي ئاپامنىڭ ئاپىسى ماڭا بۇ سائەتنى دادامغا تۇغۇلغان كۈن سوۋغىسى قىلىش تەكلىپىنى بەردى، لېكىن تۈنۈگۈن كەچ يۈسۈپ بۇ سائەتنى ماڭا بەرگەن چاغدىكى ھېسسىياتىنى ئېسىمگە ئېلىپ، يەنىلا ۋاقتىنچە ئۆزۈم ساقلاش نىيىتىگە كەلدىم. ھازىرغا قەدەر، ئائىلىدىكى ھەربىر كىشى دادام بىلەن مېنىڭ مۇناسىۋىتىمنىڭ جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلغاندەك قىلاتتى.

ناشتا ۋاقتىدا مەن دادامنى ئاشخانىدىن تاپتىم، گېزىتلەر ھەممە يەردە چېچىلىپ ياتاتتى، دادام پاختا رەختتىن تىكىلگەن كۆك كېچىلىك كىيىم كىيىۋالغان، سافادا ئولتۇرۇپ پۈتىنى قاشلىغاچ، بىردەم تېلېۋىزور قانىلىنى يۆتكەپ، بىردەم تېلېفونى بىلەن ھەپىلىشىۋاتاتتى. ئۇ دائىم دېگۈدەك ئەتىگەن ئورنىدىن تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ يالغۇز ئولتۇرغان ۋاقتىنى قولدىن بەرمەسلىكنى ئويلىدىم، بىراق نەچچە مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن، ئاچام، ئۆگەي ئاپام ۋە ئۆگەي ئاپامنىڭ دادىسى يېتىپ كەلدى.

بەكلا قىرىپ كەتكەن ئۆگەي ئاپامنىڭ دادىسى چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى. كۆپچىلىك پاراڭغا چۈشتى، پاراڭ نيۇيوركتىكى ئەھۋالغا قاراپ داۋالايدىغان بىر توپ دوختۇر ھەققىدە بولۇۋاتاتتى، ئاچامغۇ شۇلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇلار بايىلا توپ تارقىتىلغان بىر ئېلخەتنى تاپشۇرۇۋاپتۇ، مەزمۇنى نىجادنىڭ يەھۇدىيلارغا يۈرگۈزگەن قىرغىنچىلىقنى ئىنكار قىلغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك ئىكەن.

— ئىلگىرى مەن ئېلخەتلەرگە زادىلا جاۋاب قايتۇرۇپ باقمىغانىدىم، — دېدى ئاچام ئۇنلۇك ئاۋازدا، — لېكىن بۇ قېتىم: «ئەڭ ياخشىسى، ئىلگىرى چوڭ قىرغىنچىلىق بولغانلىقىنى يەنىلا ئېتىراپ قىلىش كېرەك» دېدىم.

دادام بىر چەتتە پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويدى. ئۇ قىرغىنچىلىقتا ھاياتىدىن ئايرىلغان مۇساپىرلارنىڭ سانى زىيادە كۆپتۈرۈۋېتىلگەن، دەپ قارايدىكەن. گېرمانىيەلىكلەر پۈتكۈل ئۈرۈش جەريانىدا كېچە ـ كۈندۈز پايىپېتەك بولۇپ يۈرسىمۇ، قىرغىن قىلغانلارنىڭ سانى ھازىر ئېلان قىلىنغاندەك كۆپ ئەمەس ئىكەن.

— بۇ قورقۇنۇش بەكلا چوڭ. گېزى كەلگەندە دەپ قويай، مەن بىلسىڭىز جازا لاگېرىنى كۆرۈپ باققان، — دېدى ئۇ مەسخىرىلىك كۈلۈپ، — ئەسلىدە مەن ئۇ يەردە غايەت چوڭ ئىسكىلاتتەك بىرنېمىنى كۆرەرمەن دېگەن، ئەمما ئۇ يەرنىڭ چوڭلۇقى مۇشۇ ئۆيدىن ئانچە چوڭ ئەمەس ئىكەن. ھەر كۈنى قامىغىلى بولىدىغان ئادەم ئەڭ كۆپ بولغاندا ئۈچ يۈزچە بولار. ئۇلار يەھۇدىيلارنى پويىز بىلەن توشۇشى، يەنە كەينىگە قايتىشى كېرەك... مەن چوڭ قىرغىنچىلىقنى ئىنكار قىلمايمەن، يەھۇدىيلارغا ھەقىقەتەن زەھەرلىك گاز قويۇپ بېرىلگەن ...

ئۇنىڭ دېيىشىچە، چوڭ قىرغىنچىلىقنى مۇبالىغە قىلىش خۇددى پاكىستانلىقلارنى 1971 ـ يىلى بېنگالدا كۆپلىگەن ئادەمنى ئۆلتۈردى دەپ ئەيىبلىگەن بىلەن ئوخشاش ئىكەن. ئۇ

بىنگال مەسىلىسى بىلەن ئوخشاش نۇقتىئىنەزەردىن پايدىلانماقچى، قەبرىلەرنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى سورىماقچى بولدى، بىراق ناتسىستلار پارتىيەسىنىڭ قەبرە بىلەن ھەرگىز كارى بولمايدىغانلىقى چوقۇم ئۇنىڭ ئېسىدە بار ئىدى.

گەپ شۇ يەرگە كەلگۈچە مەن ھېچنېمە دېمىدىم، چۈنكى دادام مېنى قەستەن غەزەپلەندۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ، دەپ گۇمانلىنىۋاتاتتىم...

دادام چوڭ قىرغىنچىلىق تېمىسىغا يەنە قايتىپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ چوڭ قىرغىنچىلىقنى ئىنكار قىلمايدىغانلىقىنى، پەقەت ئاشۇ سانلارغا تازا قوشۇلۇپ كەتمەيدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلىدى. ئاخىر مەن ئۇنىڭ سانلار قانداق بولۇشى كېرەك دەپ قارايدىغانلىقىغا قىزىقىشقا باشلىدىم.

— ئۇنداق بولسا، قانچىلىكتۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن.

ئۇنىڭ كەھرىۋا رەڭلىك كۆزلىرىدە غەزەپ ئوتى چاقنىدى.

— بىلمەيمەن، ئەمما كىشىلەر سەككىز مىليوننىڭ گېپىنى قىلىشىدۇ، پۈتۈنلەي قۇرۇق گەپ.

— ئالتە مىليونمىدۇ؟

— توغرا ئەمەس، يەنە كېلىپ، بۇ رومىنىيەلىكلەر ۋە سىگانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مېنىڭ شۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ دېگۈم كەلدى.

— تۆت مىليون بەش يۈز مىڭ يەھۇدىيمۇ؟

ئۇ مۈرىسىنى قىسىپ قويدى.

— ھەر قېتىم كىشىلەرنىڭ چوڭ قىرغىنچىلىقنىڭ گېپىنى قىلغىنىنى ئاڭلىغىنىمدا، — دېدى ئۇ، — بېشىمنى چايقايمەن، ھېچنېمە دېمەيمەن.

ئاچام چوڭ قىرغىنچىلىققا يەھۇدىيلارغا قارشى تۇرۇش بەلگىسى چاپلانغانلىقىنى، بۇنىڭدىن گۇمانلىنىدىغان ھەرقانداق كىشى ئۆزىنىڭ قارشى تەرىپىدە تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن بۇنداق كۆزقاراشنى ئاڭلىغان، لېكىن بۇ ئادەتتە ئىسرائىلىيەنى

تەنقىد قىلىشقا قارشى سادالارلا بولۇپ، چوڭ قىرغىنچىلىقتىكى يەھۇدىيلارنى چەتكە قېقىشنى تەنقىد قىلىدىغان بەلگە ئەمەس ئىدى. ئاچام مەقسەتلىك ياكى مەقسەتسىز ھالدا بۇنداق مەكتەپ تىلىنى سەل بۇرمىلىغۇەتتى. لېكىن، بۇ خاتالىق مېنى ئويغاتتى: مەن سانتا بولغان بۇ تالاش - تارتىشنىڭ ئارقىغا نېمىنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىغا قىزىقىپ قالدىم.

— نېمە ئۈچۈن بۇ سانلارنى تەڭشەش كېرەك دەپ قارايسىز؟

— ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنلىرىم ۋە ئوقۇغانلىرىمغا ئاساسەن شۇنداق قاراشقا كەلگەنمەن، — دېدى دادام.

مەن دادامنىڭ چوڭ قىرغىنچىلىق توغرىسىدىكى تېمىنى تاللىغانلىقىنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلاملىق سەۋەبى چوڭ قىرغىنچىلىق ھەققىدىكى ئەسلىمىنىڭ غەربتە مۇقەددەس، دەخلى - تەرۇز قىلىشقا بولمايدۇ دەپ قارالغانلىقىدىن ئىكەنلىكىنى سەزدىم. ئېھتىمال ئۇ مېنىڭ ئالدىمدا بۇ مۇقەددەس تارىخقا ھۆرمەتسىزلىك قىلىش مېنى غەزەپلەندۈرىدۇ دەپ قارىغاندۇ. ھالبۇكى، ئۇ خاتالاشقانىدى، بۇنىڭ سەۋەبى ئىككى: مەن يەھۇدىي ئەمەس، غەربلىكمۇ ئەمەس، چوڭ قىرغىنچىلىقنى غەربلىكلەر غەرب دۇنياسىدا سادىر قىلغان. غەرب جەمئىيىتى چوڭ قىرغىنچىلىققا قارىتا خۇددى مۇقەددەس نەرسىدىن ھېيىققاندەك پوزىتسىيەدە بولۇپ، ئۆزىنى ئاشۇ جىنايەتنى مەڭگۇ ئېسىدە تۇتۇشقا مەجبۇرلايدۇ. ئۇلار پۈتكۈل غەرب ئاشۇ يىللاردىكى تىل بىرىكتۈرگۈچىلەر، بۇنداق پۇشايمان قىلىش ھازىرقى جەمئىيەتنىڭ تارىخقا تۇتقان ئەڭ مۇھىم پوزىتسىيەسىنىڭ بىرى دەپ قارايدۇ. ئىزا تارتىپ تۇرالماسلىق ئىسرائىلىيەنىڭ قۇرۇلۇشى تۈپەيلى ئازىيىپ قالمايدۇ؛ پۇشايمان قىلىش مەلۇم سىياسىي مەقسەت ئۈچۈن ئەمەس؛ ئۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئالدىدا جىنايىتىنى يۇيۇش بولۇپلا قالماي، ئوخشاشلا ئۆزىنى گۇناھكار دەپ بىلگەنلىكتۇر. مەن غەربنىڭ نۇقتىئىنەزىرىدە تۇرۇۋاتقىنىم يوق، بەلكى مۇناسىۋەتسىز ئادەم

سوپىتىدە، بۇ دۇنيادىكى باشقا بىر پارچە زېمىننىڭ ئالدىغا قارىيالايدىغانلىقىنى، بۇ قورقۇنچلۇق تارىخ ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلەلەيدىغانلىقىنى كۆردۇم. بۇنداق گۈزەللىك تارىخنىڭ مۇستەقىللىق خاراكتېرىنى ئىسپاتلاپ بەردى. يەھۇدىيلارلا ئەمەس، ياۋروپالىقلارلا ئەمەس، سىزمۇ ئوخشاشلا بۇ باسقۇچلۇق تارىخنىڭ چىنلىقىنى قوبۇل قىلسىڭىز بولىدۇ.

مەن سەپەر جەريانىدا تارىخ بىلەن ئېتىقادنىڭ ئارىلىشىپ كېتىشى، ئىسلامنىڭ بۈيۈك تارىخىنىڭ يوقىلىپ كېتىشى، شۇنىڭغا ئەگىشىپ كەلگەن ئازاب ۋە ئۆچمەنلىكتىن ئىبارەت توسالغۇغا يولۇقتۇم. ئىسلام دىنىغا بولغان چولتا تونۇشۇم بىلەن بۇلارنى چۈشىنەلىشىم مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

— چوڭ قىرغىنچىلىقنىڭ ھەقىقىي قورقۇنچلۇق يېرى، — مەن ئۆزۈمنىڭ تەلەپپۇزۇمدىن قورقۇپ كەتتىم، — زادى ئىككى مىليون، ئۈچ مىليون ياكى تۆت مىليون ئادەمنىڭ ئۆلگەنلىكىدە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ماشىنىلاشقان، سىستېمىلاشقان ھالدا بىر ئىرقنى تۈگەتمەكچى بولغانلىقىدا. ئىسرائىلىيە نۇرغۇن يىلنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ ئاندىن قۇرۇلغان. چوڭ قىرغىنچىلىق ئىچىدىن ئىسرائىلىيەنىڭ قۇرۇلۇشىنىڭ سەۋەبىنى ھەقىقەتەن تاپقىلى بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، سىلەرنىڭ ئىسرائىلىيەگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار تۈپەيلى باشقىلار ئۆتكۈزگەن چوڭ قىرغىنچىلىقنى ئىنكار قىلىشىڭلارنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق.

مەن تۈيۈقسىز ئۆزىگە كۆز يۈگۈرتۈپ، كەيپىياتىنىڭ چاتاقلىقىنى سەزدىم. مەن ئۆزۈمنى بىر پەسكەشكە ئايلاندۇرۇپ قويغاندەك قىلاتتىم. ئاچام بىلەن ئۆگەي ئاپام بۇ قېتىملىق سۆھبەتنىڭ يۈزلىنىشىدىن بەكلا ئەندىشە قىلدى. ئۆگەي ئاپامنىڭ دادىسى ئاغزىنى يوغان ئاچقىنىچە، ماڭا چەكچىيىپ قاراپ قالدى.

دادام بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى، ئاندىن ئىسرائىلىيە ھەققىدە سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇ سابرا ـ شاتىرا چوڭ قىرغىنچە ـ

لىقىدىن ئىبغىز ئىچىپ، ئايالللار بىلەن باللارغا قانداق زىيادەكەشلىك قىلىنغانلىقىنى بايان قىلدى ھەمدە بۇ قىرغىنچىلىقنىڭ يەھۇدىيلارنىڭ ئۇچرىغان چوڭ قىرغىنچىلىقى بىلەن نېمە ئۈچۈن پەرقلەندۈرۈلىدىغانلىقىنى سورىدى. مېنىڭ ھېچنېمە دېگۈم كەلمىدى، سەپەرگە ئاتلىنىشىم دادامدىن ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇسۇلمان ھېسابلىنىدىغانلىقىنى سوراش ئۈچۈن ئىدى، بۇنىڭ جاۋابى دەل مۇشۇ يەردە ئىكەن: جەزملەشتۈرەلەيمەنكى، ئىسلام دىنىنىڭ ئىلگىرى كۈچلۈك ئەخلاق - پەزىلەت قائىدىلىرىنى دادام ھازىرلىمىغان، ئۇنىڭ مۇسۇلمانلىقى ئامېرىكا بىلەن ئىسرائىلىيەدىن نەپرەتلىنىشى، ھىندىستانلىقلارنى ئاجىز، ئېتىقادسىز دەپ قارىغانلىقى، يەنە ئىسلامنىڭ شانلىق تارىخىنىڭ ئۇنى ھاياجانلاندۇرالايدىغانلىقىدىن بولغان.

ئېتىقاد ئۇنىڭ قەلبىدە چىرىپ كەتكەن بولۇپ، ھاياتىي كۈچى قالمىغان، ئەخلاق جەھەتتە يېتەكلىيەلمەيدىغان بولۇپ قالغان؛ ئېتىقاد مەزمۇنسىز نەرسىگە ئايلىنىپ، يەتكىلى بولمايدىغان تارىخىي، سىياسىي سالاھىيەتلا بولۇپ قالغان. مانا بۇ ئۇنىڭ ئېتىقادىدا ساقلىنىۋاتقان پۈتۈن كۈچ - قۇدرەتتىن ئىبارەت. بۇنداق ئۆزگىرىش ئىنتايىن مۇھىم، چۈنكى ئۇ ئاخىر مۆتىدىل مۇسۇلمانغا ئايلىنىدۇ، لېكىن بەزى خاتا ساھەلەردە ئۇنىڭ سەۋر - تاقىتى زىيادە چەكلىك بولىدۇ. بىر كىشىنىڭ قانداق ناماز ئوقۇشى، قانچە قېتىم ناماز ئوقۇشى، قانداق كىيىنىشى، ھاراق ئىچىش - ئىچمەسلىكى مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى ئۇنىڭ يەھۇدىيلاردىن، ئامېرىكا ۋە ھىندىستاندىن نەپرەتلىنىش - نەپرەتلەنمەسلىكىدۇر...

كېيىن، دادام ئېتىراپ قىلىپ، لاھوردىكى كىشىلەر «11 - سېنتەبىر» ۋەقەسىنى بىر قېتىملىق سۇيىقەست دەپ غۇلغۇلا قىلىشىمۇ، ئۆزىنىڭ ئىشەنمەيدىغانلىقىنى، بىراق ئايروپىلان سوقۇلۇشتىن پەيدا بولغان بەش بۇرجەكلىك بىنادىكى تۆشۈكنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىنىڭ ھازىرغىچە ئېنىق ئەمەسلىكى ھەمدە

ۋەقە يۈز بەرگەن نەق مەيداندا مۇھەممەد ئاتانىڭ پاسپورتىنىڭ بايقالغانلىقى ئۆزىدە گۇمان پەيدا قىلغانلىقىنى ئېيتتى.

— كىشىلەر بۇ ئىشلارنى تىلغا ئالغاندا نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي قالدىم، — دېدى ئۇ.

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۆيدىن ئايرىلدىم. دەريا قىرغىقىنى يار ئېلىپ كەتكەندەك ھېسسىياتتا ئىدىم. دادام ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئوڭايسىزلىق تۇنجى قېتىم بۇزۇۋېتىلگەنىدى.

بىردەمدىن كېيىن قايتىپ كىرىپ ئۇنىڭغا خوش دېمەكچىدىم، بىراق ئۇ بىر ئىبغىزمۇ گەپ قالدۇرماي چىقىپ كېتىپتۇ. شۇ ئەسنادىكى قۇيقۇرۇق ئۆي ماڭا ئۇمىدسىزلىككە تولغان بىر خىل بوشلۇقنى قالدۇرۇپ قويغاندەك بولدى. مەن بۇرۇنقىدەك مۇكەممەل بىر نەتىجىگە ئېرىشكۈم بار ئىدى، ئەپلىشىپ قېلىشتىن ئۈمىد كۈتمەيتتىم، بۇنداق تەلەپ بەك يۇقىرى بولۇپ كېتەتتى، پەقەت كۆز ئالدىمدىكى ئىسراپ بولۇپ كېتىۋاتقان بۇنداق ئۈمىدسىزلىك تۈيغۇسىنىڭ بولۇشىنى خالىمايتتىم: دادامنى ئىزدەش سەپىرىم لاھوردىكى بىر قورۇق ئۆيدە ئاخىرلاشقانىدى، پول يىغىدىنلا سورتۇۋېتىلگەن، قۇياش نۇرى ئۆينى يورۇتۇپ تۇراتتى.

ئۇدۇل ئارىلىقتىن قارىغاندا، دادام ئىككىمىزنىڭ ئارىلىقى زادىلا يىراق ئەمەس ئىدى، بىراق بۇ زېمىن بۆلۈنۈش تارىخىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇۋاتاتتى، مەن ۋارىسلىق قىلغان ئىككى تەرەپنىڭ ئەسلىملىرى كەمتۈك ئىدى. دادامنى ئىزدەش، ئۇنى ۋە ئۇنىڭ دۆلىتىنى چۈشىنىش سەپىرىمدە ئاشۇ تارىخنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياراشتۇرۇپ قويماقچىدىم، لېكىن پۈتۈن سەپىرىمدە قىلچە ھاسىلاتقا ئېرىشەلمىدىم. مەن بىلەن پاكىستان دەپ ئاتىلىدىغان بۇ زېمىننىڭ يېقى مۇناسىۋىتىمىز بار بولدى. ئىككى دۆلەتكە تەۋە بولغانلىقىم ئۇچۇن ئۆزۈمنى بەكمۇ تەلەيلىك دەپ بىلدىم. مەن ئۆزۈمنى نۇرغۇن كىشى بۆلۈپ ئىدارە قىلىشتىن مەھرۇم بولغان تالاي نەرسىگە ئېرىشكەندەك ھېس قىلدىم. مەن

ئوقۇشمىغان تەربىيەنى قوبۇل قىلغان، ھىندىستان تارىخىنىڭ ئۈچ باسقۇچىنى قوچاقلىغان، ئۆزۈمنى سانسكرىت تىلى، ئوردۇ تىلى ۋە ئىنگلىز تىلى بىللە تارتىپ كېتىۋاتقان ئۈچ ئاتلىق ھارۋىغا ئولتۇرغانمەن دېسەممۇ بولىدۇ. بۇ شالغۇتلۇقنى ئارقا كۆرۈنۈشى گىرەلىشىپ كەتكەن نۇرغۇن كىشى ھاسىل قىلغان، بىراق زورلۇق كۈچىنىڭ يەككىلىكى بىلەن سىڭىشتۇرغاندا، مەن بۇنداق كۆپ خىللىقنى تېخىمۇ ياخشى كۆرىمەن. شالغۇت دۇنيا تېخىمۇ مول، مەزمۇنلۇق، رەڭگارەڭ بولىدۇ.

شۇ ئەسنادا بۇ قۇرۇق ئۆيدىكى دەرمانسىزلىق تۇيغۇسى ئاستا ـ ئاستا يوقالماقتا ئىدى. دادامنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۆسۈپ يېتىلىشىمگە خۇددى قارا باسقاندەك ھەمراھ بولۇپ، ئاخىر ئازراق رېئال ۋەزىنگە ئىگە بولدى ـ دە، بۇنىڭدىن باشقا مەن بىرەر تەسەللى تاپالمايدىغان بولدۇم. لېكىن، مۇشۇ دەقىقە بولمىغان بولسا، مېنىڭ چىڭ چىرمىۋالغان بۇ ئىدىيە تەرىپىدىن يەنە قانچە ئۇزاق ئازابلىنىپ يۈرىدىغانلىقىمنى كىم بىلسۇن.

## ب. بۇتتو قەتل قىلىنغان كېچە

بىر يىلدىن كېيىن، مەن لاھۇردىكى بىر ئاياغ دۇكىنىغا مال سېتىۋالغىلى كىردىم. دۇكان لامپۇچكا، سىنىئەينەكلەر بىلەن تولغان بولۇپ، خۇرۇمنىڭ پۇرىقى تارقىلىپ تۇراتتى. دۇكان غوجايىنى مەن ئۇزارتقان پۇلنى ئالماقچى بولۇۋېتىپ، تۇيۇقسىز ئارقىغا بۇرۇلۇپلا كىچىك تېلېۋىزورنى ئۆچۈرۈۋەتتى. لېكىن، ئېكراندا نېمىلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرۈشكە ئۈلگۈردۈم، شۇ چاغدا قېشىمدا ئۈنچە - مەرۋايىت ۋە ئالتۇن - كۈمۈش زىبۇ - زىننەتلىرى چاقناپ تۇرغان بىرنەچچە ئايال خېرىدارمۇ بار ئىدى، بىز غوجايىندىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىدۇق. غوجايىننىڭ بويالغان قويۇق ساقىلى ئاغزىنى يېپىپ تۇراتتى، ئۇ چىرايى تاتارغان ھالدا كېكەچلەپ:

— بېنازىر بۇتتو ئۆلۈپتۇ، — دېدى.

ئۇ سۆز چوڭ قورۇقلۇقىدىكى بىر سىياسىيوننىڭ ئۆلۈمىنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى بىلىدىكەن. راجىف گەندى: «چوڭ دەرەخ غۇلىغاندا، زېمىنمۇ زىلزىلىگە كېلىدۇ» دېگەنىدى. ئەينى چاغدا ئۇنىڭ ئانىسى ئىندىرا گەندى قەستكە ئۇچراپ ئۆلگەن، شۇنىڭدىن كېيىن شىكلارغا زىيانكەشلىك قىلىش ۋەقەسى يۈز بەرگەنىدى. مېنىڭ تۇنجى ئىنكاسىم مالىمانچىلىق پارتلايدىغان بولدى دېگەندىن ئىبارەت بولدى. مەن دۇكان ئىشىكىدىن چىقىۋاتقىنىمدا، يوپيورۇق چىراغ نۇرى بىلەن سىنىئەينەكلەر ئارىلىقىدىن كىرگەن سوغۇق شامال نەشتەردەك سانجىلدى، ئىس - تۈتەك قاپلاپ تۇرغان ئەركىن بازارغا يېتىپ بارغاندا، مەن تېزلا سەگەكلەشتىم: بېنازىر بۇتتو ئۆلۈپتۇ.

بېنازىرنىڭ گېنېرال زىياۇئۇلھەق بىلەن ئوخشىمايدىغان

يېرى، ئۇنىڭ ئۆزىنى لىبېرالىزمچى دەپ ئاتىشىنىڭ ھاجىتى يوق؛ پۇقرالار ئۇنىڭ لىبېرالىزمچى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ يەنە رەقىبلىرى تەڭ كېلەلمەيدىغان بىر ئۈستۈنلۈكى بار ئىدى: بۆلۈنۈشكە دۇچ كەلگەن بۇ دۆلەتتە ئۇ تۆت ئۆلكىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرگەن بىردىنبىر سىياسىيون ئىدى.

ھالبۇكى ئەمدى دادىسىغا ئوخشاشلا بىنازىر بۇتتومۇ ئۆلۈپتۇ. خىيالىم دادامغا كەتتى. بۇنىڭ دادامغا قاتتىق زەربە بولىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. پۈتكۈل 80 ـ يىللاردا ئۇ بىنازىر بۇتتو بىلەن مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ گېنېرال زىيائۇلھەققە قارشى كۈرەش قىلغان، ئۆزلىرىنىڭ ئورتاق نىشانى ئۈچۈن تۈرمىدە ياتقان، 1988 ـ يىلى بىنازىرنىڭ غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلگەنلىكى ۋە سايلامدا غەلىبە قىلغانلىقىنى كۆرگەن، ئۇنىڭ سىياسىي پارتىيەسىنىڭ باياناتچىسى بولغان، ئۇنىڭ بىلەن بىللە نۇرغۇن يەرگە بارغانىدى. ئۇنىڭدا يەنە بىر خىل ئالاھىدە ھەسرەتمۇ بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى ئۇ ئىلگىرى تونۇيدىغان، ھۆرمەتلىگەن ئاشۇ كىشىلەر ئۆلۈپ كېتىدىغان چاغدا، ئۇنىڭدىن يىراقلىشىپ كەتكىنىگىمۇ كۆپ يىل بولغانىدى. دادامغا ھېسداشلىق قىلساممۇ، بىراق ئۆتكەن بىر يىلدا بىزنىڭ ئارىمىزدا پەيدا بولغان ئىشەنمەسلىك يەنىلا ماڭا ئۇنى يوقلاپ بارسام، ئۇ مېنى يامان غەرەز بىلەن كەلدى دەپ بىلىدىغاندەك بىر خىل ئويغا كەلتۈرۈپ قويدى.

مەن تىقما ـ تىقما بۇ بازاردا بىردەم يالغۇز تۇردۇم. لامپۇچكىلار يورۇشقا باشلىدى، كەچتىكى ماشىنا ئېقىنى تار كوچىنى توسۇۋالدى. ئاكام ماشىنىسىنى ئالغىلى كەتكەنىدى، دوستى ئۇنى ساقلاپ تۇراتتى، شۇنىڭ بىلەن دۇكاندا ئاڭلىغان خەۋەرنى ئۇنىڭغا ئېيتتىم. ئۇ بۇ خەۋەرنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈۋاتقاندەك ئاڭلىدى ۋە ماشىنا يېتىپ كېلىشىگە، باشقىلارغا ئېيتتى.

بىز تېخى بازاردىن ئايرىلماي تۇرۇپلا، تېلېفون كەينى ـ

كەينىدىن كېلىپ، بىزنىڭ كوچىدا تۇرۇپ قالماسلىقىمىزنى ئېيتتى. بىز رادىيو دولقۇنلىرىنى توختىماي ئالماشتۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ خەۋەرگە ئېرىشمەكچى بولدۇق، بىراق ئۇنۇمى بولمىدى. قارىغاندا، بۇ خەۋەر بىر بولسا باستۇرۇپ قويۇلغان، بىر بولسا رادىيو ئىستانسىسى سايلامدىكى ئىشلارنى خەۋەر قىلىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىپ، ئاڭلىتىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن بولسا كېرەك. بۇ چاغدا يەنە نېمە سايلام رىقابىتى بولىدۇ؟ ئاكام بۇ يىل يېڭى يىللىق تانسا ئۆتكۈزۈلىدىغان ـ ئۆتكۈزۈلمەيدىغانلىقىدىن گۇمانلاندى. ئۇ قەستەن رەھىمسىز بولۇۋالغىنى يوق: ئۇ نۇرغۇن پۇل خەجلەپ بېلەت سېتىۋالغانىدى. بىراق، شۇ تاپتا مەن بىر خىل بېكىنمە مۇھىتتا تۇراتتىم، تېلېۋىزىيە ياكى رادىيودىن كەلگەن ھېچقانداق خەۋەر يوق ئىدى، شۇڭا جاھاننى زىلزىلىگە سالىدىغان بۇ خەۋەرنىڭ بىزگە تونۇشلۇق دۇنياغا قانداق تەسىر قىلىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا تىرىشتىم.

مەن نۇسىغا ـــ ئاپامنىڭ دوستىغا تېلېفون بەردىم. پاكىستانغا تۇنجى قېتىم كەلگىنىمدە، ئۇنى پاناھ تارتىپ بارغانىدىم. تېلېفوندىن ئۇنىڭ ئېسەدەپ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ قايتا ـ قايتا: «زادى ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ. ئۆلارنىڭ بىنازىر بۇتتونى ئۆلتۈرگىنىگە ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ» دېدى. خەۋەر تەرەپ ـ تەرەپكە تارقىلىپ، تور ۋە يېپىق كوزۇپتا شەكىللەنگەن ئاساسسىز گەپلەر رېئاللىققا ئايلاندى. ئارقىدىنلا يان تېلېفوننىڭ سىگنالى ئېتىۋېتىلدى، ئاشۇ دەقىقىلەردە پەرۋاسىز تۇرغان شەھەر بۇتتونىڭ ئۇ دۇنياغا كېتىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى.

دادامنىڭ ئۆيىگە كېتىۋاتقان ئاشۇ كەچتە ھەممە نەرسە تېز ئۆزگەردى. يول چىراغلىرى ۋە قاتناش چىراغلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆچتى، ئېھتىمال توك مەنبەسى ئۈزۈۋېتىلگەن بولسا كېرەك؛ قاتناش قالايمىقانلاشتى، كوچىدا يەنە ساقچىلا نىڭ يول

توسۇقلىرى پەيدا بولدى.

دادامنىڭ ئۆيىگە يېتىپ بارغاندا، ئۆيگە كىرىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش ـ كۆرۈشمەسلىكىمنى ھېچكىم جەزم قىلالمىدى. ئاكام: «ھەرقانداق چاغ ھازىرقىدىن ياخشى ئىدى» دېگەن گەپنى توختىماي تەكرارلايتتى. ئاچام ئاۋۋال ئۆزى كىرىپ دادامنىڭ ئىنكاسىغا قاراپ بېقىپ چىققاندىن كېيىن، كىرىش ـ كىرمەسلىكنى قارار قىلىشىمنى ئېيتتى. بۇ چاغدا ئاپامدىن تېلېفون كەلدى، ئۇ يىغلىۋېتىدىغاندەكلا قىلاتتى. ئۇ پاكىستانغا ئائىت خەۋەرلەرنى نەچچە ئون يىل يازغانىدى. 1988 ـ يىلى نويابىردا، ئۇ لاھوردا بېنازىرنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلغانىدى.

ــ بەكلا قورقۇنچلۇق، ــ ئاپام ئېسەدىمەكتە ئىدى، ــ مەن تۇنجى قېتىم ئۇنى كۆرگەندە تېخى دادىڭ بىلەن بىللە ئىدىم. شۇ چاغدا بىز ئىسلامئابادتا ئىدۇق. دادىڭ: «ئۇ بېنازىر بۇتتو» دېگەنىدى. ئۇ شۇنچە ياش، شۇنچە چىرايلىق ئىدى. ئۇ مەيلى قانداق خاتالىق ئۆتكۈزسۇن، بۇنداق ئۆلۈپ كەتمەسلىكى كېرەك ئىدى.

ئاپام ھىندىستانلىق ئىككى سىياسىيون، يەنى ئىندىرا گەندى بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى راجىفنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەنىدى. ئۇ سىياسىي سەپەرۋەرلىكنى ناھايىتى ياخشى چۈشىنەتتى؛ بىزنىڭ بۇنداق دۆلەتلەردە (پاكىستان تېخىمۇ تىپىك) سىياسىي ئاپپاراتلار ئاجىز، ئىقتىدارسىز بولغان، دۆلەت تەھدىتكە ئۇچرىغاندا، خەلق سايلىغان، قارىماققا قەتئىي يىمىرىلمەس كۆرۈنىدىغان بۇ مەبۇدلەر سىياسىي مۇھىتنى مۇستەھكەملىيەلەيتتى: دۇنيانىڭ ئۇلارسىز قانداق ئايلىنىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى.

دادامنىڭ كۆيۈ ئوغلى ئۆيگە كىرگەندە، مەن تېخى ئارىسالدى بولۇپ تۇراتتىم. ئۇ بايىلا دادام بىلەن بىللە ئىدى.

— كىرىپ داداڭ بىلەن كۆرۈشكىن، — دېدى ئۇ.

مەن مۇشۇنداق چاغدا كىرسەم مۇۋاپىق بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىغا بىرنىمە دېيەلمەيۋاتقانلىقىمنى ئېيتتىم.

— ئۇ دېگەن سېنىڭ داداڭ، — دېدى ئاپام كەسكىنلىك بىلەن.

شۇ ئەسنادا بۇرۇنقى چاغلاردىكى بىر خىل جاسارەت قەلبىمدىن ئۇرغۇپ چىقتى. مەن ئۇنىڭ ئالدىدا هازىرقىدىنمۇ بەتتەر جىددىي ۋاقىتلارنى ئۆتكۈزگەن تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۆيدە تۇرۇپ، يەنە نېمىشقا كۆرۈشۇش ـ كۆرۈشمەسلىكتە ئارىسالدى بولۇپ يۈرىمەن، دەپ ئويلىدىم.

مەن ئۇكامنى تارتىپ دادامنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدىم. هېلىقى قېرىنداش بىلەن سىزىلغان سىيدام رەسىمدىن، هويلىدىن، دائىم خۇش پۇراق تۇرىدىغان كارىدوردىن ئۆتۈپ، بىر يىل ئىلگىرى بىز كۆڭۈلسىز تارقىغان مېھمانخانىغا كەلدىم. دادام پاختا رەختتىن تىكىلگەن كۆك كىچىلىك كىيىمىنى كىيىپ سافادا پۈتىنى سوزۇپ ياتاتتى. ئۇنىڭ نەزىرى ماڭا چۈشكەندە، چىرايىدا ئازراق هەيرانلىق ئالامىتى ئەكس ئەتتى، ئەمما بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى.

— دادا، — مەن بۇ سۆزنى پەس ئاۋازدا تەستە دېدىم.

ئۇنىڭ نەزىرى يەنە تېلېۋىزورغا ئاغدۇرۇلدى، بىراق سولغۇن، ساڭگىلىغان يۈزىدىن، قېتىپ قالغان كۆزىدىن چۆچۈش ۋە هەسرەت ئالامىتى بىلىنىپ تۇراتتى. بىز تويتوغرا قىرىق مىنۇت سۈكۈتتە ئولتۇردۇق، نەزىرىمىز تەكرار كۆرسىتىلىۋاتقان ئوردۇ ـ ئىنگلىز تىلىدىكى خەۋەردە بولدى. بىز پارتلاش يۈز بەرگەن كۆرۈنۈشلەرنى، پۈتۈن مەملىكەتكە يامرىغان پاراكەندىچىلىكنى، پاكىستان خەلق پارتىيەسىنىڭ ئاخبارات باياناتچىسىنىڭ پارتلاش خاراكتېرلىك بۇ خەۋەرنى ئېلان قىلغانلىقىنى، ئاندىن ئۇنىڭ نەق مەيداندا ئۇنىسىز يىغلىغانلىقىنى كۆردۇق. دادام ئىككى كۆرۈنۈش ئارقىلىق هەممە

ئەھۋالنى كۆردى: ئۇنىڭ بىرى، ئۇ پاكىستان خەلق پارتىيەسىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئەزاسى بولۇپ، رەھبەرنىڭ يېقىلىپ چۈشكەن چاغدىكى قورقۇنچتىن يۈرىكى جىغىدە قىلىپ كەتكەنىدى. ئۇ بىنازىر بەختسىزلىككە ئۇچرىغاندا كىمنىڭ ماشىنىسىغا ئولتۇرغانلىقىنى بىلەتتى؛ بىنازىرنىڭ ئەتراپىدىكى ھەربىر كىشىنى تونۇيتتى؛ پاكىستان خەلق پارتىيەسىنىڭ ئىلگىرىكى ئاخبارات باياناتچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇ نۇرغۇن قېتىم ئاشۇنداق سورۇندا بولغانىدى. يەنە بىر كۆرۈنۈشتە، ئۇ مۇشەررەف ھۆكۈمىتىنىڭ بىر مىنىستىرى ئىدى، شۇڭا ئۇ بۇنىڭ ھەممىسى نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىدىن ئەنسىرەيتتى.

ئىككىمىز گەپ قىلىشماي جىم ئولتۇرغاندا، مەن ئۆزۈمنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ يەردە ئولتۇرۇۋاتقانلىقىم توغرۇلۇق ئويلىدىم. دادام ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدىكى كونا ئارازلىق تېخى تۈگىمىگەن، شۇنداقلا ھېچكىم بۇ قېتىملىق كۆرۈشۈشنى پىلانلىمىغانىدى. تەقدىرنىڭ كىچىككىنە ھەرىكىتى بىنازىر بۇتتو قەستكە ئۇچرىغان كېچىدە زادى نېمە ئۈچۈن مېنى دادامنىڭ ئالدىغا باشلاپ كەلگەندۇ؟ سوغۇق ھەم دەبدەبىلىك بۇ كېچىدە، بارغانسېرى چۆلدەرەۋاتقان، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاستا ـ ئاستا تېخىمۇ كۆپ زوراۋانلىقلار پەيدا بولۇۋاتقان بۇ دۆلەتتە، مەن بۇ كىشىنى قانداق چۈشىنىشىم كېرەك؟ ئۇنىڭ ئۈچۈن نېمە قىلىپ بېرەلىشىم مۇمكىن؟

دادامنىڭ ھەيران قېلىشى ئاستا ـ ئاستا بېسىقىپ، ئېغىز ئاچقۇدەك بولغاندا، تېررورچىلارنىڭ مۇددىئاسى سىياسىي سەھنىدىكى قەھرىمان شەخسلەرنى يوقىتىش ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئېتىقادنىڭ غەلىبە قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغان ئاشۇ كىشىلەر بۇ دۆلەتنى ئاغدۇرۇۋېتىش ئۈچۈن چوڭ كوللېكتىپنىڭ كۈچىنى ئاجىزلىتىشى كېرەكلىكىنى بىلەتتى. كاراچىدىكى ھېلىقى نەزەرىيەچى توغرا ئېيتقانىدى: ئېتىقاد ماھىيەتكە ئەھمىيەت بېرىدۇ، شەكىل مۇھىم ئەمەس. لېكىن، ئېتىقادمۇ

هازىرقى شەكلىنى پارچىلاشقا رىغبەتلەندۈرەتتى. مەنمۇ تۇرمۇش، ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى، كىنو ساھەسىدىن تارتىپ ئەدلىيە، ئاساسىي قانۇنغىچە ھەممىسى سۇيۇرۇلۇۋېتىلىشى كېرەك ئىدى. پالاق توپ كوماندىسىمۇ دۇئا - تىلاۋەتكە ئەھمىيەت بېرىشكە باشلىغانىدى؛ سىياسىي سەھنىنىڭ قاراڭغۇلىشىشىغا ئەگىشىپ، دىنىي مەنزىرىلەر روشەنلەشمەكتە، ئېتىقادمۇ بارغانسېرى تەقەززا بولماقتا ئىدى. ھەر قېتىملىق تەكرارلىنىش جەريانىدا، ئېتىقاد ئۆزىنىڭ شەرتىنى كۈچەيتەتتى، بۇ دۇنيا بولسا ئاستا - ئاستا شىلىنىپ، ئاخىرىدا نەزەرىيەچى ئېيتقان ماھىيەتلا قېلىپ قالاتتى.

مەن غەيرىي پاكىستانلىق نۇقتىسىدا تۇرۇپ كۆزەتكەن تەقدىردىمۇ، دادامنىڭ كۆڭلىدىكىنى ئاز - تولا بولسىمۇ چۈشىنەلەيتتىم. سىياسىيونىنىڭ ئۆلۈمى ئاۋامنى قالايمىقانچىلىققا پاتۇرۇپ قويىدى. لېكىن، مەملىكەت خاراكتېرلىك بىر داھىيسى يوق بىر دۆلەتتە، بىنازىرنى يوقىتىش ئىتتىپاق تۈزۈش ئۈمىدىنى تېخىمۇ خىرەلەشتۈرۈۋېتەتتى.

— ئەمدى سەن پاكىستان خەلق پارتىيەسىنىڭ پارچىلانغانلىقىنى كۆرەلەيسەن، — دېدى دادام، — خۇددى ئۇكىسىغا ئوخشاش، ئوق ئۇنىڭ بوينىغا تېگىپتۇ.

ئۇ مۇتازا بۇتتو 1996 - يىلى ئۆز ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى، ئەينى چاغدا بىنازىرنىڭ باش مىنىستىر ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

— لېكىن، ئۇ دادىسى بىلەن بىر جايدا، — دەپ قوشۇمچە قىلدى يېزنەم.

— نېمە؟ — دادام شارتتىدە بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا قارىدى.

— بۇتتو راۋالپىندىدا ئۆلتۈرۈلگەن، — دەپ تەپسىلىي چۈشەندۈردى يېزنەم. دادام بېشىنى لىڭشىتىپ ئۇندىمەي ئولتۇرۇپ كەتتى.

كىشىلەر بۇ ئۈزۈلمە قاتلاملاردا ياشىماقچى ياكى دادام شۇنچە كۆپ هايات كەچۈرمىشلىرىگە ئىگە بولماقچى بولسا، هەر قېتىمدا ئۆتمۈشنى يىپىگىچە سۈرتۈپ ئادالاشقا باشلىشى كېرەك ئىدى. پاكىستان بىلەن تارىخنىڭ ئەڭ دەسلەپ ئادا - جۇدا بولۇشى ئېتىقادنىڭ جانلىنىپ كېتىشىنى قانائەتلەندۈرۈش ئۈچۈن بولغان، شۇنداقلا بۇگۈنكى يىلتىزسىزلىقنى پەيدا قىلغانىدى. بۇنداق ئادا - جۇدا بولۇش يەنە بىر قېتىم تەكرارلىنىشنى بەلگىلىگەن. جاراهەتلەر ئىچىدە ئاخىرلىشۋاتقان ئەنسىز زامانغا ئوخشاش، كىشىلەر كېلەر قېتىمدا ياخشىلىنىش بولۇشىنىلا ئۈمىد قىلىدۇ. بۇ قىسقا ئۆتكۈنچى مەزگىلدە، ئۆتمۈش بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە ئىدى. لېكىن، دادام ئازاب كۆۋرۈكىگە قەدەم تاشلاپ، ئۈزۈلگەن تارىخنى ئەسلەشنى رەت قىلىۋاتاتتى. ئۇ بۇ دۆلەتنىڭ تارىخنى يۇدۇپ، تارىخ پەيدا قىلغان ئازاب - ئوقۇبەتكە پېتىپ كەتمەكتە ئىدى. مەن ئىلگىرى رەھىمسىزلىك بىلەن باها بەرگەن بۇ كىشىگە قارىغىنىمدا، ئۇنىڭغا چەكسىز هېسداشلىقىم قوزغالدى. ئېهتىمال ئاللا ماڭا دادامنىڭ چىرايىدىكى ئازابنى كۆرسەتمەكچى بولۇپ، ئەسلا ئوخشىمايدىغان تارىخنىڭ ئىككى ناتونۇش مېهمىنىنى بىنازىر بۇتتو قەستكە ئۇچرىغان كېچىدە ئۇچراشتۇرغاندۇ.

بۇ كىتاب قانۇن نەشرىياتىنىڭ 2010 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2010 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据法律出版社2010年3月第1版，2010年3月第1次印刷本翻译出版。

بۇ كىتاب ئاتىش تاسىرنىڭ ئىجازىتى بويىچە چىقىرىلدى

# مېنىڭ مۇسۇلمان دادام

ئاپتورى: ئاتىش تاسىر (ئەنگلىيە)
تەرجىمە قىلغۇچى: قادىر ئارسلان
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئازات ئالماس
مەسئۇل كوررېكتورى: ئادالەت مەخسۇت
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
تېلېفون: 0991−2827472
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى باسما زاۋۇتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 14.5
نەشرى: 2012 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى: 2012 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 3000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 − 7 − 228 − 16436 − 3
باھاسى: 40.00 يۈەن